

ISSN1008-6498

XINJIANG CIVILIZATION XINJIANG CIVILIZATION CIVILIZATION

4-5

2000

# شنجاڭ مەدەنيتى

# 新疆文化

ISSN 1008-6498

07>

9 771008 649003

ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ مۇنەۋۋەر ۋەكىللىرىدىن:ئۇستاز شائىر، يازغۇچى، ئالىم
ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر(1995 ـ 1923)بىلەن يېتىلىۋاتقان تالانتلىق يازغۇچى خالىدە ئىسرائىل




《新疆文化》　(维吾尔文)

综合性文学双月刊

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى»2000 ـ يىل 4 ـ ، 5 ـ سان

(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)

---

主办:新疆维吾尔自治区文化厅
编辑出版:《新疆文化》杂志编辑部
国际标准刊号:ISSN1008—6498
国内统一刊号:CN65—1073/G2
发行范围:国内外发行
地址:乌鲁木齐市团结路 72 号
邮编:830001　电话:2856942
印刷:《新疆日报》印刷厂
发行:乌鲁木齐市邮局
订阅:全国各地邮局

ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى تەرىپىدىن چىقىرىلدى
«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزۈپ نەشر قىلدى
خەلقئارالىق نومۇرى:ISSN1008—6498
مەملىكەتلىك نومۇرى:CN65—1073/G2
مەملىكەت ئىچى ۋە چەتئەللەرگە تارقىتىلىدۇ
ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ئىتتىپاق يولى 72 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830001 تېلېفون:2856942
«شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
مەملىكىتىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

---

邮发代号:58—22　定价:6元

پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 22 ـ 58　باھاسى: 6 يۈەن

# بۇ سانىدا

مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى غەربىي رايوننىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا 15 تۈرلۈك پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويدى ........ 2
غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتا مەدەنىيەت خىزمىتىنىڭ رولى ........ زۇنۇن قۇتلۇق 3
ئارزۇنامە ........ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن 6
تەپەككۇردىن تامچىلار ........ مەھمۇتجان ياتناق قاتارلىقلار 22
ئەت ئېلىش ........ (ھېكايە) ........ مەمتىمىن ھوشۇر 23
مەمتىمىن ھوشۇرغا ئوچۇق خەت ........ ئەخمەتجان ئابدۇۋەلى 37
ئاق شەھەر ........ (ھېكايە) ........ خالىدە ئىسرائىل 38
بايپاق چىنە ........ ( ” ) ........ ئادىل يىلدىرىم 52
«قىرلىق ئىستاكان» توپلىمىغا ........ ئابدۇغوپۇر مۇھەممىدى 67
باقا يۇرتىنىكى ئىشلار ........ (ھېكايە) ........ ئا. ناسىر يۇنۇس (باۋايى) 68
تىلەمچى ........ ( ” ) ........ ئېزىزجان سادىر (بولغۇن) 73
ئۇر توقماق ........ ( ” ) ........ ئۆمەر ئابدۇللا 76
تىرىلىش ........ (نەسر) ........ ئاتاۋۇللا تۇرسۇنتوختى 78
قارا باسقان كېچە ........ (فېلىيەتون) ........ روزىمۇھەممەت مۇتەللىپ 80
بۈگۈنكى ئۇيغۇر نەسرچىلىكى ۋە ئەخمەت ئىمىن ........ باتۇر روزى 82
كومپيۇتېر ۋە تۇيغۇ ........ سۇلايمان كېرىم 90
بۈگەنسىز ئىزتىراپلار ........ ئابدۇرېھىم دۆلەت 94
ماشىنىنىڭ ئادەملىشىشى ۋە ئادەمنىڭ ماشىنىلىشىشى ........ قاسىم سىدىق 98
ئىككى تىللىقلىشىش ۋە ئانا تىلىمىز ........ نۇسرەت تۇردى 103
ھالاكەت بوسۇغىسىدا.... (ئىلمىي فانتازىيىلىك ھېكايە) ........ باتۇر داۋۇت قۇربىغار 107
ئىلمىي فانتازىيە ۋە ئۇيغۇرلار ........ نۇرشات مەمتىلى 112
ھون خاقانى ئاتىللا بىلەن غىزادا بىرگە بولۇش ........ پولىكس 116
ئۇماي ئانا ۋە ئۇيغۇر چاچ مەدەنىيىتى ........ ئەھەت ئابدۇراخمان 118
ئەدەب-ئەخلاق ۋە ياشلار ........ ئىمىن تۇرسۇن 125
سۆيگىن ۋە برىژنېۋ ........ توختى باقى ئارتىشى 133
چەكلىك قىسقا پاراگرافتىن چىققان چەكسىز ئەھمىيەتلىك گەپ ........ توختى باقى ئارتىشى 136
ئەقىل-پاراسەتنىڭ خورىشى ........ جاڭ شىنباڭ 138
ئىقتىسادشۇناسلىق نۇقتىسىدىن چىرىكلىشىش ئۈستىدە ئانالىز ........ فەن گاڭ 140
مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن چىرىكلىككە نەزەر ........ دۇخۇي 142
ھايات ھەقىقەتلىرى ........ توپلىغۇچىلار: مۇختار ئابدۇرېشىت قاتارلىقلار 144
مەدەنىيەت - سەنئەت ئۇچۇرلىرى ........ ئامىنە ئابدۇرېشىت قاتارلىقلار 146
مىكروبلارنىڭ نالىسى بەدەنگە يەتتى ........ ئۆمەرجان ھەسەن 150
نەۋئاباد ناخشىلىرى ........ داۋۇت مەتنىياز 151
دادا، قىزىڭ مۇڭداق دەيدۇ ........ بىلقىز ئابلىكىم 154
ژۇرنىلىمىزنىڭ شان - شەرىپى ........ رىسالەت مۇھەممەت 160

مۇقاۋىدا: ئۇيغۇر يېڭىچە مائارىپى تارىخىدىكى تۇنجى مۇئەللىمە - ئاتۇش «ھۈسەينىيە» مەكتىپىنىڭ مۇئەللىمەسى رابىلە خانىم - موللائاچا (1860 - 1917) ئېلى ياقۇپ سىزغان.

مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: رىسالەت مۇھەممەت

شىنجاڭ مەدەنىيىتى
(49-يىل نەشرى)

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال
2000-يىل 4-، 5-سان
(ئومۇمىي 244-، 245-سان)


ژۇرنال تەھرىر ھەيئىتى

مۇدىر:
شۈخۇاتيەن
زۇنۇن قوتلۇق

مۇئاۋىن مۇدىرلار:
ۋاڭ جىڭيۈن
ئابلىجان ھېيت
لۇشىنخۇا

ھەيئەت ئەزالىرى:
ماڭ يىڭشىڭ
يۈ فېڭ
جۇ جۇفاڭ
ھاۋاقىز باھاۋۇدۇن
لى يىڭمىن
بەي جيەنياۋ
جىن مىن
قۇربان مامۇت
فەن ياۋجىڭ
جاڭ تىڭۋېي
رىسالەت مۇھەممەت

باش مۇھەررىر: قۇربان مامۇت مەسئۇل مۇھەررىر: رىسالەت مۇھەممەت



# «غەربىي رايوننى ئېچىش»

## مەخسۇس ستونى

## مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى غەربىي رايوننىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا 15 تۈرلۈك پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 23-ماي تېلېگراممىسى.** پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش توغرىسىدىكى ئىستراتېگىيىلىك تەدبىرىنى ئىزچىل-كېسەل ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش، غەربىي رايوننىڭ مەدەنىيەت خىزمىتىنى كۈچەيتىش، غەربىي رايوننىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى يېقىندا «غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇپ، غەربىي رايوننىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكىر» ھەققىدە ئۇقتۇرۇش تارقاتتى. پىكىر تۆۋەندىكىچە:

1. تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشنى ئەستايىدىل تەشكىللەش، ھەردەرىجىلىك مەدەنىيەت تارماقلىرى غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتا ئومۇمىيەت ئېڭى ۋە مۇلازىملىق ئېڭىنى تىكلىشى لازىم: مەدەنىيەت خادىملىرىنى غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشقا ئاتلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل-پاراستىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، غەربىي رايوننى ئېچىشقا تۆھپە قوشۇشقا سەپەرۋەر قىلىش ۋە تەشكىللەش كېرەك.

2. غەربىي رايون مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنى تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىپ، غەربىي رايون مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات پىلانىنى تۈزۈش، غەربىي رايون مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش، بىر تۇتاش پىلانلاش، مۇھىم نۇقتىسى، قەدەم-باسقۇچى بولغان ھالدا باسقۇچقا بۆلۈپ، پۇختا ئېلىپ بېرىش كېرەك.

3. غەربىي رايوننىڭ مەدەنىيەت مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت بازىرىنى مۇستەھكەملەش. ھازىر غەربىي رايوننىڭ مەدەنىيەت خىزمىتىدە مەدەنىيەت مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى مۇھىم نۇقتا قىلىش لازىم. مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى غەربىي رايوندا «ئىككى ساراي، بىر پونكىت» بويىچە مەخسۇس تۈرلەردە قۇرۇلۇش پىلانىنى تۈزۈپ، 10-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە غەربىي رايوندىكى ۋىلايەت، ناھىيىلەردە كۇتۇپخانا بولۇش، مەدەنىيەت يۇرتى بولۇش ياكى كۇتۇپخانا، مەدەنىيەت يۇرتى ئىقتىدارىغا ئىگە ئۇنىۋېرسال مەدەنىيەت مەركىزى قۇرۇش، يېزا-بازارلاردا مەدەنىيەت پونكىتى ياكى سەييارە مەدەنىيەت ئاپتوموبىلى بولۇش نىشانىغا يېتىدۇ.

4. نادىر ئەسەر ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇپ، غەربىي رايوننىڭ ئەدەبىيات-سەنئىتىنى گۈللەندۈرۈش. غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنىڭ ئۇلۇغ ئەمەلىيىتى مەدەنىيەت خادىملىرىنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتىنى مول ماتېرىيال ۋە تۇرمۇش بۇلىقى بىلەن تەمىن ئەتتى. ھەر دەرىجىلىك مەدەنىيەت تارماقلىرى ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتى پىلانىنى ئەستايىدىل تۈزۈپ چىقىشى، يازغۇچى، سەنئەتكارلارنى تۇرمۇشقا چۆكۈپ، رايون ئالاھىدىلىكى، مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ھەم غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئۇلۇغ ئەمەلىيىتىگە مەدھىيە ئوقۇلغان نادىر سەنئەت ئەسەرلىرىنى ئىجاد قىلىش، تۈرلۈك جانلىق، تەسىرلىك سەنئەت ئوبرازلىرىنى يارىتىپ، كىشىلەرگە جاسارەت بىلەن كۈچ-ئۇلۇپ ئىشلەيدىغان مەنىۋى كۈچ بېغىشلاپ، كىشىلەرنى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشقا ئىلھاملاندۇرۇشقا تەشكىللىشى كېرەك.

5. غەربىي رايوندا ئاممىۋى كۇتۇپخانا تورى سىستېمىسى ۋە سانلىق مەلۇمات كۇتۇپخانىسى قۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش، ھۆججەت، ئۇچۇر بايلىقىنى بىرلىكتە قۇرۇپ، ئورتاق بەھرىمەن بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش.

6. مەدەنىيەت پەن تەتقىقاتىنى كۈچەيتىپ، مەدەنىيەت پەن-تېخنىكىسىنىڭ غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتىكى مۇھىم رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش.

7. غەربىي رايوندىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، غەربىي رايوندا مەدەنىيەت ئېكولوگىيە مۇھىتى قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش.

8. مەدەنىيەت بايلىقىنى مۇۋاپىق ئېچىش ۋە ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ غەربىي رايوننىڭ مەدەنىيەت كەسپلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش.

9. مەدەنىيەتكە ئائىت ئىقتىسادىي سىياسەتنى يەنىمۇ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، غەربىي رايوننىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش.

10. غەربىي رايوندىكى مىللىي رايونلارنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر سەنئىتىگە يۆلەك بولۇش.

11. غەربىي رايوندا ئەدەبىيات-سەنئەت ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ قوشۇنىنى كۈچەيتىش.


12. غەربىي رايوندا مەدەنىيەت تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مەدەنىيەت ئورۇنلىرىنىڭ پائالىيىتىنى كۈچەيتىش.

13. غەربىي رايوندا مەدەنىيەت بازارلىرىنى يېتىلدۈرۈش ۋە ئۇنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش.

14. غەربىي رايوننىڭ سىرت بىلەن بولغان مەدەنىيەت ئالاقىسى خىزمىتىنى كۈچەيتىش.

15. مەدەنىيەت ساھەسىدە كەسپلەر بويىچە ياردەم بېرىش خىزمىتىنى يەنىمۇ تەشكىللەپ، ئوتتۇرا، غەربىي قىسىم ۋە شەرقىي قىسىم رايونلىرىنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ ئورتاق راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش.

— سۇلاڭ شىجىلاڭ فوتوسى (M2)



# غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتا مەدەنىيەت خىزمىتىنىڭ رولى

**زۇنۇن قۇتلۇق**

(شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ نازىرى)

ئەسىر ئالمىشىش ئالدىدا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەن غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتىن ئىبارەت زور ئىستراتېگىيىلىك تەدبىرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ، پۈتكۈل مەملىكەتنىڭ ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، رايونلار ئارا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى ياخشىلاپ، رايونلارنىڭ تەرەققىياتىدىكى پەرقىنى كىچىكلىتىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، چېگرا مۇداپىئەسىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ئىلگىرى سۈرۈش، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، شەرقىي رايون بىلەن غەربىي رايوننى ئورتاق تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم رېئال ۋە تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

شىنجاڭنىڭ غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش، كەڭ تۈردە تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا كىرىشى كىشىنى ئىلھاملاندۇرىدۇ، روھلاندۇرىدۇ. مەن بۇ مۇلاھىزەمدە مەدەنىيەت ساھەسىنىڭ غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش جەريانىدا ئۆز رولىنى قانداق جارى قىلدۇرۇشى ئۈستىدە ئويلىغان بىر نەچچە نۇقتىلىق تونۇشۇمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتمەكچىمەن.

**بىرىنچى، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى بىلەن مەدەنىيەتنىڭ مۇناسىۋىتى.**

غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئوقۇل ھالدا ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشلا ئەمەس، يەنە پەن-تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت ساھەلىرىنىمۇ ئورتاق ئېچىش، ئورتاق راۋاجلاندۇرۇشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەدەنىيەت جەمئىيەت مۇقىملىقى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىيات جەريانىدا ئەسلا سەل قاراشقا بولمايدىغان مۇھىم رولغا ئىگە. مەدەنىيەتنىڭ پۈتكۈل ئىجتىمائىي فۇنكسىيىسىدىن ئالغاندا، ئۇ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ساقلاش جەھەتتە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. مەدەنىيەت جەمئىيەتنىڭ تەشكىللىگۈچىسى ۋە ئىجتىمائىي ئېكولوگىيىنىڭ تەڭشىگۈچىسىدۇر.

مەدەنىيەت، بولۇپمۇ كومپارتىيە رەھبەرلىكىدىكى سوتسىيالىزمنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولغان مەدەنىيەت تىل ئامىلى ۋە باشقا مەدەنىيەت ۋاسىتىلىرى ئارقىلىق تارقىلىپ، كونكرېت تارىخىي دەۋر، ئايرىم كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت كۆز قارىشىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، بىر خىل ئىجتىمائىي مەدەنىيەت مۇھىتىنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ مۇھىت ئىچىدە

ياشاۋاتقان ھەربىر ئادەمنى روھىي جەھەتتىن يۈكسەلدۈرۈش رولىنى ئويناپ، جەمئىيەت مۇقىملىقى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشنىڭ غايەت زور مەنىۋى كۈچىگە ئايلىنىدۇ. بىر دۆلەت ياكى مىللەت، ئەڭ تۆۋىنى بىرەر كارخانا چۈشكۈنلىشىش، چېچىلاڭغۇلۇق، تىنچسىزلىق ۋە قالايمىقانچىلىقتىن خالىي بولماقچى بولىدىكەن، جەزمەن مەركەزگە ئىنتىلىش كۈچى ۋە ئۇيۇشۇش كۈچىنى ئاشۇرىدىغان دۆلەت روھى، مىللىي روھ، كارخانا روھىنى تۇرغۇزۇپ، مەدەنىيەتنىڭ كۈچى ئارقىلىق ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇشى لازىم.

جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت بەرپا قىلىپ، ئىقتىسادنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى ئاچقۇچ مۇستەھكەم ئېتىقاد، ئورتاق غايە ئارقىلىق خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت. سوتسىيالىستىك ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، خەلقنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئېڭىنى، زامانىۋىلىشىش ئېڭى، رىقابەت ئېڭى، ئۆزگە تايىنىش، ئۆزىنى كۈچەيتىش ئېڭى ۋە يول ئېچىش، يېڭىلىق يارىتىش ئېڭىنى، ئەمگەكچىلەرنىڭ كەسپىي ئەخلاق سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە، جاپاغا چىداپ ئىگىلىك يارىتىش روھى، كوللېكتىۋىزملىق روھ، كەسپىنى قەدىرلەش، خالىسانە تۆھپە قوشۇش روھىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە تايىنىمىز. مانا بۇلار سوتسىيالىستىك ئىدىيە-مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىجادچانلىقى ۋە ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئاكتىپچانلىقىنى ئەڭ زور دەرىجىدە قوزغاپ، يۈكسەك پەزىلەتكە ئىگە ئەمگەكچىلەرنى يېتىشتۈرۈش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. شۇڭا بىز ئىدىيە-مەدەنىيەت بازىسىنى چىڭ ئىگىلەپ، مەدەنىيەت خىزمىتىنىڭ تەربىيە بېرىش، مەنىۋى تەسىر كۆرسىتىش رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ساغلام، ئەھمىيەتلىك، مول مەزمۇنلۇق مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى پائال قانات يايدۇرۇشىمىز، ئىجتىمائىي مەدەنىيەت، كەنت-بازار مەدەنىيىتى، كارخانا مەدەنىيىتى، مەكتەپ مەدەنىيىتىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، شەھەر-يېزىلاردا كۆپخىل شەكىلدىكى، خەلق ئاممىسى ياقتۇرىدىغان كۆڭۈل ئېچىش ۋە كىتاب ئوقۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشىمىز، خەلق ئارىسىدىكى يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە ئەنئەنىۋى مىللىي سەنئەت ۋە تۈرلۈك تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىنى تەشەببۇس قىلىپ ۋە ئۇلارغا مەدەت بېرىپ، شەھەر-يېزىلاردىكى خەلقنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى بېيىتىشىمىز، كۆپخىل شەكىلدىكى مەدەنىيەت پائالىيىتى ئارقىلىق نامراتلارغا يار يۆلەك بولۇش ۋە مەدەنىيەتنى يېزىلارغا يۈزلەندۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىدىيە، ئەخلاق ۋە مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇلارنى توغرا ئىدىيىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قوبۇل قىلىدىغان، كومپارتىيە رەھبەرلىكىنى چىن دىلىدىن ھىمايە قىلىدىغان، ۋەتەننى، ئەل-يۇرتنى تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن سۆيىدىغان قىلىشىمىز لازىم.

تەشۋىقات، تەربىيە ئارقىلىق كادىرلار ئاممىسىغا غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ ئىستراتېگىيىنىڭ يالغۇز دۆلەتنىڭ ئەڭ ئالىي مەنپەئەتىگىلا ئەمەس، بەلكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەڭ توپ مەنپەئەتىگىمۇ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇتۇشىمىز، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن ۋە پۈتكۈل مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ، شەھەرلىرىنىڭ شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا كۆڭۈل بۆلۈۋاتقانلىقى، قوللاۋاتقانلىقى ۋە غەمخورلۇق قىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدۇرۇشىمىز، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى، جەمئىيەتنىڭ گۈللىنىشى، خەلق تۇرمۇشىنىڭ باياشادلىقى ئۈچۈن ئۆز مەسئۇلىيىتىنى بەجانىدىل ئادا قىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدۇرۇشىمىز، ھەر مىللەت خەلقىگە ئۇلۇغ سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىز بولمىسا شىنجاڭنىڭ ھازىرقى تەرەققىياتىنىڭمۇ بولمايدىغانلىقىنى تونۇتىشىمىز لازىم.

**ئىككىنچى، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى بىلەن مەدەنىيەتنىڭ مۇناسىۋىتى.**

غەربىي رايوننىڭ ئىقتىسادى پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، ئەگەر بۇ رايون ئۇزاق مۇددەت قالاق ھالەتتە تۇرۇۋەرسە، تەرەققىياتى بەك ئاستا بولسا، ئۆزىنى راۋاجلاندۇرۇش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرەلمىسە، ئۇ پۈتكۈل مەملىكەتنىڭ تەرەققىياتىغا، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ياخشى سۈپەتلىك ئايلىنىشىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ: «دۆلەت كۈچىنىڭ كۈچلۈك-ئاجىزلىقى، ئىقتىسادىي تەرەققىيات زاپاس كۈچىنىڭ كۆپ-ئازلىقى بارغانسېرى ئەمگەكچىلەرنىڭ ساپاسىغا، زىيالىيلارنىڭ سانى ۋە ساپاسىغا باغلىق بولماقتا» دەپ كۆرسەتكەنىدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان نەزەرىيە ساھەسىدىكىلەر «مەدەنىيەتنىڭ كۈچى» دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ھازىرقى زاماندىكى ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىدا، ئىقتىسادىي تەرەققىيات مەدەنىيەتنىڭ تۈۋرۈكلۈك رولىدىن ئايرىلالمايدۇ، ئىقتىسادىي رىقابەتنىڭ يادروسى مائارىپ ۋە ئىلىم-پەننى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەدەنىيەتنىڭ رىقابىتى، دەپ قاراشماقتا. مەدەنىيەتنىڭ ئىقتىسادىي ئامىلى ۋە ئۇنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتتىكى پىشاڭلىق رولى مەدەنىيەتنى كۈنسايىن خەلق ئىگىلىكىنىڭ سىجىل، ماس ھالدا راۋاجلىنىشىدىكى مۇھىم ئامىلغا ئايلاندۇرماقتا.

بىز مەدەنىيەتنىڭ رايون ئىقتىسادى ۋە شەھەر ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرىگە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم. بىر خىل مەدەنىيەت مۇھىتى، ئۇنىۋېرسال مەدەنىيەت

ۋاستىسى، يەنى كۆزقاراش فورماتسىيەسىدىن ھاياتلىق مۇھىتىغىچە بىر خىل يېڭىچە سېھرىي كۈچكە ھاي مەدەنىيەت ئىدىيىسى ۋە مەدەنىيەت كەيپىياتىنى شەكىللەندۈرۈپ، جەمئىيەتتە تەدرىجىي ھالدا دەۋرنىڭ تەرەققىيات خاھىشىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان، ئاكتىپ ھالدا دەۋرنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش ئېقىمىغا ماسلاشقان يېڭىچە مەدەنىيەت مەنزىرىسىنى شەكىللەندۈرۈشىمىز لازىم. رايون ئىقتىسادى ۋە شەھەر ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدىكى ياخشى مەدەنىيەت كەيپىياتى ۋە ئىجتىمائىي مۇھىت، مەسىلەن: بىناكارلىق سەنئىتى، باغ-ئورمان سەنئىتى، مەھەللە مەنزىرىسى، مەدەنىيەت مۇئەسسەسەلىرى شەكىللەندۈرگەن ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشنىڭ ئاساسىي مۇھىتى مەدەنىيەت ئوبرازىنى يارىتىش، مەدەنىيەتنىڭ ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈش جەھەتتە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

ئېلىمىزنىڭ دېڭىز بويىدىكى ئىقتىسادى تەرەققىي قىلغان رايونلاردا مەدەنىيەتنىڭ رايون ئىقتىسادى ۋە شەھەر ئىقتىسادىدىكى ئورنىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن. بولۇپمۇ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى بىرقەدەر ياخشى بەزى چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىلار، «ئۈچ خىل مەبلەغ» كارخانىلىرى مەدەنىيەت ئوبرازىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، «مەدەنىيەت ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئورنىنى يۇقىرى كۆتەرگەن». شۇڭا غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش جەريانىدا، بىز مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ ۋە ئۇنى كۈچەيتىپ، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشنىڭ تەرەققىياتى بىلەن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ئوتتۇرىسىدىكى بىر-بىرىگە ماسلاشقان تەڭپۇڭلۇقنى ساقلىشىمىز لازىم. ئاممىۋى مەدەنىيەت مۇئەسسەسەلىرى مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ ئۇل بازىسى. ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەريانىدا ئاممىۋى مەدەنىيەت مۇئەسسەسەلىرى قۇرۇلۇشىنى ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئومۇمىي گەۋدە پىلانىغا كىرگۈزۈپ، بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق مەدەنىيەتنى غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش دولقۇنى داۋامىدا تېخىمۇ كۈچلۈك ھەم ئۈنۈملۈك رولىنى جارى قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشىمىز لازىم.

ئۈچىنچى، ئۆزىنى تەربىيىلەش بىلەن مەدەنىيەتنىڭ مۇناسىۋىتى. باش شۇجى جياڭ زېمىن: «دۆلەتنى تۈزەشتە ئالدى بىلەن پارتىيىنى تۈزەش، پارتىيىنى تۈزەشتە قاتتىق بولۇش لازىم» دەپ ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ، پارتىيىمىزنىڭ ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيە سۈپىتىدە، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش مۇساپىسى جەريانىدا ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ئىرادىسىنى تولۇق نامايان قىلىپ بېرىدۇ. يېقىندا ئېلىپ بېرىلغان ئۆگىنىشكە، سىياسىيغا، توغرا كەيپىياتقا ئەھمىيەت بېرىشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان پارتىيىۋىلىك، پارتىيە ئىستىلى تەربىيىسىمۇ پارتىيىمىزنىڭ يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدا پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشى ۋە تەشكىلىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئىدىيە، سىياسىي ساپاسى ۋە مۇرەككەپ ئەھۋاللارغا تاقابىل تۇرۇش، ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئىقتىدارىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈش، چىرىكلىشىشكە قارشى تۇرۇش، سۈپىتى ئاينىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، تۈرلۈك خەۋپ-خەتەر ۋە سىناقلارغا بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇپ، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى، ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىگە، پارتىيىنىڭ ساغلاملىقى ۋە ساپلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك كوللېكتىپلىرىنىڭ جەڭگىۋارلىق كۈچى ۋە ئۇيۇشۇش كۈچىنى ئاشۇرۇش، پارتىيە ئىچىدىكى ئىتتىپاقلىقنى ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ۋە ئىدىيە جەھەتتە، ھەرىكەت جەھەتتە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك دەرىجىدە بىردەك بولۇشتا، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ ئەسىر ھالقىيدىغان تەرەققىيات نىشانىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئىشقا ئاشۇرۇلۇشى ۋە دۆلەتنىڭ ئۇزۇن مۇددەت تىنچ-ئەمىن بولۇشىغا ھەقىقىي تۈردە كاپالەتلىك قىلىشتا ئۆز رولىنى تولۇق نامايان قىلدى.

ھەرقانداق ئىشنى قىلىشتا قاتتىق ئىرادە بولمىسا بولمايدۇ. غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسى جەريانىدا، مەدەنىيەت تارماقلىرىمىز ئالدى بىلەن توغرا سىياسىي يۆنىلىش، قەتئىي سىياسىي مەيدان، ئۆتكۈر سىياسىي كۆزىتىش ئىقتىدارى، پۇختا نەزەرىيىۋى ئاساس، بىر قەدەر يۇقىرى سىياسىي سەۋىيە يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنىڭ مەزمۇنى، ماھىيىتى، نىشانىسى، ئەندىزىسى قاتارلىق چوڭ مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىپ تونۇشىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشى، شۇنداقلا شىنجاڭنىڭ تارىخىي ئالاھىدىلىكى، تەبىئىي ئالاھىدىلىكى، رايون ئالاھىدىلىكىنى چىقىش قىلغان ھالدا، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، مەدەنىيەتنىڭ ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنىڭ ئۇلۇغ ئەھمىيىتى، قەدەم باسقۇچى، تەپەككۇر يولى ۋە ئىستىقبالىنى پائال، توغرا، مۇكەممەل تەشۋىق قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىدىيىۋى تونۇشىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئۇلارنى غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشقا ئاتلىنىشقا يېتەكلىشىمىز لازىم.

2000-يىل 12-ئاپرېل

ئابلىز خوجامنىياز فوتوسى(M2)



# ئارىفنامە

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن

(1933 ـ 1995.2.27)

## ھېكمەت دەرىخى

تۇپراقتىن بىنا بولۇپ، چاڭ-توزاندەك ئۇپۇق يۈزىگە كۆتۈرۈلۈپ، يامغۇر-يېشىن ۋە شەپەق بىلەن يۇغۇرۇلۇپ، خۇددى چۆچەكلەردە سۆزلەنگەن سۇمۇرغقا ئايلىنىپ قالدىم. بورانلار بېسىقىپ، سۈبھى سۈزۈلگەندە قوڭۇر زېمىن بىلەن كۆك ئاسمان ئارىسىدا رەڭگارەڭ شېرىن مېۋە بىلەن توپلانغان بەھەيۋەت ئەلۋەك مېۋە دەرىخىغە كۆزۈم چۈشتى. ئۇ، ئەرەم جەننىتىدە «تۇنجى گۇناھ»قا سەۋەب بولغان ئەقىل دەرىخىگە ئوخشاش گۈزەل، يۈكسەك ۋە مەپتۇنكار ئىدى.

مەن شەيتان ئالدىمى بىلەن ئەمەس، «ئۆزلۈك» ئىلھامى بىلەن بۇ مېۋىلىك دەرەخكە يېقىنلاشتىم. مېنى ھېچقايسى مالائىكىمۇ توسمىدى. مەن دەرەختىن كۆز يورۇتۇپ تۇرغان جاۋاھىراتتەك ھېكمەتبەخش مېۋىلەرنى ئىغاڭلاتقىلى تۇرغىنىمدا يەھۇنىڭ غەزىپىنى ئېسىمگە كەلتۈرمىدىم. چۈنكى مەن ئىبلىسنى يېڭىپ ئۆزلۈك ماقامىغا ئېرىشكەن ماھىيەتلىرىمنى يەھۇنىڭ زاھىرلانغان سۈرىتى، دەپ چۈشەندىم.

مېۋىلەر كرىستالدەك چاقناپ، شەربەتتەك خۇشبۇي تۆكۈپ تۇراتتى. ئويلىنىپ قالدىم. كىچىكىمدە سېغىزلايدا قۇمۇلاق ئېتىپ ئويناپتتىم. مانا، يېشىم 60قا قەدەم قويغان كۈندە مىڭ يىللاردىن بېرىقى تەپەككۇر ئەمگىكى ۋە تەسەۋۋۇر ئەجرىنىڭ بۇ

## تەپەككۇر گۈلشەنى

مۆجىزىلىك گۈلشىنىنى كۆزۈمگە تاشلىماقتا. بەختىمنىڭ دەۋنتى بىلەن بۇ جاۋاھىراتلارنى قەلب خەزىنىسگە توپلاشقا تۇتۇندۇم.

## ئۇلۇغ قانال

تارماق ئېقىنلاردىن دەريالار، دەريا ـ دېڭىزلاردىن زېمىن سەتھىنى قورشاپ ياتقان بەھەيۋەت ئوكيانلار هاسىل بولغاندەك، هازىرقى زامان رەسمىي ئىبارىسىدا «يىپەك يولى» دەپ ئاتالغان ئۇلۇغ قانالغا شىمالدىن مۇز دەۋرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن خەلقلەرنىڭ «ئاتلىقلار مەدەنىيىتى» لاتقىلىرى، جەنۇبتىن تروپىك مۇھىتتا ياشاپ كەلگەن قەۋملەرنىڭ «تېرىقچى مەدەنىيىتى» يالداملىرى قۇيۇلغان. مۇز ۋە ئوت ئاستىدىن ئاپىرىدە بولغان شىمال-جەنۇب قەدىمكى مەدەنىيىتى شەرق-غەرب بويلاپ ئالاھەزەل پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ تەڭدىن تولىسى ھەسسە قوشقان جاۋاھىراتلارنى بۇ قانالغا تاشلاپ، ئۇنى مەدەنىيەتنىڭ ئۇلۇغ ئوكيانىغا ئايلاندۇرغان. بىز ئۇنىڭدىن سۇمېر ۋە پىرئەۋن زامانى ئىمزالىرىنى، ئارىئان ۋە كرىت دەۋرى شامالىرىنى، سوقرات ۋە كۇڭفۇزى نەسىھەتلىرىنى، مىترا ۋە ئاپوللو ئەپسانىلىرىنى، داۋ ۋە زارائاستىر قەسىدىلىرىنى، مانى ۋە ساكيامۇنى دەستۇرلىرىنى، ئىسكەندەر ۋە دارا جەڭنامىلىرىنى، ئارىستوتېل ۋە بۇقرات (ھىپوكرات) تەلىماتلىرىنى، كالامىيەت ۋە تەسەۋۋۇپ تەرغىباتلىرىنى، رابىيە-جۇنەيدىل باغدادىي ـ مەنسۇر ھەللاجى ـ پەرىدىددىن ئەتتار، جالالىددىن رۇمىي گۇمانىزم تراگېدىيىلىرىنى، شەيخ سەئدىي-ھافىز شىرازىي-ئۆمەر-ھەييام-جامىي ۋە نەۋائىي لىرىكىلىرىنى، ھازىرقى زامان ئازادلىق ۋە «ئۆزلۈك» تەپەككۇرىنىڭ يېڭى نوتىلىرىنى ھېس قىلالايمىز. ئۇ، ئۆز ساھىللىرىدا ئۆلگەن تىرىكلەرنى بېقىش بىلەن بىللە، يەنە ئەبەدىلئەبەد ئۆلمەس روھىيەت پەھلىۋانلىرىنىڭ مۇبارەك تۇپرىقىنى قۇچۇپ ياتماقتا. ئۇ ھەقىقەتەن مىسلىسىز قامۇس ۋە قىياسسىز خەزىنە! ھېلىغىچە ھېچقايسى مۇقەددەس كىتابلار ياكى ئېنسىكلوپېدىك ھېكمەت مۇجەسسەملىرىمۇ بۇ قامۇس ۋە بۇ خەزىنىنىڭ ناھايىتى كىچىك بىرەر پارچىسىغا تەڭلىشەلىگەن ئەمەس. ئويلاپ كۆرۈڭ: ئەگەر بۇ قانالدا ئاققان، چايقالغان، قوشۇلغان ۋە چۆكمە ھاسىل قىلغان مەدەنىيەت دۇردانىلىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلساق، ئىنسانىيەت مەدەنىيەت جۇغلانمىسىدا يەنە قانچىلىك جاۋاھىرات قالغان بولاتتى-ھە؟!

## ھايات دانىشمەن

ئىنسانىيەت ئومۇمىي ئۈچۈر دەۋرىگە قەدەم قويۇش ھارپىسىدا روھىيەتتىكى مىسلىسىز بۆھرانغا دۇچ كەلمەكتە. ئىنسانىيەت تەبىئەتنى تىزگىنلەشتە ئېينىشتېيننىڭ «نىسبىيلىك نەزەرىيىسى» ئۇتۇقلىرىدىن ئۇنۇملۇك پايدىلاندى. ئۇ، ماھىر ئېلېكتر ماتېماتىك، كائىناتتىكى ئۇچقۇر رېتسار، يادرو مۇشتلۇق بوكسچى بولۇۋالدى. ئۇ يەنە شېكسپىر تراگېدىيىلىرىدىكى رەشكچى، ئاچكۆز-خەسىس، سۇيىقەستچى ۋە نەسەب كۆشەندىگويلۇق تىپلىرىنى يېڭى نەسىل بىلەن كېڭەيتتى. بۆلۈنگەن كائىنات ۋە سۇ-زېمىن، بۆلۈنگەن تەن ۋە روھىيەت، بۆلۈنگەن ماددىي ۋە مەنىۋى گوزۇق ئىنسانىيەتنى ساختا مۇھەببەت ۋە ھەقىقىي نەپرەت ماتېرىياللىرىدىن بارغانسېرى ئېنكوباتوردىن ئاغزىنى ئېچىپ، تىرناقلىرىنى چىڭىتىپ چىقىۋاتقان چۆجىلەردەك كۆپەيتىپ چىقارماقتا. ئىنسانىيەت جەمئىيەتنى، ئۆز-ئۆزىنى تىزگىنلەيدىغان «نىسبىيلىك نەزەرىيىسى كىشىلىك تەلىماتى» نى ياراتقىنى يوق! قەدىمكى ئەپسانىلار، كاھىن ۋە شامان ئەپسۇنلىرى، ئۈچ ئۇلۇغ دىنىنىڭ ئەھكاملىرى، روھىيەتچىل ئىزگۇ تەسەۋۋۇپ تەشەببۇسلىرى، مونتېسكيۇنىڭ لىبىرال-ئەرك مەسىلەكلىرى، ماركسنىڭ ئىجتىمائىي باراۋەرلىك غايىلىرى ھازىرقى مىسلىسىز روھىيەت بۆھرانىنىڭ غايىسىزلىق كەلكۈنلىرىنى توسىيالماي تەمتىرىمەكتە. باشقا كىيگەن تۇماق-تەلپەكتەك ئىدىيىلەر لەرزىگە كېلىپ قالماستىن، يەنە باشتىن ئۇنۇپ چىققان ۋە كېلىشتۇرۇپ توگۈلگەن چاچتەك مەپكۇرىلارمۇ تىترەككە تولماقتا.

غايىسىزلىق ئورنىغا بىر قاتار «پوتېنسىئال ئاڭ» ياكى «ئالدىنقى ئاڭ» قوڭغۇراقلىرىدىن تارقالغان سىگناللار تۇرمۇش ئۈستىگە ئاشكارا دەسسىدى. ئۇ، يىلتىزى تىرەن، ھەتتا ئىنساننىڭ ئىنستىنكتلىق ۋە فىزىئولوگىيە-پسىخولوگىيىلىك تۈزۈلمىسىگە تۇتاشقان، دىنىي ھېسسىيات ۋە مىللىي ھېسسىيات بىلەن زەرەتلىنىپ تۇرغان تېز تەسىر سىگناللار بولۇپ چىقتى.

يۇقىرى ماركىلىق ئىستېمال بۇيۇملىرى قىزغىنلىقى، تۇرمۇشنىڭ ئىسراپ ۋە سۆلەت، ھەشەمخورلۇق ۋە بېزەمچىلىك (مانېرىزم) كەيپىياتىغا توختاۋسىز سېرىلىپ كېتىۋېتىشى، ساختا ۋە يەڭگىلتەك مەدەنىيەت بىلەن بەزلىنىش، سىياسەت ۋە بەمۇرىيەتچىلىكتە بۇ يول بىلەن كىشىلەر قەلبىنى قولغا كەلتۈرۈش، ھەتتا بۇنداق سېرىلىشنى ماددىي تۇرمۇشتىكى دۇنياغا يۈزلىنىش ۋە چىقىش يولى، دەپ بىلىش، ھەقىقىي، دائىمىي ۋە نورمال ماددىي پاراۋانلىق يولىدىن كۆرە تولاراق «پوتېنسىئال ئاڭ» بىلەن «ئالدىنقى ئاڭ» نى غىدىقلىغۇچى بۇ يۈزلىنىش، غايە-ئەقىدە بۆھرانىدىكى چوڭ بۆھران ئالامەتلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىدە گۇمان يوق. ئۇ، ھەقىقىي سۆيۈلىزاتسىيىنى پۇچەكلەشتۈرىدۇ ۋە كىشىلەر قەلبىنى كامالەتتىن يىراقلاشتۇرىدۇ.

جىنسىي خاھىش ۋە ئۇنى تاۋار شەكلىدە رىغبەتلەندۈرۈش، جىنسىي ئەركىنلىك، نىكاھسىز تۇرمۇش، زەھەرلىك چېكىملىك ۋە يۇقۇملىنىش ـ غايە ـ ئەقىدە بۆھرانىنىڭ يەنە بىر ئېقىمى. يۇقىرى

ماركىلىق ئىستېمال بۇيۇملىرى قىزغىنلىقى بىلەن جىنسىي ئەركىنلىك ئېقىمى بىر-بىرىگە مەنپىي-مۇسبەت تەقەززالىقى تۈزۈپ، ئىلان ۋە سەنئەتنىڭ قۇياش ئىلاھى ـ ئاپوللو ئىبادەتخانىسىنى جىنايەتخانىغا ئايلاندۇرۇۋاتقانلىقىنى ئىنكار قىلىش مۇمكىنمۇ؟!

زامانىمىزنىڭ يۇقىرىقى ئىككى كومېدىيىسىگە مۇناسىپ يەنە ئىككى تراگېدىيە كۆز ئالدىمىزدا قانلىق تارىخ ياراتماقتا.

دىنىي مەزھەب كۈرەشلىرى بىلەن مىللىي-ئىرقىي ئۇرۇشلار شۇ دەرىجىگە يەتكەنكى، ئۇنى ھەممە قىتئە ۋە مەملىكەتلەردىن تېپىش مۇمكىن. بىر قوشۇندىكى ئىككى دىنىي مەزھەب، بىر كوچىدىكى ئىككى مىللىي-ئىرقىي تۈركۈم پۈتۈن ۋاستىلەر بىلەن شۇنداق ئۇرۇشتىكى، ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇشقا پوپلار، پاپالار، ئۆلىمالار، سىياسىيئونلار، سەركەردىلەر، ناتىقلارمۇ پايلىمىدى. مانا ئالدىڭىزدا تۇرغان تېلېۋىزورنى ئېچىڭچۇ، ئۇنىڭ رەڭدار ئېكرانىدا بۇ «تۆت دائىمىي» دىن باشقا تېماتىك مەزمۇنلار تولىمۇ زەئىپ ۋە ۋىجىك ھالەتكە چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆرىسىز...

تارىخ، تەلىماتلارنى نوقۇل مەنتىقىدىن، پىكرەن پەلسەپىدىنلا ئەمەس، يەنە روھىيەت تۈزۈلمىسى ۋە روھىيەت تارىخىدىن ئىزدەش لازىملىقىنى كۆرسەتتى.

تارىخ، تەلىماتلارنى زىددىيەتلىك نۇقتىدىنلا ئەمەس، بىرلىك نۇقتىسىدىن ـ «ۋەھدەت» نۇقتىسىدىن ئىزدەش لازىملىقىنى، باشقىچە ئېيتقاندا، ئىنسانىيەتنى دىن، ئىرق، مىللەت، رايون، مەدەنىيەت تىپلىرى بويىچە سۈنئىي يوسۇندا پارچىلىۋېتىدىغان ئۆلچەم-قائىدىلەرنى بۇزغان «مۇجەسسەم تەپەككۇر» ئېگىزلىكىدە تۇرۇپ ئىزدەش لازىملىقىنى كۆرسەتتى.

تارىخ، تەلىماتلارنى قانداقتۇ ھەقىقىي ئادەمنىڭ ھەقىقىي ماھىيەتلىرىدىن تاشقىرى، جانلىق ئادەمگە تاشقىرىدىن تېڭىلىدىغان جانسىز نەرسە شەكلىدە ئەمەس، دەل بۇنىڭ ئەكسىچە كىشىلىكنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئالەمنىڭ سىر-قانۇنىيەتلىرى گارمونىيىسى ئاساسىدا ئىزدەش لازىملىقىنى، ئۇنى ئادەمنىڭ ئۆزىدىن ئۆسۈپ چىققان ۋە ئادەمنىڭ پىكىر - ھېسسىياتلىرىنىڭ ھەممە قاتلاملىرىغا يىلتىز تارتقان ئادەم ھەققىدىكى تەلىمات سۈپىتىدە مۇھاكىمە قىلىش لازىملىقىنى كۆرسەتتى. ئويلاپ كۆرۈڭچۇ، ئالەم ۋە ئادەم ھەققىدىكى تەلىماتتىن تاشقىرى يەنە نېمىنى تارىخ تەن ئېلىشى مۇمكىن؟!

ئىنسان ئۈچۈن بۇنداق «ئۆز»، «ئۆزىدە» تۇرغان ئامىللار بارمۇ؟ ئەلۋەتتە، ئۇلار مەۋجۇد. بىز ئۇلارنى ئىنسانىيەتنىڭ مەڭگۈ ئۆلمەس غايە ۋە ئۈمىدلىرى، ئۆلچەم ۋە رىجە ھېسسىياتلىرى ئىچىدىن تاپالايمىز. ئۇ خۇددى مىڭ يىللاپ قۇدۇقتا قامالغان، ساقاللىرى ئاپئاق مويسىپىت دانىشمەنگە ئوخشاش ھېلىمۇ ھايات. ئۇنى زىنداندىن ئازاد قىلىشتىن باشقا نىجادىيەت يوق. ئۇ، «يىپەك يولى» مەرىپەتپەرۋەر ئىدىيىلىرى خەزىنىسىدە. ئۇنىڭ تىنىقىدا يۈزلىگەن مۇتەپەككۇر، مىڭلىغان ئىنسانپەرۋەر ئۆلىما، مىليونلىغان ھەقىقەت قۇربانلىرىنىڭ روھى ھايات!

## سۆزلۈك ئەينەك

ئىنسان تۇپراقتىن ئۈنگەن گىياھ، گىياھتىن قەد كۆتۈرگەن ھايۋان، ھايۋاندا نۇتۇق يىپى بىلەن پىكىر كەشتىلىرىنى تۈزگەن كارامەت مۆجىزە. ئۇ ـ پۈتكۈل كائىنات سىرلىرىدىن تۈزۈلگەن ئۇلۇغ ئەۋرىشكە. ئىنساندا كائىنات مۇمكىنلىكلىرىنىڭ ھەممە قاتلاملىرى بىلەن كۆرۈنمىلىك سۈرەت ۋە يوشۇرۇن تىلسىمات نەمۇنىلىرى ساقلانغان.

ئىنساننىڭ سۈرىتىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئاددىي كۆز كۇپايە. ئۆز خوجىسىنى ئىتمۇ، مۈشۈكمۇ كۆرىدۇ. ئىنساننىڭ ماھىيەتلىرىنى ۋە بۇ ماھىيەتلىرىنىڭ كامالەت دەرىجە-ماقاملىرىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئەينەك كېرەك. بۇ، «ئۆزلۈك ئەينىكى» دۇر.

ئۆزلۈك ـ ئۆزىنى بىلمەكلىك! ئىنساننىڭ ئۇلۇغ تەبىئەت ئالىمى سۈپىتىدە تۇرغان ھازىرقى ھالىتى ئۇنىڭغا نىسبەتەن ساۋاتسىزلىقتىن ئىبارەت، خالاس. ئىنسان ئۆزىنى ئۇنتۇپ، ئۆزىدىن باشقا تەسۋىرىي ئالەم ھەقىقەتلىرىگە شۇنچىلىك ئىجىللىق بىلەن ئېچكىرىلەپ كىردىكى، ئۇ، يىپەك غوزىسىغا قامالغان زات ـ پىلە قۇرتىغا ئوخشاپ قالدى! روھىي زېمىندا ئىپتىدائىي ئىنساندىن تاكى تەقۋادار كاھىنلارياكى ھازىرقى زامان مۇتەخەسسىسلىرى ۋەزخانلىق قىلىپ كەلگەن زامانلارغىچە نەچچە تۈمەن يىلدىن بېرى، ئىنسان تۈركۈملىرى خۇددى ئۆلگەن بۇغا بەدىنىدە قىمىلداپ يۈرگەن ئاچ چۈمۈلىلەردەك ئەۋلادمۇ ئەۋلاد تېنىم تاپمىدى. بۇنداق بۇغا جەسىتىدىن نەپ ئېلىش پەن ۋە ماھارەت تارماقلىرىغا ئايرىلىپ، زېمىننى بارغانسېرى مۇرەككەپ ۋە ئىنچىكىلەشكەن قۇرۇلمىلار قاپلىۋالدى. ھەسرەتتىكى شۇكى، ئىنسانىيەت تېخى ئۆزى ھەققىدە، ئۆزىنىڭ كائىناتتىكى ماھىيىتى، ئورنى ھەققىدە، بولۇپمۇ ئۆز ماھىيەتلىرىنىڭ ئۆز پائالىيەت ھادىسىلىرىدىكى قىممىتى ھەققىدە ھېچقانچە ئىزدەنگىنى يوق. ئۇ ھېلىمۇ بۇغا بەدىنىدىن ئايرىلىپ، ئۆزلۈك خەزىنىسىگە دادىل قەدەم قويۇپ، «مەن كىم؟» دېگىنى يوق! مەئىشەت ئىجىللىقى خىرۇئىن خۇمارىدەك ئۇنى دومىلىتىپ، ئاللىقاچان ئۆزىنى ئۇنتۇغان مەجنۇن ـ دەلدۈشكە ئايلاندۇرۇپ قويغان. ئېسىل بىنالار، ھەرخىل شەكىلدىكى ئايروپىلانلار، ئالتۇن قەلەملەر، ئوتلۇق قورااللار تۇتقان قايسى ئادىمىزات ئۆزىنى ئۆز قولىدىكى يالتىراق «نام-ئەمەل كارتوچكىسى» دىكى مەن ئەمەسمەن، مەن بۇنىڭدىكى ئىبارىلەر ئىپادىلەپ بېرەلمەيدىغان بىر پۈتۈن روھىيەت دۇنياسىمەن، دەپ بۇ كارتوچكىنى مەسخىرە قىلالايدۇ؟!

ئەڭ چوڭ بەختسىزلىك شۇكى، ئۇ ئۆز ئەھۋالىنىڭ نىچۇكلىكى توغرىسىدىكى ھەقىقەتلەرنى ئاڭلاشنى خالىمايدۇ. ئۇ، ياخشى-يامانلىق ئەخلاق ئۆلچەملىرىنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋېتىپ،

نەپسانىيەتتە مايمۇنلۇقتىن ئالۋاستىغا يۈزلەنگەن؛ ئەخلاقلىق، ساداقەتمەن كىشىلەرنى ئويۇنچۇق قىلىپ، بازار تىلسىملىرىدىكى شەيتان ئويۇنىنىڭ رولچىلىرى قىلىۋالغان؛ ئۇ، بۇ يولدىكى ئەسەبىيلىكلىرىنى كىشىلەردىن ھالقىغان قابىلىيەت، دەپ بىلىپ، ئۆز-ئۆزىنى ھالاك قىلىشنىڭ ئۈنۈملۈك تەدبىرىنى تېپىشنى ئىجادىيەت، دەپ قارىغان. قىسقىسى، ئۇنىڭ كەسپى ۋە ئىش-ئەمەلى زېمىن ۋە مۇھىت، پىكىر ۋە قەلبنى بۇلغاپ، ئۆز-ئۆزىگە گۆر كولاشتۇر.

دەرھەقىقەت، «ئۆزلۈك» بىر سۆزلۈك ئەينەكتىن ئىبارەت. ئۆزلۈك ئەينىكى ـ ئىنساننىڭ ئۆز-ئۆزىنى بىلىش ۋە ئۆزىنى ئىنسانلىق ماھىيەتلىرى بويىچە كامالەتكە يېتىشتۈرۈش يولىدىكى «كۆرۈنمەي كۆزگۈچى» ئەينەك. ئۇنىڭ قىرلىرىدىن مۇقەددەس نۇر جىلۋە قىلىدۇ؛ ئۇنىڭ مۇقەددەس نۇرىدا «ئۆزۈڭنى تونۇ!» دېگەن قۇتلۇق سادا جاراڭلايدۇ. ئۇ، ئىنسانلىق ھەقىقىدىكى ھەقىقىي ئۇچۇر بۇلىقى!

ئىنساننىڭ ئىجادىيەت يۇلتۇزى ـ «ئۆزلۈك ئەينىكى»دە ئۆزۈڭنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۆزگىلەرنى كۆرۈش ئىشقىغا، ئىنساننى بىربىرى بىلەن قوشۇش مۇھەببىتىگە، ئىنساننى ئىنسانىي كامالەتكە كۆتۈرۈش تەلپۈنۈشىگە مۇيەسسەر بولىسەن. ئۆزىنى كۆرۈپ بىلمەسلىك ـ ئىنسان سۈرىتىدىكى، ئەمما ھايۋانلىق زىندانىغا قامالغان مەھبۇسنىڭ غەپلەت ئۇيقۇسىغا تەمسىلدۇر. بۇ ئۇيقۇ غاپىللىق ئۇيقۇسى، مەغرۇرلۇق ۋە تەنتەكلىكنى «سەگەكلىك» دەپ ھوزۇرلىنىدىغان جاھىلنىڭ غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئىبارەت.

ئىنسان ئۆزلۈك ئەينىكىگە ئېرىشەلەيدۇ. ئۇ ئۆزىنى چەكلەش ـ تىزگىنلەش ئارقىلىق، تارىخنىڭ ۋە كەلگۈسىنىڭ ئۆلمەس سادالىرىنى ئاڭلاش ئارقىلىق، رەقىب-كۈشەندە بىلەن بولغان مۇشكۇل ئېلىشىشلارنىڭ روھىيەتنى تاۋلىشى ئارقىلىق، ئۆلۈم تەھدىتى ۋە كەرەملىك ئۈمىدى ئارقىلىق ئۆزىدىكى يوشۇرۇن ئىرادە-قۇدرەت زەررىلىرىنى مۇجەسسەملەشتۈرۈپ، ھېكمەت ئىلھامى ئاستىدا ئۆزلۈك ئەينىكى بولۇپ يېتىلىشى كېرەك!

ئۆزلۈك ئەينىكى كامالەتلىك ئىنسان قەلبىدىكى قۇياش ۋە ئەقىل كۆزىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭدا ئىلگىرىكى مەقسەتلىرىڭ پەقەت ۋاستە ئىكەنلىكىنى، ھەتتاكى مەئىشەت، روزىغار، ئىلىم-سەنئەت، ئىش ۋە شېئىرىيەتنىڭ پەقەتكىنە ۋاستە ئىكەنلىكىنى، ھەقىقىي مەقسەت ئۇنتۇلغان ۋە ياتلاشقان بىرلا نەرسە ـ ئىنسان ۋە ئۇنىڭ كامالىتى، ئىجتىمائىي-مەنىۋى بەختى ئىكەنلىكىنى كۆرىسەن. ئۇ چاغدا سەن ئۇلۇغ بىلگەن قۇل ئىگىلىرىنىڭ لاي قونچاق ۋە خار كۆرگەن قۇللارنىڭ نۇرانە مالائىكە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشىڭ مۇمكىن.

ئۆزىنى چۈشەنگەن كامىل، ئۆزۈمچىلىكنى ئۇنتۇغان يېتۈك كىشىدۇر. ئۇ ئۆزىنى ئۇنتۇيدۇ ۋە بارلىق ئىنسانىيەت ئالىمى بىلەن قوشۇلىدۇ. بۇ ئارىدا ھەقىقەتنى يوشۇرغان پەردىلەر، چېگرىلار، سېپىللار، تىرە ۋە ئىرق پەرقلىرى بىلەن ئەپسۇنكار رىسالىلار ھېلىقى لاي قونچاقلارنىڭ كىشىلەرنى ئۆزىگە سەجدە قىلدۇرۇش كويىدا ياراتقان سېھىرلىك مەنزىرىسى بولۇپ چىقىدۇ. سەن تەڭرىلىك ماقامىدا تۇرۇپ ئۆز-ئۆزۈڭگە ـ ئىنسانغا سەجدە قىلىسەن. بۇ، ئېغىر ياتلىشىشتىن ئۆزلۈككە قايتىش ۋە پارچىلانغان ئالەمدىن ئۇلۇغ ۋەھدەت ـ بىرلىكنى قايتا تېپىشتۇر. سەن شۇ چاغدا ئىستىغپار ئوقۇيسەن: ئاددىي كىشىلەرنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى بىلمىگەن، ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ تاشقى ئالامەتلىرىنىلا تەن ئېلىپ، كامالەت تەرەپلىرىگە ئەقلىڭ يەتمىگەن ياكى ئۇنى تەن ئېلىشنى خالىمىغان، ھەتتا ئۇلارغا تۆھمەت توقۇپ، چەتتىن پېشۋا ئىزدەپ يۈرگىنىڭگە پۇشايمان قىلىسەن. ئۇ چاغدا سەن، ئۆز ئۇلۇغلىرىڭنى ئىغۋا كوھىقاپىنىڭ تاش بورانلىرىدا يىقىتىپ، ئۇنى ئېيسادەك كرېست تاختىسىغا مىخلاپ، شەمسىددىن تەبرىزىينىڭ رەقىبلىرىدەك ئۇنى ئۆزگىلەر قولىدا قۇدۇققا تاشلاپ قەست قىلىپ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى بۆرمىلاپ، يەنە ھېچنېمىنى كۆرمىگەندەك ئۆپكىگە ئۇن سۈيى تولدۇرۇش بىلەن ئەرمەك بولۇپ يۈرۈۋەرمەيسەن!

ئۆزلۈك ئەينىكى ـ مېھراجى ئەلاكى، ئۇنىڭدا تەڭرىنى كۆرىسەن. ئۇ ـ سەن، سېنىڭ ئاشىقىڭ، مەھبۇبىڭ ۋە مەقسىتىڭ. جالالىددىن رۇمىي مۇنداق يازغانىدى:

«ھېچنېمە يوقكى سېنىڭدىن ئۆزگە ئالەمدە پەقەت،
ھەرنە ئىستەرسەن ئۆزۈڭدە جەم ئېرۇر بىلمەك ئەبەد.»

ئۆزلۈك ئەينىكى ـ كامىل ئىنسان قەلبىدىكى يېشىلگەن ۋەھدەتتۇر.

## «ئەنەلھەق» ئەپسانە ئەمەس

ئىنسان كائىناتتىكى ئوتتۇرىچە زات، ئاسمان ـ زېمىن ئارىسىدىكى پائالىيەتچان تۈركۈم. ئىنساننىڭ تەبىئەت بىلەن، ئىلاھىيەت بىلەن، ئۆز-ئۆزى ۋە ئۆز تۈركۈمى بىلەن، ئۆز روھىيىتى ۋە ئۆز-ئۆزىگە بولغان ئۆزلۈكى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى مىڭ-مىڭ يىللاردىن بېرى ئېتىقاد، ئىلىم ۋە پسىخولوگىيە پائالىيەتلىرى شۇغۇللىنىپ كەلگەن تولىمۇ كونا ھادىسە.

ئىنسان زادى نېمە؟ ئۇنىڭ تۆۋەندە ھايۋان، يۇقىرىدا تەڭرى بىلەن بولغان ئالاقىلىرى قانداق؟

يەڭگىلتەك مىقدار ماتېماتىكىلىرى بىلەن ئۇقۇم ۋە مۇھاكىمە مەنتىقىلىرىنىڭ بىر قىسمى ئىنساننى تەڭرىگە قارشى قويۇپ چۇقان كۆتۈرگەن چاغلاردا باغداد مەيدانىدا مەنسۇر ھەللاجنىڭ دارغا ئېسىلغانلىقى كىشىلەر قەلبىنى لەرزىگە سالدى. ئۇ، مۇجەسسەم تەپەككۇر بىلەن ئەركىن گۇمانلىنىش تۇيغۇسىنى قوشۇپ، داۋاملىق ئىنساننىڭ يوشۇرۇنغان ماھىيەتلىرىنى ئاختۇردى. ئۇ، تەڭرىنىڭ تەبىئەت ۋە ئىنساندىن تاشقىرى ئالەم بىنا مۇھەندىس ياكى كائىنات پىرئەۋنى سالاھىيىتىدىكى مۇشەببىخ (ئادەم قىياپەتلىك ـ ئانتروپومورفىزم) ئالامەتلىرىنى ئىنكار قىلدى. ئۇ، ئىپتىدائىي ئانىمىزملىق قاراشلاردىن بېرى ساقلانغان روھنىڭ ئۆلمەستىن كۆچۈپ يۈرۈشى

- «تەناسۇق ئەل ئەرۋا» (ئىسلامدا)، «سانسارا» (بۇددىزمدا)، «مېتېمپسىخوز» (گرېكلار دىنىدا) تەلىماتىدىن تاكى ئۆزگىچە بولغان تەڭرى، ئىنسان ۋە «ۋەسلى ئىلاھىيە» تەلقىنلىرىنى تەتقىق قىلدى. ئۇ، رابىيە تىلغا ئالغان ئىنساننىڭ ئۆز چۈشىدە «ۋەسلى ئىلاھىيە»گە مۇيەسسەر بولۇشى قاراشلىرى بىلەن تەسەۋۋۇپچىلارنىڭ تۆتىنچى ماقامى - «ھەقىقەت» دە تەكىتلەنگەن ئىنساننىڭ شەخس سۈپەتتە تەڭرىگە سىڭىپ كېتىشى، دېگەن چۈشەنچىلەرنى داۋاملىق قايتا-قايتا مۇلاھىزىدىن ئۆتكۈزدى. ئۇ ئاخىر، ئىنساننىڭ تەڭرىگە بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ ئۇلى - ئىنساننى مەنىۋى جەھەتتىن كامالەتكە يەتكۈزۈش ئىكەنلىكىنى بىلدى.

«ئەنەلھەق» - «مەن - ھەقمەن»! بۇ، ئىنسان بىلەن تەڭرىگە ئوچۇق قويۇلغان ۋەھدەت پارالېل بەلگىسى بولدى.

مەنسۇر ھەللاجىدىن خېلىلا كېيىن چارلىز دارۋىن ئىنساننىڭ ھايۋان بىلەن يولغان ئالاقىلىرى ۋە ھايۋاننىڭ تەدرىجىي راۋاجلىنىش نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. كېيىنكى زامانلاردا دارۋىن تەلىماتى ئىلىم، ھەللاجى مۇھاكىمىلىرى گۈزەل ئەپسانە ياكى جىنايى ئىغۋا، دەپ قارالدى.

ئېيتىش كېرەككى، مەنسۇر ھەللاجى، پەرىدىدىن ئەتتار، شەمسىددىن تەبرىزىي، جالالىددىن رۇمىي بىلەن ھەرقايسى گۇمانىستلارنىڭ قارىشى مۇنداق: ئىنسان ماھىيىتى ۋە مۇمكىنلىكلىرى بىلەن تەڭرى، ياتلاشقان ھالىتى ۋە نەپسانىيىتى بىلەن شەيتاندۇر. بۇ، ئېرك فروممىنىڭ دارۋىنىزمغا ئاساسلانغان - ئىنسان ياۋايى، ئورمانلىقتىكى مايمۇن ئەمەس، بەلكى ھايۋانات باغچىسىدىكى مايمۇن بولۇپ، تېخى ھەقىقىي ئىنسان ماھىيەتلىرىنى تاپمىغان ئىجتىمائىي ھايۋاندۇر، دېگەن سۆزىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. تەسەۋۋۇپ نامىدىكى بىر قىسىم ئىنسانشۇناسلار: ئىنساننىڭ كامالىتى - شەيتان ۋەسۋەسىلىرىگە ئىسيان قىلىش، ئۆزلۈككە - ئۆزىنىڭ تەڭرىلىك مۇمكىنلىكلىرىگە ئېرىشىش، دەپ قارايدۇ.

ئىسلام سوپىزمىدىكى گۇمانىستىك قاراشلارنىڭ ئۈچ چوڭ قاتلىمى - ئىنسان تەڭرىنىڭ ئالەم بىنا قىلىشتىكى مەقسىتى ۋە ئەڭ ئالىي مۆجىزىسى، دېگەن قاراش؛ ئىنسان ئەقىل بىلەن بىلىش ئىقتىدارى ۋە ئىرادە ئەركىنلىكىگە ئىگە، دېگەن قاراش؛ ئىنسان ئەسلى تەڭرى دېمەكتۇر، ئۇ، تەڭرىلىك كامالىتىگە ئېرىشىشى مۇمكىن، دېگەن قاراشنى سېلىشتۇرغاندىمۇ مەنسۇر ھەللاجىنىڭ «ئەنەلھەق» تەلىماتىنىڭ ئۆلمەس روھى ئالاھىدە دىققەتنى جەلپ قىلىدۇ.

## «ئات» بىلەن «ئات مىنگەن كىشى»

ئىنسان جىسمانىي جەھەتتە بىر ھايۋان بولۇپ، ئۇنى «ئات»قا، مەنىۋى جەھەتتىن بىر كارامەت مۇمكىنلىكىدىكى زات بولۇپ، ئۇنى «ئات مىنگەن كىشى»گە تەمسىل قىلىش مۇمكىن.

ئىنسان ماددىي ھايات ۋە مەنىۋى كامالەت ناتەكشىلىكىدە ھەرىكەتلىنىدىغان شەيئىي. ئەگەر ئات مىنگەن كىشى دانا بولسا، ئاتنى كامالەتكە يېتەكلەيدۇ، نادان بولسا، ئات ئۇنى ئوقۇرغا باشلايدۇ. ئىنسان روھىيىتى ھايۋان ئوزۇقىنىڭ - ئات يېمىنىڭ «ئىنكاسى»، «ئىپادىسى» ئۈچۈن ئىشلىگۈچى قۇلغا ئايلىنىدۇ.

كامالەتتىن خالىي ئىنسان - مۇتىۋەر ياكى گۈزەل، نازاكەتلىك ياكى قەيسەر بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆزلۈكتىن بىخەۋەر بولۇپ، ئۆزى ھەققىدە غەم يېمەيدۇ، بەلكى ئات يېمى غېمىدا پايپېتەك بولىدۇ. سىېنىڭ شېرىن خىياللىرىڭغا يوشۇرۇنغان، پۈتۈنلەي سەن ئۈچۈن جانىجان بولغان نىيەتلىرىڭنى تارتىنماي ئۆز ئالقىنىڭغا تۆكۈپ كۆرچۇ! قاراپ باق، ئۇلارنىڭ قانچىسى ئىنسان ماھىيەتلىرى غېمىدا ۋە قانچىسى ئات بوغۇزى غېمىدىكىن! خۇسراۋ دېھلەۋىينىڭ مۇنۇ مىسرالىرىنى ئوقۇ:

«پەقەت ھۆسنى بىلەن گۈزەل ئەمەستۇر ئادەم،
گۈزەلدۇر ئۇ يەنە ئىنسانىيلىق جەۋھىرى بىلەن ھەم.»

سەن ئاسمان-زېمىن ھەققىدە يېتۈك بىلىمدان، ئەمما «ئۆزلۈك» ھەققىدە بىر تەلۋە نادان! بىلىمدان بىلەن ئاقىلنى، ئاقىل بىلەن دىل قەلبى كامىلنى پەرق ئېتىشنى بىل. ئابدۇقادىر بېدىل مۇنداق دەيدۇ:

«ھاياتلىق گۈلىستاندۇر دىل ھىممىتىدىن،
باسقان ئىزىڭ بوستاندۇر قول قۇدرىتىدىن.»

بىلىملىك، ئاقىل، تەدبىرلىك - ئىقتىدارلىق كىشى بىلەن ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئارىفنى - قەلبى ئۆزلۈك تېگىدا ئويغانغان كامىلنى پەرقلەندۇر:

بىلىم - ئوزۇقتۇر. ئۇنى ئۆزۈڭ ئۈچۈن رىسقى قىلىشىڭ، ئاۋام ئۈچۈن مەئىشەت قىلىشىڭ مۇمكىن. ئوزۇق يەنىلا ۋاستە ۋە بايلىق.

ئەقىل - چىراغتۇر. دىلى كور كىشى ئۈچۈن چىراغ بەلكى ناشايان بىر ۋاستە.

ئىقتىدار - كۈچتۇر. ئىزگۈسىز قۇدرەت جاللات پالتىسىنى ئەسلىتىدۇ. بىلىم - ئەقىل - ئىقتىدارنى ئېپتىخار خەزىنىسىگە سالماي، «ئۆزلۈك» ئەينىكى ئالدىغا قويۇپ، ئۇنى تەلقىن قىل!

«ئۆزلۈك» ئەينىكىدە ئاتقا مىنگەن كىشى ئۆلمەس چەۋەندازدۇر. ئات ئۇنىڭ تېنى ۋە تۇرمۇش پائالىيىتى. بۇ پائالىيەت ئۇنىڭ فىزىئولوگىيىسى، پسىخولوگىيىلىك پىكىر-تۇيغۇلىرى، تۇرمۇش مەشغۇلاتى بولۇپ، بىر قاراشتا ئۇ پېرسوناژنىڭ بارلىقى. ئات بىلەن ئات مىنگۈچى ئارىسىدا بىر چاك مەۋجۇدكى، ئۇلارمۇ ئالەمنىڭ «ئىككىگە پارچىلىنىش قانۇنى»نىڭ ئىلكىدە. ئادەم قېرىپ خۇددى ئاتتەك ھاسىرايدۇ. بۇ دەل ئات مىنگەن كىشىنىڭ پىشقان، ئاتنى ئۆز ماھىيەتلىرىگە كۆندۈرگەن ۋە كامالەت ماقامىنىڭ بوسۇغىسىغا يېقىنلاشقان چېغى سادىر بولىدىغان «ھىجران» دۇر. مانا بۇ ئات سۈپىتىدىكى ئىنساننىڭ ئۆمرى دېگەن سۆز. ئىنسان ئۆمرىنى باللىق بىلەن قېرىلىق ئارىسىدىكى يېرىم ئەسىرلىك مۇساپە قىرقىيدۇ، پۈچۈلدۈرىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ بەدىلى - مەنىۋى يېتىلىشتۇر. ئەتتەڭ! «ناۋا مۇقامى» ئەۋجىگە

كۆتۈرۈلگەندە، چالغۇ تارىسى «چارس» قىلىپ ئۈزۈلىدۇ! تارا ئالماشتۇرالمايسەن. بۇ خۇددى ئات يەڭگۈشلىيەلمىگەنگە ئوخشايدۇ. قولۇڭدىن كېلىدىغىنى ئەلىشىر نەۋائىيدەك خاتىرجەم ئۈمىد:

«نەۋائىي بىناۋالىق بىرلە دائىم مەي ئىچۈر، بىر كۈن -
ناۋا سازىنى دەۋران مۇترىبى بەزمىدە چالغاي، دەپ.»

نەۋائىي دائىملىق بىناۋالىقنى ۋە كەلگۈسى ئۈمىدىنى ئېيتقان. بىز ئۇنى «نەۋائىي بىناۋالىق بىرلە ئاخىر مەي ئىچەر، بىر كۈن ـ ناۋا سازىنى دەۋران مۇترىبى بەزمىدە چالغاي، دەپ» دېگەن ئۇلۇغ ھىجران ۋە مۇقەددەس مەنىۋى ئىزچىللىق (ۋىسال) مەنىسىدە ئىستىئارە قىلىمىز.

ئىنسان ئۆلىدۇ، ئەمما مۇتلەق مەنىدە ئەمەس.

ئابدۇلھەسەن ھەرەكانىي: «يەر يۈزىدە يۈرگەن بەزى ئادەملەرنى بىز تىرىك دەيمىز، ئەسلىدە ئۇلار ئۆلۈك. يەر ئاستىدا ياتقان بەزى زاتلارنى بىز ئۆلۈك ھېسابلايمىز، ئەسلىدە ئۇلار تىرىك» دېمىگەنمىدى؟!

ئىنساننىڭ قىممىتى ـ ئاتىنىڭ سۈرىتىنىڭ باھاسى ئەمەس، بەلكى ئات مىنگۈچىنىڭ ماھىيەت ۋەزنى! ئۆزۈڭگە ئات باھاسىدا، ئويناقلاپ تۇرغان ۋە ياكى پۇشۇلداپ قالغان ئات نەرقىدە قاراپ، تەمەننا ياكى غەمكىنلىك يولاتما! بەلكى ئات مىنگۈچى قىممىتىدە قاراپ نەپرەتلەن! ئۆزىدىن نەپرەتلىنىشنى بىلمىگەن ئىنسان ئۆزىنى بارغانسېرى نەپرەتلىك سىماغا ئايلاندۇرۇۋاتقان غاپىل ئىنساندۇر. ئات چەيلەپ پېتىقلىۋەتكەن بۇ ئىنسانىي قىممەتتىن ساڭا يەنە قانداق تەقدىر نېسىپ بولاتتى، ئەي نادان!

## دانىشمەنلىكنىڭ دەردى

«فانىي» ۋە «باقىي» ئىبارىلىرى يوقىلىپ بېرىۋاتقان ۋە مەڭگۈ مەۋجۇد بولىدىغان ئىككى سۈپەت (ئاتربوت)، ئىككى دۇنيا مەنىسىدە تولاراق دىنىي كوسمولوگىيىلىك تۈس ئېلىۋالدى.

«زاھىر» ۋە «باتىن» ئىبارىلىرى كۆرۈنىدىغان سۈرەت ۋە كۆرۈنمەس ئىچكى ماھىيەت مەنىسىدە تولاراق دىنىي بىلىش نەزەرىيىسى قېلىپىتىگە كىرىۋالدى.

«ماددا» ۋە «شەكىل» ئىبارىلىرى ئارىستوتېلدىن باشلاپ مۇقەررەر مەۋجۇدىيەت بىلەن ئۇنىڭ ھالەت (ئەراز) كۆرۈنۈش ئالماشتۇرۇشنى ئىپادىلەشتىن، بىر دومىلاپلا «مەزمۇن» ۋە «شەكىل» كاتېگورىيىسىگە ئۆتۈپ كەتتى.

ئىنساننىڭ ئۆزلۈك ئارىلىقىدىن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى ماقامىنى نېمە دېگۈلۈك. «جاھىل» ۋە «پازىل» ئىبارىلىرىمۇ سىۋىلىزاتسىيىگە قارىتىلغان تارىخىي مەنىگە بەنت قىلىندى.

دانىشمەن-بىلىمدان، ئاقىل، ئالدىن بىلگۈچى ۋە رەھنىما ساھىبى مەنىسىدە ئۆزۈندىن ھەممە خەلقلەر مۇبارەكلەيدىغان نۇرانە نام. ھەر دەۋرنىڭ دانىشمەنلىرى بولغان. ئۇ، يۇقىرىدىكى قۇرۇلمىلارنى مۇجەسسەم ئوچۇق قىلىپ كۆتۈرۈلگەن تەپەككۇر قۇياشى!

«دانىشمەن» ئىبارىلىرى قانداق ئىستېمال قىلىنىۋاتقانلىقىدىن قەتئىينەزەر، دانىشمەن ئۇلۇغ بىشارەتچىدۇر. دانىشمەن ـ مەيلى مۇنبەردە، دار ياغىچى ئاستىدا ياكى سەرگەردانلىق دالاسىدا بولسۇن، قولىدا يېڭى ئۇپۇقنى كۆتۈرۈپ تۇرغان كاھىندۇر.

دانىشمەنلىكنىڭ ئىككى ئالقىنىنى ئوچام قىلغان چېغىغا قارا! ئۇنىڭ ئالقانلىرىنىڭ ئۈستىدىن ئىنسانىيەتكە ئاتالغان يېڭى ھەقىقەت جاۋاھىرىنىڭ نۇرى چاقنايدۇ. ئۇنىڭ ئالقانلىرىنىڭ ئاستىدىن ئۇنىڭ شەخسىي ھايات پاجىئەلىرىدىن ئۇرغىغان پاك-ئىللىق قان تاراملاپ تۆكۈلىدۇ. ئۇ، كاناي-سۇنايلار بىلەن چۇقان كۆتەرگەن كوچىدا نېمە قىلسۇن. ئۇنى ناگان-ناگانلاردا بەلكىم ئاھۇ-پەريادلار بىلەن ياش تۆككەنلەر ئارىسىدا ئۇچرىتالىشىڭ مۇمكىن.

دانىشمەنلىكنىڭ دەردى تولا! گۈزەللىم، ھەربىر مۈشكۈل داۋاندا ساڭا: «ئەمدى قال!» دېگەنىدىمغۇ!

ئۇ، ھاياتنىڭ ساختا لەززىتىدىن كېچىپ، ئۇنىڭ ھەقىقىي ئازابلىرىدا ياشايدۇ!

ئۇ، ئۆمرىنىڭ قىسقىلىقىنى بىلىپ، كېچە-كۈندۈز تىنىمسىز ئەجىر-ئەمگەك قىلىدۇ!

ئۇ، ئۆز ھاياتىدا تەييار ئەقىدىلەر، ئاتا مىراس قاراشلار، ئىزچىل رىجىلەرگە چوقۇنمايدۇ، بەلكى قايتا مۇئامىلە قىلىدۇ. ئۇ، ئۆز ھاياتىدا قايتا ئويغىنىدۇ، ئىككىنچى باشلىنىش ياشايدۇ. ئۇ بىر ئاسىيلىق ـ ئىسيانكارلىقتۇر. ساكيامۇنى شاھزادىلىكتىن بۇددىھالىقا، مۇھەممەد غەيرىي مۇسۇلمانلىقتىن مۆئمىنلىككە، ماركس گېگېلچىلىكتىن كوممۇنىزمغا ئۆتكەن. مەنسۇر ھەللاجمۇ ئادەتتىكى كالام تەلىماتىدىن «ئەنەلھەق» قە ئۆتتى! دانىشمەنلەرنىڭ قايسىبىرى تاۋار-دۇردۇنلار ئۈستىدىن ھەقىقەت دۇردانىلىرى تېپىشقان؟!

ئۇ، ئالدىن بىلىپ، ئالدىن ئويغانغاچقا، قەلبى ھەقىقەت، لەۋزى ئادالەت ئوتىدا كۆيۈپ، كىشىلەر بىلگەن ئامەتلەرنىڭ ئىللەتلىكىنى ئېغىزدىن چىقىرىشتىن ئەيمىنىپ، سۈكۈنات ئىچىدە، نەپرەت ۋە خەيرىخاھلىق ئىچىدە ياشايدۇ! ئويغاتماق ھەقىقەتەن ئېغىر ئىش، چۈنكى ئۇ ھەر ئىككى تەرەپنى بىئارام قىلىدۇ!

ئۇ، سىرداشقا تەشنا، روھىي تىرەك-مۇئەككەلگە تەشنا، ھەقىقىي قەلب سايىسىغا تەشنا ھالدا خاتا ئۇبرازلاندۇرۇشلار، رەشىك-ھاقارەتلەر ئىچىدە مەنىۋى تەنھالىق ئازابىنى چېكىدۇ. ئۇ، توخۇ فىرمىسىغا كىرىپ قالغاندەك، ئۆز قولىدىكى ئۈنچە-جاۋاھىرلارنى توخۇلارنىڭ تېپىپ تاشلاپ، سامان-پاخاللار ئارىسىدىن دان تاللىشىپ يېيىشىۋاتقان ھالىتىدىن غەمكىن بولىدۇ!

مانا شۇ تاپتا، چىدامسىز مەھبۇب، ۋاپاسىز يارۇ-دوستلارنىڭ يوشۇرۇن ساتقىنلىقى بىلەن ئاشكارا مەسخىرىلىرى ئۆلمەس ئېبلىسنىڭ ئۆلگەن ئادەم ئەلەيھىسسالام ئۈستىدىن قاقاقلاپ كۈلۈپ، تەنە بىلەن بىر مەھەل تەنتەنە قىلغانلىقىدەك نەشتەرى روھىيەت ھاسىل قىلىدۇ!! دىلبىرىم، ھەرقانچە ھالەتتىمۇ ئوغۇز سۈتى بىلەن باراۋەر پاك ۋە مۇقەددەس تۈنجى

مۇھەببەت شاراپىتىنىڭ ھۆرمىتىنى يەرگە ئۇرما! رەقىبلىرىڭگە نەپرەتلىنىمەن. ئۇلارنىڭ پۈشتى-جەمەتىمۇ ئۇلارنى ئۇنتۇيدۇ، ئەمما، ساڭا نەپرەتلىنىشنى دۈشمەنلىرىمدىن ئۆگەنمەك ماڭا ھار!

دانىشمەن تۇن قاراڭغۇسىدا ساڭا قېرىغان ياۋا توغراقتەك كۆرۈنۈشى مۇمكىن. تاڭ شولىسى ئاستىدا ئۇنىڭ ئالتۇن سۇمۇرغلۇقىنى ئاڭقىرالايسەن. ھە، ئۇ ئالتۇن سۇمۇرغ! تەنها، يىراق مىليون-مىليون يۇلتۇزلارنى ياراتقۇچى قەلب كامالىتىنىڭ ئىنژېنېرى! ئۇ، دوزاخ ئوتىدا كۆيۈپ تۇرسىمۇ، خالايىققا جەننەت دەرۋازىسىنى ئاچقۇچى سىمائىي قەيسەر! ئۇنى ئىقلىمىنىڭ يىراق ئۇپۇقىدىن ياكى مايتىرى بىلەن ئىمامەدى ئاخىر زامان رىۋايەتلىرىدىن ئىزدىمە، ئۇ، ئۆز قېشىڭدا، ئۇنىڭ روھى ئۆز ئىزىڭدا جاھان كېزىدۇ.

## «مۇھەببەت - تەڭرىلىك تۇيغۇلىرى»

ئۆزلۈك زىددىيەتچان دۇنيادا «بىرلىك» (ۋەھدەت) نى بىلىشنى، ۋەھدەتكە يۈزلىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ. «مۇھەببەت» (ئىشق) ئۇنىڭ شېرىن مېۋىسى ۋە يالقۇنلۇق تىنىقىدۇر.

مۇھەببەت - خۇپىيانە ئاشىق ۋە مەشۇقەلىقتىن تاكى كائىنات تەرتىپىگىچە كەڭ قوللىنىلغان ئىبارە بوپقالدى. قەدىمكى گرېكلاردا «ئىنتىلخىيە» دەپ ئاتالغان بۇ ئىنتىلىش تەسەۋۋۇپ تەپسىرلىرىدە تەڭرى ئىنساننى بىنا قىلىشتىن ئىلگىرىلا ۋەھدەتۇل ئالەمدە بولغان، ئۇ، تەڭرىنىڭ خالىقۇلئىنسان پائالىيەتلىرىگە ئىلھام سالغان.

مۇھەببەت - ئۇلۇغ ئالەم ۋە ئادەمنىڭ ئىنتىلىشى، كائىنات مۇۋازىنىتى ۋە ئىنسانىيەت كامالىتىنىڭ تىرىكىكى. مەنپىي - مۇسبەت زەرەتلەر قوغلىشىپ ماتورنىڭ چۆرگىلىشى - مانا ئۇنىڭ تىمسالى!

مۇھەببەت - ئىنسان ئۈچۈن كائىنات نىزامىدۇر. ئۇ ، ئىنساننى ھايۋان بىلەنلا ئەمەس، بەلكى ئىنسان بىلەن؛ ئات بىلەنلا ئەمەس، بەلكى ئات مىنگۈچى بىلەن؛ ئات يېمى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى مەنىۋى ئوزۇق بىلەن؛ ئۆلۈم ھىجرانى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى ئەبەدىيلىك ۋىسالى بىلەن قوشۇش يۇرۇشىدىن ئىبارەت.

ئىنسان ئۆزىنىڭ «ئادەم» لىكى بىلەن «ھەۋۋا» نى سۆيۈشكە ھەقلىق. بۇنداق مۇھەببەتتە، ئەگەر ئۇ ھەقىقەتەن مۇقەددەس روھىيەت قوشۇلمىسى كامالىدا سادىر بولسا، ئىنساننىڭ تەڭرىلىك تۇيغۇلىرى چېچەكلىگەن بولىدۇ. ئۇنى بىگانە ۋە جىنايى كۆز بىلەن كۆرمەك مەنئىيقتۇر.

ئىنسان ئۆزىنىڭ ئىنسانلىق قەدىر-قىممىتى، زېھنىي ئىقتىدارى ۋە پازىللىق ئۇتۇقلىرىنى سۆيۈشى لازىم. بۇ، ئىنساننىڭ ئىنسانلىق ئىقرارى، شۈكرانىسى ۋە قەسىدىسىدۇر.

ئىنساننىڭ تەبىئەت ۋە ئۇنىڭ ھەممە مۆجىزىلىرىنى سۆيۈشى دەركار. تەبىئەت ۋە مۆجىزات كائىناتنىڭ تېنى، ئىنساننىڭ بۆشۈكى ۋە دەرسخانىسى. ۋەھدەتى ئالەم، مۇھەببەتى ئالەم يەنە ۋەھدەت! ئۇ، ئۆزلۈكنى تېپىش يولىدىكى باش كارۋان.

مۇھەببەتسىز ھەقىقىي ئۆزلۈكنى ، ئۆزلۈكسىز ھەقىقىي مۇھەببەتنى مەن قىياس قىلالمايمەن. ئۆزلۈك شوتىسى پاكى ئۆزلۈك دۇلدۇلىسىز ئىنسان ئۆزىنىڭ ئىلاھەتلىك قىممىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ، كامالەت مېھراجىغا كۆتۈرۈلەلمەيدۇ؛ سەرمايىدار تۈلكە، ھۆسىندار تىيىن، ھوقۇقدار شىر، تەدبىركار يالتىراق يىلانلىق پەللىسىدىن چەتنىيەلمەيدۇ. ئۇ، «نۆل» بىلەن يوقلۇق (ئەدەم، سونياتا) دىن كېلىپ، يەنە يوقلۇققا «نۆل» بىلەن قايتىدىغان سۆزمەن، خۇشپىچىم ھايۋان (ئېرك فروممىنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا: «ھايۋانات باغچىسىدىكى مايمۇن») بوپقالىدۇ، خالاس.

مۇھەببەت «ئات» دىمۇ، «ئات مىنگۈچى» دىمۇ بولىدۇ. مۇھەببەتتە ئىككى شەرت شۇكى، سەن ئۆزلۈك ماقامىدىكى كامىل-پازىل قەلبنى ئىزدە، ئۆزۈڭمۇ كامىل-پازىل قەلب ئىگىسى بول. بۇ، ئاتقا مىنگەن ۋە ئۆز ماھىيەتلىرىنى توغ قىلغان مەلىكە بىلەن شاھزادە بولۇپ، ئات مىنگۈچى ئىشق بابىدىمۇ ئات رىسقىنى يېمەسلىكى لازىم. مۇھەببىتىنى ئات ئويۇنى قىلىپ قويۇش نومۇس! ئەتراپقا نەزەر سال: مۇھەببەت سۈرىتىنى كۆتۈرۈپ، سۆيگۈنامىنى سېتىپ يۈرگەن ۋە مەڭگۈ كامىل قەلب ئەنجۇمەنىدە ئىشقتىن مۇشائىرە كۆرمىگەن «ئات» تېپىرلاشلىرىغا! ئۇلارنىڭ سۈرىتىدە رەڭدار لاي، قەلبىدە ئەرزىمەس تاش بارلىقىنى ئۆزلىرىمۇ يوشۇرالمايدۇ. ئالداش بىلەن يەڭگىلتەكلىكتىن قوشۇلغان ئىككى ئىللەتنى يەنىلا بىر مەھەل ئۈستىگە گۈل تاشلانغان ھايۋانىي خىرىس ، قوپاللىق بىلەن چېكى كۆرۈنمەس دىلئازارلىق تىزگىنلەپ تۇرىدۇ. بۇنداق نادانلىق ھاكىملىق قىلغان «مۇھەببەت» سەن ئۈچۈن نىكاھ پەردىسى ئاستىدىكى پاھىشىخانىغا ياكى ئېيىق غارى قەرىگە قامالغانلىقتىن ئۆزگە نېمە بولاتتى؟!

مۇھەببەت ئايال ئۈستىدە ئىككى ھەسسە مۇھەببەتتۇر. ئۇ، مەھبۇب سۆيگۈسىدىن باشقا يەنە ئىنسانىي مۇھەببەتتۇر ھەم. بۇ مۇھەببەتنىڭ مېھراج كۆرسىدا مەنپىي ئىلاھە - ئاياللىق كامالىتى تۇرىدۇ. ئۇ، قەدەم ئېپتىداسىدا ئوماققىنە قىزچاق، مەنزىل ئىنتىھاسىدا مېھرىبان موما قىياپىتىدە چاقنايدۇ. ئۇنىڭ بەختى سەن تۇرغان كامالەت تەختىگە، ئۇنىڭ ئازادلىقى قەلبىڭدە لەپىلدىگەن ئىزگۈلۈك بايرىقىغا باغلىق. بۇنى ئۇنىڭ ساڭا نىسبىتى تەرىقىسىدىمۇ شۇنداق دېيىش مۇمكىن.

ئىنسان تۇغۇلىدۇ، ئەمما سەن بىر چەۋەنداز شەكلىڭ بىلەن قايتا تەكرارلانمايسەن. جەننەت گۈللىرى بىلەن دوزاق يالقۇنلىرىنىڭ پەرقىنى كۆز قارىچۇقىڭدىن ئېلىپ كەتكەن شېرىن سۆيگۈ غاپىللىقىدا تۈلكە، تىيىن، شىر، يىلاننىڭ دەققىلىق پاكى ئۆمۈرلۈك مەھبۇبى بولۇپ قالدىڭمۇ، بولدى، بەس! سەن ئۆزلۈك ئەينىكىدە نەزەر سالساڭ، دوزاقتا ئۆرتەنگۈچىسەن! ئېسىڭدىن چىقمىسۇنكى، ھەقىقىي

قەلب جەننىتىنىڭ شېرىن كەۋسىرىگە تەشنا ئىكەنسەن، ئۇنى جەننەت ماقاملىق قەلبتىن ئىزدە، كەۋسەر قاچىلانغان ئىدىشنىڭ شەكلى -پەكلى بىلەن كارىڭ نېمە؟! چۈنكى ئويغانغانلار تولىمۇ ئاز ۋە ئۇلار خېلى يول يۈرگەن! بىلگىنكى، ئىنساننىڭ يېتىلىش يولىنى سىزىپ بەرگەن دانىشمەنىنىڭ نۇرانە سىماسىنى ئۇنىڭ مىنگەن ئېتىدىن ئىزدىمە! ئۇنى سەن ئىزدە، ئۇ، ئات مىنگۈچىلەر بىلەن ئاتنى قانداق مىنىشنى ئۆگەتكۈچىلەر قاتارىدا! ئۇلاردا ئاددىي تۇپراقتىن مۇقەددەس تەڭرىگىچە بولغان پۈتكۈل بارلىق مۇجەسسەملەنگەن.

## گۆھەرگە دەسسەپ تۇرغان كور گاداي

ئىنسان يىغلاپ تۇغۇلۇپ، جاپا بىلەن ياشاپ، ھەسرەت بىلەن ئۆلىدۇ! ئىنساننىڭ سىرلىرى، مۇئەممالىرى ئۇنىڭ مۇناجات ئىلاھىيە قۇببىسىدا ئەمەس، بەلكى ئۆزلۈك بەشەرىيەت ئوقباسىدا!

ۋەھدەتتىن تاشقىرى ھېچنەرسە يوق. بىر بولمىغاندا تۈمەن بولمىغان بولاتتى. بارلىق بولمىغان بولسا يوقلۇق ھەققىدە ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ. دېمەك، يوقلۇق - بارلىقنىڭ كۆز ئالدىدىكى يوقلۇقى، ھىجران - ۋىسالنىڭ شۇ دەقىقىدە يوقلۇقى، ئاچلىق - توقلۇقنىڭ شۇ چاغدا يوقلۇقى، خەستەلىك - سالامەتلىكنىڭ تەندە يوقلۇقىدۇر.

ئىنسان گۆھەرسىزلىكتىن گاداي ئەمەس! چارىسىزلىكتىن بىچارە ئەمەس! قۇدرەتسىزلىكتىن ئاجىز ئەمەس! ئۇ، قۇل، ئەمما بۇنىڭ ۋەجى دۇنيادا ئەركنىڭ مەۋجۇد بولمىغانلىقىدىن ئەمەسقۇ، ئاخىر!!

ئىنسان ھاۋا گۈلدۈرلىگەندە ئۇلىشىپ-تۇۋلىشىپ مۇناجات ئوقۇشتى. ئۇ ئەبەدى كۆكتە پەرۋاز قىلىشنىڭ مۇمكىنلىكىنى بىلدى.

ئىنسان يۇقما كېسەللىككە زار يىغلاپ قۇربانلىق قىلىشتى. ئۇ ئەمدى ئۆزىنى داۋالاشنىڭ ئىمكانلىرىنى كۆردى. ئالاھەزەل مۇمكىنلىكنىڭ مۇقەررەرلىك بىلەن بولغان ئالاقىلىرى ئۇنىڭغا پىچىرلىماقتا.

بۇ ئۇلۇغ ئۆزلۈكنىڭ پېشايۋىنىدا سادىر بولىۋاتقان ھادىس تېخى ئىنساننى ئۆزلۈك سارىيىغا ئېلىپ كىرگىنى يوق.

چۈشەن ، ھەممە تەقەززالىرىڭ تەقەززا قىلغۇچى خاسىيەتلىرى بىلەن تەقەززا بولغۇچىنىڭ يېنىدا.

تىلەكلىرىڭنىڭ نىجادىيىتى سەن روكۇ قىلغان مىھرابتا ئەمەس، سەجدە قىلىۋاتقان چەۋەنداز ئىلكىدە!

تىلەكلىرىڭنىڭ سەۋەبكارى ئاجىزلىقىڭدۇر. ئاجىزلىقىڭ دېڭىز سۈيىنى ئارقىغا ياندۇرالايدىغان ئۇلۇغ كۈچ-قۇدرىتىڭنىڭ تاغ ھالىتىدىن قۇم ھالىتىگە پارچىلانغانلىقىدىندۇر. ئۇنى پارچىلىغان سەن ئۆزۈڭ! سېنىڭ نەپسىڭ، تەمەخورلىقىڭ، ئۆزگىنى ئانىي تېپىش نىيىتىڭ، ئاچكۆز ھەسەتلىڭ، نادان ۋە تەرسالىقىڭ، ئۆزۈڭ ياساپ، ئۆزۈڭ ئىقتىدا قىلغان لاتا-پۇرۇچ قونچاقلىرىڭغا بولغان خۇپىيانە قۇللىقىڭ!

پارچىلاندىڭ، پارچە-پارچە «ئات» نەپسىڭنى ئەلا بىلىپ، بىر پۈتۈن قەلبى كامىل «ئات مىنگۈچى» ماھىيەتلىرىڭنى تىلىم-تىلىم قىلىۋەتتىڭ! ئۆزلۈك ئەينىكىڭنى سۇندۇرۇپ، ئىنسانىي بىر دەكىللىككە كىرپىدەك نەشتەر سانچىپ، «سەن ئۆل، مەن تىرىلەي» يولىغا چۈشتۈڭ. ئۆلىماللىرىڭ ئۇزۇن بويلۇق قاتىل ئىبلىس تەلەتىدە تەرلىمەكتە. ئۈمىد-ئارزۇلىرىڭ تالقان بولۇپ، قۇمدەك دەرغەزەپ غىچىرلىشىپ، جەڭ-جېدەل جەڭگاھىغا ئۇچۇشتى. نەيزە-ئاپتوماتلىرىڭ - ئۇنىڭ تەرسا چوقانلىرى! قارا، ئى ئالەمنىڭ نۇرانە گۈلتاجى -ئىنسان، ئىش-ئەمەلىڭگە قارا: يىرتقۇچلۇقتا گۆشخور ياۋايى ھايۋانمۇ سەندىن ئۆزىنى تۇتقان. ئۇ، توقلۇقتا مۇلايىم، سەن ئەسەبىيسەن. ئاخىرى ھەسرەت داشقازىنىنىڭ ئاستىغا تاشلانغان يانغىن خەشەكتىنمۇ قەدىرسىز كۆيۈۋاتقانلىقىڭنى كۆرۈپ نالە قىلىسەن. سەن ئىنسانلىقىڭنىڭ ئاسىيسى، كامالىتىڭنىڭ قاتىلى، تۇرمۇشنىڭ بۇلغانغان بىنەزەر ئەخلىتى! بۇ تەقدىرىڭنى ئۆزۈڭ تۈزدۈڭ، ئاتەشىن، ئەمما نەپسانىي ئىستەك بىلەن، تەنتەكلىكلىرىڭدە ئالىقانات چىقىرىپ تۈزدۈڭ!

تەقدىرىڭدىن زارلانما! تەقدىرىڭ ئەزەللىك لەۋھەسىدە، يۇلتۇزلار سەيلىسىدە، پېشانەڭ سەھىپىسىدە ۋە ياكى تەڭرىنىڭ رەھمى-شەپقىتى ، قەھر-غەزىپى ئۇچقۇنلىرىدا ئەمەس، ئۇ، مۇھەببەت-نەپرەتكە تولغان بۇ ئالەمدە! بىلكى، ئۇ سەن يوقاتقان، سەن ئىزدەپ يۈرگەن، سەن كۈتۈپ يۈرگەن نەرسىدە - ئىنسانىي قىممىتىڭنىڭ قىسمەتلىرىدە، قەلب دەرىخىنىڭ مېۋىلىرىدە.

جاھان سېنى ئەقىل-ئىدراك گۈلى قىلىپ ئېچىلدۇرغىچە قانچە-قانچە يۇلتۇز ئۆمرى كەتتى. سەن جاھاننىڭ ئۆزىنى تېپىش يولىدىكى بىر پارچە ھېكمەت ئەينىكى بولمىقىڭ جائىز ئىدى. سەن بارلىقنىڭ گۈلشىنى، سىرلارنىڭ ئاچقۇچى نەسىبىسىدە ئالەمگە كەلدىڭ. ھەممە ئىقتىدارىڭنى پۈتۈن ۋۇجۇدىڭغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۆز تىزگىنىڭنى ئۆز ئەركىڭگە بەرگەن.

ئەقىل ئىزدە! ئەقىلنى ئۆزلۈك كامالىغا باشلا! ئەقىل - كىتاب سەھىپىلىرىدە تاۋلانغان ئۆلمەس روھلار قاتارىدا، تەجرىبە جەريانلىرىدا پىچىرلىغان دۇنيا ئۇچۇرلىرىدا، تۇرمۇش تەكرارلىقىدا نىگارىنى كۆرسەتكەن ھېكمەت جۇلالىرىدا، تەپەككۇر بىلەن تەسەۋۋۇر قاناتلىرىدا. بىلگىنكى، ئۇ، يېنىڭدا، نادانلىقىڭنىڭ لاچىن كۆز قاپچۇقلىرىغا، غەزەپلىرىڭنىڭ يىلان نەشتەر تىلى ئاستىغا، تەرسالىقىڭنىڭ ئات تۇۋاقلىرى تېگىگە كۆمۈلگەن!

ھەممە نەرسىنى كۆمگەن ۋە ئۇنىڭ موھتاجلىقى سەھراسىدا ئېچىرقاپ-چاڭقاپ يۈرگەن ئىنساندا نە باياشادلىق-ئاۋاتلىق، نە گۈزەللىك-بەخت، نە سىۋىلىزاتسىيە - كامالەت بولسۇن! ئۇ، تار نەزەر ئۇپۇقىدا، پۇچۇق يارماق تۇشۇكىدە چاشقان كۈتۈپ ياتقان مۈشۈك، مۇبالىغە قىلغاندىمۇ مولۇن، خالاس!

ئەي، گۆھەرگە دەسسەپ تۇرغان ۋە گۆھەرنى پەرق قىلالمىغان ئەما بىچارە تىلەمچى. سېنى گۆھەر زېمىنگە، گۆھەر سېزەر ئىقتىدارغا ئىگە قىلغان دۇنيا، سېنى ئىنسان، گۆھەرنى تاش، دەپ ئاتىمىغانىدى؟

ئەمدى مۇھەببىتىڭگە قارا: ۋەھىمە بىلەن بىخوتلۇق، تەمەخورلۇق بىلەن بېسىمخورلۇق، قۇللۇق سۈكۈتى بىلەن قۇلدارلىق كىبىرى ھاۋاسى، ئاچكۆزلۈك بىلەن ئىسراپخورلۇق - قىسقىسى، كامالەت مىزانىدىن چەتنىگەن غەلىتە روھىيەت، مانا سېنىڭ ئۆمۈر مۇھەببىتىڭ! بۇ مۇھەببەتتىكى سەن قاتىل بىلەن ئۆلگۈچى، ئوغرى بىلەن بۇلاڭچى، ياللانغۇچى بىلەن زوراۋان، جىنايەتكار بىلەن راھىب! سېنى ئۆلگەن ياكى كىشىلىك دۇنياسىغا تېخى تۆرەلمىگەن دەۋالاي دېسەم، سېنىڭ تاشلىغان زەھەرلىك قالدۇقلىرىڭ ھايات چىمەنزارلىقىنى بۇلغىۋەتتى! غەلىتىلىكى شۇكى، بۇ تاشلاندۇقلار ئاداشتۇرغۇچى ساختا كرىستالدەك، قەلبى ئاجىز كۆزلەرگە جىلۋە قىلىپ، ئۇنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىدۇ!

كۆزۈڭنى ئاچ! ئۆز مۇھەببىتىڭنى ۋە ئۆز قۇدرىتىڭنى بايقا!.

## «ئەقىل» ۋە «كۆڭۈل»

بىرلىك - ۋەھدەت قارىشى شەرقتە لاۋزى تەلىماتىدا، غەربتە ئەفلاتون مىراسلىرىدا تىلغا ئېلىنغان. لاۋزى: بىردىن تۈمەن تۇغۇلار، دېسە؛ ئەفلاتون بىرلىكنى ئالەم نېگىزى ۋە مەنبەسى، دەپ قارىدى.

ئەفلاتون قاراشلىرى شەرق-غەرب قەدىمكى مەدەنىيەت قانلىدا غايەت زور جاۋاھىر ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قارا يوپۇق يېپىپ قويۇپ، «خالاس - تامام» دېگىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. ئەفلاتون ئۆزىدىن ئىلگىرىكى زاماندا يەتمەك مۇشكۈل بولغان ئېگىزلىك ۋە ئۆز دەۋرىنىڭ ئەفلاتونى ئىدى. ئۇنىڭ تەلىماتلىرى راۋاجلاندۇرۇلغۇنچە بۇرمىلاندى. ئۇنىڭ روھىنىڭ مېغىزى تېخى پىكرەن دۇنيادىن ئايرىلغىنى يوق. ئۇ، ئالەمنى بىرلىك، روھ، قەلب، ماددا، فىزىك ھادىسىلەردىن ئىبارەت بەش قاتلامغا ئاجراتتى. بىرلىك ھەممىنىڭ ماھىيىتى بولۇپ، روھ ئەقىلنى، قەلب كۆڭۈل، ئىلاھىي - تېرەن مەنىۋىلىكنى، ماددا نەرسىلەر بىلەن بەدەننى، فىزىك ھادىسىلەر ماددىي دۇنيانىڭ ھادىسىلىرىنى كۆرسىتەتتى. ئۇ، «تەڭرى» ئىبارىسىنى ئىشلەتمىگەن. بىرىنچى سەۋەب بىلەن ئەقىلدىنمۇ مۇھىمراق ئىلاھىي مەنىدارلىققا ئىگە كۆڭۈل (قەلب) تەڭرىلىك خاسىيەتلىرىگە قالدۇرۇلغان بولۇشى مۇمكىن. جالالىددىن رۇمىي كۆڭۈلنى ئەقىلدىن ئۈستۈن قويغان. بىر قاتار تەسەۋۋۇپلار ئەقىل كۆزى ئويغاق زېھىندارلار بىلەن كۆڭۈل ئەينىكى روشەن ئارىفلارنى پەرقلەندۈرگەن. ئۇلار ئەقىل ئارقىلىق بىلىمنى، ھەقىقەتنى بىلىش بىلەن كۆڭۈل ئارقىلىق سىرلارنى، چۈشىنىشنى ئايرىغان. نەتىجىدە ئەقىل پەنى بىلەن بىللە يەنە كۆڭۈل پەنى تىكلەشنى تەشەببۇس قىلغان.

مانا، ئەفلاتوندىن بېرى ئىككى يېرىم مىڭ يىل ئۆتۈپ كەتتى. گۇمانىزم - راتسىئونالىزم پېشىۋالىرى پەقەت ئەقىل بىلەن بىلىم - تۇغۇلۇپ بىلىمدان بولۇش ۋە ئەقىل بىلەن بىلىم-ئىقتىدار ۋە بايلىقنى كۆپەيتىش، ئەقىل ۋە بىلىم ئارقىلىق ئىزگۇ ئەخلاقنى ئۆستۈرۈش توغرىسىدىلا تەپەككۇر گۈلشەنلىرى تۈزۈشتى. ئەقىل - بەدەن لەشكىرى، پادىشاھ، رەھنىما، تەڭرى نېمەتلىرىنىڭ ئەلاسى، تەقدىر يۇلتۇزى، تەن غىلابىدىكى قىلىچ، بەدەن يىلقىسىنىڭ چوپانى دېگەن سۆزلەر بىلەن ، بىلىم - ئەقىل ئۇتۇقلىرى، ھەقىقەت جاۋاھىرلىرى، قۇدرەت، ئۇلۇغلۇق قەسرىسى، ئەخلاق ماھىيىتى دېگەن ئىبارىلەر بىلەن تەرىپلەندى.

تارىخ بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئاقىللارنىڭ ھەممىسى دانا، بىلىملىكلەرنىڭ ھەممىسى ئارىف (ئويغانغۇچى) بولمايدىغانلىقىنى، ئەقىللىق ئالدامچى ۋە بىلىملىك مۇھىت بۇلغىغۇچىلارنىڭ كىشىلىك قاتارىدا دائىم پاجىئە كۆز ياشلىرى بىلەن ئەسەبىي غەزەپ ئۇچقۇنلىرى پەيدا قىلالايدىغانلىقىنى تەستىقلىدى. ئەخلاق ئەقلى ۋە ئەخلاق بىلىمى بىلەن ئۇرۇلغان ئوكۇللار ئۇلارنىڭ بۇزۇلغان قەلبىگە تەسىر كۆرسىتەلمىدى. ئۇنداقتا، ئىنساننىڭ تەڭرىلىك ماھىيىتى ياكى خاسىيەتلىرى ۋە ئۇنى ئىش يۈزىگە كەلتۈرگۈچى كامالىتىنى قايەردىن ئىزدەش لازىم؟ تەڭرىلىك سالاھىيىتىدىكى ئىنساننى شەيتان مىنىۋالغان ئىنسان ھالىتىگە سالغان نەرسە قايسى روھىيەت ئايۋانىدا پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ؟ روھ، ئەقىل، كۆڭۈل، پىكىر، ئېتىقاد، ئىشق دېگەن ئىبارىلەر بىرخىل مەنىدىكى چۈشەنچىلەرمۇ؟

فارابىي ئەقىل، بىلىم، ئەخلاقنى پەزىلەتلىك تۇرمۇش ماقامىنىڭ شەرتى، بۇ ئۈچىنى گۈزەللىك - بەخت-سائادەت ئۇلى، دەپ قارىدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەقىل، بىلىم، ئادالەتنى بەخت-سائادەتنىڭ ئۇلى، قانائەتنى ئۇنىڭ مۇھىم شەرتى، دەپ قارىدى. ئۇ يەنە زامان بۇزۇقچىلىقلىرىدىن شىكايەت قىلدى.

ئەقىل پەنگە ئاساس سالدى. ماتېماتىكا ۋە تەبىئەت، جەمئىيەت، پەلسەپە پەنلىرى ئەقىل يىپىگە مەرۋايىتتەك تىزىلدى. ئۇسسۇل، مۇزىكا، رەسساملىق، تىياتىر سەنئەتلىرى تېخى ئەقىل يىپى مەرۋايىت تىزىقلىرى تىزىشتىن ئىلگىرىلا مەيدانغا چىققانغۇ! ئۇنىڭغا ئەقىلغە قارىغاندا، كۆڭۈل-قەلب تۈزۈلمىلىرى ئىلھام بولىقى بولغان ئەمەسمۇ؟!

ئەقىل مەنتىقە قورالى بىلەن نەرسىلەرنى پارچىلاپ، تاشقى دۇنيا ھەقىقەتلىرىنى ئېچىش يولىدا مەنپەئەتدارلىق قىرغاقلىرىغا ، مەئىشەت ۋە ئالتۇن راۋاقلىرىغا ئۆزقىزىقىشلىرىنى بىلدۈرسە، كۆڭۈل مۇجەسسەملىك يولىنى تۇتۇپ، ئۆزلۈك ھەقىقەتلىرىنى تېپىش يولىدا مەنپەئەتكە ئەمەس، يۈكسەكلىك ۋە گۈزەللىك گۈلشەنلىرىگە ، ۋاپا ۋە ئەھدى مۇشكۈللۈكلىرىگە ۋە تۇپراقتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىسىلزاتقا ئۆز ئىشقىنى تەلپۈندۈرىدۇ! ھايات ئالتۇنخۇمارلىقنىڭ ئىبلىستەك پەسكەشلىكىنى،

تۇپراقتا ئۇلۇغ نەزەر بىلەن قارىغۇچىلارنىڭ ئالىيجانابلاشقانلىقىنى كۆرسىتىپ كەلمەكتە. ئەمگەكتىن قاچىتىڭمۇ، دىمەك قەلبىڭ ئاقىۋەت ئالتۇن غىمىدە خەشەك ئامبىرىغا ئايلانماي قالمايدۇ.

ئەقىل ئۇزلۇك، ۋەھدەتنى ئەمەس، سىنىڭ تۇتىزاتتىن تەشكىل تاپقان بەدىنىڭنىڭ غىمىدە، ئۇنىڭ يەككە، ھادىس ھەقىقەتلىرىنى ئىزدەيدۇ. يەككە يول - ئەقىل خىتابىدۇر. كۆڭۈل ئۇزلۇك ۋە بىرلىكنى، ئىنسان ماھىيەتلىرىنى ئىزدەپ، پۈتۈنلۈكنى پۈتۈنلۈك بىلەن كۆزىتىدۇ. ۋەھدەت كۆڭۈل شوئارىدۇر.

ئەقىل قائىدىلەرگە رەھنىما بولسا، كۆڭۈل سىرلارغا يولچىدۇر. ئەقىل بىلىم، كىتاب سەھىپىلىرى بىلەن سىنىڭ نەزەر دائىرەڭنى توسسا، سىنى ئۇلۇك قائىدىلەر بىلەن غاپىل ۋە مەغرۇر قىلسا، كۆڭۈل سىنى دائىما كۆزەتكۈچى، پىكىر قىلغۇچى، ئۆز بىلىملىرىگە گۇمانلانغۇچى ئويغاق ۋە كەمتەر قىلىدۇ. بىلگىنكى، بىلىم خەزىنىلىرىدىن باشقا يەنە تىلسىم غارلىرى مەۋجۇد.

ئەقىل كەسكىنلىكنى، مەنتىقىي مۇنازىرىلەرنى تەلەپ قىلسا، كۆڭۈل رايىشلىقىنى ۋە سۈكۈناتتا كۆزەتمەكنى خالايدۇ.

ئەقىل مەنپەئەت ھاۋاسىدا بىۋاپالىقنى لازىم تاپسا، كۆڭۈل ئەقىدە مۇرۇۋۋەتىدە ۋاپانى يار قىلىدۇ. ئەقىل چوت سوقۇدۇ، كۆڭۈل پىداكارلىق كۆرسىتىدۇ. ئەقىلنى ھىساب كىتاب بىلەن بىر مەنزىلدىن ئىككىنچى مەنزىلگە يۆتكەش مۇمكىن. دۇكاندار كارۋانچىغا ئۆزگىرىشى مۇمكىن. ئەمما كۆڭۈلنى يۆتكىمەك مۇشكۇل. ناپاك كۆڭۈلنى تازىلاش ھاجەتخانىنى ئىبرىغداشتىن مۇشكۇل.

فروئىد پسىخولوگىيىدە دانادىن ساراڭغىچە، ئويغاقلىقتىن چۈشەشكىچە كۆزىتىپ، روھىيەتنى بىرقانچە ئۇستىلەپ تىزىلغان قاتلاملارغا ئاجراتتى. ئۇ، ئاڭ، ئالدىنقى ئاڭ ۋە پوتېنسىئال ئاڭ ئۇستىدە توختالغاندا، ئاڭدىن تۆۋەنكى روھىي ھادىسىلەرنى جىنسىي ۋە فىزىئولوگىيىلىك خاھىش (ئىنىستىنكىت) قوزغاتقۇچىلاردىن غىدىقلىنىدىغان پىسخىك كاتېگورىيە، دەپ قارىدى. ئاڭ كاتېگورىيەسى فروئىدتا ئەقىلمۇ، كۆڭۈلمۇ، پىكىرمۇ، نۇتۇقمۇ، نېمىلىكى نامەلۇم پېتىچە قالدى.

كۆڭۈل بىر مەۋجۇد «بوشلۇق» سۈپىتىدە نەپسانىيەتچىلەرنىڭ شەيتان دەرگاھىغا، ئىلاھىيەتچىلەرنىڭ دىنىي روھىيەت دەرگاھىغا ئايلىنىپ، تېخى ئۇزلۇك بىلىملىرىنىڭ «بەيتۇل ھۆكۈما»سى بولۇپ قەد كۆتۈرمىدى.

ئەقىل ۋە كۆڭۈل! نېمىدېگەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ۋە جىددىي پەرقلىق ئىككى گۇلشەن!

ئەقلى قارا! نادان ۋە بىلىمسىزگە قارىتىلغان؛ كۆڭلى قارا! ئەقلى ۋە بىلىمى بولغان ۋىجدانسىزغا قارىتىلغان.

زامان بارغانسېرى ئالتۇنغا سېتىلىش بەدىلىگە چىرىكلىشىدۇ. ئۇ قانداق گۈزەل نامدا ئاتالمىسۇن، ئالتۇن تاش بىلەن كۆڭۈل ئەينىكىنى چېقىشقا قارىتىلغانىكەن، ئۇ بۇلغىنىدۇ. شەيتان ھامىلدار!

ئەما، ئۈمىدسىزلەنمە! ھەرگىز ئۈمىدسىزلەنمە! بارلىق چىرىشلار، قۇرتلاشلار ئاخىرى ئىسپىرت ھاسىل قىلىدۇ! بىرمەزگىل ئالتۇن ئىلاھە بولغاندىن كېيىن، يەنە «ئۆزۈڭنى تۇت، ئەدەبكە قايت، ئادەمىي بول» دېگەن ئۇلۇغ ئىبارە ھايات لەۋھەسىگە يېزىلىپ، «مەنپەئەت ئالدىدا بۇرچنى ئويلاش» تۇرمۇش مىزانىغا ئايلىنىدۇ! بىۋاپالىق ئىچىدىن ۋاپا يېتىلىدۇ!

ئاقىل! ئارىف بول!

# يول

يول!

ئامېرىكىلىق يازغۇچى پاللون «مۇرۇۋۋەت»ناملىق كىتابىدا يول توغرىسىدا مۇنداق ھېكايە قىلىدۇ: بىر بىكىنمە ماكان بولۇپ، ھېچكىم سىرتقا چىقماس ھەم سىرتتىن كىرمەس ئىكەن. كىمىكى بۇ نىزامنى بۇزسا، قەتل قىلىنارئىكەن. ئۇلار ئۆزىنىڭ يېپىق مۇھىتىنى مۇتلەق غايىۋى ماكان دېيىشكە كۆنگەنىكەن. كۈنلەردىن بىرىدە بىر بەختسىز بۇ ماكاندىن ئايرىلىپ جاھان كۆرۈپ، ئۆز خەلقىنىڭ ئۆز-ئۆزىنى ئەپسانىۋى ئادەت بىلەن ئالداپ يۈرگەنلىكىنى، ئۆز ماكانىنىڭ قاراڭغۇ ۋە بەختسىز مۇھىتتا تۇرغانلىقىنى ئۆز خەلقىغە يەتكۈزگىلى قايتىپتۇ. ئۇ، ئۆز تەسىراتلىرىنى ئېغىزدىن چىقىرىشقىلا ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلۈپتۇ. ۋاقىت ئۆتۈپ بۇ يېپىق ماكاندا ئېغىر يەر تەۋرەش، تاغ گۈمۈرۈلۈشلەر بولۇپ، ھەممە كىشى ھەممە تەرەپكە پېتىراپ كېتىپتۇ. ئۇلار دۇنيانى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ جاھىل بىكىنمە ھاياتىغا نەپرەتلىنىشكە باشلاپتۇ. ئۇلار ئۆز يۇرتىنى سېغىنىپ بىر-بىرلەپ ئاتا قەدەم دىيارىغا قايتىپتۇ ۋە بۇ ماكاندىن تۇنجى بولۇپ سىرتقا چىققان قېرىندىشىنى ئەۋلىيا بىلىپ، ئۇنىڭغا خاتىرە سۈپىسى سېلىشماقچى بولۇشۇپتۇ. نەتىجىدە جەسەتگاھى ئېنىق بەلگىلەنمىگەن ئۇ كىشىگە سېلىنغان خاتىرە سۇپىلىرى بىر-بىرىگە ئۇلىنىپ، بۇ ماكاندىن دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىغا سوزۇلغان تاشيولغا ئايلىنىپتۇ.

يول-ماكان، يول يۈرمەك زامان سۈپەتلىك جەريان! يول - ئورىتتا بويلىغان يولتۇزلار ئۈچۈنمۇ، تۇرمۇش سەپىرى ۋە ئۆمۈر كارۋىنى ئۈچۈنمۇ مەۋجۇد نەرسە.

يول - چەكسىز يايلاقتا، بىر-بىرىگە تۇتاشقان بوستان دىياردا، دېڭىز-ئوكيان ساھىلىدا، كائىناتقا ئۇچۇش مەيدانىدا، تەپەككۇر جەريانلىرىدا، تەسەۋۋۇر قاناتلىرىدا، تارىخ داۋانلىرىدا داۋام قىلىدۇ.

يول - ماكان! ماكانلار زەنجىرى، ماكانلار سېكىلى، ماكانلارنىڭ زامان جەريانىدىكى ئاقما-راۋان ھالىتى. مەن ھەممە يېرى بىردەك ماكانىنى كۆرمىدىم.

يول - زامان! زامانلار ھالقىسى، زامانلار ئېقىمى، زامانلارنىڭ ماكان بوشلۇقىدىكى مېلودىك ئىلگىرىلىشى. مەن ھەمىشە بىرخىل، بىر سىزىقتا، ئىزچىل كەتكەن تۇتاش زاماننى تەسەۋۋۇر

قىلالمىدىم.

يول - تارىخ! تارىخ - كەسمە زامانلار تارىخى! كىم تارىخنى ئەبەدىي بىرخىل تۈز سىزىق، دەپ، پەرەز قىلسا ئۇ سەبىي ياكى خامۇش، ھېلىگەر ياكى ئالدامچى. تارىخ - زامان، ماكان، ئىنساننىڭ يولىدۇر. تارىخ يول سۈپىتىدە ھەممىنى ئارقىغا تاشلىمايدۇ! تارىخ، قىسمەن ئۆلىدۇ، ئارقىغا تاشلىنىدۇ، ھېكايە -رىۋايەتلەرگە ئايلىنىدۇ، مۇزېيغا كىرىدۇ. بۇ ئۇنىڭ ھادىسىلىرى، ۋەقەلىك تىياتىر كۆرۈنمىلىرى! تارىخ، قىسمەن ئۆلمەيدۇ. ئۇ، رېئاللىققا ۋە كەلگۈسىگە ئۇل، تەركىب، ئەينەك، روھ، رەھنىما بولىدۇ. ئۇ، پروگراممىلارغا جان بېغىشلايدۇ. بۇ ئۇنىڭ ئۆلمەس ماھىيىتى، مەنىۋى قۇدرىتى! تارىخنىڭ كامالەتكە يۈزلىنىش ماھىيىتى مەڭگۈلۈك گېنېئولوگىيىلىك قىممەتكە ئىگە. ئۇ بىر قېتىملىق ئەمەس، دائىمىي پەيدا بولۇش يولى بىلەن ئۆز قاتلاملىرىنى ھاسىل قىلىدۇ.

تارىختا ئۆلمەسلەر - ئات سالاھىيىتى بىلەن ئۆلگەن، تارى سالاھىيىتى بىلەن ئۈزۈلگەن ئات مىنگۈچى ۋە ناۋا سازەندىلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ روھىيىتى تارىخقا، داۋاملىشىشقا موھتاج! پۈتۈنلەي ئۆلگۈچىلەر ياكى ئالتۇن ياكى يەم-خەشەككە ئەبەدىي كۆمۈلگۈچىلەردۇر. ئۇلار ماددىي پاراغەتتە ئۆز بەخت-سائادەتلىرىنىڭ قاراڭغۇ لەھەتگاھىغا ئەبەدىلئەبەد غەرق بولىدۇ. ئۇلارنىڭ يالتىراق، كامىران ھاياتى گويا چەكسىز ۋاقىت دەرياسىدا يالتىراق قوڭغۇزچە بىر دەقىقىلىق جىلۋە.

يول يەنە قالىدۇ! ئۇ، مۇنازىرىلەر ۋە سوكۇناتلار ئىچىدە، جەڭ-جېدەل ۋە سۈلھىلەر ئارىسىدا ، ۋىسال ۋە ھىجرانلار ئوتتۇرىسىدا ، پىكىر توزاقلىرى ۋە ئىختىرا زالىپلىرى قۇچىقىدا ، ئۈمىد ۋە ئۈمىدسىزلىك، ئەقىدە ۋە ساتقىنلىق، مۇھەببەت ۋە نەپرەت كۆكسىدە يەنە داۋاملىشىدۇ! ئۇنى ئاخىرلىتىش مۇمكىن ئەمەس. ھەقىقەت يول بويلاپ ئېچىلىدۇ، تەپەككۇر يول بويلاپ چېچىلىدۇ، تارىخمۇ يول تالالىرىدىن خۇددى گۈللۈك رەختلەردەك توقۇلىدۇ.

يول، ھەر خىل! جەھەننەمگە ئېلىپ بارىدىغان يول بىلەن جەننەتكە ئېلىپ بارىدىغان يولنىڭ باشلانغان يېرىدە ئانچە پەرق يوق! گەپ، قەلبىڭنىڭ كۆزى ۋە ئىرادەڭنىڭ تاللاش ئىقتىدارىدا!

ئەي، كارۋان! خەيرىيەتلىك بول! ئىنساب ئۇنىڭ چۇلۋۇرى. . .

## «تەڭرى»، «ئەلچى»، «قەھرىمان» ۋە «ھاكىم» توغرىلىق سۆز

تەڭرى - تەبىئەت قۇدرىتى ۋە تەبىئەت تەرتىپى مەنىسىدە؛ بۇ قۇدرەت ۋە بۇ تەرتىپنىڭ روھىي مۇئەككىلى، بىرىنچى سەۋەبى مەنىسىدە؛ ئادەم قىياپەتلىك ئالەم پادىشاھى مەنىسىدە؛ ئىنساننىڭ ئەقىل ۋە كۆڭلىدە گەۋدىلەنگەن ۋەھدەت مەنىسىدە؛ ئىنساننىڭ كامالەتلىك ماھىيىتى ۋە ماقامى مەنىسىدە ئىستېمال قىلىنىپ كەلدى. ئىلاھىيلىق تېخىمۇ كەڭ مەنىدە، بىرىنچى دەرىجىلىك مۇتەئەۋۋەر يۈكسەك خاسىيەتلەر مەنىسىدە؛ ئىنساننىڭ پاك كۆڭلى مەنىسىدىمۇ قوللىنىلىدۇ.

تەڭرى - خاسىيەت، ئىقتىدار، ماھىيەت ۋە سۈپەتلەرنىڭ ئەڭ ئىزگۈسى ۋە ئەڭ گۈزىلى؛ ئىنسان قەلبىنى لەرزىگە كەلتۈرۈپ، ئەقىدە ۋە ئۈمىد چىرىغىنى يورۇتۇدىغان ئەڭ نۇپۇزلۇق ئىبارە ۋە روھىيەت.

ئۇنى ئىنكار قىلغۇچىلار، مۇھىمى ئۇنىڭ تەبىئەت ۋە ئىنسانىيەتتىن خالىي ئالەم پادىشاھى مەنىسىدىكى تەسەۋۋۇرلىنىشىنى ئىنكار قىلسا كېرەك. ئىنساننىڭ پاك قەلبىنىڭ ئىلاھىي مۇقەددەسلىكى ۋە كامالەت ماقامىغا يەتكەن ئىنساننىڭ تەڭرىدەك يۈكسەكلىكى توغرىسىدىكى قاراشلارنى بىردىنلا ئىنكارىيەت مۇز دەرياسىغا غەرق قىلىۋەتمەسلىك لازىم.

ئەبۇلقاسىم فىردەۋسىي:

- «زەنجىرنىڭ ئاخىرقى ھالقىسى ئىنسان،
ئۇ - ئاچقۇچ، قۇلۇپنى ئاچىدۇ ئاسان.»

ئۆمەر ھەييام:

- «ئالەمنىڭ تىلىگەن مېۋىسىدۇرمىز،
ئەقىل كۆز قارىچۇقى ئىنسان ئۆزىمىز.»

نىزامىي گەنجەۋىي:

- «ئاسمان ۋە زېمىندا بارلىقنىڭ بارى،
ئىنساننىڭ پىكرىدىن ئەمەس تاشقىرى.»

مەنسۇر ھەللاجى:

- «ئۇ بۇمۇ؟ ھە، ئۇ بۇدۇر! (خۇۋۋە -خۇۋۋە)»

زەلىلىي:

- «سەن ئۆزۈڭنى بۇگۇن تاماشا قىل،
ھەرنە ئاجايىپكى باردۇر ئادەمدە.
ئەقىل كامىل تەنىڭدە جەيھۇندۇر،
نەتىلەرسەن سۇ قەترەڭى نەمدە.
ئەرغىنۇننىڭ ساداسىدىن كۆيدۈم،
شۇئلە تاشلايدۇزىرئىلە بەمدە.
قايدا ئېيسا كەبىي ئۇل مەسىھ،
كۆرگىن ئەسرارى ھەقنى مەريەمدە.»

مەشرەپ:

- «گەرچە مۇھىتى ئەزەمەم،
ئاتىم ئادەمدۇر ئادەم.
تۇرئىلە كەۋنو ماكان مەنەم،
مەن بۇ ماكانغا سىغمەدىم» دېگەنىدى.

ئاقىل ۋە ئارىفلىقنىڭ مىزانى: «توخۇ بىلەن توخۇمنىڭ قايسىسى بالدۇر» دېگەن مۇئەممانى يېشىشتە ئەمەس، بەلكى ئىنساننىڭ ئالەمنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ مۆجىزىسى، تۇرمۇشنىڭ ئەڭ ماھىيەتلىك مېلودىيىسى ئىكەنلىكىنى بىلىش بىلەن ئىنسان ۋۇجۇدىدا يوشۇرۇنۇپ ياتقان تەڭرىدەك پاك، ئالىيجاناب، مۇقەددەس، قۇت بەخش، ئىزگۇ، قابىل، قادىر، مېھرىبان، مۆرۈۋۋەتجان سۈپەت ۋە ئىقتىدار مۇمكىنلىكلىرى تىلسىمىنى ئىنساننىڭ ئۆزىگە ئېچىپ كۆرسىتىش ۋە يېشىپ چۈشەندۈرۈشتۇر. ئويلاڭچۇ، تەنتەكلىك ۋە ئەسەبىيلىك، نادانلىق ۋە بىلەرمەنلىك تۈپەيلى، بۇ سۈپەت ۋە ئىقتىدار

سىمالىرىنى شەيتان ئىبلىس نامىغا توپلانغان ئىللەتلەر بىلەن بىللە قوشۇپ، «گەپسانە» ۋە «گەپيۇن» بەدكەردىسى ئاستىدا ئىنسانىيەتتىن ئادا-جۇدا قىلماقلىق، ماھىيەتتە بۇ شاراپەتلىك ماھىيەت، ئىقتىدار، سۈپەتلەر ئورنىغا نەپسانىيەتنى ۋە ئىبلىس مەجازىدا ئىپادىلەنگەن بارلىق قاباھەتلەرنى ئىنسانىيەت ئىچىگە ماكانلاشتۇرماق بولغانلىقتۇر. بۇ، قەلب (كۆڭۈل) خەزىنىسىدىكى ئۈزلۈك جاھاننامىسى ئورنىغا قاتىل خەنجىرى ۋە ئاچكۆزنىڭ قازنىقىنى تىكىشكەنلىك ئەمەسمۇ؟ !

سوقرات ھەكىم: روھىيەت بىلەن قارشىلىشىش - ئىچكى دۇنيامىزنىڭ ئىلاھىيلىقىنى ئىنكار قىلغانلىق ۋە بۇ مۇقەددەس روھىيەتكە ئاسىيلىقتۇر، دېمىگەنمىدى؟ !

ئىنسان ئۆز-ئۆزىدىن تولۇق غەلىبە قىلغان، ئۆز-ئۆزىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان ھەم تىزگىنلىگەن، ئۆز ماھىيەت ۋە سۈپەتلىرىنى گۇمانسىز چۈشەنگەندىن كېيىن، مەنسۇر ھەللاجىنىڭ «ئەنەلھەق» يەكۈنىنى ئالەم كېمىنى قىلىشى مۇمكىن.

بۇ مەنىدە، ئىنسان تەڭرىدىن ئەمەس، ئۆزىنىڭ غەيرىي تەڭرىلىكلىكىدىن ۋاز كېچىدۇ، خالاس!

مەشرەپ:

- «ھەقىقەت كوچىسىدا رەئنائى ئىنتىزارىڭمەن،
تامامى ئەھلى غەپلەتلەرگە پەيغەمبەر بولاي دېمەن.»
- «كاسەلەپ» كاززاپ شەيخلەر بۇ ۋەتەندە بارئېسە،
كۇفر ئېلىگە مەشرەپتەك رەھنىما پەيدا بولۇر.»

زەلىلىي:

- «بۇ پېشەسەرھەددىدە ھەر تەرەپ يۈز شىرۋەجدىھا،
خالايىقنىڭ كۆزىدە پەردە غەپلەت، نۇر ئايان بولماس.»
- «زەلىلىي ھېچ خەزىنە نەزەرگە كەلمەيدۇ،
جاۋاھىر يوقىتىپتىمەن ئۇنى سوراغىم بار.»

مانا، بۇ يەردىكى «پەيغەمبەر» لىك - ئەلچىلىك بولۇپ، ئىنساننىڭ ئويغانغان قىسمىنىڭ تارىخىي بۇرچىنى كۆرسىتىدۇ. ئىنساننىڭ ئىنساننى ئويغىتىشى - مانا بۇ «ۋەھيي» ۋە مەرىپەت!

ئەلچى - رەسۇل دىنىي ئىزاھلارغا كۆرە ئالەم پادىشاھىسى تەڭرىنىڭ ئاددىي ئاۋامغا ئۇلارنى دىنىي مەرىپەت بىلەن ئويغىتىش ئۈچۈن تاللىغان كىشىلىرىگە قارىتىلغان بولۇپ، ئەلچىلىكنى تولىسى پەيغەمبەر - رەسۇللار ئۆزلىرى ئاۋامغا جاكارلاپ كەلگەن. ئۇلار مالائىكىلەرنىڭ ۋاسىتىسى، مېھراج ۋەسلى ياكى ئىلاھىي ۋەھيي ئارقىلىق رەسۇللۇق پائالىيىتىنى باشلىغانلىقىنى ئۆزلىرى قەيت قىلىشقان.

مېنىڭچە، ھەقىقىي رەسۇل ئىنساننىڭ ئىنسانىي ماھىيەتلىرىنى ئالدىن چۈشەنگەن ۋە مىللەت ئىچىدە ئۈزلۈك ئاقارتىشى ئېلىپ بارغان ھەقىقەت ۋەكىللىرى بولۇپ، ئۇلار تارىخنىڭ تەپەككۇر سۇمۇرغلىرى، خەلقنىڭ دانىشمەنلىرىدىن ئىبارەت.

قەھرىمان! ئۇلۇغ مەشئەلچى! توسقۇن بۆسكەن ۋە ئىنسان ھاياتىغا يېڭى سەۋىيە بەخش ئەتكەن زات ئومۇمەن قەھرىمان ھېسابلىنىدۇ.

ئەمما، قەھرىمانلار ئىككى خىلدۇر: ئۇنىڭ بىرى، ھېكايەتلىك قەھرىمان، يەنە بىرى، ھېكمەتدارلىق قەھرىمان! ھومېر ئەپسانىلىرىدىكى ئىلاھىي ياكى ئىنسانىي قەھرىمانلاردىن تاكى ھازىرغىچە بولغان تارىخىي قەھرىمان، تراگېدىك قەھرىمان، رېئال قەھرىمانلار ھېكايەتلىك قىسمەت پەيدا قىلغان قەھرىمانلاردۇر. ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسى چىنلىق ياكى ياسالمىلىق، ئىجابىيلىق ياكى سەلبىيلىك جەھەتتە يەنە ئۆزگىچە.

ھېكمەتدار ماقامىدىكى قەھرىمانلار ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرلار، بىلىش ياكى ئېتىقاد تارىخىدىكى ئۇلۇغۋار تارىخىي شەخسلەر بولۇپ، ئۇلار ئۆز-ئۆزى ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان ۋە ئىنسانىيەت ئارىسىدىكى مەنىۋى ئىللەتلەرگە قارشى كۆرەشلەردە ئەزىيەت چەككەن، دارغا ئېسىلغان (سوقرات، ئېيسا، مەنسۇر ھەللاجى، مەشرەپ)، سۈرگۈن قىلىنغان (ئەفلاتون، پەرىدىددىن ئەتتار، چېرنىشېۋسكىي)، قەست بىلەن قەتل قىلىنغان (فارابىي، شەمسىددىن تەبرىزىي، ئابدۇقادىر داموللا) ۋە ھاقارەتلەنگەنلەردىن ئىبارەت.

ھېكايەتلىك قەھرىمانلاردىن ھاكىمىيەت سەلتەنىتى سۈرگەنلىرىمۇ، سۈرەلمىگەنلىرىمۇ، ئاينىغان ۋە ئىزچىل تۇرغانلىرىمۇ تۇرغۇن. ھېكمەتدارلىق قىممىتى ياراتقان قەھرىمانلار ئەل غېمىدە ئۆزىنى ئاتەشكە ئاتقان ۋە ھاكىملىق سەلتەنىتى بىلەن كېبىر تۇزانلىرىنى ئۆزىگە يولاتمىغان روھىيەت ئەزىمەتلىرى ھېسابلىنىدۇ.

ھاكىم - سەلتەنەت ئىگىلىرىدۇر. ھاكىملار توغرىلىق ئوقۇلغان ھەمدۇسانالار بىلەن ئۆتكۈر مەسخىرىلەر بۇ تائىپىنىڭ شۈبھە تۇمانلىرى ئارىسىدىكى ھالىتىدىن بىر دېرەك. ئادىل پادىشاھ، پەيلاسوپ پادىشاھ، رەئىيەت (خەلق) پەرۋەر پادىشاھ بىلەن زالىم، جاھىل ۋە چىرىك پادىشاھ ھەققىدىكى نەسرىي - شېئىرىي تەپسىلاتلار كۆپ قېتىم چايىنالدى. ۋەھالەنكى، ھاكىم مەۋجۇدلۇقى زۆرۈرى بولغان مۇھىتتا، يەنىلا ھاكىم مەۋجۇدتۇر.

بىز پەقەت ئىككى نەرسىنى تەكىتلەيمىز:

سەلتەنەت ھۆكۈمرانلىق تەختى ۋە ھاكىملىق قورالى بولۇپ، ھاكىم قانداق پازىل بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئىنسان قەلبىدىن سىرت ۋە ئىنسان بېشىغا ھۆكۈمرانلىق ئۈچۈن تېڭىلغان تۆمۈر دوبۇلغىدۇر. ئۇ ئۆزىنى ئۆلچەم، ئۇل ۋە تۇۋرۇك دەپ بىلىدىغان، ئەركىن ئىرادە ۋە ئەركىن پىكىرگە ھېسداشلىق قىلمايدىغان، ئىلىم ئەھلىگە شۈبھە بىلەن قاراشتىن خالىي بولالمايدىغان، ئۆز ئىرادىسىنى تۇغ ۋە قانۇن قىلغان قايراق تاشتۇر.

سەلتەنەت مەنىسىدە، ئىنسانغا ھاكىملىق قىلىشقا يۈلىنىپ، ئىنساننىڭ ماھىيەتلىك كامالىتىنى ئىنسانغا بەخش ئېتىش شۈبھىلىكتۇر. ئۇ ھەقتە «سەلتەنەت تەختىدىن ھەقىقەت ئىزدەش، چۆلدە يوقالغان تۆگىنى پادىشاھلىق ئوردىسىدىن ئىزدىگەنگە ئوخشاش» دېگەن تەمسىل بار. بۇ، ھاكىملىققا خۇشتار كىشىلەرگە تەنبىيە. بىلگىنىكى، ئىنساندىن ئۇلۇغ نەرسە يوق. ھاكىمغا يېقىنلاشقاندا، نېچۇندۇر كۆڭلۈڭ غۇۋالىشىدۇ، ھەتتا ھەقىقىي ئىنسانىي قەلبتىن يىراقلىشىپ، ئۇنىڭ بىرەر قوشۇمچىسى بولۇشقا يۈزلىنىسەن. سەندە ئۇنى «بۇزرۇكۋار»،

ئۆزۈڭنى «كىچىك پىداكار» دەيدىغان روھىيەت گەۋدىلىنىدۇ. ئېيتىش كېرەككى، ھەرقانچە ئادىل پادىشاھنىڭ كۆز-قۇلىقى بولۇشتىن كۆرە، ئازاد ئىنساننىڭ ھامىيسى، دوستى، مۇرەببىي بولغىنىڭ ئەلا. بۇ، بىرىنچى.

ئىككىنچى جەھەت شۇكى، سەلتەنەت ئەھلى مەۋجۇد ئىكەن، ئۇنى ئەقىل، ئەدىلگە دەۋەت قىل! ئۇلار بىلسۇنكى، ئادىل پادىشاھقا قوشۇن ئانچە ھاجەت ئەمەس! زالىم پادىشاھقا قوشۇن ئۇنچە كاپالەتمۇ ئەمەس! ھەقىقىي سەلتەنەت ئادەملەر قەلبىدە بەرقارار تاپقان سەلتەنەتتۇر. ئۇنىڭ ھاكىمى ھاكىملىق سۈرىتىدىكى ئىنسان، سەلتەنەت تەختىدىكى ئىنسان ھامىيسى بولمىقى لازىم. «قۇتاتقۇ» - ئىلاھىيەت قوللىغان سەلتەنەت بولۇپ، ئۆزۈمچى ھاكىملىق قىلغان سەلتەنەت مەلئۇن سەلتەنەت ۋە كۈلپەتلىك سەلتەنەتتۇر. سەلتەنەت ئىگىلىرىنى يېتەكلەش ھاكىمىيەتچىلىكتىكى گۇمانىستىك ئىدىيىنىڭ ئىنچىل بىر پرىنسىپى بولۇپ، ئۇ يەنە نىسبىيدۇر!

ھەئە، ئۇلۇغ «نىسبىيلىك نەزەرىيىسى - كىشىلىك تەلىماتى»! سەن تەڭرىلىك خاسىيەتلىرىڭ بىلەن تەڭرىلەردەك تەپەككۇر قىل. ھېچبولمىغاندا ئالدىڭغا ئالتۇن بېلىق ئۈزۈپ يۈرگەن بىر داس سۇنى قويۇپ، ئۇنىڭغا نەزەر سال. ئۆزۈڭمۇ ئوزۇق تالىشىپ ئۈزۈپ يۈرگەن بېلىقلار قاتارىغا كىرىۋالماي، ئۇلارنى كۆزەت. ھەيرانلىقلىرىڭنى بىردىنلا ئىنسانىيەت تۈركۈملىرىگە يۆتكە. يېنىدىكى بېلىقنىڭ ئاغزىدىن نان تالقانلىرىنى يۇلۇۋالغان «غالىب» بېلىقتىن «غەلىبە» ۋە «غالىب» دەبدەبىلىرى بىلەن تەنتەنە قىلغان ئەسەبىيلىك چۇقانلىرىنى ئويلان! قەلبىڭدە ئويغانغان مۇنۇ جۇملىنى ئوقۇ: «غالىب» ۋە «غەلىبە» ئىبارىلىرى نادان ۋە ئەسەبىي قاراشلار ئاسارىتىدىن قۇتۇلدۇرۇلمىقى جائىز!

غالىب خۇددى قەھرىماندەك، خۇددى سەلتەنەت ساھىبىدەك ھېكايەتلىك غالىب مەنىسىدىكى غالىب، خالاس. ھېكمەت قەھرىمانىنىڭ غەلىبىسى «ۋەھدەت» (بىرلىك) ۋە «ئۆزلۈك» نىڭ، نۇر ۋە ئىزگۈلۈكنىڭ تارىخىي تەنتەنىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇ، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننىڭ كۈلكىسى ئەمەس، ئاخىرۇمازدا بىلەن پرومىتېينىڭ قۇچاقلىشىشى!

ھەي ھېكايەت غالىبى، دەرھەقىقەت سەن ئۆز ھېكايىلىرىڭدا غەلىبە قىلدىڭ، بىلەمسەن، ئۇ يەنە سېنى يەڭدى. ھېكايەت غالىبلىرى مەۋجۇدلۇق سۈرىتىدىكى مەۋجۇدسىز زاتلاردۇر. شۇنىسىمۇ باركى، بەزىدە مەغلۇب ئۆز غالىبىدىن ئۇلۇغۋار بولۇشى مۇمكىن. غالىب - مەغلۇب شاھماتلىرى مىڭ قېتىم ئوينالسىمۇ، ئۇرۇقلار يەنە ئانا زېمىندىن ئىبارەت شاھمات ساندۇقىدا دومىلاپ يېتىپتۇ! غەلىبە قىلغان نەرسە يەنىلا ئاق ۋە ھەقىقەت، خالاس! ئىنساننى بۇنداق غالىبلىق ئەپسانىسىگە قىزىقتۇرغۇچى مەيلەر ئاقىۋەت قەدەھ سوقۇشتۇرغۇچىلارنىڭ مەيلى - ئىختىيارى بىلەنمۇ، تارىخنىڭ ئۆتكەن ئىز ۋە ھېكايىلىرىنى كۆمۈپ ئىلگىرىلەش قائىدىسى بىلەنمۇ پۇچقا چىقىپ كېتىدۇ! غالىبلىق ئوردېنلىرى بىر مەھەل پورەكلىگەن قىزىلگۈلگە ئوخشاپ كۆزلەرنى چاقناتسىمۇ، ئۇ بەرىبىر تۆكۈلگەن خازاندەك ھەسرەتلىك تۇيغۇلاردا يەڭگىل ئۇچۇپ چىرىيدۇ. ئۇنىڭدىن قالىدىغان نەرسە ئۆتمۈشنىڭ كۈلكىلىك ئىبرىتى، خالاس.

قەھرىمان، ھاكىم، غالىب! بەلەند پەرۋازدا تۇرۇپ زېمىنغا قارا! ئۇ سېنى تەۋەللۇت قىلغانىدى، ئۇ يەنە سېنى ئۆز قوينىغا غەرق قىلىدۇ.

قەھرىمان، ھاكىم، غالىبلارغا نەزەر سال! ئۇلارنىڭ ئىچىدە قايسىلىرى ئۆز ئايىغى بىلەن، قايسىلىرى كىشىلەر يەلكىسىگە مىنگەنلىكى بىلەن، يەنە قايسىلىرى ياغاچ ئاياغلىرى بىلەن سەندىن ئېگىز؟ ئۇنى ئۆز پەزىلىتى، كىشىلەر يەلكىسى ۋە ياغاچ ئاياغلىرى بويىچە بىر-بىرىدىن پەرقلەندۈرگىن. شۇ چاغدا، ئىنساننىڭ بىر-بىرىگە چوقۇنۇش ۋە چوقۇندۇرۇش ھېيلىلىرىنىڭ قاچاندىن داۋام قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىسەن.

بىلگىنكى، چوقۇنۇش بەدىلىگە ئەرك بەرگۈچى ئىلاھ - ئەركسىز ۋە ئەرك سۆيمەس ئىلاھتۇر!

## ۋاقىت ساڭا ئالدانمايدۇ

ئىلاھىيەت - ئىنسان! ۋاقىت - ئىلاھىيەتنىڭ ئىلاھى! ھەل قىلىدىغان كۈچ - سېنىڭ ئىرادەڭ، سېنىڭ تۈزگەن رىجىلىرىڭ، سېنىڭ پۇختا ھىيلە - تەدبىر ياكى تۇزاق - ئالداملىرىڭ ئەمەس! سەن پىرئەۋنلىك سەلتەنىتىدە تۈمەن يارلىقلار چۈشۈر ۋە ياكى سەن تەقۋادار راھىبلىق ئېھرامىدا دائىمىي تىلاۋەت - تەسبىھ ئەھكامىنى ئادا قىل، بەرىبىر سەن ئەمەس، پەقەت ۋاقىت ھەل قىلىدۇ!

ۋاقىت - ئاددىيلا دەقىقىلەر دەرياسى ئەمەس، ئۇ ئاددىيلا گېئومېترىك سىزىق ئەمەس! ۋاقىت - ئۆتكۈ. ئۇ، ئۆز ھالىتى، ۋەزنى، ساپاسى، ماھىيىتى ۋە قۇدرىتىنى تىنىمسىز ئۆزگەرتىپ تۇرىدىغان ترىگنومېترىيىلىك ئۆركەش. ئۇ تامچە بولۇپ، ئارقىدىنلا بۇلاق بولۇپ، ئارقىدىنلا دەريا بولۇپ، ئارقىدىنلا دېڭىز-ئوكيان بولۇپ ھەسسىلەپ قىممەت يارىتىدىغان تىلسىم. ئۇ، يوللار روجەكلىرىنى، پىكىر ئۇچقۇنلىرىنى، سەنئەت نەفاسەتلىرىنى، بىلىش سىستېمىلىرى، ئىنسان ئەۋلادلىرىنى، مىللەت ساپاسىنى، ئىنسانىيەت ئىقتىدارىنى ھەر قېتىم ترىگنومېترىك يۈكسەلدۈرۈپ ئىلگىرىلەيدىغان مۆجىزىلىك ئېقىم.

ۋاقىت يول ئاچىدۇ، تاۋلايدۇ، ھەممىنى ھازىرلايدۇ، سىگنال تارقىتىدۇ، ئۆزى ھەققىدە ئاكتىيورلۇق قىلىدىغان شەخسلەرنى يارىتىدۇ. ئۇ، مۆجىزىدار ياراتقۇچى جۇغلانما ۋە بىۋاپا، شەپقەتسىز ھالاك قىلغۇچى دېۋە! ئۇ، ترويا قەھرىمانلىرىنى ياراتتى ۋە ئۆز قەھرىمانلىقلىرى ئىچىگە دەپىن قىلدى. ئۇ، «ماخاپخاراتا» باتۇرلىرىنى ئويناتتى ۋە ئۇلارنى ئۆزى چەيلىگەن زېمىن تەرىپىدىن چەيلەتكۈزدى. ئۇ، ئىسكەندەرنى ئۆزىنىڭ شاھانە بارگاھىدا غەلىبە پىلانلىرىنى تۈزۈشكە رىغبەتلەندۈرۈپ، بۇ شاھىنشاھنى ئۆز پىلانلىرى

بويىچە قازانغان غەلىبىلىرى بىلەن تەبرىكلەپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ ياش جېنىنى ئۇنىڭ جاسارەتلىك بەدىنىدىن يۇلۇپ كەتتى.

ۋاقىت ھىدايەتكار سېخىي! ئۇ، بىكار تەلەپكە مەنىسىز ۋە ئۇنۇمسىز ۋاقىت ئاتا قىلغان. ئۇ ھەتتا مەغرۇر، كاززاپ ۋە ھاماقەتكىمۇ كەڭكۆشادە ۋاقىت ئاتا قىلىدۇ. ۋاقىتنىڭ سېخىيلىق تاناۋۇنىڭ قانچىلىك ئۇزۇنلۇقىنى ئۇنىڭ تەنتەك ـ سۇيىقەست پىلانلىغۇچىغا بەرگەن مۇمكىنلىكلىرىدىن بايقا. ۋاقىت ئۇلارغا «نېمە قىلىمەن دېسەم، شۇنى قىلىمەن» دېگەن كاتتا ھەممە ئەسەبىي مۇددىئاغا پۇرسەت ئاتا قىلىدۇ. ئەمما، ئۇلار ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىنى، ھەتتا ئۆز-ئۆزىنى ئالداپ، ئۆز-ئۆزىگە تەمەننا قويۇپ يۈرگەنلىكىنى كۆرەلمەيدۇ.

ۋاقىت خەسىس رەشكچى! ئۇ، ھەممىنىڭ يولىنى تورايدۇ، ھەممىگە ئۆمۈر چېكى ۋە ئىزگۈلۈك ئۆلچىمى بىلەن قاتتىق قوللۇق قىلىدۇ. ئۇ، مىليون-مىليون كىشىلىك قوشۇن، مىليون-مىليون قامۇسنامە بىلەن ئون يىللاپ، ئەرنىلەپ، ھەتتا ئەسىرلەپ «تونى پىچىلىپ كەتكەن» بەرقارارلىقنىمۇ قايتىدىن چۈۋۈپ، ئۆز ئۆلچەملىرى بويىچە ھەقىقىي تارىخ قەسىرسىگە ئۆتكۈزىدۇ ياكى رەت قىلىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر شۇ نەرسىنى بىلمەيدۇكى، ۋاقىت ھەقىقىي قىممەتلىك، ھەقىقىي مۇقەددەس، مەڭگۈ تارىخىي ئەھمىيەتلىك نەرسىلەرنىلا، يەكۈنلەرنىلا تارىخ قاتلاملىرىغا ئۆتكۈزىدۇ. ۋاقىت ھېيلىگەرنىڭ شېرىنكى، ئوغرىنىڭ قازناقچىسى، سۇيىقەستچىنىڭ ھامىيسى ئەمەس. ۋاقىت قىلنى قىرىق ياردىغان ئادىل سودىيە، ئۆلۈكنى تىقىپ قويىدىغان قار دۆۋىسى ئەمەس.

ۋاقىت يېتىلىش دېمەكتۇر! ۋاقىتى-سائىتى پىشقان نەرسىنىڭ مۆجىزە يارىتىشى ۋاقىتنىڭ يېتىلگەنلىكىنىڭ دەلىلى. مۇشكۇل، ئازابلىق ۋە بىتاقەت، خورلۇق ئىچىدە يېتىلگەن مىقدار ئۆزگىرىشلىرىدىن كېيىن خۇددى تۇخۇمدىن چۈجىنىڭ، پورەكتىن گۈلنىڭ، شەرقتىن كۈننىڭ چىقىشىدەك ئۇلۇغ يارىلىش ھادىسىسى يۈز بېرىدۇ.

ۋاقىت ـ يېتىلدۈرۈش دېمەكتۇر! ئۇ، يېتىلدۈرىدۇ، يېتىلىدۇ. ئالغا قاراپ، يورۇقلۇققا قاراپ، ئىنسان ۋە ئۇنىڭ ئەركىن تەبىئىتى، ئەركىن روھىيىتى، ئەركىن كامالەتكە قاراپ ئىلگىرىلەش ـ ۋاقىتنىڭ «ئىرادىسى» ۋە تۆمۈر قانۇنى، ئەنە شۇ!

## «ۋاپا»، «جاپا» ۋە «بىۋاپا»لىق

نەۋائىي مۇنداق دەيدۇ:

«ئى، ئاۋائىي بادەئىچ، ئالەم غەمى بىھۇدەدۇر».

شۇنداق! ۋاپا ـ ئىزگۈ كۆڭۈلنىڭ ئىزگۈ پەزىلىتى، دانا ئەقىلنىڭ شېرىن مېۋىسى! ئىزگۈلۈك ۋە كامالەت ماقامىغا يەتكەن كىشى ۋاپا بېغىشلىغۇچىدۇر، ۋاپا تەلەپ قىلغۇچى ئەمەستۇر؛ كەرەم ئاتا قىلغۇچىدۇر، تەمەننا قىلغۇچى ئەمەستۇر. ئۇنىڭ چۈشەنچە سەھىپىلىرىگە «ۋاپا كۈتۈش يۈزىسىدىن ۋاپا ۋە كەرەم بىجا قىلماق نادانلىقتۇر» دەپ يېزىلغان.

دۇنيا ماكانى جەھەتتە ئويلىغىنىڭدىن بىقىياس كەڭ. زېمىن، مەملىكەت، شەھەر بويلاپ قىمىلداپ يۈرگەن سانسىز كىشىلىك توپى ئۇنىڭدا ھايات-مامات جېڭى بىلەن مەشغۇل. دۇنيا زامانى جەھەتتە سەن ياشىغان ۋاقىت مۆھلىتىدىن بىتەققاس ئۇزۇن. ئۇ، ئەلمىساقتىن ئاخىر زامانغىچە كېلىپ ـ كېتىپ تۇرغان بىھساب ئۆتكۈنلەر گورۋەھنى ئۆزىتىپ بارغان. مېنىڭ بۇ ئىككى كەلىمە سۆزۈمنى تەسەۋۇرۇڭ يەتكۈنچە ئىدراك ئەينىكىگە چۈشۈر، ئاندىن «ۋاپا زارىدا يۈرگەن» ئۆزۈڭگە بۇرۇلۇپ نەزەر سال! قارا! ئالەمنىڭ قايسى يېرىدە، قايسى زاماندا ساڭا «ۋاپا بېغى»، «ۋاپا شەپقەتخانىسى»، «ۋاپا قەسرى»، «ۋاپا دەرياسى»، «ۋاپا ماگىزىنى» ئۇچرىغان؟! بۇ، يوق! ساكيامۇنى شاھزادە چېغىدا ئالەم ـ ئازاب دېگىنى، ئۆمۈر ـ جاپا چەرقى، دېگەننى بىلدى. بۇنى ئۇ ئەڭ ئالىي ماقام ـ ئويغانغانلىق ماقامى، دەپ قارىدى. خىرىستىئان سىماسى ئېيسا ئالەمنىڭ جاپالىقلىقىنى ئېلان قىلغانلىقى تۈپەيلى، ئەڭ ئاخىرقى جاپا ئىنئامى سۈپىتىدە كرېست ياغىچىغا مىخلاندى! ئىسلام تەسەۋۋۇپلىرىدا بايقالغان جاۋاھىراتلارنىڭ بىرى «ئالەم باقاسىز، ئۆمۈر ۋاپاسىز» دېگەن ھۆكۈم بولۇپ، مەن ئۇنى ئالدامچى ئەقىدە ياكى ئۈمىدسىزلەندۈرگۈچى ئەپسانە، دەپ قارىمايمەن. بۇ بىر ھەقىقەت، ئۇنىڭغا ھەر قانداق ئىنكار تەسىر كۆرسىتەلمىگەن. دۇنيا ئەسلىدىن بىۋاپا، مەيلى ئۇ ئوردا ياكى زىندان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر. زامان تەلىماتلىرىنىڭ ھېچقايسىسى بۇ ھۆكۈمدىن مۇتلەق بولالمىغان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ گۈزەل بىر مودىلنى سىزدى ۋە بۇ ئالتۇن كۆۋرۈكتەك كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان غايىۋى ئەنداز ئاستىدىكى قايناملىق تۇرمۇشنىڭ جاپاسىنى، كىشىلەرنىڭ بىۋاپالىقىنى يىغلاپ تۇرۇپ شىكايەت قىلدى:

ـ «چىۋىنىدەك چاقىرلەر، ئىتتەك قاۋارلەر،
قايسى بىرىسىنى بېرىپ ئۇراي مەن؟!»

ئەلىشىر نەۋائىي «ئىتلەر» ھەققىدە قاقشىدى، ھەتتا ئۇ پەھلىۋان مۇھەممەد كۆچتىنگىردىن ياردەم سورىماق بولدى.

«بۇ باشىم كويىدا دائىم غۇلغۇلە قىلۇر ئىتلەر،
گەرئۆلمىسەم بۇ غۇلغۇلنى نەغۇ قىلۇر ئىتلەر.
.......
ئۇتارغا ماتەمىم ئاپا، بىغىلىشتىلەر ياخۇد،
قىلۇرغا ئاتام تەنىم ئارزۇ قىلۇر ئىتلەر.»

بىر قاراشتا بۇ ئاچچىق ۋە ئىزچىل چىنلىق! يەنە بىر قاراشتا بۇ، دۇنيا بىۋاپالىقىنىڭ ھەرجاي، ھەر زامان، ھەر كىشى بېشىدىكى خۇنۇك ئۇچۇرى!

«ئىت»، «چىۋىن» ـ ئويغانمىغان ھەممە كىشىدىكى ماددىي تەقەززا ۋە مەنىۋى ئېھتىياج بازىسىدىكى بىر مۇمكىنلىك! بۇ ھال مەلىكە ۋە شاھزادە ئۈچۈنمۇ مەۋجۇد مۇمكىنلىكتۇر. ئۇنى «ئۇرۇپ» تۈگەتكىلى ۋە قابىللار ياردىمىدە ئۇنىڭدىن «خالاس» بولغىلى مۇمكىن ئەمەستۇر.

قارا، تەبىئەتكە - ئىنسانىيەتتىن ئىلگىرىكى نەپەس ئالغۇچىلارغا!

ئالما پىشار، مېۋىسىنى تۆكەر، يايراقسىز بولۇپ قىشلىق ئۇيقۇغا كېتەر. ئالما ئۆز ۋاپاسىغا ھېچقاچان بەدەل-ۋاپا تىلىگەن ئەمەس!

دېڭىز بويىدىكى قۇمساڭگىلىقتا كېلىپ تۇخۇملىغان تاشپاقىغا قارا! قۇمغا تۇخۇملىرىنى كۆمۈپ قويۇپ، ئۆز يولىغا راۋان بولۇر. تۇخۇمدىن چىققان تاشپاقا قۇمچاقلىرى ئانىسىنى ئەمەس، سۇنى ئىزدەپ ئۆزىنى دېڭىزغا تاشلار. تاشپاقا ئۆز ئەجرىگە زادىلا ھەق تەلەپ قىلغان ئەمەس!

مانا، ۋاپا ۋە ۋاپا كۈتمەسلىك! ئۇلار ئۆزلۈك كامالىتىگە يەتكەن ئەمەس، بىراق بۇ ئەقىلسىز، ئەمما ئۆز سىگنال رېفلېكسلىرى بىلەن دۇنيانىڭ قايسىبىر قاتلىمىدا «ۋاپا ھەرىمى» يوقلىقىنى «بىلگەن» جاندارلار بىلەن ئۆزلۈك ماقامىدىكى دانالار بىرلا ھەقىقەتنى ئوخشىمىغان ھايات يولى بىلەن ئىختىرا قىلىشقان. بىرى، بىلىشتىن خالىي ھالدا ۋاپا كۈتۈشنى ئىنكار قىلسا، يەنە بىرى، ئازابلىق بىلىش بىلەن ئۇنى ئىنكار قىلغان!

ھەي نادان! يەنە ئەجىرلىرىڭگە تەنتەنىلىك ناغرا-سۇناي، تۇغ-سۇتۇق تەلەپ قىلىۋاتامسەن؟! قارا، شۇنداق زورۇقۇپ شۆھرەت ئورمىسىدا مەسخىرە يىغىۋالغانلارنىڭ تەلۋىلىكلىرىگە! كىسىرنىكس جەڭگە ماڭغان ھەيۋەتلىك قوشۇننى ئۆزى پارات مۇنبىرى ئالدىدا ئۆزنىتىۋېتىپ يىغلىغانىدى: يەنە يېرىم ئەسىر ئۆتمەي بۇ غالىب يىگىتلەر تۇپراق ئاستىغا ئەبەدىيلىك ئۇيقۇ ئۈچۈن كېتىدۇ-ھە!

مۇنبەردە كېرىلگەنلەرگە قارىغاندا، ئۇنىڭ كۆز يېشى ھېكمەتدار ئىدى.

جاپادىن قاچما، ۋاپا قىل، ۋاپا كۈتۈپ ئۆگۈنمە!

جاپاكەشلەرگە ھېسداش بول، كەرەم قىل، بىۋاپا بولما! بۇ ئىزگۈ ئۇمىد، ئەمما ئالەمنى بىۋاپالىقتىن خالاس قىلىدىغان تۇتىيا ئەمەس.

ياشلىقىڭغا كىبىر قىلما ھەي بىساقال. مەن ساقىلىمنى قىرىپ بولغىچە، سەنمۇ ئۇستىرىنىڭ پاتراق بىكار بولۇشىنى كۈتۈپ قالىسەن! ياشلىقمۇ باقاسىز ۋە بىۋاپا قىسقا دەقىقە، خالاس!

## ئۇمىد ۋە تەۋەككۇل

ئۇمىد - ئىجابىي ئىستەك؛

ئۇمىد - خۇددى يوقلۇقتا ئوخشاش مەۋجۇد بولمىغان نەرسىگە بېغىشلانغان ئارزۇ.

مەۋجۇد بولمىغان نەرسىگە بېغىشلانغان ئارزۇ - مۇھەببەت (ئىشق) ۋە ئۇنىڭ ئىنتىلىشىدىن ئىبارەت. مۇھەببەتسىز نە ئۇمىد ۋە نە ئىنتىلىش بولىسۇن!

مۇھەببەت - ئىنسان روھىيىتىنىڭ ئاساسىي جەۋھىرى ۋە روھىي پائالىيىتىنىڭ ماتورى، مەزمۇنى، قانۇنىيىتى بولۇپ، مۇھەببەتسىز روھىيەتنى، ھەرىكەتنى ۋە ئىجادىيەتنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئەڭ ئۇلۇغۋار روھىيەت ۋە يۈكسەك ئەقىل-ئىدراك بىلەن ئەڭ ئالىيجاناب ئەخلاق ۋە نادىر پەزىلەت، جۈملىدىن ئەڭ يېتۈك ئىجادىيەت ۋە تالانت ھەممىدىن ئىلگىرى ئۇنىڭ ئەڭ چىن ۋە ئەڭ كۈچلۈك مۇھەببەت ئىكەنلىكىنى ئۈچۈر قىلىدۇ. نەپرەت، مۇھەببەتنىڭ بىر قىسمى، ئۆكتىچى، بۇزغۇنچى، رەشكچى شەكلى خالاس. ئۇنىڭ يىلتىزىمۇ مۇھەببەت بىلەن بىللە كامالەتكە بولغان ئىنتىلىشتۇر.

نادانلىق خامۇشلۇقى بىلەن پازىللىق ئارىپلىقىنىڭ مۇھەببەت چۈشەنچىسى پۈتۈنلەي باشقىچە. نادان خۇدبىن ئۈچۈن مۇھەببەت جىنسىيەت ۋە ئەخلاقسىزلىقتۇر. ئۇنىڭ ئەڭ ئالىي قارىشىمۇ پەقەت جىنسىي سۆيگۈ خاسلىقى (ساداقىتى) بىلەن ئائىلىۋى نىكاھتىن ئىبارەت. پازىل ئارىپ ئۈچۈن مۇھەببەت كامالەتكە ئىنتىلىش ۋە كامالەتنىڭ بىر ئىپادىسى بولغان ئەخلاقتىن ئىبارەت.

فارابىي: بىز گۈزەللىككە ئېرىشكەن چېغىمىزدىلا بەختكە مۇيەسسەر بولىمىز، دەيدۇ. بۇ، نادان - خۇدبىن چۈشەنگەن «گۈزەللىك» ۋە «بەخت» بولماي، ئىجتىمائىي ۋە ئىنسانىي كامالەت ۋە ئۇنىڭ مېۋىسىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىبنى سىنا «رىسالەئى ئىشق» (مۇھەببەت رىسالىسى) ئەسىرىدە: مۇھەببەت پۈتكۈل ئالەمنىڭ كامالەتكە، گۈزەللىككە ئىنتىلىش قانۇنىدۇر، ئىنساندىكى مۇھەببەت، ھەتتا ياخشى كۆرۈشكەن ئىككى جىنس ئارىسىدىكى مۇھەببەت ئۇشبۇ ئالەم ئىنتىلىشىنىڭ ئەقىلدان تەبىئەتتىكى ئىپادىسى، دەيدۇ.

ئابدۇراھمان جامىي «لەيلى ۋە مەجنۇن» داستانىدا مۇھەببەتنى ھەتتا ئالەم يارىلىشىنىڭ رىجىسى، مۇقەررەرلىكى، دەپ، مۇھەببەت تۈپەيلى ئالەم يارالغان، دەپ مۇنداق يازغان:

> «ئىشق سۆزى ياڭرىدى ئىلىك سۇبھىدەمدە،
> سۆيگۈ قۇدرىتى ئەكس ئەتتى قەلەمدە.
> پەيدا بولدى كېيىن زەڭگەرى ئاسمان،
> زېمىنۇ، زامانۇ، گادايۇ، سۇلتان.
> بۇ پەشتىقى ئېگىز لاجۇۋەرد پەلەك،
> كېچە - كۈندۈز زېمىننى ئايلىنىپ ھەلەك.»

ئۇيلاڭ، ئالەم قانۇنىيىتى گالىلىي - نيۇتون - ئېينىشتېيىن نەزەرىيىلىرى، جامىي قاراشلىرىدا تىلسىم ئىشقتا - ئالەمنىڭ ئومۇم باغلىنىشى، يۇقىرىغا قاراپ راۋاجلىنىشى قانۇنىيىتىگە سىڭىپ كەتكەن.

نادانلىق خامۇشلۇقى بىلەن پازىللىق ئارىپلىقىنىڭ ئىنسانىي مۇھەببەت چۈشەنچىلىرىمۇ تامامەن ئەكسىچە.

«مۇھەببەت رىسالىسى» نىڭ مۇئەللىپى: ئىنسانىي مۇھەببەتنى ئىنساننىڭ گۈزەل، كامىل، پازىل، يۈكسەك نەرسىگە ئىنتىلىشى، دەپ، بۇنىڭغا كېسەلنىڭ ساغلاملىقتا، تۆۋەننىڭ يۇقىرىلىقتا، كەمتۈكنىڭ تولۇقلۇقتا، يوقاتقاننىڭ تولدۇرۇشقا بولغان تەبىئىي ئىنتىلىشلىرىنى مىسال قىلىدۇ. ئۇ، ماھىيەت ۋە ھادىسىنى مەخرەج ۋە سۈرەت تەرزىدە تىلغا ئېلىپ، پەقەت ھۆسن-جامالنى، ياشلىقنى دەپ

شەھۋانىي مەقسەتتە ئېلىپ بېرىلىدىغان جىنسىي ئىنتىلىشنى «سۆرەت» كە ئىنتىلىش، دەيدۇ. ئۇ بۇنداق «سۆرەت» سۆيگۈسىنىڭ ئۈچ نەرسىنى ھەل قىلىشنى تىلغا ئالغان. ئۇلار: لەۋ سۆيۈش، قۇچاقلاش ۋە ئالاقىدىن ئىبارەت. بۇ ئۈچ نەرسە ھەل بولۇپ، ھايۋانىي زوق قانغاندەك قىلىدۇ، ئەمما ئادەم ھېچنەرسىگە – كامالەت، پەزىلەت، ئەۋزەللىكتە ئۆزىدىن ئۈستۈن ۋە ئۆزىدە يوق نەرسىگە ئېرىشمىگەنلىكىنى كۆرىدۇ. بۇ «سۆرەت» سۆيگۈسىنىڭ مايمۇن قىچىشقان بەدەننى قاشلىغاندىن ئۆزگە ھېچنەرسىگە، ئالايلۇق، ئادەملىككە ئىگە بولمىغانلىقىدىن پەرقى يوق. مەيلى نىكاھلىق، نىكاھسىز بولسۇن، مەيلى كۆيۈپ-پىشىپ ياكى كۆڭۈل ۋەسۋەسىسى ئۈچۈن بولسۇن، مۇنداق «سۆرەت» سۆيگۈسىنىڭ ماتورى شەھۋانىيلىقتۇر.

«شەھۋەت كۈچى سالسا ھەر جايدا غەۋغا،
دىلدىن ئەقىل كېتۇر، كۆزلەردىن زىيا.
شەھۋەتتىن ھەر جايدا قوزغالسا توپان،
بەخت ئۆيىن قىلۇر شۇبھىسىز ۋەيران.»

• جامىي بۇ نەزمىدە ئائىلە ۋە مۇھەببەتنىڭ كامالەتكە نەقەدەر موھتاجلىقىنى، كامالەت ئىنتىلىشى بولمىغان ئائىلە ۋە مۇھەببەتنىڭ بەختسىز، جانسىز، مەنىسىزلىكىنى تەكىتلەيدۇ.

ئابدۇراھمان جامىي مۇھەببەتنى ئەخلاق نېگىزى، ئىنسانغا ئىنسانلىق قىلىش، دەپ قارايدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

«سۆيگۈسىز بىلىنمەس ياخشى ۋە يامان،
سۆيگۈسىز ئەسلىدە ئىنسان ئەمەس ئىنسان.
ئىشىق تۈپەيلى ئادەم ئادەم بولغۇسى،
ئىشىق تۈپەيلى دوستىمۇ ھەمدەم بولغۇسى.
سۆيگۈدە بولمىسۇن قانچە دەرد-ئەلەم،
پاكىزە دىللارغا ئۇ ئېرۇر مەلھەم.»

مۇھەببەت كۆپ ھاقارەتلەندى! توخۇ توخۇچە، ئۆچكە ئۆچكىچە، مۇشۇك مۇشۇكچە ئۇنى ئىزاھلىدى، ئۇ ئەڭ تۆۋەن، غەيرىي ئەخلاقىي ھاقارەت تېمىسى بولۇپ، بەزىدە نىكاھ زەنجىرىدە باغلىنىپ، ئائىلە زىندانىغا تاشلىنىپ، جامائەت مەيدانىدا سازايە قىلىندى. ئاياللارنى خار، ئەرلەرنى دەپسەندە قىلدى. كىشىلەر «سۆرەت» سۆيگۈسى ۋە ئوچاق پىرىسى بولۇپ، كامالەتتىن، ئەۋزەللىكتىن يىراقلاپ كېتىشتى. بۇ، سۆيگۈ – مۇھەببەت بۆھرانى، ماھىيەتتە كامالەت بۆھرانى، كىشىلىك قەدىر-قىممىتى دىشۋارچىلىقى بوپقالدى. كىشىلەر قونچاققا ئايلىنىشتى.

«بىزلەر قونچاقتۇرمىز، پەلەك قونچاقباز،
چىن سۆزدۇر بۇ سۆزۈم، ئەمەس ئۇ مەجاز.
يوقلۇق ساندۇقىغا بىر-بىر چۈشەرمىز،
ۋۇجۇد پالاسىدا ئوينىغاچ بىز ئاز.»

مۇھەببەت – ئۈمىد شەمئى. ئىنسان ئۈمىد بىلەن كەلگۈسى دەقىقىلەرگە تەلپۈنىدۇ. ئىنساننىڭ دىنىي ۋە ئىلمىي ئىنتىلىشلىرى ئۈمىد بىلەن تولغان. ئۈمىد – ھايات ۋە ئۇنىڭ تىنىقى! ئەمما بۇ سېھىرلىك ئالەمدە ئۈمىد نەتىجىسىز قېلىشى، ئۈمىدسىزلىك كۈتۈلمىگەن نەتىجىلەرگە ئېلىپ بېرىشى مۇمكىن. دېمەك، ئۈمىد ۋە ئۈمىدسىزلىك مۇتلەق ئەمەس.

ئۈمىد تەۋەككۇلدىن خالىي ئەمەس.

تەۋەككۇل – تەۋەككۇلچىلىك بىلەن خام خىيال قىلىپ يېتىشتىن ئىبارەت ئىككى تىكەن ئارىسىدا ئېچىلغان جاسارەت گۈلى، ئىنسان ئىنتىلىشى، مۇھەببىتى ۋە ئىرادىسىنىڭ ئۈمىدۋار شەكلى. تەۋەككۇلنى رەت قىلغان دانا ئەمەس، راھىب. تەۋەككۇل ئۇلۇغ بىلىش ئەينىكىدە كۆرۈنگەن مۇقەررەرلىك ۋە ماھىيەت بىلەن پەيتى-پۇرسەت ئۈن-تىنسىزلىقى ئارىسىدىكى سەكرەشتۇر. ئۇ، ئالىم ئەمەس، باتۇر، شامان ئەمەس، چەۋەنداز. تەۋەككۇلسىز تەنتەنە خىيالىي چۈشتىن تۇرمۇشقا يول ئالالمايدۇ.

تەسەۋۋۇپنىڭ «توۋا» پەللىسىدىن كېيىن «تەۋەككۇل» ماقامى باشلىنىدۇ. ئۇنىڭدا ئىلاھىيەتكە ئىشىنىش ۋە يۈزلىنىش بىلەن شەخسنى ئۇنتۇش شەرت قىلىنىدۇ. بۇ، تەرىقەت ئۈچۈن خۇسۇسىي ھاياتىي قايغۇنى تەرك ئېتىش، ئۆزىنى تەڭرىگە ئاتاشتۇر.


«تەۋەككۇل» نوقۇل ئاڭسىزلىق ياكى دىنىي ئىبارە بولماستىن، ئۇ، ئۆتمۈشتىكى دىل رەنجىگەن نەرسىلەرگە ئېسىلىۋالماسلىق، «ئۆتكەنگە سالاۋات قىلىش»؛ بولمىغان، تېخى يۈز بەرمىگەن ئىشلاردىن ئارتۇق ۋەھىمە قىلماسلىق، ئۆتمۈش ساۋىقى ۋە كەلگۈسى ئۈمىدىدىن باشقا ئارتۇق «جاھان ۋاپاسىزلىقى» غېمىدە پەرياد چەكمەسلىكنى، مۇھىم ھالقىلاردا جاسارەت قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

تەۋەككۇل – ئۈمىد شاخاپچىلىرىدىن بىرى، مۇھەببەت گۈلزارلىقىدىكى بىر گۈل.

1993-يىل 30-مارت، ئۈرۈمچى

ئېنسىكلوپېدىك ئالىم، مۇتەپەككۇر، ئەدىب، ئۇستاز، ژۇرنىلىمىزنىڭ تۆھپىكار ئاپتورى ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئەپەندى ۋاپاتىنىڭ 5 يىللىقىنى خاتىرىلەيمىز.

– «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» تەھرىراتى



# تەپەككۇردىن تامچىلار

▲ ئادەم ئۆزى سۆيگەن نەرسىگە كىيىن، بىزار بولغان نەرسىگە بۇرۇن ئېرىشىدۇ.

- مەھمۇتجان يانتاق (ئوقۇغۇچى)

▲ ئادەملەرنىڭ ئەڭ چوڭ سەھۋەنلىكى — قىلالايدىغان ئىشلارنى تاشلاپ قويۇپ، قىلالمايدىغان ئىشلارغا ئېسىلىۋېلىپ ۋاقىتنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋېتىشىدىن ئىبارەت.

- ئابلەت جېلىل (مۇئەللىم)

▲ تارىخ شۇنداق ئىسپاتلىدىكى، نۇرغۇن قەھرىمانلارنىڭ ھەقىقىي مەۋجۇدلۇقى پەقەت ئۆلۈم ئارقىلىقلا ئۆز مەنىسىنى تاپتى.

▲ پەسكەش ئادەم ئۆزىنىڭ ئەتىسى زاۋاللىققا يۈزلەنگەنلىكىنى بىلگەن چېغىدا، ئەتىسى يېتىپ كەلگۈچە ئەڭ رەزىل قىلمىشلارنى قىلىۋېلىشنىلا ئويلايدۇ.

- رەخىم ياسىن قابىنامى (دېھقان)

▲ پەقەت تۈنجى قەدەملا پىلسىرات كۆۋرۈكىگە ئوخشايدۇ.

- مۇھەممەتجان ئەبەيدۇللا (ئوقۇغۇچى)

▲ دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئازاب — ھېچكىمگە ئېيتقىلى بولمايدىغان ئازابتۇر.

▲ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 1-يىللىقىدا ئېلىپبە ئۆگىتىدىغان مۇئەللىممىز سولخاي ئىدى. دەرۋەقە بۇ سىنىپتىكىلەرنىڭ تەڭدىن تولىمىز سولخاي چىقتۇق.

▲ پۇلغا ھەرقانداق نەرسىنى سېتىۋالغىلى بولسىمۇ، بىراق پۇشايماننى ئالىدىغان قاچا سېتىۋالغىلى بولمايدۇ.

▲ مەن سىنىڭ مېنى ياخشى كۆرمىگەنلىكىڭدىن ئەمەس، بەلكى مېنى ياخشىراق كۆرەلمىگەنلىكىڭدىن ئەپسۇسلىنىمەن.

- مۇنەۋۋەر ئوبۇلھەسەن (مۇئەللىمە)

▲ ئۇنتۇشقا تىگىشلىك نەرسىنى ئۇنتۇش مۇمكىن بولسا ئىدى، دۇنيادا ئازاب بولمىغان بولاتتى.

▲ ئەزرائىل بىزگە ئۆلۈم ئىشىكلىرىنى ئېچىپ بەرگىچە، كۆپىنچىمىز ئۆزىمىز ئېچىۋالغان ئىشىكلەردىن كىرىپ بولىمىز.

- ئابدۇرېھىمجان يۈسۈپ (ئوقۇغۇچى)

▲ ئادەم سوئال بىلەن ياشاپ، سوئال بىلەن ئۆلىدۇ.

▲ بىردىنلا كۆتۈرۈلۈپ چىققان ئىشىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى مۇرەككەپ بولىدۇ.

- ئابدۇكېرىم ئەبەيدۇللا (مۇئەللىم)

▲ تۇنۇگۇنكى «بىز» بۈگۈنكى «مەن» گە ئۆزگىرىۋاتىمىز. ئەتە...

▲ بىزنىڭ ئەخمىقانە ئىش قىلىپ قويغان ۋاقتىمىز، دەل بىزنىڭ غەزەپلەنگەن ۋە ھودۇققان ۋاقتىمىزدۇر.

▲ تەشۋىقاتچىلار كۆپەيگەنسېرى ھەقىقىي ئىش قىلىدىغانلار شۇنچە ئازلاپ بارىدۇ.

- ئابدۇللا روزىمەت (دېھقان)

▲ بىخەتەر ئىشكاپ بىخەتەر ئەمەس. چۈنكى بىخەتەر ئىشكاپقا ئادەملەرنىڭ نەزىرى بەكرەك مەركەزلىشىدۇ.

▲ كۆز كىچىك بولغىنى بىلەن پۈتكۈل ئالەمنى كۆرەلەيدۇ. بىراق، ئۆڭ تەرەپتىكى كۆز سول تەرەپتىكى كۆزنى كۆرەلمەيدۇ.

- مۇختار ئابلىز (شەھەر ئاھالىسى)

▲ ھەقىقەت ساختىلىققا خەنجەر ئۇرغاندا قانۇن تەرىپىدىن «ئاسىي»، «مۇناپىق» دەپ جاكارلىنىدۇ.

▲ يەرشارىدىكى ئۇرۇش ئوتى يۈرەكلەرگە تۇتاشتى، يۈرەكلەردىكى ئىللىقلىق يەرشارىغا قاچان تۇتىشار؟!...

- ئايۇپ نوختى (ئوقۇغۇچى)

▲ مەن بالامنى كۆزىگە قاراپ چوڭ قىلغانىدىم، ئاقىۋەت ئۇنىڭ كۆزلىرى ئاچكۆزلۈك بىلەن ماڭا تىكىلدى.

بىز ئۆزىمىز ھەققىدە كۆپرەك ئويلانمايمىز، ھاياتىمىزنىڭ كۆپ قىسمىنى باشقىلارنى چۈشىنىشكە بىلىپ-بىلمەي سەرپ قىلىپ قويىمىز.

- غالىب مۇھەممەت قارلۇق (مۇئەللىم)

▲ ماڭا ئەسلىدىنلا تەئەللۇق بولغان نەرسىلەرگە ئىگە بولالمىغان ۋاقتىمدا، ھەقىقىي خورلۇقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم.


▲ شەخسىيەتچىلىك كۆزىمىزنى ئېتىۋالغاچقا ئەڭ ئەرزىمەس ئىشلار ئۈچۈنمۇ ئېغىر بەدەل تۆلەۋاتىمىز.

- ئەركىن ئابدۇكېرىم (جەڭچى)

▲ ئايال لار مەڭگۈ ئاجىز، شۇنداقلا مەڭگۈ غالىب. ئۇلارنىڭ غالىبلىقى مۇھەببەتتە، ئاجىزلىقى نىكاھتا.

▲ «كېرەك»، «لازىم» دېگەن سۆزلەر ھەقىقەتنىڭ قاتىلى.

- قۇربان ئىسمائىل (ئوقۇغۇچى) (M1)



# ئىت ئېتىش

(ھېكايە)

**مەتتىمىن ھوشۇر**

ئەگەر بەختىياروپنى تونۇمىسىڭىز، بۇ شەھەردە ھېچكىم بىلەن تونۇشماپتىمەن، دېسىڭىزمۇ بولىدۇ. ئۇنىڭ سىلىق-يۇمشاق مىجەزى، سىپايە مېڭىش-تۇرۇشى، گەپ قىلغاندا خۇددى سىزنىڭ بىر يېرىڭىزنى ئاغرىتىپ قويۇشتىن ئەنسىرىگەندەك، ھەرقانداق ئادەمنىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغان نازۇك ئىبارىلەرنى تاللاپ سۆزلىشى . . . قويۇۋېرىڭ، بۇنداق مىجەز باشقا بىركىمدە بار، دېسە ھەرگىز ئىشەنمەيمەن. شۇڭا مەن ھەممە تونۇش-بىلىشلىرىم بىلەن سەنلىشىپ سۆزلەشسەممۇ، بەختىياروپنى «سەن» دېيىشكە زادىلا تىلىم بارمايدۇ. كوچىدا

ئەدەبىيات گۈلزارى

بەختىياروپ بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم بەختىياروپكا! - دەپ سالام بېرىپ قويدىڭىزمۇ، بولدى، بالاغا قالغىنىڭىز شۇ.

-ھوي، دوختۇر ئەپەندىممۇ؟ (مەن روھىي كېسەللەر ساناتورىيىسىدە ئىشلىگەچكە ئۇ مېنى شۇنداق ئاتايدۇ) قانداق ئۇكام ئەھۋالىڭىز؟ ئاغرىق-سىلاق، تۇمۇ-پۇچقاقتىن ساقتۇرسىز؟ ھە، ئايالىڭىزنىڭ، بالىلىرىڭىزنىڭ ئەھۋالىچۇ؟ قوشنا-قولۇم، خىزمەتداشلىرىڭىز . . . ئاغىنە-بۇرادەر . . .

تاس قالىدۇ ئۇ باققان ئىت-مۈشۈك، توخۇ-تۇمانلىرىڭىزنىڭمۇ ئەھۋالىنى سورىغىلى.

-ياخشى . . . ياخشى . ھە، ئۆزىڭىزنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟ - دەيسىز كېتىشكە ئالدىراپ.

-خۇداغا شۈكرى، كۆپنىڭ دۇئاسى بىلەن مانا مۇشۇنچىلىك يەر دەسسەپ تۇرۇۋېتىمەن. نەگە

ئالدىرايسىز؟ كۆڭلىڭىز ئاچچىق-چۇچۇك بىر نەرسە تارتسا ئازراق خىزمەتتە بولمايمۇ؟ - دەيدۇ ئۇ ئۆمرىدە بىر ئادەمنى ئاشخانىغا ئەكىرىپ مېھمان قىلىپ باقمىغان بولسىمۇ ھۆرمىتىڭىز ئۈچۈن.

- رەھمەت، خىزمەتتە بولمىدىغان .ئىش بولسا، مەن خىزمىتىڭىزدە بولسام بولاتتى، ئالدىراپ تۇرۇپتىمەن.

- ئاپلا، ئاران بىر ئۇچراشقاندا-ھە، - دەيدۇ ئۇ ئەپسۇسلىنىپ ، - بوپتۇ، يولىڭىزدىن قالماڭ، كېيىن بىر پۇرسەت بولۇپ قالار. . .

بەختىياروپ ئۆيىدىكى خوتۇنىدىن تارتىپ ھەممە ئادەم بىلەن ئەنە شۇنداق سىزلىشىپ، سىپايە سۆزلىشىدۇ.

- رىزۋانگۈل، سىزگە بىر ئىلتىماسىم بار، ئېيتىشقا مۇمكىنمىكىن؟- دەيدۇ تاماق ئۈستىدە ئايالىغا.

- قېنى ئېيتىڭ، بەختىياروپ، قۇلىقىم سىزدە،- دەيدۇ ئايالى.

- بۈگۈنكى تامىقىڭىزنى دەيمەن. . .

- ھە، تاماق نېمە بوپتۇ؟

- شۇنچىلىك لەززەتلىك بوپتۇ. ئۆزىڭىز بىلىسىز، ئۆمرۈمدە لەغمەنگە ئامراق، مۇمكىن بولسا، ماڭا يەنە ئىككى پىلتا سېلىپ بەرسىڭىز. ئىككى پىلتىلا-ھە!

ئەگە بەختىياروپ دەسلەپكى بىر چىنە تاماققىلا تويغان بولسا، ئۇ چاغدا ئۇ:

- رىزۋانگۈل، ھۈنىرىڭىزگە ئاپىرىن! تاماقنىڭ سېپىنى شۇنچىلىك ئوخشىتىپ قورۇپسىزكى، بازارنىڭ ئاشپەزلىرى بىكار قالسۇن. . . مەن مۇشۇ بىر چىنە بىلەن بولدى قىلاي. مېنىڭ يېمىگىنىمگە قاراپ تامىقىم ئوخشىمىدىمىكىن ، دەپ كۆڭلىڭىزگە كېلىپ قالمىسۇن، بۈگۈن ئىشتىھايىم شۇنچىلىك، ئوخشىغان تاماقتىن يەنە ئازىراق يېيەلمىگىنىمگە ئۆزۈممۇ ئۆكۈنۈشتە،- دەيدۇ.

بۇ ئۆيگە سىرتتىن كېلىپ قالغان ئادەم مۇشۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىسا، غىدىقى كېلىشى مۇمكىن. ھەتتا بەزىلەر مازاق قىلىپ : بەختىياروپ ئاخشىمى ئايالىنىڭ قوينىغا كىرمەكچى بولسىمۇ، ئەۋۋەل پۇتىنىڭ ئۇچىدا مېڭىپ كېلىپ ، ئايالى ياتقان كارىۋاتنىڭ ياغىچىنى تاكىلدىتىپ چېكىدىكەن. ئايالى:

- بەختىياروپمۇ سىز؟. . . ھە ، نېمىگەپ؟ - دېسە، بەختىياروپ:

- ئۆزۈمچە. . . خۇشپۇراق ھىدىڭىزنى پۇرىغىم كېلىپ. . . مۇمكىنمىكىن. . . ئەگەر مۇمكىن بولسا. . . - دېگەندەك تەكەللۇپ گەپلەرنى قىلىپ، كارىۋاتنىڭ بېشىدا بىر ئاش پىشىم تۇرۇدىكەن، - دېيىشەتتى.

بۇ گەپلەرنىڭ راست-يالغىنى قانچىلىك، بىلمەيمەن، ئەمما بەختىياروپنىڭ بەزى قىلىقلىرى سىز بىلەن بىزگە ھەقىقەتەن غەلىتە تۇيۇلىدۇ.

بەختىياروپ سىزگە بىر گەپنى قىلماقچى بولسىمۇ، مەقسەتنى توپتوغرىلا دېمەي، سۆزنى ناھايىتى يىراقتىن ئەگىتىپ ئەكىلىدۇ. مەسىلەن، ئۇ سىزدىن بىرەر كىتابنى سورىماقچى بولسا، گەپنى يېقىنقى يىللاردىن بېرى شائىر، يازغۇچىلارنىڭ خېلى تەمى بار بىر نەرسىلەرنى يېزىۋاتقانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ھەرقانچە ئالدىراش بولسىمۇ، بىر-ئىككى سائەت ۋاقىت چىقىرىپ كەچتە كىتاب ئوقۇيدىغانلىقى، بولۇپمۇ پوكۇنچى دېگەن يازغۇچىنىڭ ئەسەرلىرىگە بەك قىزىقىدىغانلىقى ۋەھاكازالار ئۈستىدە ئۇزۇندىن-ئۇزۇن سۆزلەپ، ئاندىن تۇيۇقسىز يادىغا كېلىپ قالغاندەك:

-. ھوي راست، شۇ مۆھتەرەم يازغۇچىمىزنىڭ پالانى دېگەن كىتابى سىزدە بارمىدۇ؟- دەپ سورايدۇ.

ئۇنىڭ چىرايىدىكى مۇلايىملىقتا، كېپىنىڭ يۇمشاقلىقىغا قاراپ ھەرگىزمۇ بار نەرسىنى يوق دېگىڭىز كەلمەيدۇ.

- بار، بەختىياروپكا، كېرەكمىدى؟- دېسىڭىز:

- ئاغرىڭىزغا ناۋات ئۇكام، ئەگەر مۇمكىن بولسا. . . مۇمكىن بولسا بېرىپ تۇرسىڭىز، بىر كۆرۈۋالسام. . . بولمىسا مەيلى، ھەرگىز خىجىل بولماڭ. . . بولسا، ئۆزىڭىز ئوقۇپ بولغان بولسىڭىز. . . ھە، شۇنداق. . . كۆرۈپ بولۇپلا مۇبارەك قولىڭىزغا ئۆزۈم ساق ئەكىلىپ تاپشۇرسام. . . - دەيدۇ.

بەختىياروپ ئۆيىگە بىھۇدە مېھمانمۇ چاقىرمايدۇ. ئەگەر مەلۇم زۆرۈرىيەت تۈپەيلى بىرەر مېھماننى ئۆيىگە باشلاشقا توغرا كەلگەندىمۇ، مېھماننى ئۇدۇللا باشلاپ بارماي، ئوشۇقچە كوچىلارنى ئايلاندۇرۇپ، مېھمانغا ئىلگىرى بۇ كوچىلاردا قانداق نامدار ئادەملەرنىڭ ئۆتكەنلىكى، ھازىر كىملەرنىڭ ئۆلۈپ، كىملەرنىڭ قالغانلىقى، كىملەرنىڭ بېيىپ، كىملەرنىڭ گادايلىشىپ كېتىۋاتقانلىقى، ئىلگىرى مانا ماۋۇ ئېگىز بىنانىڭ ئورنىدا كىمنىڭ قورۇ-جايى بارلىقى، بۇرۇنقى بايلار سالدۇرغان ئىمارەتلەرنىڭ سەلتەنىتى، دەرۋازىلىرىنىڭ كۆركەملىكى، ئىشىك-دېرىزىلە-رىدىكى ئاجايىپ نەقىشلەر، ئەسلىدە شۇ ئىمارەتلەرنى بۇزماي ساقلاپ قېلىش لازىملىقى. . . دېگەندەك بىر تالاي ئىشلارنى چۈشەندۈرۈپ، ئاخىرىدا سۆزىنى: ھازىر سېلىنىۋاتقان ماۋۇ بىنالارغا قاراڭ، شۇمۇ ئىمارەت بوپتۇمۇ، ھەممىسى سەرەڭگە قېپىنى تىكلەپ قويغاندەك بىر نەرسىلەر،-دەپ ئاياغلاشتۇرىدۇ. قىسقىسى، بەختىياروپنىڭ ئۆيىگە يېتىپ بارغىچە مېھمان بۇ مەھەللىدىكى كوچىلارنىڭ كونا-يېڭى تارىخىدىن خەۋەردار بولۇپ بولىدۇ.

بەختىياروپنىڭ ئۆتمۈشىنى، ئۇنىڭ قانداق تەربىيە ئاستىدا ئاشۇنداق بىر مىجەزنى يېتىلدۈرگىنىنى تازا بىلىپ كەتمەيمەن. ئىشقىلىپ ئۇ شۇنداق ئاجايىپ ئادەم. ئۇنىڭ كىيىم-كېچەكلى-رىنىڭ رەتلىك، تازىلىقىنى دېمەيسىز، شۇنىڭغا

مۇناسىپ چىرايىمۇ شۇنچىلىك پاكىز. قاچانلا قارىسىڭىز، مەڭزى سارىم ئالمىدەك پارقىراپ تۇرىدۇ. ھەرقانچە سىنچىلاپمۇ چېچىدىن بىرەر تال ئاق تاپالمايسىز. ھېچكىم ئۇنى تۇرقىغا قاراپ 70 تىن ئاشقان ئادەم دېمەيدۇ.

* * *

بىر يىلى قىشتا مانا مۇشۇ بەختىياروپنىڭ ئايالى تۇيۇقسىز قازا قىلدى. جامائەت نامىزىنى چۈشۈرۈپ كۆمۈپ قويدى. بەختىياروپ ئۆمرىدە بالا يۈزى كۆرمىگەنىدى . بىچارىنىڭ يالغۇزلۇقتىن ئىچى سىقىلدىمۇ، يازغا چىققاندا بىر ئىت بېقىۋالدى. ئۇ ئىتنى «بارىس» دەپ چاقىراتتى. «بارىس» دېگەن زادى نەچچە گەپ، ئۇ دۈگىلەيدىغان چاقمۇ ياكى ھەسەل ساتىدىغان بىرەر ئورۇسنىڭ ئىسمىمۇ بىلمىدىم، ئىشقىلىپ، بەختىياروپ ئىتىنى بارىس دېسە بارىس، دەپ يۇيۇپ تازىلاپ، ھويلىسىدا يۈگرىتىپ ئۇنىڭغا قانداقتۇر بىر ھەرىكەتلەرنى ئۆگىتىپلا يۈرەتتى. «بارىس، قېنى كۆرۈشۈپ قويايلى!» دېسە، ئىت قۇيرۇقىنى شىپاڭشىتىپ كېلىپ بەختىياروپقا ئوڭ پۇتىنى سۇناتتى. «بارىس، ئاۋۇنى ئەكىلىڭ!» (ھەتتا ئۇ شۇ ئىتى بىلەنمۇ سىزلىشىپ سۆزلىشەتتى) دەپ بىر نەرسىنى يىراققا تاشلىسا، ئىت ئۇچقاندەك بېرىپ ھېلىقى نەرسىنى چىشلەپ ئېپكېلەتتى. ئىت بەزىدە ئۇنىڭغا ئەركىلەپ ئېسىلغۇدەك بولسا، بەختىياروپ سەل ئۆزىنى قاچۇرۇپ:

— ھاي-ھاي، بارىس، سىزنىڭ بۇ قىلىقلىرىڭىز سەل ئېشىپ كەتتىغۇ دەيمەن، قاراڭ، كىيىملىرىنى بۇلغىۋەتتىڭىز، — دەيتتى.

ئەگەر بەختىياروپ بىلەن كوچىدا ئۇچرىشىپ قېلىپ، بۇ ئىت توغرىسىدا گەپ ئېچىپ قالسىڭىز، بەختىياروپ ھاياجانلىنىپ، قوللىرىنى ئۇشقۇلاپ سۆزلەپ كېتەتتى:

— بىزنىڭ بارىسنى دەمسىز؟ سورىغىنىڭىزغا رەھمەت! — دەيتتى ئۇ ، — مېنىڭ ئىت بىلەنغۇ ئانچە خۇشۇم يوقتى. ئەمدى قاراڭ، رەھمەتلىك رىزۋانگۇلۇمدىن ئايرىلدىم. يالغۇزلۇق دېگەن بەك يامانكەن. ئۇياق-بۇياققا كەتكىنىمدە ئۆيگە قارانچۇق بولۇپ قالار، دەپ بېقىپ قويۇۋېدىم، ياخشى ئىت چىقىپ قالدى، ساپ ئاپشاركا نەسلىدىنكەن ئەمەسمۇ. مۇبارەك كۆزىڭىزگىمۇ چېلىققاندۇ، قۇلىقى دىڭ، تۆكلىرى مايلاپ قويغاندەك يالتىراپ تۇرىدۇ. پاھۇي، بۇ ھايۋاننىڭ ئەقىللىقلىقىنى دېمەمسىز، ۋاي ياقەي، ئۇنى ھايۋان دېگىلى بولسۇنمۇ، بەزى قىلىقلىرى ئادەمنىڭ ئۆزىلا. ھويلىدىكى قىل چاغلىق نەرسىگە قالايمىقان چېقىلمايدۇ. ساغۇچ كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ، بويىنىنى سەل سىڭايان قىلىپ قاراپ كەتسە، ئامراقلىقىڭىز كېلىپ قۇلىقىدىن تۇتۇپ سۆيۈپ قويغىڭىز كېپكېتىدۇ... مانا قاراڭ، بىرسىگە دېسەم ئىشەنمەيدۇ، ئۇ كۈنى ئۇنىڭ بويىنغا خالتا ئېسىپ، ئاغزىغا پۇل چىشلىتىپ قويۇپ بەرسەم، توپتوغرا قاساپ دۇكىنىغا بېرىپ گۆش ئەكەپتۇ...

تۇرمۇش دېگەن تاسادىپىيلىككە باي. ئارىدىن بىر يىل ئۆتتىمىكىن، بىر كۈنى قانداق بولغان، بەختىياروپنىڭ دەرۋازىسى ئوچۇق قالغانىكەن، بارىس ئىتتىلىپ چىقىپ، يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر چوكانغا ھاپلا قىلىپ تاشلىنىپتىكەن، ھېلىقى چوكان ئېسىدىن كېتىپ قېلىپ يىقىلىپ قاپتۇ. قورقۇپ كەتكەن بەختىياروپ يۈگرۈپ چىقىپ، ئايالنى يۆلەپ ئۆيگە ئەكىرىپ، بىر نېمىلەرنى قىلىپ ھوشىغا كەلتۈرۈپتۇ. قارىسا، ئۇ ياشلا بىر چوكان ئىكەن. قايتا-قايتا ئەپۇ سوراپ، خېلىغىچە مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇپتۇ. بەختىياروپ ئۆزىنىڭ قەدىناس خوتۇنىنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنىنى، بىر يىلدىن بېرى يالغۇز، بويتاقچىلىق تۇرمۇشىنى كەچۈرۈۋاتقىنىنى ئېيتىپتۇ؛ چوكانمۇ ئۆزىنىڭ بىر ياتلىق بولغانلىقىنى، پەيلى يامان ئېرىنىڭ دەردىنى جىق تارتىپ ئاخىرى ئاجرىشىپ كەتكەنلىكىنى، شۇندىن بېرى : «ئەر دېگەن شۇنداق بولسا» دەپ قايتا ياتلىقمۇ بولمىغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. پاراڭلىشا-پاراڭلىشا، ئىككىسىگە ئوبدانلا ئىسسىق ئۆتۈشۈپ قاپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئاز ئۆتمەي بەختىياروپ ھېلىقى چوكاننى نىكاھلاپ ئۆيگە ئەكىلىۋالدى. مەھەللىدە خېلىغىچە: «بەختىياروپ ئۆزىنىڭ قىزىدەك ياش بىر ئايالنى ئېلىۋاپتۇدەك. بۇ ياش نېمە بەختىياروپقا قانچىلىك ئاش بولاركىن، ھېلىتىن سەكىلەپ كوچىدىن كىرمەيدىكەن...» دېگەندەك گەپلەر ئېقىپ يۈردى.

بىر كۈنى بەختىياروپنىڭ ھويلىمىزغا كىرىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەيرانلا قالدىم. بۇ ئادەم زۆرۈر بىرەر ئىشى بولمىسا، قوشنا-قولۇملار بىلەنمۇ ئانچە كىرىش-چىقىش قىلىپ كەتمەيتتى.

— دېگەنبىلەن ئۆيدە ئىكەنسىزغۇ، دوختۇر ئەپەندىم. ھە، سالامەتلىكىڭىز قانداقراق؟ — كۆلۈمسىرىگىنىچە كىرىپ كەلدى بەختىياروپ، — بىمەھەل ۋاقىتتا كېلىپ ئاۋارە قىلدىممۇ قانداق؟

— ۋاي ياقەي، بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ قېنى ، ئۆيگە كىرىڭ!

— ياق... ئەمدى... ۋاقتىڭىز بولمىسا مۇشۇ يەردىنلا قايتاي. ئانچە زۆرۈرمۇ گەپ يوق. بىر ئىشنى مەسلىھەت سالاي، دەپ كۆڭلۈم تارتىپ...

— كېلىڭ، كېلىڭ ، مانا بۇياققا، ئۆيگە.

بەختىياروپ بىمەھەل ۋاقىتتا كىرىپ قالمىغاندىمەن، دېگەن خىيالدا تەكەللۇپ سۆزلەر بىلەن بىر ئالدىغا، بىر كەينىگە مېڭىپ، ئاخىرى ئۆينىڭ ئىشكى ئالدىغا يېتىپ كەلدى-دە، ئۇ يەردە تۇرغان ۋەلسىپىتكە قاراپ تۇرۇپ قالدى.

— بۇ كىمنىڭ ۋەلسىپىتى - دەپ سورىدى ئۇ.

— ئوغلۇمنىڭ.

— ۋاي توۋا، بىرسى بىكارغا بېرىۋەتكەنما؟

— نېمىنى دەيسىز؟ — دېدىمەن ئۇنىڭ گېپىنى

چۈشىنەلمەي.

- ۋەلسىپىتنى دەۋاتىمەن، يېڭىلا ۋەلسىپىتكەن. . .

- مۇشۇ كۈندە كىم بىكارغا بىر نېمە بېرىۋېتىدۇ، بەختىيارووپكا، پۇلغا ئالغان!

- ئەمىسە، نېمىدەپ ئاپتاپقىلا تاشلاپ قويدىڭىز؟

- ھە، باللارنىڭ قىلىقى بولمامدۇ.

- گەپ بالىلارغا قانداق ئۆگىتىشتە!

ۋەلسىپىتنى دەس كۆتۈرۈپ، تامنىڭ تۈۋىگە - سايە يەرگە يۆتكەپ قويدۇم.

- ياق، بولمىدى، ئۇنداق قويمايمىز، دوختۇر ئەپەندىم، - دېدى بەختىيارووپ بېشىنى لىڭشىتىپ،

- ئاۋۇ پارچە تاختاينىڭ لازىمى بارمۇ ؟

- يوق.

- ئەكىلىڭ!

نېرىراقتا تاشلىنىپ تۇرغان تاختاينى ئەكىلىپ بەختىيارووپقا سۇندۇم.

- ھە، ئەمدى ۋەلسىپىتنى سەل كۆتۈرۈپ تۇرۇڭ.

ۋەلسىپىتنى كۆتۈرۈپ تۇردۇم. بەختىيارووپ ئېڭىشىپ ھېلىقى تاختاينى ئىككى چاقنىڭ ئاستىغا قويدى. ئاندىن قولىنى قېقىپ تۇرۇپ:

- بىر كىشىنىڭ شەخسىي ئىشىغا ئارىلىشىش ياخشى ئىش ئەمەس، - دەپ چۈشەندۈردى ئۇ، - لېكىن سىز بىلەن بىز ئۆز ئادەملەر. تۇرمۇشتا سەرەمجان بولغان ياخشى. پۇلغا ئالغان نەرسىنى بۇنداق تاشلاپ قويسىڭىز، تۆت كۈندىلا كاردىن چىقمامدۇ؟ ۋەلسىپىت دېگەننى توختاتقاندا ئەۋۋەل غاچ-غۇچ قىلىپ، ئېرىنمەي بىر سۈرتىۋېتىدىغان گەپ. ئاندىن قۇرۇق، سايە يەردە قويىمىز. چاق تاختاينىڭ ئۈستىدە تۇرسا پاكىز تۇرىدۇ، نەم تارتمايدۇ. تۆمۈرنىڭ دۈشمىنى دات. داتلاشتىمۇ تۈگەشتى، دېگەن گەپ. قانداق دېدىم؟ ئوشۇقچە گەپ قىلىپ رەنجىتىپ قويمىغاندىمەن؟

- ياق، توغرا دېدىڭىز.

بەختىيارووپ ھويلىدىكى گۈللەر، پىشايۋاننىڭ ياغاچلىرى، شېخى يېرىلىپ كەتكەن ئالما، ۋەھاكازالار ئۈستىدە بىرمۇنچە پايدىلىق مەسلىھەتلەرنى بېرىپ، ئاخىرى ئۆيگە كىردى. ئايالىم بەختىيارووپنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماي داستىخان سېلىپ چاي قىلدى. چاي ئىچكەچ پاراڭلاشتۇق.

- خوش، بەختىيارووپكا، يېڭى كېلىن بىلەن خېلى چىقىشىپ قالدىڭىزمۇ، قانداق؟ - دەپ سورىدىم.

- رەھمەتلىك رىزۋانگۈلۈمنىڭ قارىسىنى تۇتۇپ، قېرىغىنىمدا ئەمدى ئۆيلەنمەيلا ئۆتۈپ كېتەرمەن، دېگەن ، - دەپ گەپ باشلىدى بەختىيارووپ، - ئەمدى قاراڭ، تەقدىر دېگەن باشقا گەپكەن. بۇ چوكان بىزنىڭ بارىس ھاپىلا قىلىپ ئېتىلغان باھانە بىلەن نەق بىزنىڭ ئىشىكنىڭ ئالدىغا كېلىپ يىقىلىپ بەرسە بولىدۇ. مانا، باھانە-سەۋەب

شۇ بولدى. ئىككىمىز بىر ئۆيدە بولۇپ قالدۇق. يېشىغۇ مەندىن بەك كىچىككەن، ئەمدى، ياق دەي دېسەم، بېشىغا كەلمىگەن ئادەم بىلمەيدۇ، يالغۇزلۇق بەك يامانكەن. . . مۇشۇ كۈندە ھەممىلا ئادەمنىڭ بۆرىكى ئاجىزلاپ كېتىۋاتامدۇ، تېلېۋىزور بىلەن رادىئونى قاچانلا ئاچسىڭىز بۆرەكنى كۈچەيتىش دورىسىنىڭ ئېلانى. . . كوچىدا كېتىپ بارسىڭىز قولىڭىزغا تۇتقۇزۇپ قويىدىغان ۋاراقچىلىرىچۇ تېخى، ئېچىپ ئوقۇشقا نومۇس قىلىسىز. . .

تۇرۇپلا بەختىيارووپ مۇشۇنداق ھېچ مۇناسىۋەتسىزلا گەپلەرگە چۈشۈپ كەتتى. «ھەرقانچە بولسىمۇ بۇ ئادەم ماڭا مۇشۇنداق تايىنى يوق گەپلەرنى قىلغىلى كىرمىگەندۇ؟ . . . بۇ ئادەمنىڭ مۇشۇنداق يىراقتىن ئەگىتىپ گەپ قىلىدىغان بىر ئەزمىلىكى بولىدىغان، ھەقچان دەيدىغان گېپىنى ئۇدۇللا دېيەلمەي بۇ گەپلەرنى قىلىپ ئولتۇرامدۇ، يە! » دېگەنلەر كۆڭلۈمدىن كەچتى. شۇ چاغدا بەختىيارووپ تۇيۇقسىزلا:

- ھوي راست، مۇشۇ بارىسنى قانداق قىلساق بولار؟ - دەپ سوراپ قالدى.

- نېمىنى دەيسىز؟ - دېدىمەن.

- بارىسنى دەيمەن.

- بارىسقا نېمە بوپتۇ؟

- يېڭى خوتۇن بىلەن مەنغۇ ئەپلىشىپ قالدىم. لېكىنزە، بىزنىڭ بارىس زادى چىقىشالمايۋاتىدۇ.

- قانداق؟

- ئايالىم ئۆيدىن چىقاي دېسىلا، خىرىس قىلىپ تۇرغىنى تۇرغان. بىرىنچى قېتىم قاتتىق قورقۇپ كەتكەچكىمۇ، ئايالىمنىڭ بارىسنى كۆرسىلا چىرايىدا قان قالمايدۇ.

- يېڭى كەلگەن بولغاچقا يات كۆرۈپ شۇنداق قىلامدىكىن؟

- ئۆگىنىپ قالسۇن، دەپ بىر ئوبدان تاماقلارنى ئېتىپ ئالدىغا تۆكۈپ بېرىپمۇ باقتى. ياق، تاماققا قارايدىغاندەكمۇ ئەمەس، ئايالىمغا قاراپ خىرىس قىلغىنى قىلغان. ئاچچىقىدا شۇنداق قىلامدىكىن، يېقىندىن بېرى ھويلىغا كىرگەنلا ئادەمگە ئېتىلىدىغان بولىۋالدى دېمەمسىز. خۇداغا شۈكۈر ھازىرغىچىغۇ بىرەرسىنى چىشلىۋالمىدى. ئەمدى، ئىت دېگەننىڭ سۆرى بار-دە، ھاپ قىلىپ يۈگۈرسە ھەرقانداق ئادەمنىڭ چىرايى تامدەك تاتىرىپ، دەرۋازىنىڭ ياغىچىغا يۆلىنىپلا قالىدىكەن. يېڭى ئايالنى ياكى قوشنا-قولۇملارنىڭ بىرەرسىنى چىشلەپ قويۇپ كۆڭۈلسىزلىك تېپىپ بېرەمدىكىن، دەپ ئەنسىرەپ قالدىم.

- باغلاپلا قويسىڭىز ئىش پۈتمەمدۇ؟

- باغلاپ دەمسىز؟ . . . قويۇڭ، قويۇڭ، بىر-ئىككى كۈن باغلاپ بېقىۋېدۇق، توختىماي قاۋاپ قۇلاق-مېڭىمىزنى يەپلا كەتتى. شۇ جانىۋارغىمۇ ھۆرلۈك لازىم-دە! . . . بۇ بىرنەچچە كۈندىن بېرى ئايالىمنىڭ: «بۇ ئۆيدە يا ئىتىڭىز تۇرسۇن، يا مەن

تۇراي!» دەپ جېدەل قىلىۋاتقىنىنى دېمەمسىز. ھېرىسگە ھېرىۋېتىپلا قوتۇلاي، دەپ سەھرادىن تاۋۇز-قوغۇن سېتىپ كىرگەن دېھقانلارنىڭ ھارۋىسىنىڭ كەينىگە ئىككى قېتىم باغلاپ بەردىم. ئىككىلا قېتىمدا تېخى كۈن ئاتلىمايلا قېچىپ كەلدى. تۈنۈگۈن بولغان ئىشنى دېمەمسىز، بىر تىلەمچى ئۇقۇشمايلا ھويلىغا كىرىپ قالغانىكەن، بىچارىنى تالاپ چاپىنىنىڭ يېرىم پېشىنى يۇلۇۋاپتۇ. ھىم، بۇ ئىتنى كۆزدىن يوقاتمىسام زادى بولمىغۇدەك، دېگەن يەرگە كېپقالدىم.

— قانداق قىلاي دەيسىز؟

— ئۆلتۈرۈۋېتەيمىكىن دەيمىنا.

— ئۆلتۈرۈۋېتەيمىكىن، دېگىنىڭىز نېمىسى؟ مېنىڭ بىرەر ياردىمىم لازىممۇ؟

— بىر ئەقىل كۆرسىتەمدىكىن، دەپ ئالدىڭىزغا كىرىشىمغۇ، دوختۇر ئەپەندىم. ماڭا قويۇپ بەرسىڭىز، ئۆمرۈمدە بىر قوچقاچنىمۇ بوغۇزلاپ باققان ئادەم ئەمەسمەن...

— ناھايىتى بىر ئىتقۇ! — دېدىمەن، — بىر پارچە ئۆپكە-قېرىن ياكى جىگەردەك بىر نېمىنى تېپىڭ. ئىچىگە يىڭنىمۇ، مىخمۇ ياكى بولمىسا ئۇششاق ئەينەك پارچىسىنىمۇ تىقىپ، ئىتنىڭ ئالدىغا تاشلاڭ، يەيدۇ-دە، ئاشقازىنى كاردىن چىقىپ، ھەپتە-ئون كۈنگە قالمايلا ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلىدۇ.

— ۋاي قويۇڭ، بىچارە بارسىنىڭ جېنى شۇ نەچچە كۈنگىچە قىينىلىپ نېمە بولۇپ كېتەر، ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇرۇپ مەنمۇ تۈگىشىپ كېتەرمەن.

— ئەمىسە، قانداق قىلاي دەيسىز؟

— ئەمدى سىز دوختۇر بولغاندىكىن، يېسە شۇ زامات قاتۇرۇپلا قويىدىغان دورىلىرىڭىز بولسا بەرسىڭىز دېمەكچىمەن-دە. مەن نانغا ياكى ئۆزىڭىز ئېيتقاندەك ئۆپكە-قېرىنغا ئارىلاشتۇرۇپ بېرىۋەتسەم، بىچارە قىينالمايلا كۆزىنى يۇمسا...

بەختىيارووپنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتتىم:

— ھوي بەختىياروپكا، — دېدىمەن، — سىز بىزنىڭ ئۇ روھىي كېسەللەر ساناتورىيىمىزنىڭ قانداق ئورۇنلۇقىنى تازا چۈشىنىپ كەتمەيسىزغۇ دەيمەن؟ بىزدە ئۇنداق زەھەرلىك دورىلارنى ئىشلەتمەك تۇگۇل ساقلاشمۇ خەتەرلىك. ئۇ يەردە داۋالىنىۋاتقان كېسەللەر شۇنداق غەلىتە ئادەملەركى، قويۇۋېرىڭ، ئادەتتىكى دورىلارنىمۇ ھەر كۈنى، دەل ۋاقتىدا، ئۆلچىمى بىلەن ئەكىرىپ بەرمىسىڭىز، دورا دېگەننى چاڭگاللاپ يۇتۇۋېلىپلا ئىش تېرىيدۇ... ئەڭ ياخشىسى، مەن ئىتىڭىزنى ئېتىپلىۋېتەي.

— نېمە دەيسىز؟ ... دەپ چۆچۈپ كەتتى بەختىياروپ.

— بارىسنى دەيمەن، قوشۇلسىڭىز ۋاڭلا قىلىپ ئېتىۋېتەي!

— سىزدە قورال بارمۇ؟ — دېدى بەختىياروپ كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ.

— مەن نېمە دەۋاتىمەن، بىزنىڭ ئۇ ساناتورىيىنى مېڭىسىنىڭ سۇيى بار ئاغىنىلەر يىغىلغان ئورۇن، دېسىڭىز بولىدۇ. قايسى بىر يىلى، كۆزەتتە تۇرغان بىر ئادىمىمىزنى كېچىسى بىر ساراڭ كىرىپ بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ قويغاندىن بۇيان، زورۇر بولغاندا ئۆزىمىزنى قوغداش ئۈچۈن بىزگە قورال ساقلاشقا رۇخسەت قىلىنغان.

— لېكىن سىز دەرۋازىدا تۇرىدىغان كۆزەتچى ئەمەستە!؟

— كۆزەتچى بولمىسامۇ، ھەر كۈنى شۇ بىنورمال ئادەملەرگە ئارىلىشىپ يۈرىمەن-دە. ئۇلارنىڭ كېسىلىنى كۆرۈۋاتقان چېغىمدا، قايسى بىر ساراڭنىڭ كاللىسىغا بولمىغۇر خىيال كىرىپ، تۇيۇقسىز ماڭا تاشلانمايدۇ، دەپ كىم ھۆددە قىلالايدۇ؟

— مۇنداق دەڭ. سىزدىكى قانداق قورال؟ مىلتىقمۇ ياكى...

— قىزىق ئادەمدە سىز بەختىياروپكا، بىزنىڭ ئۇ ساناتورىيىدە مىلتىق كۆتۈرۈپ يۈرگىلى بولسۇنمۇ! ...

— نېمىشقا؟

— ئەگەر جېنىدىن تويغان بىرەر تەلۋە شارتتىدە قىلىپ مىلتىقنى تارتىۋالىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا پۈتكۈل ساناتورىيە ۋە پۈتكۈل شەھىرىمىزنىڭ ئىچىدە نېمە قالايمىقانچىلىق بولۇپ كېتەر؟... مەندىكىسى يان قورال — ئەپچىلگىنە تاپانچا. قورالنىڭ گېپىنى كۆرگەنلا ئادەمگە دېگىلى بولمايدۇ، سىزنى ئۆز كۆرۈپ دەۋاتىمەن. مانا، كېرەك بولسا ئېلىپ چىقاي. ئىتىڭىزنى گۈملا قىلىپ ئېتىپ تاشلايلى.

— ياق، توختاڭ! — دېدى بەختىياروپ خۇددى ئۇنىڭ ئىتىنى مەن ھازىرلا تاپانچىنى ئاچىقىپ ئېتىۋېتىدىغاندەك جىددىيلىشىپ، — بۇ ئىشنى ئوبدان بىر ئويلىشايلى. بارىسنى ئاتساق قايسى ۋاقىتتا، قانداق ئاتىمىز. ئوق تەگكەندىن كېيىن قان چىقىدۇ-دە، بىچارە بارىسنىڭ جېنى قانچىلىك قاقشار... ئۇھ، مەن نېمىشقىمۇ شۇ ئىتنى باققاندىمەن، نېمىدەپ يېڭى خوتۇن ئېلىپ يۈرگەندىمەن...

بەختىياروپنىڭ تېخى ئىتىنى ئاتماي تۇرۇپلا يۈرىكىنى تۇتۇپ ۋاي-ۋايلىغىنىنى كۆرۈپ كۈلۈپ كەتتىم.

— سىز كۈلىسىز، ئۇكام، — دېدى بەختىياروپ، — نېمىلا بولمىسۇن ئۆزى باققان ئىتقا ئادەمنىڭ كۆڭۈل رىشتى باغلىنىپ قالىدىكەن.

— بۇ ئىشنى مۇنداق ئەپلەيمىز، — دەپ چۈشەندۈردۈم ئۇنىڭغا، — سىز ئۆزىڭىز بىر كۈننى بەلگىلەيسىز، تاپانچىغا ئوقنى بەتلەپ، يانچۇققا سېلىپ بارىمەن. ئىتنى زەنجىرلەپ مەھكەم باغلاپ قويىسىز، بولمىسا، تاپانچىنى كۆتۈرۈپ ئۇنى ھويلىنىڭ ئىچىدە قوغلاپ يۈرسەك بولمايدۇ-دە! بارىسقا ئىچىم ئاغرىيدۇ دېسىڭىز، ئۇنى باغلاپ بېرىپ، ئۆزىڭىز تالاغا چىقىپ كەتسىڭىزمۇ بولىدۇ.

ئاندىن مەن ئۇنى ۋاڭگىدە قىلىپ ئاتىمەن، ئىش تامام.

- كۆپكۈندۈزدە دېمەكچىمۇسىز؟ . . . ياق، بولمايدۇ. ئوقنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قوشنا-قولۇملار يۈگرۈپ كىرسە، بارسىنىڭ قان ئىچىدە ياتقانلىقىنى كۆرسە، ئۇ چاغدا مەن خەقنىڭ نەزىرىدە قانداق ئادەم بوپقالىمەن !؟

- ئەمىسە كېچىسى - ئەل ئۇيقۇغا كەتكەندە ئاتايلى.

- مەسلىھەتىڭىزگە رەھمەت، دوختۇر ئەپەندىم، نېمە دېسىڭىز دەڭ، ئىتنى ھويلىدا ئاتساق بولمايدۇ.

- نېمىشقا؟

- شۇ بارسىنىڭ قېنى ھويلىغا تۆكۈلمىسۇن دەيمىنا!

- ئەمىسە قانداق قىلىمىز؟

- مېنىڭچە، مۇنداق قىلساق، دوختۇر ئەپەندىم، ئۆزىڭىز بىلىسىز، بىزنىڭ ھويلىنىڭ ئارقىسى كەڭرى كەتكەن ئېتىز، ۋاقتىڭىز يەتكەن بىر كۈنى مېنى خەۋەرلەندۈرۈپ قويۇپ، تاپانچىڭىزنى بېلىڭىزگە قىستۇرۇپ بېرىڭ. مەن داستىخان ھازىرلاپ، سىزنى ئوبدان بىر مېھمان قىلاي. سىز ئېيتقاندەك، يېرىم كېچىگىچە چىرايلىقچە پاراڭلىشىپ ئولتۇرايلى. ئەل ياتقاندا ئاستا ئىتنى يېتىلەپ چىقىپ ئېتىزلىقتىكى بىر دەرەخكە مەھكەم باغلاپ قويۇپ كىرەي. سىز چىقىڭ-دە، گۈممىدە ئېتىپ تاشلاڭ.

- بارسىنىڭ ئۆلۈكىنىمۇ شۇ يەرگە تاشلاپ كېتىۋېرىدىغان گەپمۇ ياكى ئۆزىڭىز يىغىشتۇرۇۋالامسىز؟

- خۇدايىم ساقلىسۇن، مەن ئۇ بىچارىنىڭ ئۆلۈكىگە يېقىن يولىماي!

- ئەمىسە. . .

- ماڭا قاراڭ دوختۇر ئەپەندىم، بارسىنىڭ ئۆلۈكىنى ئوچۇقچىلىقتا تاشلاپ قويساق، ئەتىسىلا خەق كۆرۈپ يەنە گەپ بولىدۇ دەڭە. شۇ كۈنى ئىشەنچىلىك كىرەك يەنە بىر بۇرادەرنىمۇ باشلىۋالغاچ بېرىڭ. بارسىنىڭ ئۆلۈكىنى شۇ ئاپىرىپ بىر يەرگە كۆمۈۋەتسۇن، ھەققىنى مەن بېرەي. ئىشقىلىپ، ھېچقانداق ئىز قالدۇرماي ھەممىنى پاك-پاكىزە يىغىشتۇرۇۋەتكىلەر، نېمە قىلغىنىڭلارنى كۆزۈممۇ كۆرمىسۇن. ئەتىسى خەق سورىسا، ئىتنى بىرسىگە بېرىۋەتتىملا دەيمەن، پۈتتى.

* * *

بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپ بەختىياروپتىن ئىككىلىك خەت ئالدىم: «دوختۇر ئەپەندىم، - دەپ يېزىپتۇ ئۇ، - ھېلىقى مېھماندارچىلىقتا مۇمكىن بولسا، بۈگۈن كەچتە قەدەم تەشرىپ قىلسىڭىز. بىرەر بۇرادەرنىمۇ باشلىۋالغاچ كېلىشنى ئۇنتۇماسسىز. سىزنى ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم. رەھمىتىمنى كېيىن ئايرىم ئېيتارمەن.»

بۇ مېھماندارچىلىقتا كىمنى باشلاپ بارسام بولار، دەپ ئۇزاق ئويلاندىم. تۇيۇقسىز يادىمغا كوچىمىزنىڭ بېشىدا ئولتۇرۇدىغان جېلىل دېگەن يىگىت كېلىپ قالدى. جېلىلنى مەھەللىمىزدە بەختىياروپتىن قالسىلا ئىككىنچى مەشھۇر شەخس دېسىڭىز بولىدۇ. قىلىدىغان تىجارىتى، ئەتىگىنى - ئاخشىمى يوغان تەڭنىدە بىر تەڭنە قوي پاچىقىنى پىشۇرۇپ، كوچىنىڭ دوقمۇشىغا ئاچىقىپ ساتىدۇ. ئۇنىڭ پاچاقنى قانداق ھۈنەر بىلەن پىشۇرۇدىغىنىنى بىلمەيمەن، قولىڭىزغا ئالسىڭىز، ساپسېرىق، تىترەپ تۇرىدۇ؛ چاينىماي شورىسىڭىزمۇ گېلىڭىزدىن غىرتلا ئۆتۈپ كېتىدۇ، لەززىتى ئاغزىڭىزدىلا قالىدۇ. شۇڭا ئۇنى : «جېلىل پاچاق»، دېسە تونۇمايدىغان ئادەم يوق. جېلىل بىر تەڭنە پاچاقنى بىرەر سائەت ئىچىدىلا پۇل قىلىپ، قالدى-قاتتى سۆڭەكلەرنى يىغىپ ئۆيىگە ئاپىرىپ ئىت باقىدۇ. شەنبە-يەكشەنبە كۈنلىرى بولسا ئىت بازىرىدىن كەلمەي ئىت ئېلىپ، ئىت ساتىدۇ. «توغرا، بەختىياروپنىڭ مېھماندارچىلىقىغا ھەمراھ قىلىپ ئاپىرىشقا جېلىل پاچاقتىن مۇۋاپىق ئادەم بولماس!» دېدىمدە، ئۇنى چاقىرتىپ كېلىپ، بەختىياروپ بىلەن ئوتتۇرىمىزدا بولغان گەپنىڭ مەزمۇنىنى ئېيتتىم.

- نېمە دەيدىغانسىز؟! - دېدى جېلىل پاچاق ماڭا ھەيران بولۇپ قاراپ، - بەختىيارووپنىڭ ھېلىقى ئاپشاركىسىنى ئېتىۋېتىمىز دېمەكچىمۇسىز؟

- شۇنداق، ئۇكا. ئۇ ئىت ھويلىغا كىرگەنلىكى ئادەمنى تالاپ، يامان بوپكەتكىلى تۇرۇپتۇ. ئىتنى مەن ئاتىمەن. سېنىڭ قىلىدىغان ئىشىڭ ئىتنىڭ ئۆلۈكىنى ئاپىرىپ كۆمۈۋېتەمسەن يا تېرىسىنى سويۇۋېلىپ بىرەرسىگە ساتامسەن، ئىشقىلىپ كۆزدىن يوقاتساڭلا بولدى. تېگىشلىك ھەققىڭنى بەختىياروپتىن ئۆزۈم ئېلىپ بېرىمەن.

- توۋا! - دېدى جېلىل پاچاق، - ئىتنى ئېتىۋېتىڭلار دېگەن گەپنى بەختىياروپ ئۆز ئاغزى بىلەن دېدىما؟

- سېنىڭچە، مەن سېنى ئالاھىدە چاقىرتىپ كېلىپ يالغان گەپ قىلىپ ئولتۇرۇپتىمەندە!؟

- يا ئەمدى دەيمىنا، بەختىياروپ بۇ ئىتنى بەك ئارزۇلاپ باقاتتىدە! . . . شۇ ئادىمىڭىزنىڭ ئېسى جايىدىدۇ؟

- بۇ نېمە دېگىنىڭ! . . . مانا، بىر- ئىككى كۈننىڭ ئالدىدا بەختىياروپ ئۆزى مۇشۇ ئۆيگە كېلىپ، ئەشۇ سەن ئولتۇرغان يەردە ئولتۇرۇپ، ئۆز ئاغزى بىلەن شۇ گەپلەرنى قىلدى. بۈگۈن ئەتىگەن يەنە خەت كىرگۈزۈپ: «ھېلىقى ئىتنى ئاتىدىغان ئىشنى بۈگۈن بىر نېمە قىلساق» دېگەن گەپلەرنى يېزىپتۇ. بەختىياروپ كەچتە داستىخان راسلاپ بىزنى كۈتۈپ ئولتۇرىدۇ، دېگەن گەپ.

- ئەستاغپۇرۇللا! - دېدى جېلىل پاچاق، - غەلىتە ئادەملەركەنسىلەر-دە. تېخى ئادەم

چىشلىمىگەن بىر ئوبدان ئىتنى ئادەم چىشلىۋالدۇ دەپمۇ ئۆلتۈرۈۋەتكەن بارمۇ! ؟ . . . بازارغا ئەكىرسىڭىز تۆت-بەش مىڭ سومغا ئالىدىغان ئىت ئاۋۇ!

— نېمە دېدىڭ؟ . . . ئەشۇ بىر ئىتنى شۇنچىۋالا پۇلغا ئالارمۇ؟ !— دېدىمەن ھەيران بولۇپ.

— ئۇ دېگەن ساپ ئاپشاركا نەسلىدىن بولغان ئېسىل ئىتتە!

بۇ گەپنى ئاڭلاپ مەنمۇ ئويلىنىپ قالدىمدە:

— ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن، — دەپ سۆزۈمنى داۋاملاشتۇردۇم، — ئۇنداق يامان ئىتلارنىڭ غالجىر بولۇپ قالىدىغان ئىشلىرى بار. ناۋادا شۇنداق بولۇپقېلىپ، قوشنا-قولۇملاردىن بىرەرسىنى چىشلەپ قويسا، بەختىياروپكامغا تۈگمەسلا باش ئاغرىقى بولىدىغان گەپ. . .

— ماڭا قاراڭ، ئاكا، — گېپىمنى تارتىۋالدى جېلىل پاچاق، — مەن بىلىمەن، بەختىياروپ ئۇ ئىتنى پىششىق تاماق بېرىپ باققان، پىشقان ئاش يەپ يۈرگەن ئىتنىڭ غالجىر بولغىنىنى كىم كۆرگەن؟ مانا بىز ئىت بىلەن ھەپىلىشىپ يۈرگەن ئادەمغۇ.

— ئۇنىڭ ئۈستىگە. . . گەپنىڭ راستىنى ئېيتقاندا، بۇ ئىت بەختىياروپنىڭ يېڭى ئالغان خوتۇنىغىمۇ خىرىس قىلىپ زادى ئارامىنى قويمايۋاتقان ئوخشايدۇ.

— ھە، گەپ مەيەردە دەڭە؟ . . . — دەپ ئويلىنىپ قالدى جېلىل پاچاق، — ياش خوتۇن ئېلىۋالغان قېرىلارغا قويۇپ بەرسىڭىز، خوتۇنى: ئاناڭنى ئۆلتۈرۈۋەت، دېسىمۇ، بەزىلىرى بېرىپ ئۆلتۈرۈۋېتىشتىن يانمايدۇ. بوپتۇ، بۈگۈن بەختىياروپنىڭ ئۆيىگە بارساق بارايلى. ئۆمرىدە بىر ئادەمگە بىر چىنە قايناقسۇنى ئوشۇق قويمايدىغان ئادەم، بىزگە ھاجىتى چۈشكەندىكىن مېھمان قىلسا قىلسۇن. ئىتنى ئېتىزغا ئاچىقىپ باغلاپ بەرسە بەرسۇن. بەختىياروپ بېشىمىزدە دېۋەيلەپ تۇرمىغاندىكىن، سىز ئاسمانغا قارىتىپ : «ۋاڭ — ۋۇڭ!» قىلىپ بىر-ئىككى پاي ئېتىڭ، قالغان ئىشنى ماڭا قويۇپ بېرىڭ. ئوغرىلىغان ئىتنى كاڭشىتماي جۈندەيدىغان قالتىس ئەسۋابلىرىمىز بار، بېشىغا كەيدۈرۈمەندە، ئاستا يېتىلەپ ماڭىمەن. يەكشەنبە بازارغا ئاپىرىپ ئۆزۈم نەق پۇل قىلىمەن. تۆت-بەش مىڭغا ئالمىسىمۇ، ئىككى-ئۈچ مىڭغا ئالار. مۇشۇ كۈندە ئىككى-ئۈچ مىڭ دېگەنمۇ ئاز پۇلمۇ!

جېلىل پاچاقنىڭ بۇ گېپى ئويلىمىغان يەردىن چىقىپ قالدى. نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدىم-دە:

— ھوي، ئۇنداق قىلساق چېنىپ قالارمىكىن؟

— دېدىم.

— نېمىسى چاندۇ؟ !— دېدى جېلىل پاچاق كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، — ئىت دېگەن كوچىدا مىنىپ يۈرۈدىغان ئات ئەمەستە، ئىگىسى تونۇۋالىدۇ دەيدىغانغا. ئىتنى ئالغان ئادەم ھويلىسىغا ئەكىرىپ باغلاپ باقىدۇ. بەختىياروپ بۇ شەھەردىكى جىمى ئادەمنىڭ ھويلىسىغا كىرىپ-چىقىپ يۈرەمتى. قانچىگە ساتسام يېرىم پۇلىنى ئالدىڭىزغا نەقلا قويىمەن.

ھەيي . . . پۇل دېگەن يامان نېمىدە! جېلىل پاچاقنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ مەنمۇ بوشاپ كەتتىم. ئەگەر ئىككى مىڭغا سېتىلسا مىڭ سوم، ئۈچ مىڭغا سېتىلسا بىر يېرىم مىڭ سوم، بازىرى چىقىپ تۆت مىڭغا سېتىلىپ قالسا، نەق ئىككى مىڭ سوم مېنىڭ بولىدۇ، دېگەن پىكىر كاللامدىن چاقناپ ئۆتتى.

— ئۇكا، گېپىڭغۇ ئورۇنلۇقتەك تۇرىدۇ. . . — دېدىمەن،— بىر ئوبدان ئىتنى ئۆلتۈرۈۋەتسەك ئۇۋالىغىمۇ قالىمىز دېگىنە. بىراق . . . بەختىياروپ ناھايىتىمۇ زىل ئادەم، كېيىنكى كۈنلۈكتە ئىتنى ئاتماي، سېتىپ پۇلىنى بۆلۈشىۋالغانلىقىمىزنى ئۇقۇپ قالسا، تۈگمەسلا گەپكە قالىمىز. ساتساڭمۇ ئىتنى يىراقراق بىر يەرلەرگە ئېپكېتىدىغان ئادەملەرنى تېپىپ ساتارسەن.

— بولدى، ئۇ تەرەپلەردىن خاتىرجەم بولىڭە ئاكا،— دەپ گەپنى ئۈزدى جېلىل.

* * *

كەچكە يېقىن بەختىياروپنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدۇق. بەختىياروپ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا ساقلاپ تۇرغانىكەن.

— ھۇششەرە، قەدىمىڭلارغا مۇبارەك،— دېدى ئۇ بىز بىلەن قىزغىن سالاملىشىپ.

— بۇ ئىنىمىزنى تونۇيدىغانسىز؟ — دېدىم جېلىل پاچاقنى كۆرسىتىپ.

— نېمىشقا تونۇمايدىكەنمەن، — دېدى بەختىياروپ، — مەھەللىمىزنىڭ يىگىتى تۇرسا، قېنى ئۆيگە، ئۆيگە مەرھەمەت قىلىڭلار!

دەرۋازىدىن كىرىشىمىز بىلەن، ھويلىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا زەنجىرلەپ باغلاپ قويۇلغان بارسىنىڭ قەھرى بىلەن ھاۋشىغان ئاۋازى ھويلىنى بىر ئالدى.

— ياپىرەي!— دېدى جېلىل پاچاق، — راست ئەجەب يامان ئىتكىنا بۇ، ھېلىمۇ ياخشى باغلاپ قويۇپتىكەنسىز. . .

— سىزنىڭ كېلىدىغانلىقىڭىزنى بىلىپ، پاچاقتىنلا ئالمىسۇن دېدىم-دە، ئۇكا!— دەپ كۈلدى بەختىياروپ.

جېلىلنىڭ «پاچاق» لەقىمىگە كەلتۈرۈپ قىلىنغان بۇ ئەپچىل چاقچاقنى ئاڭلاپ مەنمۇ كۈلۈپ كەتتىم. بەختىياروپنى بۇنداق ئەپلىك چاقچاق قىلالايدۇ، دەپ ئويلىمىغانىكەنمەن.

بەختىياروپنىڭ چىرايلىق سەرەمجانلاشتۇرۇلغان ھويلىسىدىن ئۆتۈپ، زەنجىرنى ئۈزۈۋېتكۈدەك ئەلپازدا بىزگە قاراپ يۇلقۇنۇپ قاۋاۋاتقان بارسقا قاراپ-قاراپ قويۇپ ئۆيگە كىرىۋالدۇق. بەختىياروپ بىلەن شۇنچە يىل سالام-سەھەت قىلىشىپ يۈرۈپمۇ بىر پۇرسەتتى بولمىغاچقا، ئۆيىگە كىرىپ باقمىغانىكەنمەن. ئۆي ئىچىنى كۆرۈپ ھەيرانلا

قالدىم. بۇرۇنقى ھاللىق ئادەملەر سالدۇرغان ئاستى-ئۈستى تاختايلىق ئۆيلەردىن بولۇپ، ئەينەكلىك ئىشكاپ، تامدىكى ئويۇقلارنىڭ ھەممىسى قەدىمىي پىئالار، چىنە-قاچا، گۈللۈك تاۋاق، چوڭ-كىچىك تەخسىلەر بىلەن تولغانىدى. پۇختا ياغاچلاردا ياسىلىپ، چىلانرەڭ سىرلانغان ئۈستەل-ئورۇندۇقلاردا كونا ئۇستىلارنىڭ نازۇك ھۈنەرلىرى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ئىشكاپ، ئويۇقلارنىڭ گىرۋەكلىرىگە چېكىلگەن گۈللەر، تام-تورۇسلاردىكى قاپارتما نەقىشلەر ئۆزىنىڭ نەپىسلىكى بىلەن كىشىنى ھەيران قالدۇراتتى. قايسىبىر زامانلاردا رۇس يېرىدىن كىرگەن گۈللۈك پەتنۇس، چوڭ-كىچىك ساماۋەرلەر تېخى سىرلىرى خىرەلەشمەي يالتىراپ تۇراتتى. بۇ كونا زاماننىڭ جابدۇقلىرى بەختىياروپتەك مۇشۇنداق سەرەمجان ئادەمنىڭ قولىدا بولغاچقىلا ھازىرغىچە ئىسكەتىنى يوقاتماي كەلگەنىدى. ھەممە نەرسە پاكىزلىكى، ئېسىللىقى، قەدىمىيلىكى بىلەن كۆزنى قاماشتۇرۇپ تۇراتتى. بەختىياروپ يەنە تاراقلاپ، سۇرۇلۇپ پولنىڭ سىرىنى چۈشۈرۈۋەتمىسۇن، دەپ ياغاچ ئورۇندۇقلارنىڭ پۇتلىرىغا يۇمشاق رېزىنكە پارچىلىرىنى قېقىپ قويۇشنىمۇ ئۇنتۇمىغانىدى. پەردىلەر يېرىم چۈشۈرۈلگەن، دېرىزىلەردىكى گۈل تەشتەكلىرى غالتەكلىك يىپ ئىشلىتىدىغان يىللاردىن قالغان يىپ غالتەكلىرى بىلەن ئېگىز كۆتۈرۈپ قويۇلغانىدى.

— قېنى، قېنى، ئاياغكىيىملەرنى مانا بۇ يەرگە، چاپان-چارىلارنى ماۋۇ جازىغا ئاسايلى... ھە، خوش، باش كىيىملەرنىمۇ ئېلىۋېتىڭلار، ھە، مانا بۇ يەرگە... — دەپ بەختىياروپ بىزنى يېشىندۇرۇپ، ھەممە نەرسىنى جاي-جايىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، داستىخانغا باشلىدى، — قېنى ئۇكام، سىز ماۋۇ ئورۇندۇققا كېلىڭ! — دېدى ئۇ نەدە ئولتۇرۇشنى بىلمەي ئالدى-كەينىگە مېڭىپ پىرقىراپ قالغان جېلىل پاچاققا قاراپ، — سىز دوختۇر ئەپەندى چوڭ بولغاندىكىن يۇقىرىراق ئولتۇرۇڭ... ياق، سىز دېگەن مېھمان ئەمەسمۇ، مانا مەن مەيەردە ئولتۇرىمەن.

بەختىياروپ ئاشخانا بىلەن مېھمانخانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا دىكىلداپ مېڭىپ يۈرۈپ، داستىخانغا ھەر خىل يېمەكلىكلەرنى ئەكىلىپ تىزغىلى تۇردى. ئەۋۋەل ئوتتۇرىغا يوغان چىنە تاۋاقتا بىر تاۋاق ھورى چىقىپ تۇرغان قورداقنى قويدى. تاۋاقنىڭ ئەتراپىغا چوڭ-كىچىك تەخسىلەردىكى ھەر خىل سوغۇق، پىششىق سەيلەرنى رەت-رەتى بىلەن تىزدى.

— بولدى، بولدى، بەختىياروپكا، بەك ئاۋارە بولۇپ كەتتىڭىز، ئايال ئۆيدە يوقمۇ، قانداق؟ — دېيىشتۇق بىز.

— بار، بار، — دېدى بەختىياروپ نان ئۇشتۇپ، چىنىلەرگە چاي قۇيۇپ تۇرۇپ، ، — ئەمدى، بۇ ئۆيگە تېخى يېڭىياچى ئەمەسمۇ، ئالدىڭلارغا كىرىشتىن خىجىل بولىۋاتىدۇ. قېنى خوش، تاماق ئالايلى!

— بەختىياروپكا، مۇنچىۋالا سەينى قورۇتىۋەتكەنىڭىزگە قارىغاندا، ئانچە-مۇنچە ئىچىپمۇ قويامدۇق قانداق؟ — دېدى جېلىل پاچاق.

— ئىچمەمدىغان ئۇكا، — دېدى بەختىياروپ، — بولمىسا تۈنۈنى قانداق يېرىم قىلىمىز؟ ئاۋۋال ئازىراق تاماق يەپ قورساقنى ئەستەرلىۋالايلى!

بەختىياروپ بىر ئىشكاپنىڭ ئاللىقانداق بىرىيەرلىرىنى تاراقشىتىپ ئېچىپ، بوتۇلكىلارنى چىقارغىلى تۇردى.

— مانا ماۋۇ سىلەرگە ئاتاپ ئەكەلگەن ئىلى ئالىي ھارىقى، ماۋۇ ئىلى داچۇ، ماۋۇ قايسىبىر يىلى سوۋېتتىن كەلگەن بىر مېھمان سوۋغات قىلغان ۋوتكا... ماۋۇ... ماۋۇسى ئالدىنقى كۈنى بىزنىڭ يېڭى ئايالنىڭ دوستلىرى كەلگەندە قويۇپ بەرگەن قىزىل گۈل ھارىقى... قېنى ئۇكام، ياش بولغاندىكىن، ھاراقنى سىز قويۇپ بېرىڭ!... مېنى ئۆزۈڭلەر بىلىسىلەر، مۇشۇنداق مۆرىتى كەلگەندە ئېغىز تېگىپ قالىمسام، ئادەتتە بۇ نېمىنى ئانچە ئىچىپمۇ كەتمەيمەن. بوپتۇ، قاتاردا مەنمۇ بىر-ئىككى رۇمكا ئىچىپ قوياي، قېنى، ئازادە ئولتۇرۇڭلار.

شۇنداق قىلىپ، جېلىل پاچاقنىڭ ئالدىغا ئېگىز پۇتلۇق بىر رۇمكا بىلەن بىر نەچچە بوتۇلكا تىكلەندى. تاماق يېگەچ بىر-ئىككى رۇمكىدىن ئىچتۇق. ھويلىدا باغلاقلىق تۇرغان بارىس يات ئادەملەرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ توختىماي ھاۋشۇۋاتاتتى. ئىتنىڭ قاۋىغىنى قۇلىقىمىزغا ئاڭلىنىپ تۇرغاچقىمۇ گېپىمىزمۇ ئىت ئۈستىدىلا بولغىلى تۇردى. بايا بىزنىڭ ئۆيدە بەختىياروپنىڭ ئىتىنى ماختاپ ھالى قالمىغان جېلىل پاچاق ئازىراق ئىچىۋېلىپلا بارىسنى يامانلىغىلى تۇردى:

— كاساپەت، خۇي-پەيلى تازىمۇ يامان ئىتكىنا بۇ! — دېدى جېلىل پاچاق، — مانا مەن ئىت بازىرىغا ئارىلىشىپ يۈرگەنىغۇ. مۇنداق يامان ئىتنى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن. خۇدايىم ساقلىسۇن، قىش كېلىپ، سوغۇق چۈشسە، مۇنداق يامان ئىتلار بىر باشتىن غالجىر بولغىلى تۇرىدۇ. مۇنداق ئىتنى ئېتىپلىۋېتىپ كۆزدىن يوقاتقان تۈزۈك...

«توۋا! — دېدىم ئىچىمدە، — ماۋۇ پاچاق ھېلىلا بىزنىڭ ئۆيدە: پىششىق تاماق يېگەن ئىت غالجىر بولمايدۇ، دەۋاتاتتى. ئەمدى دەپ ئولتۇرغان گېپىنى».

— شۇنىڭدىن ئەنسىرەپ، مانا سىلەرنى ئاۋارە قىلىپ ئولتۇرۇشۇمغۇ، — دېدى بەختىياروپ، — ئۇ بىر رۇمكا ھاراق ئىچىپلا شەلپەردەك قىزىرىپ كەتكەنىدى، — قېنى، سەيلەردىن ئېلىڭلار. ياق، ياق، ئۇكا، ماڭا ئارىلاپ بىرەر رۇمكا قۇيسىڭىزلا بولىدۇ. سىلەر بىلەن تەڭ ئىچەلمەيمەن.

— بوپتۇ، سىزنىڭ ئۆچرىتىڭىزنى مەن ئىچىۋېتەي، — دەپ بىر رۇمكا ھاراقنى گۇپپىدە قۇيۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى جېلىل پاچاق، — ھازىر

پۇل تاپقان خوجاملار ئۆيمۇ ئۆي ئىت باقىدىغان بولىۋالدى. ھۆكۈمەتنىڭمۇ كارى يوقمىكىن، خۇداغا ئامانەت! ئەگەر ئالجىر كېسىلى تارقىلىپ كېتىدىغان بولسا... سىلەر ئىت بازىرىغا بېرىپ باقمىدىڭلارغۇ دەيمەن؟ —

— توۋا، ھازىر ئىتلار ئۈچۈنمۇ مەخسۇس بىر بازار ئېچىلدىما؟ — دېدى بەختىياروپ ھەيران بولۇپ.

— بولمىسا، سىزنىڭ بۇ ئىتىڭىز نەدىن كېپقالغان؟

— ھە، بارسىنى دەمسىز؟ ئۇنى ماڭا ساقچىدا ئىشلەيدىغان بىر بۇرادىرىم ئەكىلىپ بەرگەن.

— مانا، ئىت بازىرىغا بارساڭلار قىزىقچىلىق دېگەننى شۇ يەردە كۆرۈسىلەر. ئىت باھاسىنىڭ كۈندىن كۈنگە ئۆرلەپ كېتىۋاتقىنىغا قاراپ: توۋا، جاھان نېمە بوپكېتىۋاتىدۇ، دەپ قالىسىلەر. ھەر چوڭ بايلار، پوزۇر كىيىنگەن بايۋەتچىلەر، كالپۇكىنى ئالۇچىدەك بويىۋالغان خېنىملار پۇل دېگەننى شاراقشىتىپ ساناپ، سېتىۋالغان ئىتلىرىنى پارقىراپ تۇرغان قوڭغۇز پىكاپلىرىغا سېلىپ غۇيۇلداپ ماڭسا، بىر سوم تۆلەپ خادىك ھارۋىغىمۇ چۈشەلمەيدىغان بىچارىلەر ھاڭۋېقىپ قاراپلا قېلىشىدۇ. شۇنىڭغا قاراپ: مۇشۇ كۈندە ئىتقا قارىغاندا، ئادەمنىڭ ھېچ ئېتىبارى قالمايۋاتامدۇ قانداق، دەپ قالىمەن... راستتە، ئىت بولساڭ، مۇشۇ كۈندە كوچىدا تەمتىرەپ يۈرۈدىغانمۇ ئىش يوق، ئىسسىق بىر ئۆيگە بارسەن، ئالدىڭغا قويۇپ بەرگەن سۈتنى ئىچىپ، سۆڭەكنى غاجىلاپ لاغايلاپ يۈرسەن. يات بىرەرسى كىرىپ قالسا ئانچە-مۇنچە قاۋاپ قويساڭ، باققان ئادىمىڭنى كۆرگەندە قۇيرۇقىڭنى شىپاڭشىتىپ ئەركىلەپ تۇرساڭ بولغىنى. نېمىدېگەن ئوبدان ئىش... مانا مەن ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپتىمەن، نەچچە يىل قاتراپ يۈرۈپ، جان باققىدەك تۈزۈك بىر ئىشنى تاپالماي، ئاخىرى پاچاقچىلىققا تۇردۇم. تاڭ يورۇماستىنلا كۆزۈمنى يىرتىپ ئېچىپ قۇشخانىغا يۈگرەيمەن. تاغاردا يۈدۈپ كەلگەن پاچاقنى ئۈكلەۋاتقان، تازىلاۋاتقان، تۇگمەسىلا بىر مۇشەققەت. ئاخىرىدا ئاشقان-تاشقان ئۇستىخانلارنى يىغىپ كېلىپ يەنە ئىت باقىمەن... ھاراقنىڭ ئۆچرىتى يەنە سىزگە كېپقالدى، بەختىياروپكا.

— مىنى سەل ئاياڭلار ئۇكا... بوپتۇ، ئەكىلىڭە قولىڭىزنى قايتۇرماي ئىچىۋېتەي.

— بەختىياروپ چىرايىنى پۈرۈشتۇرۇپ ھاراقنى يۇتۇپ، بىر چوكا سەي ئالدى-دە:

— ئۇكا، بىزنىڭ مۇشۇ بارسىنى سىز دېگەن ئاشۇ بازارغا ئاپارسا قانچىگە ئالار؟ — دەپ سورىدى.

«ھىم، توختىماي ۋالاقلاۋېرىپ يوق ئىشنى بەختىياروپنىڭ ئېسىگە سالدىڭ-دە پاچاق، — ئويلىدىم ئىچىمدە، — ئەمدى ئىتنى سېتىپ پۇلىنى بۆلۈشىدىغان ئىشىمۇ سۇغا چىلىشىدىغان بولدى.»

— ھويلىڭىزدىكى ماۋۇ ئىتنى دەمسىز؟ — دېدى جېلىل پاچاق، — مۇنداق ئىتنى ھازىر پۇلغا ئالامدۇ، ئاكا.

— نېمىشقا؟!

— مۇنداق ئاپشاركا باقىدىغان ئىش ھازىر مودىدىن قالدى.

— ھازىر قانداق ئىت باقىدىكەن؟

— ھازىر ئىت دېگەننىڭ كۆرۈنىشى قانچە غەلىتە بولسا شۇنچە پۇل بولىۋاتىدۇ... مانا مەن ئۆچرىتىمنى ئىچىۋېتىمەن ھە!... بازارغا بىر بېرىپ كۆرۈڭلار، دېگىنىم شۇغۇ. تۈكى يەردە سۆرۈلۈپ يۈرۈدىغان يۇڭلۇق ئىتلار، ئىلاندەك سىلىق تايغانلار، ئالا-چىپار بىرنېمىلەر، چەتنىڭ بۇرنىنى ئۇرۇپ ماكچايتىۋەتكەندەك غەلىتە ئىتلىرى، يەر بىلەن تەڭ ئۆمۈلەپ يۈرۈدىغان پىستىلەر... مانا، بارساڭلار ئاجايىپ-غارايىپنىڭ ھەممىسىنى شۇ يەردە كۆرۈسىلەر. ئاپشاركا دېگىنىڭىز ھازىر ئىتقا ھېسابمۇ؟!..

— ياق، ئۇكا، سىز ئىت تونۇمايدىكەنسىز، — دەپ سەل رەنجىگەندەك بولدى بەختىياروپ، — بايا دېدىمغۇ، بىزنىڭ بارس دېگەن ساقچى ئىتلىرىنىڭ نەسلىدىن.

— ياق، ياق، ئاكا، مانا مېنىڭ ئىت بازىرىغا ئارىلىشىۋاتقىنىمغا ئىككى يىلچە بولدىغۇ. بۇ ئىتىڭىزنى بازارغا ئاپىرىدىغان بولسىڭىز، قاراپمۇ قويمايدۇ. خەق دېگەن ئىتىڭىزنى سېتىۋېلىپ ئۆيگە ئاپىرىپ دېلو ئېنىقلىمايدۇ-دە!

— پاچىقى ئۈزۈن ئىتلارنىڭ بازىرى يوق دېگىنە؟ — دېدىممەن جېلىل پاچاق بىلەن بەختىياروپنىڭ تالاش-تارتىشنى چاقچاققا ئايلاندۇرماقچى بولۇپ. لېكىن جېلىل پاچاق «ياق، ياق» دەپ ئۆزىنىڭلا گېپىنى راست قىلغىلى تۇردى:

— ياق، ياق، ئاكا، پاچاققا قاراپ ئىت ئالىدىغان زامانلار ئۆتۈپ كەتتى. بازاردا پۇل بولىۋاتقان بەزى ئىتلارنىڭ جۈغىنىڭ كىچىكلىكىگە قاراپ: ئىت بىلەن مۈشۈكنىڭ ئارىلاشمىسىدىن بولغان بىرنېمىمۇ بۇ نېمە؟ دەپ قالىمەن. كۆزۈم بىلەنغۇ كۆرمىدىم، ئاڭلىسام، ھازىر چەت ئەللەردە ئادەمنىڭ بارمىقىچىلىك كېلىدىغان كىچىك ئىتلار بارمىش. پۇلى بار غوجاملار ئۇنى پۇل سالغان يانچۇقىغا باغلاپ قويغۇدەك... بەختىياروپكامنىڭ ماۋۇ ئىتنى ئەمدى سويۇپ تېرىسىنى ساتسا 10-20 كويغا ئالامدىكىن...

— ھېلىقى بارماقچىلىك ئىتىڭىزنى سويۇپ ساتسا، تېرىسىنى بىر تىيىنگىمۇ ئالماس!

— ئۇ بارماقچىلىك ئىت نېمە يەيدىكەن؟ — دەپ سورىدىممەن.

— ھەقىچان نان چايناپ بېرەمدىكىن! — دېدى بەختىياروپ.

— ياق، ياق، — دېدى جېلىل پاچاق، — ئۇنداق ئىتلارنىڭ يەيدىغان نېمىلىرىنى ساتىدىغان ئالاھىدە ماگىزىنلار بارمىش... يەنە نەدە دەيدۇ بىر يەردە بىر ئارال باركەن، ھېلىقى ئارالنىڭ ئىتلىرى ئاتتەك

يوغان بولارمىش. ئۆيەرنىڭ ئادەملىرى بۇ ئىتلارنى ئىگەرلەپ مىنىپ، بىكار تۇرماي ئوغلاق تارتقۇدەك. . . ئو-ئو-ئوغلاق تا-تا-تارتقۇدەك. . .

جېلىل پاچاق كېكەچلىگىلى تۇردى. نېمە بولدىكىن، دەپ بېشىمنى كۆتۈرۈپ قاراپ، مەنمۇ تۇرۇپلا قالدىم. ئۆينىڭ بوسۇغىسىدا پەردەك چىرايلىق بىر چوكان كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى.

- ئەسسالام، ياخشىمۇ سىلەر؟

- هوي، سىز تېخى ئۇخلىمىدىڭىزما؟! - دەپ چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى بەختىياروپ، - سىلەرگە تونۇشتۇرۇپ قوياي، بۇ مېنىڭ يېڭى ئايالىم بولىدۇ. ئىسمى. . . ئىسمى. . . - بەختىياروپ ئايالىنىڭ ئىسمىنى ئېسىغا ئالالمىدى، - ئىسمى. . . . هە، بۇ ئىنىلىرىمنى سىزگە تونۇشتۇرۇپ قوياي. ماۋۇ دوختۇر ئىنىمىز، روهىي كېسەللەر ساناتورىيىسىدە ئىشلەيدۇ. مېڭىسىنىڭ دەردى بار هەرقانداق ئادەمنى بىردەمدىلا ساقايتىدۇ. ماۋۇ ئىنىمىزنىڭ ئىسمى جېلىل، پاچاق ئېلىپ، پاچاق ساتىدۇ. . .

- ۋىيىيەي، نېمە دەيدىغانسىز!؟

- چۆچۈپ كەتتىڭىزمۇ؟ - دېدى بەختىياروپ، - ئادەمنىڭ پاچىقىنى ساتامدىكىن، دەپ قالدىڭىزمۇ قانداق؟ قوينىڭ پاچىقىنى پىشۇرۇپ ساتىدۇ، قوينىڭ.

- مۇنداق دەڭە، - دەپ كۈلۈپ كەتتى بەختىياروپنىڭ ئايالى، - يەنە سۇيۇق -سەلەڭ بىرنېمە قىلىپ بېرەيمۇ قانداق؟

- ياق، تاماق يېتەرلىك بولدى، ئاۋارە بولماڭ! - دېيىشتۇق.

- كۆڭلۈڭلار بىرنېمە تارتقۇدەك بولسا، تارتىنماڭلار، - دېدى بەختىياروپ،- بىردەمدىلا تەييار قىلىدۇ.

- رەهمەت، بۇ سىڭلىمۇ ئارام ئالسۇن!- دېدىم.

بەختىياروپنىڭ ئايالى:

- ئەمىسە، چېيىڭلارنى بىر يەڭگۈشلىۋېتەي! - دېدى-دە، يوتىسىنى تىزىمىزغا سۈركەپ تۇرۇپ بىر پىيالىدىن چاي قۇيۇپ چىقىپ كەتتى.

-پاھ، بەختىياروپكا، - دېدى جېلىل پاچاق، - ئىتتىن تەلىيىڭىز بولمىغىنى بىلەن، خوتۇندىن تەلىيىڭىز بارىكەن جۇمۇ!

- رەهمەت! - دېدى بەختىياروپ، - كۆڭلىڭىزگە كەلمىسۇن ئۇكا، سىزنىڭ مۇشۇ بارىس توغرىسىدىكى گەپلىرىڭىز تازا ئادىل بولمىدى جۇمۇ. بارىسمۇ ئۇنداق-مۇنداق ئىتلاردىن ئەمەس. بارىسنى ئۆلتۈرۈۋېتەيلى، دېگىنىمنىڭ سەۋەبىنى ئېيتسام، هەيي، دەپ كەلسەم گەپ تولا. . . توۋا دەيمەن، ئىشەنسەڭلار مۇشۇ بارىسنىڭ چىرايى بارغانسېرى رەهمەتلىك ئاكامغىلا ئوخشاپ قالغىلى تۇردى. . .

بۇ گەپنى ئاڭلاپ جېلىل پاچاق ئىككىمىز: نېمە دەيدىغاندۇ؟ دەپ بەختىياروپنىڭ ئاغزىغا قاراپلا قالدۇق.

- دادام رەهمەتلىك سودىگەرچىلىك قىلىپ يۈرۈپ ئانچە -مۇنچە پۇل تاپقان ئادەمكەن، - دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى بەختىياروپ، - لېكىن بىز دادىمىزدىن بەك كىچىك ئايرىلىپ قالغان. دادام هەج قىلىپ كېلەي، دەپ بىر كەتكەنچە قايتىپ كېلەلمىگەنىكەن. ئانام بېچارە دادامنى مانا كېلەر، ئەنە كېلەر، دەپ كۈتۈپ بىر ئۆمۈر تۇل ئۆتكەن. هازىر ئويلىسام، ئانام خېلى پۇختا ئايالكەن. ئۆي-بىساتنى بۇزۇپ-چاچماي، قولىدا بارنى تېجەپ خىراجەت قىلىپ، بىزنى قاتارغا قاتتى. ئاكامنى ئۆي-ئوچاقلىق قىلىپ، ئۆينى ئايرىپ قويدى. مېنى ئوقۇتتى، ياخشى يېگۈزۈپ، ياخشى كىيدۈرۈپ تەربىيە قىلدى. شۇنىڭ شاراپىتى بىلەن، مانا ئۆزۈڭلار بىلىسىلەر، هۆكۈمەتنىڭ كادىرى بولۇپ ئىشلىدىم. ئانامنىڭ ئۆلۈمىنى ئۆز قولۇمدا ئۇزاتتىم. لېكىن، شۇ ئاكامىزە، بىر ئۆمۈر ئىشى ئىلگىرى باسماي كەمبەغەلچىلىكتىلا ئۆتۈپ كەتتى. ئاكام رەهمەتلىك خوتۇنۇم رىنژۋانگۇلگە شۇنداق ئۆچتى. ئۇ خوتۇنۇمۇ ئاكام كەلگۈدەك بولسا چىرايىنى ئاچماي، بىرچىنە چايمۇ قويمايتتى. كېيىن ئاكا-ئۇكا ئىككىمىزمۇ بىر-بىرىمىزنى كۆرسەك ئىت-مۈشۈكتەك هۆرپىيىشىدىغان بولۇپ كەتتۇق. جاهان دېگەن شۇنداقكەن، بولمىسا بىر قورساقتا يېتىپ، بىر ئەمچەكنى تەڭ ئەمگەن قېرىنداشلار. نېمە گەپ دېسەڭلار، ئاكام قورسىقىدا، ئاتامدىن قالغان هەممە دۇنيانى ئەر-خوتۇن ئىككىمىز بېسىپ يېتىپ، ئۆزۈڭنىلا قىلمۇۋېلىشتىڭ، دېمەكچى. مەن: ئانام سېنى ئۆز ۋاقتىدا ئۆي-ئوچاقلىق قىلىپ چىقىرىۋەتكەن، هەققىڭ تۈگىگەن، دەيمەن. شۇ دەتالاش. مانا كۆردۈڭلار، ئاتامدىن قالغان قىل چاغلىق نەرسىنى تەۋرەتكىنىم يوق. هەممىنى تەۋەررۈك، دەپ ساقلاپ ئۆينىڭ چىرىغىنى ئۆچۈرمەي كېلىۋاتىمەن. لېكىنزە، شۇ كەمبەغەللىنى بىرەر قېتىم بولسىمۇ چاقىرىپ، ياخشى گەپ قىلىپ: «كەل، ماۋۇ بىر چىنە چاينى بولسىمۇ تەڭ ئىچەيلى» دېمەپتىمەن. شۇڭا بېچارە ئاكام: «ئەر-خوتۇن ئىككىسىنى بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن» دەپ ئاچچىقلاپ يۈرۈپلا ئۆزى ئۆلۈپ كەتتى. يەنە ئۇرۇق-تۇغقان دېگەن تۇرۇپلا ئادەمنىڭ ئېسىگە كېپقالىدىكەن. بىر-ئىككى ئاينىڭ ئالدىدا بىر چۈش كۆرۈپتىمەن. چۈشۈمدە ئاكام قاپىقىنى تۈرۈپ دېۋەيلىگىنىچە ئالدىمدا تۇرغىدەك، بىر تۇرۇپ، ئاكام ئەمەسكەن، بارىسكەن، دېگۇدەكمەن. بارىس چىشلىرىنى هىڭگايتىپ، خىرىس قىلىپ تۇرغۇدەك. چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم. تاڭ ئېتىپ كېتىپتۇ. ماۋۇ يېڭى ئايالىم تالاغا چىقالماي ئىشىكنىڭ ئالدىدا تۇرۇپتۇ. ئورنۇمدىن تۇرۇپ قارىسام، بارىس بوسۇغىدىلا خوددى چۈشۈمدە كۆرگىنىمدەك خىرىس قىلىپ تۇرۇۋاپتۇ. زەڭ سالسام، بارىسنىڭ چىرايى رەهمەتلىك ئاكامنىڭ چىرايىغا شۇنداق ئوخشاپ

قاپتۇكى، بەدەنلىرىم تىكەنلىشىپ كەتتى. . .

جېلىل پاچاقنىڭ سەل ئىچى پۇشتىمۇ:

- كۆزىڭىزگە شۇنداق كۆرۈنگەندۇ، بەختىياروپكا، - دەپ ئۇنىڭ گېپىنى بۆلىۋەتتى، - ئۆلگەن ئادەمنىڭ روھى ئانچە-مۇنچە دۇئا تەلەپ قىلىپ قالىدۇ، دېگەن گەپ بار. ئاكىڭىزنىڭ تولا چۈشىڭىزگە كىرىشى شۇنىڭدىنمىكىن. تىرىكىدە ھالىدىن خەۋەر ئالالمىغان بولسىڭىز ھېلىھەم بولسىمۇ ئانچە-مۇنچە ياغ پۇرىتىپ، سەدىقە-پەدىقە بېرىپ، ئاكىڭىز ئۈچۈن دۇئا قىلدۇرۇپ قويۇڭ. روھى بولسىمۇ خۇش بوپقالىدۇ. . . ھاراق كىمگە كەلگەنتا؟

- ۋاقتىمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالدى، - دېدىمەن، - ھاراقنى ئىچىۋېرىپ ئىتنى ئاتىمىز، دەپ يەنە باشقا بىر نېمىنى ئېتىپ قويمايلى، قويۇپ ئىشىمىزنى پۈتتۈرمەيلىمۇ.

- شۇنداق قىلامدۇق؟ - دەپ ئورنىدىن تۇردى بەختىياروپ، - ئەمىسە سىلەر بىردەم ئولتۇرۇپ تۇرۇڭلار، مەن ئىتنى ئەپچىقىپ باغلاپ قويۇپ كىرەي.

- زەنجىرنى قىسقىراق قىلىپ باغلاڭ-ھە! - دېيىشتۇق.

- بۇ، غەلىتە بىر ئادەمكىنا! - دېدى جېلىل پاچاق بەختىيارۇپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، - ئىتىڭىزنىڭ چىرايى ئاكاڭغا ئوخشاپ قېلىۋاتقان بولسا، ئاكاڭغا تىرىك ۋاقتىدا قىلالمىغان ياخشىلىقنى شۇ ئىتقا قىلىپ، ئوبدان بېقىپ ساۋابىنى ئالمامسەن، خوتۇنۇڭغا خىرىس قىلدى، دەپمۇ ئۇنى ئاتماقچى بولغان بارمۇ! ؟ . . . يېقىندىن بېرى مۇشۇنداق جېنى تومشۇقىغا كېلىپ قالغان قېرىلارغا تېگىشىپ، ئېرى ئۆلگەندىن كېيىن مىراس قالغان مال-دۇنيانى بۇزۇپ-چېچىپ، ئۆيىنى ئۆينايدىغان خېنىملار كۆپىيىپ قالدى. قاراپ تۇرۇڭ، ياخشى كۈننىڭ يامىنى بولۇپ بەختىياروپنىڭ كۆزى يۇمۇلسۇنا، ئۇنىڭ ئاكىسىدىن قىزغىنىپ يىغقان دۇنيالىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ توپىسىنى مۇشۇ خوتۇن سورۇمىسا. . . ئىتنى راستلا ئېتىپ قويماڭ-ھە، بەختىياروپنىڭ ئاكىسىنى ئاتقاندەك بولۇپ قالىسىز. . .

«نېمە دەيدىغاندۇ ماۋۇ پاچاق» دەپ ئويلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدىم. بىرھازادىن كېيىن بەختىياروپ كىرىپ كەلدى.

- ئەمدى يۈرۈڭلار! - دەپ بىزنى باشلاپ كوچىغا ئېلىپ چىقتى ئۇ.

تالادا كۈز كۈنلىرىنىڭ سالقىن ئايدىڭ كېچىسى ھۆكۈم سۈرۈۋېتىپتۇ. مۇزدەك ھاۋانى قېنىپ ئىچىمگە سۈمۈردۈم. ئوچۇقچىلىقلار، تۇتاش كەتكەن ئۆگزىلەر ئاي نۇرىدا يورۇپ تۇرۇپتۇ. ئالدىمىزدا ئېگىز سۇۋادان تېرەكلەرنىڭ سايىسى بىلەن قاراڭغۇلىشىپ تۇرغان كوچا سوزۇلۇپ ياتاتتى. كېچىنىڭ جىمجىتلىقىدا ئېرىقتىكى سۇلارنىڭ شىلدىرلاشلىرىمۇ ئېنىق ئاڭلىناتتى. ئۇنىڭ بۇ مۇقەددەس جىمجىتلىقىنى بارسىنىڭ توختىماي ھاۋشىغان ئاۋازىلا بۇزۇپ تۇراتتى.

- ئاۋۇ تەرەپكە مېڭىپ ئېتىزلىققا چىقساڭلار، بارسنى ئېرىق بويىدىكى سۆگەتكە باغلاپ قويدۇم. ئەنە، ئاۋازىنىمۇ ئاڭلاۋاتقانسىلەر؟ . . . توۋا، تۇرۇپلا كۆڭلۈم بۇزۇلىۋاتىدۇ! . . . ئەمىسە، خۇشلاشقىنىم مۇشۇ بولسۇن. خۇداغا ئامانەت، مەن كىرىپ كەتتىم! - دەپ بەختىياروپ دەرۋازىنى تاراققىدە ئېتىپ كىرىپ كەتتى.

بىز نېمىلەرگىدۇر پۈتلىشىپ، زىرائەتلىرى يىغىۋېلىنغان ئېتىزلىققا چىقىپ قالدۇق. نېرىراقتا شاخلىرىنى ئەتراپىغا يېيىپ ئۆسكەن بىر توپ سۆگەت ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. سۆگەت تەرەپتىن بارسىنىڭ قەھرى بىلەن ھاۋشىغان ئاۋازى كېلەتتى. جېلىل پاچاق ئىتنىڭ قېشىغا يېتىپ بېرىشى بىلەنلا، «پاڭ-پۇڭ» قىلىپ ئاسمانغا بىر-ئىككى پاي ئوق ئاتتىم-دە، مەنمۇ كەتتىم.

* * *

ئەتىسى سەھەردە كىمدۇر بىرىنىڭ دەرۋازامنى ئەنسىز تاراقشىتقىنىدىن ئويغىنىپ كەتتىم. چىقىپ قارىسام جېلىل پاچاق، چىرايى بىر قىسمىلا.

- نېمە بولدى! ؟ - دېدىمەن.

- ئاكا، ئاخشام. . . ئاخشام . . . ئاخىرىدا نېمە ئىشلار بوپكەتتى، بىلدىڭىزمۇ؟ - دېدى ئۇ.

- نېمە ئىش بولاتتى، مەن ئاسمانغا قارىتىپ بىر-ئىككى پاي ئوق ئاتتىم. سەن ئىتنى يېشىۋېلىپ ماڭدىڭ. ھە، مېنى مەست بولۇپ قالدى، دېدىڭما؟ ! - دېدىم.

- توغرا، سىز «ۋاڭ-ۋۇڭ» لاقىلىپ ئوقىڭىزنى ئېتىۋېتىپ خاتىرجەم كەتتىڭىز. مەن ئىتنى ئوبدان نوختىلاپ، زۇۋانىنى ئۈچۈرۈپ ئېپماڭدىم. كېتىۋاتىمەن، كېتىۋاتىمەن. بۇ ئېتىزلىقتىن مەھەللىگە كىرىپ كېتىدىغان كوچىنىڭ ئېغىزىنى ھېچ تاپالمايمەن. پۈتۈن بەدىنىمنى سوغۇق تەر بېسىپ كېتىۋاتىدۇ. «نېمە بولدۇم، مەست بولۇپ قالدىممۇ نېمە؟ ! » دەيمەن. بىر چاغدا، قۇلىقىمنىڭ تۈۋىدىلا: «مېنى نەگە ئاپىرىسەنوي! » دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. چۆچۈپ ئارقامغا قارىسام، «نېمىنىي كۆردۈڭ ؟ » دېمەمسىز، يوغان بىر ئادەم. . .

- نېمە؟

- يوغان بىر ئادەم كەينىمدىن ئەگىشىپ كېلىۋېتىپتۇ. قولۇمدىكى زەنجىرنىڭ بىر ئۇچى ئۇنىڭ بوينىدا تۇرىدۇ. قورققىنىمدىن زەنجىرنى تاشلاپ بەدەر قاچتىم. كېچىچە ئۇخلىيالمىغان بولسام، ئېغىز-بۇرنۇمغا چىقىپ كەتكەن ماۋۇ ئۈچۇقلارنى قاراڭ! . . .

«ماۋۇ پاچاق مېنى ئەخمەق كۆرۈۋاتامدۇ، قانداق؟ - دەپ ئويلاپ قالدىم ئىچىمدە، - ئىتنى سېتىپ يېرىم پۇلىنى بەرمەسلىكنىڭ قازىنىنى

ئېسىپ تاپقان گېپىنى قارا! »
- توۋا، ئەجەب ئىش بوپتۇ-ھە، ئۇكا؟ . . . -دېدىمدە، دەرۋازىنى غىيىيدە يېپىپ كىرىپ كەتتىم.

شۇ كۈنلەردىن باشلاپ بەختىياروپ كۆزۈمگە باشقىچە بىر ئادەم بوپقالغاندەك كۆرۈنىدىغان بوپقالدى. بىر كۈنى ئۇنى كوچىدا ياقىسى كىرلىشىپ كەتكەن كۆڭلەكنىڭ ئۈستىگە پۇرلىشىپ كەتكەن گالستۇكنى باغلىۋالغان ، ساقال-بۇرۇتلىرىنى ئالمىغان ھالەتتە ئۇچرىتىپ قالدىم.

- ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، بەختىياروپكا، ئەھۋالىڭىز قانداقراق؟- دەپ كۆرۈشتۇم.

- ئەھۋال سورىغىنىڭىزغا رەھمەت ئۇكام، ئەھۋالىمنى تازا ياخشى دەپ كەتكىلى بولمايدۇ،-دېدى ئۇ.

- نېمە بولدى؟

- مانا قاراڭ،- دېدى بەختىياروپ ، - سىلەر كەتكەن كۈندىن باشلاپ ماڭا تۈزۈك ئۇيقۇ يوق. ھەر كۈنى يېرىم كېچىدە بىرسى كېلىپ دەرۋازىنى تاتلاپ تىرىقشىتقاندەك قىلىدۇ. «ھەقىچان شۇ بارىس بولسا كېرەك» دەپ چىقىپ دەرۋازىنى ئاچاي دېيىمەن، قورقۇنچ بېسىپ زادى ئورنۇمدىن تۇرالمايمەن. ئاخىرى بىر كۈنى غەيرىتىمگە ئېلىپ، قوپۇپ دەرۋازىنى ئاچتىم. قارىسام راستىنلا بارىسكەن.

- نېمە دەيدىغانسىز، بىز بارىسنى ئېتىۋەتمىگەنمىدۇق!

- مەنمۇ شۇنىڭغا ھەيران. قارىسام بارىس. ئىككى پۇتىدا تىككىدە بولۇپ ئۇرە تۇرۇپتۇ. . .

بەختىياروپنىڭ ئېيتىشىچە: ئېغى بارىس ئۇنىڭغا قولىنى سۇنۇپ كۆرۈشۈپمۇ كېتىپتۇدەك. بۇ - ھېلىقى بىز ئىت ئاتقىلى چىققان كۈندىكىدەك ھەممە ئۇيقۇغا چۆمگەن خىلۋەت كېچە ئىكەن. ئۇلار بىر-بىرىنىڭ بوينىغا قولىنى تاشلىشىپ جىمجىت كوچىدا خېلىغىچە مېڭىپتۇ. ئازىراق چىراغ يورۇقى بار يەرگە كەلگەندە بەختىياروپ تازا زەڭ سېلىپ قارىسا، يېنىدا بارىس ئەمەس، ئاكىسى تۇرغۇدەك، ئويغانسا چۈشىمىش. . .

- ھەي بەختىياروپكا، ئۆزىڭىز ياخشى كۆرۈپ باققان ئىت ئەمەسمۇ، سېغىنىپسىز-دە! - دېدىم.

- شۇنداقمىكىن. . . ھە، يەنە نېمە دېمەكچىدىم، ئۇنتۇپ قالدىم. . . خەير، سالامەت بولۇڭ، ئۇكا، - دەپ مېڭىپ كەتتى بەختىياروپ.

شۇ كۈنى جېلىل پاچاقنى كوچىدا كۆرۈپ، ۋارقىراپ توختىتىۋالدىم. بىر چەتكە تارتىپ:

- جېلىل ئۇكا، بەختىياروپنىڭ ئىتىنى ئۆيۈڭگە ئاپىرىۋېلىپ دېلو ئېنىقلاۋاتامسەن، قانداق؟ - دېدىم.

- بۇ-بۇ-بۇ، نېمە دېگىنىڭىز؟ - دېدى ئۇ دۇدۇقلاپ.

- سەن مېنى ئانچە ئەخمەق كۆرمە، - دېدىممەن، - ئىتنى ئېپكېتىۋاتساڭ ئىت ئادەمگە ئايلىنىپ: «مېنى نەگە ئاپىرىسەنوي!» دەپ ۋارقىراپتۇدەك، سەن ئۇنى تاشلاپ قېچىپتۇدەكسەن. ئۆزۈڭچە مۇشۇ گەپكە ھەق ئىشىنىدۇ، دەپ ئويلاۋاتامسەن؟ . . . بارىس ھەركۈنى كېچىدە كېلىپ بەختىياروپنىڭ دەرۋازىسىنى تاتلاپ ئارامىنى قويمايۋاتقۇدەك. ئىتنى سېتىپ ماڭا بېرىدىغان پۇلۇڭنى چېكەڭگە تاڭ. ياخشىسى ئىتنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بەر. بەختىياروپ ئىتنى تولا ئويلاۋېرىپ سارالڭ بولاي دېگىلى تۇرۇپتۇ.

- ئۇ ئىتنى مەن نەدىن تېپىپ بېرىمەن؟ . . . ئەستاغپۇرۇللا، مەن بۇ ئىشقا ئارىلىشىپ قالغان گوي بولغاندىكىمەن، بوپتۇ. مەن بەختىياروپقا باشقا بىر ئىت تېپىپ بېرەي. . .

يەنە بىر كۈنلەردە بەختىياروپ بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ:

- ئەسسالامۇئەلەيكۇم بەختىياروپكا، ئاڭلىسام جېلىل پاچاق سىزگە چەت ئەلنىڭ ياخشى بىر ئىتىنى ئاپىرىپ بېرىپتۇدەك، ئۆيگە ئۆگىنىپ قالدىمۇ؟ - دەپ سورىدىم.

- ۋاي قويۇڭ دوختۇر ئەپەندىم، - دېدى بەختىياروپ ، - ھەرنېمە بولسا ئۇ ئىنىمىزنىڭ كۆڭلىگە رەھمەت. ئىت دەپ يەر بېغىرلاپ ماڭىدىغان بىر نېمىنى كۆتۈرۈپ كەپتۇ. مەندىن بۇرۇن ئايالىم چىقىپ قولىدىن ئالدى. ئىككىسى بىردەمدىلا ئاپاق-چاپاق بولۇپ پومداقلىشىپ كەتتى. ھويلىدا خوتۇن ئېتىپ بەرگەن تاماقلارنى يەپ لاغىلاپ يۈرىدۇ. يە تۈزۈك بىر قاۋسا كىمنىڭ دەردى. ئالمىنىڭ شېخىدىن بىر تال ئالما توككىدە قىلىپ يەرگە چۈشسىمۇ قورقىنىدىن بەدەر قېچىپ كاتىكىگە كىرىۋالىدۇ. شۇمۇ ئىت بوپتۇمۇ! ؟ . . . ئۇنىڭ ئۈستىگە ماۋۇ بىزنىڭ يېڭى خوتۇننىڭ زاڭلىقىنى دېمەمسىز ، ياسىنىپ-تارىنىپ، شۇ ئىتنى زەنجىرلەپ بىر يېتىلەپ چىقىپ كەتسە، قاراڭغۇ چۈشكەندە بىراقلا ئۆيگە كېلىدۇ. ۋاي گەپ قىلماڭ، بۇمۇ بىر يېڭى چىققان مودىمىش!

بىر كۈنى ئۆيدە دەم ئېلىپ ئولتۇراتتىم، دەرۋازا «غاچ» قىلىپ ئېچىلغاندەك بولدى. دەرىزىدىن قارىسام بەختىياروپ كىرىپ كېلىۋېتىپتۇ. «يەنە نېمە ئىش بولغاندۇ؟» دەپ ئالدىغا چىقىپ، ئۆيگە باشلاپ كىردىم. ئۇنىڭ ئەمدى ھويلىمىزدىكى قالايمىقانچىلىق، ئاپتاپتا تۇرۇپ قالغان ۋەلسىپىتلارغا قارىغۇچىلىكى قالمىغانىدى.

- ئورۇنسىز ۋاقىتتا كېلىپ سىزنى بىسەرەمجان قىلمىغاندىمەن؟ - دېدى بەختىياروپ خىجالەت ئارىلاش بىرقىسما جىلمىيىپ.

- ياق، ياق، قېنى ئولتۇرۇڭ، - دېدىم،- چاي قىلسۇنمۇ؟

- ئۆزاق ئولتۇرمايمەن، رەھمەت. بىر-ئىككى ئېغىزلا گەپ، - دېدى بەختىياروپ ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇرۇپ،- كۆزۈمگە شۇنداق كۆرۈندىمۇ بىلمىدىم، تۈنۈگۈن مەن كوچىدە نەق بارىسنىڭ ئۆزىنى كۆردۇم.

- كوچىدا دەمسىز؟

— ھە، چوڭ كوچىدا.

— ھەرقانچە بولسىمۇ بارس تىرىلىپ قالمىغاندۇ، باشقا بىر ئىتنى ئوخشىتىپ قالغانسىز؟

— مېنىڭچە، بارسنىڭ ئۆزى. كۆرۈپلا يۈرىكىم قارتتىدە قىلىپ قالدى. ناتونۇش بىر ئادەم يېتىلەپ كېتىۋېتىپتۇ. ئۇستىگە چۇچىلارنى تۇتقان يوپۇقلارنى يېپىپ، بويىنىغا ئۇششاق قوڭغۇراقلارنى ئېسىپ، قۇيرۇقىغا رەڭلىك لېنتىلارنى چېگىپ، ئالامەت ياسىۋېتىپتۇ. ئۇنىڭغا قاراپ: «بىزنىڭ بارسقۇ، بۇ!» دېيىشكە تىلىممۇ بارمىدى. كوچىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا ھەۋەس قىلىپ قاراپ كېتىشىپتۇ. بارس بېشىنى تىك تۇتۇپ، گېدەيگىنىچە ھېلىقى ئادەمگە ياندىشىپ كېتىۋاتىدۇ. ھەتتا ماڭىمۇ قاراپ قويمىدى، قاراڭ.

— سىز ئۇنى شۇنچە باققان تۇرسىڭىز، تونۇمىغانمىدۇ؟

— ماڭا ئاچچىقى بار-دە!

— نېمە ئاچچىقى بولىدۇ؟... ھەي ي... سىز باشقا بىر ئىتنى ئوخشىتىپ قالدىڭىزغۇ دەيمەن؟

— ياق، يۈرىكىم تونۇپ تۇرىدۇ. نەق بارسنىڭ ئۆزى. نېمە ئاچچىقى بار، دېسىڭىز، مەن ئۇنى ئاتقۇزۇۋەتمەكچى بولۇپ، سىلەرنى ئۆيگە باشلاپ باردىم-دە!

— قويۇڭە، ئىت بۇنى قانداق بىلىدۇ؟

— بۇ، ئىت ئەمەس، مېنىڭ ئاكام-دە!... ئۇنىڭ چىرايى ئاكامغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشاپ تۇرسا، مەن ئۇنى ئەتىۋارلاپ باقماقتا يوق، ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولغان تۇرسام... بەلكىم ئۇ شۇكۈنى بىزنىڭ ئۆيدە قىلىشقان گەپلىرىمىزنى ھويلىدا تۇرۇپ ئاڭلىغاندۇ. ۋاھ، بىزنىڭ بۇ بارس شۇنداق ھوشيار دەڭە.

— ماقۇل، شۇنداقمۇ بولسۇن دەيلى، بارسنى يېتىلەپ كېتىۋاتقان ئادەمنىڭ ئۆزى كىمكەن؟ ئۇنىڭ قولىغا بارس قانداق چۈشۈپ قاپتۇ؟

— مەنمۇ بىلمىدىم، — دېدى بەختىياروپ، — يۈزۈمنى قىلىن قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ مېڭىپ باقتىم. ئۇلار بازارنى ئارىلاپ خېلى ماڭدى. ھېلىقى ئادەم قانداقتۇر بىر دۇكانلارنىڭ ئالدىدا توختاپ، بىر نېمىلەرنى سېتىۋالغان بولدى. شۇ پۇرسەتتە مەن ئۇلارغا يېقىنلىشىپ بېرىپ، بارسقا سۈركىلىپ ئۇياق-بۇياقتا ئۆتۈپمۇ باقتىم. ياق، ئۇ ماڭا قارايدىغاندەك ئەمەس. نەق ئاكامنىڭ ئۆزى. ئاكامنىڭ ئاشۇنداق ئاداۋىتى كۈچلۈك بولىدىغان... ئۇلار بازاردىن چىقىپ يەنە بىر ئۇزۇن كوچا بىلەن ماڭدى. ئاندىن بىر تار كوچىغا بۇرۇلدى. ئۇ يول بىلەن چوڭ كوچىغا چىقىپ، يەنە بىر تار كوچىغا كىرىپ كەتتى. شۇ يەردە قەۋەتلىك بىر بىنانىڭ ئالدىغا كېلىپ غايىب بولۇشتى. بىنانىڭ ئالدىغا بارسام ئىشىكى ئاپتوماتىك ئېچىلىدىغان تۆمۈر ئىشىك ئىكەن. قۇلۇپنىڭ سان-سىفىرلىرىنى تەۋەككۈلگە بېسىپ، خېلى ھەپىلىشىپمۇ ئاچالمىدىم. يا بىرەرسى چىقمىدى. ئىشىك ئالدىدا ئەگىپ يۈرسەم، يۇقىرىدىن بىرسى: ھوي ئادەم، سىزگە كىم كېرەك؟ دەپ ۋارقىرىدى. بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام ئۈچىنچى قەۋەتنىڭ دەرىزىسىدىن بىر كالا بېشىنى چىقىرىپ، ماڭا قاراپ گەپ قىلىۋېتىپتۇ...

— نېمە دېدىڭىز!؟

— كالا دەۋاتىمەن. مۈڭگۈزى بار كالا. ئاياللار چاتىرىقىغا بېشىنى تىقىۋېلىپ سۈتىنى ساغىدىغان سىيىرنىڭ نەق ئۆزى. كۆزىدە كۆزەينەك، قولىدا يىپ-يىڭنە، تېخى يوغان ئەمچىكىگە بىر ئەپچىل لىپتىكمۇ تاقىۋاپتۇ. قورققىنىمدىن ئارقا-كەينىمگە قارىماي قاچتىم. بۈگۈن ئەتىگەن بېرىپ ھېلىقى بىنانى زادىلا ئىزدەپ تاپالمىدىم.

بەختىياروپنىڭ بۇ گەپلىرىنىڭ قانچىلىكى راست، قانچىلىكى يالغانلىقىغا ئەقلىمنى يەتكۈزەلمەي پىكىرلىرىم قالايمىقانلىشىپ كەتتى. «ھەي، مۇشۇ ئادەممۇ ئاز كۈندىن كېيىن بىزنىڭ روھىي كېسەللەر ساناتورىيىسىگە بېرىپ قالامدۇ، قانداق!؟» دەپ ئويلاپ قالدىم ئىچىمدە. شۇ كۈندىن باشلاپ بەختىياروپ بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشتىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇدىغان بوپقالدىم.

ئارىدىن يەنە قانچىلىك ئۆتتى، ئۇقمايمەن. بىر كۈنلەردە مەھەللىدە: «جىبىلىل پاچاق ھەركۈنى كەچلىكى بەختىياروپنىڭ دەرۋازىسىنى ئەگىپ كەتمەيدىكەن. ھەقىچان بەختىياروپنىڭ ياش خوتۇنىغا قانات سۆرەپ يۈرەمدىكىن، بازارغا پاچاق ئەپچىقىپ ساتىدىغان ئىشتىنىمۇ قاپتۇ. خوتۇنى: — سەن ئىش-ئوقىتىڭنىمۇ تاشلاپ، ھەر كۈنى كەچلىكى نەگە يوقاپ كېتىۋاتىسەن؟ — دەپ جېدەل قىلىپ يۈرگۈدەك...» دېگەن گەپلەر پەيدا بوپقالدى. جىبىلىل پاچاقتا قاتتىق بىر-ئىككى ئېغىز گەپ قىلماقچى بولۇپ ئۆيىدىن چاقىرىپ چىقتىم. ئېرىق بويىدا ئولتۇرۇپ پاراڭلاشتۇق.

— ئۇكا، بەختىياروپنىڭ ئايالى يانپېشىنى تىزىڭغا يۆلەپ تۇرۇپ چاي قۇيغاندا، خېلى ئوبدان ئىسسىق ئۆتۈپ قالغان چېغى-ھە! — دېدىم.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ — دېدى ئۇ ماڭا ئەندىككەندەك قاراپ.

— ئاڭلىسام، كېچە-كېچىلەپ بەختىياروپنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدىن كېتەلمىگۈدەكسەنغۇ؟

— ھە! — دېدى جىبىلىل پاچاق پەرۋاسىزلا، — ھەممە ئىشقا سەۋەبچى بولغان ئۆزىڭىز...

— مەن؟!

— بولمىسا، مېنىڭ بەختىياروپ بىلەن نېمە باردى-كەلدىم بارتتى؟... ئۇنىڭ ئۆيىگە ئۆزىڭىز باشلاپ باردىڭىز. بارس ھەركۈنى يېرىم كېچىدە كېلىپ، بەختىياروپنىڭ دەرۋازىسىنى تىرىقشىتىپ ئارام بەرمەيۋاتقۇدەك، دېگەن گەپنى قىلغانمۇ ئۆزىڭىز. شۇنىڭ بىلەن مەن: «بۇ قانداق گەپ بوپكەتتى؟» دەپ بىر كۈن ئويلاندىم. يېرىم كېچىدە

بەختىياروپنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا ماراپ تۇرسام، بارىس راستىنلا پەيدا بوپقالدى. ئەپلەپ تۇتۇۋالدىم. ئۆلتۈرۈۋېتىپلا كۆزدىن يوقىتاي دېگەنتىم، يەنە قولۇم بارمىدى. بۇ ئىت ئەمەس تاراقلاپ تۇرغان پۇل-دە، ئاكا! . . . يىراق بىرگە يەرگە ئېپكېتىدىغان ئادەمنى تېپىپ ساتتىم. ئەمدى قانداق بولغاندۇ؟ . . . دەپ قىزىقىپ يەنە بىر كۈنى يېرىم كېچىدە بەختىياروپنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا بارسام، ئىت شۇ يەردە ئەگىپ يۈرۈپتۇ. يەنە تۇتۇپ، يەنە ساتتىم. سىز بىلمەيسىز، ئاكا، مۇنداق ياخشى ئىتلار كۆڭۈل قويۇپ باققان ئادىمىنىڭ ئۆيىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايدۇ. مانا مەن ھازىر شۇ ئىش بىلەن ئالدىراش. كۈندۈزى قېنىپ ئۇخلايمەن، كېچىسى بېرىپ بارىسنى تۇتىمەن؛ بۈگۈن ماۋۇ بازاردا ساتسام، يەنەبىر قېتىمدا باشقا بىر يەردىكى بازارغا ئاپىرىپ پۇل قىلىمەن. توۋا دەيمەن، بۇ ئىت جىق تۇرسا بارغان ئۆيدە ئىككى كۈندىن ئوشۇق تۇرمايدۇ. قانداق قېچىپ چىقىدىغىنىغا ئۆزۈمنىڭمۇ ئەقلى ھەيران. يېڭى ئىگىسى ئۇنىڭ بىلەن ئوبدانراق تونۇشۇپ، ئۆگىنىشىۋالغىچە ئىت بەختىياروپنىڭ ئىشىكى ئالدىدا پەيدا بوپقالىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ چېنىپ قالمىسۇن، دەپ، بىر قېتىمدا بوينىغا قوڭغۇراق ئېسىپ ساتتىم، بىر قېتىمدا ئۇستىگە يوپۇق ياپتىم، يەنە بىر قېتىمدا قۇيرۇقىغا لېنتا تاقىدىم. ئالدىنقى كۈنى ئۇنىڭ بىر قۇلىقىنى كېسىپلىۋەتتىم. بۇ ئىتنى تونۇيالماي ئىككى قېتىم سېتىۋالغان ئاغىنىلەرمۇ بارغۇ، دەيمەن. شۇ ئالدىراشچىلىقتا ھازىر پاچاق ساتىدىغانغا نەدە چول. بارىسنى بۇدا تۇتىدىغان بولسام تۈكلىرىنى بۇدۇرلا قىلغۇزۇۋېتەيمىكىن، دەۋاتىمەن. ئاكا، سىز سەل تەخىر قىلىڭ-ھە، - دەپ قۇلىقىمنىڭ تۈۋىگە كېلىپ پىچىرلىدى ئۇ، - ھەقىچان ماۋۇ پاچاق ئىت ساتقان پۇلدىن ماڭمۇ بېرىمەن، دېگەندەك قىلىۋاتتى، پۇلنى كۆرۈپ كۆزى قىزىرىپ ۋەدىسىنى ئۇنتۇدىمۇ نېمە؟ دەۋاتقانسىز، كۆڭلۈمدە بار. ھازىر ئوقەتنىڭ تازا قىزىۋاتقان ۋاقتى. بىر كۈنى ئالدىڭىزغا ئىزدەپ بېرىپ ئوبدان رازى قىلىمەن. خەير، ئەمىسە گەپ شۇنداق بولسۇن - ھە! . . .

جېلىل پاچاق شۇنداق دېدى-دە، ئالدىراش ئۆيىگە ماڭدى. «نېمە گەپ بوپكەتتى ئۆزى! ؟» دەپ ئارقىسىدىن قاراپلا قالدىم.

* * *

جېلىل پاچاقنىڭ بارىسنى تەكرار سېتىپ زادى قانچىلىك پۇل تاپقىنىنى بىلمەيمەن. ئەمما شۇ كۈنلەردە بەختىياروپقا بىردىنلا قېرىلىق يەتكەندەك بولۇپ، چاچلىرى ئاپئاق ئاقىرىپ دائىم مايلاپ قويغاندەك پاقىراپ تۇرىدىغان مەڭزىلىرىنىڭ قېنى قاچتى. قىش كېتىپ باھارغا ئۇلاشقاندا بۇ ئادەم ئالەمدىن ئۆتتى. جېلىل پاچاق ھەممىنى ھەيران قالدۇرۇپ، بېلىگە ئاق باغلاپ، خۇددى يېقىن قېرىندىشىغا ھازا ئاچقاندەك بۇقۇلداپ يىغلاپ، ئۇنىڭ تاۋۇتى ئەتراپىنى ئاۋات قىلدى. بەختىياروپ خۇددى ئۆزىنىڭ پات ئارىدا ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلىدىغىنىنى بىلىدىغاندەك، مەرھۇم ئايالى رىزۋانگۇلنىڭ قەبرىسى يېنىغا بىر يەرلىكنى كولىتىپ قويغانىكەن. جامائەت ئۇنىڭ ياخشى گېپىنى قىلىپ شۇ يەرگە دەپنە قىلدۇق. ئۇ چاغدا، يەنە بىرنەچچە كۈندىن كېيىن جېلىل پاچاقنىمۇ ئاچچىقىپ بۇ يەرگە كۆمىدىغانلىقىمىز ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كىرىپ چىقمايتتى.

شۇ كۈنى جېلىل پاچاق بارىسنى تۇتىۋېلىپ، ئۇنىڭ يەنە بىر قۇلىقىنىمۇ كەسمەكچى بولغانىكەن. قانداق قىلغان، ئىت تۇمشۇقىغا تارتىپ قويغان نوختىدىن بېشىنى چىقىرىۋېلىپ جېلىل پاچاقنى تالاپ، گۆرەن تومۇرىنى ئۈزۈۋېلىۋېتىپتۇ، دوختۇرخانىغا ئاپىرىشقا ئۈلگۈرمەيلا قانسىراپ ئۆلدى. ساقچىلار بارىسنى ئېتىپ ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ شۇنچە ئىزدەپمۇ تاپالمىدى.

ئارقا-ئارقىدىن يۈز بەرگەن بۇ ۋەقەلەر بەختىياروپنىڭ تۇل قالغان خوتۇنىغا باشقىچە تەسىر قىلدىمۇ، بىر كۈنلەرگە كەلگەندە مەھەللىدە: بەختىياروپنىڭ ئايالى قورۇ-جاينى ساتماقچى بولۇۋېتىپتۇدەك، دېگەن گەپ تارقالدى. بۇ گەپنىڭ راست-يالغىنىنى بىلىپ باقماقچى بولۇپ، بەختىياروپنىڭ ئۆيىگە باردىم. قارىسام، بۇ ئۆيلەرنىڭ بەختىياروپ بار چاغدىكى ئىسكەتتى پۈتۈنلەي تۈگەپتۇ. ھويلىنىڭ ئىچى قالايمىقانچىلىق، دەرۋازىنىڭ يېنىدا بىر دۆۋە ئەخلەت. ئەخلەتنىڭ ئۈستىدە بىر پىستە كۈچۈك نېمىلەرنىدۇر پۇراپ يۈرۈپتۇ. بەختىياروپنىڭ ئاتا-ئانىسى، ھەتتا ئۇنىڭ بوۋىلىرىنىڭ جامالىنى كۆرگەن تەۋەررۈك چىنە-قاچىلار توپا بېسىپ تاشلىنىپ يېتىپتۇ. ھېلىقى ئاجايىپ ئويما نەقىشلەر چېكىلگەن قەدىمىي ئىشكاپلارنىڭ ئەينەكلىرى سۇنغان، ئىشىكلىرىنىڭ شانىرلىرى ئاجرىغان ھالدا بىر تەرەپتە قىيسىيىپ تۇرۇپتۇ. يۈرىكىمنىڭ بىر يەرلىرى ئېچىشقاندەك بولدى.

- سىڭلىم، ياخشىسى بۇ قورۇ-جاينى ساتمىسىڭىز بوپتىكەن، - دېدىم بەختىياروپنىڭ ئۇيا-ئەڭلىكنى ھارغىچە سۈرتۈپ، ھېلىقى پىستىنى يېتىلەپ بازارغا چىقماقچى بولۇپ تۇرغان ئايالىغا قاراپ.

ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ھېلىمۇ ھەر كۈنى يېرىم كېچىدە كىمدۇر بىرى كېلىپ، بۇ ھويلىنىڭ دەرۋازىسىنى تىرنىشتىپ زادى ئارام بەرمىگۈدەك. .

2000-يىل مارت، ئۈرۈمچى

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى

(M1)



# مەمتىمىن ھوشۇرغا ئوچۇق خەت

ئەخمەتجان ئابدۇۋەلى

ھۆرمەتلىك مەمتىمىن ھوشۇر ئاكا، ئۇزۇن بولدى كۆرۈنمەي كەتتىڭىز؟ نېمە ئىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىسىز؟ «شەھىرىڭىزنى قۇم بېسىپ» كېتىپ «مۇساپىرلار قاۋىقى» دا «قىرلىق ئىستاكان» دا ھاراق ئىچىپ «سارالڭ» بولۇپ «ھاراق ھەققىدە» لېكسىيە سۆزلەپ يۈرەمسىز ياكى «دەرياغا ئوت كەتسە» «خاسىيەتلىك قار» نىڭ يەنە بىر قېتىم يېغىشىنى كۈتۈۋاتامسىز؟

ئاڭلىسام، يېقىندىن بېرى كۆڭلىڭىز يېرىم ئىكەن، بولدى، كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ، «ئالتۇن چىشلىق ئىت» «غەلىتەقىلىق» قىلىپ يۈرمىگەن بولسا، سىزمۇ ئۇنى باشقىلارغا سوۋغا قىلمىغان بولاتتىڭىز. «چار خوراز» يوقاپ كەتسە خاتىرجەم بولۇڭ، ئۇ چوقۇم مىكيانلارنى ئىزدەپ كېتىپ قالغان ئوخشايدۇ، ھېچ بولمىسا «تەيپا باي» نىڭ قولىغا چۈشىدىغۇ، دەيمەن. مەن ھەقىقەتەن سىزگە قايىل، چۈنكى سىز «بۆرە جىلغا» سىغا كىرىپ قالسىڭىزمۇ «نوزۇكۇم» بولالايسىز. چوڭ شەھەر قالايمىقانراق، «بۇرۇت ماجىراسى» يۈز بەرسە، ئۇنى «تەكشۈرۈش» قىلمەن، دەپ ئاۋارە بولماڭ، بولمىسا ماجىرانىڭ كۆپلىكىدىن «ئويغاق تۇرۇپ چۈش كۆرۈدىغان» بوپقالىسىز. ھە راست، ھازىرمۇ «ئۆلۈككە خەت» يېزىپ يۈرمەيدىغانسىز؟

ھۆرمەتلىك مەمتىمىن ھوشۇر ئاكا، سىز «سالام ھېسام ئاكا» دەپ ئاغىنىڭىزگە سالام يوللىسىڭىز، مەن «ساۋاقداش» لارنى ئۇنتۇغان ھالدا سىزگە سالام يوللاۋاتىمەن. ۋاقتىڭىز چىقىپ قالسا «جوشقىلارغا بايرام» قىلىپ يۈرمەي «ئايخان» نىڭ ئەھۋالىنى سوراپ قويۇڭ، «قىز قەلبى» دېگەن نازۇك نەرسە، سىزمۇ «ئاخىرقى سىناق» تىن ئۆتەلمەي قالماڭ يەنە. يەنە بىر ئىشنى ئۇنتۇپ قالغىلى تاسلا قاپتىمەن، «شاھىمىز سىزنىمۇ قاغا» نى تۇتقىلى ئەۋەتمىگەندۇ؟ ئەگەر ئەۋەتىپ قالسا ھەرگىز بارماڭ، بولمىسا «قاراقورساق سەركە» نىڭ تىرىسىدە «داپ» كىرىپ، مۇڭگۈزدە پىچاقا ساپ ئېتىشكە ۋاقىت چىقماي قالىدۇ. ئاڭلىسام، «سودىسى ئاققان بىر دۇكان» نى «باھار» دېگەن بىر قىزغا ئېپىپىرىپ، كۈن بويى «توخۇ باققۇچى ئايال» نىڭ «ئاشخانىدىكى پاراڭ» ىنى «ناخشا» قىلىپ ئوقۇپ يۈرىدۇ، دەيدۇ. راستمۇ؟


ئۆرۈمچىدە «كۆز يامغۇرى» تولا يېغىپ قەغەزلەرنى ھۆل قىلىۋەتتىمۇ، «كونا-يېڭى ئىشلار» نى ھېكايە قىلىپ يازمىدىڭىز! يەنە تېخى «ھەمسەپەر» لەر بىلەن سەپەرگە چىقسىڭىز، ھازىر تارقىغان «يېڭى كېسەل» نىڭ زادى نېمىلىكى توغرىسىدا مۇنازىرىلىشىدىكەنسىز. ھەدېسىلا «سەۋىيە» دېگەن مەندە بار، سىلەر نېمىنى بىلىسىلەر، دەپ جۆيلۈۋاتقىدەكسىز. بىرى ماڭا ھال ئېيتىپ كەلگەنىكەن. دەپ كەلسەم گەپ جىق. سىز ئۇياقتىكى قىزىقارلىق ئىشلارنى يېزىپ تۈگەتكەن بولسىڭىز، بۇياقلارنىمۇ يېزىپ قويۇڭ خوتەندىمۇ خېلى قىزىق پاراڭلار بولۇۋاتىدۇ...

قايسىبىر دۆلەتتە بىر يىگىت توي قىلغان كۈنى ھاراقنى كۆپرەك ئىچىپ قويۇپتۇ ۋە كېچە ئايالى بىلەن بىرگە بولغانىكەن، بالىسى بىرتال تاماكىنى چىشلىگەن پېتى مەست تۇغۇلۇپتۇدەك... بۇ يىل ئامېرىكىدىن ئۇرۇقلۇق بۇغداي ئەكىلىپ تېرىيدىكەنمىز، موبېشىدىن بىر تونىنا ئاشلىق ئالغۇدەكمىشمىز. تېخى بۇ بۇغداينىڭ قۇيرۇقى ئىمىش، ئەگەر بېشىنى ئەكەلسەك قانچىلىك ئاشلىق ئالارمىزكىنتاڭ... بۇ كۈنلەردە كىشىلەر ھەممە نەرسە ساختا بوپكەتتى، دەپ داۋراڭ سېلىپ كەتكەچكىمۇ، ئادەملەرمۇ ساختىلىشىپ، ئەرلەرنىڭ ساقال-بۇرۇتلىرى يوقىلىپ، ئاياللارغا بۇرۇت چىقىشقا باشلاپتۇدەك... يېقىنقى يىللاردىن بېرى تەرەققىيات تېز بولۇۋاتىدۇ، دەڭا، كىشىلەر ئۇخلاپ چۈش كۆرۈشتىن ئۇخلىماي چۈش كۆرۈشكە ئۆتۈپ، يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەنمىش... بىر دۆلەتتە كۈلۈش ۋە يىغلاشقا رۇخسەت قىلمايدىكەنمىش، بىراق كىشىلەر ماسكا تاقاپ كۈلۈپ، كۆزەينەك تاقاپ يىغلاۋاتقۇدەك...

ھۆرمەتلىك مەمتىمىن ھوشۇر ئاكا، چاقچاق ئېغىر كەتمەيدۇ، دەپ پەرەز قىلىپ خەت يازدىم، مېنى قېيىن ئەھۋالدا قالدۇرماڭ جۇمۇ! بۇ چاقچاقلارنى قىلغۇچە «مەنمۇ قىزاردىم»، كۈنلەرنىڭ بىرىدە «مۇساپىرلار قاۋىقىدا» ئۇچرىشىپ قالساق، «چار خوراز» نى زاكۇسكا قىلايلى، قانداق دېدىم؟

---

ئاپتور: خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكوم تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتى 98-يىللىق 2-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى(M2)



# تاش شەھەر

(ھېكايە)

## خالىدە ئىسرائىل

بىر كونى ئىشخانىدىكىلەر ھازىرقى زاماندا ياخشى ئادەملەر بارمۇ؟ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە مۇنازىرىلىشىپ قالدى. بۇ مۇنازىرىگە سەۋەب بولغىنى، ئالدىنقى كونى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «جەمئىيەت ۋە تۇرمۇش» پروگراممىسىدا كۆرسىتىلگەن جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە كىشىلىرىنىڭ بالىسىنى داۋالىتالماي قىيىنچىلىقتا قالغان بىر كىشىگە پۇل ئىئانە قىلغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر ئىدى. خەۋەرنىڭ ئاخىرىدا كېسەل بالىنىڭ دادىسى ـ ياداڭغۇ، ئۇچىبۇرجەك يۈزىدە بىرجۈپ چېقىر كۆزى سوغۇق پارقىراپ تۇرۇدىغان، روسىيىدىكى مۇھىم ئەرباب ۋىلادىمىر پۇتىنغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغان بىر ئادەم تاماشىبىنلارغىمۇ قارىماي، نەگىدۇر بىر يەرگە قاراپ ئولتۇرۇپ، نارەسىدە بالىسىغا كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان، ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۆزىگە ياردەم قىلىۋاتقان كىشىلەرگە رەھمەت ئېيتقان، ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغانلاردىن ئاغزىغا لىق ئالتۇن چىش سېلىۋالغان گەپدان ھاجى خېنىم بىلەن كالتە خورۇم پەلتو كىيگەن، توخۇمدەك پارقىراپ تۇرۇدىغان كېلىشكەن شىركەتچىمۇ تېلېۋىزىيە رىياسەتچىسىنىڭ ئالاھىدە تونۇشتۇرۇشى ۋە تەلىپى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ بۇ قېتىم ئىئانە قىلغان پۇل سانىنى ۋە ئىلگىرىدىن تارتىپ مەكتەپلەرگە، تەنتەربىيە ئىشلىرىغا داۋاملىق ياردەم قىلىپ كېلىۋاتقانلىقلىرىنى سۆزلەپ ئۆتۈشكەن، بولۇپمۇ ھاجى خېنىم كېسەل بالىنى تىلغا ئالغاندا، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈپ، ناھايىتى تەسىرلىك سۆزلىگەنىدى.

چاتاق يېرى، شاكىر ئاكا ھاجى خېنىمنى ناھايىتى ئوبدان تونۇيدىكەن. ئۇنىڭ يۇرتتىن ئۈرۈمچىگە كېلىپ كىراكەشلىك قىلىۋاتقان بىر كەمبەغەل تۇغقىنىنىڭ 12ياشلىق ئوغلىنى ئاشۇ ھاجى خېنىمنىڭ ئىككى قىزى ئالداپ ئىچكىرىگە ئېلىپ كەتكەنىكەن. شاكىر ئاكا بىلەن تۇغقىنى نۇرغۇن يول مېڭىپ، پۇل خەجلەپ ئىزدەپ-سۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق بۇ ئىككى ئايالنىڭ ئۆيىنى تېپىپتۇ. ئۇ بىر كاتتا قورۇجاي بولۇپ، بۇ قورۇدا كۆپىنچە ئۇلارنىڭ ئانىسى ـ ھاجى خېنىم تۇرۇدىكەن. ھاجى خېنىم: «مەن قىزلىرىمنىڭ ئىشىنى ئىللا-بىللا بىلمەيمەن» دەپ ئۇلار بىلەن سۆزلىشىشنى رەت قىپتۇ. بىراق قولۇم-قوشنىلىرى ئۇنىڭ قىزلىرىنىڭ دائىم بۇ ئۆيگە ناتونۇش كىچىك بالىلارنى باشلاپ كېلىدىغانلىقىنى،

ئادەتتە ئۇلارغا ھاجى خېنىم قاراپ تۇرۇۋدىغانلىقىنى، ئېچكىرى ئۆيدىن چىقارماي، ئورۇپ-تىللاپ قورقۇتىدىغانلىقىنى، ئۇزاق ئۆتمەي بۇ بالىلارنىڭمۇ، قىزلىرىنىڭمۇ يوق بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى، بىر مەزگىلدىن كېيىن يەنە يېڭى-يېڭى بالىلارنى باشلاپ پەيدا بولىدىغانلىقىنى. . . بىلىدىكەن.

— ھازىر جەمئىيەت بەك مۇرەككەپلىشىپ كەتتى. ھەرقانچە ساۋابلىق ئىشلارمۇ بەزىلەرنىڭ داڭ چىقىرىشتىكى ياكى بولمىسا ئاللىقانداق رەزىل مەخپىيەتلىكلىرىنى ئەل كۆزىدىن يوشۇرۇشتىكى قالقىنى بولۇپ قالدى. قىسقىسى، ئادەملەر ھەرقانداق ئىشنى چوقۇم مەلۇم بىۋاستە مەنپەئەت ئۈچۈن قىلىدىغان بوپكېتىشتى. قارىغاندا، خالىسلىق، ئاقكۆڭۈللۈك دېگەندەك گۈزەل پەزىلەتلەر ۋاقتى ئۆتكەن نەرسىگە ئايلىنىپ قالغاندەك تۇرىدۇ، — دېدى شاكىر ئاكا مۇرەككەپ ھېسسىيات ئىچىدە باياتىن سۆزلىگەنلىرىنى خۇلاسىلاپ.

— مەن بىر ھاجىنى تونۇيمەن. ئۇ ھېچكىمگە داۋراڭ سالماي، بەش نامرات ئوقۇغۇچىنى تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇتىۋاتىدۇ، — دەپ قوشۇپ قويدۇم مەن.

— ھېلىقى كىچىك بالىلارچۇ، ئاتا-ئانىلىرى شاكىلات ئېلىپ يېيىشى ئۈچۈن بەرگەن پارچە پۇللىرىنى ئىئانە قىلغان ئاشۇ ئوماق بالىلاردىمۇ بىرەر خۇسۇسىي مۇددىئا بارمىدۇ؟

ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ يېڭىدىن تەقسىم قىلىنىپ كەلگەن لالە ئىسىملىك قىزمۇ ئۇزۇن، قايرىلىپ تۇرۇۋدىغان سۇنئىي كىرپىكىنى سېھىرلىك لىپىلدىتىپ، لەۋسۇرۇخ سۇرۇلگەن قىپقىزىل لەۋلىرىنى ئۈچلاپ شۇنداق سوئال قويدى.

— ئۇ باشقا گەپ. ئۇلار جەمئىيەتنى، ھاياتنى تېخى چۈشەنمەيدۇ. چىنلىق، ئاقكۆڭۈللۈك دېگەنلەر بەلكىم شۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىلا ساقلىنىپ قالدىمىكىن. خۇددى بۇلاق سۈيى باشلانغان يېرىدە پاكىز، ئاققانسېرى مەينەتلىشىپ كەتكەندەك.

— ئۇلاردا نېمىشكە خۇسۇسىي مۇددىئا بولمايدىكەن؟ ئۇلارمۇ دوستلىرىدىن ئېشىپ كېتىش، مۇئەللىملىرىگە كۆرسىتىش ياكى ئاتا-ئانىلىرىنىڭ پۇلىنى كۆز-كۆز قىلىش ئۈچۈن ئىئانە قىلىدۇ-دە.

تۇرۇپ-تۇرۇپلا تولۇمدىن توقماق چىققاندەك گەپلەرنى قىلىپ قويىدىغان توختىنىڭ بۇ گېپى ھەممىمىزنى كۈلدۈرۈۋەتتى. بۇ، تەسۋىرلەش قىيىن بىر خىل كۈلكە ئىدى.

كۈلكە ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئىچكىرىكى ئىشخانىدىن باشقارمىمىزنىڭ باشلىقى — ئېگىز بوي، ئاقسېرىق، دولقۇنسىمان چاچلىرىنى كەينىگە قايرىپ تارىغان، بۇرنىنىڭ ئۈستىگە كۆزەينەك قىستۇرۇۋالغان 38-39 ياشلاردىكى غالىب ئىسىملىك يىگىت چىقىپ كەلدى ۋە جىددىي قىياپەتتە ھەممەيلەنگە بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن شاكىر ئاكىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، كىچىك قەغەز قۇتىدىكى موخوركىدىن تۆكۈپ تاماكا يۆگەشكە باشلىدى.

ئىشخانا ئىچىنى بىردىنلا جىمجىتلىق باستى.

— مۇشۇمۇ بولىدىغان موخوركا ئىكەن، — دېدى ئۇ كۆزەينىكىنىڭ ئۈستىدىن شاكىر ئاكىغا قاراپ قويۇپ.

— بولىدىكەن، لېكىن سەل بوشكەن، تازا دېگەن يەرلەرگە بارمايدىكەن كاساپەت.

غالىب (خەنزۇچىدا «غا» تەلەپپۇزى بولمىغانلىقتىن، ئادەتتە بىز ئۇنى «ئا چۇجاڭ» دەپ ئاتايمىز) تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇپ بولۇپ، كەينىگە قايرىلىپ ماڭا:

— تۇرسۇن، مايەرگە كەلگىنە، — دېگىنىچە ئىچكىرىگە قاراپ ماڭدى.

تاشقىرىدىن كىچىككىنە دالان ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرىدىغان ئىچكىرىكى ئىشخانا چىرايلىق ياسالغانىدى. يوغان دېرىزىسىگە تارتىلغان دوخاۋا پەردە كۈن نۇرىنى توسۇپ، ئىشخانىنى قاراڭغۇلاشتۇرۇپ تۇراتتى. دېرىزە تەكچىسىگە يوغان يوپۇرماقلىق ئىسسىق بەلباغ ئۆسۈملۈكلىرىدىن بىرنەچچە تەشتەك تىزىلغانىدى. تۆردە جىگەررەڭ سىرى پارقىراپ تۇرىدىغان ئېگىز، كۆركەم ئۈستەل، ئۈستەلنىڭ ئۇدۇلىغا تام ياقىلىتىپ يۇمشاق دىۋان تىزىلغانىدى.

مەن غالىبنىڭ سۆزىنى كۈتۈپ ئىشىك تۈۋىدىلا تۇردۇم.

— كېلە، كەل، نېمانچە قورۇنىسەن، بىز دېگەن ئەل-ئاغىنە جۇمۇ. سەن بىلەن پات-پات مۇڭدىشىپ تۇرسام دەيمەن، لېكىن مۇشۇ ئالدىراشلىقنىزە. . .

ئۇ، سۆزلىگەچ قولىدىكى موخوركىنى ئىشىك تۈۋىدىكى تۈكۈرۈك قاچىسىغا پىرقىرىتىپ ئېتىپ، تارتمىسىدىن «خۇڭتاسەن» دىن بىر قاپ ئالدى ۋە پېچىتىنى يىرتىپ ماڭا تەڭلىدى.

تاماكىنى تۇتاشتۇرۇپ بولۇپ، ئىككىلىمىز بىر پەس جىم بولۇشۇپ قالدۇق.

— ھە، ئايالىڭ قانداقراق ؟ تازا سەمرىگىلى تۇرۇپتۇ-ھە، ئۇ. ئوغلۇڭچۇ، ئوغلۇڭ نەچچىنچى سىنىپقا چىقتى؟

مەن بىر چاغلاردىكى ئاغىنەمنىڭ سوئالىغا قورۇنۇپراق، ئۇدۇللۇق جاۋاب بېرىپ قويۇپ، ئۇنىڭ ئەسلى مۇددىئاسىنى ئاشكارىلىشىنى كۈتۈۋاتاتتىم.

— بايام نېمە دېيىشتىڭلار؟ ئەجەب كۈلۈشۈپ كەتتىڭلار-ھە. سېنىڭغۇ بىلىمەن. سەن. . . ئۆكتىي-سۆكتىي گەپلەرگە ئانچە ئارىلاشمايسەن، كۆڭلۈڭمۇ تۈز. لېكىن مۇشۇ شاكىركامزە، قېرىغىچە ئەقىل كىرمىگەن ئادەم-دە، گېپىم بار دەپ ئاغزىغا كەلگەننى دەۋېرىدۇ، شۇڭىمۇ تېگىشلىك ئورنىنى ئاپالماي سۆپۈرۈلۈپ يۈرگەن گەپ. ئاۋۇ توختىمۇ تازا بولمايدىغان ئاداش. ئاشۇنداق ئادەمگە ياقمايدىغان گەپلەرنى نەدىنمۇ تاپىدىكىن. . .

— باشقا گەپ قىلىشمىدۇق. ئاخشام تېلېۋىزوردا چىققان بىر ئايالنى شاكىركام تونۇيدىكەن. شۇنىڭ پارىڭى.

— ئاران شۇلىما؟ شۇنچە ئۇزاق پاراڭلىشىپ

كەتتىڭلارغۇ، بىرەرسى مېنى چىشلەپ تارتمىغاندۇ؟ باشقا باشلىقلارنىڭ غەيۋىتى بولدىمۇ يا؟

— ئەدىكنى، تېلېۋىزوردىكى بىر خەۋەر توغرىلىقلا. . . سەنمۇ كۆرگەنسەن بەلكىم، ھېلىقى كىچىك بالىغا بەك ئۇۋال بوپتۇ جۇمۇ.

— ھە، شۇنداقمۇ، بوپتۇ، بوپتۇ. سەندىن ئۈمىدىم چوڭ جۇمۇ، ئاغىنە. مېنى كۆپرەك قوللاپ، گەپ-سۆزلەر بولسا. . . كىرىپ تۇرارسەن. ئۆزۈڭگىمۇ مەلۇم، باشقارمىمىزغا بىر مۇئاۋىن باشلىق كەم. رەھبەرلىك ماڭا نامزاتىنى ئۆزۈڭ كۆرسەت، دەۋاتىدۇ. مەن. . . سېنى كۆرسەتمەكچى. سېنىڭمۇ گەپ-سۆزگە دىققەت قىلىپ، دېگەن يېرىمدىن چىقىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن. مۇھەممى شاكىر، توختى دېگەنلەردىن ئۆزۈڭنى تارت. ماقۇل ئەمىسە، ھېلىقى توختى دېگەننى چاقىرىۋېتە. ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ قوياي ئۇنىڭغا.

چوجاڭ (باشقارما باشلىقى) ئىشخانىسىدىن چىقىپ، ئۆزۈمگە تىكىلگەن شۈبھىلىك كۆزلەر ئالدىدىن ئورنۇمغا بېرىپ ئولتۇرغىچە نېمىشقىدۇر ھودۇقۇپ قالغاندەك بولدۇم. توختىغا غالىبنىڭ بۇيرۇقىنى يەتكۈزۈپ بولۇپ، كۆزلىرىمنى ئالدىمدىكى گېزىتكە قادىدىم.

توختى چوجاڭ ئىشخانىسىدا خېلى ئۇزاق ھايال بولدى. قايتىپ چىققان چېغىدا ئۇمۇ سەل ھودۇققان، ھاياجانلانغىنىدىنمىكىن، يۈزى قىزىرىپ كەتكەنىدى.

توختىدىن كېيىن خاسىيەت ئىسىملىك پاكار، سېمىز چوكان كىرىپ كەتتى. ئۇمۇ خېلى ئۇزۇندا كۈلۈپ - يايراپ، ھاياجاندىن كۆزلىرى ياشنىغان ھالدا چىقتى. شاكىر ئاكا بىلەن لالە بىر-بىرىگە قارىشىپ قويۇپ، ئوڭايسىزلانغاندەك جىم بولۇشۇپ كەتتى. كېيىن قىز ئۆزۈلۈپ قالغان پارانىڭنى داۋاملاشتۇرماق-چى بولۇپ، ئۇيەر-بۇ يەردىن گەپ تېپىپ باقتى. ئەمما ھېچكىم ئاۋاز قوشمىغانلىقى ئۈچۈن بۇ خەققە نېمە بولغاندۇ، دېمەكچى بولغاندەك كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ ھەممىسىنىڭ چىرايىغا ئوغرىلىقچە قاراپ چىقتى. ئەمما گېزىتكە قادالغان سۇرلۇك، ياسالما چىرايلاردىن ھېچنەرسىنى بايقىيالماي يەنە شۈك بولۇپ قالدى. ئىشخانا ھاۋاسىنى قاپلىغان كىشىنى بوزۇقتۇرما قىلىدىغان بىرخىل جىددىي كەيپىيات كەچكىچە يوقالمىدى.

شۇ كۈنى كەچلىك تاماقتىن كېيىن تۈنجى قېتىم ئۆزلىكىمدىن شاھمات ئويناشقا چىقمىدىم. بالكوندىكى ياتما ئورۇندۇقتا تاماكا چېكىپ ئولتۇرۇپ كۈندۈزى يۈز بەرگەن ئىشلارنى، غالىبنىڭ يېقىنچىلىق قىلىپ دېگەن سۆزلىرىنى، توختى، خاسىيەتلەرنىڭمۇ ئۇنىڭ يېنىدىن ناھايىتى ھاياجانلانغان ھالدا قايتىپ چىققىنىنى بىر-بىرلەپ كۆز ئالدىمدىن ئۆتكۈزدۈم. ئۇ، ئۇلارغا نېمە دېگەندۇ؟ . . . مۇئاۋىن چوجاڭدىن بىرنى قويىدىكەن، دېگەن گەپ خېلىدىن بېرى بار. بۇ ئىشخانىدا ستاژ، قابىلىيەت جەھەتتىمۇ مەندىن ئېشىپ كېتىدىغان بىرەرسى يوق. شاكىركام بار دېگەندىمۇ، پېنسىيە يېشىغا يېقىنلىشىپ قالغان «ئۆلۈك يولۋاس» ئۇ. شۇغىنىسى بۇ دۇنيادىكى ئىشلار تولىمۇ مۇرەككەپ بولىدىكەن. ساڭا قاراپ ھەجىيىپ، سەن بىلەن ئاغىنە بولۇپ يۈرگەن ئادەملەرنىڭ ئىچىدە نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى، ساڭا قانداق تۇزاقلارنى قۇرۇۋاتقانلىقىنى، خۇپىيانە ھالدا سېنىڭ چىتلىقىڭنى بوزۇپ، ئۆز قاشاسىنى قانداق ئېگىزلىتىۋاتقانلىقىنى بىلمەيدىكەنسەن. بىلگىنىڭدە ئاللىقاچان كېچىككەن بولىدىكەن. بۇ ئىشلار بېشىمدىن بىر قېتىم ئۆتكەن. بىر چاغلاردا مېنىڭمۇ ھەممە ئىشلىرىم يۈرۈشۈپ، باشلىقلارنىڭ ئالدىدا تازا ئەتىۋارلىنىپ يۈرگەن ۋاقىتلىرىم بولغان. تەلەي-ئامەت دېگەن بۇرنۇمغا پۇراپ تۇراتتى. نەگىلا قارىسام ئاپئاپئاق ئىسسىق چىرايلارنى كۆرەتتىم، ئاياللىمۇ ئەتىۋارلىقىنىڭ دەستىدە قىلغىلى قىلىق تاپالماي، تېرىسىگە سىغماي يۈرەتتى. دەل شۇ كۈنلەردە ھېلىقى مەرتىۋىلىك «ئاكام» ئۇشتۇمتۇت ۋاپات بولۇپ كەتتى. قازا دېگەنگە ئامال يوق ئىكەن. ئەر-خوتۇن ئىككىمىز شۇنىڭدىن كېيىن «بېلىقچى بوۋاي بىلەن ئالتۇن بېلىق» چۆچىكىدىكى بىر ئوخلاپ قويۇپ يەنە پۇچۇق تەگنىسى بىلەن قالغان بوۋاي-مومايغا ئوخشاپ قالدۇق. نېمىشقىدۇر باشلىقلار ماڭا چىرايىنى ئېچىپ قارىمايدىغان، ئەينى چاغدا ئەتراپىمدا چۆرگىلەپ يۈرگەن سەتەڭلەر مېنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان، ئۆز ۋاقتىدا ھەسەت قىلىپ تۇرالماي قالغانلار تەنە گەپلەر بىلەن مېنى چېقىشۋالىدىغان بوپقېلىشتى. ئادەم دېگەن ئاجايىپ نەرسە ئىكەن.

دەل شۇ كۈنلەردە غالىب ئوتتۇرىغا چىقىپ قالدى. بىر ھېسابتا ئۇنىڭ چىقىشى تاسادىپىي ئىشمۇ ئەمەس ئىدى. بوي-بەستىگە قارىسا، خېلىلا ئوغۇلبالىدەك كۆرۈنگىنى بىلەن، بىر تىيىنلىق مەنپەئەت ئۈچۈن ئار-نومۇسلا ئەمەس، جېنىنىمۇ تىكىدىغان بۇ «ئەزىمەت» ھازىرقىدەك شارائىتتا ھامان ئوتتۇرىغا چىقاتتى. مەنپەئەت بار يەرنى ھەممىدىن ئاۋال پۇراپ تېپىپ، ئۇنىڭغا ئېرىشىش ئۈچۈن بارلىق ۋاسىتىلارنى قوللىناتتى. بۇ، ئۇنىڭغا ئوخشاش كىشىلەرنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى ئىدى. ئۇ ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاشلار گەرچە ناپالېئونىنىڭ كىملىكىنى، ئۇنىڭ ئىشلىرى ۋە مەسلىكىنى ئانچە بىلىپ كەتمىسىمۇ، ناپالېئونغا چوقۇنىدۇ. ئۇنىڭ: «گېنېرال بولۇشنى ئارزۇ قىلمىغان ئەسكەر ياخشى ئەسكەر ئەمەس» دېگەن مەشھۇر سۆزىنى ئېغىزلىرى-دىن چۈشۈرمەيدۇ. لېكىن، مېنىڭچە ناپالېئون بۇ سۆزنى قىلغاندا قانلىق جەڭ مەيدانلىرىدىكى باتۇرلۇقنى، ھايات-ماماتلىق ئالدىدىكى ئالىيجانابلىق ۋە ئەقىل-پاراسەتنى كۆزدە تۇتقان، ھەرگىزمۇ تەمەخورلۇق، ھىيلە-نەيرەڭ، خۇشامەتچىلىكنى كۆزدە تۇتمىغان. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، يەنى ناپالېئوننىڭ ئەسكەرلىرى ھازىرقى بەزى ياشلىرىمىزدەك بولىدىغان بولسا، ناپالېئون ناپالېئون بولالمىغان بولاتتى.

بىر كۈنى دەل ھازىر غالىب ئولتۇرۇۋاتقان

ئىشخانىسىنىڭ دالىنىدا تۇرۇپ، غالىبنىڭ ئەينى چاغدىكى باشلىقى مېنىڭ گېپىمنى قىلىۋاتقانلىقىنى، مېنىڭ ئىدارىدىكى بەزى ئىشلار، بەزى ئەمەلدارلار توغرىسىدىكى باھا، چاقچاقلىرىمنى يەتكۈزۈۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم. ئۇنىڭ دېگەنلىرىنىڭ كۆپ قىسمى راست ئىدى. شۇغىنىسى كەيپچىلىكتە دېيىلگەن بۇ گەپلەرنى غالىبنىڭ قانداقلارچە زىر-زەۋەرىگىچە ئېسىدە ساقلىغانلىقىغا ھېچ ئەقلىم يەتمەيتتى.

ئۇ چاغدا غالىبنىڭ ئۆيى دەل مېنىڭ ئۆيۈمنىڭ ئاستىدا ئىدى. شۇ ئىشتىن كېيىن ئۆز ئۆيۈمدە چىڭراق دەسسەپ مېڭىشتىن قورقىدىغان، ھەتتا ئوغلۇمنىڭمۇ بەكرەك شوخلۇق قىلىشىغىمۇ يول قويمايدىغان، ئاخشاملىرى غالىبنىڭ قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ تۇرغان قىياپىتى كۆز ئالدىمغا كېلىۋېلىپ، كارىۋىتىمنىڭ بەكرەك غىچىرلىشىدىنمۇ ئەندىشە قىلىدىغان بوپقالدىم.

دائىم ئاغىنىلىرىنىڭ داستىخىنىغا داخىل بولۇپ ھارىقىنى ئىچىپ تۇرسىمۇ تۈتۈنىنى بۇلۇت، يۇندىسىنى ئىت كۆرمەيدىغان غالىب ئەمدى پات-پات مېھمان چاقىرىدىغان بولۇپ قالدى. تۇنجى قېتىم غالىبنىڭ ئۆيىدىن چىقىۋاتقان ناخشا-مۇزىكا، ۋاراڭ-چۇرۇڭ ئاۋازلارنى ئاڭلىغىنىمدا، ھە، غالىبمۇ ئەمدى ئادەم بوپتۇ، ئەل-ئاغىنىلەرنىڭكىنى يېدىم-ئىچتىم، ئەمدى مەنمۇ ياندۇراي دېگەن ئوخشايدۇ، شۇنداق بولسا مېنى ئەجەب ئۇنتۇپ قاپتىغۇ، دەپ قالغاندىم. يېرىم كېچىدە غالىبنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ مېھمانلار ئۇزىغىلى تۇرغاندا، ئايالىم: كىملەركىن، قاراپ باقاي، دەپ ئىشىككە چىقىپ كېتىپ بىردەمدىلا پېشانىسىنى تۇتقان پېتى يېنىپ كىردى ۋە «توۋا، بۇ غالىب قالتىس ئىكەن، ساپلا ئىدارىنىڭ باشلىقلىرىنى چاقىرىپتۇ، يەنە كېلىپ كىملەرنى قوشۇپ چاقىرىپتۇ، دېمەمسىز، قىزلارنى! ھەرقىزلار، سېرىق چاچلىق، بىر غېرىچ يوپكىلارنى كىيىشكەن. . . » دەپ ۋىتىلداپلا كەتتى. «ئاپلا!» دەپ قالدىم. ئايالىمغا كۈلۈمسىرەپ: «بولدى، ئاغزىڭنى يۇم، ھېچنېمە كۆرمىدىڭ، ئاڭلىمىدىڭ، ئۇقتۇڭمۇ؟» دەپ ھەرقانچە قورقۇتقان بولساممۇ، بۇ پاراڭ ئەتىسىلا پۈتۈن ئىدارىغا پۇر بولۇپ بولدى. بۇنى تارقاتقۇچى ئەلۋەتتە مېنىڭ ئايالىم ئەمەس ئىدى.

كېيىن بۇنداق مېھمان چاقىرىشلار كۆپ تەكرارلاندى، گاھى يېڭىدىن ئېچىلغان ئىسمى غەلىتە، مۇلازىمەتلىرى يېڭىچە رېستوران-بەزمىخانىلاردا، گاھى ئۆيىدە. قىزىق يېرى، بۇنداق مېھماندارچىلىقلار ئەتىسىلا كىشىلەرنىڭ ئاغزىغا چىقىپ بولاتتى. غالىبنىڭ ئايالى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا بىر بۆلۈمنىڭ مەسئۇلى ئىدى. ئۇنىڭ ئارىلىشىشى بىلەن ئىدارىدىكى مەرتىۋىلىكلەرنىڭ خانىملىرى، بالا-چاقا، نەۋرە-چەۋرىلىرىگىچە تېلېۋىزىيە چولپانلىرىغا ئايلىنىپ بولايلا دېدى. غالىبنىڭ پىلانلىشى بىلەن ئىدارە باشلىقىنىڭ بەش ياشلىق نەۋرىسىنىڭ يەسلىدە باشقا مىللەت بالىلىرى بىلەن ئىناق ئۆتۈدىغانلىقى توغرىسىدا ئىشلەنگەن ناخشا-ئۇسسۇللۇق مەخسۇس پروگرامما جەمئىيەتتە بولۇپمۇ بۇ ئىدارىدا ئالاھىدە تەسىر قوزغىدى. ئىدارىدىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئارىسىدا بىر مەھەل بۇ پروگراممىنى تەلەپ قىلىش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى.

غالىب ئۆز ئالاھىدىلىكىنى بارغانسېرى جارى قىلدۇرۇپ، ھەر تەرەپلىمە قابىلىيىتىنى نامايان قىلماقتا ئىدى. كىشىلەر ئۇنىڭ رېستورانلار بىلەن ئالاقىلىشىپ، كىملەرنىڭدۇر بالا-چاقىلىرىنىڭ تويلىرىنى ئەرزان، ئەمما ھەشەمەتلىك ئورۇنلاشتۇرۇپ بەرگەنلىكى، ئۆيلىرىنى ئەرزان ھەم سۈپەتلىك بېزىتىپ بەرگەنلىكى، يەنە كىملەرنىڭدۇر ئۇنۋان ئالىدىغان بالا-چاقىلىرىنىڭ ئىلمىي ماقالىلىرىنى گېزىت-ژۇرناللاردا ئېلان قىلدۇرۇپ، ھەتتا مۇكاپاتقا ئېرىشتۈرۈپ بەرگەنلىكى، ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققان بالىلىرىنىڭ نوقتىلىق مەكتەپلەرگە كىرىشىنى، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانلىرىدىن ئۆتەلمىگەنلىرىنىڭ ئوقۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ بەرگەنلىكىدەك ئىشلىرىنى ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي سۆزلىشەتتى (ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ ھەممىسى مەرتىۋىلىكلەرنىڭ بالا-چاقىلىرى ئىدى)، ھەيران قېلىشاتتى، ئاغزىدا سەل مەسخىرە قىلغاندەك قىلىشقىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە ھەسەت قىلىشاتتى، كۆڭۈللىرىدە ئىختىيارسىز قايىل بولۇشاتتى، بولۇپمۇ ياشلار شۇنداق ئىدى. ئۇلار ئىلگىرىكى ئەخلاق، دىيانەت توغرىسىدىكى گەپلەرنى ۋاقتى ئۆتكەن، زاماننىڭ تەلىپىگە ماس كەلمەيدىغان كونا گەپ، دەپ قارايتتى. بازار ئىگىلىكى بولغانىكەن، مەنپەئەت ئۈچۈن ھەرقانداق ۋاسىتىنى قوللىنىشقا، ھەممە نەرسىنى سېتىشقا بولىدۇ، پەقەتلا نامراتلىققا تاقەت قىلغىلى بولمايدۇ، دەپ قارىشاتتى. ھەتتا بەزىلىرى ئۆز مەنپەئەتىدىن باشقا ئىشقا پەرۋا قىلمايتتى، ھېچقانداق ئىشقا ئەجەبلەنمەيتتى، رەزىللىكتىن سەسكەنمەيتتى. ئۇلارنىڭ قەلبىدە ھېچقانداق ئالىيجاناب ئىستەك، ئېتىقاد يوق، پەقەت ئۆزىلا بار ئىدى.

غالىب ناھايىتى تېزلا ئىشلەپچىقىرىش بۆلۈمىگە باشلىق بولدى. مەنپەئەتكە بولغان تۇغما سەزگۈرلۈكى، كۆرۈنۈشتىكى سالاپىتى، مۇئامىلىگە ئۇستىلىقى بىلەن جەمئىيەتتە خېلىلا كەڭ مۇناسىۋەت تورى بەرپا قىلغان ۋە بۇنىڭ تەمىنى خېلىلا تېتىپ قالغان بولغاچقا، مۇناسىۋەتكە تايىنىپ ئىشلارنى يۈرۈشتۈرۈپ، يېرىم پالەچ ھالدىكى ئىشلەپچىقىرىش بۆلۈمىنى جانلاندۇردى. بىر-ئىككى يىلدىلا خېلى پايدا تېپىپ چوڭ-چوڭ سۆزلەيدىغان، كاتتا كىيىنىپ، تاللاپ يەپ-ئىچىدىغان، ئۇنداق-مۇنداق دېگەن ئادەملەر ئۇخلاپ چۈشىدىمۇ كۆرمىگەن سورۇنلارغا كىرىپ-چىقالايدىغان بولدى. ئۆيىنى كەينى-كەينىدىن ئىككى قېتىم بېزەتتى. بىر قېتىم ئىلگىرىكى ئاغىنىلەر بىلەن بىر سورۇندا ئولتۇرۇپ كەيپچىلىكتىنمۇ ياكى ماختىنىپمۇ: «ھەر قايسىڭ

مېنى بەك ئاسان يول تېپىپ كەتتى، دەپ ئويلىشىسەن، لېكىن مېنىڭ يول تېپىش ئۈچۈن قانچىلىك بەدەل تۆلىگىنىمنى بىلىشمەيسەن. مەن بارغۇ، پالانچىغا (تۆگە)، پوستانچىغا (ئات)، پوكۇنچىگە (كالا) بەردىم. ھېچنەرسە ئالالمىدى دېگەنلىرىمۇ (تەخەي) چىلىك پايدامنى كۆردى. دېمەك، بۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئىدارىدا مېنىڭ كېپىم گەپ. ئەمەل، ئۆي دېگەننىڭ مەنىدىن ئاشقىنى باشقىلارنىڭ» دېگەنىدى. ئۇنىڭ كېپى ئازكۈن ئۆتۈپلا ئىسپاتلاندى. ئۇ باشقارما باشلىقى بولدى، كاتتا ئۆيلەرگىمۇ كۆچۈپ چىقتى، ياسداق ئىشخانىدا ئولتۇرۇپ نەچچە ئون ئادەمنىڭ تەقدىرىنى ئۇيان-بۇيان قىلىدىغانمۇ بولدى.

بىراق ئۇ بەك گۇمانخور ئىدى. بولۇپمۇ بەزىدە كەيپىياتى يامانلىشىپ قالغان چاغلاردا پۈتكۈل دۇنيا ئۆزىنى ئالداۋاتقاندەك، ھەممە ئادەمگە گۇمان بىلەن تىكىلەتتى. باشقىلار ئىلگىرىكى يىللاردىكى نامراتلىقىنىڭ ، تېز بېيىپ كەتكەن بىرەر ئادەمنىڭ، ئېرىنى ئالدىغان بىرەر ئايالنىڭ گېپىنى چىقىرىپ قالسا، شۇ ھامان ئۆڭگەتتى. ئىلگىرى بىر قېتىم ئىدارىدىكىلەر تاغقا ئويۇنغىلى چىقىپ، قايتقاندا ئاكىركام بىلەن غالىبنىڭ سومكىسى ئالمىشىپ قالغانلىقى، شاكىركام ئۆيىگە كىرىپ سومكىنى ئاچسا، ئىچىدە بىرمۇنچە لوق گۆش، ئىچىملىك چىققانلىقى ھەممە ئادەمگە پۇر بولغاچقا، گۆش توغرىسىدىكى گەپلەرگە ئالاھىدە سەزگۈر ئىدى. كىشىلەر ئۇنىڭغا گەپ قىلماي كۈلۈمسىرەپ تۇرسا: «ھە، نېمە بولدى؟ نېمانداق ھىجىيىش بۇ، گەپ بولسا ئوچۇق قىلمامسىلەر!» دەپ ۋارقىراپ، بىگۇناھ كىشىلەرگە قوپاللىق قىلاتتى. ئۆزىنىڭ ھوقۇق، ھەيۋىسىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئورۇنلۇق تەلەپلىرىنى رەت قىلاتتى، ئىشلىرىغا قىيىنچىلىق تۇغدۇراتتى. ئۇ پەقەت باشقىلارنىڭ ئۆزىنى ماختىشىنىلا ياخشى كۆرەتتى. بولۇپمۇ ئىسلاھاتچى، قابىلىيەتلىك ياش رەھبەر، دېگەندەك گەپلەرنى ئاڭلىغاندا خۇشاللىقتىن يايراپ، ئېچىلىپ، پۈتكۈل دۇنيادىن مەمنۇن بولاتتى. شۇنداق دېگەنلەرنىڭ تەلىپىنى ئاسان ئورۇنداپ بېرەتتى. بارا-بارا قول ئاستىدىكىلەر ئۇنىڭ مىجەزىگە ماسلىشىۋېلىشتى. ئادەتتە ئۇ بار يەردە نامراتلىق، پىخسىقلىق توغرىسىدىكى، خوتۇنى تالاغا قارايدىغان ئەرلەر توغرىسىدىكى سۆزلەرنى، بولۇپمۇ گۆشكە مۇناسىۋەتلىك سۆزلەرنى زادى تىلغا ئالمايدىغان ، ئۇنى ماختاپ ئۇچۇرۇدىغان پۇرسەتلەرنى بولسا ھەرگىز قولدىن بەرمەيدىغان بولدى.

قارىغاندا، ئەمدى ماختاش دولقۇنى يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلىدىغاندەك قىلاتتى.

* * *

ئاخشىمى يوتقاندا يېتىپ ئايالىمغا غالىبنىڭ دېگەنلىرىنى سۆزلەپ بەردىم. ئايالىم ئېغىزىمنى قولى بىلەن تىرەپ يېتىپ سۆزۈمنى ئەستايىدىل ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن : ئاشۇ غالىبتىن سىزگە ياخشىلىق كېلەرمۇ، ئۇنىڭدىن ياخشىلىق تەمە قىلىپ ئۆزىڭىزنى ئاۋارە قىلمىغىچە، غورۇرىڭىز بىلەن بېشىڭىزنى كۆتۈرۈپ ياشىغىنىڭىز ياخشى، - دېدى.

ئايالىم يېقىندىن بېرى ئۆز تىلىمىزدا راۋان سۆزلەشنىلا ئەمەس، يەنە نۇرغۇن ئىشلارنى ئۆگىنىۋالغانىدى.

- بۇ گېپىڭنىڭ جېنى بار، ئەمدى مېنىڭ خوتۇنۇمدەك گەپ قىلىدىغان بوپسەن، - دېدىم ئۇنى يېنىمغا تارتىپ.

بىر پەستىن كېيىن نېمىشقىدۇر بۇ ئىش يەنە خىيالىمغا كىرىۋالدى. غالىبنىڭ دېگەنلىرىنى، ئۆزۈمنىڭ ستاژ، قابىلىيەت جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقىمنى، يېشىمنىڭمۇ باشقىلارنىڭكىدىن ئۈچ-تۆت ياش چوڭلۇقىنى قوشۇپ ئايالىمغا يەنە بىر قېتىم سۆزلەپ بەردىم. ئايالىممۇ بۇ قېتىم سەل تۇرۇپ كېتىپ:

- ئۇنداق بولسا سىزنىڭ ھەققىڭىز ئىكەنغۇ، بوشاڭلىق قىلىپ باشقىلارغا تارتقۇزۇپ قويماڭ. غالىب ئۆزى شۇنچىلىك دەپ تۇرغان يەردە ئۇنىڭ بىلەن كۆپرەك يېقىنلىشىپ ، سىرداشىپ تۇرۇڭ. مۇھىمى ئىشخانىدا ئىلگىرىكىدەك كەلسە-كەلمەس گەپلەرگە ئارىلاشماڭ، - دېدى. ئويلاپ باقسام ئايالىمنىڭ بۇ گېپىمۇ توغرا ئىكەن. دېمىسىمۇ ئىلگىرى مېنىڭ باشلىقلارنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنۈپ قېلىشىم دەل نېمىنى ئويلىسام شۇنى سۆزلەپ قويغانلىقىمدا ئەمەسمۇ.

* * *

ئەتىسى چۈشتىن بۇرۇن غالىب باشقا ئىشخانىلاردىكى 35-36ياشلىقلاردىن يەنە بىر نەچچىسىنى چاقىرىپ ئەكىرىپ پاراڭلاشتى. ئۇلارمۇ بىزنىڭ ئىشخانىدىكىلەرگە ئوخشاش ھاياجانلىنىپ يېنىپ چىقىشتى. قارىغاندا، مۇئاۋىنلىققا كىمنى قويۇش توغرىسىدا ئاممىدىن پىكىر ئېلىۋاتسا كېرەك. مۇشۇ بىرنەچچە كۈندىن بۇيان ھەممىلا ئادەم سەل سىرلىقلىشىپ قالغاندەك بولدى، ئىشخانىدىكى كەيپىياتمۇ ئۆزگىرىپ قالدى. يېڭى كەلگەن قىزغىنلا يۈكلىنىپ قالغان ئىشخانا تازىلاش، قايناقسۇ ئەكىرىشكە ئوخشاش ئىشلارنى ھەممەيلەن تالىشىپ يۈرۈپ قىلىدىغان ، تالىشىپ يۈرۈپ باشقىلارغا چاي دەملەپ بېرىدىغان، توختىغا ئوخشاش ئەتىگەندە ئۆزىنى كۆرسىتىپ قويۇپلا خوتۇنى تاپشۇرغان تۈگىمەس ئۇششاق ئىشلارنىڭ ئارقىسىدا چېپىپ يۈرۈدىغان، قولىدىن ئايلاپ-يىللاپ ئىش چىقمايدىغانلارمۇ سائەت توشقىچە مىدىرلىماي ئولتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئىشلەۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ قويىدىغان بولۇپ قېلىشتى. ئۆزۈمنى ئالسام، كۈندە ئەتىگىنى ئىستاكىنىمدىكى توختى ياكى خاسىيەت دەملەپ قويغان چاينى ئىچىپ ئولتۇرۇپ، باش كۆتۈرمەي گېزىت ئوقۇيمەن. گېزىتتە شۇنچە ھەيران

قالارلىق ئالاھىدە خەۋەرلەر، قىزىق گەپلەر بولسىمۇ، غىڭ قىلىپ سالمايمەن. راستىنى ئېيتقاندا، بۇنداق قىلىش، كۆنگەن خۇيۇمنى ئۆزگەرتىش ئاسانغا چۈشمىدى. ئەسىرنىڭ ئاخىرقى بۇ يىلى يېڭى ھادىسە، يېڭى قاراش، يېڭى ئوي-پىكىرلەرگە شۇنچىلىك تولۇقكى، مۇشۇنداق ھادىسىلەر ئالدىدا تىلى بار تۇرۇپ گاچا بولۇۋېلىش ئاسان دەمسىز. بۇ ئىشتىمۇ ئايالىمنىڭ كۆرسەتكەن ئەقلى ئەسقاتتى. ئۈستىلىمدە توشقان شەكىللىك بىر قەلەمدان بار ئىدى. قۇلاقلىرى دىڭگىيىپ تۇرغان، كۆزلىرىگە قىزىل مارجان پاتۇرۇلغان شوخ توشقانچاقنىڭ ئەقىللىق كاللىسىغا رەڭگا رەڭ قەلەملىرىمنى سېلىپ قوياتتىم. ئۇ دائىم كوماك چىشلىرىنى كۆرسىتىپ ماڭا ھەييارلىق بىلەن كۈلۈپلا تۇراتتى. ئايالىمنىڭ مەسلىھەتى بويىچە ئۇنىڭ يىرىق كالپۇكىنى يېلىملىق لاتا بىلەن «×» شەكلىدە چاپلىۋەتتىم. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭغا قارىسىلا گەپ قىلماسلىقىم كېرەكلىكىنى ئېسىمگە ئالىدىغان بولدۇم.

ئىشخانىدا ھەممىدىن بىچارە ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغىنى شاكىركام ئىدى. غالىب، توختى ۋە ماڭا ئوخشاشلار ئوڭ-سولىمىزنى بىلمەي يۈرگەن چاغلاردا ئۇ ئىدارىنىڭ جاپاسىنى كۆپ تارتقان، ھالال ئىشلىگەن، ئەمەل تەمەسى بولمىغانلىقى ئۈچۈن بىركىملەرگە خۇشامەتمۇ قىلمايدىغان، خۇشلىقىنىمۇ، خاپىلىقىنىمۇ ئۆتكۈر چاقچاق، كۈلكە بىلەن ئىپادىلەيدىغان بۇ ئادەم تاماكىنى ئۇلاپ چېكىپ، بۇرۇقتۇرما بولۇپ ئولتۇرۇپ كېتىدىغان بولۇپ قالغانىدى. بەزى كۈنلىرى ئىشىنى بالدۇرراق تۈگىتىپ، چۈشتىن كېيىنلىرى سىرتلارغا چىقىپ كېتەتتى. غالىب شاكىركامنىڭ ئالدىدا يالغان ھېجىيىپ، ھال-ئەھۋال سوراپ چاندۇرمىغىنى بىلەن، ئۇ چىقىپ كېتىشىگە قەستەن سۈرۈشتۈرۈپ، ئۆزىنى بېسىۋالغان قىياپەتتە: «قانداق ئۆزىنى سورىمايدىغان ئادەمبۇ، گەپ قىلاي دېسە تېخى، گەپ قىلمىسا...» دەپ غۇدۇرايتتى ياكى چىرايىنى ھەر قىسما قىلىپ بىزارلىقىنى ئىپادىلەيتتى. قاچانلاردىن تارتىپكىن توختى بىلەن خاسىيەت شاكىركامغا گەپ قىلمايدىغان، ئۇ يوق يەرلەردە، بولۇپمۇ غالىب ئاڭلايدىغان يەرلەردە ئۇنىڭ غەيۋىتىنى قىلىدىغان بولىۋالدى. غالىبنىڭ ئەتراپىدا يۈرۈدىغان بىرنەچچىسىمۇ ئۇنىڭدىن چەك-چېگرا ئايرىشتى. يېڭى كەلگەن قىز باشلىقلارنىڭ مۇئامىلىسىگە، گەپ-سۆزلىرىگە قاراپ ئۇنى ئەسكى ئادەممىكىن، دەپ ئويلاپ قالدىمىكىن، بىر كۈنى ئۇ يوق چاغدا ئۈستىلىنى ئۇنىڭ ئۈستىلىدىن ئايرىپ ئايرىم ئولتۇرۇۋالدى. بۇنداق ئىشلارنى كۆرۈپ ئۈندىمەي ئولتۇرغىنىمدا، بىرخىل گۇناھكارلىق تۇيغۇسى قەلبىمنى چىرمىۋالاتتى. شاكىركامنىڭ قانداق ئادەملىكىنى مەندەك چۈشىنىدىغان باشقا بىر ئادەم يوقتۇ، دەپ ئويلايمەن. ئۇن نەچچە يىل بىللە ئىشلەپ ئۇنىڭ خىزمەتتە ياكى باشلىقلار بىلەن بولغان مۇئامىلىدە ساختىپەزلىك قىلغىنىنى، باشلىقلارغا قارا سانىغىنىنى كۆرمىدىم. بەزىلەر كىچىككىنە ئىش قىلىپ قويسا، قىلغىنىنى ھەممە يەرگە داۋراڭ سېلىپ قىلمىغىنى قالمايدۇ. شاكىركام بولسا، باش كۆتۈرمەي ئىشلەشنىلا بىلىدۇ، قىلغان ئىشى سۈپەتلىك، ئىدىتلىق، ھەرقانداق كىشىنى قايىل قىلىدۇ. بىكار ۋاقىتلىرىدا ئانچە-مۇنچە ئىچىۋېلىپ شېئىر-قوشاق دېگەندەك نەرسىلەرنى ئوقۇپ قويىدۇ. بىرلا يېرى، تۈلكە ئادەملەرنى كۆرسە يۈز-خاتىرە قىلمايدۇ، ئۆزى گەپچى، يۇمۇرچى بولغاچ، ئېپىگە كەلتۈرۈپ گەپ بىلەن سوقۇپ جاجىسىنى بېرىپ تۇرىدۇ. ئىلگىرى غالىب شاكىركام بىلەن بىللە ئىشلىگەندە ئۇنىڭ ئەنە شۇنداق ئۆتكۈر چاقچاقلىرىنىڭ ئاساسلىق نىشانى ئىدى. ئۇنىڭ چاقچاقلىرى ھەممە يەردە كۈلكە قوزغايتتى، ئېغىزدىن ئېغىزغا تارىلىپ يۈرەتتى. بۈگۈنكى كۈندە بولسا...

بىر كۈنى قاراڭغۇ چۈشۈپ ئەل ئايىغى بېسىلغاندا شاكىركامنىڭ ئۆيىگە كىردىم. شاكىركام يېتىپ قالغانىكەن. ئۇنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ، يېقىندا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن گەپ-سۆزنىڭ كۆپىيىپ قالغىنىنى، سىرتقا چىقىپ كەتكەن چاغلاردا غالىبنىڭ بىرنەچچە قېتىم سۈرۈشتۈرۈپ خاپا بولغىنىنى ئېيتىپ، سەل دىققەت قىلىشىنى تاپىلىدىم. شاكىر ئاكا ماڭا چەكچىيىپ قاراپ قالدى:

— مېنى ئاشۇ غالىب سۈرۈشتۈردىمۇ؟ ئۇ... ئۆزى ماڭا رۇخسەت قىلغانتىغۇ! مەن ئۇنىڭغا ئوغلۇمنىڭ تويىغا جابدۇنۇۋاتقانلىقىمنى ئېيتقان، ئۇ ئۆزىمۇ خىزمەتكە تەسىر يەتكۈزمەي ئىشلىرىڭىزنى قىلىۋېرىڭ، دېگەن تېخى... ھا، ھا، ھا...

شاكىركام قاتتىق كۈلدى. ئۇنىڭغا قاراپ كۆڭلۈم بىر قىسما بولۇپ، نېمە دېيىشىمنى بىلمەي تۇرۇپ قالدىم.

كېچىچە ئۇياقتىن بۇياققا ئۆرۈلۈپ زادىلا ئۇيقۇم كەلمىدى. ئەتىسى ئەتىگەندە گېزىتتىن «راستىنلا تاشقى پلانىت ئادەملىرى بارمۇ؟» دېگەن تېمىدىكى بىر ماقالىنى ئوقۇپ بولۇپ شاكىركامدىن سورىدىم:

— شاكىركا، ماۋۇ ماقالىنى ئوقۇدىڭىزمۇ؟ سىزنىڭچە قانداق، باشقا پلانىتلاردا ھاياتلىق بارمىدۇ؟

لالە كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ماڭا بىر قاراپ قويىدى-دە بېشىنى تۆۋەن سېلىۋالدى. توختى بىلەن خاسىيەت بېشىنى كۆتۈرمىگەن بولسىمۇ، بەدەن قىياپىتىدىن خاتىرجەمسىزلىك، ھوشيارلىق چىقىپ تۇراتتى.

— كىم بىلىدۇ، دەيسىز. بىراق ئىنسانلار ئىپتىدائىي ئورمانلاردا يۈرگەن چاغلىرىدا ئاشۇ ئورمانلىقنى ئالەم، دەپ بىلەتتى. بۈگۈنكى كۈندە ئۇلار يۇلتۇزلارنى تەكشۈرۈۋاتىدۇ. ئەتە باشقا بىرەر پلانىتتىكى باشقىچە بىرخىل ئادەملەر بىلەن ئالاقە ئورناتمايدۇ، دەپ كىم ئېيتالايدۇ.

شاكىركامنىڭ سۆزى مېنى بىردىنلا ھاياجانلاندۇرۇۋەتتى:

— راست ئېيتىسىز، ئالەم شۇنچە كەڭ، يۇلتۇزلار سانسىز. شۇ سانسىز يۇلتۇزلارنىڭ بىرسىدە بىز بولغان يەردە، بىزگە ئوخشاش يەنە باشقىلار بولماي قالامدۇ. كىم بىلىدۇ، كېچىلىرى بىز يۇلتۇزلارغا نەزەر سېلىۋاتقان ۋاقتىمىزدا، ئاشۇ يۇلتۇزلاردىكى تالاي كۆزلەرمۇ بىزگە تىكىلىدىغاندۇ. . . ئۇ يەردىمۇ نى-نى ئادەملەر، ئالىملار، زالىملار باردۇ، پادىشاھ، ۋەزىر، ياساۋۇل ياكى جۇيجاڭ، چۇجاڭ دېگەنلەرمۇ باردۇ. ھىيلە-مىكىر، تەخسىكەشلىكلەر، خۇشامەتلەرمۇ باردۇ. . .

توختى دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ غالىبنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ كەتتى. ئارقىدىنلا خاسىيەتمۇ نېمىدۇر بىرنەرسىنى ئۈستەلگە پاققىدە تاشلاپ قويۇپ، ئېگىز پاشنىلىق ئايىغى بىلەن «تاق، تاق» دەسسەپ ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭدى.

شاكىركام ماڭا قاراپ مېيىقىدا كۈلۈپ قويدى. يېڭى كەلگەن قىز لالە قوڭۇر چاچلىق بېشىنى تېخىمۇ تۆۋەن سېلىۋالدى. ئىختىيارسىز ئالدىمدىكى توشقانغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. ئۇ، ئالغاي كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ، چاپلىۋېتىلگەن يىرىق كالپۇكلىرى بىلەن مېنى مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك ھىجىيىپ تۇراتتى. بىردىنلا غەزىپىم ئۆرلەپ، توشقاننى قاماللاپ تۇتتۇم-دە ئوچۇق دېرىزىدىن گۈللۈكنىڭ ئوتتۇرىسىغا قارىتىپ ئاتتىم. جايىمغا كېلىپ ئولتۇرۇپ گالىستۇكۇمنى يېشىپ ياقامنى بوشاتتىم. دېرىزىدىن باش يازنىڭ سالقىن شامىلى يېڭى ئېچىلغان گۈللەرنىڭ ھىدىنى ئېلىپ كىردى. ئۆزۈمچە:

— پاھ، قىزىلگۈل ئېچىلىپ توزىغىلىمۇ تۇرۇپتۇ، بۇ يىلقى باھارنىڭ قاچان كىرىپ، قاچان ئۆزاپ كەتكىنىنى ئەجەب بىلمەي قاپتۇق-ھە، -دېدىم.

شاكىركام ئىككىمىز بىردىن تاماكا ئوراپ چېكىشىپ تۇرساق، توختى كۆرەڭلىگەن قىياپەتتە يېنىپ چىقتى. گويا ئىككىڭلارنىڭ كۆرىدىغىنىڭلار بار تېخى، دېمەكچى بولغاندەك ئاۋۋال شاكىركامغا، ئارقىدىن ماڭا بىر قاراپ قويۇپ، ئۇنلۇك بىر يۆتىلىۋېتىپ جايىغا بېرىپ ئولتۇردى. چىرايى ھۆپپىدە قىزارغان، ھاياجانلانغان خاسىيەت بولسا، نېمىدىندۇر خۇدۇكلەنگەندەك ھەممەيلەنگە ئالاق-جالاق بولۇپ قاراپ قويدى.

— خىزمەت ۋاقتىدا بىكار پاراڭ سېلىشقانلار خىزمەتكە تەسىر يېتىدۇ، بۇنىڭدىن كېيىن گېپىڭلار بولسا، سىرتقا چىقىپ قىلىشىڭلار، - دېدى توختى غىڭىلدىغاندەك چىقىدىغان ئاۋازىغا قەتئىي تۇس بېرىپ.

— ھە، شۇنداقمۇ، بىز تېخى بىلمەي يۈرۈپتۇق، بولىدۇ، پاراڭ سېلىشمايلى، -دېدى شاكىركام.

شاكىركامغا قارىسام، قاتتىق ئەستايىدىل قىياپەتتە ماتېرىيال ئاختۇرۇشقا چۈشۈپ كېتىپتۇ، ھېچ ماڭا قارايدىغاندەك، مېيىقىدا كۈلۈپ قويىدىغاندەك ئەمەس، ئەمما ئۇنىڭ چىراي ئىپادىسى ۋە جىددىي ھەرىكەتلىرىدىن خۇددى تىرىك ھەجۋىي رەسىمدەك كۈچلۈك مەسخىرە ۋە ھەيبارلىق چىقىپ تۇرىدۇ. ئېسىمدە قېلىشىچە، بۇندىن بەش-ئالتە يىل ئىلگىرى شاكىركام توختىنىڭ بىر پارچە گېزىتىنى يىتتۈرۈپ قويغانلىقى ئۈچۈن ئىككىسى قىزىرىشىپ قالغان. توختىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ گېزىتكە قانداقتۇر بىر مۇھىم ھۆججەت بېسىلغانىكەن. ئەينى چاغدا شاكىركام ئۇنىڭغا: «ھۆججەت بېسىلغان گېزىت بولسا نېمە بوپتۇ، ناھايىتى بىر پارچە گېزىتقۇ» دېگىنىدە، توختى يىغلىغۇدەك بولۇپ: «سىز شۇڭا ئۆسەلمىگەن ئادەمسىز، مۇشۇنداق مۇھىم گېزىتلەرنى ساقلاپ قويۇشنىمۇ بىلمەيسىز، سىزگە چاقچاق بولسا بولدى» دەپ چېچىلغانىدى. شاكىركام شۇ چاغدىمۇ بۈگۈنكىدەك: «ھە، شۇنداقمىتى، بىز تېخى بىلمەي يۈرۈپتۇق، ئۆسۈشنىڭ يولىنى مانا بۈگۈن بىلىۋالدۇق» دېگەن ۋە بىر كۈن كەچكىچە خۇددى بۈگۈنكىدەك جىددىي قىياپەتتە يۈرگەنىدى.

توختىنىڭ ئاۋازى غىڭىلدىغاندەك ئارانلا چىقاتتى. خۇددى تۇغۇلۇشىدىنلا ئېگىلىپ يۈرۈشكە يارالغاندەك يول ماڭسا، سەل دۈمچىيىپ ھازىرلا لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالىدىغاندەك ماڭاتتى. ئادەمگە يەرنىڭ تېگىدىن سوغۇق قارايدىغان ئورا كۆزلىرى كۆزىنىڭ كەينىدە يەنە بىر كۆز باردەك تەسىر بېرەتتى. توختى كەسپكە ئانچە بېرىلمەيتتى، ئەمما ئەتە-ئاخشاملىرى خۇشامەتنى ياخشى كۆرىدىغان باشلىقلارنىڭ ئۆيلىرىگە كىرىپ تۇراتتى، كىرگەندىمۇ قۇرۇق كىرمەيتتى. باشلىقلارنىڭ يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالغان، توقلۇق ۋە خۇشلۇقتىن قىلىدىغان قىلىق تاپالماي يۈرگەن، قۇرۇق غەيۋەت بىلەن ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىدىغان خانىملىرىغا كۈچۈكلىنىپ قولتۇقىدىن چىقمايتتى، ئىش - كۈشلىرىنى قىلىشىپ بېرەتتى. خوتۇنىنىڭ ئالدىدا شۇ قەدەر بىچارە بولسىمۇ، خوتۇنى يوق يەردە ياش قىز-چوكانلارغا ھەتتا ئانىسىدەك ئاياللارغىمۇ چاقچاق قىلىپ باقاتتى. كەسپتە تازا روناق تاپالمىغانلىقىغا قارىماي ئەمەلدار بولۇش تەمەسى ئاجايىپ كۈچلۈك ئىدى. كېچە-كۈندۈز قانداق قىلىپ بىرەر ئەمەلگە ئېرىشىشنى ئويلايتتى. خىيالىدا بۆلۈم باشلىقى، مۇدىرلارنى پالاكەت بېسىپ بىر كېچىدىلا موللاق ئاتقان، راك بولۇپ ئۆلۈپ كەتكەن ياكى ماشىنا ھادىسىسىگە ئۇچراپ، ئۇلارنىڭ ئورنىنى ئۆزى ئىگىلىگەن ھالەتتە تەسەۋۋۇر قىلىپ كۆڭلىنى خوش قىلاتتى. رېئاللىقتا ئۇلارنىڭ موللاق ئاتمىغانلىقىنى، راكمۇ بولۇپ قالمىغانلىقىنى، ماشىنا ھادىسىسىگە ئۇچراپ ئۆلۈپمۇ قالمىغانلىقىنى كۆرگىنىدە ئۆزىچە كۈنلەپ، ھەپتىلەپ خورلىنىپ ئاياللىرىنىمۇ، خىزمەتداشلىرىنىمۇ بىزار قىلاتتى. ئېچىلىپ قالغان چاغلىرىدا بولسا، ئۇنىڭ-بۇنىڭ گەپلىرىگە قوشۇق سېلىپ، گەپ كوچىلاپ باشلىقلارغا توشۇيتتى ياكى ئىشخانىدا قايسىمىز بولمىساق شۇنىڭ يامان گېپىنى قىلاتتى. توختى ئەنە شۇنداق ياشاپ 1999-يىللارغا كەلگەندە غالىبنىڭ ئۆز ئارزۇ-ئارمانلىرىنى ئەمەلگە

ئاشۇرۇشقا ياردەم بېرەلەيدىغان ئادەم ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن جەھەتتە بىريەردىن چىقالايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى، بىراق ئۇنىڭ رىقابەتچىلىرى بەك كۆپ ئىدى. باشقا ئىشخانىدىكى ياشلارنى ھېسابقا ئالمىغاندىمۇ، بېقىنىدىلا خاسىيەت بار ئىدى. خاسىيەتمۇ بوش چوكان ئەمەس، نام-مەنپەئەت ئۈچۈن ۋاستە تاللاپ ئولتۇرمايدۇ. ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ كوزىرى — ئاياللىقى، چىرايلىقلىقى. كاساپەتنىڭ بېلىنى تولغاپ، تولغان كاسسىنى يېنىككىنە چايقاپ مېڭىشلىرى، كۈلۈپ تۇرۇدىغان كۆزلىرى ھەرقانداق ئەركىشىنىڭ يۈرىكىنى ئوينىتىۋېتەلەيدۇ! بىراق ۋاقتى كەلسە، ئايال كىشى دېگەن بىر پەشۋاغىمۇ يارىمايدۇ. بولۇپمۇ بىز خەقنىڭ ئارىسىدا ئايال كىشىنىڭ نامىنى بۇلغاشتىنمۇ ئاسان ئىش يوق. ھېلىقى خاسىيەتتەك دەزى بار ئاياللار ئىكەن، تۇخۇمدىن ئاق، سېغىزخاندىن ساق ئاياللارنىمۇ بىردەمدە قاپقارا قىلىۋەتكىلى بولىدۇ. ئايال كىشىنىڭ نامى بۇلغانغىنى — تۈگەشكىنى. يېقىندىن بۇيان ئاياللار ئارىسىدا غالىب بىلەن ئىككىسىنىڭ ئۈستىدە كۇس-كۇس گەپ چىقىپ قالدى. بۇنچىلىك گەپكە غالىبنىڭ مويى تەۋرىمەيدىلا ئەمەس، ئۇنىڭ ئابرويى تېخىمۇ ئۆستى. ئۇنى ھېچكىم ئەيىبلىمەيدۇ، ھەتتا ئۇنىڭغا ھەۋەس قىلىشىدۇ. خاسىيەتنى بولسا ئاياللارمۇ، ئەرلەرمۇ كەچۈرمەيدۇ، ھەممىدىن مۇھىمى بۇ گەپنى غالىبنىڭ ئايالى ئاڭلىماي قالمايدۇ...

* * *

خۇشامەتچىلىك ھاياتلىقتا ئوخشاش قەدىمىي نەرسە. ئۇ، جانلىقلارنىڭ تەبىئىتى بىلەن بىللە مەۋجۇد بولغان، ئۇئەڭ ئىپتىدائىي جان بېقىش ۋاستىلىرىنىڭ بىرى. ئۇ، ئادەملەرگىلا خاس ئەمەس، شىر-يولۋاسلار ئىچىدىمۇ تاپقان ئولجىلىرىنى ئۆزىدىن كۈچلۈكلەرگە ئۆتۈنۈپ بېرىپ، ئۆزى بىر چەتتە قۇيرۇق شىپاڭشىتىپ تۇرۇپ ئاشقىنىنى يەيدىغانلىرى ياكى ئۆزىدىن كۈچلۈكلەرگە ھەرخىل قىلىقلار بىلەن ياخشىچاق بولىدىغانلىرى بار. ھايۋانلار ئىچىدە ئىتنىڭ خۇشامەت قىلىش ماھارىتى ھەممىدىن يۇقىرى بولسا كېرەك. لېكىن ئۇنىڭ ئىگىسىگە سۆركىلىشلىرى ئىنسانلارنىڭ ئۆز خىلىغا قىلىدىغان خۇشامىتىدەك كىشىنى يىرگەندۈرمەيدۇ. ئۇ تولاراق بىرخىل ساپ مىننەتدارلىق ھېسسىياتىغا، سەبىي باللارنىڭ ئەركىلەشلىرىگە ئوخشاپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ئىگىسىگە بولغان ھەقىقىي ساداقىتىنى كۆزدە تۇتقاندىمۇ ئەمەلىيەتتە ئىتنى خۇشامەتچى دېگىلى بولمايدۇ. ئەمما ئادەملەرنىڭ خۇشامىتىگە كىشىگە ئېيتقۇسىز تۈرلۈك غەرەزلەر يوشۇرۇنغان بولىدۇ. ئۇنىڭ قىسمەنلىرى زۆرۈرىيەتتىن بولسىمۇ، مۇتلەق كۆپ قىسمى ھەرخىل تەمەلەردىن، ئاچكۆزلۈك، ئەمەلپەرەسلىك، شۆھرەتپەرەسلىك...تىن بولىدۇ. ئىنسان ئۆز

خۇشامەت ئوبيېكتىغا ھېچقاچان ھەقىقىي سادىق بولمايدۇ، ھەتتا ئۇنىڭغا يوشۇرۇن ئۇراكولايدۇ، ئۇنىڭدىن ھامان بىر كۈنى يۈز ئۆرۈيدۇ.

جاھالەتلىك ئوتتۇرا ئەسىر خۇشامەتنىڭ پارنىكى، گۈللەنگەن دەۋرى ئىدى. شېكىسپىر: «كىچىككىدە ئانىسىنىڭ ئەمچىكىنىمۇ بىرھازا ماختىۋېتىپ ئاندىن ئېمەتتىمىكىن» دەپ تەرىپلىگەن خۇشامەتچىلەر يۈكسەك ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت مۇھىتىدا مەۋجۇدلۇق ئىمكانىيىتىدىن ئايرىلىپ، بىزنىڭ ئارىمىزغا كۆچۈپ كەلگەن بولسا كېرەك. بىزدە ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئەسىرگە خاس تۈرىمۇ، ئىجادىي راۋاجلاندۇرۇلغان، زامانغا يارىشا تېخىمۇ كەڭ، تېخىمۇ چوڭقۇرلۇقتا يۈزلەنگەن، ۋاستىلىرى زامانىۋى بولغان يېڭى تۈرلىرىمۇ بار.

يېقىندىن بۇيان باشقارمىمىزدىكى ياشلار ئارىسىدا ئەرلەر غالىبنى، ئاياللار ئۇنىڭ ئايالىنى مەركەز قىلغان رېستوران ئولتۇرۇشى ئەۋج ئالدى. خۇددى قۇياش سىستېمىسىدىكى پلانىتلار قۇياشنى دەۋر قىلىپ ئايلانغىنىدەك، بىز ئۇلارنى دەۋر قىلىپ ئايلىنىپ تۇرىمىز. كۆزىمىز ئۇلاردىن ئۈزۈلمەيدۇ، بارلىق ئوي-خىياللىرىمىز، پاراڭ-چاقچاقلىرىمىز ئۇلارنى رازى قىلىشقا، خۇشال قىلىشقا بېغىشلانغان. ئەنە شۇنداق ئايلىنىپ نۆۋەت ئەسقەرگە كەلگەندە ئازراق چاتاق چىقتى. ئۇ ئاخشىمى بىز «تولۇنئاي» دا ئولتۇرغانىدۇق. ئولتۇرۇش ئەۋجىگە چىققاندا خېلىلا قىزىۋالغان غالىب يانفونىدا سۆزلىشىپ بولۇپ، بىر قىز بىلەن تانسىغا چۈشۈپ كەتتى، قايتىپ كەلگەندە يانفونىنى ئاقتۇرۇپ ھېچيەردىن تاپالمىدى. گەپنىڭ توغرىسى، ئۇ ئۆزىنىڭ يانفونىنى قايەرگە قويغانلىقىنىمۇ ئېسىگە ئالالمىدى. ئەسقەر خىجىل بولۇپ پىر-پىر پىرقىراپ كەتتى، ئەمما غالىب كېرەكتىن چىقاي دەپ قالغان ئۇ كونا يانفونغا ئانچە قىلىپ كەتمىدى. ئەتىسى كەچتە ئەسقەرنىڭ غالىبنىڭ ئۆيىگە ئايالى بىلەن بىللە كىرىپ يېپيېڭى، ئېسىل يانفوندىن بىرنى قويۇپ چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىدۇق. قائىدە بويىچە زىياننى ئەلۋەتتە ساھىبخان تۆلىشى كېرەكتە. بەزىلەر بۇنى ئەسقەرنىڭ ھېيلىسىمىكىن، دېيىشتى. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ ئىش ھەممىمىزنى ئويغا سېلىپ قويدى. باشقىلارنىڭ قانداق پىلانلارنى سوققانلىقى ۋە ئۇنى قانداق ئەمەلگە ئاشۇرغانلىقىدىن خەۋىرىم يوق. ئايالىم ئىككىمىز مەسلىھەتلىشىپ ئۆيدىكى بىردىنبىر پەخىرلىنىدىغان نەرسىمىزنى — بىر تامغا لىق كېلىدىغان ئېكسپورت گىلەمنى ئۇنىڭغا تەقدىم قىلماقچى بولدۇق. لېكىن گىلەمنى ئېلىپ بولۇپ، ئاپئاق كۆرۈنۈپ قالغان تامغا قاراپ، گويا ئۆي نەچچە يىللىق ئۆيۈمنى ئۆز قولۇم بىلەن ۋەيران قىلىۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالدىم. ئاچچىق تاماكىدىن بىرنى يۆگەپ چېكىپ ئولتۇرۇپ قىلىۋاتقىنىمنىڭ نەقەدەر رەزىل، بىمەنە ئىش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم-دە، گىلەمنى جايىغا ئېسىپ قويدۇم. شۇنىڭدىن كېيىن رېستورانلارغىمۇ

بارماس بولدۇم، باشقىلارنىڭ نېمىلەرنى قىلىۋاتقانلىقى بىلەنمۇ كارىم بولمىدى.

بىر كۈنى ئاخشىمى ئاستىنقى قەۋەتتىن تاراق-تۇرۇق ئاۋازلار، ناخشا-ساز ئاۋازى ئاڭلاندى. ئىلگىرى غالىب ئولتۇرغان ئۆيدە ھازىر توختى ئولتۇراتتى. يېرىم كېچىدە مېھمانلار ئۇزاشقا باشلىغاندا ئايالىم يەنە كونا كېسەلى تۇتۇپ ئۆتكەن قېتىمدىكىدەك: «توختى كىملەرنى چاقىرىدىكىن، قاراپ باقاي» دەپ چىقىپ كەتتى-ۋە بىردەمدىن كېيىن:

— پاھ، پاھ، قايسى كۈنى قورۇدىكى باللارنىڭ توختىنىڭ بالىسىنى: «توختى، كالاپوقىدىن قورقتى» دەپ تېرىكتۇرۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم، ئەمەلىيەتتە توختىمۇ بوش ئادەم ئەمەسكەن. ئۇمۇ ساپلا باشلىقلارنى چاقىرىپتۇ. يەنە كېلىپ كىملەرنى قوشۇپ چاقىرىپتۇ دېمەمسىز، قىزلارنى! ھەر قىزلار، ھەر قىزلار... — دەپ سايراپلا كەتتى.

— بولدى قىل، يېرىم كېچىدە تولا سېغىزخاندەك شاراقلاۋەرمە. خەقنىڭ قولىدىن ئىش كېلىدىكەن، سەن بىلەن بىزدىن نوچىكەن، قانداق قىلاتتىڭ، سەن قىلالمىغاندىكىن چىدا، چىدىغانغا چىقارغان، — دېدىم.

— ۋىيەي، مەن چىدىيالماي قاپتىمەنمۇ، چىدىيالماي قالغىدەك قانچىلىك ئىشتى ئۇ، — ئايالىم قايناپلا كەتتى، — ئەگەر مەن قىلاي دېسەم بارغۇ، كوچىدىن كەلگەندەك رەپ-رەپ بىر نېمىلەرنى ئەمەس، ئۈرۈمچىنىڭ تىرناقتا توختىغىدەك قىزلىرىنى ئەكىلەلەيمەن جۇمۇ. بىلمىسىزغۇ، بىزنىڭ زاۋۇتتىن شياگاڭ (ئىش ئورنىدىن قالغان) بولۇپ كەتكەن ھەر-ھەر قىز-چوكانلارنى. بىچارىلەرنىڭ قولىدىن ئازراقلا ئىش كېلىدىغان كىشىلەرگە قىپ كېتىدىغانلىرىنى كۆرسىڭىز ئىچىڭىز سىيرىلىپ كېتىدۇ... ئەشۇلارغا «ھايت» دەپلا قويىدىغان بولسام...

— بولدى، بولدى، سېنىڭ بىگىسىڭ بار، ئىشەندىم، ئىشەندىم. لېكىن سەن قىلمايسەندە ئۇنداق ئىشنى...

— ھە، مۇنداق دېمەمسىز. گەپ دەل بىزنىڭ قىلمايدىغانلىقىمىزدا. ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ پەرقىمۇ شۇ يەردە.

ئايالىمنىڭ گېپىدىن بىردىنلا سۆيۈنۈپ كەتتىم:

— توغرا دەيسەن، ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ پەرقى دەل شۇ يەردە. سەنزە بارغانچە ئەقىللىق بولۇپ كېتىپ بارىسەن جۇمۇ...

* * *

بىر كۈنى ئەتىگەندە گېزىت ئوقۇپ ئولتۇرۇپ، گېزىتنىڭ مۇھىم خەۋەرلەر بېتىگە، باش تەرەپكە بېرىلگەن بىر تەپسىلىي خەۋەرنى كۆرۈپ قالدىم. «تەدبىرلىك يېتەكچى، مۆجىزىكار ئىسلاھاتچى» دېگەن ماۋزۇ ئاستىدا غالىبنىڭ ئىش-ئىزلىرى تونۇشتۇرۇلغان بۇ تەپسىلىي خەۋەرنى توختى يازغانىدى. گېزىتخانىنىڭ مۇھەررىرلىرىمۇ قانداق مۇھەررىرلەركىن، ئادەمنىڭ غىدىقى كەلگىدەك كۆپتۈرمە مەدھىيە، ئاشكارا خۇشامەت يىغىپ تۇرغان سۆزلەرنى شۇ پېتى قويۇپ بېرىپتۇ. گېزىت-رادىئو، تېلېۋىزىيە دېگەنلەر پۇل ئۈچۈن ھەرقانداق ئادەمنى ماختايدىغان بولۇپ كەتكەن بۈگۈنكى كۈندە بۇمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس، ئەلۋەتتە.

ماقالە ئېلان قىلىنغان كۈنى ياشلار ئىدارە يېنىدىكى يېڭى ئېچىلغان ئاشخانىغا يىغىلىپ ئۇنى تەبرىكلىدۇق. بىرنەچچىسى ماقالىدىكى سۆزلەرنى گويا بەكمۇ شېرىن بىر نەرسە يەپ ئاغزىنى تامشىۋاتقاندەك، ھەۋەس بىلەن بەس-بەستە تەكرارلىشىپ كېتىشتى. يەنە بەزىلەر: غالىبكامنىڭ نەتىجىلىرىنى بىرەر پارچە ماقالە بىلەن تەرىپلەپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ، دېيىشتى. توختى بىرنەچچە كۈنگىچە كېرىلىپ يۈردى. ئادەتتە كىيىپ يۈرۈدىغان كونا كىيىملىرىنى سېلىپ تاشلاپ سېپتە تىكىلگەن يېڭى شىم-كاستيۇم كىيىپ، رەڭلىك كۆزەينەك تاقاپ يۈرۈدىغان بولۇپ قالدى. بۇ ئىش ياشلار ئارىسىدا يەنە بىر قېتىم داۋالغۇش پەيدا قىلدى. دېمىسىمۇ، مەنسەپ شۇنداق خاسىيەتلىك نەرسىكى، ئۇ دۆتنى ئەقىللىق، سەتنى چىرايلىق، يارامسىزنى يارامىلىق قىلىپ كۆرسىتەلەيدۇ. ھەممە ئىشىڭغا ئوڭايلىق، تۇرمۇشۇڭغا ھوزۇر، كۆڭلۈڭگە شادلىق بەخش ئېتىدۇ. شۇڭا، ھەممە ئادەم جان تىكىپ ئۇنى قوغلىشىدۇ. ھازىرقى كۈندە كىمدىن كىم كەم؟ ئەخلاق-پەزىلەت، بىلىم-ئىقتىدار دېگەنلەر ئاز-تولا بولسىمۇ ھېسابقا ئېلىنىدىغان دەۋرلەر كەلمەسكە كەتتى. كەسپىي قابىلىيىتىڭگە، بىلىمىڭگە ئىشەنگەنلەر ئاغزىنى ئېچىپ قېلىۋەرسۇن، كىم تەدبىرلىك بولسا، مەلۇم جەھەتتە باشلىقنى رازى قىلىپ كۆڭلىنى ئۇتالىسا ئامەت شۇنىڭ.

ئىشخانىلاردا ھەممىلا ئادەم ئۆز ئىشى بىلەن يۈرگەندەك قىلغىنى بىلەن تىل بىلەن ئىزھار قىلغىلى بولمايدىغان بىرخىل كەيپىيات ئادەملەرنى دەككە-دۈككىگە سېلىپ قويغانىدى. كىشىلەرنىڭ نېرۋىسى جىددىيلىشىپ خۇددى ھەددىدىن ئارتۇق چىڭ تارتىلغان دارغا ئوخشاپ قالغانىدى.

مۇشۇنداق پەيتتە، تاغقا ئىككى كۈنلۈك دەم ئېلىشقا چىقىدىغانلىقىمىز توغرىسىدىكى خەۋەر ھەممەيلەننى خۇشال قىلىۋەتتى. يېشىل تاغلارغا، ئورمانلارغا، تەبىئەتنىڭ قۇچىقىغا قايتىش ئىس-تۈتەك باسقان شەھەرنى، تۈگىمەس تىرىكچىلىك غېمى، رىقابەت، ھىيلە-مىكىر، رەزىللىكلەرگە تولغان ئىشخانىنى بىر پەسكە بولسىمۇ ئۇنتۇلدۇرۇپ، ساڭا تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكىنى، ھاياتنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ۋە دۇنيانىڭ چەكسىزلىكىنى، كەڭلىكىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. روھىڭنى پاكلاپ، قېنىڭنى ئۇرغۇتۇپ قەلبىڭدە ئادەمگە خاس گۈزەل ھېس-تۇيغۇلارنى ئويغىتىدۇ. بۇنداق پەيتلەردە روھىڭ ۋە تېنىڭ ھەقىقىي ئارام ئالىدۇ، تاشتەك قېتىق ئۇخلايسەن، يېگەن-ئىچكىنىڭ تېنىڭگە سىڭىدۇ. ئىككى كۈندە

پۈتۈن بىر يىللىق ھاردۇقلۇق چىقىدۇ.

بۇ قېتىم شەھەرنىڭ جەنۇبىدىكى ئېگىز تاغلار ئارىسىدا يېڭىدىن ئېچىلغان بىر ساياھەت رايونىغا چىقىدىغان بولدۇق. ئاپتوبۇسىمىز تۈزلەڭ يولدا بىرەر سائەتتىن ئوشۇقراق مېڭىپ، تاغ ئارىسىغا كىرىپ كەتتى. دۆمبەل، تۆپىلەرگە ئوخشاپ كېتىدىغان پاكار تاغلار بارا-بارا ئېگىزلەپ، تىكلەشتى. ئاپتوبۇس ئىچى خىرە، خىيالىي تۇس ئېلىپ، بىز ھازىرلا تاشلاپ كەلگەن ۋاڭ-چۇڭلۇق شەھەر ۋە ئۇنىڭدىكى ھەممە نەرسە گويا قاچانلاردىدۇر كۆرگەن چۈشكە ئوخشاپ قالدى. يول قاتمۇ قات-تىك تاغلار ئارىسىدا ئېخىمۇ ئېگىزگە قاراپ ئەگرى-بۈگرى سوزۇلغانىدى. يول بەزىدە زىچ تاغلار ئارىسىدا يوق بولۇپ كەتكەندەك، ئاپتوبۇس بېرىپلا ئۇسىدىغاندەك تۇيۇلسا، تۇرۇپلا يىراقتىكى قاتمۇ قات تاغلار ئارىسىدىن تاغنىڭ بېلىگە چېكىلگەن بەلباغدەك لەپىدە كۆزگە تاشلىناتتى. بەزىدە تاغلار خۇددى چۆچەكلەردىكى توختىماي بىر-بىرىگە سوقۇلۇپ تۇرىدىغان، سۇمۇرغنىڭ پەيلىرىنى ئېلىپ قالغان تاغلاردەك باش ئۇستىمىزگە بارغانسېرى يېقىنلاپ كېلىۋاتقاندەك، ھېلىلا بىر-بىرىگە سوقۇلۇپ ئاپتوبۇسنى مىجىقلاپ تاشلايدىغاندەك بىلىنسە، بەزىدە ئاستا يىراقلاپ نېرىدا سۈكۈت ئىچىدە قاراپ تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى. يولنىڭ بىر تەرىپىدە قورقۇنچلۇق چوڭقۇر جىرالار، جىرانىڭ تېگىدە بۇژغۇن چاچرىتىپ ئېقىۋاتقان سۈزۈك سۇلار كۆزگە تاشلىناتتى. بۇنداق چاغدا ئەتراپ خىيالىي تۇسكە كىرىپ، كىشى ئۆزىنى ئاللىقانداق سىرلىق، مەڭگۈ يېتىپ بارغىلى بولمايدىغان مۆجىزىلىك دۇنياغا قاراپ كېتىۋاتقاندەك سېزەتتى. مەنزىلگە يېتىپ بارغاندا بولسا، شېرىن چۈشتىن ئويغىنىپ كەتكەندەك قىيالماسلىق ئىچىدە قالاتتى.

ساياھەت ئورنى ئۈچ تەرىپى قارىغايلىق تاغلار بىلەن ئورالغان، بىر تەرىپىدە دولقۇنلۇق دەريا مەۋج ئۇرۇپ ئېقىپ تۇرىدىغان ياپيېشىل ئويمانلىقتا ئىدى. بىرنەچچە يىگىت كېلە-كەلمەي تاغقا يامىشىشقا باشلىدى. يەنە بىر قىسمىمىز قىزلار بىلەن دەريا بويىدىكى توقايلىقنى ئايلىنىپ كەلمەكچى بولۇپ تۇرساق، ئىدارە باشلىقى بىلەن خانىمى چۈشكەن پىكاپ يېتىپ كەلدى. ئۇلار پىكاپتا غالىبنىڭ ئىككى بالىسىنى ئالغاچ كەلگەنىدى. ئىككى بالا چوڭلار بىلەن بىرلىكتە چىملىققا سېلىنغان ئەدىيال ئۈستىدە ئولتۇرۇشنى خالىماي دەريا تەرەپكە يۈگرۈشتى. ئۇلار ھەقىقەتەن ئوماق ئىدى: ھەر قېتىم ئۇلارنى كۆرسەم تازا بوي تارتالمايۋاتقان ئوغلۇم بىلەن سېلىشتۇرۇپ، ھەسەتخورلۇقۇم تۇتاتتى. ئون ياشلاردىكى ، دادىسىغا ئوخشاش ئاقسېرىق، پۈتلىرى ئۇزۇن، يېشىغا قارىغاندا خېلىلا ئېگىز كەلگەن قىز قىسقا سېرىق يوپكا، توق قىزىل ئۆرە ياقىلىق مايكا، ئاق شلەپە، پۈتىغا ئالىبالداق ئۇزۇن پايپاق كىيىۋالغانىدى. سەككىز ياشلاردىكى ئوغۇل ئۈچىسىغا قىممەت باھالىق بىر يۈرۈش پادىچىلار كىيىمى، پۈتىغا چەت ئەلنىڭ ساياھەت ئايىغىنى كىيگەن، ھەر ئىككىسى دۈمبىسىگە چەت ئەللىك ساياھەتچىلەرنىڭ سومكىسىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىردىن كىچىك سومكا ئېسىۋالغانىدى. ئۇلارغا ھەممەيلەننىڭ مەستلىكى كەلدى. خاسىيەت بالىلارنى قۇچاقلاپ مەڭزىلىرىگە سۆيۈپ، كىيىم-كېچەكلىرىنى سىلاپ كەتتى:

— پاھ، سىلەر نېمىدېگەن چىرايلىق، خۇددى مەلىكە بىلەن شاھزادىنىڭ ئۆزى. بۇنچە چىرايلىق كىيىملەرنى داداڭلار ئېلىپ بەردىمۇ، ئاپاڭلارمۇ؟

قالغانلار بالىلارنىڭ دۈمبىسىدىكى سومكىلىرىنى ئېچىپ، قىزنىڭ سومكىسىدىكى كىچىك فوتو ئاپپاراتى بىلەن ئوغۇلنىڭ سومكىسىدىكى دۇربۇننى سىناپ كۆرۈشتى.

دەريا بويىدا چىرايلىق بىر راۋاق بار ئىدى. بالىلار يۈگرۈشۈپ راۋاققا چىقتى. راۋاقنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى قويۇق ئوت-چۆپ قاپلىغان ، ياۋا گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەن يانباغىر بۆكىدە قارىغايلىق تاغقا تۇتىشاتتى. . . قامچا گۈلىدەك ئۇزۇن، سۆسىنە ئېچىلىدىغان بىرخىل گۈل بالىلارنى جەلپ قىلىۋالدى. بالىلار گۈل تېرىشكە باشلىۋېدى، ئەتراپتىكىلەر ئۇلارغا بەس-بەستە گۈل ئۈزۈپ بېرىپ، ئۇلارنى گۈلگە كۆمۈۋەتتۇق. بالىلار گۈل تېرىشتىن بىردىنلا زېرىكىپ قالدى. ئوغۇل بالا كېپىنەك قوغلاشقا باشلىدى. قوغلاپ يۈرۈپ باشقىلاردىن سەل يىراقلاپ كەتتى ۋە تۇيۇقسىز:

— توشقان، توشقان! — دەپ ۋارقىرىۋەتتى.

ئۇنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى بىلەن تەڭلا قىيا تۈۋىدىن ئۇزۇن قۇلاق، سۇر رەڭلىك بىر جۈپ توشقان «پارت» قىلىپلا قاچتى. بالا ئىنچىكە بويىنىنى سوزۇپ، كۆزلىرىنى يوغان ئاچقان پېتى جايىدا قىمىرلىماي تۇرۇپ قالدى. ئۇ تاكى دادىسى كېلىپ قولىدىن تارتقىچە شۇ پېتى تۇردى.

— دادا، ئاۋۇ يەردە توشقان بارىكەن، تۇتۇپ بېرىڭە.

— توشقان دېگەن بەك تېز يۈگرەيدۇ، تۇتماق تەس. مەن ساڭا ئۆيگە قايتقاندا بازاردىن ئاق توشقان ئېلىپ بېرەي. جۇر، تاماق يەيمىز.

— ياق، مەن مۇشۇنى ئالىمەن. تۇتۇپ بېرىڭە، تۇتۇپ بېرىڭە. . .

شۇ ئەسنادا ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا ئولاشقان ياشلار بالىغا بولۇشتى:

— بولدى، بولدى، غالىبكا، بىزگە قويۇپ بېرىڭ. بىز دېگەن توشقان قوغلاپ چوڭ بولغان يىگىتلەر تۇرساق.

— بۇ دېگەن قانچىلىك ئىشتى، غالىبكا، سىز ئۈچۈن جېنىمىزنىمۇ ئايىمايمىز دەڭا.

— بالىلىرىڭىز ئۈچۈن بۇ قېتىمقى ساياھەتنىڭ خاتىرىسى بولۇپ قالسۇن.

ياشلار چاپانلىرىنى سېلىپ، ئاياغلىرىنىڭ بۇغۇچلىرىنى چىڭىتىپ، توشقان قوغلاشنىڭ تەييارلىقىغا چۈشۈپ كېتىۋىدى، پۈتۈمنىڭ ئاغرىقى يادىمغا كېلىپ كەيپىم راسا ئۇچتى. ئالدىنقى يىلى

قىشتا مەستلىكتە بىنانىڭ پەلەمپىيىدىن دومىلاپ كېتىپ، ھوشۇقۇمنى زەخمىلەندۈرۈۋالغانىدىم. شۇندىن تارتىپ قار-يامغۇر ياغقان كۈنلەر ياكى قاتتىقراق ھەرىكەت قىلغان ۋاقتىمدا زەخمىلەنگەن يەر ئاغرىيدىغان بولۇپ قالغانىدى. بولمىسىزە، توشقان قوغلاشقا قانچىلىك پەمىمنىڭ بارلىقىنى بۈگۈن بىر كۆرسىتىپ قويىدىكەنمەن.

ئالىم، ئەسقەر، توختىلار قالغانلارنى باشلاپ، تاغ ئېتىكىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، يانباغىرنىڭ خىلۋەترەك يېرىگە يۈرۈپ كېتىشتى. غالىبمۇ ئەگىشىپ تۇرۇۋالغان بالىلىرىنى باشلاپ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن كەتتى. ئۇلار كەتكەن تەرەپتىن خېلىغىچە ئۆپۈر-تۆپۈر بولۇشلار، «تۇت!»، «چاققان بول» دەپ ۋارقىراشلار، غالىبنىڭ بۇيرۇقلىرى ئاڭلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن ئۇۋچىلار خۇشال-خۇرام قايتىپ كېلىشتى. بىر توپ ئادەمنىڭ ئوتتۇرىسىدا چاپانغا يۆگەلگەن توشقاننى قورقۇمسىراپ كۆتۈرۈۋالغان ئوغۇل بالا كېلىۋاتاتتى. ئالىم، ئەسقەر، قەيسەرلەر بىر-بىرىگە گەپ بەرمەي توشقاننى قانداق قوغلىغانلىقى، ئالدىنى قانداق توسقانلىقى، ئالىمنىڭ ئۈستىدىنلا چۈشۈپ چاپان بىلەن قانداق ئوراپ تۇتۇۋالغانلىقىنى تەكرار سۆزلىشەتتى. توختى بولسا زەئىپ ئاۋازدا باشقىلارنى بېسىپ چۈشۈشكە ئۇرۇنۇپ، ھاياجاندىن دۇدۇقلاپ:

— غالىبكا... غالىبكا... غالىبكام بەك جايىدا قوماندانلىق قىلدى، خۇددى توشقاننىڭ نەگە قاچىدىغانلىقىنى بىلىدىغاندەك... — دەپ توختىماي تەكرارلايتتى.

تاماقتىن كېيىن بىرنەچچىمىز دەريا بويىدىن سۆگەت شاخلىرىنى سۇندۇرۇپ كېلىپ قەپەز توقۇدۇق. ئۇزۇن قۇلاق قەپەزگە سولاندى. ئىككى بالا كەچكىچە توشقان بىلەن بولدى.

مەن ئايالار بىلەن بىرلىكتە پاكارراق تاغلارغا چىقتىم. شۇنداقتىمۇ ھارغىنىمدىن ۋە پۇتۇمنىڭ ئاغرىقىدىن بالدۇرلا يېتىپ تاشتەك ئۇيقۇغا كېتىپتىمەن.

* * *

ئەتىگەندە ئويغىنىپلا بىنا ئالدىدىكى رەڭدار تاش ياتقۇزۇلغان، ئارا-ئارىسىدىن ئوت-چۆپلەر ئۈنۈپ چىققان يول بىلەن دەريا بويىغا ماڭدىم. سەھەردە ياغقان ئۆتكۈنچى يامغۇر دەل-دەرەخ، ئوت-چۆپلەرنى يۇيۇپ ياشارتىۋەتكەنىدى. ئاندا-ساندا كۆرۈنۈپ قالغان قارا يەر تېخى نەم ئىدى. دەرەخلىكتە قۇشلار ۋىچىرلاپ سايراشماقتا. سەھەرنىڭ نەمخۇش، سوغۇق ھاۋاسى بەدەننى سەل قورۇپ تۇرسىمۇ، كىشىگە ھوزۇر بېغىشلايتتى. بۇ، شەھەرلەردە زادىلا تېپىلمايدىغان، پاكىز زېمىننىڭ، تاغنىڭ، دەريانىڭ، يېشىللىقنىڭ ھىدى كېلىپ تۇرىدىغان ھاۋا ئىدى. دەريانىڭ نېرىقى تەرىپىدىكى تاغ ئارقىسىدىن قۇياشنىڭ دەسلەپكى نۇرلىرى چېچىلىشقا باشلىغانىدى.

دەريا بويىدا كەڭ ئېتەكلىك ئاق تور كۆڭلەك كىيگەن، قوڭغۇر چاچلىرى يەلكىسىدە يېيىلىپ تۇرغان بىر قىز خۇددى ھازىرلا سۇ ئىچىدىن چىقىپ كەلگەن سۇ پەرىسىدەك خىيال بىلەن ئاياغ تەرەپكە قاراپ ئاستا كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭدىن سەل نېرىدا، قويۇق دەرەخلىك ئىچىدە بىر يىگىت قىز تەرەپكە پات-پات قاراپ قويۇپ، دەرەخكە يۆلىنىپ تۇراتتى. ئۇزايدىن ئۇنىڭ يېنىغا بارماقچى بولسىمۇ پېتىنالمايۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ، يۇۋاش، ئاقكۆڭۈل يىگىت كامىل ئىدى.

— لالە، ھەي لالە، توختاڭ، ماۋۇ يامغۇرلۇق چاپىنىڭىزنى كىيىۋېلىڭ، زۇكامداپ قالماڭ يەنە!

ئالىم يېنىمدىن ئىتتىك ئۆتۈپ دەريا تەرەپكە چۈشتى. مەن بۇرۇلۇپ دەريانىڭ باش تەرىپىگە كەتتىم. يالغۇز ئايلىنىپ يۈرۈپ، نەگىدۇر ئالدىراۋاتقاندەك توختىماي ئېقىۋاتقان دەريا سۈيىگە قاراپ، گويا ئاشۇ سۇدەك ئۆتۈپ كەتكەن ياشلىق چاغلىرىمنى، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىمدا ياخشى كۆرۈپ قالغان بۇلاق كۆزلۈك قىزنى، ئۇنى دەپ چەككەن ئازابلىرىمنى ئەسلىدىم. قىزلار ھامان ئۆزىنى ئەڭ پاك مۇھەببەت بىلەن ياخشى كۆرىدىغان يىگىتلەرنى يانداپ ئۆتۈپ كېتىدۇ، پەقەت ئۇلار يۇۋاش بولغانلىقى ئۈچۈنلا. مەن شۇ تاپتا كامىلنىڭ دادىلراق بولۇشىنى، ئۆزىنىڭ نەقەدەر مۇستەقىل ئوي-پىكىرلىك، سەمىمىي يىگىت ئىكەنلىكىنى، مۇھەببىتىنىڭ نەقەدەر چوڭقۇرلۇقىنى قىزغا چۈشەندۈرەلىشىنى ئارزۇ قىلاتتىم.

چۈشتە داستىخاننى دەريا بويىغا سالدۇق. يەپ-ئىچىپ بولۇپ، قىز-يىگىتلەر تانسىغا چۈشتى. ئىدارە باشلىقىنىڭ يېشىغا باققاندا ھۆسنى ۋە خۇلقىنى يوقاتمىغان خانىمى بەسخور يىگىتلەر بىلەن ئارقا-ئارقىدىن تانسا ئويناپ چىملىقتىن ئوت چىقىرىۋەتتى. يەنە بىر تەرەپتە ئىدارە باشلىقى بىلەن غالىبنى چۆرىدەپ ئىچىشۋازلىق داۋام قىلماقتا ئىدى. تۇتۇلغان ھاراقلارنى ئىچىۋېرىپ خېلىلا قىزىۋالغان غالىب ئىدارە باشلىقىغا يېقىن ئولتۇرۇۋېلىپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىسلاھات پىلانلىرى توغرىلىق نۇتۇق سۆزلەۋاتاتتى. باشلىق ئۇنى ھەدەپ ماختايتتى، دۈمبىسىگە شاپىلاقلايتتى، ئارىلاپ -ئۇنى چۆكۈرۈپ، ئۆزىنى ماختايدىغان گەپلەرنىمۇ قىلىپ قوياتتى. ھەر ئىككىسى بىر-بىرىنىڭ گېپىنى ئاڭلىماي ئۆزىنىڭلا گېپىنى قىلىشاتتى. قالغانلىرىمىز ئۇلارنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ گېپىگە كەلسە-كەلمەس ۋارقىرىشىپ دوست تارتىپ كۆلۈشەتتۇق.

ئارىلىقتا تەرەتتىم قىستاپ ھاجەتخانىغا كېتىۋاتسام غالىب ئارقامدىن يېتىشىپ كېلىپ مۈرەمگە قولىنى سالدى، تۇمشۇقىنى قۇلىقىمغا سۈركەپ:

— قاراپ تۇر، ئۇزاققا بارماي ئاۋۇ قېرى ئەبلەخنى يىقىتىپ ئورنىغا ئۆزۈم چىقىمەن. شۇ چاغدا بارغۇ... شۇ چاغدا كۆرۈسەن، بايا قىلغان

گەپلىرىنى بۇرۇندىن بۇلاق قىلمىسام، ئوغۇلبالا بولماي كېتەي. سەن مېنىڭ يېقىن ئاغىنەم، مۇشۇ گېپىمنى ئېسىڭدە تۇت، -دېدى.

مەن ئۇنىڭغا:

- سەن مەست بوپقاپسەن، ئەمدى ئىچمىسەڭ بولاتتى. سەنمۇ مېنىڭ مۇشۇ بىر ئېغىز گېپىمنى ئاڭلاپ قوي، - دېدىم.

ئۇ، قىزارغان، ئېلىشاڭغۇ كۆزلىرىنى ماڭا تىكىپ:

- بۇ دېگىنىڭمۇ راست. مەن دېگەن تېخى چوڭ-چوڭ ئىشلارنى قىلىمەن، شۇڭا ئۆزۈمنى ئايىمىسام بولمايدۇ. مەن ئەمدى ئىچمەيمەن، سەن ماڭا ئاۋۇ. . . ھېلىقى . . . خاسىيەتنى چاقىرىپ بەر، مېنى ياتاقتا ساقلاپ قالدى، دەپ قوي، - دېدى.

بىردىنلا غەزىپىم ئۆرلەپ: «يوقال كۆزۈمدىن! مەن قىلمىغان مۇشۇ ئىپلاسلىق قاپتىمۇ، يا مېنى توختى دەپ ئويلاپ قالدىڭمۇ» دېمەكچى بولدۇم، ئەمما نېمىشقىدۇر زۇۋان سۈرمىدىم. قايتىپ كېتىۋېتىپ كۆز ئالدىمغا خاسىيەتنىڭ چىشلىرىنى چىقىرىپ كۈلۈپلا تۇرۇۋدىغان، خاسىيەت نېمە دېسە شۇنىڭغا ئىشىنىپلا قالىدىغان تۈز كۆڭۈل ئېرى كېلىۋالدى. پوچتىخانىنىڭ يېشىل رەڭلىك فورمىسىنى كىيىپ، ئالدىراشلا يۈرۈۋدىغان بۇ يىگىت غالىبنى ناھايىتى چوڭ كۆرەتتى، بىرەرسى غالىبنىڭ يامان گېپىنى قىلسا، دەرھال ئۇنىڭ بىلەن سوقۇشۇپ كېتەتتى. تۇرۇپلا خىيالىمغا: «نېمانچە قىلىمەن، گەپ ئايال بولغۇچىدىغۇ، قېنى، خاسىيەت نېمە دەيدىكىن، كۆرۈپ باقمايمۇ» دېگەن ئوي كېلىپ قالدى-دە، بېرىپلا خاسىيەتنى تانىسىغا تارتتىم. تانسا ئويناۋېتىپ:

- غالىب سىزنى ئىزدەپ ياتاق تەرەپكە كېتىپ قالدى، - دېدىم.

خاسىيەتنىڭ چىرايى شۇ ھامان ئۆزگىرىپ كۆزلىرى ئويناپ كەتتى، ئالقىنىمدا تۇرغان قولىنى تارتىۋېلىپ:

- شۇنداقمۇ؟ ئۇنداق بولسا مەن بېرىپ باقاي جۇمۇ، - دەپ بۇرۇلۇپلا ماڭدى. ئۇنىڭ ھەرىكىتى شۇ قەدەر چاققان، كەسكىن ئىدى، تۇرقىدىن ھاياجان ئارىلاش تەقەززالىق چىقىپ تۇراتتى.

ئارقىسىدىن قاراپ تۇرۇپ كۆڭلۈم بىر قىسما بوپقالدى. نېمىشقا دېدىم شۇ گەپنى، مەن زادى قانداق ئادەم؟ دېگەن سوئال يۈرىكىمنى تاتىلايتتى. ئۈنئالغۇدىن «كۆك دوناي دەرياسى» ياڭراۋاتاتتى. ئەتراپتا رەڭگارەڭ كىيىنگەن كىشىلەر ئويناپ كۈلۈشۈۋاتاتتى. ئالىم سۇ پەرىسى بىلەن پىرقىراپ ۋالىس ئويىنىماقتا. ئۇلارغا قارىساڭ جون ستراۋس بۇ مۇزىكىنى خۇددى مۇشۇ بىر جۈپ ياش ئۈچۈن ئىجاد قىلغانمىكىن، دەپ قالىسەن. سەل نېرىدا ئەسقەر ئىدارە باشلىقى بىلەن خانىمىنى ، غالىبنىڭ بالىلىرىنى ھەرخىل كۆرۈنۈشتە سۈرەتكە تارتىۋاتىدۇ. ئارىلاپ ئۇلارغا باشقىلارمۇ قېتىلىۋالاتتى. بالىلارغا بىردەم قاراپ تۇرۇپ، ئوغلۇمنى سېغىنغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. بىردىنلا كۆز ئالدىمدىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسى شۇنچىلىك مەنىسىز بىلىندى. شۇ تەرىقىدە نېمە قىلارىمنى بىلمەي تۇرسام، تۈنۈگۈن ماشىنىدىن چۈشكەندىن تارتىپ ئوچاق بېشىدىن ئايرىلمىغان شاكىركام بەش-ئالتە زىخ كاۋاب بىلەن يېرىم بوتۇلكا ھاراق كۆتۈرۈپ كېپقالدى. ئۇنى كۆرۈپ خۇددى نىجاتچىمنى كۆرگەندەك خۇشال بولدۇم. ئىككىمىزلا راۋاق تەرەپكە كەتتۇق. ئەتراپتىكى ياپيېشىل تاغلارغا ، دەل-دەرەخلەرگە، دولقۇنلىنىپ ئېقىۋاتقان دەرياغا قاراپ ئولتۇرۇپ، يەنە ئىككى رومكىدىن ئېچىۋەتتۇق.

ئۈچىنچى قېتىمدا:

- ئەمدى ئىچمەيلى، يول يامانكەن ، شەھەرگە ساقراق كېتىۋالايلى، - دېسەم، شاكىركام:

- قويۇڭە شۇ شەھەرنى، - دەپ كىمنىڭدۇر شېئىرىنى يادلاشقا باشلىدى:

- تەلۋە، مىسكىن بۇ گۈزەل شەھەر،
تەبىئەتتىن يىراق بىر جايدا،
بىر بوۋاينىڭ تەمكىن چۈشىدە:
تاش يۈز، تاش قول ھەم تاش يۈرەكلىك،
تاش كۆزىدە شېغىل يىغىلغان،
نادانلىقنىڭ قاتلاملىرىدا -
ئۇخلاپ يېتىپ تاشقا ئايلانغان
تاش بەدەنلىك، تاش ھېسسىياتلىق -
دېمەككى تاش ئادەملەر تولغان -
تاش شەھەرگە كەتتى ئايلىنىپ.

ئۇنتۇلغۇسىز ئىككى كۈن ئاخىرلىشىپ شەھەرگە قايتىدىغان چاغمۇ بوپقالدى. ئىدارە باشلىقى بىلەن ئايالى چارچاپ كەتكەنلىكتىن ، پىكاپ بىلەن خېلى بۇرۇنلا يولغا چىقىپ كەتكەنىدى. قالغانلار نەرسە-كېرەكلەرنى يىغىشتۇرۇپ، ئاپتوبۇستىن ئورۇن ئېلىشقا باشلىدۇق. غالىبنىڭ بالىلىرى توشقان سېلىنغان قەپەزنى كۆتۈرۈپ، خۇشاللىقىدىن قىن-قىنىغا سىغمىغان ھالدا ئالدىنقى رەتكە چىقىپ ئولتۇردى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا ئەسقەر بىلەن توختى، يان تەرىپىدە ئالىم بىلەن خاسىيەت ئولتۇردى. غالىب شوپۇرنىڭ يېنىدىكى ئورۇندا ئىدى. توختى ئوچاق بېشىدىن ئېلىۋالغان سەۋزە بىلەن قەلەمتۇرۇچنى چىقىرىپ، بالىلارغا توشقانغا سەۋزىنى قانداق توغراپ بېرىشنى ئۆگەتكىلى تۇردى.

ئاپتوبۇس قوزغىلىشى بىلەن تەڭلا ئارقىدىكىلەر ناخشا باشلىدۇق. شاكىركامنىڭ ناخشىغا كەلگەندە خېلى پەيزى بار ئىدى. ئۇ، بىرىنىڭ كەينىدىن بىرىنى ئۇلاپ ئېيتىۋەردى. قالغانلىرىمىز چالا مەستچىلىكتە ئەگىشىپ، كەلسە-كەلمەس توۋلاۋەردۇق. ئاپتوبۇس ئەگرى-بۈگرى يوللاردىن ئېھتىيات بىلەن ئەگىپ ئۆتۈپ، تىك تاغلار ئارىسىغا كىرىپ كەتتى. يولمۇ تىكلەشتى. ئاپتوبۇسنىڭ ئىچى بىردە قاراڭغۇلىشىپ، تۇيۇقسىز يەنە يورۇپ كېتەتتى: بۇنداق چاغلاردا تاغ قاپتاللىرىدا ، ئاپتوبۇستىن خېلى پەستە لەيلەپ يۈرگەن يۇپقا بۇلۇتلار كۆزگە تاشلىناتتى. بۇ مەنزىرە ئىختىيارسىز

كىشىنىڭ بېشىنى قايدۇرۇپ، يۈرەكنى دۈپۈلدىدەتتى، كەيپچىلىكنىمۇ تارقىتىۋېتەتتى.

غالىب يۇگوسلاۋىيە پارتىزانلىرىنىڭ «خەير-خوش دوستلار» دېگەن ناخشىسىغا ئىسقىرتىشقا باشلىۋېدى، ئالدىنقى قاتاردىكىلەر دەرھال ئۇنىڭغا ئەگەشتى. بۇنى كۆرۈپ ئارقىدىكىلەر ئاۋازىمىزنى تېخىمۇ قويۇپ بەردۇق. ئاپتوبۇس ئىچىنى ناخشا، ئىسقىرتىش ئاۋازى ۋە خۇشال كۈلكە سادالىرى قاپلىدى.

ھەممىمىز ئويۇن بىلەن بوپكېتىپ، شوپۇرنىڭ جىددىيلىشىپ ئارقىغا قاراپ بىر نېمىلەرنى دېگەنلىكىنى، ئاپتوبۇس سۈرئىتىنىڭ بىردىنلا ئىتتىكلەپ كەتكەنلىكىنى سەزمەپتۇق. تىزگىنىدىن ئايرىلغان تۇلپاردەك چاپچىپ كېتىۋاتقان ئاپتوبۇس خەتەرلىك ئەگىمىدىن ئەنە شۇنداق تېز سۈرئەتتە چىرقىراپ بۇرۇلغىنىدا ھەممىمىز ئورۇنلىرىمىزدىن ئۇچۇپ چۈشتۇق.

— نېمە ئىش، نېمە بولدى؟ — غالىب تەستە ئورنىدىن تۇرۇپ شوپۇردىن سورىدى. ئۇنىڭ چىرايى بىردىنلا تاتىرىپ كەتكەنىدى.

— تورمۇز ئىشلىمەيۋاتىدۇ! — دېدى چىپ-چىپ تەرلەپ كەتكەن شوپۇر.

كىشىلەر بىردىنلا جىددىيلىشىپ ۋارقىرىشىپ كەتتى، باللار يىغلاشقا باشلىدى. ئاپتوبۇس تېخىمۇ تېز سۈرئەت بىلەن ئالغا قاراپ ئوقتەك ئۇچتى، ئالدى تەرەپ چوڭقۇر جىلغا ئىدى! شوپۇر چەبدەسلىك بىلەن رولنى ئوڭغا بۇرىدى. جىلغا لېۋىدىن قايتقان ئاپتوبۇس سىلكىنىپ، چاپچىپ تىك تاغقا قاراپ چاپتى. كىمدۇر بىرىنىڭ دەھشەتلىك ئاۋازدا چىرقىرىشى كىشىلەرنىڭ قۇيقا چاچلىرىنى تىك تۇرغۇزۇۋەتتى. ئاپتوبۇس قاتتىق بۇرۇلۇپ تاغنىڭ سىپسىلىق قارا تاشلىرىغا سۈركىلىپ ئۆتتى..

ئاپتوبۇس ئەگرى-بۈگرى، گاھ ئېگىزگە ئۆرلەپ، گاھ چوڭقۇرلۇققا چۈشۈپ كەتكەن يولدا قۇترىغان يىرتقۇچتەك ھۆۋلاپ ھەريان چاپاتتى. شوپۇر ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، رولنى ئارانلا باشقۇرۇپ كېتىۋاتاتتى. ئەگەر ئالدى تەرەپتىن بىرەر ماشىنا تېز كېلىپ قالغۇدەك بولسا ياكى شوپۇر كىچىككىنە سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويسا... ئۇ ھەر قانچە تىرىشچانلىق كۆرسەتتى دېگەندىمۇ بىر نەچچە سائەتلىك تاغ يولىدا قاچانغىچە بەرداشلىق بېرەلەر؟ بالا-قازا كۆزنى يۇمۇپ -ئاچقۇچە مۇشۇنداق تېز ھەم تۇيۇقسىز يېتىپ كېلەلەمدۇ؟!

كىشىلەر تەلۋىلەشكەن ئاپتوبۇس ئىچىدە ھەريان تاسقىلىپ يۈرۈپ، ئەڭ ئاخىرقى پەيت يېتىپ كەلگىچە جېنىنى ئېلىپ قاچقىدەك بىرەر ئىمكانىيەت ئىزدىشەتتى. بەزىلەر ئاپتوبۇس دېرىزىسىدىن سەكرىمەكچى بولىشىۋاتاتتى. لېكىن بۇمۇ ئوخشاشلا خەتەرلىك ئىدى. غالىب ئۆزىگە مەھكەم يېپىشىپ يىغلاۋاتقان باللىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قېتىپ قالغانىدى، پات-پاتلا ئەتراپىدىكىلەرگە نېمىنىدۇر كۈتۈۋاتقاندەك قاراپ-قاراپ قوياتتى، ئەمما ھېچكىمنىڭ ئۇنىڭغا قارىغىدەك ھالى يوق ئىدى. توختى بىر بۇلۇڭغا تىقىلغان بولۇپ، ئورۇندۇق يۆلەنچۈكىگە ئېسىلغان قوللىرى لاغىلداپ تىترەيتتى.، خاسىيەت دېرىزىگە قاراپ: «ۋاي ئېسىت باللىرىم...» دەپ يىغلايتتى. ئالىم ئەسقەرلەرمۇ ئۆز جانلىرىنىڭ قايغۇسىدا قېلىشقانىدى. ئاپتوبۇس ئۇياقتا بىر، بۇياقتا بىر چاپچىپ، لىق بىر ئاپتوبۇس ئادەمنى گويا دوزاخنىڭ ئۆزىگە ئاپىرىۋەتمىسە كۆڭلى تىنمايدىغاندەك تېنىمسىز ئالغا ئېتىلماقتا، شوپۇر ئاخىرقى كۈچىنى ۋە غەيرىتىنى ئىشقا سالماقتا. قاچانلاردىدۇر شاكىر كام شوپۇرنىڭ يېنىدا پەيدا بوپقالدى. ئۇنىڭ شوپۇرلۇقتىن خەۋىرى بار ئىدى. ئۇنىڭ بوم-بوم چىقىدىغان ئاۋازى كىشىگە ئىشەنچ بېغىشلايتتى.

ئارقىدىكى بىر نەچچەيلەن دېرىزىدىن سەكرىدى، قالغانلارمۇ قىيا-چىيا قىلىشىپ، بىر-بىرىنى ئىتتىرىشىپ دېرىزىگە ئۇلاشتى.

مېنىڭ پۇتۇم سەكرەشكە يارىمايدۇ. بەلكىم جىلغىغا ئۆزۈمنى تاشلاپ ئۆلگىنىمدىن ئاپتوبۇس بىلەن بىللە پاچاقلىنىپ كەتكىنىم ياخشىراقتۇ. ھەممە ئادەم شۇنداقمۇ، ئەمەسمۇ، بىلمىدىم، لېكىن شۇ ئاخىرقى دەقىقىلەردە ئۆلۈمگە قاراپ جېنىنىڭ بارىچە چېپىپ كېتىۋاتقان ئاپتوبۇس ئىچىدە ئىختىيارسىز ھاياتىمدا ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىمنى ئەسلىدىم. بېقىپ قاتارغا قوشۇپ قويغان تاغامنى يوقلاپ تۇرالمىغانلىقىمنى، باشلىق ئاكام بار، دەپ يالغان سۆزلەپ ئىدارىدىكىلەرنى ئالداپ يۈرگىنىمنى، ھەتتا خوتۇنۇمنى قويۇۋەتمەكچىمۇ بولغانلىقىمنى، مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى بولىمەن، دەپ سۆزلىمەس بولىۋېلىپ شاكىر كامنىڭ دىلىنى رەنجىتكەنلىرىمنى، تېخى بۈگۈنلا خاسىيەتنى جىنايەت يولىغا باشلىغانلىقىمنى...

بەلكىم بۇ، ئالەمنىڭ ئىگىسىنىڭ ماڭا ۋە ماڭا ئوخشاشلارغا بەرگەن ھەققانىي جازاسىدۇ، ئۇ مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن ئۆلگەن نومۇس، ۋىجدانىمىزنى ئاخىرقى مىنۇتلاردا بولسىمۇ ئويغاتماقچى بولغاندۇ...

كىشىلەر جانلىرىنى ئالقانغا ئېلىپ تەلۋىلەشكەن ئاپتوبۇس دېرىزىسىدىن كەينى — كەينىدىن سەكرىمەكتە. ئالىممۇ دېرىزىگە ياماشتى. دېرىزە گىرۋىكىگە دەسسەپ تۇرۇپ بۇلۇڭدا تۈگۈلۈپ ئولتۇرغان لالەگە بىر قاراپ قويدى-دە، بېشىنى بۇراپ كۆزىنى يۇمغىنىچە چۈشۈپ كەتتى.

خاسىيەت ئۆزىگە ئېسىلىپ تۇرغان كىچىك قىزىنىڭ قولىنى سىلكىپ ئاجرىتىپ دېرىزىگە چىقتى. پۇتلىرىنى يىغىپ، قوللىرى بىلەن بېشىنى چاڭگاللاپ ئۆزىنى قويۇۋەتتى...

لالەنىڭ يېنىغا جىمغۇر يىگىت كامىل كېلىپ ئولتۇردى. لالە گويا يېقىنلاپ كېلىۋاتقان ئۆلۈمدىن خەۋەرسىزدەك خاتىرجەملىك بىلەن يىگىتنىڭ مۈرىسىگە بېشىنى قويدى، يىگىت ئۇنىڭ قولىنى مەھكەم تۇتۇۋالغانىدى.

باللار يىغلاشماقتا، غالىب تېخىچە خۇدىنى

يوقاتقان ھالدا ئولتۇراتتى، قانسىز بارماقلىرى دىرىلدەپ تىترەيتتى. بىر چاغدا ئۇ ئوغلىنىڭ قولىدىكى قەپەزنى كۆرۈپ قىلىپ، غەزەپ بىلەن ئۇنىڭغا چاڭ سالدى:

– تاشلا بۇنى! ئىككىڭ ئاز كېلىپ قاپسەنمۇ ماڭا، ھە؟

بالا قەپەزنى قويۇپ بەرگىلى ئۇنىمىدى، ئۇنىڭ كىچىك بارماقلىرى بىر-بىرىگە كىرىشىپ كەتكەندەك ئىدى. شۇ پەيتتە ئاپتوبۇس تېز بۇرۇلۇشتىن قاتتىق سىلكىندى. كىشىلەر يەنە بىر قېتىم ئۆرە-تۆپە بولۇشتى. بىر بۇلۇڭدا ئولتۇرغان توختى كىملەرنىڭدۇر ئۈستىدىن ئۆملەپ ئۆتۈپ دېرىزىگە ئېسىلدى. غالىب بىردىنلا ئۈمىدلەنگەندەك بولۇپ، بوغۇق ئاۋازدا يالۋۇردى:

– توختى، توختاپ تۇرغىنا، ماۋۇ باللارنىڭ بىرسىنى. . .

– ئۆتەپبارەۋە ئاداش، باللىرىڭغا ئۆزۈڭ ئىگە بولمامسەن! – توختى غالىبنىڭ قوللىرىنى سىلكىۋەتتى.

غالىب دەھشەتلىك بوراندا قالغان قولۋاقتەك چايقىلىۋاتقان ئاپتوبۇستا دەلدەڭشىپ تۇراتتى، پۇتىغا ئېسىلىپ يىغلاۋاتقان باللىرىغا قاراپمۇ قويماي، گويا قانداقتۇر بىر سادالارغا قۇلاق سېلىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئاپتوبۇسنىڭ ھەممىلا يېرى تىترەيتتى، غىچىلدايتتى، جالاقشىيتتى، توپا توزىتاتتى. گويا ھازىر ئۇگە-ئۇگىسىدىن ئاجراپ ، پاچاق-پاچاق بولۇپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى. دېرىزىدىن يولنىڭ بىر چېتىدىكى قويۇق يېشىل ئوت-چۆپ ئۆسكەن يانتۇلۇق كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى.

غالىب بىردىنلا باللىرىنى ئىتتىرىۋېتىپ، تىترەپ تۇرۇپ دېرىزىگە ياماشتى. قىزى يەنە ئۇنىڭ پۇتىغا ئېسىلىپ يالۋۇردى:

– جېنىم دادا، سەن بولمىساڭ بىز قورقىمىز، بىزنى تاشلاپ كەتمە، دادا. . .

غالىپ قىزىنى كۆچەپ تەپتى. قىز ئوڭدىسىغا ئۆچۈپ چۈشتى. ئوغۇل ئاچىسىغا قاراپ ۋارقىراپ يىغلاشقا باشلىدى. كۆز يېشى ئۇنىڭ كىرلەشكەن يۇمىلاق يۈزىدە روشەن سىزىقچىلارنى ھاسىل قىلماقتا ئىدى.

غالىب سەكرەپ چۈشۈپ كەتتى.

مەن دەلدەڭشىپ بېرىپ قىزچاقنىڭ بېشىنى قۇچىقىمغا ئالدىم. قولۇمغا قويۇق، ئىسسىق قان ئۇرۇلدى. ھېلىمۇ يارا ئېغىرى چوڭ ئەمەس ئىدى. ئوغۇل يېنىمغا كېلىپ ماڭا ئېسىلدى. بىر قولىدا قەپەزنى مەھكەم تۇتىۋالغانىدى. ئىلگىرى بۇ باللارنىڭ ئېگىز بويى، قىزنىڭ قويۇق، ئۇزۇن قوڭۇر چاچلىرى، ئۇزۇن كىرپىكلىرى، ئوغۇلنىڭ قاپقارا چاچلىق يۇمىلاق بېشى ھەسەتخورلۇقۇمنى قوزغايتتى. ئۇلارنى كۆرسەملا ئۆز ئوغلۇمنىڭ ئادەتتىكىدەك، كۆرۈمسىز بالا بولۇپ قالغانلىقىغا ئىچىم ئېچىشاتتى. شۇ تاپتا، ۋاقىتسىز يېقىنلاپ كېلىۋاتقان رەھىمسىز ئۆلۈم ئالدىدا ئۇلارنىڭ يۇمران بەدەنلىرىنىڭ ئىللىقلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۇلارغا بولغان ھېسسىياتىمنىڭ ئوغلۇمغا بولغان ھېسسىياتىم بىلەن بىرلىشىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. قەلبىم ئېلىپ كۆزلىرىمدىن ياش قۇيۇلدى. . .

تۇيۇقسىز شاكىركام بىلەن شوپۇرنىڭ كۈلۈۋاتقانلىقىنى، كامىل بىلەن لالەنىڭ جانلىنىپ نېمىلەرنىدۇر دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم. باللارنىڭ ئالا-پاساق چىرايىدا كۈلكە پەيدا بولغانىدى. بۇ، نېمە ئىش؟ ئۇلارنىڭ ئاۋازىنى چۈشۈمدە ياكى يىراق جايدا ئاڭلاۋاتقاندەك قىلىمەن. ئەتراپ بىردىنلا ئاجايىپ جىمجىتلىققا چۆمگەندەك، يەرشارى ئايلىنىشتىن توختاپ قالغاندەك تۇرىدۇ. ياق، ئاپتوبۇس ئاستا، سىلىق كېتىۋاتىدۇ. ئەنە ئۇ توختىدى. شۇ چاغدىلا كۆز ئالدىم ۋاللىدە يورۇپ كەتكەندەك بولدى. ۋۇجۇدۇم تىل بىلەن تەسۋىرلىگۈسىز شادلىققا، بەختىيارلىققا چۆمۈلدى. قارىسام، شاكىركام بىلەن شوپۇر قۇچاقلىشىۋېتىپتۇ. لالە بىلەن كامىلمۇ قۇچاقلاشتى، بىزمۇ قۇچاقلاشتۇق . ھەممىمىز بىر بولۇپ قۇچاقلاشتۇق، يىغا ئارىلاش كۈلۈشتۇق. بۇ، ئۆلۈپ تىرىلگەن ئادەملەرنىڭ شادلىقى ھەم بەختىيارلىقى ئىدى.

شوپۇر ئاپتوبۇسنى كەينىگە ياندۇردى. ئاپتوبۇستىن سەكرىگەنلەرنىڭ كۆپ قىسمى يارىلانغان بولسىمۇ، مەسىلە چوڭ ئەمەس ئىدى. پەقەتلا غالىبنىڭ يارىسى ئېغىردەك قىلاتتى. يولبويى توختىماي ئىڭراپ چىقتى، تېنىنىڭ ئاغرىقىمۇ ياكى قەلبىنىڭ ئاغرىقىمۇ، بىلگىلى بولمايتتى. چۈنكى باللىرى ئۇنى كۆرگەندە ئالدىغا يۈگرۈپ بارمىدى، بەلكى قورقۇپ مېنىڭ كەينىمگە ئۆتىۋالدى. يەنە بىرى، ئۇلار قەپەزنى ئېچىپ توشقاننى قويىۋەتتى.

بىر ئايدىن كېيىن غالىب مېنى ئىشخانىسىغا چاقىرىپ، تەشكىلنىڭ مېنى ئۆستۈرۈشنى ئويلىشىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. مەن تەشكىلگە رەھمەت ئېيتىپ، قەتئىي قوبۇل قىلمايدىغانلىقىمنى بىلدۈردۈم. سەۋەبىنىمۇ ئېيتىپ بېرەلمىدىم. ئىشقىلىپ، مەن ئۈچۈن ئۆتكەنكىدەك گەپ قىلمايدىغان بولۇۋېلىش ناھايىتى ئېغىر ئىش. مەن شاكىركامغا ئوخشاش كۆڭلۈمگە كەلگەننى دەپ، خالىسام چاقچاق قىلىپ، خالىسام ئانچە-مۇنچە ئىچىپ قويۇپ، خالىغاندا كىشىلەر بىلەن شاھمات ئويناپ، ئەركىن-ئازادە ياشاشنى خالايمەن. شۇنداق، مەن ئېيتىپ بېرەلمىگەن سەۋەب مانا مۇشۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئاخىرى توختى مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن قورۇدىكى كىچىك باللار ئۇنىڭ بالىسىنى: «توختى، كالا پوقىدىن قورقتى» دەپ تېرىكتۈرمەيدىغان بولدى.

---

ئاپتور: «شىنجاڭ گېزىتى» دە مۇدىر مۇھەررىر (M1)



# ياپپاڭ چىنە

(ھېكايە)

ئادىل يىلدىرىم

ئاغىنىلەر ھەمىشە مېنى ئەيىبلەيتتى. چۈنكى مەن ھاراق ئىچمەيتتىم، ئۇلارنىڭ ئارىسىغا ساق كىرىپ، ساق چىقاتتىم. دېمىسىمۇ، ھاراقنىڭ ئىچكۈدەك نېمىسى بار؟! كۆردۇق، ھاراق ئىچىدىغانلارنىڭ قانداق ئاقىۋەتكە قالىدىغانلىقىنى. ھاراق ئىچىدىغانلاردىن ھېچقانداق ئۈمىد كۈتكىلىمۇ بولمايدىكەن. ئۇلارغا بىرەر ئىشنى ھاۋالە قىلىدىغان بولساڭ، ئىشەككە تەلمۈرگەن بىلەن باراۋەر ئىكەن. ھاراقكەشلەر نېمە دېسە دەۋەرمەمدۇ، ئىچمەيمەن دېدىممۇ، بەس! گەپ بىر، قولاق ئىككى، ئىچمەيمەن. ماڭا ئىچۈرۈمەن دېيىش بىھۇدە ئاۋارىچىلىق، خالاس. مەن ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋان، ئاللادىن غەيرىنىڭ نامى تىلغا ئېلىنىپ بوغۇزلانغان ھايۋان، بوغۇپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋان، يىقىلىپ ئۆلگەن ھايۋان، ئۇسۇپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋان گۆشلىرىنى يېمەيمەن. نەزىر يېمەيمەن. يېتىمنىڭ ھەققىنى، باشقىلارنىڭ ھەققىنى يېمەيمەن. . . ھاراق مەن ئۈچۈن ئەنە شۇلار بىلەن ئوخشاش. شۇڭا، ئۇنى كۆرسەملا قۇسقۇم كېلىدۇ. بىر ھەدىستە دېيىلىشىچە، بۇ ئالەمدە ھاراقنى كۆپ ئىچىدىغانلار ئۇ ئالەمدە جەننەتنىڭ ئېسىل شارابلىرىدىن ئىچەلمەيمىش. راستىنىمنى دېسەم، جەننەتنىڭ ئاشۇ ئېسىل شارابلىرىدىن ئۈمىدىم بار. دېيىلىشىچە، ئۇ شاراب ئادەمنى ئېغىر مەست قىلمايدىكەن، باشنى ئاغرىتمايدىكەن، كۆڭۈلنى ئاينىتمايدىكەن. ھەممىدىن ياخشى يېرى، ئەتىسى چېشلىۋالمايدىكەن. شۇنىڭغا قارىغاندا، جەننەتتە

ھاراق چېشلىۋالغانلارغا ياقىدىغان تۇڭگاننىڭ ئاچچىق-چۈچۈك تائاملىرى يوق ئوخشايدۇ. . . مۇشۇلارنى ئويلىغىنىمدا، بىچارە ئاغىنىلىرىمگە بەكمۇ ئىچىم ئاغرىيدۇ. چۈنكى ئاغىنىلىرىم بۇ ئالەمنىڭ ئاچچىق ھەم قاڭسىق ھاراقلىرىنى ھەددىدىن زىيادە كۆپ ئىچىۋەتتى. ئۇلار بەئەينى ماتورغا ئوخشاپ قالدى، ماي قاچىلاپ تۇرمىسا، ھەرىكەتلىنەلمەيدۇ، مايسىراپ كەتكەن ماشىنىدەك غىچىرلاپ، تاراقشىپ كېتىدۇ. ئۇلار بەئەينى 19-ئەسىردىكى ئىنديىئان ياشلىرىغا ئوخشاپ قالدى، بىر بوتۇلكا ھاراققا ئۆزلىرى بىلمىگەن ھالدا خېلى - خېلى نەرسىلىرىنى تېگىشىۋېتەلەيدۇ. شۇنداقلىقىغا قارىماي، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە، ھاراق ئىچمەيدىغان ئادەم باشقىلار تەرىپىدىن تاشلىنىپ، بولۇڭدىكى يېتىمدەك بوپقالىدۇ، خۇددى خارابلاشقان تارىم مەدەنىيىتىدەك. ھاراق ئىچمەيدىغان ئادەم ، ئادەم ئەمەس! ھاراق ئىچمەيدىغان ئادەم خوراپىي، مۇتەئەسسىپ ۋە تەرەققىي قىلالماي جاھاننىڭ كەينىدە قالغان، زامانغا ماسلىشىش ئىقتىدارىنى يوقاتقان ، ھەتتاكى ئەركىنلىكىنى يوقاتقان ئادەم. ھاراق ئىچمەيدىغان ئادەم شۇلارغا ئوخشايدۇكى، ئۇ گانگ - جۇمانا دەريالىرى ۋادىسىدىكى ، ھىمالايا تاغ باغىرلىرىدىكى قارامتۇل كۆرۈنىدىغان كونا بۇتخانىلاردا كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ، تەسۋى سىرىپ ئولتۇرغان ئاۋاق قېرى راھىب. ئۇ، جۇڭگونىڭ مەشھۇر كلاسسىك ئەسىرى «غەربكە ساياھەت» تىكى يۇمشاق تەبىئەتلىك ،

نازۇككىنە كەلگەن، ئاقپۇشماق تالڭ سىلىڭ، تەكلىماكان چۆلىدە ئېشەككە مىنىۋېلىپ، مۈگدەپ كېتىۋاتقان قاناتلىغۇر ئۇيغۇر بوۋاي. . . ھاراق ئىچمەيدىغان ئايالمۇ ئايال ئەمەس! ھاراق ئىچمەيدىغان ئايال بەئەينى شەرقتىكى روپاش، غەربتىكى مۇناخ. قىسقىسى، ھاراق ئىچمەيدىغانلار دارۋىننىڭ نۇقتىئىنەزىرىدىكى «كۈچلۈكلەر ياشايدىغان، ئاجىزلار ھالاك بولىدىغان» قائىدە بويىچە ئۆلۈپ بولغانلار، ھالاك بولغان قەۋم.

توۋا دەيمەن، بۇ ئادەملەرگە زادى نېمە بولغاندۇ؟ 360 كۈننىڭ ھەممىسىدە ئۇلارنىڭ ھاراق ئىچىشىگە بىر سەۋەب تېپىلىدىكەن. روزى-قۇربان ھېيتلىرى، نەۋروز، چاغان، ئەمگەكچىلەر، ئوقۇتقۇچىلار، ئاشىق-مەشۇقلار، ئاياللار ۋە بالىلار بايراملىرى. . . يەنە پارتىيە، ئارمىيە، دۆلەت بايراملىرى، مىلاد بايرىمى. . . يەنە تېخى كۆچەت تىكىش بايرىمى، ئەيدىز كېسىلىدىن ساقلىنىش كۈنى، تاماكا تاشلاش كۈنى، زەھەرلىك چېكىملىككە قارشى تۇرۇش كۈنى، دۇنيا كىشىلىك ھوقۇقى كۈنى. . . ھەتتا تېخى ئايالى، بالىسى ياكى ئېرى ۋە باشقا تۇغقانلىرىنىڭ تۇغۇلغان كۈنى. . . ۋاي-ۋۇي، قايسى بىرسىنى دەپ بولغۇلۇق؟! ئۆتكەندە تېخى ئەنگلىيە بىلەن جۇڭگونىڭ شياڭگاڭنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش-ئۆتكۈزۈۋېلىش مۇراسىمى بولغان ھېلىقى كۈنى، مەھەللىمىزدىكى بەش - ئالتەيلەن «قولاق مىدىرلىغىچە ئىچىمىز!» دېيىشىپ، ھاراق دېگەننى راسا ئىچىپ، غەرق مەست بوپكېتىشكەنىدى. مەن ئۇلارغا: «سىلەر بۇنداق كاتتا مەرىكىنى ئوبدان كۆتۈۋاپسىلەر-ھە؟ ھەقىقەتەن ۋەتەنپەرۋەر، ئىنسانپەرۋەر ھاراقكەشلەركەنسىلەر» دېدىم. ئۇلار بىر ئېغىزدىن: «ئەلۋەتتە! بۈگۈن بىز ئىككى ئىشقا خۇشال. بىرى، شياڭگاڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلدى، مىليارد ئادەم شادلىققا چۆمۈلدى. . . يەنە بىرى، دۇنيا خەرىتىسىدە مۇستەملىكىدىن بىرسى ئازايدى» دېگەنىدى.

بۈگۈن ئاغىنىمىز باتۇر جوھۇتنىڭ قىزىنىڭ تۇغۇلغان كۈنى بوپتۇ. شۇڭا، ئۇ ئاداش ئۆيىگە سورۇن تۈزۈپ، مول داستىخان سالماقچى ئىكەن. ئۇ ئاغىنە بالىلاردىن 10-20نى چاقىرىپ قويۇپتۇ. بىر نەچچىمىز پاراڭلىشىپ تۇرساق تۇيۇقسىز قۇربان دەمكۆتە دېگەن ئاداش خۇددى يەردىن ئۈنگەندەكلا پەيدا بوپقالدى-دە:

— ھەي جوھۇت، بۈگۈن توي قىلغانلىقىمنىڭ ئىككى يىللىقى، شۇڭا قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، سورۇن مېنىڭ ئۆيۈمگە يۆتكىلىشى كېرەك، — دېدى. بۇنى ئاڭلىغان باتۇر جوھۇت دەرھال ئاغزىنى بۇزۇپ تىللىغىلى تۇردى:

— ئاناڭنى. . . بۇ گېپىڭنى نېمىشقا بالدۇرراق دېمەيسەن؟!

— ئاناڭنى. . . جوھۇت! بالاڭنىڭ تۇغۇلغان كۈنىدىن مېنىڭ ئىشىم مۇھىم، — قۇربان دەمكۆتە شۇنداق دېيىشىگىلا، باتۇر جوھۇت ئۇنىڭغا ئېتىلدى. ئىككىسى چارخورازدەك تۇتىشىپ كەتتى. بىز: «ئىككىڭلار چېلىشىڭلار، كىم كىمنى يېڭىۋالسا، ئولتۇرۇش شۇنىڭكىدە بولسۇن» دېدۇق. ئىككىسى چېلىشتى. باتۇر جوھۇت مۆدۈرۈپ تۇرۇپ: «مېنىڭ ئۆيۈمدە ئولتۇرىمىز. . . سېنىڭ ئۆيۈڭ يىراق، مېنىڭ يېقىن ھەم قولايلىق. . . سەن خوتۇنىڭدىن قورقىسەن، مەن قورقمايمەن. . .» دېدى. قۇربان دەمكۆتەمۇ ھاسىراپ تۇرۇپ: «ئۇن كۈننىڭ ئالدىدا خوتۇنىڭغا يالۋۇرۇپ، ۋەدىنامە يازغىنىڭنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟! . . .» دېدى. باتۇر جوھۇت جىڭگوكلارغا ئوخشايتتى. ئۆزى ئۆڭكى قارا، قوشۇلما قاش، ئورۇق، ھېلىگەر ھەمدە «ئىچىمدىكىنى تاپ» دەيدىغان، بۇقىنى چىمداپ ئۆلتۈرەلىگۈچىلىكى بار يىگىت ئىدى. ئۇ، خەنزۇلارنىڭ بوراق مالچى، تىككۈچى، موزدۇز، قورۇلۇش ئىشچىسى، ئاقما نوپۇسلىرى ۋە يېزا تۇرمۇشى تەسۋىرلىنىدىغان تېلېۋىزىيە فىلىملىرىغا ئامراق ئىدى (ئۇنىڭ ئەكسىچە يەنە خوتۇنى ۋە بىر قىزى بولغىنىغا قارىماي شەھۋانىي VCD فىلىملىرىنى كۆرۈشكە شۇنداق خۇشتار ئىدى). قاچانلا قارىسا، تېگى يۇمشاق لاتا ئاياغنىڭ سوڭىغا دەسسىۋېلىپ، پۇتىنى سۆرەپ مېڭىپ يۈرەتتى. چاپىنىنىڭ ئىككى يېڭىنى ساپىماي دۈمبىسىگە ئارتىۋېلىپ، باشمالتاقتەك تومۇلۇقتا يۆگەلگەن موخوركىسىنى چىشلەپ، بەلغەم تۈكۈرۈپ يۈرەتتى. ئۇ، خەنزۇلارنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىك مەھسۇلاتلىرىدىن تېگى يۇمشاق لاتا ئاياغ، يەلپۈگۈچ، چىش كولىغۇچ، دۈمبە قاشلىغۇچ، يىپ-يىڭنە قاتارلىقلارنى ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي ماختايتتى. يازنىڭ ئىسسىق كۈنلىرىدە يېرىم يالىڭاچ ئولتۇرۇپ تاماق يەيتتى. ئاچچىق تاماقلارغا، مايسىز تاماقلارغا ۋە خامسەيلەرگە بەكمۇ ئىشتىھالىق ئىدى. مايلىق تاماقلارنى كۆرسە، بىرىيەرلىرىنى مۇنداق تۇتۇپ بولغىچە: «ۋايجان» دەپ يېنىككىنە ئىڭراپ، تاشلايدىغان نازۇك قىزلارغا ئوخشاش چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ سەسكىنەتتى ۋە «ھۆ» قىلاتتى. باتۇر جوھۇت ئەقىللىق، پاراسەتلىك ئىدى. مەن ئويلايمەن، ئۇ ئۆزىنىڭ شۇ ئەقىل-پاراسىتىنى چوڭ-چوڭ ئىشلارغا سەرپ قىلىدىغان بولسا، ئالامەت بولاتتى-دە. «مەن نېمىشقا لاتا ئاياغقا ئامراق؟»، نېمىشقا ھورنان بىلەن بىر تەخسە قورۇمىنى مەززە قىلىپ يېيىشكە ئامراق؟ نېمىشقا چاپاننى دۈمبەمگە ئارتىۋېلىپ، پۇتۇمنى سۆرەپ مېڭىشقا، ئاستا ھەرىكەت قىلىشقا، بۇرنۇمنى، قۇلىقىمنى، چىشىمنى كولاپ تۇرۇشقا ۋە يەنە پات-پات يېنىك يۆتىلىپ بەلغەمنى زورمۇزور قىرىپ چىقىرىپ، تۈكۈرۈپ تۇرۇشقا ئامراق؟ بىلسەڭلار، بۇلارنىڭ ھەممىسىدە ئادەمنىڭ روھى ھەم تېنى ئارام تاپىدۇ. ئالايلۇق، ئۇيغۇرلار قاتتىق خورۇم كەش، ئۆتۈكلەرنى كىيىپ گۈرسىلدىتىپ ئاۋاز چىقىرىپ مېڭىشىدۇ. خەنزۇلار لاتا ئاياغنى كىيىپ يۈگۈرسىمۇ شەپە چىقمايدۇ. ئۇيغۇرلار قاتتىق تونۇر نانلىرىنى كورۇسلىتىپ يېسە، خەنزۇلار يۇمشاق ھورنانىنى تىۋىش چىقارماي يەيدۇ. ئۇيغۇرلار ھەرىكەتنى تېزلىك بىلەن قىلىدۇ، ئۇزۇنغا يارىمايدۇ. خەنزۇلارچۇ؟ ھەرىكەت ئاستا، ئۇزۇنغا يامان. . . بۇ قانداق پەرقلەر-ھە؟ پۇتنى سۆرەپ ماڭسا، ئۇزۇنغا يۈرگىلى بولىدۇ، پۇت ئاسان تالمايدۇ، ئادەم ئىتتىك ھارمايدۇ. قۇلاقنىڭ كىرىنى، بۇرۇننىڭ قاقاشلىرىنى، چىشنىڭ ئارىسىدىكى ئۇششاق چىرىندىلەرنى تازىلاپ تۇرۇش ياخشى ئىش، بەك ئوبدان ئادەت. بەلغەمنى چىقىرىپ تۇرساڭ، نەپەس يوللىرىڭ راۋان بولىدۇ. چاپاننى مۈرىگە ئارتىپلا ئالسا، ئۇنى دەرھال كىيىشكە ياكى سېلىۋېتىشكە قولايلىق بولىدۇ. . .» دەيتتى ئۇ خۇشلۇقى تۇتۇپ، گەپ قىلغۇسى كېپقالغان چاغلاردا. كوچا ئاپتوبۇسى ھەيدەيدىغان، باشقىلارغا لەقەم قويۇشقا ھېرىسمەن بۇ شوپۇر ئاداشقا كىم ئۇنداق سەت

لەقەم قويغان ؟ بۇنى ھېچكىم بىلمەيتتى ھەم نېمىشقىدۇر بىلىشكىمۇ قىزىقمايتتى. كونىلار: لەقەم دېگەن جەننەتتىن چىقارمىش، دەيدۇ. بۇ گەپكە گۇمانىم بار. مۇنداق قامالاشمىغان، سەت لەقەمنىمۇ جەننەتتىن چىققان دېسە، ئادەم ئەجەب بوپقالىدىكەن. ئۇ، دىنغا ئانچە ئېتىشىنىپ كەتمەيتتى. بىرەرسى ئۇنىڭغا: «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ سالام قىلسا، «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» دېيىش ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئاسمانغا چىقىشتىنمۇ ئېغىر كېلەتتى، شۇ زامات زۇۋانى تۇتۇلۇپ، چىرايى ئۆڭۈپ كېتەتتى. بىراق «بەندە خۇدا دەپ يىغلىماس بىردەرد-ئەلەم كەلمەگۈنچە» دېگەندەك، ئۇ بىرەر كېلىشمەسلىك ياكى باش قېتىمچىلىققا يولۇققاندا، ئادەمنى ھەيران قالدۇرۇپ، تەلتۆكۈس مۇئمىن مۇسۇلمان بولۇپ ئۆزگىرەتتى-دە، زىكرى سوقۇۋاتقان سوپىدەك ئاللا، ئاللا، ئاللا. . . دەپ نىدا قىلاتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭغا قاراپ، ئادەمنىڭ ھەرقانچە يوغىناپ كەتسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بىر قوشۇق سېسىق سۇدىن تۆرەلگەن ئاجىز بىر جان ئىكەنلىكىنى، نەقەدەر بىچارە ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ئېنىق ھېس قىلاتتىم-دە، ئىنسانلارنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاغا ھەمدۇ-سانا ۋە تەسبىھ ئېيتاتتىم. ئەپسۇسكى باتۇر جوھۇتنىڭ «ئېشەكنى كۆۋرۈكتىن ئۆتتۈۋالغاندىن كېيىن» ئۇ يەنە ئەسلىدىكى ھالىتىگە يېنىۋالاتتى. ئۇ، مەسچىتكە پەقەت مۇنداق پەۋقۇلئاددە شارائىتتىلا كىرىپ تۇياتتى: بىرسى، روزى ۋە قۇربان ھېيت نامىزى ئۆتەلگەندە (قارىغاندا، بۇ ئىككى نامازدا 7 ياشتىن 70 ياشقىچە بولغان ئەركەكلەرنىڭ ھەممىسى مەسچىتكە كىرىپ كەتكەندىكىن، ئۇ يالغۇز قېلىپ نومۇس كۆچىدىن ئامالسىز ھالدا مەسچىتكە كىرىشكە مەجبۇر بولىدىغانغا ئوخشايدۇ. گەرچە تاھارەت ئالىدىغان -ئالمايدىغانلىقىنى بىلىش مۇمكىنچىلىكى بولمىسىمۇ. نامازدا ئايەت ئوقۇيالماي، خەقلەر نېمە قىلسا شۇنى قىلىپلا يېنىپ چىقىدۇ ئۇ ئېھتىمال)، يەنە بىرسى، مەھەللىمىزدە بىرەر ئادەم ئۆلۈپ كەتسە، ئۇ، دىندا ئىككى-ئۈچ كۈن مۇستەھكەم تۇراتتى. توختىماي ئۇھ تارتىپ يۈرەتتى. بىز: «تولا ئۇھ تارتما، ياداپ كېتىسەن» دېسەك، ئۇ پەرۋاسىزلىق بىلەن: «مەن ئەزەلدىن ئورۇق. . . سەمىرسەم بىلىنىدۇ، ئورۇقلىغىنىم ھەرگىز بىلىنمەيدۇ» دەيتتى. شۇڭلاشقا، مەھەللىمىزدە: «جوھۇت دىنغا كىردى، جوھۇت دىندىن چىقتى» دەيدىغان ئادەت سۆزى مەۋجۇد. ئۇنىڭ دىندىن يېنىۋالماسلىقى ئۈچۈن، مەھەللىمىزدە ھەر ئۈچ كۈندە بىر ئادەم ئۆلۈپ تۇرسا بولامدىكىن ئەمدى؟! باتۇر جوھۇتقا ئامراق ئىدىم. چۈنكى كىچىكىمىزدىن بىللە ئۆسكەن بولغاچقا. بىراق بۇ ئاداش ھاراققا بەك ئامراق ئىدى. ھەمىشە ھەممىدىن ئاۋال مەست بولۇپ، بېشى ساڭگىلاپ چاتىرىقىغا تېگىپ قالىدىغىنىغا، بىسىپ نەچچە كۈن ئېچىپ قويسا، ئاغرىپ قېلىپ ئاسما ئوكۇل بىلەن ئاران ساقىيىدىغان ئاشۇ ھالىغا باقماي: «داتلىشىپ كەتتىم. . . كىچىك تىلىم لىپىلداپ كەتتى» دەپ ھاراق بار يەرگە تەلمۈرۈپ كېتەتتى.

ئىش ئورنىدىن قالغان، ھازىرچە بىرەر ئىشنىڭ ئېپىنى قىلالماي تېڭىرقاپ يۈرگەن قۇربان دەمكۆتە ھاراققا باتۇر جوھۇتتىنمۇ بەتتەر ئامراق ئىدى. مەن ئويلايمەن، ئۇ مۇشۇنداق ئىچىۋېرىدىغان بولسا، ئۆزۈنى قالماي مەھەللىمىزدىكى ئابلىمىت گادا-گۇدۇغا ياكى كونا پىيەنچۈك پەرھات زابويغا ئوخشاپ قالىدۇ. ئۇ مۇشۇنداقلا ئىچىۋېرىدىغان بولسا، ھامىنى مەھەللىمىزدىكى ئۇستا تامچى داۋۇتخان زابويغا ئوخشاشلا ھاراقتا ئۆلىدۇ. داۋۇتخان زابويغا خۇدايىم قوشقارنىڭكىدەك بىر دوققا باش، سىيىت نوچىنىڭكىدەك بىر جۈپ بىلەك، سادىر پالۋاننىڭكىدەك كۈچ-قۇۋۋەت ۋە قورقماس يۈرەك بىلەن بىرگە يەنە داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاۋازىدەك ساز ئاۋازىمۇ ئاتا قىلغانىكەن. ئۇ بىر ئىشقى بار ئادەم ئىدى. «ھۇسەن باينىڭ ئوغلىدەك، ئىشەك بېشىغا يوغان بىر پارچە قۇيرۇق مايىنى ئېسىپ قويۇپ، ئاندىن ئىچ!» دەيتتى ئۇ. ئۇ، تام قوپۇرۇۋېتىپ ئىلى ناخشىلىرىغا بىر تولايدىغان بولسا، بولدى! ئادەمنى مەست قىلىۋېتەتتى. بۇ ناخشىلارنىڭ يەرلىك پۇرىقى، سېھرىي كۈچى، جەزبىدارلىقى، شوق ھەم مۇڭلۇقلۇقى قوشۇلۇپ، دەسلەپ بۆرە ھۇۋلىغاندەك ئاڭلىنىدۇ، بارا-بارا ئىشقى بار ئادەمنى نەچچە ئۆلتۈرۈپ، نەچچە تىرىلدۇرۇپ، بىرقانداق قىلىۋېتىدۇ. خۇددى مەشرەپ بىر كېچىدە قورغاستىن بۇخاراغا باردى. . . دېگەن رىۋايەتكە ئوخشاش ئادەمنى يىغلىتىپ، كۈلدۈرۈپ، چۆرگىلىتىپ ھەم پىرقىرىتىپ ئەكىلىپ، ئىلى ۋادىسىغا تاشلاپ قويۇپ، ئاندىن توختايدۇ. . . قىزىق، بۇ ھاراقكەشلەرنىڭ ھەممىسى ئوخشاش بولامدىكىن، ھاراق ئىچكەنلىكى ئادەم ئىلى ناخشىلىرىنى تولايدىكەن دېسە؟ دەرھەقىقەت، ئىشقى يوق ئادەم ئىلى ئاھاڭلىرىغا تولىيالمايدۇ. ئاقكۆڭۈل قۇربان دەمكۆتە بولىدىغان ئاداش ئىدى. ئۇ، گىتار چېلىپ، ئەلنەغمىچى ئابلىكىم ياڭاقنىڭ ئۇسلۇبىدا ناخشا ئېيتىدىغان بولسا، ئۇ ناخشىلارنىڭ ئىلى پۇرىقىنىڭ كۈچلۈكلۈكى، مېلودىيىسىنىڭ رەڭدارلىقى، رىتىمىنىڭ شوخ، جەزبىدارلىقى ۋە مۇڭلۇق، مىسكىنلىكى قوشۇلۇپ، ئادەمگە ئاجايىپ ئېستېتىك ھوزۇر بەخش ئېتىدۇ. ئادەمنى دەسلەپ غېرىبلىق ئىسكەنجىسىدىن ئازاد قىلغاندەك قىلىدۇ-يۇ، ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا سەھرايى كەبىر بىلەن تەكلىماكان چۆلى ئارىلىقىدا دومىلىتىپ، ئاقىۋەت تەكلىماكاننىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا ئەكىلىپ، پۇرلەپ تاشلىۋېتىدۇ.

قۇربان دەمكۆتە باتۇر جوھۇتنى يېڭىپ قويىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ خىل قەدىمىي دېموكراتىك رىقابەت سورۇن راسلاش ھوقۇقىنى قۇربان دەمكۆتەگە ئۆتكۈزۈپ بەردى. سورۇن يۆتكەلگەنلىكتىن، باتۇر جوھۇت بىلەن قۇربان دەمكۆتە تېلېفونخانىغا كىرىپ توختىماي ئۇن نەچچە قېتىم چاقىرغۇ چاقىرىشتى. شۇنىڭغا قارىغاندا، كېلىدىغان مېھمانلار ھەقىقەتەن ئاز ئەمەستەك قىلىدۇ. ھەي-ھەي. . . بۇ ئاغىنىلەرگە ھەيرانمەن-دە، ئەلپازىغا قارىسا ھەر كاتتا-ھەر كاتتا، سۆلىتىنى ئات ھارۋىسى تارتالمايدۇ، خۇددى رومىنىيىنىڭ «قىساس» دېگەن كىنوسىدىكى باربانىڭ ئادەملىرىگە ئوخشاش ھەممىسى خورۇم چاپانلىق، بەك ھەيۋەت، گەپ يوغان. مېڭىشلىرىچۇ، ئېغىغا بىرنېمىلىرى پاتماي قېلىۋاتقاندەك ئالچاڭشىپ مېڭىشىدۇ. بەزىلىرى تېخى يىڭناغۇچتەك تۇرۇقلۇق ئەركەك غازدەك گىدىيىۋالىدۇ. بىرەرسىنىڭ ئۆيىگە كۆمۈر چۈشۈرۈدىغان ئىش چىقىپ قالسىغۇ: «مەينەت بوپكېتىمىز» دېيىشىپ، بىر-بىرلەپ قېچىشىدۇ (قاچمىسىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى كىچىككىنە ئىش قىلىپ قويسا ھاسىراپ كېتىشىدۇ ياكى ئەتىسى پۈتۈن بەدەنلىرى ئاغرىپ قويىشىدۇ). بىر گەپنىڭ بېشىنى چىقىرىپ بولغۇچە «بىلىمەن» دەپ ئۇ گەپنىڭ ئاخىرىنى ساڭا دەپ بېرەلەيدۇ. دراما ئارتىسلىرى

درامىنى كەچقۇرۇندا ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە ئورۇندىيالىغىنىدەك، بۇ ئاغىنىلەرمۇ هاراق سورۇنلىرىدا ئەڭ ياخشى كەيپىياتتا بولىدۇ، ھەرقانداق يوشۇرۇن ئىقتىدارلىرى دەل هاراق سورۇنلىرىدا تولۇق ياكى بىر قەدەر تولۇق نامايان بولىدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئۇلارنىڭ بىرەرسىمۇ ھېلىغىچە يانفون دېگەن نەرسىنى ئالماي تېخىچە چاقىرغۇ ئېسىپ يۈرىدۇ. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، بىزنىڭ ئادەملەر زامانىۋىلىقنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە يېنىغا ئېسىۋېلىپ يۈرگەن چاقىرغۇنى ئامېرىكا دېگەن دۆلەتتە كالا فېرمىسىدىكى نەسىللىك كالىلارنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويارمىش. ھەلەپ يەيدىغان ۋاقتى توشقاندا، ئادەملەر كالىلارنى ئاشۇ چاقىرغۇ ئارقىلىق چاقىرارمىش.

كەچ. قۇربان دەمكۆتەنىڭ ئۆيى.

قارىسام، ئۆيدە يول ياساش ئىدارىسىدا ئىشلەيدىغان قارا روزى، ساقچىخانىدا خىزمەت قىلىدىغان ئەكبەر تۆشۈك، باشلانغۇچ مەكتەپتە تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلەۋاتقان ئىلغار يەتتە پۇت، ئون يىللىق بىكارچى، ماھىر پۇتبولچى ئەخمەت پاكار، ئىلگىرى تىجارەت قىلىپ، ئەمدى تاپقان پۇللىرىنى خەجلەپ يېتىۋاتقان ئوسمانقارىي، ھېچقانداق ئىدارىدا بېسىپ ئىشلەپ بولالمىغان، ئەمدىلىكتە ئاش يەپ قاچا بىكارلاپ، يول مېڭىپ كوچا بىكارلاپ (چىڭداپ) يۈرگەن ئىسمائىل ئىتتىك قاتارلىق ئاغىنىلەر ئولتۇراتتى. باتۇر جوهۇت ئىككەيلەن كىرىپ دوستلار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ ۋە ئەھۋاللىشىپ بولۇپ تۇرۇشىمىزغا تۆمۈر يولدا ئىشلەيدىغان ياقۇپ ھۆپۈپ، مېھمانسارايدا خىزمەت قىلىدىغان ئەخمەت جاھازا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى دىلمۇرات پىس-پاس ۋە كىراكەشلىك قىلىدىغان ئابدۇراخمان تاكسى قاتارلىق ئاغىنىلەر كىرىپ كەلدى. ھېلىمۇ بۇ ئۆي چوڭ ھەم ئازادە ئىكەن، ئۇنداق بولمىغان بولسا، ئىچىدىغان بۇنچىلىك كۆپ دوستلار قانداقمۇ سىغسۇن؟ يەنە كېلىدىغانلارمۇ بار تېخى. مانا، مانا. . . دېمىدىممۇ؟ شوپۇر دوستىمىز ئىلى لومپا، ساقچى مۇرات يوغانباش قاتارلىق يەنە نەچچەيلەن ئۆيگە كىرىپ كەلدى. سورۇن تېخىمۇ قىزىپ كەتتى. بەزى ئاغىنىلەر: «توي خاتىرىسى دەيدۇ، بىرمۇ قىز بالا يوق، ھەممىسلا ئىچىدىغانلارغۇ؟» دېيىشتى. دېمىسىمۇ، قارىسام بىرمۇ قىز بالا كۆرۈنمەيتتى. «توي خاتىرىسى بولغاندىكىن، دەمكۆتەنىڭ ئايالىنىڭ دوستلىرىمۇ كېلىشى كېرەك ئىدىغۇ؟» بايا مەن شۇنداق ئويلىغانىدىم. كىم بىلىدۇ؟ نېمىشقا كەلمىدى. . . بەلكىم بۇ دەمكۆتەنىڭ شۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇشىدۇ. چۈنكى ئۇ هاراق ئىچىدىغانغا پۇرسەت تاپسىلا بولدى-دە. ئەنە ئۇنىڭ خوتۇنىمۇ قاپىقىنى تۈرۈپ، دومسىيۇپ، بىرنېمىلەرنى قىلىپ يۈرەتتى، بىردەمدىلا ئۆينى تاشلاپ بېرىپ چىقىپ كەتتى.

مېنىڭ بۇ ئاغىنىلىرىمدە شۇنداق بىر ئادەت باركى، ئاغىنىلەرنىڭ ئالدى كېلىپ، كەينى ئۈزۈلۈپ بولغىچە بالدۇر كېلىۋالغانلاردىن نەچچىسى ئالىلبۇرۇن بىرقانچە بوتۇلكىنى قۇرۇقداپ قويۇپ تەڭشىلىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككىدىن-ئۈچتىن كېلىشكە باشلىغانلار ئىشىكتىن كىرىپ سالام-سەھەت قىلىشىپ بولغىچە، ساقى تۇتقان بىر رومكا هاراققا دۈچ كېلىدۇ. هاراقنى ھەمىشە ئىلغار يەتتە پۇت ھەممىدىن بۇرۇن ئىچىۋالاتتى، شۇنىڭ بىلەن ئىچىشىش باشلىنىپ كەتتى، دېگەن گەپ. مەن ئۇنىڭ بىلەن شۇنچە يىل بىللە ئوقۇپ، بىللە ئويناپ، ئارىلىشىپ يۈرۈپمۇ «يەتتە پۇت» دېگەن لەقەمنىڭ زادى قانداق لەقەم ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىكەنمەن (كېيىن ئېيتالايمەنكى، بۇ لەقەمنى باتۇر جوهۇت قويغان! چۈنكى ئۇ باشقىلارغا ئەنە شۇنداق لەقەم قويۇشقا ئامراق ئىدى. توۋا، ئۇ قويغان لەقەم كىشىگە ئەجەب سىڭىدۇ دەيمەن؟ مەسىلەن، مەھەللىدىكى ئۆمەر دېگەن بالىغا ئۇ «سوپاخۇن» دەپ بىر ئات قويغانىدى. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بۇ بالىنى ئۆمەر دېسە، ئۆز ئائىلىسىدىكىلەرلا بىلىدۇ. «سوپاخۇن» نى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. ئۇ قويغان لەقەملەرنى رەتكە تىزىدىغان بولسا، شېئىرغا ئوخشاش قاپىيىداش كېلىدۇ. مەسىلەن، ئۆمەر توكۇر، ئىسلام قوتۇر، سەمەت كولدۇرۇڭ، ئېزىز پولدۇرۇڭ؛ ۋەلى دوقا، سىيىت ماڭقا؛ مۆمىن قالاق، ئەسقەر قازاق. . . دېگەندەك). يەتتە پۇت. . . ئەجەب بىر لەقەم-دە. مەن 80 پۇت، 40 ئاياغ، تۆت پۇتلۇق، ئۈچ پۇتلۇق دېگەندەك گەپلەرنى ئاڭلىغان. ئەمما، «يەتتە پۇت» دېگەن گەپزە. . . يەتتە پۇت دەيدىغانغا ئۇ يابىر ھاشارات بولمىسا؟! ئىلغاريەتتە پۇت ئىشقى بار يىگىت ئىدى. ئىككىمىز خۇددى ئابلىز شاكىر ئاكا بىلەن ئەبەيدۇللا تۇردى ئاكىغا ئوخشاش ئىلكى ئاھاڭلىرىغا تەڭكەش قىلىپ تۇۋلايتتۇق، مەن دۇتار چالاتتىم. گەرچە ئاغىنىلەرنىڭ بەزىلىرى ئاڭلاشنى خالىمىسىمۇ، بۇ خىل ئولتۇرۇش سورۇنىنى قىزىتىپ، ئاغىنىلەرنى ئۇسسۇلغا سېلىۋېتەتتى. ئارىلىقتا بولۇپ تۇرۇدىغان چاقچاق، لەتىپىلەر قوشۇلۇپ، ئىككى بوتۇلكا ئىچىلىدىغان يەرگە بەش-ئون بوتۇلكا ئىچىلىپ كېتەتتى. مېنىڭ بۇ ئاغىنىلىرىم هاراقنى ھەقىقەتەن دەھشەت ئىچىۋېتەتتى. . . ئىلغار يەتتە پۇت قىزىقچى، كۆڭلى ياخشى بولغىنىغا قارىماي، تولاراق «دوستۇمنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ بويۇمدا قالدى»، «كۆڭۈلچەكنىڭ كۆتى ئوچۇق» دېگەندەك هالغا قالاتتى. ئۇ، هاراقنى شۇنچىلىك ئىچەتتىكى، رەسمىي زابوي بولمىسىمۇ شۇنىڭغا يېقىنراق بوپقالدى. ئۇ: «كىم مېنى ئىچمە! دەيدىكەن، شۇ مېنىڭ دۈشمىنىم» دەيتتى. ئۇنىڭ ئايپاڭ بېشى بىلەن كەڭ يۈزى -ھەممىدىن بەكرەك كۆزگە چېلىقىدىغان ئەزاسى ئىدى. قاچاندىلا كۆرسە، قاپىقىنى سوزۇپ تۈرغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ قاپىقى بەك كەڭ بولۇپ، قېشى بىلەن كۆزى ئوتتۇرىسىغا گەپ يوق يەنە بىر جۈپ كۆز سىغاتتى. هاراقنى كۆپ ئىچىۋەتكەنلىكتىن، بىر چاغلاردا ئۇنىڭ كىچىك تىلى ئىششىپ ھەم ساڭگىلاپ قېلىپ، خۇددى بىلىقتەك پىلتىڭلاپ قالغانىدى. ئۇ، چوڭ چىراي بولغاچقا، تونۇمايدىغانلارغا: «بۇ يىل 50 ياشقا كىردىم» دېسە، بەزىلەر ئىشىنىپلا قالاتتى. بۇنداق چاغلاردا ئاغىنىلەرمۇ قىزىقچىلىق قىلىشىپ: «شۇنداق. . . بۇ كىشى بىزنىڭ تاغىمىز بولىدۇ» دەپ قوياتتى. بىر قېتىم ئىلغار يەتتە پۇت، قۇربان دەمكۆتە، ئىسمائىل ئىتتىك ئۈچى مەست ئولتۇرۇپ ئۆتكۈر ئەپەندى توغرىلىق مۇنازىرە قىلىشقانىدى. «ئەلھۆكمىللا. . . ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ كېتىپتۇ، ئۆلۈپ كېتىدىغان بولدى. . . ئەپسۇس. . . ‹ئويغانغان زېمىن›نىڭ ئاخىرى يېزىلمىدى-دە؟!» دېدى يەتتە پۇت چوڭقۇر قايغۇرغان هالەتتە. ئىسمائىل ئىتتىك دېدى:

«قايغۇرما، بۇ، خۇدانىڭ ئىرادىسى، ھەممىگە بار بۇ ئۆلۈم! بىراق سەن شۇنىڭغا شەكسىز ئىشەنگىنكى، كېيىنكىلەر چوقۇم يازىدۇ!». يەتتە پۇت دېدى: «مۇمكىن ئەمەس! ئۆتكۈر ئەپەندى تىرىك شاھىد». ئىسمائىل ئىتتىك دېدى: «يازىدۇ! سەن ئۇيغۇرلاردا ئۆتكۈر ئەپەندىلا بار، ئۇ ئۆلۈپ كەتسە، ھەممىسى تۈگەيدۇ، دەۋاتامسەن؟». ئاخىرى ئىككىسى تىللىشىپ ھەم ياقا سىقىشىپ كېتىشتى. بۇ چاغدا، مەست بوپكەتكەن دەمكۆتە مۇنداق دېدى: «بولدى - بولدى، يازىدۇ... 3-قىسمىنى يازسىمۇ 4-قىسمىنى ھەرگىز يازالمايدۇ»... ئىلغار يەتتە پۇت سەمرىپ كەتكەنىدى. ئۇ شۇنداق سەمرىگەنىدىكى، يېگىنىنى سانجىپ قويسىلا، پۇسىسىدە يېلى چىقىپ كېتىدىغاندەكلا چىڭقىلىپ كەتكەنىدى. ئاغىنىلەر: «ھاراق يارىشىپتۇ» دېيىشتى.

— ھاراق ئەجەب تۇتمايۋاتىدۇ دېسە... بولە، بولە! ئىتتىك قۇيساڭچۇ! -دېدى ئىسمائىل ئىتتىك تۇيۇقسىزلا يەتتە پۇتنى ئالدىرىتىپ. ئىسمائىل ئىتتىك مەمەدانىراق بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ساددا، كۆڭلىدە يامانلىقى يوق، ناھەق ئىشلارغا چاچراپ قوپالايدىغان، جۇشقۇن ۋە تېتىك يىگىت ئىدى. ئۇ، بوي-تۇرقى كېلىشكەن، چىرايلىق ھەم پاكىز ئىدى. ئۇ يەنە ئاغزى بوش، قېنى قىزىق، ئالدىراڭغۇ، ھېچقانداق ئىشنى ئاخىرىغىچە قىلىپ بولماي تۇرۇپلا زېرىكىدىغان، مىجەزى ئىتتىك ئىدى. مەن ئۇنىڭغا گەپ قىلغاندا بەك ئېھتىيات قىلاتتىم. چۈنكى بىرەر ئېغىز گەپ شۇنچىلىكلا كېتىپ قالىدىغان بولسا، توغ تەۋرەپ كېتەتتى. ئۇنىڭ بوۋىسى تۇرپانلىق ئىكەن، ئۇ بۇنىڭدىن پەخىرلىنەتتى. «بىز تۆمۈرچىنىڭ ئەۋلادىكەنمىز» دەيتتى ئۇ دائىم. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئۇنىڭ چوڭ ئاتىسى ياش ۋاقىتلىرىدا ھاراق دېگەننى ئالامەت ئىچەتتىكەن. ئۇلارنىڭ جەمەتىدە ھالال ياشىغان، ئىمان-ئېتىقادلىق، ھۈنەرۋەن، باتۇر ۋە پاك كىشىلەر كۆپ ئۆتۈپتىكەن. ئۇنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى ئارىسىدىن قۇمۇل-تۇرپان، پىچان-توقسۇنلاردا پارتلىغان دېھقانلار ئىنقىلابىغا قاتناشقانلارمۇ كۆپ چىققانىكەن. ئىسمائىل ئىتتىك قورغۇي چىراي ئىدى. ئۇ ھەرقانداق سورۇندا: «مەن ھېچكىمگە چاقچاق قىلمىغاندىكىن، ماڭىمۇ ھېچقايسىڭ چاقچاق قىلىشما!» دەيتتى. يېقىندا ئۇ ئەخمەت بوران دېگەن ئاغىنىمىزنىڭ تونۇشتۇرۇشى ئارقىلىق تۈزۈكلا بىر قىز بىلەن مۇھەببەتلىشىۋالغانىدى. ئاڭلىسام، ئۇ تېخى ئۇ قىز بىلەن ئېلىپ-تېگىشمەكچى بولۇشۇپ پۈتۈشۈپتۇدەك.

-ۋاي-ۋۇي... نېمانداق ئالدىراش... ئالدىرىماي ئىچمەيمىزمۇ؟ -دېدى ياقۇپ ھۆپۈپ. ئۇ، گەپنى بەك تېز قىلاتتى. ئۆزى قىزىل يۈزلۈك، ئېگىز بويلۇق، ئالدىغا سەل-پەل ئېگىشىپ تۈگۈلۈپ ۋە ئىككى دولىسىنى چىقىرىپ ماڭىدىغان بۇ ئاداشنىڭ يان تەرىپىدىن قارىغاندا، گويا بىرنەرسە ئۇنى چىڭ قىسىۋەتكەندەك، ئىنچىكە ھەم نېپىز ئىدى.

ئاغىنىلەرنىڭ تەكلىپى بىلەن قولۇمغا دۇتارنى ئالدىم. «يارايسەن، ئۆلمە!... مۇساجان روزىنىڭ ‹ئىز› دېگەن ناخشىسىنى ئېيت!» دەپ چۇرقىرىشىپ كەتتى ئاغىنىلەر. بۇ چاغدا دۇتارنى كۆرسە كۆزىگە مەيكىل جېكسون كۆرۈنۈپ، دۇتاردىن نومۇس قىلىدىغان بىر قانچە ئاداش: «ئىشىمىز باردى... خوش... بېرىڭلار» دېيىشىپ چىقىپ كېتىشتى. ئۆيدە قالغانلار يەنە چۇرقىراشقىلى تۇرۇشتى:

«ئۆمەرجان ئالىمنىڭ ‹كونا مىلتىق› دېگەن ناخشىسىنى ئېيت!». مەن ئۇلار دېگەن ناخشىلاردىن بىرىنىمۇ ئېيتمىدىم، بەلكى ئۆزۈم خالىغان ناخشىلاردىن بىر نەچچىنى ئېيتتىم.

... دوستلار بار، دوستلار بار،
دوستلار بار، بەختىم بار.
دوستلار تاپىدۇ يولنى، ئۆرگىلەي،
مەڭگۈ چۈشمەس تەختىم بار...

ئۆي ئىچى ھاراق پۇرىقى، تاماكا ئىسى، ۋاراڭ-چۇرۇڭ ۋە تاراق-تۇرۇقلار بىلەن تولۇپ كەتتى. بەزىلەر: «ئاۋازىڭنىڭ تورى يوق، بوغۇق ھەم تۆۋەن» دېسە، بەزىلەر: «ئېيتساڭ تۈزۈكرەك ئېيت! بولمىسا كۆتۈڭنى ئېرت» دېيىشەتتى. يەنە بەزىلەر بولسا: «خانلەيلۇن»... «جانەي»، «ئەۋرىشىم»... دېيىشىۋاتاتتى. تۇرۇپلا ھار ئالدىم، خاپا بوپقالدىم. ئۆزۈمنى سەنئەت ئۆمەكلىرىدىكى نېمىنى ئېيت، نېمىنى چال، نېمىنى ئوينا... دېسە، شۇنى «غىڭ» قىلماي بىجا كەلتۈرىدىغان ئارتىستقا ئوخشىتىپ قالدىم. دېگەنبىلەن بۇ ئاغىنىلىرىم ئاجايىپ ئىدى. بەزىدە ئىشقى - مۇھەببەت ناخشىلىرىنى ئېيت دېسە، بەزىدە ئىنقىلابىيلىقى بار ناخشىلارنى ئېيت، دەيتتى. يەنە بەزىدە ھاراق سورۇنىغا لايىق ناخشىلارنى ئېيت، دەيتتى... تاماكا چېكىپ ئولتۇرسام، دىلمۇرات پىس-پاس چىرقىراق ئاۋاز بىلەن:

— «تۇغماس توخۇ»نى ئېيتىپ بەرگىن! -دەپ سۈرەن سالدى. ئۇنىڭ ئاۋازى توختىماستىن، ئەكبەر تۆشۈك پالكۆزلىرىنى ئەلەڭ-سەلەڭ قىلغىنىچە مۇنداق دېدى:

— ئۇنىمۇ، بۇنىمۇ ئېيتما! سەن ھەردائىم ھاراق ئىچمەيسەن، ئەمما مول نازۇ-نېمەتلەرنى بولۇشىچە يەيسەن! بىزگە ئوخشاش مەستلەرنىڭ تاماشىسىنى كۆرۈپ، چېلىپ، كۇلدۇرلىتىسەن... سېنىڭچە، ھاراق ھارام ئىكەنۇ، ھاراقكەشلەرنىڭ داستىخىنى ھالال ئىكەن... بۇ قانداق گەپ ئەمدى؟!

ئۆيدىكىلەر پاراققىدە كۈلۈۋېتىشتى. ئەكبەر تۆشۈك ئورۇق، بېشى كىچىك، ئاغزى يوغان، پالكۆز يىگىت ئىدى. ئۇنىڭ يۈز قىسمىنىڭ تەخمىنەن يېرىمىنى دېگۈدەك پالكۆزلىرى ئىگىلىگەن بولۇپ، ھېلىقى تاشقى پلانېت ئادىمى دېگەنلەرگە ئوخشاپ قالاتتى... مەن ئۇنىڭ بۇنداق گەپلىرىگە رەنجىشنىڭ پۈتۈنلەي ئورۇنسىز ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتىم. شۇڭا رەنجىمىدىم ھەم مۇنداق دەپ قويدۇم:

— ساڭا دەيدىغان گېپىم يوق. گەپ دېگەننى چۈشىنىدىغان ئادەمگە قىلىش كېرەك. بۇ بىر... يەنە بىر دەپ قويۇدىغان گەپ، مەن يېسەم رىسقىمنى يېدىم، ئاغىنىلەرنىڭ داستىخىنىدىكىنى يېدىم. ھاراق ئىچمەيمەن دېسەم، سەن ماڭا زورلاپ ئىچۈرمەكچىمىدىڭ؟!... چاتىقىڭ نېمە؟ مەن يا تۆشۈك تەشمىدىم!

ئاغىنىلەر يەنە بىر نۆۋەت كۈلۈشتى. كىم ئويلىغان؟ ئەكبەر تۆشۈك بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۆچكىدەك سەكرەپ كەتتى... ئەكبەر تۆشۈك بۇرۇن ناھايىتى يۇۋاش بالا ئىدى. بىرەرسى قاتتىقراق ۋارقىراپ قويسىمۇ پاڭگىدە يىغلىۋېتەتتى... ئۇ قاچان ساقچى بولدى، شۇ كۈندىن تارتىپ سەت ئۆزگىرىپ كەتتى. خۇددى بىر ئالۋاستى ئەكبەر تۆشۈكنى ئۆلتۈرۈپ، گۆشىنى يەپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ سىياقىغا كىرىۋالغاندەكلا. ئۇ ئاغىنە بالىلارنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك نەچچە قېتىم: «سىلەرنى خالىغان جىنايەت

بىلەن قولغا ئالغۇزۇۋېتەلەيمەن! بەزىلىرىڭ ئېتىلىپ تۈگەيسەن، بەزىلىرىڭ تۈرمىدە سېسىپ، چىرىپ كېتىسەن!» دېگەنىدى. ئاغىنىلەر: «ھۆكۈمەت سارالڭ بوپقالمىغاندۇ، سەن نېمە دېسەڭ، ھە دەيدىغانغا!» دېيىشىپ كۈلگىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە ھەممىسىنىڭ دىلى ئازار يېگەنىدى. بىر قېتىم ئۇ ھەتتا مەستلىكتە ئىلغار يەتتە پۇتقا ئۈچ پاي ئوق ئاتقانىدى. خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن بىر پاي ئوقمۇ تەگمىگەنىدى. ئۆزىنىڭ جانجىگەر دوستىغا ئوق ئاتقاندىن تارتىپ بىر قىسىم ئاغىنىلەرنىڭ ئۇنىڭدىن كۆڭلى قالغان بولسا، يەنە بىر قىسىملىرى ئۇنىڭغا خۇشامەت قىلىدىغان بولىۋالدى... مېنىڭ چاقچىقىم (شۇنداق دەپ تۇرايلى) بۇ كەيپى ئۇسال ئەتىۋار دوستۇمغا بەكلا ئېغىر كەلدى بولغاي، ئويلىمىغان يەردىن تاپانچىسىنى شارتتىدە چىقىرىپ، قاراس-قۇرۇس قىلىپ بەتلىدى-دە، ماڭا تەڭلىدى!؟! ئۇنىڭ چىرايى قاسقاندىن ھازىرلا ئالغان، ھورى چىقىپ تۇرغان بولاق مانتىدەك كۆپۈپ ھەم ئاقىرىپ كەتتى. پېشانىسى بىلەن چېكىسىدىن ھور چىقىۋاتاتتى... سورۇن ئۆرە-تۆپە بوپكەتتى. قىيا-چىيادا نەچچەيلەن سىرتقا قېچىپ چىقىپ كەتتى.

.. مەن قورقمىدىم. ئەمما مۇشۇنداقلا ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىمدىن قاتتىق ئەپسۇسلاندىم... ئۇ، قانداقلا سورۇنغا بارسا يەڭگۈشلىمەيدىغان ئاشۇ فورمىسى بىلەن ھەيۋەت تۇراتتى. مەن ئۈمىدۋار ياشاپ كۆنگەنىدىم. ھەرقانداق ئەھۋالدا ئۈمىدۋار بولالايتتىم. شۇڭا ناھايىتى تەمكىن ھالەتنى ساقلىدىم. ئىككىمىز بەئەينى ئامېرىكىنىڭ ئەينى چاغدىكى پادىچى مەرگەنلىرىگە ئوخشاپ قالدۇق. بىراق ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، پادىچى مەرگەنلەردە مۇنداق نامەردلىك، مۇنداق پەرق بولمايتتى. ئەكبەر تۆشۈك پۈتۈنلەي تەشەببۇسكار، ئاكتىپ، ئۈستۈن ئورۇندا ئىدى. مەن بولسام ئېتىقاد، ئۈمىد ۋە قورقماس يۈرەككىلا ئىگە ئىدىم.

.. ئىچىمدە بوش شىۋىرلىدىم:... پەرۋەردىگارىمىز! گۇناھلىرىمىزنى، ئىشىمىزدا چەكتىن ئاشقانلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن...

— ھاي، ھاي... شەيتانغا ھاي بېرىڭلار!

— سەبر قىلىڭلار! ئۆزۈڭلارنى تۇتۇۋېلىڭلار!.

.. — ئاغىنىلەر جۇرقىراشماقتا ئىدى.

— ئاتامسەن؟! — دېدىمەن. ئاۋازىم ھەم تەمكىن ھەم مەسخىرىلىك ئىدى. ئۆمرۈمدە ھازىرقىدەك تەمكىن بوپباقمىغان بولۇشۇم مۇمكىن،

— ئاتامسەن، غالجىرئىت! سەن نېمىتىڭ؟! سەن دېگەن بىر قەغەز يولۋاس! ئاتساڭ يۈرىكىمگە ئات، ئۇ-بۇ يەرگە ئېتىپ يۈرمە... بىلىمەن، سەن مەرگەن ئەمەس!

— تۇيۇقسىز مۇرات يوغانباش كېلىپ تاپانچىنى تارتىۋالدى ۋە ئۇنى تىنچلاندۇردى. ئۇ، بېشىنى قاماللىغىنىچە بىر ھازا ئولتۇرۇپ كەتتى. قارىسام، ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ كېتىپتۇ، پاچاقلىرىمۇ تىترەۋېتىپتۇ...

— بىز ئارىلىشىپ يۈرگىلى شۇنچە ئۇزۇن بولدى... ئىناق-ئىتتىپاق ئۆتسەك نېمە بولىدۇ؟!

— دېدى ماڭا قاراپ. ئۇنىڭ بۇ گېپى بەكمۇ تەسىرلىك، چىرايلىق ھەم مۇلايىم ئاڭلانغانىدى.

— سەن ئادەمنى ئۆزۈڭ بىلەن باراۋەر كۆرمەي، ئىنىڭگە... ھەتتا بالاڭغا، قۇلۇڭغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىۋاتىسەن... قارىساڭ كۆزۈڭنى ئويۇمەن، گەپ قىلساڭ تىلىڭنى كېسىمەن، دەيسەن... سېنىڭ گېپىڭ گەپ، بىزنىڭ گېپىمىز گەپ ئەمەسمۇ؟!... سەن ئاشۇ فورماڭ بىلەن تۇرۇپ، قورالىڭ بىلەن بېشىمغا تەھدىت سېلىپ تۇرۇپ، تېخى يەنە ئىناق-ئىتتىپاق ئۆتسەك نېمە بولىدۇ، دەۋاتامسەن؟! — مەن شۇنداق دېدىم.

ئاغىنىلىرىمىز: «راست، شۇنداق، توغرا» دېيىشتى. ئەكبەر تۆشۈك ماڭا بىردەم قارىۋەتكەندىن كېيىن: «بىر رومكا ھاراق قۇيۇپ بەر» دېدى. ئىلغار يەتتە پۇت گەپ قىلماي بىر رومكا ھاراقنى ئۇنىڭغا ئۇزاتتى. ئۇ، ھاراقنى گۇپپىدە ئىچىۋەتتى، كېلى ۋە بۇرنىنى قىرىپ تۇرۇپ بىر قوشۇق كەلگىدەك بەلغەم-تۈكرۈكنى تۈكۈردى. ئۇنىڭ يۇقى سوزۇلۇپ چۈشتى. ئۇ، رومكىنى يەرگە بىر ئۇرۇپ چېقىۋەتتى-دە، ئورنىدىن قوپۇپلا چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن خۇرۇم چاپانلىق ئاغىنىلەردىن بىرمۇنچىسى بىرنېمىلەرنى دېيىشىپ چىقىپ كېتىشتى. ئۆيدە ئىسمائىل ئىتتىك، ئوسمانتارىي، ئەخمەت پاكار، ئىلغار يەتتە پۇت، باتۇر جوھۇت ۋە ساھىبخان قۇربان دەمكۆتە، مەن بىلەن قوشۇلۇپ يەتتەيلەن قالدۇق. ئۆيدە بىردەمگىچە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى، سورۇننىڭ كەيپىياتىمۇ بۇزۇلدى.

«ئاناڭنى... كەيپىمىزنى ئۇچۇرۇۋەتتى-دە... ھاراق ئىچمىگەندەكلا بوپقالدۇق» دېيىشتى ئاغىنىلەر. مەن ھېچنېمىنى ئويلىمىدىم، بوشلۇقتا لەيلەپ يۈرگەن شارغا ئوخشاپ قالغاندەك قىلاتتىم. بىز شۇ خىلدا ئولتۇرساق، ھاراقتا ئامراق ئاغىنىمىز ئابدۇروسۇل ئوڭلۇق كىرىپ كەلدى. ئۇ، ئۆيگە كىرىپلا: «ئاڭلىدىڭلارمىكىن، مۇشۇ توقسۇندا بوران توختاپ قالسا، ئۇ يەرنىڭ ئادەملىرى بىر-بىرىنىڭ يۈزىگە پۇۋدەيدىكەن، دەيدۇ. راستىمدۇ شۇ گەپ؟» دېۋىدى، ھەممىمىز كۈلۈشۈپ كەتتۇق. ئۇ، ئىشقا ماڭغانىكەن، شۇڭا «بۈگۈن كېچىدە ئىشلىمىگەن بولسام، چىلاشقۇدەك بىر ئىچەتتىمكەن» دەپ خۇرسىندى. ھازىرقىدەك ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇش ئەۋجىگە چىققان شارائىتتا، ئۇمۇ ئىشقا بارماسلىققا پېتىنالمىدى. ئۇ، «خوش» دېگىنىچە كۆزى قىيمىغاندەك بىر كۆزى ئارقىسىدا چىقىپ كېتىۋاتقاچ: «ھە، راست، مۇنۇ پلاستىنكىنى كۆرۈڭلار، يېڭىدىن ئىشلەنگەن، بەك ياخشى فىلىمكەن» دەپ VCD پلاستىنكىسىدىن بىرنى تاشلاپ قويدى. قارىساق «قىرلىق ئىستاكان» دېگەن فىلىمنىڭ پلاستىنكىسى ئىكەن. مەن مەتتىمىن ھوشۇر ئەپەندىنىڭ رومان ۋە ھېكايىلىرىنى قىزىقىپ ئوقۇغانىدىم... شۇنىڭ بىلەن فىلىمنى كۆردۇق. فىلىم ياخشى ئىشلەنگەنىكەن. ماڭا قاتتىق تەسىر قىلغاچقا، پات-پات ئاغىنىلەرگە قاراپ قويۇپ ئولتۇردۇم. بۇ فىلىمنىڭ تەربىيىۋى ئەھمىيىتى بەك يۇقىرى ئىدى... ئەپسۇسكى، مۇنۇ ئاغىنىلىرىمگە فىلىمدىكى ئىچىش كۆرۈنۈشى ھەممىدىن بەك ياراپ كېتىۋاتاتتى.

— ئاۋۇ بوتۇلكىنى ئېچىڭلار، ئىچكەچ ئولتۇرۇپ كۆرەيلى... ئىچكەننى كۆرۈپ ئىچكۈم كېلىۋاتىدۇ، — دېدى ئەخمەت پاكار. ئۇ، ئاغىنىلەرنىڭ ئارىسىدىكى ھاراقنى ئەڭ جىق ئىچىدىغان ھەم بەك كۆتۈرۈدىغان، توقماققىلا ئوخشايدىغان مەزمۇت يىگىت ئىدى. ئۇ دائىم ماختىنىپ: «ئاشقازان خىل!» دەيتتى. قىزىل يۈزلۈك، غەلىتە قىلىقلىرى كۆپ، كۈلۈپلا تۇرىدىغان، مىجەزى تۈز بۇ

ئاداش ئاچچىقى كەلسە، تېپىك تەلۋىنىڭ ئۆزى ئىدى. ئۇ ئۇسكەك ئىدى، مۇشتلىشىپ قالغان ئادەم دىققەت قىلماي ، ئۇنىڭ بىر كاللىسىنى يەپ قالىدىغان بولسا، ئۇنىڭ تۈگەشكىنى شۇ ئىدى. ئۇنىڭ بىر پاچىقى باتۇر جوھۇتىنىڭ بىلىدەك بارئىدى. ئۇن يىلدىن بېرى ئىش قىلماي بىكار يۈرگىنى بىلەن بۇ دىياردىكى پۇتبول ھەۋەسكارلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۇدەك ئۇنى تونۇيتتى. ئۇ بىر ماھىر پۇتبولچى ئىدى. ئەگەر ئامېرىكا قىتئەسىدىكى بىرەر دۆلەتتە ياكى ياۋروپادا بولغان بولسا، ئىستىقبالى پارلاق ئەزىمەت ئىدى. ئۇ، ئوسمان ۋارىتار، بارى دېگەن ئادەملەرنى ئەسلەيتتى، ھۆرمەتلەيتتى. ئۆز زامانىسىدا ئاتۇش ئەزىمەتلىرى ئەنگلىيە، شىۋىتسىيەلەرنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىلىرىنىڭ پۇتبول كوماندىلىرىنى ئۇتتۇۋالغىنى تەسۋىرلەنگەن بىرەر فىلىمنىڭ ئىشلىنىشىنى تولا كۈتۈپ، ئاخىرى يەرگە بىرنى تۈكۈرۈپ: «ئاناڭنى...» دەپ جىم بوپقالغانىدى. ئۇ يەنە دۇنياۋىي پۇتبول چولپانلىرىنى ئۆزىدىن بەكرەك تونۇيتتى. ئەمدىلىكتە ئۇ ھاراقتا بىرىلگەن بولۇپ، قورسىقى ساڭگىلاپ، يۈپيۇمىلاق توپقىلا ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇ تۇرۇپ-تۇرۇپلا پۇتبول ھەۋەسكارلىرى چېنىقىش مەركىزى قۇرغان يۈسۈپ ئىمىننى ماختاپ: «ئىمىن چوڭنىڭ ئوغلى يۈسۈپ ساقال ئالامەت بىر ئوغلان جۇمۇ؟!» دەپ قوياتتى. تېخى تۆت ئاينىڭ ئالدىدا تويىنى قىلىۋالغان بۇ ئاداش: «مانا، ياپياش تۇرۇپلا خوتۇنلۇق بوپقالدىم. ئەمدى بىكار يۈرۈۋېرىشكە بولمىغۇدەك. دېمىسىمۇ، بىكارچى دېگەن ئاتاقنى كۆتۈرۈپ يۈرۈۋاتقىلى 100 يىل بوپتۇ. ئۆزۈممۇ شەھەرنىڭ لالما ئىتلىرىدەك زېرىكتىم!» دېدى. بۇ بىر ئۇلۇغ ئويغىنىش ئىدى. بۇ بىر چۇقان ئىدى... شۇنداق قىلىپ، ھەپتە بولدى، ئۇ كىچىككىنە دۇكاندىن بىرنى ئېچىۋالدى، ئۇمۇ تىجارەت دۇنياسىغا كىرىپ كەتتى.

— ھەي، ھەي... بىزمۇ قىرلىق ئىستاكاندا ئىچىپ، بىرەر «ئۇسلۇب» يارىتىپ كۆرمەيلىمۇ؟! — دېدى ئىسمائىل ئىتتىك ئويلىمىغان يەردىن ئوت قويرۇقلۇق قىلىپ. ئۇنىڭ شۇنداق مىجەزى بار ئىدى. ئۇنىڭسىزمۇ پارتلاش ئالدىدا تۇرغان بومبىدەك ئاران-ئاران تۇرۇۋاتقان بۇ ئاغىنىلىرىم «پارتلاپ» كەتتى. مەن ئەنسىرەپ قالدىم.

— ئۇنداق قىلماڭلار... كۆرمىدىڭلارمۇ، قىرلىق ئىستاكاندا ئىچىپ قويغان بىچارە ئابدۇل تىرە بىلەن تۇرسۇن تىكە قانداق ئاقىۋەتكە قالدى؟! يەنە تېخى ھېلىقى شاپ بۇرۇت ناتونۇش مېھمان...

— ئېرىگە كۆيۈنگەن خوتۇندەك گەپ قىلمىغىنا! — دېدى ئۇلار، — بىز ئابدۇل تىرە بىلەن تۇرسۇن تىكە ئەمەس، ھېلىقى شاپ بۇرۇت «قىرلىق ئىستاكان» چىمۇ ئەمەس! بىز دېگەن رەجەپ توپاق بىلەن ئوسمان داڭگال! قىرلىق ئىستاكان بىزنى ھېچنېمە قىلالمايدۇ! ئۇنىڭ ئۈستىگە بارغۇ ئاداش... ئۇ دېگەن بىر ھېكايە، VCD فىلىم... ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئىش يوق. مەتتىمىن ھوشۇر دېگەن ئادەممۇ چوقۇم ئىچىپ قويىدۇ...

— ئەجەبا، ھاراقتا ئۆلگەنلەر، ساراڭ بولغانلار، ۋەيران بولغانلار... يوق ئىشمۇ؟! — دېدىم مەن. لېكىن پايدىسى بولمىدى... ھەيرانمەن، ئەجەبلىنىمەن. بۇ قانداق گەپ؟! ئۇ ياقتىن چوڭ بىر ئىبرەتنى كۆرۈپ تۇرۇپ، بۇياقتىن يەنە شۇنداق تراگېدىيىنى قايتىلىماقچى بولىۋاتىدۇيا مۇنۇلار؟

ئۇلار قىرلىق ئىستاكاندىن بىرنى تېپىپ ئەكىردى. بۇ چاغدا مەن مەتتىمىن ھوشۇر ئاكىدىن خاپا بولدۇم! ئۇ ئادەم تالانتلىق يازغۇچى بولغاندىكىن، باشقا نېمىنى يازماي، نېمىشقا كىشىلەرنى ئاسانلا جەلپ قىلىۋالىدىغان «قىرلىق ئىستاكان» نى يازىدۇ؟! يازىدىغانغا باشقا نېمە تېپىلمىغانمىدىمۇ دەيمەن؟! نېمىشقا ئۇ ئادەمنىڭ ھېكايىسى فىلىم بولۇپ چىققاندىن كېيىن ئەكسىچە ئۈنۈم بېرىدۇ؟!... چوڭلاردىن ئاڭلىشىمچە، ئىلھام دېگەن نەرسىنى پەرىشتىلەر قۇلاققا شىۋىرلايمىش. قارىغاندا، «قىرلىق ئىستاكان» نى يېزىش ئالدىدا پەرىشتىلەر ئەمەس، شەيتان پىچىرلىغان ئوخشايدۇ. مەن جاھاندىكى ھەر خىل، چوڭ-كىچىك قىرلىق ئىستاكانلارغا نەپرەتلىنىمەن! قىرلىق ئىستاكان ياسايدىغان ئىشچىلارنىڭ ئىككى قولى ئەبۇلەھەبنىڭ ئىككى قولى قۇرۇپ كەتكەندەك قۇرۇپ كەتسۇن ئىلاھىم! چوڭلاردىن ئاڭلىشىمچە، «گەپنىڭ يامىنى كۇس-كۇس، ئوسۇرۇقنىڭ يامىنى پۇس-پۇس» دېگەن مۇنداق گەپمىش: ئوسۇرۇش ئالدىدىكى ئادەمنىڭ كۆتىگە شەيتان تەخسىدىن بىرنى يېقىن ئەكىلىپ تۇتۇپ تۇرارمىش. ئوسۇرۇق پۇس-پۇس بولسا، شەيتان ئۇنى تەخسىگە ئاستاغىنە ئېلىپ (ئۇ ئادەمنى مات قىلىش ئۈچۈن)، باشقىلارنىڭ بۇرۇنلىرىغا يېقىن ئەكىلىپ، بىر-بىرلەپ پۇرىتىمىش. ئەگەر ئوسۇرۇق تورتتىمدە قىلىپ، ئاۋازلىق چىققان بولسا، شەيتاننىڭ تەخسىسى چېقىلىپ كېتىمىش. بۇ بىر رىۋايەت ياكى لەتىپە ۋە ياكى يەنە بىر نېمىدۇ. نېمىلا بولسۇن... شەيتاننىڭ قولىدىكى تەخسە ئەمەس، ئېھتىمال قىرلىق ئىستاكان بولۇشى مۇمكىن. مۇبادا، مەن بۇ ئەلگە خاقان ياكى باشباقان بولۇپ قالغان بولسام، ئۇيغۇر ئىسلام قاراخانىيلار قوشۇنلىرى غازات ئېچىپ ئۇيغۇر بۇددىستلىرىنى ئۆلتۈرۈپ ، ئۇلارنىڭ ھەر يوغان، ھەر ئېسىل بۇتلىرىنى چېقىپ، رەھىمسىزلىك بىلەن توپتاراس قىلىپ بولغاندىن كېيىن، تېخى يەنە ئۈستىگە چېقىپ چىچىپ قويغاندەك... مۇشۇ قىرلىق ئىستاكانلارنى ئەنە شۇنداق قىلاتتىم. شۇنداق فىلىملەرنى ئىشلىگەنلەرنى بولسا 500 يىللىق كېسىۋەتكەن بولاتتىم! مەيلىتى، دۇنيادىن ياكى ئامېرىكا تەرەپتىن «كىشىلىك ھوقۇق، ئەركىنلىك، دېموكراتىيە قاتتىق ئاياغ ئاستى قىلىندى» دەپ ئەيىبلەنسەممۇ! ئۇلار شۇنداق دەپ جار سالغىنى بىلەن ، ئەمەلىيەتتە نېمە قىلالايتتى؟!

— ئىچىشە... بەختى قارا گۇمراھلار! ھۇ، كاپىرلار!

— ئۇنداقتا، سەن مۇسۇلمانمۇ؟! — ئۇلار خاپا بولدى، — كىم كاپىر، كىم مۇسۇلمان، بۇنى خۇدايىم بىلىدۇ. بىر ئابىدىنىڭ دوزاختا، يەنە بىر ھاراقكەشنىڭ جەننەتكە كىرگەنلىكى توغرىسىدىكى پاراڭنى ئاڭلىماپتىكەنسەن-دە؟! ھاراق دېگەن بۇغداي سۈيى...

— ئاللادىن قورقۇڭلار! ئۆزۈڭلارنى ئاسراڭلار...

— ھەي ي... ئاللاھ توغرىلىق مۇشۇنداق ئىچىشىپ ئولتۇرغاندا سۆزلەشمىسەك بولمامدۇ؟! سەن ھەقىقەتەن مازلىشىپ كېتىپسەن جۇمۇ! تۈگىشىپسەن، — ئاغىنىلەر رەسمىي ئۆڭگەندى.

— ئاللا توغرىسىدا... يا بۇنداق چاغدا، يا ئۇنداق چاغدا گەپ قىلىشقا بولمىسا، زادى قانداق

چاغدا، قاچاندا دېيىشسەك بولىدۇ؟!- مەنمۇ خاپا بولغانىدىم، قايناپ سۆزلەيتتىم.

- ئۆلسەك بىر گۆردە ياتامتۇق! - ئۇلارمېنى ئۇرۇۋېتىدىغاندەكلا قىلاتتى، مەن گەپ قىلمىدىم. بىراق بوشقىنە ئاۋازدا «فاتىھە» سۈرىسىنى ئوقۇدۇم: ... بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن. غەزىپىڭگە يولۇققانلارنىڭ ۋە ئازغانلارنىڭ يولىغا ئەمەس، سەن ئىنئام قىلغانلارنىڭ يولىغا (باشلىغىن)... «بۇ ئېلىشىپ قاپتۇ!» دېدى ئۇلار. مەن ئۇندىمىدىم بەلكى دۇتارنى ئېلىپ «ئەجەم»گە چالدىم. «ھە... ئەمدى بولدى» دېدى ئۇلار غەلىبە قىلغاندەك شادلىنىپ. شۇ چاغدا ئىشىك چېكىلدى. دەمكۆتە: «بۇ كەچتە ئىشىك قاققان يەنە كىمدۇ؟» دېگىنىچە بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى. ئۆيگە گۈررىدە سوغۇق كىردى. ئىشىك ئالدىدا بىر قامەتلىك گەۋدە تۇراتتى. «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم... ئاغىينە ئىنىلەر!»- ئۇ گەۋدىدىن سادا چىقتى. بۇ چاغدا مۇنۇ ئالتە ئاداشتىن زۇۋان چىقمىدى. مەن: «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» دەپ جاۋاب قايتۇردۇم. سالامغا جاۋاب قايتۇرغىنىم ياخشى بولدى، ئۇ ئادەم ناۋادا خىزىر ئىلياس بوپقالسىچۇ... «مۇنۇ ئورۇق ئالىم ئۆيىدە يوق تۇرىدۇ، نەگە كەتتىكىنە؟» دېدى ئۇ ئادەم. دەمكۆتە: «ۋاي تاڭەي، ئاكا... بىلمىدىم» دەپ جاۋاب بەردى. «ئايلا، - دېدى ئۇ ئادەم ئوڭايسىزلانغاندەك بىر خىل ئاۋازدا، - سىرت بەك سوغۇق... ئورۇق ئالىم كەلگىچە مەن...» ئۇنىڭ تەلەپپۇزىدىن قارىغاندا شىماللىقتەك قىلاتتى.

- ۋاي... ئېسىم قۇرىسۇن! ئەدەبسىزلىكىمنى كەچۈر ئاكا... قېنى، ئۆيگە كىر، - دەمكۆتە شۇنداق دەپ بولغىچە ھېلىقى ئادەم تۇزۇت-پۇزۇت قىلمايلا ئۆيگە ئۆسۈپ كىردى ۋە ئايىغىنى قېقىپ، ئۇدۇل كەلگىنىچە بىز بىلەن قول سىقىپ كۆرۈشتى. ئۇنىڭ قولى ھەم يوغان، ھەم كۈچلۈك ئىكەن. ئۇ، ئېگىز بوي، قىزىل يۈز، قاڭشارلىق، چىرايلىق ئادەم ئىكەن. شەرقىي ياۋروپاچە تۇماق، پەلتو كىيگەن، پۇتىدا ئۇزۇن قونجلىق ئۆتۈك بار. شاپ بۇرۇت بۇ ئادەمنىڭ قورسىقى توق ئىكەن، ھېچنېمە يېگىلى ئۇنىمىدى، پەقەت ئىسسىق چايدىن بىر نەچچە يۇتۇم ئوتلىدى. مەن ئۇنىڭغا مۇنداق قارىسام، كۆزى يېشىل كەلگەن بۇ ئادەم تەخمىنەن 35، - 40ياشلار ئۆپچۆرىسىدە قىلاتتى.

- تونۇشۇپ قويايلى، - دېدى ئۇ، - ئىسمىم تۇرسۇنبەگ، ئۆزۈم بورتالادىن، تاغدا ئورمان باقىمەن. ئورۇق ئالىم بولىدىغان نەرسە، ئۇ، شوپۇر بولغاچقا، بىز تەرەپلەرگە تولا بېرىپ تۇرىدۇ، ئىشقى بار نېمىدە ئۇ، ھاراقنىمۇ ئوبدان كۆتۈرىدۇ.

ئاغىينىلەرمۇ بىر-بىرلەپ تونۇشتۇرۇلدى. ئۇنىڭغا قارىسام، بىرەر يەرنىڭ ئارتىسىدەك پاكىز، يۈز تېرىسىمۇ شۇنداق سۈزۈك بولۇپ، ئورمان قاراۋۇلىغا زادىلا ئوخشىمايتتى.

- ئېچۋېرىڭلار، - دېدى تۇرسۇنبەگ.

ئىلغار يەتتە پۇت: «خوش-ھە» دەپ ئۆزى بىر رۇمكا كۆتۈرۈۋەتتى-دە ئىككىنچى رۇمكىنى تۇرسۇنبەگكە سۇندى. تۇرسۇنبەگ كۈلۈپ تۇرۇپ:

- خاپا بولمىساڭلار... ئۆيدە يايپاڭ چىنە بارمۇ؟- دېدى.

- بار... بولمامدىغان... چوڭ يايپاڭ چىنە بولسا بولامدۇ؟- دەپ سورىدى قۇربان دەمكۆتە. تۇرسۇنبەگ: «چوڭى بولسا تېخى ياخشى» دېگەندىن كېيىن دەمكۆتە يەنە بىر ئۆيگە چىقىپ كېتىپ، بىردەمدىلا يايپاڭ چىنىدىن بىرنى كۆتۈرۈپ كىردى. مەن: بۇ تۇرسۇنبەگ دېگەنمۇ يۈزى قېلىن تارتىنچاقتىن ئىكەن-دە، دېگەنلەرنى خىيالىمدىن ئۆتكۈزدۈم. ئاغىينىلەر تۇرسۇنبەگكە قاراپ ئولتۇراتتى. مەن كۆڭلۈمدە: «ھەي، ھەي... بۇمۇ (قىرلىق ئىستاكان) نىڭ ۋارىسى ئىكەن-دە! ئۇ ئەسلىدە ئېبلىس ئىكەن... ئاغىينىلىرىمنى يەنە قانداق ئازغۇنلۇققا قىزىقتۇراركىن، بۇ!» دەپ ئويلىدىم.

- كېچىرىڭلار، - دېدى ئۇ، - مەن رۇمكىدا ئىچەلمەيمەن. مەخسۇس مۇشۇنداق يايپاڭ چىنىدە لىق تولدۇرۇپ ئىچىپ، كۆنۈپ قاپتىمەن.

- ۋاي - ۋۇي... ئالامەت گەپ بولدى-دە... چاتاق يوق! ھاراق دېگەن يەشىكلەردە تەييار. قوي سويالمىسامۇ، داستىخىنىم غورىگىل بوپقالغان بولسىمۇ، كۆڭلۈم... ھە... بىزنىڭ كۆڭلىمىز... دەريادەك كەڭرى... ئىچە، ئاكا! - دەمكۆتە بۆلەكچە جانلىنىپ كەتتى. ئاغىينىلەرنىڭ ھەممىسى شۇنداق ھاياجانلىنىپ كېتىشكەنىدى. ھېلىقى يايپاڭ چىنىمۇ راۋۇرۇس چوڭ چىنە ئىكەن، يەتتە پۇت بىر بوتۇلكا ھاراقنى قۇيۇۋېدى، بىر تېمىمۇ قالمىدى. يايپاڭ چىنىدە ھاراق لەپ-لەپ قىلىپ تۇراتتى. ئاغىينىلەر خۇددى بىر مۆجىزىنى كۆرۈش ئالدىدا تۇرغاندەك، سەزگۈر ھالەتتە قاراپ ئولتۇراتتى. تۇرسۇنبەگ يايپاڭ چىنىنى قولىغا ئالدى:

- ئەدەبسىزلىك قىلىپ قويسام، كۆڭلۈڭلارگە ئالماڭلار... بارلىق دەرد-ئەلەملەر مۇشۇ ھاراقنىڭ تېگىگە چۆكۈپ كەتسۇن! خوش-ھە!- ئۇ شۇنداق دەپ بولۇپ، يايپاڭ چىنىدىكى ھاراقنى شۇندا چىرايلىق ئىچىپ تۈگەتتى. كىم خىيالىغا كەلتۈرەلىسۇن!؟ كۈتمىگەندە، ئۇ يايپاڭ چىنىنىڭ گىرۋىكىنى بىر چىشلەپلا سۇندۇرۇپ تاشلىدى. يايپاڭ چىنە نەچچە پارچە بولۇپ، تايىسىغا چېچىلىپ چۈشتى. چۇچۇپ كەتتۇق. ھەيران قالارلىقى شۇكى، تۇرسۇنبەگنىڭ ئاغزى ساپمۇ ساق تۇراتتى...

- بارىكاللا! ئەركەك! - ئاغىينىلەر قاتتىق قايىللىقى بىلەن سۈرەن-چۇقان سالدى. قۇربان دەمكۆتە:

- مۇشۇنداقلا ئىچىدىغان بولساڭ، ئاكا... ئۆيۈمدىكى ھەممە يايپاڭ چىنىنى چېقىپ تۈگەتسەڭمۇ مىڭ مەرتىۋە رازىمەن! سەندىن يايپاڭ چىنە ئايلانسۇن! - دېدى ھاياجان بىلەن ۋە ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ چىقىپ كەتتى-دە، بىردەمدىلا يايپاڭ چىنىدىن بەشنى ئەكىرىپ، دەستىلەپ قويدى:

- لياڭشەن پەھلىۋانلىرىدەك... ۋۇسۇڭدەك ئىچە، ئاكا! - دېدى ئۇ.

- نەدىكى گەپ! - دېدى تۇرسۇنبەگ موخۇركا ئوراۋېتىپ، - ھون، تۈرك، ئۇيغۇر، موڭغۇل چەۋەندازلىرىدەك... خۇددى ئۇلار بوزا-قىمىز، مەي-شاراب ئىچكەندەك، دېگىنە!!

- ھەق گەپ، ھەق گەپ!

- سىلەر ئايلاندۇرۇۋېرىڭلار... مەن توختاپ-توختاپ ئىچەي، - دېدى تۇرسۇنبەگ.

بىزنىڭ ئاغىينىلەر نى-نى ئادەملەرنى ھاراق ئىچىشىشتە قورقۇتۇپ: «ئاپا!» دېگۈزۈپ قاچۇرۇۋېتەتتى. بىراق مۇنۇ ئېبلىس تۇرسۇنبەگكە بولسا پۈتۈنلەي تەسلىم بولغانىدى. ئۇنىڭ تارىختىكى

چەۋەندازلارنى شىپى كەلتۈرۈشى، ئاغىنىلىرىمنى
تېخىمۇ ئەسىر قىلىۋالغانىدى. ئاغىنىلىرىم ئۇنىڭغا
مەستلىكى كېلىپ قارايتتى، ئۇ بولسا، ئىلى
موخوركىسىنى پۇرقىرىتىپ چەككىنىچە مەغرۇر
ئولتۇراتتى. مېنىڭ ئاغىنىلىرىمنىڭ ھالىتى بەئەينى
پىرى كالاننىڭ پېشىنى كۆزىگە سۈرتۈۋېلىش ئۈچۈن
ئېتىلىپ تۇرغان سوپىلارغا، پاپانىڭ قولىنى
سۆيۈۋېلىشقا ئالدىراۋاتقان كاتولىك دىنى
مۇرىتلىرىغا، تۇرسۇنبەگنىڭ ھالىتى بولسا، شەھەر
ئالغان تەكەببۇر قوماندانغا ئوخشايتتى. گەرچە بۇ
«قەھرىمان»غا مەن ھەم قايىل بولغان بولسامۇ،
لېكىن راست گېپىمنى دېگەندە ئۇنىڭغا ئۈچ
بوپقالغانىدىم، ئۇ كۆزۈمگە پەقەتلا سىغمىغانىدى. گويا
ئۇ «ئالۋاستى»نى ھېچكىم بايقىيالمىغاندا، مەن
بايقىۋالغاندەك. تۇرسۇنبەگمۇ خۇددى كۆڭلۈمدىكىنى
بىلىۋالغاندەك... خۇددى مېنىڭدىن تەپتارتىۋاتقان-
دەك... قورقىۋاتقاندەك بىر خىل ھالەتتە،
مېنىڭدىن يېشىل كۆزىنى ئېلىپ قاچاتتى. مەن
ئۇنىڭغا ئاچچىقىم بىلەن مىختەك قادىلىپ
ئولتۇراتتىم.

— ئاكا، سەن ئوقۇغانمۇ؟! — دەپ سورىدىم
ئۇنىڭدىن. ئۇ، كۆزىنى قاچۇرۇپ تۇرۇپ:

— ئوقۇغان... ھەممىدىن تارىخنى كۆپ
ئوقۇغان. بىراق... يەپ كەتتۇق، -دېدى.

— ئۆزۈڭنىڭ شەخسىي تارىخىڭنىمۇ يەپ
كەتمىگەنسەن؟!... سۆزلەپ بەرمەمسەن، بىلىپ
قالايلى، — دېدىم. ئۇ ماڭا قاراپ قويۇپ،
تەرجىمىھالىنى قىسقا قىلىپ سۆزلىدى:

— بۇنىڭدىن 15يىل ئاۋالقى بىر كۈنى، سېرىجى
ئىسىملىك بىر قالماق بىلەن دوست بوپقالدىم. ئۇنىڭ
يۈزى لىگەندەك بار ئىدى. موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ
يىراقتا يۈرۈش قىلغان قوشۇنىدىكى ئىسسىق-سوغۇق-
نى، بوران-چاپقۇننى تولا كۆرۈپ، تېرىسى قارامتۇل
مىس رەڭگىگە كىرىپ قالغان قالماق ئەسكەرگە
ئوخشايتتى. بويى شۇنداق ئېگىز، ئۆزىمۇ يوغان
كەلگەن ئۇ كوسا قالماقنىڭ بىر پۈتى ئاقساق، سول
كۆزى قىسماق بولۇپ، چىڭگىزخاننىڭ ئەڭ يېقىن
ياردەمچىسى سوبوتاي باتۇرغا ئوخشاپ قالاتتى.
قالتىس قاۋۇل، كۈچلۈك نېمە ئىدى. ئۆزى چارۋىچى
بولۇپ، ئات، قامچا، ئات باشلىق غىجەك ۋە سۇداندا
ھاراق ئۇنىڭ بىلەن ھەر كۈنى بىللە ئىدى...
ئىككى-ئۈچ كۈندە بىر مەن بار ئورمانغا كېلەتتى.
ھاراقنى دەھشەت ئىچىۋېتىدىغان ئۇ قالماق، خۇددى
ماڭا ئوخشاش، مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ قالىدىغان ياپپاڭ
چىنىدە ئىچەتتى. بىراق مەن ئۇ چاغدا سىلەرگە
ئوخشاش رومكىدا ياكى باشقا نەرسىلەردە ئىچەتتىم.
بىلىپ قېلىڭلاركى، قالماقلار دوستلۇققا يارايدىغان،
ئىشەنسە بولىدىغان مەرد خەلق. سېرىجى مېنىڭ
يېشىل كۆزۈمنى ھەمىشە: «كۆزۈڭ بەك سەت!
مېنىڭ كۆزۈم ھەقىقەتەن بەك چىرايلىق» دەيتتى.
ئۇنىڭ قىسماق كۆزىنى كۆرگىلى بولمىسىمۇ، ئوڭ
كۆزى مۇشۇك كۆزلۈك بولۇپ، بۇنى ئېنىق كۆرگىلى
بولاتتى. مەن ئۇنىڭغا: «چىڭگىزخان، جوجى ۋە
باتۇخان ئۇچەيلەن موڭغۇل ئەمەس، مەركىت
تۈركلىرىنىڭ پۇشتى ئىدى. پەقەتلا ئۇلار ئۆزلىرىنى
موڭغۇل دەۋالغانىدى» دېسەم، ئۇ: «تارىخنى
ئېتىراپ قىلىشقۇ ياخشى ئىش... لېكىن، مەن قارا
قورساق» دەيتتى. ئۇ، ئېسىل ئادەم ئىدى. «سەن
بىزنىڭ ئۇيغۇر تىلىنى شۇنداق ئوبدان بىلگەندىكىن،
ئىسلام دىنىغا كىرسەڭ بولمامدۇ؟!» دېسەم، ئۇ:
«ئۇنداق قىلسام باخشى مېنى قاغىۋېتىدۇ... تولا
گەپ قىلماي قۇيە ھارىقىڭنى!» دەيتتى...
قىسقىسى، ئۇ ئىسلامغا كىرمىگىنى بىلەن ھاراقنى
دەھشەت ئىچىۋېتىدىغان نوچى ئادەم ئىدى. بىر
كېچىسى، ئېغىر كەيپ بوپكېتىپتىمەن،
مەستلىكىمدە بىلمەي ئۇنى ئېتىپ قويۇپتىمەن...
ئەتىسى قارىسام، بىچارە دوستۇم سېرىجى ئۆلۈك
ياتىدۇ!؟! قاتتىق ئازابلاندىم، يىغلىۋەتتىمغۇ!...
شۇنداق قىلىپ، يەتتە يىللىق كېسىلدىم.. يەتتە
يىلدىن كېيىن تۈرمىدىن چىقتىم، يەنە ئىلگىرىكى
ئورماندا خىزمىتىمنى داۋاملاشتۇردۇم. ئەمما
سېرىجىنى ئۆلتۈرۈپ قويغانلىقىمدىن مەڭگۈلۈك
ۋىجدان ئازابىغا قالدىم... ھەيي... ئالتە-يەتتە
يىل ئاۋالقى بىر كۈنى، سېرىجى ھاراق ئىچىدىغان
ياپپاڭ چىنىگە ئوخشاش ياپپاڭ چىنىدىن بىرىگە
تولدۇرۇپ بىر ئىچىۋىدىم، ھاراق تۈگىگەندە
چىشلىرىمغا غايىۋى كۈچ كەلگەندەك بولۇپ
چىديالمىدىم-دە، ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، بىرلا چىشلەپ
ياپپاڭ چىنىنى سۇندۇرۇپ قويدۇم، ئاغزىممۇ
ھېچقانداق بولمىدى. شۇندىن بېرى ياپپاڭ چىنىدە
ئىچىپ كېلىۋاتىمەن. ئۆز ئىختىيارىم ئەمەس...
ياپپاڭ چىنىدە ئىچىپ بولغاندىلا چىشلەپ چاقىمەن،
قەتئىي ئۆزگەرتەلمىدىم-دە، بۇ قىلىقنى. قانچىلىغان
ياپپاڭ چىنىلەرنى چېقىپ بولغىنىمنى ئۆزۈممۇ
ھېسابلاپ بېرەلمەيمەن... ياپپاڭ چىنىنىڭ تارىخى
مانا مۇشۇنداق.

مەن ئۇنىڭدىن: شەخسىي تارىخىڭ؟ دەپ
سورىسام، ئۇ: «ياپپاڭ چىنىنىڭ تارىخى مانا
مۇشۇنداق» دېگەن گەپ بىلەن سۆزىنى ئاخىرلاشتۇر-
دى. دېمەك، ئۇ — ياپپاڭ چىنە، ياپپاڭ چىنە — ئۇ،
دېگەن گەپ-دە. ئۇلار شۇ قەدەر بىرىكىپ كەتكەن.
.. ياپپاڭ چىنە — تۇرسۇنبەگ چاقچاقچى، شوق ھەم
ئىشقى بار ئادەم ئىكەن. ئىلى ئۇيغۇرلىرىغا خاس
پۇراق ئۇنىڭدىن تۆكۈلۈپ تۇرىدىكەن. ئۇ: «ئىۋان
بىلەن پېتىرلىدا دېگەن قىزنى ياخشى كۆرۈپ
قاپتۇ-دە...»، «ئارسلان ئىسىملىك ئۇيغۇر،
جانىمقان ئىسىملىك قازاق، داشاپ ئىسىملىك قالماق
ئۈچى بىللە سەپەرگە چىقىپتۇ...» دېگەنگە ئوخشاش
لەتىپىلەرنى سۆزلەپ، بىزنى راسا كۈلدۈردى. دۇتار
بىلەن ئىلى ئاھاڭلىرىغا تولۋاپ، قەلبىمىزنى لەرزىگە
سالدى. ئاغىنىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇپ، ئەقلىنى
لال قىلدى. سورۇننى قىزىتىپ توپىسىنى
توزىتىۋەتتى... مەن ئۇنىڭ يېشىل كۆزىگە
قارىدىم. ئۇ كۆز كۈلسە بەك چىرايلىق بوپقالاتتى،
قاپىقىنى تۈرسە دەھشەتلىك، سۇرلۇك تۇسكە
كىرەتتى. قايسىبىر ماتېرىيالدىن كۆرۈشۈمچە،
ھازىرقى زاماندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ 30نەچچە پىرسەنت
ئاھالە گەۋدىسى ئاق تەنلىكلەرنىڭ تىپىك ياۋروپا
ئىرقىغا تەۋە ئىكەن. دېمەك ياپپاڭ چىنە
تۇرسۇنبەگمۇ ئەنە شۇ گەۋدىدىن دېگەن گەپ...
شۇنداق قىلىپ، ئۇ جەمئىي ئۈچ ياپپاڭ چىنىنى
چېقىپ تۈگەتتى، ئۆزى خوش كەيىپ بوپقالدى.
دەمكۆتە رازىمەنلىك بىلەن توختىماي چىنە
سۇنۇقلىرىنى تېرىپ تۇردى. تۇرسۇنبەگنىڭ ھاراق
كۆتۈرۈشچانلىقى مېنىمۇ ھەيران ۋە قايىل
قىلغانىدى. ئۇ: «ئورۇق ئالىم بىلەن كېيىنچىرەك
كۆرۈشەي. مەن بىر قانچە ئاغىنىلەر بىلەن بىللە
كەلگەن، ئۇلار مېھمانخانىدا قالغانىدى، بەك كەچ

بوپكەتتى، مەن قايتاي» دەپ ئاغىنىلىرىمنىڭ تۇتۇۋالغىنىغا ئۇنىماي، دەلدەڭشىگىنىمچە مېڭىپ چىقىپ كەتتى. بىز ئۇنى قورۇنىڭ سىرتىغىچە ئۇزىتىپ چىقتۇق. تالا بەك سوغۇق ئىدى. بىز ھاجەت قىلىۋېلىپ، دۇگدەيگىنىمىزچە ئۆيگە قايتىپ كىردۇق. «كارامەت... ئالامەت ئادەم... ئۇنىڭ ئاشۇ بىر جۈپ كۆزىنىڭ چىرايلىقلىقى ئادەمنى مەھلىيا قىلىدۇ... بەئەينى شەرقىي ۋە غەربىي يېرىم شارغا ئوخشايدۇ» دېيىشمەكتە ئىدى ئاغىنىلىرىم. دېمىسىمۇ، ئۇنىڭ كۆزى ھەقىقەتەن شۇنداق كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭغا دىققەت بىلەن قارايدىغان بولساڭ... ئامېرىكىنىڭ ھاۋا ئارمىيىسى، روسىيىنىڭ دېڭىز ئارمىيىسى، جۇڭگونىڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى... ئاپتوموبىل، كومپيۇتېر، راكېتا... ياپونىيىلىكنىڭ باغلام-باغلام پۇللارنى ساناۋاتقانلىقى... نەچچە يۈز تۈمەن ئادەمنىڭ بەيتۇللا ئەتراپىدا قىمىرلاپ يۈرگەنلىرى... نېفىت، تەبىئىي گاز... چىرايلىق، پاكىز، سۈپەتلىك ئادەملەر توپى... پەلەستىن، ئىراق... تونۇر ۋە كىرلىشىپ كەتكەن دوپپا، ئېشەك ۋە پىت بازىرى (كونا كىيىم ساتىدىغان)... توپا-توزان ۋە قاتتىق ۋەھىمە قوينىدا چاھارپايدەك چەكچىيىپ ھەم ئۈركۈپ قارىشىۋاتقان مىسكىن چىراي... روھسىز گەۋدە... ھەممىسى خۇددى تېلېۋىزور ئېكرانىدىكىدەك كۆرۈنەتتى...

— ئۇنىڭغا مۇشۇ يەر شارىنى تۇتقۇزۇپ قويغىلى بولسا ئىدى، يەر شارىغا ھاراق قۇيۇپ ئىچىپ بولۇپ، چىشلەپ سۇندۇرۇۋەتكەن بولار ئىدى، — دېدىمەن. ئاغىنىلەر كۈلۈشتى ۋە: بىزچۇ؟! — دېيىشتى.

— سىلەرگە تۇتقۇزۇپ قويسا، مەستلىكىڭلاردا قولۇڭلاردىن چۈشۈرۈپ قويۇپ، يەر شارىنى ئاللىقاچان چېقىۋەتكەن بولاتتىڭلار، — دېدىم. ئاغىنىلىرىم كۈلۈشتى. بىردەمدىن كېيىن ئۇلار خۇددى مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك، تۇيۇقسىزلا ياپپاڭ چىنىدە تولدۇرۇپ ئىچىپ، «قىرلىق ئىستاكان» فىلىمدىكىدەك «ئۇسلۇب» ياراتماقچى بولۇپ، رەسمىي بىر قارارغا كېلىشتى.

—ھوي... بابا قىرلىق ئىستاكاندا ئىچىمىز دەۋاتاتتىڭلار، ئەمدى، تۇرۇپلا ياپپاڭ چىنىدە ئىچمەكچى بوپقالدىڭلارغۇ؟! — دېدىمەن تەنە قىلىپ.

— قىرلىق ئىستاكان مودىدىن قالدى! ياپپاڭ چىنە مودا بولۇشى كېرەك، — دېيىشتى ئۇلار.

— ياپپاڭ چىنە؟!... ئۇ بىر ئىبلىس... ئۇ شەيتاننىڭ تەخسىسى...

— ياق! ئۇ ئاز تېپىلىدىغان باتۇر ئادەم!

— بولدى قىلىڭلار، ئۆتۈنۈپ قالاي... جىق ئىچىۋەتتىڭلار، نەچچە مەست بولۇپ نەچچە يېشىلدىڭلار... بىرەر چاتاق چىقىپ قالمىغاي، — مەن يالۋۇردۇم. ئۇلار: «ھاراق دېگەننى مەيدىسىدە تۈكى بار ئەركەكلەر ئىچىدۇ، سەن ئەرلەرنىڭ ئىشىغا ئارىلاشما!»—دېيىشتى. ئۇلار ئۆزلىرى شۇنداق دەپ، ئۆزلىرى كۈلۈپ تېلىقىپ كېتىشتى. مەن ئۇلاردىن ئادا-جۇدا بولۇشنى نەچچە قېتىم ئويلىغان بولساممۇ، ئەمەلىيەتتە، پېتىنالمايتتىم. ئاغىنىلىرىمگە ئامراق ئىدىم. ئۇلارمۇ مېنى ھۆرمەتلەيتتى. بىز ئىناق دوستلاردىن ئىدۇق. ئۇلار ياخشى يىگىتلەر ئىدى. دېمىسىمۇ ئۇلار تۈكلۈك كەلگەن ھەقىقىي ئەركەكلەر ئىدى. كۆڭلىدە تېرىقنىڭ قاسىرىقىچىلىكمۇ يامانلىق، غۇم دېگەن نەرسە يوق ئىدى. غەيۋەت قىلىشمايتتى. ھەر قانداق ئىش بولسا، ھەتتا جان چىقىدىغان ئىش بولسىمۇ مەيدىسىنى كېرىپ قوپالايتتى. بىر پاي ئوق كېلىپ يۈرىكىگە كېلىپ تېگىدىغان ئىش بولسىمۇ، مەردلەرچە ئوتتۇرىغا چىقالايتتى. ئۆزئارا بىر-بىرىگە قولىدىن كېلىشىچە ياردەملىرى بولسا قىلىپ تۇراتتى. ئۇلار ساددا، ئەمما ئاقكۆڭۈل، مەرد، قورقماس يۈرەكلىك، مەردانە ئەزىمەتلەردىن ئىدى. ئۇلار چاقچاقچى، چىقىشقاق، خۇشخۇي، تەنتەربىيىگە — بولۇپمۇ پۇتبولغا قاتتىق ئىشقى بار، مۇشتلاشچى، تۈز مىجەزلىك، گېپى ئوچۇق، چوڭغا چوڭ، كىچىككە كىچىك، ياماندىن قورقمايدىغان، يۇۋاشنى بوزەك قىلمايدىغان مەرد مىجەز يىگىتلەر بولۇپ، نېمىلەرگىدۇر ئىنتىلىپ ياشاۋاتقان، قەلبىدە ئۆزلىرىمۇ چۈشىنىپ بولالمايۋاتقان بىر خىل يۈكسەك ئىزگۈ ئارزۇ-ئارمان، ئىستەكلىرى تىنىپ كەتكەن، ئەمما چىقىش يولى تاپالمايۋاتقان، تېڭىرقىغان، ئەل ئارىسىدىكى تەمسىل بويىچە ئېيتقاندا، شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ كېتىۋاتقان جەسۇر يىگىتلەر ئىدى. ئۇلار ھەمىشە ئۆزلىرىنى ھەم يۇمۇرلۇق، ھەم چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ: «بىز دېگەن تۇغۇقلۇق ئات!» دەيتتى...

ئىلغار يەتتە پۇت چىنىگە بىر بوتۇلكا ھاراقنىڭ ھەممىسىنى قۇيدى:

— تۇرسۇنبەگدەك چاقالمىساقمۇ، تۇرسۇنبەگدەك ئىچەلەيمىز... قايسىبىر ئىسلام ئۆلىماسىنىڭ دېيىشىچە: ھاراق ئىچكەنلەر ئەۋۋەل مايمۇنغا، ئاندىن شىرغا، ئاخىرىدا توڭگۇزغا ئۆزگىرەرمىش. ئۈمىدىم شۇكى، مايمۇن بىلەن شىرغا ئۆزگەرسەكمۇ مەيلىكى، ھەرگىز توڭگۇزغا ئۆزگىرىپ قالمايلى! قەدىناس دوستلار، قىيامەتلىك ئاغىنىلەر بىلەن بىرگە ئولتۇرۇپ ئىچكەن ھاراق ئادەمگە پايدا قىلىدۇ. ئاغرىقلارغا داۋا، كېسەللەرگە شىپا يەنى دەردكە دەرمان، رەنجىگە شىپا بولىدۇ. بۇ تەجرىبىدىن ئۆتكەن ئىش. مانا بىز يەتتىمىز (ئۇ مېنىمۇ قوشۇپ دەۋاتاتتى) ئولتۇرۇپ ئىچىشىۋاتقىلى نەۋاق؟! قانچىلىغان بوتۇلكىلار ئەنە ئاۋۇ بۇلۇڭدا ئۆزىنى تاشلاپ يېتىشىدۇ. بىراق، بىزلەرچۇ؟! بوتۇلكا ئۆرۈلگىنى بىلەن بىز ئۆرۈلمەيمىز! مانا، ساپمۇساق ئولتۇرىمىزغۇ... كەيپىمىز، كەيپىياتىمىز شۇنداق ساز... بىزمۇ تۇرسۇنبەگدەك ياپپاڭ چىنىدە ئىچىپ، «قىرلىق ئىستاكان» دېگەن فىلىمدىكىگە ئوخشاش بىرەر «ئۇسلۇب» يارىتىپ قالساق ئەجەب ئەمەس! — ئاغىنىلەر قىزغىن چاۋاك چېلىشتى. يەتتە پۇت ئامېرىكا پرېزىدېنتلىرىغا ئوخشاش دەبدەبىلىك نۇتۇق سۆزلىگەنىدى. ئۇ، ياپپاڭ چىنىدە تۇنجى بولۇپ ئىچىپ، سورۇننىڭ گۈلى، قەھرىمانى بوپقالدى. تۇۋا... ئۇ شۇنچىۋالا جىق ھاراقنى ئىچىپمۇ ھېچقانداق بولماي ئولتۇراتتى. ئىككىنچى بولۇپ ياپپاڭ چىنىنى ئەخمەت پاكار قولىغا ئالدى:

— بىز يا مېيىپ بولمىساق؟! خەق قىلغاننى بىزمۇ ئاشۇرۇپ قىلالايمىز... باتۇر ھەم چەۋەنداز ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەركەكلىكى ھازىرچە مۇشۇنداق نامايان بولۇپ تۇرسۇن! — دېدى ئۇ ۋە بىر كۇپلېت قوشاق توقىدى:

ھاراق ئىچسەڭ تۈزۈك ئىچ،
بىلىقتا ئوخشاش ئۈزۈپ ئىچ.
ئايرىۋېتىپ زەھەرنى،

داۋاسىنى سوزۇپ ئىچ.

ئاغىنىلەر بىرەر قور كۈلۈشۈۋالغاندىن كېيىن، ئۇ: «ئىچىمىز! سايمان خىل!» دەپلا ئىچىۋەتتى. ئۇ بەك تېز ئىچىۋەتتى، ئىچىپ بولۇپ، بىردەمگىنە مۇشتى بىلەن ئاغزىنى نىقتاپ تۇرۇۋالدى-دە، ئۇنىڭدىن-بۇنىڭدىن نەچچە چوكىدىن تېتىپ بولۇپ، ئاندىن بېسىقتى. يايپاڭ چىنە ئۈچىنچى بولۇپ ئىسمائىل ئىتتىككە كەلدى. ئۇ:

— مەن سىلەردەك گەپ قىلالمايمەن... خوش-ھە! ئىچتىم ئەمىسە، — دېدى. ئاغىنىلەر: «سىڭسۇن!» دەپ توۋلاشتى. ئادەم دېگەن ھاراق ئىچكەندە تولىسى كىچىك بالىدەكلا بوپقالىدىكەن. بۇ ئاغىنىلىرىمنىڭ ھەممىسى يېشى ئوتتۇزغا ئۇلاشقان ئەرلەر بولغىنىغا قارىماي، ھازىرقى گەپ-سۆزلىرى، قىلىقلىرى... بەئەينى كىچىك بالىلارنىڭ ئۆزى ئىدى. ئەلۋەتتە، بۇنى ئۇلار ھەرگىز ئېتىراپ قىلمايدۇ، بەلكى بۇ ياشنىڭ چوڭايغانلىقىنىڭ ئالامىتى! دەپ تۇرۇۋالىدۇ. لېكىن، ماڭا شۇنداق بىلىنىدۇ... ئىسمائىل ئىتتىك ئىچىپ بولۇپ، بىرەر مىنۇتلارغىچە كۆزىنى چىڭ يۇمۇپ، جىممىدە تۇرۇۋالدى. ئاندىن ئىككى چوكا قورۇما يەپ ئوڭشالدى. ۋاي... ئاللا! نېمىدېگەن جاپا... ھەقىقەتەن ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلغانلىق ئىكەن بۇ... نۆۋەت دەمكۆتەگە كەلدى:

— سىلەردىن چەكسىز پەخىرلىنىمەن!... مەن سىلەرگە ئامراق... ياشسۇن مۆلدۈردەك تاپ-تازا، ئۇلۇغ دوستلۇق! — دەمكۆتەنىڭ ئاۋازى بوش تىترەۋاتاتتى، — مېنى دەمكۆتە دەيسىلەر... بۇنى ئىچىپ... بەلكىم... ئۆلۈپ قېلىشىم مۇمكىن! ھەي... بىزلەر چوقۇم جەننەتكە كىرەلمەيمىز... شۇڭا... ئەگەر ئۆلۈپ كەتسەم... سىلەرنى دوزاقتا ساقلايمەن، خوش-ھە! دوزاقتا كۆرۈشۈشىمىز ئۈچۈن كۆتۈرۈۋەتتىم...

— ھەي-ھەي... ئۇنداق دېمە! جەننەتتىن ئۈمىدنى ئۈزمەيلى... خۇدايىم بەك مېھرىبان، بىزنى كەچۈرۈۋەتسە ئەجەب ئەمەس! تۈزۈكرەك گەپ قىلىپ ئاندىن ئىچ! — بىز ئۇنىڭ قولىغا ئېسىلدۇق. ئۇ كۈلدى... توۋا... ئۇنىڭ قولىغا مەنمۇ ھەم ئېسىلىپتىمەن، خۇددى مەنمۇ ھاراق ئىچىۋاتقان ئادەمدەك!؟... دەمكۆتە «بېيىت» دەپ بىر قوشاقنى كەلتۈردى: «... ۋاپاسى يوق قېرىنداشتىن، ۋاپادار دوستلىرىم ياخشى». ئۇنىڭ ئىنىسى خېروئىنغا خۇمار بوپقېلىپ، دەمكۆتەنىڭ جەمەتىدىكىلەرنىڭ يۈرەك-باغرىنى قان قىلىۋەتكەنىدى. ئىنىسىغا خۇددى خۇداغا ئىشەنگەندەك ئىشىنىدىغان بىچارە دەمكۆتە، ئىنىسىنىڭ قىلمىشىدىن قاتتىق ئازابلانغانىدى. بۇ يەردە مۇشۇ ئىشنى كۆزدە تۇتقانلىقى ئېنىق. ئۇ، ھاراقنى سوزۇپ ئىچىدىغان ئادەت ئىدى. ئۇمۇ بىر يايپاڭ چىنە لىممۇلىق ھاراقنى ئىچىۋەتتى. ئىچىپ بولۇپ تاسلا قالدى قۇسۇۋەتكىلى. بىچارە مىڭ بىر جاپادا سىڭدۈرۈۋەتتى. ئاغىنىلەرمۇ: «قۇسمىغىنىڭ ياخشى بولدى. پۇلغا كەلگەن ھاراقنى قۇسۇپ زىيان قىلىۋەتسەڭ، قانداق بولىدۇ؟» — دەپ كۈلۈشتى. شۇ چاغدا مەن «مېنىڭ بۇ ئاغىنىلىرىم ھەممىنى قىلالايدۇ!» دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە. ئۇلارنىڭ ھاراق ئىچىشكە بولغان قايىللىقىم ھەسسىلەپ ئاشتى...

بەشىنچى بولۇپ يايپاڭ چىنە باتۇر جوھۇتنىڭ قولىغا چىقتى.

— مەن نېمىشقا ئىچەلمىگۇدەكمەن؟! — دېدى ئۇ، — مەن دېگەن ئىمىن كاۋابنىڭ نەۋرىسى، ئىبراھىم يوغانباشنىڭ، يەنى نامى بار ئىبراھىم مەستنىڭ چوڭ ئوغلىمەن! مال ئىگىسىنى دورىمىسا ھارام، — تاماق يېسىمۇ شالاپ-شۇلۇپ ئاۋاز چىقىرىپ ئادەتلىنىپ قالغان بۇ ئاداش، بىر چىنە ھاراقنى خۇددى كالا سۇ ئىچكەندەك ئىچمەكتىدى. ھاراق ئۇنىڭ ئىككى جاۋغىيىدىن تۆكۈلۈپ تۇراتتى... ئۇنىڭ ئىچىشىگە قاراپ مەندىمۇ بىر غەيرىي ئالامەت كۆرۈلگەندەك قىپقالدى، ھاراققا بىر خىل چۈشىنىكسىز مايىللىقىم قوزغالدى!؟! ئەمما، شۇ زامات قورقۇنچ باستى-دە، ئىچىمدە: «شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىدىن پاناھ تىلەيمەن ئاللا ئىگەم!» دەپ شىۋىرلىدىم. جوھۇت ئىچىپ بولۇپ قاتتىق بىر سىلكىنىپ، بويىنىنى شاپتۇل قاقتى ۋە بىرنەچچە مىنۇتقىچە قولى بىلەن ئېغىز-بۇرنىنى ئېتىۋېلىپ، قىينالدى. ئۇنىڭدىن-بۇنىڭدىن يېگىلى تۇردى. نېمە ئەڭ ئاچچىق بولسا، شۇنىڭدىن جىقراق يېدى. ئاخىرىدا «كارت» تىدە قىلىپ بىرنى كېكىردى. «يا ئاللا... سىڭدى!» دەپ ھىجايدى. «قاتاردىن قالغۇچە، خاتادىن قال» دېگەننىڭ ئەكسىچە، ئۇ، قاتاردىن قالمىغانلىقىغا بەك خۇشال بولغانىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭغا باشقا ھېچقانداق نەرسە لازىم ئەمەستەك كۆرۈنەتتى، ئۇ تولىمۇ خاتىرجەم ئىدى. چۈنكى ئۇ سىناقتىن ئۆتكەنىدى... ئاخىرىدا يايپاڭ چىنە ئوسمانقارىغا توغرىلاندى. باياتىن بېرى ئارتۇق گەپ قىلماي، كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ، جىنلىرىغا ئەپسۇن ئوقۇۋاتقان جىنكەشتەك بىردەم-بىردەم بېشىنى ئوياق-بۇياققا چايقاپ قويۇپ ئولتۇرغان ئوسمانقارى يايپاڭ چىنىنى قولىغا ئېلىپ، ئۇنىڭغا بىرھازاغىچە قاراپ، تىكىلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، تۇيۇقسىزلا ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ يىغلىغىلى باشلىدى (قارىغاندا، ئۇ مەست بوپقالغان چىغى). ئۇنىڭ يىغىسى يۈرەكلەرنى ئېزىپ سۇ قىلىۋېتەتتى... يىغلاشنى بىلمىگەن ئادەم كۈلۈشنىمۇ بىلمەيدۇ، دېمەك، ئۇ بىچىرىم ئىكەن. «نېمە بولدى ھوي، ساڭا؟» دېدى ئاغىنىلەر. ئۇ، يىغىسىنى تېزلا توختاتتى. ئۆزىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، ئالدىرىماي سۆزلىدى، ئاۋازى غاراڭ-غۇرۇڭ چىقىۋاتاتتى:

— سىلەر نېمىدېگەن چىرايلىق ھەم سۆيۈملۈك-ھە؟! قۇلىقىڭلاردىن تۇتۇپ سۆيۈۋالغۇم كېلىۋاتىدۇ... ئەسلىدە... بۇنى ئىچمەي دېگەنىدىم. بىراق، قارارىمنى ئۆزگەرتتىم. ئىچىمەن! سىلەر بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ ئىچمىگەن ھاراقنى يەنە كىملەر بىلەن ئىچەتتىم؟! بۇ، زەھەر بولسىمۇ، بۈگۈن ئىچكىنىم ئىچكەن! — ئۇ ماڭا قارىدى، ئۇنىڭ قارىشى شۇنداق مەنىلىك بىلىندى، — سەن مېنى دورىيالمايسەن، شۇنداقمۇ؟!

— بۇ گەپ ماڭا بەكمۇ تەسىر قىلدى... شۇ چاغدا ھاراقنى ئىچكۈم كەلدى، ئىچمىسەم... ئۇلاردىن مەڭگۈلۈككە ئايرىلىپ قالىدىغاندەك، ئۇلارنى ئىككىنچىلەپ كۆرەلمەيدىغاندەك بىلىندى... لېكىن، ئىچىشتىن قورقاتتىم. ئى ئاللا، ساڭا سېغىنىمەن... مېنى شەيتانغا ھەمراھ قىلمىغىن، ماڭا لەنىتى شەيتان ئوچۇق دۈشمەندۇر، ئۇ مېنى ئازدۇرماقچى...

ئوسمانقارى يايپاڭ چىنىنىڭ گىرۋىكىنى ئاغزىغا يېقىن ئەكەلدى... ئۇ، قاراماتاق كەلگەن، بەك قويۇق بولمىسىمۇ، يارىشىملىق بۇرۇت قويۇۋالغان، ئوچۇق-يورۇق ئاداش ئىدى. ئۇ، مەن

بىلىدىغانلارنىڭ ئارىسىدىكى خوتۇنى بىلەن گەپ ئۇتىدىغانلارنىڭ تىپىك ۋەكىلى ئىدى. نېمىشقا ئۇنى قارى دەيدىغانلىقىمىزنى بىلمەسەممۇ، ئۇزى كېلىشكەن بۇ ئاداش «قويمىچى» دېگەن گەپ يوق چاغلاردا تىجارەتچى ئورۇسلارنى قويۇپ، بىرنېمىلەرنى قىلىپ يۈرۈپ، بىر-ئىككى يۈز مىڭ سوم پۇل تاپقان بولۇپ، ئۇنىڭ توغرىسىدا سۆزلىگۈدەك باشقا ئىشمۇ يوق. شۇ چاغلاردا ئۇ، گەرچە بىز تونىمىساقمۇ، ئافغانىستانلىق پۇشتۇمۇللا ئىمامىددىن بىلەن قىرغىزىستانلىق تۇڭگان ماشىگلوف ھەمدە روسىيىلىك ئورۇس چوكان ۋىرۇچكا دېگەنلەر توغرىلىق كۆپ پاراڭ قىلىپ بېرەتتى. بىراق، ئۇلارنىڭ بىز بىلەن مۇناسىۋىتى بولمىغاچقىمۇ-تاڭ، ئۇ گەپلەرگە پەقەت دىققەت قىلمىغانىكەنمىز. ئوسمانقارى ھازىر ئاشۇ چاغدا تاپقان پۇللىرىنى خەجلەپ، ئىش قىلماي يېتىۋالغانىدى... ئۇ، يايپاڭ چىنىدىكى ھاراقنى كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ ئولتۇرۇپ ئالدىرىماي ئىچىپ تۈگەتتى ۋە بىر بۇردا ناننى ئاغزىغا سېلىپ، ئىككى چايناپ يۇتىۋەتتى-دە، پىيالىدىكى سوۋۇپ قالغان چايدىن نەچچە يۇتۇم ئىچىۋەتتى. پاپىرۇستىن بىر تال تۇتاشتۇرۇپ، قاتتىق-قاتتىق شورىغىلى تۇردى... مەن بۇ ئالتە ئاغىنەمگە تۇنجى قېتىم قاراۋاتقاندەك، دىققەت بىلەن قارىدىم. كۆزۈمگە تېخىمۇ چىرايلىق كۆرۈندى. ئۇلار ھەقىقەتەن ئەڭ يېقىن دوستلىرىم ئىدى. مەن ئۇلاردەك ئاغىنىلىرىمنىڭ بولغانلىقىدىن پەخىرلىنەتتىم. شۇنىسى، ئۇلارغا ئوخشاش ئىچمەيمەن. مۇشۇ يېقىندىن ئۇلارغا ئوخشىمايمەن. «سەن قاتاردا يوق ئادەم بولغاندىكىن، ئىچمەيسەنغۇ؟ ئەمىسە بىزنىڭ مەست بولىشىمىزغا ياكى بىرەرسىمىزنىڭ ئۆلىشىگە قاراپ ئولتۇرغىن»

- ئاغىنىلىرىم شۇنداق دېۋىدى، بۇ گەپ جان-جېنىمدىن، ئۆتۈپ كەتتى. ئۇلار گويا ئۆپكەمنى ئىچىمدىلا قېقىۋەتكەندەك، نەپەسلىرىم چىقماي قالدى. چىديالمىدىم، چىداشمۇ مۇمكىن بولمىدى. يېرىلىپ كەتكىلى قىل-قىل قالدىم. ئاسمان ئېگىز، يەر قاتتىق... نېمىدېگەن دەھشەت!!

- قويۇشە ھارىقىڭنى! يايپاڭ چىنە لىق تولسۇن... سىلەرگە ئوخشاش ئىچىمەن! - ئاغزىمدىن شۇ گەپ چىقىپ كەتتى... جانمۇ ئېغىزدىن چىقىدۇ، گەپمۇ ئېغىزدىن، دېگەن گەپنى ئاڭلىغانىدىم. ئەمدى بولدى... ئوتتۇز كۈن روزا تۇتۇپ بىر كۈن پوقتا ئېغىز ئاچقاندەك بىر ئىش بولىدىغان بولدى-دە... نېمىلا دېگەنبىلەن بولدى ئەمدى. بۇماڭا 21-ئەسىرنىڭ ھارپىسىدىكى بىر ئالامەت، بىر يېڭىلىق ... مۆجىزە ئىدى.

- بارىكاللا!
- يارايسەن!
- ئۆلمە - ياشا!...
- بولىدىغان نېمە جۇمۇ سەن... ھەي، ھەي.

.. سېنىڭدىمۇ چەۋەنداز ئەجدادلىرىمىزنىڭ قېنى بار ئەمەسمۇ؟!... سېنىڭدىكى غايەت زور چەكلىمىلەرگە ئۇچراپ، تۇنجۇقۇپ كەتكەن چەۋەنداز روھى مانا ئاخىرى پارتلىدى! - ئاغىنىلەرنىڭ دەبدەبىلىك سۆزلىرى پەقەت قۇلىقىمغا كىرمەيۋاتاتتى، مەن قېتىپ قالغانىدىم... بىلمەيلا قالدىم. ھاراق لىپمۇلىق تولغان يايپاڭ چىنە قولۇمدا تۇراتتى. سېسىق ھەم ئاچچىق، قاڭسىق بىر خىل پۇراق بۇرنۇمدىن كىرىپ مېڭەمگە چىقىپ كەتتى.

سۇپسۇزۇك ھاراق گويا ماڭا قاش ئېتىۋاتاتتى، خۇددى قىزىل كۆڭلەك كىيىپ، يۈز-كۆزىنى ئۇپا-ئەڭلىكتە بويىۋالغان قېرى خوتۇن ماڭا جىنسىي تەلەپ قويىۋاتقاندەك، مەنمۇ ئۇنىڭغا راسا ئىنتىلىۋاتقاندەك ئىدىم... «ئوغۇلبالىچىلىقتا نېمە قورقىسەن، ئىچىۋەت، ئىچە!» دەۋاتاتتى ئاغىنىلەر.

- مەن ئىلگىرى ھاراقكەشلەرنى بەئەينى ھاراق بوتۇلكىسىغا ئوخشاش بوينى بىلەن قورسىقىلا بار، بېشى يوق، دەپ ئويلايتتىم. ئەمەلىيەتتە، ئۇنداق ئەمەسكەن، - مەن قەدەھ سۆزى سۆزلەۋاتاتتىم، - ئۆتكەندە سىلەرگە قاراپ: «ھالال ئىچتۇق، ھارام ئىچتۇق، ھارماي ئىچتۇق، نى-نى كاپىر-جوھۇتتىن قالماي ئىچتۇق» دېگەنىدىم... ئېسىڭلاردىمۇ؟ ھە، ئۇ گېپىمنى تۈزىتىۋالاي... ياق-ياق... ياندۇرۇۋالدىم... نېمە، باتۇر ئاداش... «جوھۇت» دېسەم ئىتتىك قارايسەنغۇ؟! رەنجىمە... «بىرەرسىمىز ئۆلۈپ قالساق»... دېدىڭلار، ئۇنداق دېمەڭلار! سىلەر ئۈچۈن مەن ئۆلەي! - مەن تاپتىن چىققانىدىم. خۇددى قەپەستىن ئازاد بولغان ئارسلاندەك ھۆركىرىگىم كېلىۋاتاتتى... مەن سۆزۈمنى باشقا ياققا بۇرىدىم:

- بۈگۈن بىز ئەسلىدە دوستىمىز قۇربان دەمكۆتەنىڭ توي خاتىرىسى مۇناسىۋىتى بىلەن بىر يەرگە جەم بولغانىدۇق. بىراق، ئەپسۇسكى، ھېچقايسىڭلار بۇ ھەقتە بىر نېمە دېمىدىڭلار، سورۇنىمىزمۇ باشتىن ئاخىر قالايمىقانچىلىقلار بىلەن داۋاملاشتى... مەن شۇنداق دەيمەنكى، قۇربان دەمكۆتە بەختلىك ئائىلىسى بار ئاداش. ئۇنىڭ ۋاپادار خوتۇنى، بىر ياشلىق ئوغلى بار... گەرچە، ئىش ئورنىڭدىن قالدۇرۇلغان بولساڭمۇ، مەيۈسلەنمە! سەن بىزنىڭ خۇدادىن باشقا ئىگىمىز يوق... خۇدادىن تىلە، سەۋەبىنى قىل، چوقۇم مۇرادىڭغا يېتىسەن! خوش-ھە! قۇربان دەمكۆتەنىڭ شەرىپىگە كۆتۈرەيلى!

- سورۇندىكىلەر چاۋاك چېلىۋەتتى. قۇربان دەمكۆتە يىغلىۋەتتى... ئاغىنىلەرگە قارىسام، يايپاڭ چىنە ئۇلارغا كارامىتىنى كۆرسىتىۋېتىپتۇ... ئېسىمگە كەلسەم، قولۇمغا تۇتىۋالغان يايپاڭ چىنە شىرە ئۈستىدە قۇرۇق تۇرىدۇ. دېمەك، ئىچىپ بوپتىمەن.

.. شۇنىسى... بىر پارچە ئوت ئاغزىمدىن كىرىپ كانايلىرىمنى، ئاشقازىنىمنى، ئۈچەي-باغىرلىرىمنى ۋىژىلدىتىپ كۆيدۈرۈۋەتتى. ھەي ئىسىت! ئىسىت!! جىگىرىم كۆيۈپ كەتتى-دە! ئاغىنىلىرىمنى ھاراق تونقانىدى، ئەمما ئۇلارنىڭ ھالىتى ئارسلانغا ئوخشايتتى. دېمەك، ئۇلار يەنە ئىچەلەيدۇ، يەنە ئىچىدۇ دېگەن گەپ! ئۇنئالغۇدىن يۇقىرى ئاۋازدا ناخشا ئاڭلىنىۋاتاتتى، دوستلار ئىككى غېرىچ ئارىلىقتا ئولتۇرۇپ، بىر-بىرىگە ۋارقىرىشىپ سۆزلىشىۋاتاتتى... دېمەك، مەست بولسا، ئادەمنىڭ كۆرۈش، تېتىش... سەزگۈلىرى، جۈملىدىن ئاڭلاش سېزىمى تۆۋەنلەيدىكەن... بارا-بارا بېشىم قايغىلى، ئىچىم ئېلەشكىلى تۇردى. يۈزۈمنىڭ گۆشى ئېسىلىپ قېلىۋاتاتتى، كالپۇكلىرىم قېلىنلاپ قالدى، كۆزۈمدە كۆزەينەك باردەك قىلاتتى، نېرۋىلىرىم ئېغىرلىشىپ، پۇت-قولۇمدا، بەدىنىمدە كۈچ-مادار قالمايۋاتاتتى... قاتتىق بىر تىترەك تۇتتى. ئۆزۈمنى ئوتقا چۈشكەن قىلدەك ھېس قىلدىم، بىر يەرلىرىم بىر خىل بولۇپ، بىئاراملىق قىينىغىلى باشلىدى... ياپراقتەك تىترىدىم... ئاغىنىلىرىم ماڭا بىرنەرسىلەرنى دەۋاتاتتى.

سۈرەن-چۇقانلار مېڭەمنى يەپ كەتتى. . . تۇرۇپلا، مەن ئولتۇرغان كرىسلو پىرقىراشقا باشلىدى. كرىسلونىڭ ئىككى يېنىنى چىڭگىدە تۇتىۋالدىم. چىدىيالمىدىم. . . قۇلاقلىرىمغا «تۇتتى. . . تۇتتى» دېگەن ئاۋازلار ئاڭلاندى. يەر-جاھان تېز سۈرئەتتە ئايلانغىلى تۇردى. بىر قول ماڭا بىرنەرسىنى ئۇزىتىۋاتاتتى (ئەسلىدە، ئاغىنىلەر ماڭا يەنە بىر ياپياڭ چىنە هاراقنى ئۇزاتقان گەپ). ئۇنىڭغا قارىسام، بىرسى: «مانا بۇ سېنىڭ نامۇ-ئەمەلىڭ. . . سەن تۈگەشتىڭ! ۋەيلۇنتى خالامسەن؟ جەھەننەممۇ؟! ئەنە ھۆتەمە. . . ئاۋۇ بولسا ھاۋىيە! بىز بولساق زابانىيە پەرىشتىلەر!» — دېگەندەك قىلدى. ئىست! هاراق ئىچىپ ئۆلسەم راستىنلا بىئىمان كېتەرمەنمۇ؟! مەسچىتىمىزدە ئىمام باشلىق جامائەتلەر نامىزىمنى چۈشۈرگىلى ئۇنىماسمۇ؟! دوزاققا چۈشەرمەنمۇ. . . قەبرەمدىن 40 كۈنگىچە قارا تۈتۈن چىقىپ تۇرارمۇ؟! جىق ئىشلارنى قىلىش ئارزۇيۇم باردى، غايەم بەكمۇ ئۇلۇغۋارئىدى. ئەجىبا، مۇشۇنداقلا تۈگەرمەنمۇ! نېمە بوپتۇ؟ دېسە، دوستلىرى بىلەن ئولتۇرۇپ ياپياڭ چىنىدە بىر چىنە ئاق هاراقنى ئىچىپتىكەن، ئۆلۈپ قاپتۇ. خوپ بوپتۇ، دەرمۇ؟! مەشھەرگاھتا: «ھاياتىي دۇنيادا نېمە قىلدىڭ!» دەپ سورالسا، نېمە دەپ جاۋاب بېرەرمەن. . . ئاھ، پەرۋەردىگارىم! مېنى مەغپىرەت قىلغىن. . . سەن مېنى مەغپىرەت قىلمىساڭ، مېنى ھېچكىم قۇتۇلدۇرالمايدۇ. . . قۇلىقىمغا گويا ئىسراپىل ئەلەيھىسسالام تارتقان سۈرنىڭ ئاۋازىدەك بىر دەھشەتلىك ئاۋاز ئاڭلاندى. زېمىن قاتتىق تەۋرىدى، كىشىلەر بىر-بىرىگە قارىشىپ: «نېمە بولدى؟!» دېيىشتى. تاغلار ئېتىلغان يۇڭدەك تىتىلىپ كەتتى، ئانىلار ئېمىۋاتقان بالىلىرىنى ئۇنتۇدى، بوۋاقلارنىڭ چاچلىرى ئاقىرىپ كەتتى، بوغاز تۈگىلەر بالا تاشلىۋەتتى، دېڭىز-ئوكيانلار ئوت بولۇپ كۆيدى، ئاسمان پارچە-پارچە بولۇپ چۈشتى. . . يەر ئاستىدىكى ھەممە نەرسىلەر، مەدەنلەر. . . يەر ئۈستىگە چىقىپ قالدى. . . ئىنسانلار بۇلاپ-تالىشىۋاتاتتى، شۇنچە قازسىمۇ ئەجەب ئېشىپ قاپتۇدېسە بۇ بايلىقلار؟! بۇ نېمە ئالامەتلەر. . . قىيامەت؟!. . . بىر دەھشەتلىك كۈن!!. . . بىر قول ئاغزىمدىن كىرىپ ئىچىمدىكى نېمىنىدۇر قامالاپ تۇتتى-دە، كۈچەپ تارتتى. . . بولالمىدىم. . . قانداق قىلىپ تالاغا چىقىپ قالغىنىمنى ئۇقمايلا قالدىم. شارىردە قىلىپ ياندۇرۇۋەتتىم. يا ئاللا! قۇسۇش دېگەن خوتۇن كىشىنىڭ تۇغۇتىدەك ئېغىر كېلىدىكەن ئادەمگە. قارىسام، تۆت ياش يىگىت تۇرىدۇ. . . ئۇلارنىڭ ئالدىغا باردىم. بىلدىم، مەن ئوسال مەست بولىدىكەنمەن. هازىر خەق بىلەن مۇشتلاشقۇم كېلىۋاتىدۇ. . . ئۇلارغا قاراپ: «ئەڭ يامىنىڭ قايسىڭ!» دېگىنىمنىلا بىلىمەن، تاراس-تۇرۇس، ۋالاق-ۋۇلۇق قىپقالدى. . . ئەنە شۇندىن باشقا ھېچقانداق ئىشنى بىلمەيمەن.

قانچىلىك ئۇخلىغىنىمنى بىلمەيمەن، ئويغانسام پۈتۈن بەدىنىم، ھەتتا يۈز-كۆزۈممۇ ئاغرىۋاتاتتى. ئۇزۇن كېسەل تارتقان ئادەمدەك ناھايىتى ماغدۇرسىز ئىدىم. ئورنۇمدىن ئاران تۇرۇپ ئەينەككە قارىسام، يۈز-كۆزۈم ئىششىق ھەم كۆك تۇرىدۇ، قاپاقلىرىممۇ ساڭگىلاپ كېتىپتۇ. توۋا. . . تۆت ئادەم بىر ئادەمنى شۇنداقمۇ قاتتىق ئۇرغان بارمۇ؟! قېنى ئۇ ئەركەكلىك! قېنى ئۇ مەردلىك، مەردانىلىق. . . ھېلىقى تۆت ئەبلەخ مېنى راسا ئۇرۇپتۇ-دە! ماۋۇ ئاداش ئېغىر مەست ئىكەن، دېمەي، شۇنچىلىك قاتتىق ئۇرۇۋېتىكىنىنى قارىمامدىغان. ھەيي، بۇ ئادەملەردە ئىنساب ۋە ئوغۇلبالىچىلىق قالماپتۇ. . . ئۆيدىكىلەرنىڭ تاپا-تەنىسى، تىل-دەشناملىرى بىلەن شۇنى بىلدىمكى، ئۇ، تاڭسۇزۇلەي دېگەن چاغ ئىكەن، بەك سوغۇق ئىكەن. . . ئىنىم مېنى كۆرۈپ قاپتۇ ۋە ئۆيگە سۆرەپ ئەكىرىپ ياتقۇزۇپ قويۇپتۇ. ئۆيدىكىلەرنى قورقۇتۇپ، خېلى ئاۋارە قىپتىمەن. نېمىدېگەن سەتچىلىك. رەسۋا بوپتىمەن. . . مەن بېزىرىپ ھەم بۇقىدەك ئۇندىمەي تۇرۇۋالدىم. بىراق، ئۆيدىكىلەر مېنى بىر ھەپتىگىچە تالاغا چىقارتمىدى. ئىچىم پۇشۇپ، كۈنلەرنى بەك تەستە ئۆتكۈزدۈم. چىرايىممۇ خېلىلا ئوڭشىلىپ قالدى. ئەمما، بىر نەرسىدىن ئەنسىرەپ قالدىم. ئىلگىرى ئاغىنىلىرىم ئۆيگە كۈندە كىرىپ تۇراتتى. . . ئاخشىمى ئىچكەن بولسا، ئەتىسى ئەتىگەندىلا ئۆز ئارا ئىزدىشىپ: «ئاخشام نېمە بوپكەتتى. . . ئۆيگە قانداق باردىڭ. . . نەچچە بوتۇلكا ئىچىپتىمىز؟» دېگەنگە ئوخشاش سوئاللارنى سورىشاتتى. چوقۇم بىر چاتاق بار. . . كۆڭلۈم بىرنېمىنى سېزىۋاتىدۇ. . . ياق! ئۇلارنى ئىزدىمىسەم بولمىدى! ئەۋۋەل ئوسمانقارىينىڭ ئۆيىگە كىردىم، ئۇ يوق، خوتۇنى بارىكەن. بىلسەم، ئۇ ھەپتە بوپتۇ، بەشۋاخ ناماز ئۆتەپ، مەسچىتتىن چىقمايۋاتقىلى. پاھ. . . قارىي، قارىي دەۋېرىپ، تىلىسەڭ تاپارسەن، دېگەندەك بۇ ئاداش مانا ئاقىۋەت خۇدانى تېپىۋاپتۇ! شۇ كۈنى سەھەردە ئۇ ئۆيىگە ئارانلا كىرىپتۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭ خوتۇنى: «نېمىشقا ئىچىسىز! كېچىچە ئەنسىرەپ كىرىپىك قاقمىدىم» دېگەنىكەن، ئۇ، خوتۇنىنى بىر تېپىپلا زوڭ ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپتۇ. خوتۇنى يىغلىغىنىچە چىقىپ قېيىنئانىسىنى چاقىرىپ كىرىپتۇ. ئوسمانقارىينىڭ ئاپىسى: «بالام، نېمە گەپ بولسا كېيىن دېيىشەڭلار، سەن هازىر ئۇخلا» دەپتىكەن، ئوسمانقارىي ئاپىسىنىمۇ بىر شاپىلاق قويۇپتۇ ۋە: «ھەممەڭ جالاپ!. . . خوتۇن كىشىنىڭ ھەممىسى بۇزۇق!!» دەپ تۇۋلاپتۇ-دە، ئاستاغىنە يېتىپ، ئۇخلاپ قاپتۇ. ئۇ ئۇخلاۋېتىپ: «ياشىسۇن دوستلۇق!. . . ياشىسۇن ياپياڭ چىنە!» دەپ ئىككى قېتىم جۆيلۈپتۇ. . . ئەتىسى ئويغىنىپ (دېمەك ئۇ بىر كۈندۈز بىر كېچە ئۇخلىغان گەپ)، ئۆز قىلمىشىدىن خەۋەر تېپىپتۇ ۋە تۇۋا قىپتۇ. مەسچىتىمىزنىڭ مۇستەھەپخانىسىغا كىرىپ بويىنى سۇغا سېپتۇ، ساقىلىنى قىردۇرۇپتۇ، چېچىنى، بۇرۇتىنى ياستىپتۇ. . . ئىچىدىن-تېشىغىچە، بېشىدىن ئايىغىغىچە پاكىز كىيىنىپتۇ ھەمدە تاھارەت ئېلىپ، جايىنامازغا چىقىپتۇ. . . ئۇ ھازىر «قۇرئان» ئوقۇيدىكەن، قىرائەت قىلىشقا ھەۋەس قىلىدىكەن، ناماز ئۆتەۋېتىپ يۇم-يۇم يىغلايدىكەن. . . مەن بۇ ئالامەتلەرگە ھەيران بولۇپ ئولتۇرسام، ئوسمانقارىي كىرىپ كەلدى. بېشىغا كىيىۋالغان مانچىستىر دوپپىسى (بۇ ئۇنىڭ مەرھۇم بوۋىسىدىن قالغان دوپپائىدى) ئۇنىڭغا بەكمۇ ياراشقانىدى. ئۆزى ئىلگىرىكىدىن خېلى بەك چىرايلىق بوپقاپتۇ. يۈزى نۇرلۇق ئىدى. . .

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبەرەكاتۇ، — دېدى ئۇ قولۇمنى چىڭ تۇتۇپ، — ئاللا سۇبھانەۋەتائالا ھەممىمىزنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي. . . ئەلھەمدۇلىللا. . . ھەق

راست، بۇ ئەقىلنى ئاسمان-زېمىننى قۇسۇرسىز ياراتقان، ئىنساننى ئۈرنەكسىز ھالەتتە، گۈزەل قىلىپ ياراتقان ئاللا ئۆز قۇدرىتى بىلەن ئاتا قىلغان.

. . بارلىق ھەمدۇ-سانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاغا خاستۇر، ئۇ مېھرىباندۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. . . ئاللا خالىسا، بۇندىن كېيىن مۇشۇنداق ياشايمەن! ئىنشائاللا.

مەن خۇشھال بولدۇم ۋە باشقا ئاغىنىلەرنى يوقلاپ كېلىشنى ئېيتتىم.

— ئەمدى ئۇنداق گەپنى قوي! نەئەزۇبىللا. . . ئۇلاردىن ئادا-جۇدا بولدۇم! ھاراق ھارام، ھارام نەرسىنى قورقماي ئىستېمال قىلغانلار قانداقمۇ مۇسۇلمان بولسۇن؟! ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاللا يولىدا دادىسى ئازەردىن چەك-چېگرا ئايرىغان يەردە، مەن ھاراقكەش دوستلاردىن چەك-چېگرا ئايرىسام بولمامدىكەن! سەن نامازخان بولغىنىڭ ئۈچۈنلا سەن بۇنىڭدىن مۇستەسنا، — دېدى ئۇ. مەن ئۇنىڭ بىلەن خوتۇنى يوق چاغدا ئوبدانراق سۆزلەشمىسەم بولمىغۇدەك. ھازىرچە قايتاي. . . ئۇ، دەرۋازا سىرتىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى ۋە ئاخىرىدا: «خۇداغا ئامانەت!» دېدى. ئويلاپ قالدىمكى، ئۇ، ياپپاڭ چىننىدە بالدۇرراق ئىچسە تېخىمۇ ياخشى بولاتتىكەن.

. .

ئەخمەت پاكارنىڭ ئۆيىگە بارسام، ئۇ باركەن، بىراق ئۇ دوپپا كىيىپ، دوپپىسىنىڭ ئۈستىدىن ئاق داكىدا سەللە يۆگىۋاپتۇ. ئورۇقلاپ، ساقاللىرى ئۆسۈپ كېتىپتۇ. ئۇ ھازىدار ئىكەن؟! نېمە بولغاندۇ. . .

— سەن كىم؟! كىمنى ئىزدەيسەن؟! نېمە ئىشىڭ بار؟!!

— ۋوي. . . مەن سېنىڭ سالاغا بوش ئاغىنەڭغۇ؟! نېمىش بولدى! — دېدىم ھەيران بولۇپ.

— بىر ھەپتىدىن بۇيان بىر ئەرسىڭمۇ كېپقويمىدىڭ. . . باشقا ئېغىر كۈن چۈشكەندە يېنىمدا تۇرۇشۇپ بېرىشسەڭمۇ، بېشىم ئاسمانغا تاقاشماسمىدى! كۆرۈپ قويدۇم، بولمايدىغان نېمىلەركەنسەن، كەت، يوقال! باشقىلارغىمۇ ئېيتىپ قوي، بۇندىن كېيىن ھەرقايسىڭنى كۆرەر كۆزۈم يوق!. . . سەن گۇيلارغا بەرگەن قولۇمنى جەينىكىمگىچە يۇيىۋەتتىم، — ئۇ، بىلەكلىرىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ، — دوست دېگەنگە ماۋۇ مۇڭگۈز، ئاغىنە دېگەنگە ماۋۇ مۇڭگۈز، — دېدى. ھەرقانچە يالۋۇرۇپ چۈشەندۈرسەممۇ، ئۇ ئاڭلىمىدى. تەلۋىلىكى تۇتۇپ قاپتۇ، ئىتنى قوغلىغاندەك ھەيدەپ چىقىرىۋەتتى. قوشنىسىدىن ئاڭلىسام، ئىش مۇنداقكەن: ياپپاڭ چىننىدە ئىچكەن كۈنىنىڭ ئەتىسى، ئۇنىڭ دادىسى قازا قىپتۇ. ئۇنىڭ مەستلىكى تولۇق يېشىلمىگەچكە بەك قىينىلىپتۇ. مۇسىبەتنىڭ ئۈستىگە، باشقىلارنىڭ ئەيىبلىشى قوشۇلۇپ، ئۇ تۇگىشىپ كەتكىلى تاسلا قاپتۇ. . . دادىسىنىڭ ئۈچ نەزىرىسىدىن كېيىن ئۇ بىچارىنىڭ بېشىغا يەنە بىر كېلىشمەسلىك كەپتۇ — خوتۇنىنىڭ بويىدىن ئاجراپ كېتىپتۇ. دېمىسىمۇ، بىچارىگە ھەقىقەتەن ئېغىر كېلىدۇ-دە. . . ياپپاڭ چىننىدە ھاراق ئىچكەنلىكىمىزگە قاتتىق پۇشايمان قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن كۆڭلۈم يېرىم بولغان ھالدا، ئىسمائىل ئىنتىكىنىڭ ئۆيىگە باردىم. ئۇ خاپا چىراي ئولتۇرۇپتىكەن، مەن بىلەن تۈزۈكمۇ سالاملاشمىدى. . . ئۇنىڭغا ئارىلىقتا بولغان ئىشلارنى بىرەر قۇر دەپ بەردىم. ئەپسۇسكى، ئۇ يا ھا، يا شا دېمىدى، بەلكى، «ئا. . . ئاي. . . ي. . .» دېدى-دە، پېشىنى قېقىپلا ئورنىدىن تۇرغىنىچە، ئۇدۇل شوتىغا يامىشىپ، ئۆگزىگە چىقىپ كېتىپ، غايىب بولدى. ھەيران قالدىم. . . ئۇنىڭ دادىسى كۆزىگە لىق ياش ئالغان ھالدا شۇلارنى دەپ بەردىكى، ئۇ بىر يەردە بىردەم جىم تۇرالمايدىغان بىرخىل غەلىتە كېسەلگە گىرىپتار بوپقاپتۇ. گەپ قىلمايدىغان، كۈلمەيدىغان بولىۋاپتۇ. . . يۈرگەن قىزى بىلەنمۇ ئايرىلىپ كېتىپتۇ. ئۇنى بىر نەچچە دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ تەكشۈرتۈپتۇ، نېمە بولغانلىقىنى بىلەلمەپتۇ. ئاخىرى قورۇلۇپ قورايدەك بوپقالغان بىر قېرى موللىغا كۆرسىتىپتىكەن، موللا قۇرئىي ئېچىپ: «بۇ يىگىت چوڭ-چوڭ كېسىلى بوپقاپتۇ» دەپتۇ. ئۇنىڭ دادىسى خاپا بولۇپ: «قانداق گەپبۇ؟! چوڭ-چوڭ كېسىلى دېگەن بىر خەلق چۈچىكىدىكى گەپقۇ!» دېسە، موللام ئۇنىڭدىنمۇ بەكرەك خاپا بولۇپ: «ئۇنداق دېمىسىلە، يامان بولىدۇ! خەلق چۆچەكلىرىدە دېيىلگەن ياغاچ ئات، تۆمۈر بېلىق، ئۇچار گىلەم، ئۇرتوقماق، ئېچىلىڭ سۇپرام، تىللا تېزەكلەيدىغان ئېشەك، يەتتە باشلىق يالماۋۇز، رودىپاي. . . دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى بۈگۈنكى كۈنلۈكتە رېئاللىققا ئايلاندى. چوڭ-چوڭ كېسىلى رېئاللىققا ئايلانسا بولمامدىكەن؟!!» دەپتۇ. ھازىرچە بۇ خىل غەلىتە كېسەلگە داۋا يوقكەن. . . مەن: توۋا خۇدايىم، دەپ ياقامنى چىشلىدىم. . . خەپ، ياپپاڭ چىننە. . .

ئەتىسى ئەتىگەندە باتۇر جوھۇتنىڭ ئۆيىگە كىردىم. ئۇنىڭ خوتۇنى بىر يەرگە تەييارلىق قىلىۋاتقانىكەن، مېنى كۆرۈپلا ھۆتارتىپ يىغلىۋەتتى. يۈرىكىم قارتتىدە قىپقالدى.

— نېمىش بولدى؟ نېمانچە يىغلايسىز؟. . .

— ئىچمەڭلار، ئىچمەڭلار دېسە ئۇنىمايدۇ. . . مانا ئەمدى باتۇر تۈگىشىپ كەتتى! شۇ كۈنى بىللە ئىچىشكەنلەرنى ئىنقىلاپ تېپىپ، بىر-بىرلەپ ھېساب ئالمايدىغان بولسام، — دېدى ئۇ ئۆپكىدەپ.

— ۋاي-ۋوي. . . نېمىشقا گەپنى ئۇچۇق دېمەيسىز؟ باتۇرغا زادى نېمە بولدى! — دېدىممەن ئالدىراپ.

— ئېلىشىپ قالدى. . . ساراڭلار دوختۇرخانىسىغا بۈرناكۈن ئورۇنلاشتۇردۇق. نەچچە كۈندىن ئاز ئاۋارە قىلدىمۇ. . . جىن چاپلاشتىمىكىن، دەپ جىنكەشكە ئوقۇتساقمۇ ئۈنۈمى بولمىدى، — دېدى ئۇ.

مەن روھىم چىقىپ كەتكەندەك قېتىپ قالدىم. . . ئۇنىڭ بىلەن بىللە ساراڭلار دوختۇرخانىسىغا باردىم. جوھۇتنى ئايرىم بىر ياتاققا ئورۇنلاشتۇرغانىكەن. دوختۇر خۇددى تۈرمىگە ئوخشايدىغان ياتاق ئىشىكىنى تاراق-تۇرۇق قىلىپ ئېچىپ بەردى. جوھۇت كېسەللەر فورمىسى بىلەن تاغىل ئاتتەك چېپىپ يۈرەتتى. . . «باتۇر. . . ھەي جوھۇت! ساڭا نېمە بولدى؟ مېنى تونۇدىڭمۇ ئاداش!» دېدىم مەن، كۆزۈمدىن ياش چىقىپ كەتتى. . . جوھۇت ماڭا بىردەم قاراپ تۇرۇپ كەتتى-دە، ئېتىلىپ كەلگىنىچە چىڭ قۇچاقلىدى. . . ئاندىن مۇنداق دېدى:

— ياز كەلدىمۇ. . . يېرىم يالىڭاچ ئولتۇرۇپ جۇۋاۋا يەيمەن، يەل قىستاپ قالسا، قويۇۋېتىمەن! تاماقتىن ئاۋۋال بىر رۇمكا ئاق ھاراق، تاماقتىن كېيىن بىر تال تاماكا. . . ئاھ. . . ئەۋلىيا بولدۇڭ دېگەن گەپ! سۆيۈملۈك تىرناق ئالغۇچ. . . قەدىرلىك دۇمبە قاشلىغۇچ. . . ئاھ. . . چاغاندا

ئاسقان پانۇس. . . ئاھ. . . پۈتى كىچىك تەتەيخان. . .

مەن ھالسىزلانغان ھالدا، ئېغىر قەدەم بىلەن ئۇ جايدىن يېنىپ چىقتىم. . . ئاغىنەمنى يايپاڭ چىنە مۇشۇنداق قىيىقۋىغانىدى. . . مەھەللىگە قايتىپ كەلدىم. غەملىك تۇرسام، ئىلغار يەتتە پۈتىنىڭ دادىسى ئۇچرىدى. ئۇ كېلىپلا ماڭا ئىسسىلغىنىچە ھۆكۈرەپ يىغلىدى. يەنە نېمە ئىش بولغاندۇ. . . ئاھ، خۇدا! . . . يەتتە پۈت ئېغىر مەست ھالدا ئۆيگە كېلىپ، ئىشىكنى بىر تېپىپتىكەن، دەلدۈگۈنۈپ كېتىپ، ئوچىدىسىغا يىقىلىپ چۈشۈپتۇ-دە، شۇ يەردىلا مېڭىسىگە قان چۈشۈپتۇ. جىددىي قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرگەن بولسىمۇ، دوختۇرلار ئۇنى ھېچبولمىغاندا يېرىم پالەچ بوپقالىدۇ، دەپتۇ. ئۇ تۈنۈگۈن سەل ھۇشىغا كەپتۇ. ھۇشىغا كېلىپلا: «تۇرسۇنبەگ. . . قىيامەتلىك ئاغىنىلەر. . . يايپاڭ چىنە» دېگەندەك گەپلەرنى قىلىۋاتقۇدەك. . . «ئوغلۇم شوق، چېچەن، قورقماس يىگىت ئىدى. . . تېخى ئۆيلەنمىگەنىدى. . . ئۇنىڭدىن نۇرغۇن ئۈمىدلەرنى كۈتكەنىدىم! مانا ئەمدى كاردىن چىقتى! » دەپ يىغلىغىنىچە كېتىپ قالدى. مەن ئۇ ئادەمگە بىر ئېغىز گەپمۇ قىلمىدىم، تۇرغان جايىمدا قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپلا قاپتىمەن. . . «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دېدى بىرسى، قارىسام دەمكۆتە! ئۇنى قۇچاقلاپ كەتتىم. ئۇ ئورۇقلاپ، قارىداپ، ھەم مەينەتلىشىپ كېتىپتۇ. كۆزى گەجگىسىدە قايناپ قاپتۇ. «جوھۇت ئېلىشىپ قاپتۇ، يەتتە پۈت ياتاقتىكەن، ئەخمەت. . . »- گېپىمنى دەمكۆتە ئۈزۈۋەتتى: «بىلدىم! كېيىن سۆزلىشەيلى. . . قولۇم تىترەۋاتىدۇ. . . بىر سوم پۇل بېرە، ئاۋۇ ئۈچىمىز ناشتا قىلىۋالايلى» دېدى ئۇ. قارىسام، نېرىسىدا ئابلىمىت گادا-گۇدۇ بىلەن پەرھات زابوي ھىجىيىشىپ قاراپ تۇرمامدۇ! ؟ . . . چۈشەندىم! ئۇمۇ زابوي بوپتۇ. . . «بىر سومغا پارچە ھاراق ئىچىمىز دەپ لاۋۋاڭنىڭ قاۋىقى ئالدىدا شۈمشىيىپ تۇرماي، ئىسىل ھاراقلارنى ئېلىپ، بايۋەتچىدەك ئولتۇرۇپ ئىچىڭلار! » دېدىمدە شاراققىدە 100سوم پۇل بەردىم. «پاھ. . . ياشا ئاداش! تېجەپ خەجلىسەم، 40 كۈنگىچە ھاراق ئىچىشتىن ئەنسىرىمەيدىغان بولدۇم. . . خوش ئەمسە! » دەمكۆتە شۇنداق دەپلا كېتىپ قالدى. قاراپ تۇرسام ئۇ ئۈچەيلەن ئالتۇن تېپىۋالغاندەك خۇشھال بولۇپ سەكرەشكىنىچە كېتىپ باراتتى. قاتتىق ئاچچىقلاندىم. نېمىدېگەن قىلىنلىق بۇ. . . (كېيىن بىلسەم دەمكۆتە ئايالى بىلەن ئاجرىشىپ كېتىپتۇ. يايپاڭ چىنىدە ئىچكەن كۈنىنىڭ ئەتىسى ئايالى ئۇنىڭ بېشىغا نوغۇچ بىلەن ئىككىنى قويۇپ يېرىۋېتىپ: «خېتىمنى بەر! » دەپتۇ. . . شۇنىڭ بىلەن نەچچە كۈندىن كېيىن ئۇلار ئاجرىشىپ كېتىپتۇ. ھازىر توي قىلىش بىلەن بالىلىق بولۇش تەسلىشىپ، ئاجرىشىش ئاسانلىشىپ كېتىپتۇ. دەمكۆتە: «خوتۇن بىلەن ئاجرىشىپ، بالىنى تۇتقۇزۇپ قويدۇم، جادۇگەردىن ئاران قۇتۇلۇپ، ئەركىنلىككە ئېرىشتىم! » دېگۇدەك). خەپ، يايپاڭ چىنە. . . بىرەر «ئۇسلۇپ» يارىتىپ قالساق ئەجەب ئەمەس. . . دېيىشىۋىدى، مانا، «ئۇسلۇپ» يارىتىلدى! «قىرلىق ئىستاكان» نىڭ يەنە بىر خىلى «يايپاڭ چىنە» «ئۇسلۇب» ى يارىتىلدى. كېيىنكى پۇشمان ئۆزۈڭگە دۈشمەن. ئارىمىزدا «ئۇسلۇب» يارىتىش «قىرلىق ئىستاكان» نى بىلمىگەن ۋاقتىمىزدا يۈز بەرگەن بولسىدى، بۇنى چۈشىنىشكە بولاتتى. بىراق، «قىرلىق ئىستاكان» نى كۆرۈپ تۇرۇپ، «يايپاڭ چىنە» «ئۇسلۇب» ى يارىتىش، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىدۇ. يايپاڭ چىنىگە ئۆچ بوپكەتتىم! ئۇ، يېقىن ئاغىنىلەرنى يىراقلاشتۇردى، كاردىن چىقاردى، بىر-بىرىدىن ئايرىۋەتتى. . . يايپاڭ چىنىلەر چېقىلىپ تۈگىسۇن. تۇرسۇنبەگ دېگەن ھېلىقى ئىبلىسمۇ تاغدىن يىقىلىپ ئۆلسۇن! . . .

مەن يەتتە پۈتنى يوقلاپ كېلىش ئۈچۈن بىر سومكا نەرسە-كېرەك ئالدىم. ئاپتوبۇس بېكىتىدە ئاپتوبۇس ساقلاپ تۇرسام تەلئەت قاتناش، ئاغزى يۇمشاق نۇرئەلى، سۇلتان قارىغۇ، ئەكبەر پالكۆز قاتارلىقلار پەيدا بولدى. ئۇلار بىزنىڭ ئىشىمىزدىن خەۋەر تاپقانىكەن.

- يۇرە، ئۆمەر توكۇرنىڭ توخۇ قورۇمىسىنى يېكەچ، يەنە بىر خىل «ئۇسلۇب» يارىتىمىز، - دېيىشتى ئۇلار. مەن سەسكىنىپ كەتتىم.

- قاپاقباشلار! «قىرلىق ئىستاكان» نى كۆردۈڭلار، «يايپاڭ چىنە» نى بىلدىڭلار. . . يەنە نېمە قىلاي دەيسىلەر؟ ! . . .

- ھازىر ئۇچۇر دەۋرى. . . تۈنۈگۈنكى مودا بۈگۈن ئەستىن چىقىدۇ، بۇ، تەرەققىياتنىڭ قانۇنىيىتى! سىلەر «قىرلىق ئىستاكان» نى مودىدىن قالدۇرغاندەك، بىز بۈگۈن «يايپاڭ چىنە» نى مودىدىن قالدۇرىمىز. . . بۈگۈن مەخسۇس سۇ ساپلىقتا ئىچىمىز! - مەن گەپ قىلماي ئۇلاردىن ئايرىلدىم. ئۇلار كەينىمدىن چۇرقىراشتى. ئۇلارنىڭ ئاۋازى خۇددى جىن-شەيتانلارنىڭ. . . ياق! بېشىغا تۇر تېغى ئېسىپ قويۇلغان قەۋمنىڭ نالىسىگە ئوخشايتتى. ئارقامغا قارىمىدىم، خۇددى لۇت ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش. چۈنكى، ئارقامغا قارىغان بولسام، ئېھتىمال، لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ دىلى بۇزۇق خوتۇنىغا ئوخشاپ قېلىشىم مۇمكىن ئىدى. . .

2000-يىل 8-ئاپرېل، ئۈرۈمچى

رەسسام: ئابلىمىت ئابلىز


---

ئاپتور: مەدىكار (M1)

مۇشتەرىلەر سەمىگە:

ژۇرنىلىمىزنىڭ پوچتا ۋەكالەت نومۇرى 22 - 58نى ئېيتىپ بەرسىڭىزلا مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلاردا ژۇرنىلىمىزغا ئىنتايىن ئاسان مۇشتەرى بولالايسىز.

- «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى



# «قىزىلىق ئىستاكان» نوچىلىرىغا

ئابدۇغوپۇر مۇھەممەدى

- ئادەم قىلغاننى ئادەم قىلالايدۇ...

بۇ گەپنى ئاڭلىغان كىشى بۇنى رىقابەت تۇيغۇسىغا باي بىر زاتنىڭ دېگەنلىكىدىن گۇمانلانماسلىقى مۇمكىن. ئەمدى بۇ سۆزنىڭ داۋامىنى ئىشتىڭ:

-ئوسمان داڭگال، ئابدۇل تېرىلەر (تالانتلىق يازغۇچى مەتتىمىن هوشۇرنىڭ «قىزىلىق ئىستاكان» ناملىق مەشهۇر هېكايىسىگە ئاساسەن ئىشلەنگەن VCD فىلىمدىكى پېرسوناژلار. - مۇھەررىردىن) قىزىلىق ئىستاكاندا ئىچتىغۇ. بىزمۇ بىر سىناپ باقمايمىزمۇ!؟...

بۇ گەپنى ئاڭلاپ تېڭىرقاپ قالغانسىز. شۇنداق، مەنمۇ داڭ قېتىپ قالغان. هاياتلىق دۇنياسىنىڭ تەختىگە ئەقىل تاجىسىنى كىيىپ ئولتۇرغان هەرقانداق ئادەم «قىزىلىق ئىستاكان»دىن ئىبارەت بۇ ئەسەردىن زوق ئالىدۇ هەم ئويغا پاتىدۇ، هاراق دېگەن كەيپى نىجاسەتتىن تېخىمۇ يىرگىنىدىغان بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

بىراق بۇ فىلىم قانچىلىغان نادانلارنىڭ كاللىسىدا ئەسەبىي تۇيغۇلارنى ئويغاتمايمۇ قالمىدى. هاراقنى غەمگۇزار، تاماكىنى تەسەللىي، دەپ بىلىدىغان بەزى «نوچىلىرىمىز» ئەقىل گاراڭلىقىدا بەسلىشىپ، ساراڭلىقنى پۇلغا سېتىۋېلىپ، «قىزىلىق ئىستاكان»دىن ئالغان ئەسەبىي زوقى تۈرتكىسىدە ئۇنى ئەمەلىيەتتە قىلماقچى بولۇشتى. ئاقىۋەتتە، ۋىلايىتىمىز قەشقەردىكى ناهىيىلەردە بىرقانچىدىن «باتۇرلىرىمىز»نىڭ قىزىلىق ئىستاكاندا هاراق ئىچىپ جېنىدىن جۇدا بولغانلىقىنى ياكى ئۆمۈرلۈك مېيىپ بولغانلىقىنى ئاڭلاپ تۇردۇق.

مەن مەيكىل جېكسون ناخشا ئېيتسا، هاياجاندا هوشىدىن كەتكەن مەستانىلارنى فىلىملەردىن كۆرۈپ هەيران قالغانىدىم، شۇنداقتىمۇ جاننى سېلىپ بېرىدىغان مەستانىلارنى كۆرمىگەنىكەنمەن. بىر كۈنى تاغام:

- قوشنىمىزنىڭ تولىمۇ بەستلىك، قاملاشقان بىر ئوغلى بار ئىدى. يېقىندا توينىمۇ قىلغان. بىر ئاي بۇرۇن «قىزىلىق ئىستاكان»نى دوراپ هاراق ئىچىپ، ئۆلگىلى تاس قالدى. ئۈچ قېتىم جىددىي قۇتقۇزۇش ئارقىلىق هازىر هاسىغا تايىنىپ ماڭىدىغان بولدىيۇ-بىراق، ئۆزىگە ئۆتكۈر يۈرەك كېسەللىنى تېپىۋالدى... هەي ي، نەس هاراق.. - دېدى ئۇھسىنىپ.

«قىزىلىق ئىستاكان» فىلىمىنىڭ قىزىقارلىقلىقى، بولۇپمۇ ئۇنىڭدا داڭلىق سەنئەت چولپانلىرىمىزنىڭ رول ئالغانلىقى ئەسەرنى كىشىلەرنىڭ ئاغزىدىن چۈشمەيدىغان پاراڭ تېمىسىغا ئايلاندۇرغانىدى. مەن فىلىمدىكى: «شۇنىڭدىن تارتىپ قىزىلىق ئىستاكاندا هاراق تۇرماق چايمۇ ئىچمەيدىغان بولدۇق»، ئىچەرمەنلەرگە قارىتا ئېيتقان: «ماڭغىنىڭ بارسا كەلمەس يول»، «ماڭايلى قۇياشنى نىشانلاپ ئۇدۇل» دېگەن سۆزلەردىن خەلقىمىزنىڭ ئىجابىي ئىلهام ئېلىپ، خۇددى هېلىقى يۈچۈن مېهمانىنىڭ: «كاللام ساق، پۇتۇمدا جان يوق» بولۇشتەك ئېچىنىشلىق ئەهۋالىدىن ئاچچىق ساۋاق ئالىدىغانلىقىغا ئىشەنگەنىدىم. شۈبهىسىزكى، بۇ فىلىممۇ هاراق ۋە هاراقكەشلىكنى خەلق ئارىسىدىن تازىلاش مەقسىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان...

- ياق! - دېدى بىر بۇرادىرىم بۇ پىكرىمگە قارشى، -ئەگەر بۇ گېپىڭ راست بولسا، ئادىل مىجىت (فىلىمدە ئابدۇل تېرىنىڭ رولىغا چىققان. - مۇھەررىردىن) نېمە ئۈچۈن «ئاقتېرەك» دېگەن هاراقنىڭ ئېلانىغا چىقىدۇ! ئابدۇل تېرە ئەمەلىيەتتە هاراقنىڭ زەربىسىگە ئەڭ دەهشەت ئۇچرىغان ئەمەسمىدى!؟...

- چولپىنىڭ قانداق هاراق ئىچسە، سېنىڭمۇ ئۇنى دوراپ ئىچىشىڭ مەجبۇرىيەتمىدى؟ سەن دوراڭچى مايمۇن ئەمەس، بەلكى ئادەم بولغانىكەنسەن ئۇنىڭدىكى چوڭقۇر مەنانى - تراگېدىيىنى هېس قىلىشىڭ كېرەك ئىدى.

بۇرادىرىم گېپىمنىڭ بېلىگە تەپتى:

- ئۇنداقتا، هېلىقى ئېلانچۇ؟ ئۇ يەنىلا هاراقنىڭ «زىبىنى»نى تەشۋىق قىلماقچىمىدۇ؟!

ئاغزىم تۇۋاقلاندى. چۈنكى دوستۇم ئۇ ئېلاننىمۇ خۇددى «قىزىلىق ئىستاكان» فىلىمىنىڭ داۋامىنى كۆرۈۋاتقاندەك هېسسىياتتا كۆرگەن، شۇڭا ئېلاندىكى «ئاقتېرەك» ماركىلىق هاراققا هەۋەس قىلغانىدى. ئەمەلىيەتتە بۇ پەقەتلا بىر ئېلان ئىدى، خالاس.

خەلقىمىز ئۆزى هۆرمەتلىگەن سەنئەت چولپانلىرىنىڭ هەربىر هەرىكىتىدىن نەقەدەر زور تەسىرلەرنى قوبۇل قىلىدۇ-هە!

سەنئەتكارلىرىمىز، چولپاندەك پارلاپ تۇرغان ئوبرازىڭلارغا تېخىمۇ نۇر قوشۇپ، كىشىلەرنىڭ تېخىمۇ توغرا يولدا مېڭىشى ئۈچۈن نۇرۇڭلارنى سەپسەڭلار، ساپ كۈلكەڭلارنى هەقىقەت يولىدا تېخىمۇ جاراڭلاتساڭلار سىلەردىن يەنە قانچىلىك خۇرسەن بولار ئىدۇق - هە! ئى، «قىزىلىق ئىستاكان» نوچىلىرى، خەلق سىلەردىن قولۇڭلاردىكى ئىستاكاننى تاشلاپ، بارسا كەلمەس يولدىن قايتىپ، ئائىلە ۋە جەمئىيەت ئۈچۈن يارامىلىق ئوغلان بولۇشۇڭلارنى كۈتمەكتە!

---

ئاپتور: قەشقەر شەهەر 4-ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى (M2)



# ياقا يۇرتتىكى ئىشلار

(ھېكايە)

## ئا. ناسىر يۇنۇس (ياۋايى)

قەدىرلىك دوستۇم ئىرپان، يوقىلاڭ ئىشلارنىڭ هەلەكچىلىكىدە ئالدىراش يۈرۈپ، ئۆتكەنكى خېتىڭگە ۋاقتىدا جاۋاب يازالمىغانىدىم. شۇڭا سەندىن خېتىمنىڭ باش قىسمىدىلا چىن دىلىمدىن بىر قېتىم كەچۈرۈم سورايمەن.

دوستۇم ئىرپان، مەن بۇ خېتىمدە ساڭا سۆيگۈ-مۇھەببەت، ئائىلە ۋە باشقا شەخسىي ئىشقا مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەردىن يېزىپ ئولتۇرمايمەن. پەقەت بۇ قېتىم ساڭا بىزنىڭ مۇشۇ يىراق-ياقا يۇرتتىكى ئادەمنى زەردىگۈش قىلىدىغان ئاجايىپ-غارايىپ ئىشلار توغرىسىدا سۆزلەپ بەرمەكچىمەن. يازغانلىرىمنى ئوقۇغان ۋاقتىڭدا ئىشەنمەسلىكىڭ، كۈلۈپ تېلىقىپ قېلىشىڭ ۋە ياكى ئاچچىقلاپ ئېتىلىپ كېتىشىڭ مۇمكىن. لېكىن سەن شۇنىڭغا شەك-شۈبھىسىز ئىشەنگىنكى، بۇ بىر ئەمەلىيەت، كۆز يۇمغىلى بولمايدىغان رېئاللىق!

... بىزنىڭ بۇ يۇرتتا ئىشلار شۇنچىلىك كۆپكى، ئىشنىڭ دەستىدە ئارامخۇدا تاماق يېگىلىمۇ، چاچ-ساقالنى ياساتقىلىمۇ، ھەتتاكىيىم-كېچەكنى يەڭگۈشلەشكىمۇ تۈزۈك ۋاقىت چىقىرالمايسەن. ھەپتە-ئون كۈن، 15-10 كۈن كۈنلەپ-كۈنلەپ ئېتىز-ئېرىقلاردا چېپىپ يۈرۈپ، كىيىم-كېچىكىڭ مەينەتلىشىپ، چاچ-ساقىلىڭ ئۆسۈپ خۇددى شەھەرنىڭ كوچا-كويلىرىدىكى قەلەندەر-سائىللارغا ئوخشاپ قالىسەن. كېچىلىرى مۈگدەپ ئولتۇرۇپ ئۇزۇندىن ئۇزۇن ۋەز-نەسىھەت قىلىپ ئېچىلغان يىغىنلارغا قاتنىشىسەن. خۇددى بىزنىڭ بۇ يۇرتلاردا دېھقان ئەزەلدىن دېھقانچىلىق قىلىپ باقمىغاندەك، كېۋەز، بۇغدايلارنى قاچان تېرىپ، قاچان يېغىۋېلىشنى بىلمەيدىغاندەك ھەر بىر ئىشقا ھەتتاكى ئېغىلدىن قىغ چىقىرىشتىن تارتىپ تاكى ئوتالغۇغىچە، مايسا تاقلاشتىن تارتىپ تاكى سۇغۇرۇشقىچە بولغان ئارىلىقتىكى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ھەر بىر ئىشقا ئۆزۈڭ بىۋاستە قاتنىشىشىڭ، ئۆزۈڭ قول تىقىپ ئىشلىشىڭ كېرەك! ئىشلىگەندىمۇ يۇرت چوڭلىرىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئۆزئەينى ئىشلىشىڭ كېرەك. ئۆز جايىمنىڭ ئەھۋالى، ئۆز يېرىمنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئىشلەيمەن، دېيىشىڭ مۇمكىن ئەمەس! يۇرت چوڭلىرى سىزىپ بەرگەن بىرتۇتاش ئەندىزىدىن سەللا چەتنەپ كەتتىڭمۇ، بولدى، تۈگەشكىنىڭ شۇ! ئېلىۋاتقان جەرىمانە، ئىشتىۋاتقان تىل-ئاھانەت، يېزىلىۋاتقان تەكشۈرۈشنامىلەر! ... دوستۇم ئىرپان، ھەيران قالىسەن. بۇ يەردىكى ئىشلارنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرسەڭ ھەقىقەتەن ھەيران قالىسەن. ئادەمنىڭ كۈلگىسى كەلگەندەك، ئېچىنغۇدەك، ئاچچىقى كەلگۈدەك غەلىتە ئىشلار...

... بۇ يەردىكى دېھقانلار ئۆز يېرىگە ئۆزى

ئىگىدارچىلىق قىلالمايدۇ. بۇنداق دېگىنىم، دېھقانچىلىق «ھەشتە بىر تۇتاش» بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ. ياپسا بويىچە تېرىلىدۇ. مۇتلەق كۆپ قىسمى، مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئومۇمىي تېرىلغۇ يەرنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىغا كېۋەز تېرىلىدۇ. كېۋەز پىلانى ئورۇندالمىسا، ئاشلىق زىرائەتلىرى تېرىشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. مەيلى كېۋەز تېرىلسۇن، مەيلى ئاشلىق زىرائىتى تېرىلسۇن، تېرىلىشتىن بۇرۇن چوقۇم يۇرت چوڭلىرى بەلگىلەپ بەرگەن ئۆلچەم بويىچە ئوغۇت سېلىنىشى، ئوغۇت سالغاندىمۇ تراكتورنىڭ كەينىدىكى ئوغۇت ساندۇقىغا قاچىلاپ چوڭقۇر ئوغۇتلىنىشى كېرەك! ئۆز ئالدىغا ئوغۇتنى يەرگە چېچىشقا قەتئىي رۇخسەت قىلىنمايدۇ. سەن شۇ چاغدا قاتتىق تەڭقىسلىق ئىچىدە قالىسەن. ئوغۇتنى بىر تۇتاش سالماي دېسەڭ، بىرەر يۇرت چوڭى بۇنى بىلىپ قالغۇدەكلا بولسا، تۈگەشكىنىڭ شۇ، جەرىمانە تۆلەيسەن، تىل ئاڭلايسەن، تەكشۈرۈشنامە يازىسەن. ھەتتا ئېغىر بولغاندا تېخى خىزمىتىڭدىنمۇ ئايرىلىسەن. ئوغۇتنى بىر تۇتاش سالاي دېسەڭ دېھقانلار ئۇنىمايدۇ. ئۇلار كۈچلۈك يەرگە ئازراق، ئاجىز يەرگە كۆپرەك سالىمىز. ھەممە يەرگە بۇنداق قاراقويۇق بىر ئۆلچەمدە سېلىۋەتسەك زىرائىتىمىز پاك بولۇپ كېتىدۇ، قەرزىمىز كۆپ بوپكېتىدۇ، دەپ ئۇنىمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن دېھقانلار بىلەن سېنىڭ ئاراڭدا زىددىيەت تۇغۇلىدۇ. ئاخىرى سەنمۇ بىر كىشىلىك كۆڭلىنى ئېلىش، خىزمىتىڭدىن ئايرىلىپ قالماسلىق ئۈچۈن، دېھقانلارنىڭ قاقشاش - زارلاشلىرىغا پىسەنت قىلماي ئوغۇتنى ماشىنا بىلەن بىر تۇتاش سالدۇرىسەن...

... كېۋەزنى باشقۇرۇش جەريانىدا داۋاملىق ھەربىي ھالەتتە تۇرىسەن. كېۋەز ئوتاش، تاقلاش، چاناش، سۇغۇرۇش، ھاشارات يوقىتىش، ئۇچىنى ئۈزۈش... قاتارلىق دېھقانچىلىقتىكى بىرقاتار ئەڭ ئاددىي ئىشلارنىمۇ يۇرت چوڭلىرى بەلگىلەپ بېرىدۇ. قايسى كۈنى، سائەت نەچچىدە قايسى ئىشنى قىلىش، قايسى خىزمەتنى تۈگىتىش شۇلارنىڭ دېگىنى بويىچە بولىدۇ. بۇنىڭدىن كېچىكىپ قالغۇچىلار بولسا يەنىلا جەرىمانە تۆلەيدۇ. ھەرقانداق باھانە-سەۋەب كۆرسەتسەڭمۇ بىكار. دوستۇم ئىرپان، كېيىمىز بۇ يەرگە كەلگەندە ساڭا مۇنداق بىر ئىشنىمۇ دەپ بېرەي: يۇرتىمىزدا يېقىنقى يىللاردىن بۇيان كېۋەز غوزا قۇرتى ئېغىر دەرىجىدە يامراپ كەتتى. بۇ ئەھۋالغا قارىتا ھەر يىلى 6-، 7-ئايلاردا يۇرتىمىزدا غوزا قۇرتى تۇتۇش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. ھەر بىر جان بېشىنىڭ كۈنلۈك ۋەزىپىسى نەچچە ئون تال (ھەرقايسى جايلارنىڭ بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ) بولۇپ، دېھقانلار ھەرقانچە قىلسىمۇ بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنداپ بولالمىدى. بۇنىڭ بىلەن بىر تال قۇرتنىڭ جەرىمانىسى تۆۋەن بولغاندا بىرموچەن بولدى. نۇرغۇن دېھقانلار قۇرتنىڭ جەرىمانىسىنى تۆلەپ بولالمىدى. ئاخىرى ئۇلار ئات-ئېشەكنىڭ تېزىكىدىكى قۇرتلارنى بىر-بىرلەپ ئېلىپ ساناپ ئۆتكۈزۈشتى! تېخى بەزى ئورۇنلاردىكى دېھقانلارنىڭ قۇرت ۋەزىپىسىنى بىر-ئىككى دېھقان كۆتۈرە ئېلىۋېلىپ، ئاتايىن بىر-ئىككى قوينى سويۇپ، ئاپتاپتا سېسىتىپ قۇرتلىتىپ ئۆتكۈزگەنلەرمۇ بار ئەمەسمۇ؟... ئىرپان، ئاڭلاۋاتامسەن، بۇ نېمىدېگەن نادانلىق، نېمىدېگەن بولمىغۇر ئىشلار-ھە!... بىزنىڭ بۇ يەردە كېۋەز سۇغۇرۇشنىمۇ يۇرتنىڭ ئاساسلىق چوڭلىرىدىن بىرى باشقۇرىدۇ. شۇنىڭ دېگەن كۈنى، شۇنىڭ دېگەن ئۆلچىمىدەك سۇغۇرمىساڭ، ئۇنىڭغا يەنە جەرىمانە تۆلەيسەن. ئىرپان، خەتنى ئوقۇۋېتىپ: ئۇ يەردە جەرىمانىدىن باشقا ئىش يوقمىدۇ؟ دەپ قالمىغىن. بۇ يەردە ھەرقانداق بىر ئىش پەقەت جەرىمانە ئارقىلىقلا ئىجرا قىلىنىدۇ. راست، كېيىمىنىڭ قىلچە يالغىنى يوق.

.. خۇددى بۇ يەرنىڭ دېھقانلىرى پەقەت دېھقانچىلىق قىلىپ باقمىغاندەك، ئۇلارنىڭ چوڭ-كىچىك ھەر بىر ئىشىغا بىۋاستە ئارىلىشىسەن. كۈنىمۇ كۈن ئېتىزلىقتا قاتراپ يۈرۈپ كەنت سېكرېتارى، كەنت مۇدىرى، گۇرۇپپا باشلىقلىرى، بوغالتىرلارغا بىر كۈندە نەچچە-نەچچە تۈرلۈك خىزمەتنى ئاغزىڭدىن كۆپۈك كەلگۈچە سۆزلەپ ئورۇنلاشتۇرىسەن. ئۇلار ئورۇنلاشتۇرغان خىزمىتىڭنىڭ ھەممىسىگە «ماقۇل» دەپلا جاۋاب بېرىدۇ. لېكىن ئورۇنلاشتۇرغان خىزمەتلىرىڭنىڭ كۆپلىرى سەن ئەتىسى، ئۆگۈنى، ئىندىنى بارساڭمۇ يەنىلا شۇ پېتى تۇرغان بولىدۇ. ئۇلاردىن سورىساڭ، «قىلىۋاتىمىز» دەپلا جاۋاب بېرىدۇ. ئاچچىقلايسەن، چېچىلىسەن، تېرىكىسەن، يەرگە تېپىسەن، بوغۇلىسەن، ئۇلارنى ئاغزىڭغا كەلگەننى دەپ تىللايسەن. ئۇلار سېنىڭ ئالدىڭدا خۇددى ئادەم ئۆلتۈرگەن قاتىل جىنايەتچىدەك يەرگە قاراپ تۇرغىنى تۇرغان! ئۇلارغا ئىچىڭ ئاغرىيدۇ، ئازابلىنىسەن، ئېچىنىسەن، يۈرىكىڭنىڭ بىر يەرلىرى ۋىژىلداپ ئېچىشىدۇ، كۆزلىرىڭنىڭ بىريەرلىرىدە ئاچچىق ياش قاينايدۇ... ئىچىڭگە بىرنى تىنىۋېتىپ يەنە يېڭى-يېڭى خىزمەتلەرنى، باھالاش، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش مەزمۇنلىرىنى بىرمۇ بىر چايناپ ئىچۈرىسەن... بۇ خىزمەتلەرنىڭ ھەممىسى شۇنچىلىك مۇھىمكى، ئۇلارنىڭ بىرەر تۈرىنىمۇ قويۇپ قويۇشقا قەتئىي بولمايدۇ.

... دوستۇم ئىرپان، بىزنىڭ بۇ يەردە ھەرخىل باھالاپ سېلىشتۇرۇش شۇنچىلىك كۆپكى، باھالاشقا تەييارلىق قىلىمىز، دەپ كېچىلىرىمۇ تۈزۈكرەك ئۇخلىيالمايسەن. باھالاش بولمايدىغان، خىزمەت تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى، خىزمەتلەرگە ھەيدەكچىلىك قىلىش گۇرۇپپىلىرى كەلمەيدىغان بىرمۇ كۈن يوق دېسەك ھەرگىزمۇ ئېشىپ كەتمەيدۇ. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق، ئاساسىي قاتلام ئۇل قۇرۇلۇشى خىزمىتى، پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى، نەزەرىيە ئۆگىنىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسى... يەنە نۇرغۇن-نۇرغۇن خىزمەتلەر. سەن شۇ بىر ئورۇندا خىزمەت قىلغانىكەنسەن، يۇقىرىدىكى شۇ خىزمەتلەرنىڭ ھەممىسىگە مەسئۇل بولۇشۇڭ كېرەك. ھارىسەن، چارچايسەن، بېشىڭ ئاغرىپ قاپاقتەك بوپقالىدۇ. يۇقىرىدىن كەلگەن ئاشۇ باھالاش، ھەيدەكچىلىك گۇرۇپپىلىرى سورىغان سوئاللارغا بىرمۇ بىر جاۋاب بېرىسەن. ئىشلىگەن خىزمىتىڭدىن يېپىدىن يىڭنىسىغىچە ئاغزىڭدىن

كۆپۈك كەلگۈچە دوكلات قىلىسەن. ئۇلارنىڭ كۆزلىرىگە گۇناھكارلاردەك تەلمۈرۈپ، تولىمۇ مىسكىن، بىچارە ھالەتتە قول باغلاپ تۇرىسەن. ئۇلار سالاپەتلىك، پاكىز كىيىنگەن، ئولتۇرغان پىكاپلىرى تېخى ئۇنىڭدىن كاتتا. ئۇلار سېنىڭ كۆرۈمسىز ئۇستىبېشىڭغا، ساقال-بۇرۇت باسقان توپاتەرەت چىرايىڭغا بىر خىل ياراتماسلىق، كۆزگە ئىلماسلىق نەزىرىدە قارىشىدۇ. سېنىڭ ئاچچىقتىن، خورلۇقتىن پۈتۈن بەدىنىڭ جالاقلاپ تىترەپ، يۈرىكىڭ ۋاك-ۋاك يېرىلىپ كېتىدۇ. لېكىن سەن ئۇلارنىڭ ئالدىدا چوڭراق بىرنى تىنىشقىمۇ پېتىنالمايسەن. . .

ئۇلارنىڭ ئالدىغا تاپقان-تەرگەن ھەممە نەرسەڭنى ئاچىقىسەن. ئۇلار يەپ-ئىچىپ، قورساقلىرىنى تويغۇزۇشقاندىن كېيىن چوڭ-چوڭ كېكىرىشىپ: «خىزمىتىڭلار يامان ئەمەس» دېگەن گەپنى خۇددى مىليون دوللارغا سېتىۋالدىغاندەك تەسلىكتە دەپ، خىزمەتلىرىڭدىكى نۇرغۇن-نۇرغۇن ساقلانغان مەسىلە، سەۋەنلىكلەرنى كۆرسىتىپ بېرىپ پىكاپلىرىغا چىقىپ كېتىپ قالىدۇ. ئۇلارنى يولغا سېلىپ ئەمدىلا «ئۇھ» دەپ پېشانەڭدىكى تەرلىرىڭنى سۈرتۈشكە ئۈلگۈرمەيلا يەنە بىر باھالاشنىڭ، يەنە بىر ئۆمەكنىڭ، يەنە بىر خىزمەت ئەترىتىنىڭ خەۋىرى كېلىدۇ. ئورنۇڭدىن چاچراپ تۇرۇپ ئۇنىڭ تەييارلىقىغا بېشىڭچىلاپ كىرىپ كېتىسەن. . . بۇ خىل نەزەرىيە جەھەتتىكى باھالاش، تەكشۈرۈشلەرگە تەييارلىق قىلىش شۇنچىلىك قىيىنكى، مۇشۇنىڭ ئورنىغا تاغنى تالقان، چۆلنى بوستان قىلىپ بەر دېسىمۇ مىڭ-مىڭ رەھمەت - تەزىملەر بىلەن قوشۇلغان بولاتتىڭ. چۈنكى قايسىدۇر بىر ئۆلمەس مەشھۇر ئالىمنىڭ: «راست سۆزلەشتىن يالغان سۆزلىمەك تەس» دېگىنىدەك، قىلمىغان ئىشلارنى قىلدىم، دەپ ئايمۇ ئاي، كۈنمۇ كۈن توغرىلاپ خاتىرە يېزىش، دوسكا ئىشلەش، سېخېما سىزىش! . . . ئاھ ئىرپان، قەدىرلىك دوستۇم، ۋاقتىڭ بولسا بىزنىڭ بۇ يەرلەرگە بىر كېلىپ كەتكەن بولساڭ؛ قىلىۋاتقان ئىشلىرىمىزنى كۆرۈپ، دېھقانلىرىمىزنىڭ ھەقىقىي ھال-ئەھۋالىنى بىر بىلىپ كەتكەن بولساڭ، توۋا دەيسەن. ئىنسانىيەت 21-ئەسىرگە يېقىنچە روھ بىلەن كىرىپ كېلىۋاتقان مۇشۇنداق بىر ئاچقۇچلۇق پەيتتە بىزنىڭ بۇ يەردىكى ئىشلارنى كۆرسەڭ ھەقىقەتەن ئۆز كۆزلىرىڭگە ئىشەنمەيسەن، ياقاڭنى چىشلەپ مىڭ-مىڭ قېتىم توۋا دەيسەن. بۇ يەردە سەن ئۆزۈڭگە ۋەكىللىك قىلالمايسەن. سەن ئاجايىپ بىر سېھرىي كۈچنىڭ تەسىرىدە خۇددى ماشىنا ئادەمدەك بىر كونۇپكا بىلەن باشقۇرۇلىسەن، ئۆزۈڭ خالىغان جايغا بارالمايسەن، خالىغان جايدا تۇرالمايسەن، خالىغان ئىشىڭنى قىلالمايسەن، ئەدناسى بىرەر ئېغىز سۆزنىمۇ ئەركىن -ئازادە دېيەلمەيسەن.

. . . بىزنىڭ بۇ يەردە ھاشار، مەدىكارھەرقانداق يەردىكىدىن كۆپ. دېھقانلار ھەر بىر تېرىلغۇ پەسلىدىن كېيىن ھەيتە -ئون كۈنلەپ سىرتلارغا چىقىپ ئېرىق-ئۆستەڭ چاپىدۇ، يول تۈزلەيدۇ، ئورمان بەلبېغى ئالىدۇ. ئەلۋەتتە، سەنمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. سەنمۇ ئۇلار بىلەن بىرگە بارىسەن، بىللە بېرىپ ئۇلار بىلەن بىللە تەڭ كەتمەن چاپمايسەن، پەقەت ئۇلارنىڭ كەتمەن چېپىشىغا كۆز-قۇلاق بولىسەن! . . . ئىچىڭ سىيرىلىپ كېتىدۇ، كۆزلىرىڭدىن قان ئاقىدۇ، يۈرىكىڭ تىلىم-تىلىم پىچىلىدۇ. چۈنكى سەن بۇ يەردە ھەقىقىي بىر ھايات-ماماتلىق جېڭىنى، ياشاش ئۈچۈن ھەقىقىي تىرىشىپ-تىرمىشىۋاتقان كۈرمىڭ-كۈرمىڭ ئادەمنى كۆرۈۋسەن! پىژغىرىم ئىسسىق. . . توپا-تۇمانلىق جۇدۇنلۇق سوغۇق. . . قىزارغان، چاپاق باسقان، خۇنسىراپ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلەر. . . چاك-چاك يېرىلىپ شورلۇشۇپ كەتكەن لەۋلەر. . . ھۆررەك-ھۆررەك قاپىرىپ كەتكەن ئالقانلار. . . يىرتىق، كونا كىيىملەر. . . ئۈمىدسىز، چۆشكۈن چىرايلار! . . . ئاھ ئىرپان، جېنىم دوستۇم، چىدالمايسەن. كۆز ئالدىڭدىكى بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ ھەقىقەتەن چىدىيالمايسەن. ئىچىڭدە، يۈرىكىڭدە لۆم-لۆم ياش تۆكۈسەن، تىترەيسەن، تولغىنىسەن، «ئاھ، تەڭرىم» دەپ ئېچىنىشلىق نالە قىلىسەن. بىراق سەندە شۇنداق قىلىشتىن باشقا ھېچقانداق ئامال يوق!

. . . بىچارە دېھقانلار شۇنداق جاپا-مۇشەققەتلەر ئىچىدە تۇرۇپمۇ قورسىقىغا تويغۇدەك تاماق يېيەلمەيدۇ. قاتتىق-قۇرۇق نانلىرىنى زەي، ئاچچىق سۇلارغا چىلاپ كومۇرلىتىپ يېيىشىدۇ. لېكىن ئۇلار شۇنچىلىك مەغرۇر، شۇنچىلىك غورۇرلۇقكى، ساڭا، باشقىلارغا ھەرگىزمۇ بىرەر بۇردا نان ئۈچۈن تەلمۈرمەيدۇ. سەن ئازابلىنىسەن، ئىچ-ئىچىڭدىن ئېزىلىسەن، گېلىڭدىن تاماق ئۆتمەيدۇ! . . . ئۇلار مىڭ-مىڭ جاپا-مۇشەققەتلەر بىلەن ھاشارنى تۈگىتىپ ئائىلىسىگە قايتىپ كەلگەندە ئۇلارنى يەنە نۇرغۇن-نۇرغۇن تۈگىمەس ئىشلار كۈتۈۋالىدۇ. كېۋەز پەرۋىشى، ئوما ئورۇش، قايتا تېرىش (قوناق تېرىش)، خامان ئېلىش. . . دۆلەتكە ئاشلىق سېتىپ بېرىش. . . ! يۇقىرىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئەلۋەتتە بۇ ئىشلارنىڭمۇ سۈرۈك ۋاقتى بار. شۇ سۈرۈكتىن يەنى يۇرت چوڭلىرى بەلگىلەپ بەرگەن مۆھلەتتىن ئېشىپ كېتىپ قالسا، يەنە جەرىمانە تۆلەيسەن!

. . . ھالسىراپ كېتىسەن. خۇددى ئوما ئورغان، خامان ئالغان دېھقانغا ئوخشاشلا سەنمۇ ھالسىراپ كېتىسەن. بىر تەرەپتىن ئوما ئورۇپ، بىر تەرەپتىن يەرگە ئىشلەپ، بىر تەرەپتىن ئوسا قىلىپ، يەر ئاغدۇرۇپ، يەر تۈزلەيسەن. بىر تەرەپتىن دۆلەتكە ئاشلىق سېتىپ بېرىسەن. ھامان تاپشۇرغاندىكىن، دېھقانلار بىر يەرگە قېچىپ كەتمىگەندىكىن ئاشلىقنى قايتا تېرىشنى تېرىۋېلىپ بىر قانچە كۈن كېچىكتۈرۈپ تاپشۇرايلى، دېسە ھەرگىز ئۇنىمايسەن. ئۇلارنى قاراپ تۇرۇپ قىينايسەن. چۈنكى بۇنىڭمۇ مۆھلەت-سۈرۈك ۋاقتى بار! . . . يازنىڭ شۇنچە تومۇز ئىسسىق كۈنلىرىدە كېچە-كۈندۈز ئىشلەپ، ئەمدى «ئۇھ» دەپ تۇرۇشىغا يەنە يەر رەتلەشكە ھەيدەيسەن. بىچارە دېھقانلار قاقشاپ-قاقشاپ يەنە ئېتىزغا تىنىپ، ئېشەك ھارۋىلىرىغا چىقىپ دىڭىلداپ ماڭىدۇ. ماڭماي ئىلاجى يوق! . . .

دوستۇم ئىرپان، بىزنىڭ بۇ يەردە ئىشلار ئەنە شۇنداق كۆپ. ئىشلارنىڭ كۆپلىكىدىن قىلىپ ئەمەس، ئويلاپمۇ، يېزىپمۇ تۈگىتەلمەيسەن. كۈز پەسلىگە كەلگەندە ئىشلار تېخىمۇ قىزىق. 10-ئاي كىرە-كىرمەيلا بارلىق قوناقلارنى ئورۇشقا بۇيرۇق كېلىدۇ. قوناقلارغا قارىساڭ ئىچىڭ سىيرىلىپ كېتىدۇ. تېخى سۈتباش بولغان كۆپكۆك قوناقلار. دېھقانلار ئېتىزلىققا چىقىپ ھۆڭ-ھۆڭ يىغلىشىدۇ، ئايىغىڭغا يىقىلىدۇ، تىزلىرىڭنى قۇچاقلايدۇ، تەڭرىگە نالە قىلىدۇ. «قىشچە يەيدىغان ئاشلىقىمىز يوق، بىر قانچە كۈن مۆھلەت بەرسەڭلار، قوناقلىرىمىز

قېتىشىۋالسۇن» دەپ ساڭا تىزلىنىدۇ. دېگەندەك بىزنىڭ بۇ يەردە بۇغداي ناھايىتى ئاز تېرىلغاچقا، نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ بۇغدىيى دۆلەتكە سېتىپ بېرىش بىلەنلا ئاخىرلىشىپ قالىدۇ. شۇڭا، كۆپ ئادەملەر پۈتۈن ئۈمىدىنى قوناققا باغلىشىدۇ. ئەپسۇسكى، يۇقىرىقىدەك بىر بۇيرۇق بىلەن ئۇلارنىڭ پۈتۈن ئۈمىدى كۆپۈككە ئايلىنىدۇ. سەندىمۇ ئامال يوق، بەلگىلەپ بەرگەن مۇددەت ئىچىدە قوناقنى ئورۇپ بولالمىساڭ يەنە جەرىمانە. ھەرمۇغا، ھەر تۈپكە جەرىمانە تۆلەيسەن! ئىرپان، بىزنىڭ بۇ يەردە دېھقان تۇرۇپ ئاشلىقنى ، سەي-كۆكتات، يەل-يېمىش، قوغۇن-تاۋۇزنىڭ ھەممىسىنى بازاردىن ئېلىپ يەيدىغان بىر خىل ھالەت شەكىللىنىپ قالدى. قىش ۋە ئەتىياز كۈنلىرى بەزى دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىگە كىرىپ قالساڭ، ئۆز كۆزلىرىڭگە ئىشەنمەي قالىسەن. يەيدىغانغا بىر تال دان، قالايدىغانغا بىرجىك كۆمۈر تاپالماي يوتقانغا پۈركىنىپ، ئاچ-يالىڭاچ ياتقان نۇرغۇن ئادەملەر!... بوران ئۇچۇپ تۇرۇدىغان ۋەيرانە، غورىگىل ، توپا-تۇمان يېغىپ تۇرۇدىغان مىسكىن ئۆيلەر!... ئىچىڭ ئۆرتىنىپ كېتىدۇ، تاماق يېگۈڭ كەلمەيدۇ. «نېمە ئۈچۈن، بۇ زادى نېمە ئۈچۈن» دەپ ئۆز-ئۆزۈڭگە نۇرغۇن قېتىم سوئال قويىسەن. سوئاللىرىڭغا جاۋاب تاپالمايسەن-يالغۇز ئولتۇرۇپ خىيال سۈرىسەن، ئازابلىنىسەن، ئىچىڭگە تىنىسەن!...

دوستۇم ئىرپان، سىلەرنىڭ يۇرتتىمۇ قوناق شېخى، بۇغداي سامانلىرىدا سىلوس ياسايدىغان ئىشلار بارمۇ؟ ئۇ يەردىكى دېھقانلارنىڭ بۇ ئىشقا قارىتا ئىنكاسى قانداقراق؟ ئۇنۇمىنى كۆرۈۋاتامسىلەر؟ بىزنىڭ بۇ يەردە بۇ ئىش بىرخىل سىياسىي خاراكتېرلىك ۋەزىپە سۈپىتىدە چىڭ تۇتۇلىدۇ. دېھقانلىرىمىزنىڭ پەن-مەدەنىيەت سەۋىيىسى تۆۋەن بولغاچقا، ھەرقانداق يېڭىلىقنى قوبۇل قىلىشى تەسكە توختايدىكەن. بىزنىڭ بۇ يەردە مەيلى ساماندا بولسۇن، مەيلى قوناق شېخىدا بولسۇن سىلوس ياساشنى ئاساسەن مەجبۇرىي خاراكتېردە ئېلىپ بارىمىز (ئۆزلىرى خالايدىغانلىرى ئىنتايىن ئاز ساندا). سەن بىراۋنى بىر ئىشقا قانچە مەجبۇرلىساڭ ئۇ ساڭا شۇنچە قارشىلىق قىلىدىكەن. مەجبۇرىي قىلدۇرغان ئىشنىڭ ئۈنۈمىمۇ ياخشى بولمايدىكەن. دېھقانلارنىڭ كاللىسىدىن سىلوس بېسىش ئىشى تازا ئۆتمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلار قارىسىغىلا ئىشلەپ قويۇۋاتقان، بۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن شاخ-سامان سېسىپ كېتىۋاتقان! زادى شاخ-ساماندىن سىلوس ياساپ قانچىلىك ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئۈنۈم يارىتىلدى؟! بۇنى ئويلايدىغانغا، سورايدىغانغا، تەكشۈرۈدىغانغا ئادەم يوق! ئۇنى ئازدەپ قۇرۇق شاخلارنىمۇ توغرايسەن. ئۆگزىدىكى ، چەللە-باراڭدىكى، ھاجەتخانىدىكى، ئىشقىلىپ مەھەللە، ئۆيچۆرەڭدە قالغان بىر تۈپ شاخ بولسىمۇ توغرىمىساڭ، توغرىغاندىمۇ بەلگىلەنگەن مۆھلەت ئىچىدە توغراپ بولالمىساڭ، ئۇنىڭغا يەنە جەرىمانە تۆلەيسەن!

... بىزنىڭ بۇ يەردىكى ھۆددە يىغىش ئىشىنى دەپ بەرسەم، ئاچچىقتىن ئۆتۈڭ يېرىلىشى مۇمكىن. 10-ئاينىڭ ئاخىرىدىن 11-ئوتتۇرىلىرىغىچە ھەرقايسى كەنتلەرنىڭ بوغالتىرلىرى ۋە يېزىلىق مۇلازىمەت پونكىتىدىكى خادىملار پاختا زاۋۇتىنىڭ پۇل بېرىش ئورنىدا ئولتۇرۇپ ھۆددە يىغىدۇ. سەن ساتقان كېۋەزنىڭ تالونىنى بوغالتىرغا بېرىسەن، بوغالتىر ئىنساب قىلسا، ساڭا تالوننىڭ ئۈستىدىكى پارچە پۇلدىن بىرقانچە 10يۈەن ياكى كۆپ بولغاندا 40-50يۈەننى ساڭا بېرىدۇ. ساڭا بەرگەن بۇ پۇلنىڭ بېشىدا كۆيۈۋاتقان ئوت بەك كۆپ! ئائىلىڭ - ئاشۇ بىچارە ، كەمسۆز ئائىلىڭ ئەتىيازنىڭياقى بىر تۈپ كېۋەز ئۈچۈن ئەڭ ئاز بولغاندا ئون نەچچە قېتىم يەرگە ئېگىلىشىپ ، نۇرغۇن-نۇرغۇن تىل-ئاھانەت، جەرىمانە، بېسىم، خورلۇقلار بەدىلىگە خۇددى ئەمدىلا تۇغۇلغان بوۋاقنى پەپىلەپ ئۆستۈرگەندەك، بىرتۈپ-بىرتۈپتىن ئۆستۈرۈپ دۈم يېتىپ، دۈم قوپۇپ پاختىسىنى تېرىپ زاۋۇتقا ئەكەلدىڭلار. زاۋۇتتىكى يىرىيۇمچى غوجاملارغا نەچچە قېتىم يالۋۇرۇپ ئاران ئۆتكۈزدۈڭلار. كېۋەزنى نەچچە مېتىر ئېگىزلىكتىكى كېۋەز دۆۋىگە ئەپچىقىپ تۆكتۈڭ. چىپ-چىپ تەرلەپ كىيىملىرىڭ بەدىنىڭگە چاپلىشىپ كەتتى!... ئائىلىڭ مۇشۇ ئىسسىقتا ئېشەك ھارۋىسى ئۈستىدە ساڭا تەلمۈرۈپ ئولتۇرىدۇ. ئۇنىڭ لەۋلىرى يېرىلغان ، چىرايى ئىسسىقتىن قارىداپ كەتكەن. ئاھ، ئۇ سېنىڭ كېلىشىڭنى كۈتمەكتە. لەۋلىرىنى تامشىپ، ئەتراپتىن ئاڭلىنىۋاتقان ئاشپەز، باققال، ھۆپىگەرلەرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىماسلىققا سېلىپ، يىغى ئېقىپ تۇرغان سامسا، كاۋاپلارنى، قىزىرىپ پىشقان ئالما، ئۈزۈم، نەشپۈتلەرنى، قوغۇن-تاۋۇز، شاپتۇللارنى، ھورى ئۆرلەپ تۇرغان مەززىلىك پولو، گۆش، مانتىلارنى كۆرمەسكە سېلىپ، چىشىنى چىشلەپ سېنىڭ كېلىشىڭنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتمەكتە. ئۇنىڭغا ھازىر ھېچنەرسە لازىم ئەمەس، پەقەت تام تۈۋىدىكى ئاشۇ دوغچىنىڭ بىر چىنە مۇزدەك سۈيى بولسا، ئېغىزىنى تولدۇرۇپ بىرى ئىچسە. ئاھ، ئۇنىڭ تەشنالىقى قانارمىكىن؟!... سەن قولۇڭغا تەگكەن ئۈچ-تۆت تەڭگە پۇلۇڭنى چىڭ سىقىمداپ كېتىۋېتىپ، تويۇقسىز ئاشۇ جانجىگەر، مېھرىبان، جاپاكەش ئائىلىڭنىڭ كۆزىدىكى لىققىدە ياشنى كۆرۈپ قالدىڭ. يۈرىكىڭنىڭ چوڭقۇر بىر يەرلىرى ۋاژىلداپ كەتتى. پۈتۈن بەدىنىڭ دىرىلدەپ تىترەپ، پۇت-قولۇڭدا ھېچبىر ماغدۇر قالمىدى. كۆزلىرىڭگە قىزىللىق تىقىلىپ ھېچيەرنى كۆرەلمەي قالدىڭ!... ئائىلىڭ ئالدىڭغا يۈگۈرۈپ كەلدى. تاتىرىپ كەتكەن چىرايىڭنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتتى!!... قولۇڭدىكى پۇلدا جاھاننىڭ ئوتى كۆيۈۋاتاتتى. ئۇنىڭغا ھېچبولمىسا ئەر-خوتۇن ئىككىڭلار بىر ۋاق تاماق يېيىشىڭلار، كىچىك ئوغلۇڭلارغا بىر ئاياغ ئېلىشىڭلار، ئوتتۇرانچى قىزىڭلارنىڭ ئۈچىسىدا تۈزۈكرەك چاپىنى يوق، چوڭ ئوغلۇڭلار بىلەن ئوتتۇرانچى قىزىڭلارنىڭ كىتاب، دەپتەر پۇلى... بەدەل پۇلى...! ئاھ! تېخى سەن ئائىلىڭگە كېۋەز پۇلىدىن بىر باش ياغلىقى ئېلىپ بېرىمەن، دەپ ۋەدە قىلغان. ئۇچۇ؟!...

... قەدىرلىك دوستۇم ئىرپان، بىزنىڭ بۇ يەردە تېخى كۈرمىڭ-كۈرمىڭ ئادەملەر ئەنە شۇنداق تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتىدۇ. ئۇيىلىدىن بۇ يىلغا بارغانچە بويىنىغا قەرزنى كۆپلەپ ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ. 365كۈن ھاردىم-تالدىم دېمەي ئىشلەپ، قېنىپ بىر كېچە ئۇخلىماي ئاخىرى قولىغا تەگكىنى نېمە؟! بىر تۈپ كېۋەزنى تېرىغاندىن تارتىپ تاكى پاختىسىنى تەرگىچە بولغان ئارىلىقتا ئەڭ ئاز دېگەندە ئون نەچچە قېتىم يەرگە ئېگىلىشىدىغان گەپ. مۇشۇ بويىچە ھېسابلىساق، بىرمو يەرگە كېۋەز تېرىپ، پاختىسىنى تەرگىچە

بولغان ئارىلىقتا نەچچە يۈزمىڭ قېتىمدىن ئارتۇق ئېگىشىدىغان گەپكەن. بۇ، ئاسان ئىشمۇ؟!... بىر يىل ئىشلەپ يا قورسىقىنى توزۇكرەك باقالمىغان، يا قەرزىنى تۈگىتەلمىگەن!

سەن كېچە-كۈندۈز قەرز ئىگىلىرىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئىشىكلىرىنى چېكىسەن، ئۇلاردىن قەرز سورۇشتۇرۇسەن. ئۆيىدىكى پۇلغا يارىغۇدەك نەرسىسى بولسا، مەيلى چارۋىسى بولامدۇ، مەيلى تېلېۋىزور، كىگىزى بولامدۇ... ئىشقىلىپ، كۆزۈڭگە چېلىققانلىكى نەرسە بولسا ئېلىپ ماڭىسەن. ئۇلار ساڭا لۆم-لۆم ياش تۆكۈپ يالۋۇرىدۇ، ئايىغىڭغا يىقىلىدۇ، تىزلىرىڭنى قۇچاقلايدۇ. لېكىن سېنىڭمۇ ئامالىڭ يوق، يۈرىكىڭ ئېزىلىپ تۇرۇپ، ئىچىڭ ۋاژىلداپ ئېچىشىپ تۇرۇپ كۆزۈڭنى يۇمۇپلا ماڭىسەن. چۈنكى سەن ئۇلارنىڭ شۇ نەرسىلىرىنى ئالمىساڭ، بەلگىلەنگەن مۇددەت ئىچىدە ھۆددىنى يىغىپ بولالمىغان بولىسەن-دە، يەنە جەرىمانە تۆلەيسەن. ئېلىۋاتقان ئۈچ-تۆت تەڭگە مائاشىڭ شۇنداق قىلىپ جەرىمانە تۆلەش بىلەنلا تۈگەيدۇ. سەنمۇ جان باقمىساڭ بولمايدۇ-دە، سېنىڭمۇ ئائىلەڭ بار، ئۆي پۇلى، كەلكۈن ئىئانىسى، يەر تەۋرەش ئىئانىسى، ئاپەت ئىئانىسى... توي-تۆكۈن، ئۆلۈم-يېتىم، نەزىر-چىراغ... ئاھ، بۇلارنىڭ ھەممىسىگە پۇل لازىم!...

... قەدىرلىك دوستۇم ئىرپان، ساڭا بىزنىڭ بۇ يەردىكى دېھقانلىرىمىزنىڭ ھال-ئەھۋالىنى، نالە-پەريادىنى دەپ كەلسەم، بىر-ئىككى پارچە خەت بىلەن يېزىپ بولالمايمەن. چۈنكى پېقىر دوستۇڭ تۇغۇلۇشىدىنمۇ قارا نامرات دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان. ئوقۇش پۈتتۈرۈپ خىزمەتكە چىققاندىن كېيىنمۇ داۋاملىق شۇ بىچارە دېھقانلار ئارىسىدا، كېچە-كۈندۈز شۇلارغا ئارىلىشىپ ياشاۋاتىمەن. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن، دېھقانلارنىڭ كۆڭلىنى خۇددى ئۆز كۆڭلۈمنى چۈشەنگەندەك چۈشىنىمەن. ئۇلارنىڭ دەردى مېنىڭ دەردىم، ئۇلارنىڭ كۆز يېشى مېنىڭ كۆز يېشىم!... ئەتراپىمغا ھەر بىر باقسام كۆزۈمگە يىغا ئولىشىپ، ئىچىمدە بىرىيەرلىرىم ۋاژىلداپ ئېچىشىپ كېتىدۇ. بىزنىڭ دېھقانلىرىمىز — ئاشۇ غورىگىل، يوقسۇز، بىچارە خەلق! يۇرتىمىز توپا-تۇمان ئۈچۈپ تۇرغان مىسكىن، غېرىبانە يۇرت!

... قانچە قىلساممۇ ئەتراپىمدىن كۆڭلۈمنى چۈشەنگۈدەك، ھالىمغا يېتىپ، دەردىمگە دەرمان بولالىغۇدەك بىرەر ئادەمنى تاپالمىدىم. يېنىڭغا بېرىپ يۈزتۇرانە ئەھۋاللىشاي دېسەم بۇنىڭغا ۋاقىت زادىلا يار بەرمەيدىكەن!... بىزنىڭ بۇ يەردە يېقىندا دەپ ئۆتكىنىمگە ئوخشاش ئىشلار ئىنتايىن كۆپ. خۇدانىڭ 365 كۈنىنىڭ ھەممىسىدە باش چۆكۈرۈپ، تىنىم تاپماي ئىشلەيسەن، تىنىم تاپماي يۈگۈرەيسەن، توختىماي ماڭىسەن! لېكىن ۋاقتى كەلگەندە بۇ قىلغانلىرىڭنىڭ ھەممىسى بىكارچى بولىدۇ!

دوستۇم ئىرپان، بىزنىڭ بۇ يەرلەردە قىلىۋاتقان ئىشلارنىڭ زادى قايسىسى قانۇن — سىياسەتلەرگە ئۇيغۇن، قايسىسى خىلاپ، بۇنى قويۇپ تۇرۇپ پەقەت سەن يۇرت چوڭلىرىنىڭ دېگىنى بويىچە قىلىشىڭ، سىزىپ بەرگەن سىزىقى بويىچە مېڭىشىڭ كېرەك. شۇ بىر قېلىپتىكى چەمبىرەك ئىچىدە خۇددى خامان چۆرگىلىگەنگە ئوخشاش بېشىڭنى ئىچىڭگە تىقىپ، كۆزۈڭنى يۇمۇۋېلىپ، ئۇنىڭغا ئۈچۈرۈپ چۆرگىلىسەڭلا، توختىماي كېچە-كۈندۈز چۆرگىلىسەڭلا بولىدى، خالاس! راست گەپنى قىلغاندا، بۇ يەردىكى نۇرغۇن-نۇرغۇن ئىشلار پەقەت دېھقانلارنىڭلا ئەمەس، سەن، بىزنىڭمۇ، ئۇلارنىڭمۇ-ئۇلارنىڭمۇ كاللىسىدىن ئۆتمەيدۇ. لېكىن ئامال يوق. چۈنكى بۇيرۇق ئېتىلغان ئوققا ئوخشايدۇ، ئېتىلغان ئوقنى ھەرگىزمۇ قايتۇرۇپ كەلگىلى بولمايدۇ!..

.

دېھقانلارنى يىل بويى ھاشار — مەدىكارغا سېلىپ ئۇلارنى يەر تېرىشتىن سوۋۇش ھالىتىگە كەلتۈرۈپ قويدۇق. ئۇلارنىڭ چوڭ-كىچىك ھەربىر ئىشىغا ئارىلىشىۋېلىپ ئۇلارنى يۈرەكئالدى قىلىۋەتكەن! سەن تېخى، دېھقان تېخى بىر-بىرىمىزدىن زېرىكىپ ئارىلىق بارغانسېرى يىراقلىشىپ كەتكەن. قىسقىسى، بۇ يەردە دېھقان دېھقاندەك ئەمەس، كادىر كادىردەك ئەمەس. بارلىق ئىشلار بىر تىزگىن بويىچە تىزگىنلىنىدۇ.

ئىرپان، ئىچىمدىكى دەردىمنى ساڭا تۆكۈۋېلىپ خېلىلا يەڭگىللەپ قالدىم. دېمەكچىمەنكى، مېنى، سېنى ۋە ھەممىمىزنى بېقىپ چوڭ قىلغان شۇ دېھقانلار بۇنداق تىل قىسىنچىلىق، يوقسۇزلۇق، غورىگىل، مەيۈسلۈكتە ئۆمۈر بويى قەرزدىن قۇتۇلالماي، ئىچ-ئىچىدىن قېنىپ بىرنى كۈلەلمەي ئۆتۈپ كەتمىسۇن! ئۇلارمۇ خەلقىمىز ئۈچۈن تۈزۈلگەن ئادىل قانۇن ۋە سىياسەتلەردىن بەھرىمەن بولۇپ، بىر كۈنمۇ بولسا ھەقىقىي ئىنساندەك بېشىنى ئۆستۈن كۆتۈرۈپ ياشاپ باقسۇن.

قەدىرلىك دوستۇم ئىرپان، «ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار، نائۈمىد شەيتان» دېگەندەك، ئەھۋال شۇنداق بولسىمۇ يەنىلا يۇرتىمىزدىكىلەر ياخشى كۈنلەردىن ئۈمىدىمىزنى ئۈزگىنىمىز يوق. ھەر قېتىم مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوندا دېھقانلارنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىش، نامۇۋاپىق سېلىق سېلىشنى چەكلەش ھەققىدە يىغىنلار ئېچىلغاندا، قانۇنلار تۈزۈلۈپ، ئەمىر-پەرمانلار جاكارلانغاندا، پۇت-قولىمىزغا باشقىدىن جان كىرىپ، بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى بۇ قانۇن، ئەمىر-پەرمانلار بىزنىڭ بۇ يىراق، خىلۋەت يۇرتىمىزمۇ ئىجرا قىلىنىپ قالار، بىزمۇ ئادەمدەك ياشارمىز، دەپ ئۈمىدلىنىپ كېتىمىز. مەنمۇ، دېھقانلارمۇ مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ بۇ ھەقتىكى قانۇن-نىزام، ئەمىر-پەرمان، ھۆججەت-سىياسەتلىرى ئادىل-ھەققانىي، بۇنىڭدا گۇمان يوق. گەپ، ئاغزىدا «ھە» دەپ قويۇپ ئۆزى بىلگەننى قىلىۋاتقان ئەشۇ بەزى يەرلىك ئەمەلدارلاردا، دەپ قارايمىز. گەپنىڭ قىسقىسى، بىر كۆرۈپ باق. مېنى ئىزدەپ تاپساڭ، مەن سېنى ئاشۇ غارايىپلار دۇنياسىغا باشلاپ بارىمەن. سەنمۇ دېھقان قېرىنداشلىرىمىز بىلەن سىردىشىپ باق. شۇندىلا سەن ئۆزۈڭنىڭ قانچىلىك ئادەم ئىكەنلىكىڭنى، قانداقراق ياشاۋاتقانلىقىڭنى ھەقىقىي چۈشىنىپ يېتەلەيسەن!

خەير-خوش، سالامەت بول.


يىراق يۇرتتىكى دوستۇڭ ياۋايى

1998-يىل نويابىر، يوپۇرغا

شەن يۇچيالىڭ فوتوسى

---

ئاپتور: يوپۇرغا ناھىيە ئاپچىق يېزىسىنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە مەسئۇل مۇئاۋىن باشلىقى (M1)



# تىلەمچى

(ھېكايە)

ئېزىزجان سادىر (يۇلغۇن)

يېقىندىن بېرى شەھىرىمىزدە تىلەمچىلەر يەنە ئاۋۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەرلەرمۇ، ئاياللارمۇ، قېرىلارمۇ، باللارمۇ، ساقلارمۇ، مېيىپلارمۇ ھەتتا يىرتىلىپ جۇلىقى چىقىپ كەتكەن كونا پالاز ئۈستىگە ياتقۇزۇپ قويۇلغان، ئاغزى-بۇرنىنىڭ قاسماقلىقىدىن كۆنبويى يۈز-كۆزلىرىگە چىۋىن قونۇۋالىدىغان بوۋاقلارمۇ بار ئىدى. ئالدىنقى يىلى چەت ئەللىكلەر سۈرەتكە تارتىپ ئېلىپ كەتكىنى ئۈچۈن ساقچىلار ھۆكۈمەتنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن ئۇلارنى تارقىتىۋەتتى. شۇندىمۇ «كەسپى» نى تاشلىمىغانلارنى تۇتۇپ تۇرۇش ئورۇنلىرىغا ئەكىرىپ قويدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار بىر مەزگىل يوتكەندەكمۇ بولىۋېدى، لېكىن بۇ يىل ياز كىرىشى بىلەن ئۆتكەن يىلدىكىدىنمۇ كۆپ بىر تۈركۈم تىلەمچىلەر پەيدا بولۇپ، ئاۋات كوچىلارنىڭ مۇھىم جايلىرىدا «چازا» قۇرۇپ ئۆتكەن-كەچكەنلەرنى خۇدا يولىدا سەدىقە بېرىشكە چاقىرىشقا باشلىدى. ئېھتىمال بۇلار يېڭىدىن پەيدا بولغانلىرىدۇ ياكى بولمىسا: «ئۇرساڭمۇ، تىللىساڭمۇ بەرىبىر بولىشىمىز مۇشۇ» دەپ تەۋەككۈل قىلىپ چىققانلاردۇ. مەيلى نېمىلا دېمەيلى، «شەھەرنىڭ نامىغا داغ تەگكۈزدى» دېگەندىن قورقماي چىقىۋالغان تىلەمچىلەرنى ھەممىلا يەردە ئۇچراتقىلى بولاتتى.

70 ياشلاردىكى، بېشىغا كونىراپ كەتكەن كۆرپە تۇماق، ئۇچىسىغا ئەسلى ئاق بولسىمۇ كىرلىشىپ قارىداپ كەتكەن خەسە كۆڭلەك كىيىپ پوتا باغلىغان، ئاق ساقىلى مەيدىسىگە چۈشكەن تىلەمچى بوۋاينىڭ «شەھەرلىك پاسازىرلار بېكىتى» نىڭ يان ئىشىكى ئالدىدىكى پەشتاقتا ئولتۇرغىنىغا تۆت سائەتتىن ئاشقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا بىرەرمۇ سېخىي كىشى ئۇچرىمىغانىدى. مۇنداق بولۇشى، ئۇ ئولتۇرغان بۇ ئىشىكتىن ئادەملەر جىق ئۆتمەيتتى. ئۆتكەنلەرمۇ ئالدىراش كىرىپ، ئالدىراپ چىقىپ كېتەتتى-دە، ئۇنىڭغا دىققەت قىلىشقا چولىسى تەگمەيتتى. نېمە ئامال؟ بوۋاي ئەتىگەن بېكەتنىڭ ئالدى ئىشىكىدە تۇرغانىدى، ئەمما ئۇ، بۇ شەھەرگە يەرلىك بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىدىن كېيىن كەلگەن يەرلىك تىلەمچىلەر تەرىپىدىن قوغلىۋېتىلدى. بېكەتنىڭ ئىچىگە تېخى كىرەلمىدى، چۈنكى ئۇ يەردىمۇ يەرلىك تىلەمچىلەر بولۇپ، تۈنۈگۈن ئۇ يەردىنمۇ قوغلاشقانىدى...

ئىيۇلنىڭ پىژغىرىم ئىسسىقى جاننى ئالاتتى. بوۋاي بارغانسېرى ئىسسىپ كېتىۋاتقان پەلەمپەيدىن قوپۇپ، ئىشىك يېنىدىكى لەمپىنىڭ سايىسىگە يۆتكىلىپ تامغا يۆلىنىپ ئولتۇردى. تۈكلىرى چۈشۈشكە باشلىغان تۇمىقىنى قولىغا ئېلىپ، تاقىر بېشىدىكى تەرلىرىنى سۈرتكەچ ئويلىدى: «بۇغدايلار پىشتى، يۇرتتا يەنە ئالدىراشچىلىق باشلاندى. بەلكىم 2-يىغىمغا چۈشكەندۇ». ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا قۇملۇقلار ئارىسىغا جايلاشقان مەھەللىسى، بۇغداي گەنجىلىرى دۆۋىلەنگەن خامانلار، كۈچلۈك قۇياش نۇرىدا توپا-توزانلارغا كۆمۈلۈپ بۇغداي سورۇۋاتقان يۇرتداشلىرى كەلدى. «قاسىماخۇن ئۆيلەرگە قاراپ قويغانمىدۇ... ھويلىدىكى ئامۇت قۇرۇپ قالدىمىكىن. بىچارە مەزلۇمىم ئۆز قولى بىلەن قويغانىدى. ئۇنىڭ قەبرىسىنى ھايات چېغىمدا خام كېسەكلەر بىلەن ياساپ قويسام بولاتتى، توپىلىرى چېچىلىپ يوقىلىپ كېتەي دەپمۇ قالدى». بوۋاي خۇنسىز، قىزارغان كۆزلىرىگە ياش ئالدى: «مېنى تاشلاپ كەتمىسەڭ بولاتتى، قەمبەر... قېرىغىنىمدا مۇشۇ كۈنگە قالىدىغىنىمنى بىلسەم، سەن بىلەن بىللە كەتمەسمىدىم...» بوۋاي كۆسەيدەك قارىدىغان، تارشىدەك ئورۇق قولى بىلەن يېشىنى سۈرتتى. شۇ مىنۇتلاردا ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان 20 ياشلاردىكى پوزۇر كىيىنگەن يىگىت يانچۇقىنى ئاختۇرۇپ، بىر مۇنچە پۇللار ئارىسىدىن بىر موچەنلىكتىن بىرنى سۇغۇرۇپ بوۋايغا ئۇزاتتى. بوۋاي پۇلنى ئېلىپ يىگىتنىڭ بەختى ئۈچۈن دۇئاغا قول كۆتۈردى.

«مۇھەممەت ھايات بولغان بولسا ھازىر مۇشۇ يىگىتچىلىك بولۇپ قالار ئىدى» دەپ ئويلىدى بوۋاي يىگىتنىڭ كەينىدىن قاراپ.

مۇھەممەت بوۋاينىڭ ئوغلى بولۇپ، بۇنىڭدىن تۆت يىل بۇرۇن 16ياشلارغا كىرگەن مۇھەممەت يۇرتتىن قېچىپ كەتتى. شۇ چاغدا يېزىغا يېڭى بىنەم يەر ئېچىش ۋەزىپىسى قويۇلغانلىقتىن، ھەر بىر ئۆيدىن بىردىن ئادەم ھاشارغا بېرىشى كېرەك ئىدى. مۇھەممەت ھاشارغا بېرىپ 6-كۈنى ئەمگەك ۋاقتىدا زەيكە سۇغا چۈشكىلى كەتكىنى ئۈچۈن، ئەترەت باشلىقى ئۇنى سەت تىللار بىلەن تىللاپ كەتتى. گەپكە چىدىمىغان مۇھەممەت ئەترەت باشلىقى بىلەن ئۇرۇشۇپ قالدى. ئەترەت باشلىقى ئېگىز، پورتوغراقتەك تەمبەل ئادەم بولۇپ، مۇھەممەتنى يەردىن يۇلۇۋېلىپ شورلۇق يەرگە ئاتتى. ئاچچىقىغا پايلىمىغان مۇھەممەت كەتمىنىنىڭ سېپى بىلەن ئەترەت باشلىقىنىڭ بېشىنى يېرىۋېتىپ قېچىپ كەلدى ۋە يېزا ئامانلىق ساقچىلىرى كېلىشتىن بۇرۇن پوتىسىغا ئىككى ناننى تۈگۈپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. «ئەمدى بۇ يۇرتقا قايتا ئاياغ باسمايمەن» دېگەنىدى ئۇ ئۆيدىن چىقىپ كېتىشتىن بۇرۇن. بوۋاي، موماي (موماي شۇ چاغدا ھايات ئىدى) ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئۇزۇتۇپمۇ چىقىشمىدى. ئۇلار ئۇنى بىرەر كۈن خاپا بولۇپ يەنە يېنىپ كىرىدۇ، دەپ ئويلىغانىدى. بىراق مۇھەممەت شۇ چىقىپ كەتكەنچە قايتىپ كەلمىدى. بوۋاي ئۇنى ئىزدەپ نېرىقى يېزىغا ياتلىق بولغان ئىككى قىزىنىڭ ئۆيىگە باردى، ناھىيىگە، كېيىن شەھەرگىمۇ باردى. ئەھلى مەھەللىنىڭ مەسلىھەتى بويىچە تېلېۋىزورغىمۇ ئېلان بەردى. بىراق مۇھەممەت تېپىلمىدى. موماي مۇھەممەتنىڭ دەردىدە ئاغرىپ يېتىپ قالدى. ئىككى ئاي ئورۇن تۇتۇپ ياتقاندىن كېيىن، بىر كۈنى بوۋاي ئېتىزغا سۇ ياقىلىغىلى چىقىپ كەتكەندە موماي ئۇدۇنياغا سەپەر قىلدى. ئاخشىمى بوۋاي قايتىپ كەلگەندە مومايىنىڭ تېنى مۇزلاپ بولغانىدى. بوۋاي مومايىنى دەپنە قىلىپ نەزىرىنى بەرگەندىن كېيىن قىزلىرى يەنە ئۆيلىرىگە قايتىپ كېتىشتى، بوۋاي يەككە-يېگانە قالدى. ئۇ ئەتىگەندە سائەت تۆت-بەشلەر بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ (مومىيى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇ تولىمۇ سەھەر ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىدىغان بوپقالغانىدى) ئېتىزلىققا باراتتى. ئېتىزلىق قىرىدا ئولتۇرۇپ مومىيى بىلەن بىرگە ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىنى، مۇھەممەتنىڭ كىچىك ۋاقىتلىرىنى ئويلاپ خىيال سۈرەتتى. بامداتقا ئەزان چىقىشى بىلەن يېزىنىڭ چېتىدىكى خام كېسەكتىن سېلىنغان مەسچىتكە ھەممىدىن بۇرۇن كىرىپ نامازغا ئولتۇراتتى. نامازدىن كېيىن دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ، خۇدادىن ئوغلىنىڭ قايتىپ كېلىشىنى، ئۆزىگە ئاسان ئۆلۈم بېرىشىنى تىلەپ ئۇزۇندىن ئۇزۇنغا دۇئا قىلاتتى... كۈنلەر ئۆتۈۋاتاتتى. بوۋاي بارغانسېرى ئادەملەرگە ئاز ئارىلىشىدىغان، تولا ۋاقتىنى ئېتىزلىق بىلەن مەسچىت ئارىلىقىدا ئۆتكۈزىدىغان بوپقالدى. بىر-ئىككى ئايلاردا بىرەرقېتىم يوقلاپ كېلىدىغان قىزلىرىنىمۇ چىراي ئاچماس بوپقالدى. كېيىنچە قىزلىرىمۇ بوۋاينىڭ مۇئامىلىسىدىن نارازى بولۇپ كەلمەس بولدى. مەھەللىدىكىلەر بەزىدە ئۇنى ئېسىگە ئېلىشىپ: «بىچارە بوۋاي، قەمبەرخان ئۆلۈپ كەتتى، مۇھەممەتتىن تېخى خەۋەر يوق. ئىچ ئاغرىقىدا تۈگۈشۈپ كېتىمۋاتىدۇ» دېيىشىپ خورسىنىپ قويۇشاتتى. بىر يىل ئۆتكەندە، بوۋاي يۇرتتىن چىقىپ كېتىپ ئىچكىرىدە تىجارەت قىلىۋاتقان بىرەيلەندىن شۇم خەۋەر ئالدى. مۇھەممەت يۇرتتىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، شەھەرمۇ شەھەر ئارىلاپ يۈرۈپ، ئىشلەمچىلىك قىلىپ جېنىنى باققان، بۇنىڭدىن بىر ئاي بۇرۇن گۇاڭجۇدا ئوغرى-لۈكچەك-لەرنىڭ جېدىلىگە ئارىلىشىپ قېلىپ، قازا قىپكەتكەن، شۇ جايدىكى ئۇيغۇرلار ئۇنى يەرلىكىدە قويۇۋەتكەنىدى. بوۋاي يۇرتدىشىغا ھېچنېمە دېمىدى، خۇداغا ئۇنسىز ئىلتىجا قىلدى... شۇنىڭدىن كېيىن بوۋاي ناھايىتى تېزلا قېرىپ كەتتى. ئېتىزلىققىمۇ كۆپ بارماس بولدى. كۆپ ۋاقتىنى مەسچىتتە ئۆتكۈزەتتى. «بۇ دۇنيادا جاپا تارتقانلار ئۇ دۇنيادا جەننەتكە كىرەمدۇ» دەپ سورايتتى ئۇ پات-پات مەھەللىنىڭ ھەممىدىن مۆتىۋەرى بولغان ئىمامدىن. «ھەر ئىش خۇدانىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدۇ» دەيتتى چار ساقال ئىماممۇ ھەر قېتىم. بوۋاي ئۆزىگە نېمىشقا مۇشۇنچىۋالا كەلگۈلۈكلەرنىڭ كېلىدىغانلىقىنى ھېچ چۈشىنەلمەيتتى. ئۇ، ئاتا بوۋىلىرى ياشاپ ئۆتكەن بۇ يۇرتتا ئۇلارنىڭ يولى بىلەن ھالال ئەمگەك قىلىپ ياشاپ كەلدى. ئېتىز-ئېرىق بىلەن بىر ئۆمۈر ھەپىلەشتى. ئەمما شۇنچە ئەمگەك قىلىپمۇ چاپىنى تىزىدىن ئاشمىدى، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ كېتەلمىدى. 60-، 70-يىللاردا كوممۇنا ئۈچۈن ئىشلىدى. 80-يىللاردا جاھان بىر مەزگىل ئوڭشىلىپ، يەرلەر ھۆددىگە بېرىلىپ ئىشلىگىنىگە قاراپ ھەق ئالىدىغان، ھەممە ئىشقا چات كىرىۋالىدىغان كەنت باشلىقى، ئەترەت باشلىقى دېگەنلەرمۇ ھەدېسىلا چوڭ كانايلارنى كۆتۈرۈۋېلىپ، ئېتىزلىق بېشىغا چىقىۋالمايدىغان بولدى. كىشىلەر ئېتىز-ئېرىق ئىشلىرىنى ئەركىن-ئازادىلىك بىلەن باشقۇرۇپ، قەددىنى رۇسلاش ئۈچۈن ئايانماي تەر تۆكۈشكە باشلىدى. ئەمما كېيىن بەزى ئىشلار يەنە ئەسلىگە قايتقاندەك بوپقالدى. گەرچە رادىئو-تېلېۋىزىيە، گېزىت-ژۇرناللاردا مەركەزنىڭ دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىش، ئۇلارنى بېيىتىش توغرىسىدىكى ھۆججەتلىرى ھەدەپ تەشۋىق قىلىنىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن يەرلىكتە ئېغىزدا دېيىلىپ ئەمەلىيەتتە ئۆزىنىڭ بىلگىنىنى قىلىشتى. ھەرخىل، ھەر ياڭزا سېلىق، جەرىمانىلەر كۆپىيىپ قالدى. يەر ھۆددىسى، سۇ پۇلى، مائارىپ پۇلى، سۇلياۋ يوپۇق پۇلى، ئوغۇت پۇلى، يول ياساش پۇلى، ئۆستەڭ قۇرۇلۇش پۇلى، بىنام ئېچىش ھەققى، تېخنىكا ھەققى، دورا پۇلى، ئامانلىق پۇلى ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان ھەرخىل پۇللار گەدەنگە چۈشۈپ، يىل ئاخىرىدا «ئۆيدىكى ھېساب بازارغا توغرا كەلمەپتۇ» دېگەندەك، مانچە پۇل كىرىم بولغۇدەك، دەپ چوت سوقۇپ بارغانلار بىرمۇنچە ھېساب-كىتابلاردىن

كېيىن ئازغىنا پۇلنى كۆتۈرۈپ، سالپايغان ھالدا قايتىدىغان ئىشلار كۆپىيىپ بارماقتا ئىدى. بوۋاي ئەنە شۇنداق ئىشلارغا بىرقانچە قېتىم ئۇچراپ، تۆككەن تەرىگە لايىق بىر نەرسىگە ئىگە بولالمىغاندىن كېيىن ئاخىرى يالغۇز جېنىنى ئېلىپ يۇرتتىن چىقىپ كېتىش قارارىغا كەلدى. ئۇ ياش بولغان بولسىدى، ھەممىگە چىداپ تىرىشىپ باققانمۇ بولاتتى. ئەمما ئۇ قېرىدى، بېلى مۈكچىيىپ، بىلىكىدىن ماغدۇر كەتتى. خوتۇنىدىن، ئوغلىدىن ئايرىلدى. كىچىككىنە باغلىق ھويلىسىنىڭ ھۆددىسىدىن ئاران چىقىۋاتقاندا، يەر ھۆددىسى بىلەن تۈگىمەس ھاشارلارغا ئۇنىڭ دەرمانى يەتمەيتتى. ئاخىرى ئۇ يېرىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىپ شەھەرگە ئىش ئىزدەپ كەلدى. ئۇ كەلگىلىمۇ بىرەر ئاي بولاي دەپ قالدى. باشتا ئۇ «مەدىكار» بولۇپ ئىشلىمەكچى بولدى، بىراق «مەدىكار» ئالغۇچىلار ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويۇشمىدى. كىممۇ 70 ياشلارغا يېقىنلاپ قالغان بوۋاينى ئىشقا سالسۇن، دەيسىز... كېيىن ئۇ خەقلەرنىڭ ئىشىكىگە ئىش ئىزدەپ بېرىپ باقتى، لېكىن بۇمۇ بولمىدى. ئاخىرى بوۋاي مۇشۇ يولغا كىرىپ قالدى.

ئۇ، كېچىلىرى باغچىنىڭ ئىچىدىكى ئورۇندۇقلارنىڭ بىرەرسىدە ئۇخلايتتى. باغچىغا قارايدىغانلار ئۇنىڭ ئەھۋالىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ كارى بولماس بولدى. بوۋاي خۇدانىڭ ئۆزىنى ئىتتىكرەك ئۆز دەرگاھىغا ئېلىپ كېتىشىنى كۈتكەن ھالدا كۈنلەرنى ئۆتكۈزمەكتە ئىدى. بەزىدە ئۇ شەھەر كوچىلىرىدا ئاندا-ساندا ئۇچراپ قالىدىغان يۇرتداشلىرىنى كۆرۈپ قالغان چاغلىرىدا نومۇس قىلىپ ئۆزىنى چەتكە ئالاتتى، يۇرتىنى، قىزلىرىنى سېغىنىپ كۆزلىرىگە ياش ئالاتتى، يېزىغا قايتىپ كەتمەكچى بولاتتى. بىراق ئۇنى كىم باقىدۇ؟ قىزلىرىنىڭ ئۆيىگە بارسۇنمۇ؟ قىزلىرى ئۇنى بىر ئاي باقار، ئىككى ئايمۇ باقار، ئۇنىڭدىن كېيىنچۇ؟ ئەرلىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ-تالىشىپ قېلىشى، ئۇنىڭغا دوق قىلىشى تۇرغان گەپ. ئۇنىڭدىن كۆرە مانا مۇشۇ يەردە - ئۇنى ھېچكىم تونۇمايدىغان ياقا يۇرتتا خۇدا جېنىنى ئالغۇچە تىلەمچىلىك قىلغىنى تۈزۈك. بىر كۈن ئۆمۈر بەرگەن خۇدا بىر كۈنلۈك رىزقىنى كەم قىلماس... بوۋاي مانا شۇنداق خىياللار بىلەن شەھەردە بىر ئاينى ئۆتكۈزگەنىدى. بۇ يەردە ئۇنىڭ بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمايتتى. ئېتىزغا چىق، ئوغۇت توك، ھاشارغا بار، قۇرت تەر... دەپ كۆزىگە كىرىۋالمايتتى، دۈشكەلىمەيتتى. بوۋاي تەقدىرگە ھەيران ئىدى. بىلىكىدە كۈچ - ماغدۇرى بار ياشلىق ۋاقىتلىرىدا ئۇ شەھەرگە كېلىپ بىر كۈن تۇرۇپ قالمىغان. مانا ھازىر قېرىپ بىر پۇتى گۆرگە ساڭگىلىغاندا شەھەردە بىر ئاي تۇرۇپ قالدى...

بوۋاينىڭ قورسىقى كولدۇرلاپ كەتتى، ئۇنىڭ قورسىقى ئاچ بولۇپ، ئەتىگەندىن بېرى ئاغزىغا بىر نېمە سالمىغانىدى. ئۇ ماغدۇرسىز بەدىنىنى كۆتۈرۈپ ئورنىدىن تۇردى. خۇدادىن رىزقىنى تىلەپ، شەھەرنى ئايلىنىپ باقماقچى بولدى.

چىڭقى چۈش. ئاپتاپ ئاسفالت يوللارنى كۆيدۈرەتتى. پۈتكۈل شەھەر ئوتتەك قىزىپ كەتكەنىدى. بوۋاي ئىككى-ئۈچ ئاشخانىنىڭ ئالدىغا بېرىپ باقتى. «كېيىن كەلسىلە» دەپ سىلكىۋەتتى ئاشپەزلەر. ئۇلار ئۇنىڭ مەينەت ئۈستىبېشىدىن خېرىدارلىرىنىڭ يىرگىنىپ كېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىشەتتى. ئىسسىق بوۋاينى ئىسكەنجىگە ئالماقتا ئىدى، بېشى قېيىپ، كۆزلىرى تورلىشىۋاتاتتى. ئۇ، سەندىرەكلەپ مېڭىپ شەھەر مەركىزىگە كېلىپ قالغىنىنىمۇ سەزمەي قالدى. ئۇدۇلدىكى كىنوخانا ئالدىدا ئادەملەر مىغىلداپ كەتكەنىدى.

ئۇ، كىنوخانا ئالدىدا تۇرماقچى بولۇپ ماشىنا-پىكاپلار ئۈزۈلمەي ئۆتۈشۈپ تۇرغان يولدىن ئۆتۈشكە تەمشەلدى. ئەگەر يول ئۈستىدىكى بىر نەرسە بوۋاينىڭ دىققىتىنى تارتمىغاندا ئۇ بەلكىم يولدىن بىخەتەر ئۆتۈپ كەتكەنمۇ بولاتتى. لېكىن بوۋاي يول ئۈستىدە - ئۆزىدىن ئىككى مېتىر نېرىدا بىر يۈەنلىك قەغەز پۇلدىن بىرنى كۆرۈپ قالدى. ئۇنىڭ قورسىقى بەكمۇ ئېچىپ كەتكەنىدى. بوۋاي يان، بەللىرىدىن غۇيۇلداپ ئۆتۈۋاتقان ماشىنىلارغىمۇ دىققەت قىلماستىن، بېرىپ يەرگە ئېڭىشىۋاتقاندا كۆك رەڭلىك بىر پىكاپ بوۋاينى سوقۇپ ئۆلگۈردى. «مەن ئۇچۇپ كېتىۋاتىمەنغۇ، ئېھتىمال ئاللا ئىگەم مېنى چاقىرىۋاتقان بولسا كېرەك» دەپ ئويلىدى بوۋاي ماشىنا ئالدىدىن قاڭقىپ چىقىپ ھاۋادا ئۇچۇۋاتقاندا...

بوۋاي كۆزلىرىنى يۇمۇپ تۈگۈلۈپ ياتاتتى. يېرىلغان بېشىدىن ئاققان قان ساقال-بۇرۇتلىرىنى بويىغانىدى. كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچىلىك يۈز بەرگەن ۋەقەدىن ئېسىنى يوقاتقان سېمىز، ياش شوپۇر پىكاپتىن چۈشۈپ، بوۋاينىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ بارغاندا بوۋاينىڭ ئاقىرىپ گەز باغلاپ كەتكەن كالپۇكلىرى نېمىنىدۇر دېمەكچى بولغاندەك قىمىرلاپ قالدى. كىشىلەر ھەش-پەش دېگۈچە بوۋاينى ئورىۋالدى.

- ئۇنى دەرھال دوختۇرغا ئاپىرايلى، بىچارە، قېرىغان كىشى ئىكەن...

- بۇ يېشىدا ئۆيىدە ئولتۇرماي نېمە قىلىدىغان بولغىيدى يولدا...

قولىدا ۋەلىسىپىت يېتىلىۋالغان ئوتتۇرا ياشلاردىكى بىر ئايال كىشىلەرگە چۈشەندۈردى:

- قاراپ تۇرسام، يولدىكى قانداقتۇر بىر نېمىنى ئالىمەن، دەپ پىكاپقا سوقۇلۇپ كەتتى.

كىشىلەر بوۋاينى يەردىن كۆتۈرۈپ پىكاپقا سېلىۋاتقاندا بوۋاينىڭ ساڭگىلاپ قالغان قولىدىن پۇل يەرگە چۈشتى. مىجىلغان، رەڭگى ئۆڭۈپ كەتكەن بىر يۈەنلىك پۇل بەكمۇ كونىراپ كەتكەنىدى...

1998-يىل 10-ئىيۇل، قەشقەر

---

ئاپتور: قەشقەر ۋىلايەتلىك دۆلەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ خادىمى (M1)



# ئۆر توقماق

— شۇ ناملىق چۆچەك ئاساسىدا ئۆزگەرتىپ يېزىلدى

(ھېكايە)

**ئۆمەر ئابدۇللا**

بوۋاي تولىمۇ يېنىكلىك قىلىپ «تىللا تېزەكلەيدىغان ئېشەك» بىلەن «ئېچىلىك داستىخان» دىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن بەك ھەسرەتلەندى. ئەمما، بۇ ساددا بوۋاي ئاشۇ قىممەتلىك نەرسىلەردىن نېمە ئۈچۈن ئايرىلىپ قالغانلىقى ھەققىدە ئويلانماستىن ، بەلكى يەنە ياخشىلىق تىلەپ شاھزادىنىڭ ئالدىغا بېرىش -بارماسلىق ھەققىدە قاتتىق ئويلاندى. ئاخىرى بۇ نامرات، بىچارە بوۋاي «مەرتەم -مەرتەم ئۈچ مەرتەم» دېگەن ھېكمەتنى تەمەخورلۇقىمۇ ئىشلىتىپ، شاھزادىنىڭ ئالدىغا 3-قېتىم باردى.

بوۋاي «ئېچىلىك داستىخان» دىنمۇ ئايرىلىپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ، باش كۆتۈرەلمەي قول باغلاپ تۇردى. شاھزادە ئەلەم بىلەن باش چايقىدى:

— خەير بوۋا، ئاخىرقى قېتىملىق ھەدىيەم بولسۇن، ئوبدان قوغداپ، ياخشى ئاسراپ ئىشلەتسىلە.

شاھزادە شۇنداق دەپ بوۋايغا بىر كالتەك بەردى.

— بوۋا، — دېدى شاھزادە، — بۇ خاسىيەتلىك كالتەك، ئىسمى «ئۆرتوقماق». باشلىرىغا كۈن چۈشكەندە، ناھەقچىلىككە ئۇچرىغاندا: «ئۆر توقمىقىم، ئۆر» دېسىلە، بۇ توقماق ئۆزلىكىدىن ھەرىكەتكە كېلىپ رەزىللەرنىڭ ئەدىبىنى بېرىدۇ.

بوۋاي كۆپ رەھمەت — ھەشقاللا بىلەن توقماقنى ئېلىپ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. توقماقنىڭ خاسىيىتىدىن سۆيۈنۈپ، قايسى زالىمنىڭ ئەدىبىنى قانداق بېرىش ھەققىدە ئۆز ئۆزىدىن ئۆزۈن خىياللارنى سۈردى. يېرىم يولغا كەلگەندە، ھەرقېتىمقىدەك قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتىپ، ھېلىقى تۆگمەندە قونۇپ قالماقچى بولدى.

— ۋاي، كەلسىلە ئاكا، — تۆگمەنچى بوۋاينى كۆرۈپ خۇشاللىقىدىن قىلىدىغان قىلىق تاپالماي قالدى، — ئۇزاق بولدى، كۆرۈنمەيدىلا، نەگە بېرىپ، نەدىن كېلىشلىرى؟

— تۇرمۇش غېمى، — دېدى بوۋاي ئۆز خۇشاللىقىنى يوشۇرالماي — ئامىتىنى سۆزلىگۈسى كېلىپ، — نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان يوقسۇللۇقتا ياشاپتۇق، ئەمدى بولسىمۇ كۈننىڭ سېرىقىنى

كۆرەرمىز.

توگمەنچى بوۋاينىڭ سۆزلىرىنى ھېرىسمەنلىك بىلەن ئاڭلاپ ئولتۇردى.

— ئەمدى يېتىپ قالاي، — دېدى بوۋاي بىر چاغدا ئۇيقۇسى كېلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، — توگمەنچى ئۇستام، سىلىگە بىر ئامانەت بار ئىدى، ئوبدان ساقلاپ بەرگەن بولسىلا.

— خوش.

بوۋاي توقماقنى چىقاردى:

— بۇ بىر خاسىيەتلىك توقماق، سىلى ھەرگىزمۇ: «ئۇر توقمىقىم، ئۇر» دەپ سالمىسىلا.

— ماقۇل، غوجام.

بوۋاي يەنە بىردەمدىلا خاتىرجەم ھالدا شېرىن ئۇيقۇغا كەتتى. بەلكىم ئاجايىپ تاتلىق چۈشلەرنى كۆردى بولغاي. بىر چاغدا بوۋاي غەيرىي ئاۋازلاردىن چۆچۈپ ئويغىنىپ شۇنى كۆردىكى، توگمەنچى بىر نەچچە قول چوماقچىلىرى بىلەن توقماقنى قانداق سىناش توغرىلىق تالاش-تارتىش قىلىۋاتقانىكەن. بۇنى كۆرگەن بوۋاي قاتتىق غەزەپلەندى:

— ھۇ، نائەھلى توگمەنچى، قارانىيەت خىيانەتچى، مەن سېنى توقماقنى چېقىلما ،دېسەم. . . ئەمدى ساڭا ئامانەتكە خىيانەت قىلىشنىڭ تەمىنى تېتىتىپ قويمىسام. . . ئەكەل توقماقنى!

بوۋاي شۇنداق دەپ توگمەنچىگە ئېتىلدى. ۋىجىك توگمەنچى بوۋاينىڭ قاۋۇل بەستىگە ۋە غەزەپكە تولغان ئەلپازىغا قاراپ تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى بولغاي، توقماققا بۇيرۇق قىلدى:

— ئۇر توقمىقىم، ئۇر!

توقماق بىردىنلا ئۇزىراپ ھەرىكەتكە كەلدى ۋە بوۋاينىڭ بېشىدا قۇيۇندەك پىرقىراپ، باش-كۆزىگە ئايىماي سىلىشقا باشلىدى. توقماق شۇنداق قاتتىق، شۇنداق دەل تېگەتتىكى، ھەر قېتىم تەگكەندە بوۋاي جېنى چىقىپ كېتىۋاتقاندەك ئاچچىق چىرقىراپ كېتەتتى. شۇنداق قىلىپ بىردەمدىلا بوۋاينىڭ ئاللا-تۇۋىسى چىقتى. بوۋاي زەئىپ ئاۋازدا قارغاپ كەتتى:

— ھەي شاھزادە. . . ۋايىيەي. . . ياق، ھۇ، تولڭ قاغا، ماڭا قانداق توقماق بەردىڭ-ھە؟ مېنىڭ تۇرۇپ مېنى ئۇرۇدىغان قانداق توقماق بۇ؟ سەن مېنى ئەخمەق قىپسەن ،تولڭ قاغا. سەن تولڭ قاغىنىڭ نىيىتىڭنىڭ يامانلىقىنى بىلگەن بولسام، ھېلىقى چاغدىلا بوينۇڭنى بوغۇپ غىققىدىلا قىلىپ قوياركەنمەن. ۋايىيەي، خەپ، خەپ. . .

بوۋاينىڭ قاقشاشلىرى ئاخىرلاشمايلا، قويۇق تۇمان پەيدا بولۇپ توگمەنچىنى ئورىۋالدى. بوۋاي بۇنىڭغا ھەيران بولۇپ تۇرغاندا ،تۇمان تارقاپ توگمەنچى شاھزادە سۈپەت بىر يىگىتكە ئايلاندى. بۇنى كۆرۈپ بوۋاي تېخىمۇ ھەيران قالدى.

بۇ يىگىت - ھېلىقى شاھزادە ئىدى. شاھزادىنىڭ چىرايى ئەمدى جەددىي تۈس ئالغان بولۇپ، چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىدىن غەزەپ يېغىپ تۇراتتى.

— ئەي، ئەخمەق بوۋاي، بۇ جازا ساڭا ھەق!— دېدى شاھزادە.


— نېمە؟ — دېدى بوۋاي چۆچۈپ، — مەن نېمە گۇناھ قىلدىم؟

— گۇناھىڭ كۆپ! — دېدى شاھزادە جاراڭلىق ئاۋازدا، — سېنىڭ ئەخمەقلىقىڭ، ئەقىلسىزلارچە ساددىلىقىڭ، ساراڭلارچە تۈزلۈكىڭ، گۇمۇشلەرچە ئاقكۆڭۈللۈكىڭ — ھەممىسى گۇناھىڭ. ئەگەر شۇنداق بولمىسا، سەن مۇنداق ئاقىۋەتكە قالمىغان بولار ئىدىڭ. مەن سېنى سىناش ئۈچۈن توگمەنچى سىياقىغا كىرىپ، ھەر قېتىم سېنى بۇ يەردە كۈتۈۋېلىپ ئالدىدىم. سەن بولساڭ ئاسانلا ئالدىنىپ قالىدىكەنسەن. ئەي بوۋاي، سەن نېمانچە نادان، گۇناھكار-ھە! ئەگەر سەن نادان - ئەقىلسىز بولمىساڭ، نېمىشقا شۇنچە قىممەتلىك نەرسەڭنى خەققە بېرىپ ئۆزۈڭ خاتىرجەم، بىغەم ئۇخلايسەن؟ ئەقەللىيسى، ئۆزۈڭدە قىممەتلىك نەرسىنىڭ بارلىقىنى، ھەتتا خاسىيىتىنى، سېھرىنى خەق سورىمىسىمۇ ئاشكارا قىلىسەن؟ خەق سېنىڭ ئامانىتىڭگە قايتا-قايتا خىيانەت قىلسا، سەن داۋالىشىپ ئۇنىڭ جاجىسىنى بېرىپ، قىممەتلىك نەرسەڭنى قايتۇرۇۋالماقتا يوق، تېخى يەنە ئامانەت قويىسەن؟ جاھاندا سەندەك بۇ قەدەر بىچارە، ئەخمەق ئادەم بارمىدۇ؟ قارا سېنىڭ دۆتلىكىڭنى، ھەر قېتىمدىلا گۇمۇشلەرچە ئۇخلاپ كېتىسەن. دۆت بولمىساڭ قايتا-قايتا بۇرنۇڭغا يېگەن ئادەم شۇنچىۋالا شېرىن ئۇخلاپ كەتمىگەن بولاتتىڭ. سەن ھەقىقەتەن نەپسىڭ ئەقلىڭگە مىنىۋالغان ئادەمكەنسەن. بولمىسا نېمىشقا ھەر قېتىم قىممەتلىك نەرسەڭنى ئەل-جامائەتكە كۆرسەتكىچە ، بەگىنىمۇ ئالاھىدە تەكلىپ قىلىپ، شۇنچىۋالا قىپكېتىسەن. بەگ قانداق ئادەم ئىدى؟ سىلەرنى ئەزگەن، قۇل قىلغان، يوقسۇللۇق-نامراتلىقتا قويغان قانخور ئىدى. ئەمما، سەن ئاشۇ قىممەتلىك نەرسىلىرىڭنى بەگكە كۆرسىتىپ، بەگنىڭ ئېلتىپاتىغا - بىر نەچچە ئېغىز ياغلىما گېپىگە ئېرىشمەكچى بولدۇڭ. . . ئەي بىچارە ئادەم، سەن نېمانچە نادان-ھە! ئەمدى ئويلىسام، ئاشۇ دۇمبالار ساڭا ھەق ئىكەن. تېخى ئاز بوپقاپتۇ. سېنىڭدەك ئەخمەق، دۆت، بىغەم ئادەملەرگە ياخشىلىق ياراشمايدىكەن. سەن يوقسۇللۇقنىڭ، ناھەقچىلىقنىڭ، دەپسەندە قىلىنىشنىڭ دەردىنى يەنىمۇ تارتىپ باقساڭ بولغىدەك. خەير، ساراڭ بوۋاي، ئەقلىڭنى تاپ!

شاھزادە ئەنە شۇنداق ھەقىقەتكە باي ئاچچىق سۆزلەرنى قىلغاندىن كېيىن، قاغىغا ئايلىنىپ ئۇچۇپ كەتتى. بوۋاي بولسا، ئۆزىنىڭ گۇناھىغا قانداقلارچە چوڭقۇر پاتقانلىقىنى بىلمەي ئاللىقاچان ھوشىدىن كەتكەنىدى.

غەيرىي رەسمىي تارىخلاردىن مەلۇم بولۇشىچە ، بوۋاي ھېلىقى جىگدە دەرىخى تۈۋىدە قاغا شاھزادىنى قايتا قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن يالغان ئۆلۈك بولۇپ ياتارمىش.

ئاپتور: پىچان ناھىيە تۇيۇق يېزا مەركىزىي مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى (M1)



# تىرىلىش

(نەسىر)

ئاتاۋۇللا تۇرسۇنتوختى

ئەسلىدە ئاغزىم مورا، چىرايىم قازان بولۇپ يارالغان بولسا بوپتىكەن. لېكىن ئۇنداق بولماي دۇنيادىكى بارلىق ئادەملەرگە ئوخشاشلا يارىلىپ قالغىنىم مەن ئۈچۈن تولىمۇ بىر خۇشاللىق ھەم ئازابلىق بىرئىش بولدى. خۇشال بولۇشۇم باشقىلارغا ئوخشاش ئادەم بولۇپ يارالغانلىقىمدىن بولسا، ئازابلىنىشىم ـ باشقىلاردەك ئادەملەرچە يارالمىغانلىقىمدىن، ياشىيالمىغانلىقىمدىن بولىۋاتاتتى. چۈنكى قەلب ئالىمىگە ئوت كېتىپ، دەھشەت بىلەن كۆيدۈرۈۋاتقان بولسىمۇ تىنىقىمدىن زەررىچە ئىس چىقالمىدى؛ يۈرىكىم ئاشۇ قەلب ئوچاقلىرىمدا پاراقشىپ قايناۋاتقان بولسىمۇ چىراي قازىنىم مىتمۇ قىلمىدى، قىلالمىدى. قازاننىڭ ئاستى ئوت، ئۈستى مۇزدەك، قازاننىڭ ئاستى قاپقارا، ئۈستى پارقىراق. . .

مانا، ئوت ئىچىمدە ـ قاچالمايمەن؛ يالقۇندا كاۋاپ بولسامۇ ۋايجانلاپ ئاھ ئۇرالمايمەن. بوغۇ مەيلى، لېكىن جاندىن ئۆتكىدەك ئازابنىڭ شۇ ئوتتىن ئىكەنلىكىنى سېزىپ تۇرسامۇ، ھەممىنى تەگ-تېگىدىن بىلىپ تۇرسامۇ ھەممىنى ئۇقماسقا سېلىۋالىمەن، قىسقىسى بۇلارنى چىرايىمدا ئىپادىلەشكىمۇ قادىر بولالمايمەن. بەلكىم كۈلۈپ تۇرىمەن، خۇشخۇي تۇرىمەن، شۇنداق كۆرۈنىمەن!

ياپىرىم! ئوت ئوتقا ئامراقمۇ نېمە؟ ئىچىمدىكى ئوت ئازكەلگەندەك ئەتراپىمغىمۇ ئوت تۇتاشتى؛ ئالەمگە ئوت كەتتى. . . كىچىككىنە تېنىم شۇنچە كەڭ جاھانغا سىغمىغاندەك، نازۇك جىسمىم پۈتكۈل دۇنيانىڭ غەزىپىگە يولۇققاندەك، گۇناھكار بەدىنىم ئىچى ـ تېشىدىن تەڭلا كۆيۈشكە باشلىدى. مانا، كۆيدۈم، كۆيۈپ تۈگەشتىم. ئەمدى تولۇق تۈگىدىم! يالقۇنغا ئايلاندىم. . . ئەپسۇس، يالقۇنغا ئايلانغىنى يەنىلا تىنىقىم ئەمەس، پەقەتلا تېنىم ئىدى. . . مەن ئۆلگەندەكلا تۇرىمەن، دائىم شۇنداق كۆرۈنىمەن، بەلكىم ئاللىبۇرۇنلا ئۆلگەندىمەن. مۇشۇنداق پەيتتە ھايات نېمىدېگەن تاتلىق-ھە!؟ مەن گۇمان بىلەن ، يەنە ئۈمىد ـ ئارمان بىلەن ئۆلگەن ـ ئۆلمىگەنلىكىمنى سىناپ كۆرمەكچى بولدۇم. يا، پەلەك! مانا بۇلارنى ئويلاۋاتىمەنغۇ؟ بۇ تېخىچە ھاياتلىقىمدىن بىشارەت ئەمەسمۇ؟! ياق، ياق! مەن ئاللىقاچان ئۆلگەن، تۈگەشكەن. . . چۈنكى بۇ ھالەتتە ئويلاش، خىيال قىلىشنىڭ گۆردىكى قۇرۇق جەسەتتىن نېمە پەرقى بار؟! جەسەت ئويلىيالمايدۇ-ياتىدۇ، مەن ئويلىيالايمەن، ئەپسۇس ئوخشاشلا ياتىمەن، ھەتتا ئويلىماستىن ياتىمەن؛ يېتىپ ئويلايمەن؛ قوپۇپ ئۇخلايمەن. قايسىسى يېتىشىم، قايسىسى تۇرۇشۇم ـ بۇنى ئۇقمايمەن. شۇ ۋەجىدىن ئاللىقاچان ئۆلگەنمەن؛ ھايات تۇرۇپ ھاياتىدىن ئايرىلغان، بىراقلا ئۆزىنى تۈگەشتۈرگەن بەندىمەن. . . شۇنداقتىمۇ ھاياتلىق ئالىمىنى كىممۇ خالىمىسۇن؟ شۇڭا مەن قوپال بارماقلىرىم بىلەن كۆيۈك بەدىنىمنى قاتتىق ـ قاتتىق چىمداپ كۆردۈم، تىرىك ياكى ئۆلۈكلىكىمنى سىناپ كۆردۈم. ئەييۇھەنناس! ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلىشنىڭ ئازابى نېمىدېگەن يامان-ھە!؟ دەرۋەقە، مەن ھايات ئىكەنمەن. ئىچىم ۋە تېشىمنى تەڭلا كۆيدۈرگەن دەھشەتلىك ئوتنىڭ يۇلۇن ھەم سۆڭەكلىرىمنى قورۇشلىرىنىڭ دەھشەتلىك ئازابلىرىغىمۇ غىڭ قىلمىغان مەندەك بىر ئىنسان ، ئۆزۈمنى ئۆزۈم شۇنچىلىك بىر چىمداپ قويۇشۇم

بىلەن «ۋايجان!» دەپ ۋارقىراپ سالدىم. دېمەك مەن «ۋايجان» دەپ تىرىلدىم. ئەپسۇس، مەن ۋايجانغا تىرىلگەنمۇ؟! ۋە بەزىدە مۇشۇ ۋايجاننىمۇ دېيەلمەسكە تىرىلگەنمۇ؟!...

بۇ، ئوڭۇممۇ-چۈشۈممۇ؟ بۇنى بىلەلمىدىم. ھەرھالدا خۇداغا شۈكۈر، ئاخىرى چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتكەندەك بولدۇم. بۇنى چۈش، دەپ ھېسابلىغىلى بولغىدىدا، ئۇنىڭ مەڭگۈلۈك بولمىغان، پەقەت ئويغىنىش ئالدىدىكى قىسقىغىنە غەپلەتلىك چۈش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يەتتىم. شۇنىڭ بىلەن ئۆزۈمنىڭمۇ بۇدۇنيادا باشقىلارغا ئوخشاشلا بىر ئۆلۈش رىسقىم بارلىقىنى تونۇپ يەتتىم-دە، ئورنۇمدىن دەس تۇرۇپ كەتتىم. خىيالىم ھەم ھەرىكىتىم بىلەن يۈزۈمدىكى ئىسلارنى ھەيدەپ، مېڭەمنى سەگەكلەشتۈردۈم، ھايات ھېكمەتلىرى بىلەن ياسالغان دورا ئارقىلىق تېنىمدىكى كۆيۈكلەرنى ساقايتىپ، ھەرىكەت سۇلىرى بىلەن يۇيۇنۇپ بەدىنىمنى پاكلىدىم-دە، ئىچىمدىكى ئوتلارنىڭ ئۆچۈۋاتقانلىقى ۋە يۈرىكىمگە باشقىچە بىر ئوت تۇتۇشۇپ، جىسمىمغىمۇ باشقىدىن بىر جان كىرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئەپسۇس، بۇنىڭ بىلەن ئوتتىن قاچمىدىم، تېشىمدىكى، ئەتراپىمدىكى ئوتقا ئۆزۈمنى قايتىدىن ئاتتىم، مېنى كۆيدۈرگەن، ئازابلىغان بۇ كۈچلۈك ئوت نېمە ئۈچۈندۇر مەندىن قاچقاندەك، بىكاردىن بىكارغا مېنى كۆيدۈرۈشتىن ئېھتىيات قىلغاندەك مەندىن سۈرۈلۈشكە باشلىدى...

توۋا، ئويقىدا چۈش كۆپ بولىدىكەن، دەھشەتلىك بولىدىكەن ئەمەسمۇ؟! چۈشەندىم: ئاقىللارنىڭ ئويقۇ يېرىم ئۆلۈم، دېگىنى مۇشۇ ئىكەن-دە؟

مېنىڭچە ئويقۇ، بولۇپمۇ ئويغاق تۇرۇپ ئۇخلىغان ئويقۇ - پۈتۈن ئۆلۈم، دەھشەتلىك ئۆلۈم، مەنىسىز ئۆلۈم...

دورۇس، ئەمدى مەن ئۇنداق ئۇخلىمايمەن. چۈنكى مەن ئويغاندىم - تىرىلدىم! تىرىكلىك بىلەن ئادەم بولۇپ بولۇپ بىلىندىم. شۇڭا مەن مۇشۇ مىنۇتتىن باشلاپ ھايات ئادەمدەك ياشايمەن، ئويغاق تۇرۇپ ئۇخلىۋالمايمەن، ھايات تۇرۇپ ئۇنداق ئۆلۈۋالمايمەن، بۇرۇنقى ئۆلۈمىمنى بۇ تىرىكلىكىم بىلەن تولدۇرىمەن...

---

ئاپتور: شىنجاڭ كونتوچىلىك - مولازىمەت تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى(M2)

## «بۇ چۈش ئەمەس»ناملىق تېلېۋىزىيە فىلمى سۈرەتكە ئېلىندى

ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ مۇنەۋۋەر ۋەكىلى، تالانتلىق يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەن يەنە بىر نادىر ھېكايىسى «بۇ چۈش ئەمەس» ياش سېنارىست ئۆمەر قادىر بىلەن تونۇلۇۋاتقان ياش رېژىسسور شېرزات ياقۇپنىڭ ھەمكارلىشىپ سېنارىيىلەشتۇرۇشى، شېرزات ياقۇپنىڭ رېژىسسورلۇقى، مەخمۇتجان مۇھەممەتنىڭ 100مىڭ يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ سېلىشى بىلەن يېقىندا غۇلجىدا سۈرەتكە ئېلىنىپ بولدى.

«تەڭرىتاغ» كىنو ستۇدىيىسى بىلەن «ھايات كۆيلىرى» ئۈن-سىن مەركىزى ھەمكارلىشىپ ئىشلىگەن بۇ فىلىمدە خىلۋەت سەھرادىكى ياقا يۇرتلۇق ئاقكۆڭۈل يىگىت توختىنىڭ ھالال ئەمگەك ئارقىلىق بېيىپ ئەل - جامائەتنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەنلىكى ھەمدە بۇ سەھرادىكى گۈزەل قىز گۈلشەن بىلەن مۇھەببەت باغلاپ، توي قىلىشقا ۋەدىلەشكەنلىكى، شۇنداق كۈنلەردە گۈلشەننىڭ ئىچى تار، ھەسەتخور، مۇتەئەسسىپ ئۈچ ئاكىسىنىڭ توختىنى ياقا يۇرتلۇق دەپ يەكلەپ، كەمسىتىپ، قاتتىق ئۇرۇپ ئۇنى بۇ يېزىنى ۋە گۈلشەننى تاشلاپ كېتىشكە مەجبۇرلىغانلىقى، ئاخىرى گۈلشەننىڭ ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپ ئۆلۈۋالغانلىقى، گۈلشەننىڭ ئۈچ ئاكىسىنىڭمۇ ھۆرۈنلۈك، تەمەخورلۇق، بەتنىيەتلىكنىڭ دەستىدىن خانىۋەيران بولغانلىقىدەك ۋەقەلىك ئۆتكۈر توقۇنۇش، روشەن مىللىي ئالاھىدىلىك، لىرىك ھېسسىيات ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن. فىلىم تەبىئەت مەنزىرىسى بىلەن گىرەلەشتۈرۈلگەن، ۋەقەلىكى جىددىي، ئەگرى-توقاي بولۇپ، كىشىلىك جەمئىيەتتىكى گۈزەللىك ۋە خۇنۈكلۈك روشەن سېلىشتۇرما قىلىنغان.

بىلىشىمىزچە، مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ بۇ ھېكايىسى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قېرىنداش مىللەتلەر تىللىرىغا ۋە خەنزۇ، ئىنگلىز تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ ئېلان قىلىنغان.

- ئابدۇرېشىت غېنى(M2)



# قارا باسقان كېچە

(فېليەتون)

روزىمۇھەممەت مۇتەللىپ

مۇشۇكنىڭ تېز سۈرئەتتە يوقىلىشىغا ئەگىشىپ چاشقانلار شىددەت بىلەن كۆپەيدى. يېقىنقى كۈنلەردىن بىرى مەن ياتقان ياتاقتىكى سۇپىنىڭ ئاستىنى چاشقانلار كولاپ ئوڭدا-دۈمدە قىلىۋەتتى. كېچىسى يەرنىڭ تېگىدىن چاشقانلارنىڭ «تورت-تورت» قىلغان ئاۋازى ھەم كىتاب چاۋىنى، ئۈستەللەردىن كىتىرلىغان ئاۋازلار تولا ئاڭلىنىپ، ئۆز گۆشۈمنى ئۆزۈم يېگۈدەك جىلە بوپكەتتىم. دەسلەپكى مەزگىللەردە چاشقان دورىسى قويسام بىر ئاز جىمىقاندەك قىلغان. كېيىنچە ئۇلار چاشقان دورىسىنى پەقەت يېمەيدىغان بولدى. كىيىم-كېچەك، يوتقان - كۆرپىلىرىمنىڭ چاشقان يېمىگەنلىرى ناھايىتى ئاز قالدى. كىتابلىرىمنىڭ بۇرجەكلىرىنىمۇ يۇمىلاقلاپ قويۇشتى. كىچىك چېغىمدا مومام دائىم: «ئېھتىيات قىلمىساڭ چاشقانلار پېيىڭنى قىرقىۋېتىدۇ» دەيدىغان. ھازىر مەن يوتقاندىن پۇتۇمنىمۇ يۈرەكلىك چىقىرىپ ياتالمايدىغان .بوپقالدىم.

چاشقان ئۆزى كىچىك بولغىنى بىلەن ، نەپسى ھەقىقەتەن يامان نېمىكەن. ئۇلار دۇنيادىكى ئەڭ ئېسىل، يېيىشلىك نەرسىلەردىن تارتىپ ئەڭ سېسىق، ئىپلاس-چىركىن نەرسىلەرگە قەدەر ھەممىنى قارا-قويۇق يەۋېرىدىكەن. ئېھتىمال، تولا يېگەنلىكىدىن بولسا كېرەك، كۆپىيىشىمۇ بەك تېز ئىكەن.

ھازىر ئىنسانلار بىلەن چاشقانلار كەسكىن ئوزۇق تالىشىش جېڭىگە چۈشتى. ئىنسانلار تىقىۋاتقان ، يوشۇرۇۋاتقان، چاشقانلار تېپىۋاتقان، ئوغرىلاۋاتقان.

ئېتىزلاردىكى بۇغداي-قوناق، قوغۇن-تاۋۇزلار-نىڭ، يەل-يېمىش، ھەتتا پاختا-بىدىلەرنىڭ چاشقانلاردىن ئاشقىنى ئىنسانلارغا قالىدۇ. گەرچە ئىنسانلار چاشقانلار يەپ قويغان نەرسىلەرنى يېسە قاپىقى تارتىدىغان، قورسىقى ئاغرىپ، قۇسقۇسى كېلىدىغان بوپقالغىنى بىلەن، چاشقانلار پاكىزلىققا ئۇنچىۋالا ئەھمىيەت بەرمىگەچكە، ئالدىغا نېمە كەلسە بىمالال يەۋېرىدىكەن. يەيدىغان نەرسە تاپالمىغاندا گىلەم-كىگىز، چوكا-قوشۇق ھەتتا رادىئو-تېلېۋىزورلارنىمۇ ئاياپ ئولتۇرمايدىكەن.

ھازىرقى دەۋر رىقابەت دەۋرى. لېكىن، تەرەققىي تاپقان ئەللەر تېخنىكا رىقابىتى ئېلىپ بېرىۋاتقان بولسا، بۇ يەردىكى كىشىلەر تېخىچە چاشقانلارغا بوزەك بولۇپ يۈرمەكتە. نەچچە يىللار ئىلگىرى قولۇم-قوشنىلارنىڭ ئۆيىگە كىرسەم، يېنىمدا ئەركىلەپ يۈرگەن مۇشۇكلەرنى قۇچىقىمغا ئېلىپ ئولتۇرۇشقا ئامراق ئىدىم. مېنىڭ مۇشۇككە بۇنچە ئامراق بولۇشۇمدىكى سەۋەب، مۇشۇكنى ئەقىللىق ھەم مېھرى ئىسسىق، دەپ قارىغانلىقىمدا ئىدى. چۈنكى مۇشۇك ئەتىگەندىلا يۈز-كۆزلىرىنى يۇيۇشقا، تەرەت قىلسا ئارقىدىن كۆمۈۋېتىشكە ئادەتلەنگەن. كۆپۈنچە مۇشۇكلەر ئىگىسىدىن بىسوراق بېشىنى قاچىغا تىقمايدۇ. مۇشۇ ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن مۇشۇك ئىنسانلارنىڭ ئەڭ يېقىن پايدىلىق ھەمراھى بولۇپ كەلگەنىدى. رىۋايەتلەردە دېيىلىشىچىمۇ، پەيغەمبىرىمىز يەكتىكىنىڭ پېشىدە مۇشۇك ئۇخلاپ قالغاندا ئۇنى ئويغىتىشقا كۆزى قىيماي، يەكتىكىنىڭ پېشىنى ئاستا كېسىۋېتىپ ئورنىدىن تۇرغانىكەن.

لېكىن، ھازىر مۇشۇك ھەيران قالارلىق دەرىجىدە يوقاپ كەتتى. چاشقان دورىسى ئىشلەپچىقىرىدىغان ئورۇنلارنىڭ ئالدامچىلىق

خاراكتېرىدىكى ئېلانلىرى كارامىتىنى كۆرسەتتىمۇ ياكى باشقا سەۋەب بارمۇ ئىشقىلىپ، «بىر مۇشۇككە 300مىڭ يۈەن بېرىدىكەن، بىر سانتانا بېرىدىكەن» دېگەندەك ئەپقاچتى گەپلەر سەۋەبىدىن بەزى ئادەملەر يۇرت-مەھەللىلەرنى كېزىپ، دىيارىمىزدىكى مۇشۇكلەرنى يوق قىلدى.

ھازىر ئويلاپ باقسام، مەن مۇشۇك كۆرمىگىلى ئىككى يىلدەك بوپقاپتۇ. بەزى كىشىلەردىن ئاڭلىسام، ھېلىمۇ ئانچە-مۇنچە مۇشۇك بېقىۋاتقانلار بار ئىكەن. چۈنكى ھازىرقى چاشقانلار چاشقان دورىسى بىلەن چېقىشىپ قالغان بولغاچقا ، ئۇنى يېسىلا مۇشۇككە خەۋپ يېتىپ قالىدىكەن. شۇڭا، ئۇ كىشىلەرمۇ مۇشۇكلىرىنىڭ چاشقان تۇتۇپ يەۋېلىشىدىن قورقۇپ، قەپەزگە سولاپ بېقىۋېتىپتۇ. قىزىق، چاشقان يېسە قورسىقى ئاغرىيدىغان ھايۋاننى مۇشۇك دېگىلى بولاتتىمۇ؟

بۇنىڭدا گۇناھ كىمدە؟

ئەلۋەتتە ئۆزىمىزدە. دوستىمىزنى يوقىتىپ، دۈشمىنىمىزنى كۆپەيتىش، ئۆز ھالىمىزنى ئۆزىمىز خارابلاشتۇرۇش، بەلكىم قېنىمىزغا سىڭىپ كەتكەن ئادەتلەرنىڭ ئەڭ يامىنى بولسا كېرەك.

راست ئەمەسمۇ، چاشقاننىڭ ئىنسانلارنىڭ دۈشمىنى ئىكەنلىكىنى ھەممىمىز بەشقولدەك بىلىمىز. دۈشمىنىمىزنىڭ دۈشمىنى بولغان مۇشۇكياپىلاقنى يامان كۆرۈپ كېلىۋاتقىنىمىزغا ئۇزۇن بولدى. ھەتتا ئۇ ئەدىبلىرىمىز قەلىمىدىمۇ يامان ئادەملەرگە سىمۋول بوپكەلدى. «مۇشۇكياپىلاق بار يەر چۆل قالىدۇ» دېگەن بىمەنە گەپكە ھېلىغىچە ئىشىنىپ، ئۇنى كۆرگەن يەردە ئېتىپ، ئۆلتۈرۈپ، چاشقانلارغا تاماشا قىلىپ بەرمەكتىمىز.

قايسىدۇر بىر ماتېرىيالدا دېيىلىشىچە، بىر مۇشۇكياپىلاقنىڭ بىر يىلدا تۇتۇپ يەيدىغان چاشقانلىرى شۇ يىل ئىچىدە نەچچە مىڭ جىڭ ئاشلىققا زىيان سالىدىكەن. شۇنداق بولغاندىكىن، ئۇمۇ بىزنىڭ دوستىمىز بولۇشى كېرەك ئىدى. لېكىن، ئۇنداق بولالمىدى.

مەن ياشاۋاتقان بۇ يېزىدىكىلەر ئاساسەن دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. زىرائەتلەرنى چاشقان ئاپىتىدىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ھەر يىلى چاشقان يوقىتىش كۈنى ئۆتكۈزۈپ، ئېتىزلىقلارغا، ئۆي-ئۆگزىلەرگە زور مىقداردا چاشقان دورىسى قويىدۇ. بۇ چاشقان دورىسى بىلەن ئۇلار ئاز مىقداردا چاشقانلارنى، زور مىقداردا ئۇچار قاناتلارنى ھەتتا ئۆيدىكى قوي-كالىلىرىنىمۇ يوقىتىدۇ. ئېتىزلىقلار چاشقانلاردىن بەكرەك ئۇچار قاناتلارنىڭ ئۆلۈكى بىلەن تولۇپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە كاككۇك، تومۇچۇق، لاچىن، تۇرنا دېگەندەك ئەتىۋارلىق ۋە خۇشئاۋاز قۇشلارمۇ قەدەمدە كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ. ئاق قۇشقاچلارنىڭ بولسا ھەددى-ھېسابسىز. ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتنى بۇ قەدەر ئېغىر دەرىجىدىكى بۇلغاشلىرىغا قارىساڭ كۆڭلۈڭ يېرىم بولىدۇ. راست ئەمەسمۇ، ئىنسانلارغا زىيان سالىدىغىنى چاشقان تۇرسا، بۇ ئۆلۈپ ياتقان قۇشلاردا نېمە گۇناھ بار دەيسىز؟

بۈگۈن كېچە چۈشۈمدە قايسىدۇر بىر ژۇرنالدىن مۇنداق بىر چۆچەكنى ئوقۇغۇدەكمەن:

«بىر كۈنى بارلىق كاتتىباش چاشقانلار يىغىلىپ يىغىن چاقىرىپتۇ. يىغىن باشلانغاندا رىياسەتچى چاشقان سۆز قىلىپ مۇنداق دەپتۇ:

— قېرىنداشلار، بىز ئىلگىرى كۈچلۈك دۈشمىنىمىز مۇشۇك تەرىپىدىن چوڭ قىرغىنچىلىققا ئۇچراپ كەلگەنىدۇق. گەرچە ھازىر مۇشۇكلەر ئىنسانلار تەرىپىدىن يوقىتىلغان بولسىمۇ، لېكىن بىزگە بولغان خەۋپ يوقالغىنى يوق. دورا بىلەن تاقابىل تۇرۇش — بىزنى يوقىتىشنىڭ يەنە بىر خىل ۋەھشىي ئۇسۇلى. مۇشۇ سەۋەبتىن ھازىر بىزدە ۋاقىتسىز ئۆلۈپ كېتىۋاتقانلار كۆپ بولماقتا. شۇڭا بىز بۈگۈن يىغىن چاقىرىپ، ئىنسانلارغا قانداق تاقابىل تۇرۇش ھەم ئۆز نەسلىمىزنى قانداق قىلىپ ئاسراپ قېلىش ھەققىدە باش قاتۇرماقچى. سىلەرنىڭ ئاقىلانە پىكىر-مەسلىھەتىڭلارنى ئايىماسلىقىڭلارنى سورايمەن.

ئۇ چاشقان ئۇنى دەپ بېقىپتۇ، بۇ چاشقان بۇنى دەپ بېقىپتۇ، لېكىن ئېنىق بىر قارارغا كېلەلمەپتۇ. مۇشۇنداق پەيتتە بىر قېرى چاشقان مۇنداق بىر مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ:

— بىلىشىمچە، بىزنى يوقىتىدىغان دورىنى يېسە، ئىنسانلارنىڭ ئۆزىمۇ يوقىلىدىكەن. شۇڭا ئۆز ئۇسۇلىدا ئۆزىنى باپلاپ كۆرسەك قانداق دەيسىلەر؟

بۇ مەسلىھەت ھەممە چاشقانلارغا مايدەك يېقىپتۇ. ئۇلار قانداق قىلىش ھەققىدە بىرلىككە كېلىۋېلىپ تارقاپ كېتىپتۇ.

بۇ، ئىنسانلارنىڭ چاشقان يوقىتىش كۈنىدە ئېچىلغان يىغىن بولۇپ، شۇ كېچىسى ئېتىزلارغا، يوللارغا، ئۆي-ئۆگزىلەرگە ناھايىتى كۆپ چاشقان دورىسى قويۇلۇپتۇ. چاشقانلار بولسا، ئەسلىدىكى پىلان بويىچە قاراڭغۇدىن پايدىلىنىپ، چاشقان دورىسى قويۇلغان قەغەزلەرنى سۆرەپ يۈرۈپ ئۇن خالتىلىرىغا، قازانلارغا، چېلەكلەردىكى سۇلارغا تۆكۈشكە باشلاپتۇ. ئەتىسى ھەممە يەر ئىنسانلارنىڭ جەسەتلىرى بىلەن تولۇپ كېتىپتۇ. ئۆي-ماكانلارغا چاشقانلار بەگ-پادىشاھ بولىۋاپتۇ. ئاندا-ساندا ساقلانغان مۇشۇكلەرگە ئوخشاش ھايات قالغان ئادەملەرمۇ بارا-بارا پېيى قىرقىلىپ تۈگەپ كېتىپتۇ»

قانچىلىك تەستە ئويغانلىقىمنى بىلمەيمەن. كۆزۈمنى ئاچسام، بەلكىم چاشقانلار مەشرەپ ئويناۋاتقان بولسا كېرەك، ئۆيۈمنىڭ بۇلۇڭىدىن غەلىتە چىرقىراشقان ئاۋازلار ئاڭلاندى. مەن ھاسىراپ تەرلەپ كەتكىنىمگە قارىماي قايتىدىن يوتقانغا شۇڭغۇدۇم ۋە ئىككى پۇتۇمنى يوتقاندىن چىقىپ قالمىسۇن، دەپ چىڭ يىغىۋېلىپ ئۈنسىز نىدا قىلدىم:

«ئاھ، خۇدا، ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن!»

2000-يىل 1-يانۋار. قاراقاش-توزلۇقئوتاغ

---

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە كاۋاك يېزا توزلۇقئوتاغ ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى(M1)



# بۈگۈنكى ئۇيغۇر نەسىرچىلىكى ۋە ئەخمەت ئىمىن

باتۇر روزى

ئىلىم-پەننىڭ 20-ئەسىردىكى تەرەققىياتى تارىختىكى پۈتكۈل تەرەققىياتنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسىدىن ئېشىپ كەتكەندەك، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئەسىر ئاخىرىدىكى 20 يىللىق تەرەققىياتى ئۇنىڭ پۈتۈن بىر ئەسىرلىك تەرەققىياتىنى نەچچە قاتلىدى. بۇ گېپىمنىڭ ئاتالمىش سان ئويۇنى بىلەن ئانچە ئالاقىسى يوق. چۈنكى مېنىڭ نەزىرىمدىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ھەرگىزمۇ بوغالتىرنىڭ دەپتىرىنى ۋاراقلاپلا قويىدىغان يۈزەكى ئەمگەك ئەمەس، بەلكى ئۇ ئەدەبىيات ھادىسىلىرىنىڭ پۈتۈن بىر مىللەتنىڭ روھىيەت قۇرۇلمىسىغا قانچىلىك ئۆزگىرىش ئېلىپ كېلەلىگەنلىكى ۋە يەنە قانچىلىك ئۆزگىرىش ئېلىپ كېلەلەيدىغان يوشۇرۇن ئېنېرگىيىنى ئۆزىدە ھازىرلىغانلىقىدىن ئىبارەت ئىنتايىن نازۇك بىر مەسىلىنى سەزگۈرلۈك بىلەن بايقاشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان ئېغىر تەتقىقات ئەمەلىيىتىدىن ئىبارەت. ئەدەبىياتىمىزنىڭ مەملىكەت ئىچى ۋە خەلقئارا سەھنىلەردىكى تەسىرىنى خۇلاسىلەش ئانچە قىيىن ئەمەس. ئەگەر بۇ نۇقتىدا ئىككى قوۋۇز گەپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ دېيىلسە، مۇشۇ قىسقىغىنە 20 يىل ئىچىدە ئاز بىر قىسىم ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىنىڭ بەزى يېرىك ئەسەرلىرى خەنزۇچىغىلا ئەمەس، بەلكى چەت ئەل تىللىرىغىمۇ تەرجىمە قىلىنىپ تېگىشلىك باھالارغا ئېرىشتى. شېئىرىيەتتە قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىمىز تېخى پىروزىدا ئېرىشكەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىمىزدىن كۆپ ھالقىپ كەتتى. 1980-يىللاردا مەيدانغا كەلگەن ئۇيغۇر يېڭى شېئىرىيەت ھادىسىسى بايراقدار خەنزۇ ئەدىبلىرىنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى. بۇ، خەنزۇلارنىڭ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن كېيىن 2-قېتىم ئېتىراپ قىلىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەدەنىيەت ھادىسىلىرىگە باھا بېرىشتە باشقا مىللەتلەرنىڭ باھاسىنى ئۆلچەم قىلىۋېلىش بىر ھېسابتا ئۆزىمىزنى چۈشۈرگەنلىك بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. بىراق قەدىمىي مەدەنىيەتكە ۋە بىكىك پىسخىك قۇرۇلمىغا ئىگە بولغان، باشقا مىللەتلەرنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى ئېتىراپ قىلىشقا توغرا كەلگەندە خويمۇ سوغۇققان بولۇپ قالىدىغان خەنزۇلارنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىش ئۇنداق ئوڭاي ئىش ئەمەس. بايراقدار خەنزۇ ئەدىبلىرىدىن جۇتاۋ: «ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق ھەسرىتى ۋە غۇرۇرى» ناملىق ماقالىسىدا ئۇيغۇر ياش شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىغا باھا بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «گويا شائىر شۈي جىمۇ تۇنجى قېتىم كۆزەينەك تاقىغاندا ئاسماندا راستتىنلا نۇرغۇن چاقنىغان يۇلتۇزلارنىڭ بارلىقىنى كۆرۈپ ھاڭ-تاڭ قالغاندەك، ئۇيغۇر ياش شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىنى كۆرۈپ ھاڭ-تاڭ قالدىم... بىز ئورتاق بىر تۇپراقتا ياشاپ تۇرۇپمۇ بۇنچىۋالا كۆپ تالانتلىق ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى بىلمەپتۇق... ئۇلار يازغان شېئىرلارنىڭ سەۋىيىسى دۆلىتىمىزنىڭ ھازىرقى كۆپ قىسىم خەنزۇ يېڭى شېئىرلىرىنىڭكىدىن يۇقىرى. سېلىشتۇرۇپ

كەلسەك، ئۇلار تېخىمۇ كۈچلۈك شېئىرىي خۇسۇسىيەتكە، ئېستېتىك تۇيغۇغا ۋە تەبىئىي سەزگۈرلۈككە ئىگە... بۇنداق شېئىرلارنىڭ ئۈن-تىنىسىز يوق بولۇپ كېتىشى تولىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش. مېنىڭچە، 〈شېئىرىيەت〉 ژۇرنىلى ئۇلار ئۈچۈن مەخسۇس سان چىقىرىپ، پۈتكۈل مەملىكىتىمىزدىكى شائىرلار ۋە ئوقۇرمەنلەرگە شېئىرنىڭ ئەسلى ھالىتىنى باشقىدىن تېتىتىپ قويۇشى كېرەك. ھازىرقى خەنزۇچە يېڭى شېئىرلارنى بەزىلەر: 〈ياۋروپا-ئامېرىكا شېئىرىيەت ئېقىمى〉نىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى، دەپ مەسخىرە قىلىشىدۇ. مېنىڭچىمۇ شۇنداق. بۇ ئەگرى يولنى ماڭغان ۋاقتىمىز بەك ئۇزاق بولۇپ كەتكەچكە، ئەسلىدىكى نىشانىنى ئۇنتۇپ قېلىش كېلىپ چىقتى. لېكىن ئۇيغۇر ياش شائىرلىرى ئۆز شېئىرلىرىدا تىل، مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىشنى ئۇنتۇپ قالمىغان، ئۇلار بۇ دەۋردە ئۇيغۇر مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە روھىنى ھەر قەدەمدە ئىپادىلىگەن. بۇ شېئىرلاردىن بىز ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ مول ئىچكى دۇنياسىنى كۆرەلەيمىز. خەنزۇ مەدەنىيىتى ئازسانلىق مىللەتلەر مەدەنىيىتىنى پائال ئۆگىنىشى، ئۇنىڭدىن ئوزۇق ئېلىپ ئۆز مەزمۇنىنى كېڭەيتىشى كېرەك. تارىختا جۇڭگو روناق تاپقان چاغلاردا كەڭ قورساقلىق بىلەن باشقىلاردىن كۆپلەپ ئۆگەنگەن. تار بېكىنمىچىلىك قالاقلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ... شېئىر ۋە شائىرلار يېڭى مەسىلىلەرگە دۇچ كەلمەكتە. مەن ئالدى بىلەن ئۇيغۇر شائىرلىرى ئارىسىدىن بۆسۈش نۇقتىسى تېپىشنى ئۈمىد قىلىمەن...»

مېنىڭچە، مىللەتلەر ئارا چۈشىنىشنى ھەقدادىغا يەتكۈزۈشتە، ئەڭ مۇھىم رول ئوينايدىغان ئەدەبىياتىمىزنى خەنزۇلارغا تونۇشتۇرۇشقا تەخىرسىز زۆرۈرىيەت سۈپىتىدە كۈچ تەشكىللەپ تۇرۇپ، ئەھمىيەت بەرمەي بولمايدۇ. بۇ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا تېخىمۇ پايدىلىق. ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئەرەب دۇنياسىدىكى زىلزىلىسى بولسا، جۇڭگودىكىدىن كۆپ ئېشىپ كەتتى. ئەخمەتجان ئوسمانغا ئوخشاش يېڭى شېئىرىيەت ھادىسىسىدىكى ۋەكىللىك شائىرلىرىمىزنىڭ شېئىرلىرى ئەرەب ئەللىرىدە زور تەنتەنە قوزغىدى. يېقىنقى نەتىجىلەر بىلەن شېئىرىيىتىمىزدە نەۋائىيدىن كېيىن نەۋائىيدەك شائىر چىقمىغانلىقى تۈپەيلى كېلىپ چىققان 500 يىللىق پاجىئەگە مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا خاتىمە بېرىلدى، دېيىشكە تامامەن ھەقلىقمىز. ئەدەبىياتىمىزدىكى بۇ نەتىجىلەرنى ئۇيغۇرلار 20-ئەسىردە ئېرىشكەن ئەڭ زور مۇۋەپپەقىيەت دېسەك ھەرگىز ئارتۇق كەتمەيدۇ. چۈنكى ئەدەبىيات بىر مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ قېنى ھېسابلىنىدۇ. ئەدەبىياتتىن ئىبارەت بۇ قان تولۇقلانسا، بىر مىللەت مەدەنىيىتىگە يېڭىباشتىن جان كىرگەن بىلەن ئوخشاش. «جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان» دېگەندەك، مەدەنىيەتتىكى جانلىنىشنى قولدىن بەرمىگەن مىللەتكە جاھان ھامان قۇچىقىنى كەڭرى ئاچماي قالمايدۇ. دەرۋەقە، 20-ئەسىردە تەنتەربىيە، سەنئەت، سىركىچىلىك، تېبابەت ۋە باشقا ساھەلەردە ئېرىشكەن مۇۋەپپەقىيەتلەرىمىزمۇ ئاز ئەمەس. بۇ مۇۋەپپەقىيەتلەر چۈشكۈنلۈك پاتقىقىغا باشچىلاپ پاتقان خەلقىمىزگە غايەت زور ئىلھام بەردى، شۇنداقلا بۇ مۇۋەپپەقىيەتلەر ئۆز نۆۋىتىدە يەنە يېتەرلىك ماختاشلارغا سازاۋەر بولدى. چۈنكى بىزدە ئۇلارنى ماختايدىغان ئەدىبلەر كۆپ. ئەمما ئەدەبىياتىمىزدىكى مۇۋەپپەقىيەتلەرنى ماختاشقا توغرا كەلگەندە، ھىندىستاننىڭ «كارۋان» فىلىمىدىكى ھاراقكەش شوپۇر مەستلىكىدە ئۆزىنى ساناشنى ئۇنتۇپ قالغىنىدەك، بىزمۇ ئۆزىمىزنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشنى ئۇنتۇپ قالغاندەك تۇرىمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە لۇشۈننىڭ: «ئەدىبلەر بىر-بىرىنى ياراتمايدۇ» دېگەن گېپى دورا بولۇپ قالغاندەك، تەنقىدچىلىكىمىزدە ئۆز ئارا ئورۇنسىز چۈكۈرۈشلەر كۆپرەك بولۇپ، ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىك مۇنبىرى بىر مەھەل خوراز سوقۇشتۇرۇش مەيدانى ئايلىنىپ قالغاچقا، جامائەتچىلىككە ئەدەبىياتىمىز ھېچقانچە مۇۋەپپەقىيەت يوقتەك تۇيغۇ بېرىپ قويدۇق. ئەمەلىيەتتە يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئانچە كىتاب ئوقۇپ كەتمەيدىغان ۋە تېلېۋىزور مەستانىسى بولۇپ قالغان خەلقىمىز ئەڭ كۆپ ھازا ئېچىپ يىغلىغان ۋە جىنازىلىرىنى كوچىغا پاتماي تالىشىپ كۆتۈرۈپ، بايراقتەك لەپىلدىتىپ ماڭغان ئۇلۇغلىرىمىز تېلېۋىزور ئېكرانىدىن چۈشمەيدىغانلار ئارىسىدىن چىقماي، دەل ئەدىبلىرىمىزدىن چىقتى.

ئەسىر ئاخىرىدىكى 20 يىل ئىچىدە ئەدەبىياتىمىزنىڭ ھەممىلا ژانىرلىرىدا ئومۇمىيۈزلۈك ئىلگىرىلەش بولۇۋەرمىدى. ئەدەبىياتىمىزدىكى تەرەققىيات شېئىرىيەت، پروزا ۋە نەسىرچىلىك ساھەلىرىدە كۈچلۈك گەۋدىلەندى. بۇلار ئىچىدە شېئىرىيەت ۋە پروزا ھەققىدە ئاز-تولا گەپ قىلىنغىنىدىن باشقا، نەسىرچىلىك ھەققىدە ھېچقانداق گەپ-سۆز بولۇنمىدى. نەسىرچىلىك ھەققىدە گەپ قىلىشقا توغرا كەلگەندە تەنقىدچىلىرىمىزمۇ «تۆگە كۆردۈڭمۇ، كۆرمىدىم» دەپ كۆزىنى قىسىۋېلىپ، ئەگىپ ئۆتۈپ كېتىۋەردى. نەسىردىن ئىبارەت پروزا بىلەن شېئىرىيەت ئارىسىدا چېگرا ئايرىپ تۇرغان بۇ ئارىلىق ژانىر يېقىنقى 20 يىل ئىچىدە بىزدە ھەقىقەتەن شېئىرىيەتكە يېتەلمىسىمۇ، ئەمما پروزا بىلەن ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلىپ، ئەدەبىي ژانىرلار تەرەققىياتى بىلەن ئاكتىپ ھەمجەھەتلىك

پەيدا قىلىپ كەلدى. قىسقىسىنە تارىختا نەزەر تاشلايدىغان بولساق، 1980-يىللارنىڭ دەسلەپىدە ھېكايە-پوۋېستچىلىق دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. ئارقىدىنلا نەسىرچىلىك دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن ۋەقەلەرنى پايپاق توقۇغاندەك توقۇپ ئولتۇرۇدىغان نۇرغۇن ئەدىبلەر «ئىھ، ئاھ» دېگەندەك ئۈندەشلەر بىلەن باشلىنىدىغان لىرىك جۈملىلەرنىڭ قۇچاقلىرىغا تولا ھاياجانلىنىپ ھالىدىن كەتكەن مەجنۇن قىزلاردەك تۇشمۇ تۇشتىن تاشلىنىشتى. نەسىرچىلىك دولقۇنى ئەمدىلا پەسكويغا چۈشەي، دەپ تۇرۇشىغا تېخىمۇ ياڭراق گۇلدۇر-قاراسلار بىلەن يېڭى شېئىرىيەت دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا خۇددى كەلكۈندەك باستۇرۇپ كەلگەن بۇ دولقۇن تالاي تەنقىدچىلەرنى قارا باستۇرۇپ ئۆتۈپ كېتىشىگە ئارقىدىنلا رومانچىلىق دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. خۇددى رومانغا ئوخشاش ئۇزۇنغا سوزۇلىۋاتقان بۇ دولقۇننىڭ گاھ شاش، گاھ ئېزىلەڭگۈ سادالىرى ئىچىدە يېڭى ئەسىر بوسۇغىسىغا كەلدۇق. يۇقىرىدا ساناپ ئۆتكەن ئەدەبىيات دولقۇنلىرىنىڭ كۆپىنى بىرلا ئەمەس، بىر توپ قەلەم ساھىبلىرى باشلاپ بەردى. ئەمما تەنقىدچىلىرىمىز ەزىرىدە يېتىم قىزدەك بويىنىنى قىسىپ قالغان نەسىرچىلىك دولقۇنىنى بولسا، ئەينى يىللاردا ئوقۇرمەنلەر قەلبىدە يېڭى كۆلەملىك زىلزىلە پەيدا قىلغان «قەلب سادالىرى» سەرلەۋھىلىك چاتما نەسىر باشلاپ بەردى. ئوقۇرمەنلەرنى ئۆزىنىڭ قايناق ھاياجانلىرى بىلەن مەست قىلىپ تاشلىغان بۇ نەسىرلەرنىڭ ئاپتورى ئەينى يىللاردا « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا ناھەق قارىلىنىپ، تۈرمىگە كىرىپ يېڭىلا چىققان ۋە ئۈرۈمچى كوچىلىرىدا ياغاچچىلىق، تامچىلىق قاتارلىق ھېلى بار، ھېلى يوق ئېغىر ئەمگەكلەرگە ياللىنىپ، مەدىكار ئىشلەپ يۈرگەن ئەخمەت ئىمىن ئىدى.

يېقىنقى 20يىلدىن بۇيان ، ئەخمەت ئىمىن باشلاپ بەرگەن نەسىرچىلىك دولقۇنىغا دەسلەپىدە بىراقلا خېلى زور بىر قوشۇن دېۋەيلەپ كىرىپ كەلدى. قارىماققا، بۇ جۇڭگولۇقلاردا ئەۋج ئالغان مودا قوغلىشىش دولقۇنىنىڭ ئەدەبىياتىمىزدىكى ئەكس ساداسى بولسا كېرەك؟! كېيىنچە بۇ قوشۇندىن كۆپ ساندىكى ئەدىبلەر بىر-بىرلەپ چېكىنىدى. شۇنداقتىمۇ ئاز بىر قىسىم ئەدىبلەر يەنە ئاخىرىغىچە قولىغا قەلەم ئېلىپ ، نەسىر ئىجادىيىتى بىلەن ئىزچىل شۇغۇللىنىپ كەلدى. شۇڭا بۇ دەۋردە ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان پروزا ئەسەرلىرى دۆۋىلىرى ئىچىدە جۇلالىق تىل، ئىخچام شەكىل ۋە قايناق ھېسسىيات بىلەن رەڭدارلىق پەيدا قىلىپ بارغان نەسىر ئەسەرلىرىنىڭمۇ سالماق ۋەزىن بىلەن بوي تالىشىپ تۇرغانلىقىنى كۆرەلەيمىز.

نەسىرچىلىرىمىزنىڭ ئىجادىيەت قىزغىنلىقىدىن بىشارەت بېرىپ، ئارقا-ئارقىدىن نەشر قىلىنغان بىر قىسىم نەسىر توپلاملىرى جەمئىيىتىمىزدە خېلىلا كۈچلۈك ئىنكاس پەيدا قىلدى. ئەخمەت ئىمىننىڭ «باھار تىنىقى»، «ئانا قەسىدىسى»، ھېكايە ئىجادىيىتىنى ئاساس، نەسىر ئىجادىيىتىنى قوشۇمچە قىلىپ كەلگەن ئىجتىھاتلىق يازغۇچىمىز نۇرمۇھەممەت توختىنىڭ «كۈلۈپ كۆرگەنلىرىم ۋە كۆرۈپ كۈلگەنلىرىم»، ئەدەبىي ئەسەرلەرنى كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇئەييەنلەشتۈرۈشنى ئەلا بىلىدىغان ئوبزورچىمىز ئەنۋەر ئابدۇرېھىمنىڭ قوشۇمچە مەھسۇلاتى سۈپىتىدە بازارغا سالغان« كەچۈر مېنى پەرىزات»، ئابدۇرېشىت سەلەي قاتارلىق ياش ئەدىبلەر بىرلىشىپ چىقارغان« يامغۇرلۇق كېچىدىكى چاقماقلىق ئويلار» قاتارلىق نەسرلەر توپلاملىرى ئوقۇرمەنلەرنىڭ قەلب تاغلىرىدا خېلىلا تورى بارئەكس سادا ياڭراتتى. ئەخمەت ئىمىننىڭ «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ 1995-يىل 3-سانىدا، كېيىنكى تولۇقلىمىسى «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1996-يىل 3-سانىدا ئېلان قىلىنغان «سادا» ناملىق ئاران يەتتە يېرىم بەتلا كېلىدىغان نەسرى ھەققىدە ھەتتا مۇھاكىمىچىلىرىمىز 70كىلومېتىر يول بېسىپ، ئەڭ گۈزەل تەبىئەت قويىنىدا - ئۈرۈمچى سار داۋاندا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزدى. دەرۋەقە نەسرىنىڭ ئۆزى ئاران يەتتە يېرىم بەتلىك بولغىنى بىلەن ، ئۇنىڭدىكى ئىخچام ھەجىم ئارقىلىق يۇدۇپ ماڭغان غايەت زور مەزمۇن گېپىزى كەلسە 70سائەتلىك مۇھاكىمىگىمۇ بەرداشلىق بېرەلەيدىغاندەك قىلىدۇ. شۇڭىمۇ بۇ قىسقىغىنە نەسىر ھەققىدە ئۆتكۈزۈلگەن مۇھاكىمىنىڭ ۋەزنى توقۇم-توقۇم رومانلار ھەققىدە ئۆتكۈزۈلگەن مۇھاكىمىلەردىنمۇ ئېشىپ كەتتى. نەسىر گەرچە ئەپچىلەمىنىڭ چاقچىقىدەك يىغىنچاق، چاققان ژانىر بولسىمۇ ، بىراق ئۇنىڭ مەنىۋى قۇدرىتىنى ھەرگىز سەل چاغلىغىلى بولمىغۇدەك. بۇمۇ يەنىلا نەسىر يازغۇچىلىرىنىڭ بەدىئىي دىتىغا باغلىق، ئەلۋەتتە. قىسقىسى، ئۆزى بىر غېرىچ، ساقىلى يەتتە غېرىچ كېلىدىغان ئەپسانىۋى باشقا ئوخشايدىغان بۇ ئارىلىق ژانىردا يېزىلغان بەزى ئەسەرلەرنىڭ ئىخچام شەكىل بىلەن كۆتۈرۈپ قوپقان غايەت زور ئېستېتىك بوشلۇقى ۋە مەنا چوڭقۇرلۇقى بەزى مۇكەممەل يېزىلغان پوۋېست، رومانلارنىمۇ بېسىپ چۈشتى. بەزى نەسىرلەر تۇرمۇشتىكى ئۇششاق-چۈششەك دېتاللارنى قايناق شېئىرىي كەيپىياتقا تويۇندۇرۇپ ئىپادىلەپ بېرەلىگەنلىكى ئۈچۈن ئوقۇرمەنلەرنى چەكسىز روھىي ئەركىنلىك بىلەن تارتۇقلايدىغان تىلسىمات دۇنياسىغا ئوخشاپ قالدى. يالغۇزلا خۇدايىم بەرگەن ئەخمەت ئىمىننىڭلا

ئەمەس، بەلكى ئابدۇقادىر جالالىددىن، ئەركىن نۇر قاتارلىق پەيلاسوپسىمان ياش ئەدىبلىرىمىزنىڭ ناگان-ناگاندا بىر يېزىپ قويغان نەسرلىرىمۇ يۇقىرىقى بايانلىرىمىزنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىقالايدۇ. «سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى» ناملىق چاتما نەسرنىڭ ئاپتورى بولغان ئىنىسكلوپېدىك ئالىم، مەرھۇم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ نەسرلىرىمۇ تىرەن ھېكمەتلەر بىلەن تويۇندۇرۇلغان. تالانتلىق شائىر ئەخمەتجان ئوسماننىڭ ھېكايە ياكى نەسر دېگەندەك غەيرىي ناملار بىلەن ئېلان قىلدۇرغان بىرنەچچە پارچە نەسرىمۇ نەسرچىلىكىمىزنىڭ ئاتموسفېرا قاتلىمىنى يېڭى ھاۋا بىلەن بىر قوچۇپ قويۇپ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇمىدلىك ئەدىبلىرىمىزدىن مۇختار مەخسۇت، ئەسقەر داۋۇت ۋە ئەنۋەر تاشتۆمۈرلەرنىڭ نەسرلىرىمۇ پەلسەپۋى پىكىرگە بايلىقى بىلەن ئالاھىدە دىققىتىمىزنى تارتىدۇ. نەسرچىلىكىمىز ھەققىدە گەپ قىلىش ئۈچۈن تۈنجى قېتىم ئىنساب بىلەن قولىغا قەلەم ئالغان ئوسمان قاۋۇلنىڭ نەسرلىرىمۇ لىرىك تۇسىنىڭ قويۇقلۇقى بىلەن ئادەمنى ئۆزىگە خېلىلا جەلپ قىلالايدۇ. لېكىن ئۇ نەسرچىلىك ھەققىدە يازغان ماقالىسىدا گەپنى ئىنساب بىلەن باشلىغان بولسىمۇ ، ئەمما نەسرچىلىك قوشۇنىدا باشقا ژانىرلارغا قارىغاندا خانىم-قىزلارنىڭ خېلى زور سالماقنى ئىگىلەيدىغانلىقىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشنى ئۇنتۇپ قالغان. مەكتەپلەردە سالام خەت يازىدىغان قىزلارنىڭ گەپدان ئوغۇللاردىن جىق بولغىنىدەك، نەسر يازىدىغان ئايال ئاپتورلار قوشۇنى بىزدە رەتكە تىزىپ كەلسە، ئۆزۈنغا سوزۇلغان بىر ئۆچرەتنى ھاسىل قىلىدۇ. زۇلپىيە ئابدۇراخمان، ئاسىيە ئابدۇرېھىم، پاشاگۈل ئىسمائىل، ئالتۇنگۈل رەجەپ قاتارلىق ئەدىبلىرىمىزنىڭ نەسرلىرىمۇ قىزغىن ھېسسىيات ۋە گۈزەل تەسەۋۋۇرلار بىلەن ئۇقۇرمەنلەرنىڭ قەلب تارلىرىغا ئەپچىل زەخمەك ئۇرالايدۇ.

ئوسمان قاۋۇل ئېيتقاندەك، يېڭى دەۋر ئۇيغۇر نەسرچىلىكىنىڭ ئەڭ مۇھىم بىر ئارتۇقچىلىقى – ئۇنىڭ تىل جەھەتتىكى ئەركىن ۋە ئويناقلىقىدا كۆرۈلىدۇ. بۇ نەسرلەر بۇرۇنقى قاتمال ھالەتتىكى سىياسىي مۇھاكىمە، قۇرۇق شوئارۋازلىق خاھىشىدىن ئازاد بولۇپ، ئانا تىلنىڭ ئەڭ گۈزەل، ئەڭ زور ئىپادىلەش كۈچىدىن پايدىلىنىپ، ئۇيغۇر پىسخىكىسىنى پەلسەپۋى پەللىگە كۆتۈرۈپ ئىپادىلەپ بېرىشكە تىرىشقان. خېلى كۆپ ساندىكى نەسرلىرىمىز لىرىك تۇسىنىڭ قويۇقلۇقى ۋە تىلىنىڭ پاساھەتلىكلىكى بىلەن قاپىيە ۋە تۇراق بولمىغان شېئىرلارغا ئوخشاپ قالىدۇ. نەسرچىلىكىمىزنىڭ شېئىرىيەت يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈلگەنلىكى نەسرچىلىكىمىزنىڭ يېقىنقى يىللاردىكى مۇۋەپپەقىيىتىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، شۇڭا بىر قىسىم نادىر ئەسەرلىرىمىزنى ھەم ئۇلارنىڭ يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئومۇمىي گەۋدىسى ئىچىدىكى ئورنىنى جەزمەن مۇئەييەنلەشتۈرۈشىمىز لازىم. نەسرچىلىك قوشۇنىدا «ھېسابتا بار، ھەمدەمدە يوق» ئاپتورلار ناھايىتى جىق. باشتىن -ئاخىر ئىزچىل نەسر ئىجادىيىتى بىلەنلا شۇغۇللىنىپ كەلگەنلەرنى ئاسقىغاندا يەنىلا ئەخمەت ئىمىن ئۆزى يالغۇز دېگۈدەك ئېشىپ قالىدۇ. بۇ يەردە « قوينى قاسساپ سويسۇن» دېمەكچى ئەمەسمەن. ئەمما ئەخمەت ئىمىندىكى ئۆزى سۆيگەن كەسپكە باشچىلاپ كىرىپ كېتىشتىن ئىبارەت ئەستايىدىللىقنى ھەممىمىز قەدىرلەشكە ئەرزىيدۇ. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئەدەبىياتىدا ھەر بىر دەۋردە ناھايىتى چوڭ-چوڭ «ئاممىۋى ئۇنتۇش» ھادىسىلىرى كۆرۈلۈۋاتىدۇ. بۇنىڭ بىردىنبىر سەۋەبى، شۇ كەسىپ بىلەن ئىزچىل شۇغۇللىنىدىغان ژانىر ئىگىلىرىنىڭ تولىمۇ كەمچىللىكىدە. ئەخمەت ئىمىن ئىجادىيىتىدىكى ئىزچىللىق ئاخىرىدا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا نەسرچىلىكنىڭ ئۇنتۇلۇپ قالماسلىقىغا سەۋەبچى بولغان. ئىجادىيەتتىكى ئىزچىللىق بىر پۈتۈن بەدىئىي تەپەككۇرنى توختاۋسىز يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرىدۇ. شۇنداق بولغاچقىمۇ، ئەخمەت ئىمىننىڭ نەسرلىرىدە نەسرچىلىكىمىزدىكى يۇقىرىقى مۇۋەپپەقىيەتلەر تولۇق گەۋدىلەنگەندىن تاشقىرى يەنە نەسرچىلىكىمىزدە كۆرۈلگەن تېما تەكرارلىقى، مىللىي خاسلىقنىڭ يېتەرسىزلىكى، باشقىلارنى ۋە ئۆز-ئۆزىنى دوراش خاھىشى قاتارلىق ئىللەتلەرنىڭ ھېچقاندىقى سادىر بولمىدى. ئەخمەت ئىمىن بىردە ئانا ھەققىدە يازسا، بىردە ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇق ھەققىدە يازدى، ھەرگىزمۇ بىر تېمىنى قايتا-قايتا چايناۋەرمىدى. شۇنداقلا ئۆزى كۆتۈرۈپ چىققان تېمىنى ھەقدادىغا يەتكۈزۈپ يېزىش ئەخمەت ئىمىن ئىجادىيىتىنىڭ باشقىلار ئالدىراپ يېتەلمەيدىغان بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكى بولۇپ كەلدى. نەسرلىرىدە توختاۋسىز يېڭىدىن يېڭى پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ماڭدى. تىل ۋە پىكىر قىلىش ئۇسلۇبى جەھەتتە مىللىي خاسلىقنى ساقلاشقا باشتىن ئاخىر دىققەت قىلالىدى. باشقىلارنى ۋە ئۆز-ئۆزىنى دوراش خاھىشىدىن ئىزچىل ساقلىنالىدى. ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب يارىتىش كەچكىچە ئۆز-ئۆزىنى دوراۋېرىش بىلەن روياپقا چىقمايدۇ. بىزدە ئۆزۈمگە خاس ئۇسلۇب يارىتىمەن، دەپ ئۆز-ئۆزىنى كەچكىچە دوراۋېرىدىغان، قىرئاشالماي بىر ئىزىدا قوپۇنتازدەك چۆرگىلەيدىغان ئەدىبلەرمۇ جىق. ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب ئىجادىيەتتە ئۆز-ئۆزىدىن توختاۋسىز ھالقىش ئارقىلىقلا مەيدانغا كېلىدۇ. ئۇ ھەرگىزمۇ

«تازىنىڭ نېمىسى بار ، تۆمۈر تاغىقى» دېگەندەك ئاتام زامانىدىن قالغان بىرلا سەنەمگە دەسسەۋېرىش ئارقىلىق مەيدانغا كەلمەيدۇ. بىرلا مۇقامغا تۇۋلاۋېرىش ئاخىرى بېرىپ ئەنە شۇ مۇقامنىڭ ئۆزىنىمۇ كونىرىتىپ، سېسىتىدۇ. بۇ جەھەتتە نۇرغۇن ئەدىبلىرىمىز ئەخمەت ئىمىندىن ئۈلگە ئېلىشقا ئەرزىيدۇ.

ئەمدى بىز تۆۋەندە ئەخمەت ئىمىننىڭ خاس نەسىر ئىجادىيىتى ھەققىدىلا توختىلىمىز. ئەخمەت ئىمىن 1980-يىللاردىن باشلاپ نەسىر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا كىرىشكەن. دەسلەپتە« تىرىك يېتىمنىڭ ئاتىسىغا» ناملىق نەسرى بىلەن ئائىلە ئىستىلى، ئائىلە مۇھىتىدىكى بۇلغىنىشقا قارىتا جەڭ ئېلان قىلىپ، ئەينى چاغدا پۈتكۈل ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى زىلزىلىگە سالغان. كىشىلىك تۇرمۇشتىكى تراگېدىيىلەرگە، رەزىللىكلەرگە ئەجەللىك سوققا بەرگەن ئەسىرى« قەلب سادالىرى» نىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا نەسىرچىلىك دولقۇنىنىڭ كۆتۈرۈلۈشىدە لەڭ ئۇرۇش رولىنى ئوينىغانلىقىنى يۇقىرىدا قەيت قىلىپ ئۆتتۇق. «ئانا قەسىدىسى» ناملىق نەسرىدە جاپاكەش ئانىلارنىڭ بۈيۈك ئوبرازىنى يەنىمۇ بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرگەن بولسا، «لەيلىگۈل» سىمفونىيىسىگە ئاتالغان «مۇزىكىدىكى سۈرەت» ناملىق نەسرىدە بىر خىل شائىرانە روھ، شائىرانە ھېس-تۇيغۇ ئارقىلىق مۇزىكىدىن ئالغان سېزىمىنى ناھايىتى ئوبرازلىق ئىپادىلەپ بەرگەن. سىمفونىيىدە لەيلىگۈلنىڭ ئىجتىمائىي پاجىئەسى سۈرەتلەنگەن بولسا، ئەخمەت ئىمىن مۇزىكىدىنمۇ نازۇك، مۇزىكىدىنمۇ نەپىس، مۇزىكىدىنمۇ سۈزۈك بولغان، مۇزىكا ئارقىلىق يەتكىلى بولمايدىغان چوڭقۇر مەنا قاتلىمىغا ئىگە زور پىكىرنى ئىپادىلەپ بەرگەن. «سادا» ناملىق نەسرىدە بولسا، تەبىئەتتىكى ۋە جەمئىيەتتىكى بۇلغىنىشنى يېڭى بىر نۇقتىدىن ئىنتايىن تەسىرلىك ئىپادىلەپ بەرگەن. ئەخمەت ئىمىن بۇ نەسرىدە ئىنسانىيەتنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن پىكىر يۈرگۈزگەن. بىزنى قاپساپ كېلىۋاتقان ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنىڭ بۇزۇلۇشىدىن ئىبارەت تەخىرسىز رېئاللىق ئۈستىدە تۇنجى قېتىم دادىللىق بىلەن قەلەم تەۋرەتكەن. تەرەققىيات بىلەن ئەسلى تەبىئەتنىڭ بۇزۇلۇشى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى قانداق ھەل قىلىش مەسىلىسىنى ئېنىق ۋە چوڭقۇر ئوتتۇرىغا قويغان. «شەھەر بىر داسقا ئايلىنىپ، بىز بۇ داستىكى سۇ بىلەن قولىمىزنى يۇيىدىغان، ئاغزى-بۇرنىمىزنى چايقايدىغان، ھەتتا ئۇنى ئۇسسۇزلۇق ئورنىدا ئىچىدىغان پاسكىنا ئاقىۋەتلەرگە قالارمىزمۇ؟ » دەپ خىتاب قىلىدۇ ئەخمەت ئىمىن. مۇختار مەخسۇت ئېيتقاندەك: «شائىر ۋە يازغۇچىنىڭ ھەقىقىي قىممىتى پەقەت ئۇنىڭ شەخسىي تەسىراتى ۋە ھېسسىياتىنى قانداق بەدىئىي ماھارەت بىلەن تەنتەنە قىلغانلىقىدا ئەمەس، بەلكى ئېخىمۇ مۇھىمى ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى ياشاپ تۇرۇۋاتقان زېمىن ۋە شۇ زېمىندىكى خەلقىنىڭ خۇشاللىقى ، غەم-قايغۇسى ۋە قىيامەتلىك تەقدىرى بىلەن چەمبەرچەس باغلاپ، دۇچ كېلىۋاتقان رېئال مەسىلىلەر ئۈستىدە ئىجادكارغا خاس بەدىئىي دىت بىلەن مەسئۇلىيەتچان پىكىر يۈرگۈزۈشىدە كۆرۈلىدۇ» .

ئەخمەت ئىمىن«سادا» ناملىق نەسرىدە ئەنە شۇنداق بىر مەسئۇلىيەتچان ئەدىب سۈپىتىدە مەدەنىيەت قاتلىمىمىزدىكى ئەشەددىي بىر يېمىرىلىشنى يەنى مەدەنىيەتنىڭ ئانىسى ۋە ماددىي تاكامۇلى بولغان تەبىئەتنىڭ ۋەيران بولۇشىنى ئىچ-ئىچىگە پاتمىغان پىغان بىلەن كۆتۈرۈپ چىققان. خۇددى ئابدۇقادىر جالالىددىن ئېيتقاندەك: « ھاياتىمىزنىڭ مۇھىت بىلەن تەقدىرداشلىقى ئەدەبىياتىمىز ئۈچۈن ئېيتقاندا قەدىمكى تېما. سۇ، ھاۋا، تۇپراق، ئوت مۇقەددەسلىكى دىن، ئەخلاق ۋە كىشىلىك قارىشىمىزنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى سۈپىتىدە مىللىي خۇسۇسىيىتىمىزنىڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكى بولۇپ كەلدى» . شۇڭا، ئەركىن نۇر ئېيتقاندەك: «بىزنىڭ ھەرقانداق ساۋاتسىز دېھقانلىرىمىزمۇ مېۋىلىك باغ-ۋاران قىلسا ياكى كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلسا، ئۆزلىرىنىڭ ئۇ دۇنيادا جەننەتكە كىرەلەيدىغانلىقىغا شەك-شۈبھىسىز ئىشىنىدۇ» . ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت بىزنىڭ ئەڭ قەدىمىي، ئەڭ ئەنئەنىۋى ۋە مەڭگۈلۈك تېمىمىزنى ئەخمەت ئىمىن ئەدەبىياتىمىزغا يېڭىباشتىن قايتۇرۇپ كەلدى. تەبىئەتنى سۆيۈش، تەبىئەتنى ئۇلۇغلاش ئاساسىي مىزان قىلىنغان ئەخلاقىمىز بۈگۈنمۇ ئۆزگەرگىنى يوق. بالدۇر شەھەرلەشكەن بولسىمۇ، سانائەتلىشىشنىڭ تەمىنى ئەمدى تېتىۋاتقان ئۇيغۇرلار سانائەت ئېھتىياجى ۋە مەنپەئەت ئۈچۈن دۇنيانى ۋاشاڭ قىلىۋاتقان كىشىلەر بىلەن بىرلىكتە بۇزۇلغان مۇھىتنىڭ تەھدىتىگە دۇچ كەلدى. ماددىي تەرەققىيات مەنىۋى تەرەققىياتنىڭ گەجگىسىگە مىنىۋالغان مۇھىتتا ماددىي مەدەنىيەت بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدا ئەڭ بۇرۇن مۇناسىۋەت قۇرالىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى تەبىئەت قارىشى جاھانغا دورا بولۇپ قالدى. ئەخمەت ئىمىن ئەنە شۇ ئۇيغۇرلارنىڭ تەبىئەت قارىشى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن ئىپتىدائىي ئەخلاق ھەقىقەتلىرىنىڭ بۈگۈنكى كۈندە تەخىرسىز زۆرۈرىيەتكە ئايلانغانلىقىنى دەل جايىدا ھېس قىلغان. دېمەك، مەسىلىنىڭ ئاچقۇچى يەنىلا ئىنسان ئېكولوگىيىسىدىكى بۇزۇلۇشنى ئوڭشاشتا.

ئەخمەت ئىمىن «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»

ژۇرنىلىنىڭ 1999-يىل 5-، 6-(قوشما) سانىدا ئېلان قىلىنغان «تۇپراق ساداسى» دېگەن نەسرىدە دىققەت مەركىزىنى ئەنە شۇ ئاچقۇچلۇق مەسىلىگە مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئاغدۇرالىغان. «تۇپراق ساداسى» ئەخمەت ئىمىن ئىجادىيىتىدىكى ئەڭ يۇقىرى پەللە، شۇنداقلا 20-ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى شاھانە ئەسەرلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. بىزدە مۇنداق شاھانە ئەسەرلەر ئانچە كۆپ ئەمەس. ھەجمى ئاران بەش يېرىم بەتلا كېلىدىغان بۇ نەسىر ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ جەمئىيەت قارىشى، تەبىئەت قارىشى ۋە ئىنسانىي قىممەت قاراشلىرى بىلەن قورۇلغان مۇكەممەل بىر ھېكمەتلىك دۇنيانى بىمالال يۇدۇپ ماڭالىغان. سۇ، تۇپراق، ھاۋا، ئوتتىن ئىبارەت تۆت ئانا زات ئوتتۇرىسىدا، شۇنداقلا شۇ خۇسۇستا تەبىئەت، جەمئىيەت، ئىنسان، روھ (ياكى تەڭرى) دىن ئىبارەت بارلىقنىڭ تۆت ئاساسىي فورماتسىيىسى ئوتتۇرىسىدا يۈكسەك دەرىجىدە تەڭداش مۇناسىۋەت قۇرۇپ، ئالەمشۇمۇل تۈزۈلۈشنىڭ گارمونىيىلىك ھېكمەتدارلىقىنى ئۆز ئەنئەنىۋى تەپەككۇرى ئارقىلىق مۇكەممەل يوسۇندا تاماملىيالىغان مىللەتلەر بارماق بىلەن سانىغۇدەكلا. ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى تەپەككۇرى ئەلمىساقتىن بۇيان ئەنە شۇنداق بىرخىل لىللا مەۋقەنى ئىزچىل ساقلاپ كەلدى ۋە روھىمۇ، تەنگىمۇ، ئەقلىغىمۇ، ھېسسىياتقىمۇ تەڭ ئېتىبار بېرىدىغان ساغلام مەدەنىيەت بەرپا قىلالىدى. ئۇيغۇر پەلسەپىسى ئەنە شۇنداق مۇكەممەل گارمونىيىلىك تۈزۈلۈشكە ئىگە بولغان، قارىمۇ قارشى زىددىيەتلىك قۇتۇپلار ئارا مۇۋاپىق نۇقتىدا ھەمجەھەتلىك پەيدا قىلالىغان، ھەقىقەتنى ئۆز چېرايىغا مۇناسىپ سادىقلىق بىلەن گەۋدىلەندۇرۇپ بېرەلىگەن، يۈكسەك ئادالەت تۇيغۇسى بىلەن تويۇندۇرۇلغان يىرىك تۆت پۇتلۇق پەلسەپە. ئۇيغۇر خاراكتېرى تىپىك تەبىئەتتىن ئەنداز ئالغان خاراكتېر، ئۇ ئالاھىدىلىك ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىدە ئىزچىل تۈردە ئۆز ئىپادىسىنى تېپىپ كەلدى. شۇڭا ئۇلار ئىنتايىن تەبىئىي ۋە ئەركىن پىكىر قىلىشقا ئادەتلەنگەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ئۆلچەملىرىدىمۇ تەبىئەتكە شۇنداق مايىللىقنىڭ ئىزنالىرىنى كەڭ كۆلەمدە ئۇچراتقىلى بولىدۇ. شۇڭا «قۇتادغۇبىلىك» تەك پەلسەپىۋى مۇكەممەللىك ياراتقان ئالەمشۇمۇل ئەسەرلەرنىڭ بىز ئۇيغۇرلاردىن چىقىپ قېلىشى ئانچە ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. «تۇپراق ساداسى» ماھىيەتتە تۇپراقنىڭ تىلى ئارقىلىق ياڭرىتىلغان ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى تەپەككۇرىنىڭ تارىخ داۋانلىرىدىن ھالقىپ ئۆتكەن يېڭى ئاۋازى.

شۇڭا، بۇ نەسىردىن گۈپۈلدەپ ئۇيغۇر پۇراپلا تۇرىدۇ. جۈملىلەردىن ئۇيغۇر روھى چاقناپ تۇرىدۇ. بۇ ئەسەرنى ساغلام ۋە زامانىۋى مىللىي ئەدەبىياتنىڭ نەسىرچىلىكىمىزدىكى تىپىك ئۈلگىسى، دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈش مۇمكىن.

ئەخمەت ئىمىن بۇ نەسرىدە «سادا» ناملىق نەسرىدىن نەچچە قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىنسان ئېكولوگىيىسىنىڭ بۇزۇلۇشىدىن ئىبارەت نازۇك بىر دۇنياۋى مەسىلىگە ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى تەپەككۇرى بىلەن قوراللانغان ھالدا مۇراجىئەت قىلىدۇ. ئۇ ئالدى بىلەن ئىنساننىڭ ئۇلۇغلۇقىنى «قىممىتى ئىككى ئالەمنىڭ قىممىتىدىن ئارتۇق بولغان نۇرى ھېكمەتكە خەبەردار بولۇشنى ئاللادىن تىلەش بىلەن روياپقا چىققان» دەپ مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. بۇ بىزگە ئورخۇن مەڭگۇ تاشلىرىدىكى: «بىز كۆكتىن تامدۇق، يەردىن ئۈندۇق» دېگەن قىسقىغىنە بىر جۈملە ئارقىلىق ئۆزىمىزنىڭ ساماۋىي ۋە زېمىنىي ئىككى ئالەمگە باراۋەر ئىكەنلىكىمىزنى مۇئەييەنلەشتۈرەلىگەن «ئات ئۈستى مەدەنىيىتى» دەۋرىدىن تارتىپ ئىزچىل داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ۋە يېقىنقى يىللاردا ساختا مەدەنىيەتكە مەستانە بولۇپ كېلىۋاتقان دۇنيانىڭ چاڭ-توزانلىرى ئاستىدا كۆمۈلۈپ قالغان ئىنسانىي قىممەت قارىشىمىزنىڭ يېڭىباشتىن باش كۆتۈرۈپ چىقىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئاپتور نەسرىدە تۇپراقنى ئالەمدىن ئىبارەت بۇ تەڭرى دۆلىتىنىڭ پايتەختى ۋە روھ قۇشىنىڭ قوندىقى سۈپىتىدە تەسۋىرلەپ، تۇپراقنىڭ تىلى ئارقىلىق ئۇيغۇر تەپەككۇر تارىخىنىڭ لىرىك كۈيىنى مەرغۇللىتىدۇ. ئۇ دەسلەپىدە پۈتكۈل بارلىقنىڭ ماھىيىتى شەپقەت-مۇرۇۋۋەت ئىكەنلىكىنى مۇقىملاشتۇرىدۇ. ئارقىدىنلا ئىنسانىي بارلىقنىڭ ماھىيىتى ئۈستىدە چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈپ، تەڭرى ئىنساننى ئۆزىنىڭ يوشۇرۇنلۇقىنى ئاشكارە قىلىش ئۈچۈن ياراتقانلىقىنى قەيت قىلىدۇ. «شۇڭا، ئۇ ساڭا ئۆز روھىنى دېمىدە قىلدى، بۇ، مۇكەممەل روھ ئىدى. بۇ روھ ئۆز ئەركىنى ھەم لەگلەك كەبى پەرۋاز قىلدۇرالايدىغان، ھەم ئەقىدە يىپى بىلەن تۇتۇپ تۇرالايدىغان قۇدرەتكە ئىگە» دەپ خىتاب قىلىدۇ. مەزكۇر خىتابتا ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى تەپەككۇرىنىڭ تەڭشەك مەركىزى چاقماق چېقىپ ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئاپتور نەسرىدە باشتىن ئاخىر تۇپراق بىلەن ئىنساننى بىر گەۋدە سۈپىتىدە تەھلىل قىلىپ، ئوقۇرمەنلەر قەلبىدە ئەنە شۇ بىرلىككە نىسبەتەن ئېستېتىك دىلكەشلىك پەيدا قىلىشقا تىرىشقان.

بىر زاماندا جاھانكەزدى شائىرىمىز مەشرەپ ئۆزىنى چەكسىز ۋە رەڭدار ئىنسانىي سۈپەتلەرگە چېچىۋېتىلگەن سوبىستانىيىلىك ئىلاھىي بىرلىك سۈپىتىدە مېتافىزىك چوڭقۇرلۇقتىن بايقاپ، جەننەت ۋە دوزاقنى ئىسلام ئوتوپىيىلىرى بىلەن قولۇپلانغان

ئاخىرەتتىن يولۇپ كېلىپ، رىئاللىقنىڭ ئۆزگە جايلاشتۇرۇپ تەپەككۇر قىلغان ھالدا مۇكچەيگەن ھەقىقەتنى ھاسىدەك تۇزلەپ قويۇپ دارغا ئېسىلغانىدى. تەلىيىمىزگە يارىشا ھازىرمۇ ئەنە شۇنداق مېتافىزىك چوڭقۇرلۇقتا شۇڭغۇپ كىرەلىگەن ئەدىبلىرىمىز ئاندا-ساندا ئۇچراپ قېلىۋاتىدۇ.

ئەخمەت ئىمىن «تۇپراق ساداسى» ناملىق نەسىر ئارقىلىق «رەھىم قىل، ئىنسان، ماڭا رەھىم قىل! بۇنىڭدا ئاتاڭغا رەھىم قىلغانىڭ ساۋابى بار، رەھىم قىل ئىنسان، ئۆزۈڭگە رەھىم قىل! بۇنىڭدا ھەممىگە رەھمەت قىلغانىڭ ساۋابى بار. ماڭا رەھمەت قىلغىنىڭ ئۆزۈڭگە رەھمەت قىلغىنىڭ!» دەپ چۇقان سالىدۇ. «ھېكمەت نۇرى ئەسلىدە ماڭا ئامانەت قويۇلغان، كېيىن ئۇنىڭ بىر زەررىسى پېشانەڭدىن ئورۇن ئالدى. شۇندىلا بىز بىرجان، بىر تەن بولدۇق، ئىنسان» دەيدۇ. ئۇ يەنە يۇقىرىقى چۇقانلىرىنى تېخىمۇ ھېكمەتدارلىقتا ئىگە قىلىپ: «مېنى كۆيدۈرگىنىڭ ئۆزۈڭنى كۆيدۈرگىنىڭ، ئۆزۈڭنى كۆيدۈرگىنىڭ ھەممىنى كۆيدۈرگىنىڭ!» دەيدۇ. ئۇ يەنە ئىنساننى سوبىستانىيىلىك بىرلىك سۈپىتىدە مۇقىملاشتۇرۇپ، كېيىنكى قۇرلاردا مۇرەككەپ ئىنسانىي ماھىيەتلەرنىڭ ھەمجەھەتلىك مارشىنى ياڭرىتىدۇ. «ئىنساننىڭ تۇپراققا قايتىشىنى بارلىق شەيئىلەرنىڭ ئەسلى ماھىيىتىگە قايتقانلىقى، دەپ قالتىس توغرا دىئاگنوز قويالىغان. ئاپتور ئاخىرىغا ئۇلاپلا ئىنسان تەبىئىتى ھەققىدىكى مۇلاھىزىلىرىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ «مۇھەببەت ئەھلى ئىنسانغا بېرىلگەن تەبىئىي ھوقۇق» دەپ جاكارلايدۇ. ئاپتور ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى تەپەككۇرىدىن ئىلھام ئالغان ئالەم قارىشىنى تەبىئىي يوسۇندا بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن ئىنسان بىلەن جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە دىققىتىنى ئاغدۇرىدۇ. «ئىنساننىڭ ئىنسانغا بولغان ھوقۇقى جامائەلىشىش ۋۇجۇدقا چىققاندىن كېيىنكى زۆرۈرىيەت تۈپەيلى، ئىنسان ئۆزى پەيدا قىلغان ھوقۇق» دەپ جەمئىيەتنىڭ ئىنسانغا نىسبەتەن ئىككىلەمچى ئورنىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. ئارقىدىنلا ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى تەپەككۇر تومۇرىدا قان بولۇپ ئېقىپ كەلگەن يۈكسەك ئادالەت تۇيغۇسى بىلەن ۋۇجۇدى لەرزىگە كەلگەن ھالدا كەسكىن خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ھوقۇق ئىنسانىيەتكە بەخت يارىتالىسا، ئۇ ئېتىراپ قىلىنىدۇ، مۇئەييەنلەشتۈرۈلىدۇ. ئەگەر ئۇ ئىنسانغا بالايىئاپەت پەيدا قىلىدىكەن، ئۇ چوقۇم ئىنكار قىلىنىشى، رەت قىلىنىشى كېرەك. ياشاش ھوقۇقى ئىنسانغا يارىلىشتىن تارتىپ بېرىلگەن تەبىئىي ھوقۇق. بىر ئىنساننى بۇ ھوقۇقتىن يەنە بىر ئىنسان مەھرۇم قالدۇرىمەن ، دەيدىكەن، ئۇ چوقۇم تەبىئىيلىكنىڭ جازاسىغا ئۇچرايدۇ» . ئارقىدىنلا ئۇ ئىنسانلارنى پۈتكۈل ئىنساننىڭ تەڭ - باراۋەر ياشاش ھوقۇقىنى گەۋدىلەندۈرگەن ساغلام جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشقا ئۈندەيدۇ. ئۇ يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا جەمئىيەت بىلەن يەككە شەخسنىڭ مۇناسىۋىتىنى مۇھاكىمە مەركىزىگە قويۇپ تەسۋىرلەپ، تارىختا ئاز بىر قىسىم مۇستەبىتلەرنىڭ ئىرادىسى بويىچە تەتۈر چۆرگىلەپ قالغان قارىغىش تەگكۈر جەمئىيەتلەرنىڭ ئىنسانىي خاسلىقىنى بىمەھەل قەتلى قىلىپ تاشلىغانلىقى ئۈستىدە ئاچچىق شىكايەت قىلىدۇ. تەڭرى مىليون ئىنساننى مىليون خىل چىراي شەكلىگە ۋە مىليون خىل مىجەز-خاراكتېرگە ئىگە قىلىپ ياراتقان بۇ دۇنياۋى رەڭدارلىقنىڭ گۈلگۈن باغلىرىنىڭ جەمئىيەت ۋە مۇئەسسەسەلەرنى ئىنسان تەبىئىتى ۋە ئىنسانىي خاسلىق ئۈستىگە دەسسىتىدىغان سەپسەتىلەر ئاساسىدا قۇراشتۇرۇلغان يەر يۇتقۇر جەمئىيەتلەرنىڭ قارا بورانلىرىدا خانىۋەيران بولغىنىغا قاتتىق ئېچىنىدۇ. «جەمئىيەت ئىنسان ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلغاندىلا، ئىنسان جەمئىيەت ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ، ئىنسان ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ بويىنى باغلاقلىق ئىتى ئەمەس. ئىنسانلار ئۆزىدىكى چەكسىز تەبىئىي خۇسۇسىيەتنى نامايان قىلىش ئەركىنلىكىگە ئىگە. تەبىئەت رەڭدار، جەمئىيەتمۇ شۇنداق. ئۇ ، رەڭدارلىقى بىلەنلا ئۆز ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ. ئىنسان جەمئىيەتنىڭ بىر قېلىپتا قۇيۇپ چىقىرىدىغان كېسىكى ئەمەس، ئۇ، تەپەككۇر ئەركىنلىكىگە ئىگە. تەپەككۇر ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا روھ بىلەن تەڭ كىرگەن. ئىلاھىي قۇدرەتمۇ يوقىتالمىغان تەپەككۇر ئەركىنلىكىنى يوقاتماقچى بولغانلار تەبىئىيلىكنىڭ لەنەت-قارغىشىغا ئۇچرىماي قالارمۇ؟ تەپەككۇرنى ئۆز ئەركىگە قويۇپ بەرمەسلىك ، ئاللىقانداق نوپۇزلۇق ماركا چاپلانغان تەپەككۇرغا ئۆزلۈك تەپەككۇرىنىڭ بويىنىنى باغلىتىپ قويۇش ئىنساننىڭ خاسلىقىنى يوقىتىدۇ. خاسلىق ھەربىر ئىنساننىڭ ئىچكى مۇۋازىنىتىنى شەكىللەندۈرگەن. ھەربىر ئىنساننىڭ خاس ئىچكى مۇۋازىنىتى يىغىلىپ، ئومۇمىي ئىنسان تەبىئىتىنىڭ مۇۋازىنەت تەڭكەشلىكىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن» . مانا بۇ بايانلاردا ئاپتورنىڭ ئىنسان ئېكولوگىيىسى ھەققىدىكى پەلسەپىۋى مۇھاكىمىلىرى پىشىپ ۋايىغا يەتكەن. بىز بۇ يەردە ئىنسانىي خاسلىقلارنىڭ تەڭكەشلىكىدە ياڭرىغان ئالەمشۇمۇل رەڭدارلىق گارمونىيىسىگە يۈكسەك بەدىئىي دىت بىلەن دىرىژورلۇق قىلىۋاتقان ئاپتورغا ئىختىيارسىز ئاپىرىن ئېيتماي تۇرالمايمىز. بۇ يەردە ئاپتور قايناق ھېسسىياتىنىڭ كۈچى بىلەن ئالەمشۇمۇل رەڭدارلىققا سىڭىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلسىمۇ، ئارقىدىنلا ئۆزى

مۇھاكىمە قىلىنىۋاتقان تېمىغا خاس ھالدا ئەقىل بىلەن ھېسسىيات ئوتتۇرىسىدىكى ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقتا دەلدۈگىنىپ كەتمەي، تىك تۇرغان ھالدا ئىنسانلارنى ئۆز خاسلىقىنى، ئۆزلۈك ئېڭىنى تېپىۋالغان رەۋىشتە ئىنسانىي رەڭدارلىقنىڭ ئالەمشۇمۇل گۈلگۈنلۈكىگە قوشۇلۇشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. توغرا، ھەركىم ئۆزتەڭشىكىنى كۆتۈرۈپ، ئالەمشۇمۇل رېتىمغا يانداشمىقى لازىم. مانا بۇ ئىنسان ئېكولوگىيىسى ئۇقۇمىنىڭ ھەقىقى مەنىسى ۋە ۋايىغا يەتكەن شەرھى. ھەركىم ئۆز ناخشىسىنى جايلاپ توۋلىيالمىسا، ئىنسانىي رەڭدارلىق گارمونىيىسى چالا تۇغۇلۇپ قالىدۇ، ھەتتا تۇغۇلماي قېلىشى مۇمكىن. ئۆزلۈك بىلەن ئىجتىمائىيلىق ھەرگىزمۇ بىرى ئوت، بىرى سۇ ئەمەس. بۇ ئىككىسى ئالدى بىلەن ئادەمئاتا ۋە ئۇنىڭ قوۋۇرغىسىدىن تۆرەلگەن ھەۋۋا ئانىغا ئوخشاش ئاجرالماس بىر پۈتۈن گەۋدە. ئۇلارنى بىر-بىرىگە قارشى قىلىپ قويۇش پەقەت سەپسەتىنىلا كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، خالاس. ئىجتىمائىيلىق سانسىز ئۆزلۈكلەرنىڭ تەڭداش بۆلەكلىك بىرىكمىسىدىن ئىبارەت بولۇشى كېرەككى، ھەرگىزمۇ ئۆزلۈكلەرنى قەتلى قىلىندىغان مويتۇڭزىغا ئايلىنىپ قالماسلىقى كېرەك. ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى تەپەككۇرىدا ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەن تراگېدىيىلىك مەركەز، تەڭشەك پەلسەپىسى ياكى زاغرا تىل بىلەن ئېيتقاندا، «ياماندىن قورقمايدىغان، يۇۋاشنى بوزەك قىلمايدىغان» بىرخىل ئادالەت تۇيغۇسى دەل ئەنە شۇنىڭدىن ئىبارەت. «ھاياتلىقنىڭ ھەمجەھەتلىكىنى ساقلاپ قالغان نۇھ كېمىسى توپان بالاسىدىن سالامەت چىققاندەك» بۇنداق تۇيغۇغا ئىگە بولغان ھەرقانداق مىللەت غالىب بارماقلىرى بىلەن قىيامەتنىڭ دەرۋازىسىنى قاقالايدۇ ياكى «تۆگە يىڭنىنىڭ قۇلىقىدىن ئۆتكىچە» ئۇلارغا قىيامەت قايىم بولمايدۇ. ئاخىرىدا ئەخمەت ئىمىن ئاكىنى ئۇيغۇر تەپەككۇر تارىخىدىكى ناگان-ناگاندا بىر ئاشكارىلىنىپ قالىدىغان يوشۇرۇن ئېقىم سۈپىتىدە مەدەنىيىتىمىزنى جانلاندۇرۇپ كېلىۋاتقان بولۇش ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كەلگەن ئەنە شۇ تراگېدىيىلىك مەركەزنىڭ دەل ئۈستىگە چۈشەلىگەن تەلەيلىك ئەدىبلىرىمىزدىن بولۇپ قالغانلىقى بىلەن مۇبارەكلەيمەن.

2000-يىل 15-ئاپرېل (M2)

## ئۇيغۇر نەسر ئىجادىيىتى مۇھاكىمە يىغىنى، تالانتلىق نەسرچى، ئەدەبىي تەرجىمان ئەخمەت ئىمىنگە تون كىيگۈزۈش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى


«شىنجاڭ گېزىتى» مۇخبىرى ئابلىمىت ئابدۇكېرىم خەۋىرى: 15-ئاپرېل ئۈرۈمچىدە ئۇيغۇر نەسر ئىجادىيىتى مۇھاكىمە يىغىنى ۋە لىرىك نەسرلىرى، مول تەرجىمە ئەسەرلىرى بىلەن ئوقۇرمەنلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان تالانتلىق نەسرچى، ئەدەبىي تەرجىمان ئەخمەت ئىمىنگە 50 ياشقا كىرگەنلىك مۇناسىۋىتى بىلەن تون كىيگۈزۈش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى.

پائالىيەتكە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى مىجىت ناسىر، ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى ۋە يازغۇچى، شائىرلاردىن بولۇپ 200دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى.

ئەخمەت ئىمىن 1981-يىلى «تارىم» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «قەلب سادالىرى» ناملىق چاتما نەسرلىرى بىلەن ئىجادىيەت سېپىگە كىرىپ كەلگەن، ھازىرغىچە «قەلب سادالىرى»، «باھار تىنىقى»، «جۇلدۇر كېپەن خوتۇننىڭ ساداسى» قاتارلىق توپلاملىرى، «ئانىلىق قەسىدىسى» ناملىق تاللانغان نەسرلىرىنىڭ ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە سېلىشتۇرما نۇسخىسى نەشر قىلىنغان. «ھالاكەت»، «مىسىر قىزى»، «مۇھەببەت سۈيقەستى»، «چۆرە قىز ئىزورا»، «يىپى ئۈزۈلگەن لەگلەك»، «خاملېت»، «رومىئو-جۇلىيەتتا»، «ماكبېت»، «ساختىپەز»، «بېخىل» قاتارلىق مەشھۇر رومان، پوۋېست، دراما، ھېكايە، ئوبزورلارنى تەرجىمە قىلغان.

يىغىندا ئىمىن ئەخمىدى، ئازات سۇلتان، ئابلىمىت سادىق، بوغدا ئابدۇللا، پەرھات جىلان، نۇرمۇھەممەت توختى، روزى سايىت، باتۇر روزى... قاتارلىق يازغۇچى، شائىرلار سۆز قىلىپ، ئۇيغۇر نەسر ئىجادىيىتىنىڭ تەرەققىيات جەريانىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەرنى، جۈملىدىن ئەخمەت ئىمىن نەسرلىرىنىڭ مەزمۇن، ئىدىيە، قۇرۇلما، تىل، ئىپادىلەش شەكلى جەھەتتىكى ئۆزگىچىلىكلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئۇيغۇر نەسرچىلىكىنىڭ مۇستەقىل ژانىر سۈپىتىدە تەرەققىي قىلىشىغا قوشقان تۆھپىسىگە يۇقىرى باھا بەردى.

بۇ پائالىيەتنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتى بىلەن «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى ئۇيۇشتۇرغان. (M2)



# كومپيۇتېر ۋە تۇيغۇ

سۇلايمان كېرەم

ۋەتەن چۈچەك ئەمەس، سەجدىگاھىمدۇر،
ۋەيا ئەرمەك ئەمەس، باشپاناھىمدۇر.
— ئابدۇقادىر جالالىدىن

## تەرەققىيات ۋە مەن

ئۇيغۇر مۇئەللىم ئۆزگە تىلدا دەرسىنى داۋام قىلماقتا. تۇرمۇش ۋە تەپەككۇر ئادىتىمىزگە تولىمۇ يات تېخنىكىلىق بايانلار سەزگۈلەرنى ئازابلىماقتا. چارچىغان نېرۋىلار ئەۋرىشىم تەنلەر مەيلىگە تەرەققىياتتىن بىزارلىق خىتابلىرىنى ياڭراتماقتا.

ۋۇجۇدۇمدىن دەممۇدەم ئۆرلەپ تۇرۇدىغان بىرخىل دەرمانسىزلىق روھىمنى ھەرقاچان ئارىسالدى قىلىپ قويىدۇ. ئىرادىسىزلىك سىقىلىشى تېنىمنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ، مىڭ تەستە قۇرۇپ چىققان ۋىجدانىي قورغانلىرىمنى چۇۋۇپ تاشلايدۇ. كۆزلىرىم دوسكىغا تىكىلگەن، ئەمما دوسكىدىكى يېزىقلارمۇ، ئوقۇتقۇچىنىڭ ۋىجىك گەۋدىسى ۋە ئالدىمدا ئولتۇرغان قىزلارنىڭ سەرۋىدەك قامەتلىرىمۇ

كۆزۈمگە كۆرۈنمەيدۇ. قۇلاق پەردىلىرى ئۆزگە تىلدا سۆزلىنىۋاتقان ئۆزگىچە تەپەككۇر ئۈنچىلىرى يۈكلەنگەن ئاۋاز دولقۇنلىرىنى يەكلەۋاتقاندا، خىيال كەپتىرىم ئاستا-ئاستا تۇيغۇلارنىڭ ئەپسانىۋى بوشلۇقىغا شۇڭغۇپ كېتىدۇ. . .

گىرىمسەن ۋاقىت ئۇپۇقىنىڭ ئىچكىرىسىدىكى تولىمۇ يىراق قەدىمكى زامان. ياراتقۇچىنىڭ سەنئەتلىك قوللىرىدا ئاپىرىدە بولغان، ئۆزىنى ئۆزى پەرۋىش قىلالايدىغان ساغلام تەبىئەت. توپىدىن يارىلىپ يەنە توپىغا ئايلىنىپ كېتىدىغان ئادەملەر بىلەن توپىدىن قوپۇرۇلۇپ ئاخىرى يەنە توپىغا كۆمۈرۈلۈپ چۈشىدىغان ئىمارەتلەردىن ئايان بولغان مەدەنىيەت تەبىئەتكە ھېچقانداق يۈك ئارتمايدۇ. بۇ يەردە قۇياش كۈلۈپ باقىدىغان تىنىق ئاسمان، زېمىننى قۇچاقلىغان پايانسىز يايلاقلار، تەڭرىنىڭ ئىشارىسىنى يوشۇرغان تىمتاس قومۇلۇقلار، ئانا يەرنىڭ كۆكسىدىن ئۇرغۇپ چىققان سۈزۈك ئېقىنلار بار. بۇ يەردە زەھەرلىك تۈتۈنلەرنى پۈركۈپ چىقىرىدىغان زاۋۇتلار ۋە بۇ تۈتۈنلەردىن زەھەرلەنگەن ئادەملەرنى قۇتقۇزۇدىغان دوختۇرخانىلار قۇرۇلمىغان. بۇ يەردە مەڭگۈ تىنچىمايدىغان شاۋقۇن-سۈرەنلەر ۋە بۇ سۈرەنلەردە نېرۋىسىدىن ئادىشىپ قالغان ئادەملەر، دەۋر ئېقىمىدىن چۈشۈپ قالماسلىق ئۈچۈن كېچە-كۈندۈز تىپىرلاۋاتقان «يارامىلىق»لار يوق. بۇ يەردە ئادەملەرنى يۈدۈپ ماڭغان تۆگە-ئارغىماقلار تۇياقلىرىدىن توپا توزۇتسا توزۇتۇدىكى، ھەرگىزمۇ كاربون چالا ئوكسىدى ياكى نەسلىنى قۇرۇتۇدىغان كادمىي زەررىلىرىنى توزۇتمايدۇ. بۇ يەرنىڭ ئەرلىرى شادلىقتىن يۈرىكى يېرىلىپ ياكى ياۋنىڭ قىلىچىدا ئۆلىدۇكى، رايىشلارچە تىرىكلىكنى ساقلاپ قېلىش ئىستىكىدە ۋىجدانىي ئۆلۈمنى ساقلاپ تۇرمايدۇ. بۇ يەردە قۇۋۋەت دورىلىرىنى تەتقىق قىلىدىغانلار يوق، ئەمما شاش ھايۋانلارنى ئۇۋلاپ يەيدىغان قاراملىق بار. بۇ يەرنىڭ ئادەملىرىدە ھېچكىم ئۆگىتىپ قويمايدىغان تۇغما ھالاللىق بار، «ئۆزۈڭدىن باشقىغا ئىشەنمە» دېگەندەك لەنىتى ئىبارىلەر يوق! . . .

شۇنداق، ئۇ زامانلار كەلمەسكە كەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى تالاي ئەسىرلەردە مەدەنىيەت ئۆزىنىڭ تىنىمسىز ئالجىشلىرىدا سەنئەتكە، ئېتىقادقا ۋە جىنسىي روھقا توختاۋسىز خىرىس قىلىپ كەلدى. ئۆزلىرىنىڭ ھاياتى تەڭدىشگە تارىخنى پۈتۈنلەپ كېلىۋاتقان ئىنسانلار ئۆزلىرى ئىتتىرىپ كېتىۋاتقان دەۋر چاقىنىڭ تۈۋىدە يېتىمسىراشقا باشلىغاندىلا ئاندىن تەرەققىيات ھەققىدە قايتا ئويلىنىشقا باشلىدى. دېمەك، ئىنسانلار ئۇنچىۋالا ئەقىللىق بولۇپ كەتمىسىمۇ بولاتتى. ماشىنىلار ياسالمىغان بولسا، كىشىلەر ئات-ئۇلاغلار بىلەنمۇ سەپەر قىلىۋېرەتتى. خىمىيىۋى ئوغۇتلار تەتقىق قىلىنمىغان بولسا، نوپۇس ئۇنچىۋالا كۆپىيىپ ۋە پۇچەكلىشىپ كەتمىگەن بولاتتى. زامانىۋى قوراللار بارلىققا كەلمىگەن بولسا، كىشىلەر بىر-بىرى بىلەن مەردلەرچە ئۇرۇشاتتى. كومپيۇتېر ئىختىرا قىلىنمىغان بولسا، باشقۇرۇلىدىغان بومبىلار، ئالەم قوراللىرى پەيدا بولمايتتى. دەرىجىدىن تاشقىرى رىقابەتمۇ كېلىپ چىقمايتتى. . .

بەڭباش تۇيغۇلىرىم ھەرداۋىم مۇشۇنداق خۇلاسىلارنى چىقىرىپ تۇرىدۇ. خىياللار چوڭقۇرلاشقانسېرى كۈندىلىك ھاياتتىكى ئەھمىيەتلىك دەپ قارىلىدىغان نۇرغۇن ئىشلار بىمەنە تۇيۇلىدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئادەملەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەت ئاتالمىش «تايىنى يوق گەپلەردىن زېرىكمەسلىك پرىنسىپى»، «ئېسىل ۋە پۇچەكلەرگە لايىقلىشىش پرىنسىپى» دېگەندەك بىر قاتار قائىدىلەردىن ۋۇجۇدقا چىقىدىغان چاكىنا نەرسىدەك، كېچە-كېچىلەپ ئۆگىنىش، ئايىغى ئۈزۈلمەس تەتقىقات، يېڭى ئەسىرنىڭ ئىقتىدار ئۆلچىمى دېگەندەك چىرايلىق ئاڭلىنىدىغان ئىبارىلەرمۇ ئادەمنى ئەخمەق قىلىدىغان لاۋزىلىقتەك بىلىنىدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئاخىرىدا كۆڭۈلنى ئاۋۇندۇرىدىغان ئىشتىن پەقەت پىكىر قىلىشلا قالىدۇ. بىراق ۋۇجۇد ئىزتىراپ بىلەن پىكىرنىڭ ئاتالمىش مىنۇتلىرىدا لەرزىگە كېلىۋاتقاندا، بەكمۇ يېتىمسىراپ كېتىۋاتقانلىقىمنى تۇيۇپ قالىمەن.

ئۇيغۇر مۇئەللىم ئۆزگە تىلدا دەرسىنى داۋام قىلماقتا. ئىزاھلاش پرىنسىپلىرى (پروگراما لايىھىلەش تىللىرىنى كومپيۇتېردا ئەمەلگە ئاشۇرۇش پرىنسىپى) كۆڭۈللەرنى لال قىلماقتا. لوگىكىنىڭ ئېزىتقۇ ئويۇنلىرىدىن زېرىكىپ تۇيغۇنلۇقنىڭ تەگسىز قوينىغا سىڭىپ كېتىۋاتىمەن. . .

ئالەمدىكى ئەڭ بۈيۈك، ئىلاھىي تېخنىكىلىق يارالمىش - ئىنسان ۋۇجۇدقا چىقىرىلغاندا، ھېكمەتلىك تەڭرى ئۈستىلىق بىلەن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا ئىككى تال رەقەمنى - ئىدراكىي ھۆكۈمنىڭ ئىككى قىممىتى - «راست» ۋە «يالغان»نى ئورۇنلاشتۇرغان. تويماس ھېرىسلىق ئوتىدا تاۋلانغان ئىنسان ھەرقانچە ئىزدىنىپمۇ ئۈچىنچى بىرخىل رەقەمنى تېپىپ چىقالمىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى دانالىقتا ئۇزاپ كەتكەنلەر ئاخىرقى ھېسابتا ئىنسان ئەقلىنىڭ ئەڭ ئاددىي ئىككىلىككە تەقسىم قىلىنغانلىق خەۋىرىنى ئېلىپ كەلدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىزدىنىش نىشانلىرى ئاشۇ ئىككىلىكنى تۈرلەندۈرۈش ۋە توپلاشتۇرۇش ئىقتىدارى تەمىن ئېتىدىغان ئەڭ زور ئىمكانىيەتنى بايقاپ چىقىش تەرىپىگە بۇرۇلدى. بىز بىلىدىغان تارىخىي ئۆلچەم بويىچە قارىغاندا، قەدىمكى يۇنانلىقلار ئەڭ دەسلەپ ئىنسان ۋۇجۇدىدىكى

بىر دىنبىر لوگىكىنى سىستېمىلىق خاتىرىلىگەن. ئۇلار دىئالېكتىكا ئۇسۇلى بىلەن ماتېماتىكىلىق بوشلۇقنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى ئىسپاتلاپ، ئىلىم-پەن تارىخىنىڭ ھەقىقىي ئىپتىداسىغا ئاساس سالغان. يۇنان پەيلاسوپلىرى ھەتتاپەلسەپىنىڭ «بىز كىم؟ نەدىن كەلدۇق؟ نەگە بارىمىز؟» دېگەن ئەڭ نېگىزلىك سوئاللىرىغىمۇ مەنتىقە يولى بىلەن قايىل قىلارلىق جاۋابلارنى تېپىپ چىققان. قەدىمكى گرېك تىلىدا پەيلاسوپ دېگەن ئىبارىنىڭ فىلوس (دوست) +سوفىيا (ئەقىل) =فىلوسوفېر (ئەقىلنىڭ دوستى) دىن كېلىپ چىققانلىقى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. ئىككىلىكنىڭ ئۇتۇقلىرى ئىنسانلارنىڭ پەرىزىدىن ھالقىپ، تەسەۋۋۇرنىڭ ئەپسانىۋى تېزلىكىنى ئىلغا قىلالايدىغان دەرىجىگە يەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئانچە تېز بولمىغان ئەستە قالدۇرۇش ئىقتىدارى ۋە بىر نەچچە جەرياندىلا داۋام قىلالايدىغان زەنجىرسىمان ھۆكۈمنى قىياس قىلىش ئىقتىدارى كىشىلەرنى رازى قىلالمىدى. تەجرىبە روھىغا ئىگە كىشىلەر تەپەككۇرنىڭ ئاددىي سىخېمىلىرىنى ماشىنىلارغا كۆچۈرۈشنى سىناق قىلىشقا باشلىدى. سانائەت ئىنقىلابىنىڭ ئالدى-كەينىدە بارلىققا كەلگەن بىر قاتار ماشىنىلار ئىنسانلارنى جىسمانىي ئەمگەكنىڭ ئاسارىتىدىن خالاس قىلىشقا باشلىغان بولسىمۇ، ئەمما ماتېرىياللارنىڭ بىۋاسىتە تېگىشىشى بىلەن ئۆزىتىلغان لوگىكا كىشىلەر كۈتكەندەك تېزلىككە ئىگە بولالمىدى. پەقەت 19-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئالان تيورىڭ، چارلىز بابېيج قاتارلىق ئالىملار سۈنئىي ئىدراك ئۈستىدە ئومۇميۈزلۈك پىكىر قىلىشۋاتقاندا ۋە تەبىئىي پەن ساھەسى ئاتوم دۇنياسىغا چوڭقۇرلاپ كىرىپ كەلگەندىلا، ئاندىن تەپەككۇرنى ئايىغى چىقماس لوگىكىلىق جەريانلاردىن ئازاد قىلىشنىڭ ئۈمىد يۇلتۇزى كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

20-ئەسىرنىڭ 40-يىللىرىغا قەدەر ھەرتۈرلۈك ئانالىز ماشىنىلىرى كەشپ قىلىنىپ، سۈنئىي ئىدراك نەزەرىيىسى پىشىپ يېتىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، كىشىلەر ئېلېكتروننىڭ ھەرىكەت ھالەتلىرىنى كونترول قىلىشنى ئەمەلگە ئاشۇردى. مانا مۇشۇنداق ئارقا كۆرۈنۈشتە1946-يىل فېۋرالدا تۇنجى ئەۋلاد كومپيۇتېر ياساپ چىقىلدى. كىشىلەر لوگىكىلىق شەرتنىڭ ئىككى خىل ھالىتى - شەرتنىڭ قۇرۇلۇش-قۇرۇلماسلىقى ۋە لوگىكىلىق ھۆكۈمنىڭ ئىككى خىل ھالىتى - مۇئەييەنلەشتۈرۈش - چەتكە قېقىشنى ئېلېكتر ئېقىمىنىڭ ئىككى خىل ھالىتى - يۇقىرى بېسىم ۋە نۆل بېسىمغا تەققاسلاپ، لوگىكىنىڭ بارلىق جەريانلىرىنى ئېلېكتر ئېقىمىدا ئىپادىلەپ چىقتى. ئۇچقۇر ئېلېكترونلار ئىنسانلارنىڭ ئارمانلىرىنى يۇدۇپ، ماكان ۋە زاماندىن ھالقىغان تېزلىكتە كېلەچەك ئالەمگە ئۇزاپ كەتتى. . .

مەنتىقە بىلەن ئەقىلنىڭ خۇلاسىسى تەھقىقلەش ۋە ئىنكاردىن ئىبارەت ئىككىلا نۇقتىدا تاماملانسىمۇ، ئەمما مەۋجۇدلۇق بىلەن يوقلۇق، مەنا بىلەن بىمەنىلىك ئارىسىدىكى تۈيغۇ قاتلاملىرى سان-ساناقسىز بولىدۇ. پايانسىز ۋۇجۇد ئالىمىنى بويلاپ ئاققان تۇيغۇ ئېقىنى ئۆزىنىڭ كەسكىن ئۆركەشلىرىدە قوينىدىكى مەنا گۆھەرلىرىنى ئەقىل قىرغاقلىرىغا تاشلاپ تۇرىدۇ. ئۇ، سۆيگۈ، تەسەۋۋۇر، ھالقىش ۋە پاكلىقنىڭ ھەقىقىي بۇلىقىدۇر. ئۇ، ئەقىلغە ئوخشاش ئاددىي ئىككىلىك (ئىككى قىرغاق) ئەمەس. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىلاھىيلىقى بىلەن سەۋەپ-نەتىجە مۇناسىۋەتلىرىگە بېقىنمايدۇ. ئۇ شۇ قەدەر جەزبىلىككى، دەقىقە ئىچىدىكى لەرزىلەر ئارا تاسقىلىشلىرىڭىزنى تۇيماي قالىسىز. سۆيگۈنىڭ سېھرى، تەسەۋۋۇرنىڭ ئەپسانىۋىيلىقى، ھالقىشنىڭ دەھشەتلىك پەرۋازى ۋە پاكلىقنىڭ ئالەمشۇمۇل چوڭقۇرلۇقى تۇيغۇلارنىڭ ستېرېئولۇق بوشلۇقىدا ھېسابسىز كەڭرىلىكنى تاپالايدۇ. ئۇنىڭ تىپچەكلىرىدە بوشۇشۇپ كېتىۋاتقان ۋۇجۇد ئىنسانىي بالاغەتنى ئايان قىلغان بىر تەڭداشسىز نەپىسلىككە مەپتۇن بولۇپ كېتىدۇ.

كومپيۇتېرنىڭ رەقەملىك دۇنياسى تەبىئىي ئالەمدىن كېلىۋاتقان توختاۋسىز تەقلىدىي (تەسۋىرىي) سىگناللار ئالدىدا ھالسىراپ قېلىۋاتقاندا، بىز ۋۇجۇدىمىز ۋە تاشقىرىقى نۇقسانسىز ئالەم ھەققىدە قايتا ئويلىنىشقا باشلىدۇق. ئەقىل - رەقەم، تۇيغۇ-تەسۋىر. نەپىسلىكتە لوگىكا مەۋجۇد ئەمەس، رەقەملىك دۇنيادىكى نەپىسلىك ھەقىقىي ئەمەس. شۇنداق بولغاچقا، تۇيغۇلارنىڭ تىرەنلىكىدىن ئۇرغۇپ چىققان ھەقىقىي شېئىرلار غېرىبلىق چۆلىگە پالانغان دەردمەن شائىرنىڭ يۈرىكىدىن پۇتۇپ چىقىدۇ. مەڭگۈلۈك تەختىدىن ئورۇن ئالغان بىباھا سەنئەت ئەسەرلىرى جاپاكەش سەنئەتكارنىڭ ئىجادىي قولىدا بارلىققا كېلىدۇ. ئۆز-ئۆزۈمگە سوئال قويىمەن: تەڭرىنىڭ يارىتىش قۇدرىتىگە تىرەك بولىۋاتقان نەرسە نېمىدۇ؟ گالىلىي «ماتېماتىكا خۇدانىڭ ئالەمنى يارىتىشتىكى قورالى» دېگەن سۆزنى قىلىپ سايتىكەن. پۇتكۈل ئۆمرىنى ئىنسانلارغا «ئالەمنى بويسۇندۇرالايدىغان ئەقىل» نى بايقاپ بېرىشكە سەرپ قىلغان بۇ سوغۇققان ئالىمنىڭ ئەقلىي نۇقتىدىن چىقارغان بۇ خۇلاسىسىنىڭ نەقەدەر كۈلكىلىكلىكىنى ئۇ تىلغا ئالغان ماتېماتىكىنىڭ لوگىكىلىق تېئورېمىلىرى بىلەن ئىسپاتلاپ چىقىش ئانچە قىيىن ئەمەس. ئۇنداقتا تەڭرى يارىتىش جەريانلىرىدا راستىنلا لوگىكا ئىشلەتمەمدىغاندۇ؟ ئەگەر ئىشلەتسە ئۇ ئىككىلىكتىن ھالقىغان قانداق لوگىكا؟ . . .

ئۇيغۇر مۇئەللىم ئۆزگە تىلدا دەرسىنى داۋام

قىلماقتا.

خىياللىرىم تۈيغۇ ئالىمىنىڭ گۈزەللىكىگە تاڭ قېلىۋاتقاندا ، روھىمنى ئەندىكتۈرۈۋېتىدىغان بەكمۇ سالقىن بىر ئىدراك سەزگۈلىرىمگە شىۋىرلاشقا باشلايدۇ:

تەڭرىنىڭ سىرلىق ئىشارىسى ۋە مىللىي ئېڭىمىزدىكى ئەزەلىي سۈزۈكلۈك بىزگە بەكمۇ سېھىرلىك، ئاجايىپ مول تۈيغۇلارنى بەخش ئەتكەن. ئەجدادلىرىمىزنىڭ بالاغەتلىك تارىخىدا تاۋلىنىپ ۋايىغا يەتكەن بۇ تۈيغۇلار ئۈزۈلمەس ئۇدۇم رىشتىسى بىلەن بۈگۈنگە قەدەر سوزۇلۇپ، ۋۇجۇدىمىزدىكى غەيۇرلۇق، تالانت ۋە ئانا ۋەتەنگە بولغان غايىبانە مېھرىمىزنى ھەتتا قاملاشقان تەقى-تۇرقىمىزنى ۋۇجۇدقا چىقارغان. شۇ سەۋەبلىك بىز ئىرسىيەتتە، ئەجدادلارغا قەرزدار. گەرچە ئەجدادلارنىڭ سەلتەنىتى ۋە جاسارىتى بىلەن خوشلاشقان بولساقمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئىزلىرى كۆمۈلگەن بۇ ۋەتەندە بىزنىڭ ئاداققى مەۋجۇدلۇقىمىز يەنىلا پۇت تىرەپ تۇرماقتا. ئەسىرلەرگە سوزۇلغان ئېچىنىشلىق سەرسانلىقىمىزدا پەقەت مۇشۇ ۋەتەنلا بىزگە باشتىن -ئاياغ پاسىبان بولۇپ كەلدى. ئۇ، خۇشاللىقىمىز، ئازابلىرىمىز ۋە مەڭگۈلۈك ئارمانلىرىمىزنىڭ ھەقىقىي گۇۋاھچىسى. ۋەتەن-قان، ۋەتەن-روھ. ئۇ بىر غەمگۇزار ئانىدۇر-كى، سۆيۈملۈك ئوغلانلىرىنىمۇ، تۈزكور يارىماسلىرىنىمۇ ئوخشاشلا پەپىلەيدۇ...

ۋەتەن ئەسقاتىدۇ ئۆلگەنلەرگىمۇ،
نەپسىنىڭ ئوتىدا كۆيگەنلەرگىمۇ.

. . . . . . . . . . . . . . . . .

. . . . . . . . . . . . . . . . .

لېكىن ھاقارەتتە قالدى قەبرىسى،
تالاي ئاھانەتتە قالدى نەۋرىسى.

ھاقارەتنىڭ مەڭگۈ داۋام قىلماسلىقى ئۈچۈن سەندە ھەرقانداق چاغدا ۋازكەچمەيدىغان كەسكىن ئىرادە بولۇشى كېرەك. ھېچبولمىغاندا سەندە قالغان بولغۇدەك ئىرادە بولسۇن. ئەمما تۈيغۇلارنىڭ ئانچىكىم زىلزىلىسىدە ئۆزۈڭنى يوقىتىپ قويىۋاتىسەن. شۇنى ئەستىن چىقارمىغىنكى، ۋەتەن سەندىن تەنھالىق ئازابلىرىنى ئەمەس، بەلكى غالىبلىق جاسارىتىنى كۈتىدۇ. «ئەقىللىق»لارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ بولغان بۇ ھايات قايىنىمىدا تۈيغۇنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش غەلىبىنى يوققا چىقىرىدۇ. تۈيغۇمىزدىكى غورۇرنىڭ يېڭىلىش دەۋرىلىكىدە ئۆچۈپ كەتمەسلىكى، ئەۋلادلار قېنىنىڭ ساپلىقى ئۈچۈن بىز بىر ئەۋلادلار كىشىلەر ئۆزىمىز ياقتۇرمايدىغان نەرسىلەرنى ئۈستىمىزگە ئېلىشىمىز، ئايىغى چىقماس تۈيغۇلارنى تەرك ئېتىشىمىز كېرەك.

ئومۇمەن مەدەنىيەت ئالغا قاراپ سىلجىيدۇ. مەدەنىيەتنىڭ دۇنياۋىيلىشىشى جەريانىدا ئىنسانلارنىڭ بۇلغىنىشتىن خالىي قەدىمكىي ساددا مەدەنىيەت مۇھىتىنى يارىتىشى ياكى ئومۇمىيۈزلۈك ئارقىغا چېكىنىشى مەڭگۈ يۈز بەرمەيدۇ. بۇنىڭدىن كېيىنكى رىقابەت ئەمەلىي ئۈنۈم ۋە ئەقلىي ئىنكاس رىقابىتى بولىدۇ. ئەقىلنىڭ قورغاقلىشىشى كەلگۈسىدىكى رىقابەتنىڭ ئېغىر رەھىمسىز بولىدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەكتە. تۈيغۇ ئەھلى رېئاللىقتىن ئۆزىنى چەتكە ئالماسلىقى كېرەك. رىقابەتتىن قېچىش ئەڭ ئاخىرقى ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدۇ. بىز ئەمدى توختاۋسىز ھالدا ئۇچۇر دەۋرى، ئالەم بوشلۇقى دەۋرى، كلون دەۋرى ۋە يەنە ئاللىقانداق بىز ياقتۇرمايدىغان زامانلارنىڭ خىرىسىغا دۇچ كېلىمىز. مانا شۇ دولقۇنلاردا كۈچلۈكلەردىن بولالمىساق، تارىخ سەھنىسىگە قايتا چىقىشتىن ئىبارەت مەڭگۈلۈك ئىستىكىمىز خام خىيالغا ئايلىنىدۇ. ئۇ چاغدا بىزنىڭ مەۋجۇدلۇق شەكلىمىزنى دەۋر رىقابىتىدىكى غالىبلار بەلگۈلەيدۇ. سەن مەڭگۈ ئەمەلگە ئاشمايدىغان بىر ھالەتكە سېغىنىپ ، ئۆز ۋەتىنىڭدە ئىقتىدار ۋە ئىجتىمائىي ئورۇندىن مەھرۇم گېپى ئۆتمەس ساياق بولماقچىمۇ؟ بىلگىنكى، تارىختىن بۇيان ئەجدادلىرىڭ ياشاپ ئاۋۇغان بۇ مۇقەددەس تۇپراقتا ياراشمايدىغان ساددىلىقنى ۋايىغا يەتكۈزۈۋاتقانلار يەنىلا سېنىڭ مىللىتىڭ. سەن ئۇلارغا قولى يەتمىگەن شاخلاردىن مېۋە ئۈزۈپ بېرىشىڭ، ھالسىزلانغان ئەقلىگە روھ ئاتا قىلىشىڭ، مۇزلىغان قەلبىنى ئىللىتىشىڭ كېرەك. مىللىي بۇرچ ئۇيغۇر ئىجتىمائىيىتىگە بىر يارامىلىق ئەزا بولۇپ قوشۇلۇشۇڭ بىلەن ئادا قىلىنىدۇ؛ ئونمىڭلىغان ئەزىمەتلەرنىڭ ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلىشى ئارقىسىدا جەسۇر، مەردانە ۋە ئىنسانىي روھى بىلەن ئۆزلىرى قۇرغان ئىمپېرىيىلەردە دۇنياۋى مەدەنىيەتنى ۋۇجۇدقا چىقارغان تارىخ سەھنىسىدىكى بىر مۆتىۋەر مىللەتنىڭ بۈگۈنكى ئەۋلادلىرىنىڭ يېڭى ئېرادىكى ئېتىقادى ۋە مىللىي مەۋجۇدلۇقى ئىسپاتلىنىدۇ. ئەجەبا، بۇ يېتەرلىك ئەمەسمۇ؟!

2000-يىل 12-مارت

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كومپيۇتېر فاكۇلتېتى 97-يىللىق 4-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى. بۇ، ئۇنىڭ تۇنجى ئەسىرى(M1)



# يۈگەنسىز ئىزتىراپلار

ئابدۇرېھىم دۆلەت

21-ئەسىرگە ھېچبىر تەييارلىقسىزلا كىرىپ قالدۇق. قولىمىزدا كەلگۈسىنىڭ ھېچقانداق خەرىتىسى ياكى ئۆتمۈشنىڭ ئىبرەتلىك خۇلاسىسى، ھېچبولمىسا رېئاللىقنىڭ سۈزۈك ئەينىكى يوق. خەرىتىسىز يولنى مېڭىۋېرىپ جايىمىزدا توگمەن تېشىدەك ئايلىنىپ تۇرۇپتىمىز. خەرىتىنىڭ يوقلۇقى ئېزىشتىن دېرەك بېرىدۇ. ئېھتىمال، بىزدە بۇنداق خەرىتىنى سىزالايدىغانلار تېخى بولمىسا كېرەك. تەنھەرىكەتچىلەر مۇسابىقىدىن ئىلگىرى مەشقاۋۇلنىڭ يېتەكچىلىكىدە مەشق قىلاتتى، بىراق بىز مەشق مەيدانىغا ئۆزىمىزمۇ تۇيمايلا مەشىقسىز كىرىپ قالدۇق. قۇم دېڭىزلىرىدا يۈرۈپ سۇ ئۈزۈش مۇسابىقىسىغا قاتناشماقچى بولۇۋاتىمىز. قارىغا ئېتىش مۇسابىقىسىدىن ئىلگىرى رەگەتكىمۇ تۇتۇپ باقمىدۇق. ھېلىمۇ ياخشى مۇسابىقىنىڭ مارافونچە بولۇپ قالغىنى.

مارافونچە مۇسابىقىدە نۇقتىدىن بالدۇر چىققانلار-

**يېڭى ئەسىر ھارپىسىدا**

نىڭ ھەممىسى پەللىگە باشتابارالىشى ناتايىن، شۇنداقلا كېيىن چىققانلارمۇ ئارقىدا قېلىشى ناتايىن. يول ماڭغان ھېساب ئەمەس، مەنزىلگە يەتكەن ھېساب. مەنزىلگە يېتىشكە جەريان كېتىدۇ، مەسىلە دەل جەرياننى قىسقارتىش ۋە سۈرئەتنى تېزلىتىشتە. بۇ مۇسابىقە سىزنىڭ قاتنىشىش -قاتناشماسلىق ھەققىدە پىكرىڭىزنى ئېلىپ يۈرمەيدۇ. سىزنى ئالدىن تىزىملىمايدۇ. نەتىجىنىڭ ۋىجدانسىزلار ئۈچۈن سورىقى يوق. يېڭىلگۈچىلەر سۈرۈشتە قىلىنمايدۇ، بىراق شاھمات تاختىسىدىكى «پېچكا»غا ئايلىنىپ قالىدۇ. ئۆزىڭىزنى مۇسابىقە مەيدانىدا ، دەپ ھېس قىلمىسىڭىز ، بۆرە يوق يايلاقتىكى قوتۇر بېسىپ كەتكەن قويىنىڭ تەقدىرىگە قالىسىز. ئۆتمۈش خۇلاسىلىرىمىزنىڭ يوقلۇقى بىزنى ئىنتايىن قىممەتلىك تەجرىبىلەردىن مەھرۇم قىلسا، كەلگۈسى ھەققىدىكى بىرەر لايىھىمىزنىڭ يوقلۇقى بىزنى ماڭىدىغان يولدىن مەھرۇم قىلىۋاتىدۇ. كېچە-كۈندۈزنىڭ ئالمىشىشى تەبىئەت ھەرىكىتىنىڭ نەتىجىسى بولمىسىمۇ، بۈگۈننىڭ رېئاللىقى تارىخنىڭ نەتىجىسىدۇر. بۈگۈننىڭ پېشانىسىدە تۇرۇپ ئۇنىڭغا قارىساق، بۈگۈنكى تەقدىرىمىزنىڭ نېمە ئۈچۈنلۈكىنى چۈشىنەلىشىمىز مۇمكىن، لېكىن

بۇنىڭدا كۆزىمىز بىلەنلا قارىساق ھېچنېمىنى چۈشىنەلمەيمىز، ئەلۋەتتە.

رېئاللىقىمىزدىكى نۇرغۇن مەسىلىلەرنىڭ جاۋابى تارىخقا كۆمۈلگەن. بىزنىڭ تارىخچىلىرىمىز يىلنامە، ۋەقەلىكلەرنى ئېسىدە ساقلىغان بىلەن، سالماق خۇلاسىلەرنى، كەلگۈسى خەرىتىمىزنى سىزىشقا ئاساس بولىدىغان يەكۈنلەرنى ئوتتۇرىغا قويالمىدى. باشقىلاردا تارىخچىلار يەنە ئۆز نۆۋىتىدە تارىخشۇناس، جەمئىيەتشۇناس ۋە كەلگۈسشۇناستۇر. بىراق بىز قايسى كەسىپ بىلەن شۇغۇللانساق، خۇددى خۇدا ئۇنى بىزگە تامغىلىۋەتكەندەك، مەڭگۈ باشقىغا تەرەققىي قىلدۇرالمايمىز. بۇ، بىزنىڭ كەسىپ تاللىشىمىزنىڭ بۇرچ تۈرتكىسىدە بولمىغانلىقىدىندۇر. «4-قېتىملىق بۇرۇلۇش» ناملىق كىتابتا تارىخشۇناسلارنىڭ خىزمىتىگە مۇنداق تەبىر بېرىلگەن: «تارىخشۇناسلارنىڭ خىزمىتى تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا تەكرار ئوتتۇرىغا چىققان ئەندىزىلەرنى ئىزدەش ۋە ئىجتىمائىي تەجرىبىلەرنىڭ تەبىئىي رېتىمىنى بايقاشتۇر» (ۋىلىيام ستۇئارس ۋەتىل خول «دولقۇن فوتو سۈرەت نەشرىياتى» نەشرى، 5-بەت).

گەرچە كەلگۈسىمىزنىڭ خەرىتىسىنى يەرشەكلى خەرىتىسىدەك ياكى مەمۇرىي رايونلار خەرىتىسىدەك ۋە ياكى قۇرۇلۇش چېرتيوژىدەك ئېنىق سىزغىلى بولمىسىمۇ، ھېچ بولمىسا ئاز-تولا پەرەزلەرنى ئوتتۇرىغا قويالىغان بولساق، نۇرغۇن بىھۇدە-ئەخمىقانە ھەرىكەتلىرىمىزنىڭ ئالدى ئېلىنغان، نۇرغۇن ئېنېرگىيە، ۋاقىت تېجەلگەن بولاتتى. جون لۇيس مۇنداق دەيدۇ: «ناتونۇش يەردىكى يولدىن ئۆتمەكچى بولغىنىمىزدا، مەلۇم خەرىتىگە موھتاج بولىمىز. ئۆزىمىزنى تونۇغاندەك خەرىتە سىزىش ئىلمى بىزگە ئۆزىمىزنىڭ قەيەردىلىكىنى ۋە قەيەرگە مېڭىش زۆرۈرىيىتىنى چۈشەندۈرىدۇ» («مەدەنىيلىك توقۇنۇشى ۋە دۇنيا تەرتىپىنىڭ قايتا ئورنىتىلىشى»، 8-بەت، شىنخۇا نەشرىياتى، سامۇئىل خىنتىڭتون).

ئەتراپىمىزدىكى دۇنيا كۆپلىرىمىزگە ناتونۇش. ناتونۇش دۇنياغا كىرىش يەنە بىرمەزگىللىك ئازغۇنلۇقتىن، تەمتىرەشتىن دېرەك بېرىدۇ. ھالبۇكى، بىزدە قاراڭغۇدا قالغان كىشىلەرگە يۈرىكىنى دانكودەك مەشئەل قىلىپ ياندۇرۇپ بېرەلەيدىغانلار بارمۇ؟

ئەتراپتىكى دۇنيانى چۈشىنىش، شۇ ئارقىلىق كەلگۈسىنى پەرەز قىلىپ ئۆزىمىزگە مۇۋاپىق يول تېپىش ئۈچۈن بەزىبىر سىستېمىلاشقان نەزەرىيە، چۈشەنچە، كونكرېت ئۇقۇم، پرىنسىپ، ئۆلچەملەر كېرەك بولىدۇ. بۇلار كۆچۈرۈپلا كېلىنگەن بولماستىن، ئۆز مەنپەئەتىمىزنىڭ دىستىللىشىدىن ئۆتكەن بولۇشى كېرەك. خەلقىمىز ئەسلىدە بۇلارنى زىيالىيلىرىمىزدىن كۈتكەنىدى. لېكىن زىيالىيلىرىمىز بۇنىڭغا جاۋاب بېرىش-بەرمەسلىكنى ئۆزىنىڭ بۇرچى قاتارىدا سانىمىدى. بەلكىم بۇ مەسىلە ئۇلارنىڭ ئۆز مەنپەئەتىگە تاقاشمىغىچە ئوتتۇرىغا چىقمايدىغان مىللەتنىڭ پەرزەنتى بولۇپ قالغانلىقىدىندۇر. ئۇلاردىن نېمىشقا بۇلار ھەققىدە ئىزدەنمەيسەن، دەپ سورىسىڭىز، بۇ مېنىڭ كەسپىم ئەمەس، دېيىشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۆزىدىنلا كىرىزىسنى ھېس قىلىسىز. سەندە بۇرچ تۇيغۇسى، ۋىجدان يوقمۇ، دەپ سورىسىڭىز، چوقۇم كۆپىنچىسىنىڭ جاۋابىدىن «ۋىجداننى يېگىلى بولمىغاچقا» دېگەن يوشۇرۇن ئىمانى چۈشىنىپ قالىسىز.

ئۆز قەۋمى ئۈچۈن ئىشلەتمىگەن ئىلىمنى ئۆگىنىپ نېمە قىلىدۇ؟ ئىلىم دېگەن مەلۇم مەقسەت ئۈچۈن ئىشلىتەي، دەپ ئۆگىنىدىغان نەرسە. ئۇ مەڭگۈ غايە بولالمايدۇ، ئۇ پەقەت غايىگە يېتىشتىكى ۋاستە.

بىزدە ئوقۇغانلار كۆپ بولسىمۇ، كارغا كېلىدىغانلار ئاز، بۇ دەل نېمىشقا ئوقۇيدىغانلىقىنى ئۇقماي ئوقۇپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبىدۇر. شۇنىڭدىن نېمىشقا ئوقۇيدىغانلىقىنىمۇ بىلدۈرەلمىگەن مائارىپقا ھەيران قالىمەن. بىزدە ئەمگەك قىلىۋاتقانلار كۆپ بولغان بىلەن ھوسۇل ئېلىۋاتقانلار ئاز.

مىللەت زىيالىيلىرىنىڭ ئومۇمىي قاتلىمىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىدىغان بولساق، بىزدە ئۇلۇغۋار غايىگە ئىگە، سۇنماس روھلۇق زىيالىيلىرىمىزنىڭ تولىمۇ ئازلىقىنى، كۆپىنچىسىنىڭ ھازىرقى ئورنى، ئەھۋالى بىلەن قانائەتلىنىپ تۇرۇپ قالغانلىقىنى، تىرىشىۋاتقانلىرىنىڭمۇ قولىدىكى تاۋاقنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. ئەلۋەتتە، بۇ خىل تىرىشىش، بۇخىل بىلىم شۇ تاۋاقتىن ھالقىپ ئەتراپىدىكىلەرگە مەنپەئەت يەتكۈزەلمەيدۇ. پائالىيەت مەقسەتكە چۈشلۇق بولىدۇ-دە. ئۇلاردىن سوراپ باقساق، كۆپىنچىسىنىڭ ئۇلۇغ ئارمانلىرى بارلىقىنى، ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا بەزىبىر ئوبيېكتىپ قىيىنچىلىق سەۋەب بولۇپ قالغانلىقىنى، ئىمكانىيەت بولسىلا چوقۇم تىرىشىدىغانلىقىنى ئاڭلايمىز. لېكىن ئۇلارنىڭ ئىمكانىيىتى يار بەرگەن ئىشلىرىغا ياكى ئىمكانىيەت پەيدا قىلىشقا تىرىشقان-تىرىشمىغانلىقىغا قارىساقلا، ئۇلارنىڭ بولۇشىغا ياشاش لوگىكىسىغا ئەمەل قىلىپ ياشاۋاتقانلىقىنى بايقايمىز.

ئىجتىمائىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ شەخسنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغىنى ئېنىق. بۇ بىر ئىجتىمائىي كوللېكتىپنىڭ ھەر تەرەپلىمە، ئورتاق ئەمگىكىنى تەلەپ قىلىدۇ. لېكىن بىزنىڭ زىيالىيلىرىمىزدا ئورتاق ئەمگەك يوق. بەلكىم ئورتاق نىشان بولمىغاچقىدۇ. ئورتاق نىشان بولماسلىقى ئەجەللىك كىرىزىس ئەمەسمۇ؟ زىيالىيلىرىمىزنى بىردىن لياڭشەن كۆلىنىڭ ئاتامىنى سۈپىتىدە كۆرىمىز. ئەجەبا، ئۇلار بىر-بىرىنى قويۇپ فاڭلا، ۋاڭ ماڭلار بىلەن ياكى ئوردا بىلەن بىرلەشمەكچىمىدۇ؟ بۇ، كىشىگە ھەسرەت ئەمەسمۇ؟!

بۇ، غايە بىلەن پائالىيەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلالمىغانلىقتىن ۋە تەبىئىتىدىكى قىتىغۇرلۇقنى غايىسىگە بېقىندۇرالمىغانلىقتىن كېلىپ چىقىدۇ. بۇنى بېقىندۇرالماسلىقمۇ ئىنسان روھىنىڭ جەۋھىرى بولغان ئېتىقاد مەشئىلىنىڭ شۇ كىشىنىڭ ۋۇجۇدىنى تېخى يورۇتالمىغانلىقىدىن

بولىدۇ.

بىز چوقۇم ئۆزىمىزنىڭ ئىستىقبالى، تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى شۇنداقلا شۇ مەسىلىلەرگە ئالاقىدار ئۇقۇم، نەزەرىيىلەرنى قەتئىي ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىز ۋە ئۇنى ھەرىكىتىمىزگە يېتەكچى قىلىشىمىز كېرەك. بۇنىڭ ئەھمىيىتىنى ساموئېل خىننىڭتون مۇنداق ئىزاھلايدۇ:

«1. رېئاللىقنى رەتلەش ۋە خۇلاسىلەشكە؛

2. ھادىسىلەر ئارىسىدىكى سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋىتىنى چۈشىنىشكە؛

3. ئەگەر تەلىيىمىز بولۇپ قالسا، كەلگۈسىنىڭ تەرەققىياتىنى پەرەز قىلىشقا؛

4. مۇھىم بولمىغان نەرسىلەر ئىچىدىن مۇھىم نەرسىلەرنى ئايرىشقا؛

5. نىشانىمىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن قايسى يولنى تاللاشنى ئېنىقلىۋېلىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ.

بۇنداق خەرىتىلەر ئابستراكت بولۇپ، بەزى مەقسەتلەرگە پايدىلىق بولىدۇ. بىر خەرىتە بىزگە A نۇقتىدىن B نۇقتىغا ماشىنىدا قانداق بېرىشنى ئېيتىپ بەرسە، ئەگەر بىز ئايروپىلاندا بولۇپ قالساق، بۇنىڭ بىزگە پايدىسى بولمايدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا بىز ئايرودروم، سىمسىز ئاۋىئاتسىيە بەلگىسى، ھاۋا يولى، يەرشارائىتى قاتارلىقلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن خەرىتىگە ئېھتىياجلىق بولىمىز. ئەگەر خەرىتە بولمىسا، بىز ئېزىپ كېتىمىز. خەرىتە قانچە تەپسىلىي، ئىنچىكە بولسا، رېئاللىقنى شۇنچە ياخشى ئەكس ئەتتۈرەلەيدۇ. بىراق بەك تەپسىلىي بولۇپ كەتكەن خەرىتىنىڭمۇ نۇرغۇن مەقسەتلەر ئۈچۈن پايدىسى بولمايدۇ. ئەگەر بىز يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولنى بويلاپ بىر چوڭ شەھەردىن ئالدىمىزدىكى يەنە بىر چوڭ شەھەرگە بارماقچى بولساق، بىزنىڭ ماتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرىگە ئالاقىسىز ئۇچۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەرىتىگە ھاجىتىمىز چۈشمەيدۇ. بۇنداق خەرىتىدە تاشيول باشقا مۇرەككەپ، ئىنچىكە ئورۇندىكى يوللارنىڭ ئارىسىغا كۆمۈلۈپ قالىدۇ. بۇنداق خەرىتىنىڭ ئادەمنى قايمۇقتۇرۇپ قويىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ قالىمىز. يەنە بىر جەھەتتىن ، پەقەت بىرلا تاشيول بار خەرىتە باشقا رېئال ئەھۋالنى چەتكە چىقىرىۋېتىدۇ. ئەگەر بۇ يول توسۇلۇپ قالغان بولسا، بۇ خەرىتە بىزنىڭ باشقا يولنى تاللاش ئىمكانىيىتىمىزنى چەكلەپ قويىدۇ. قىسقىسى، بىز ھەم رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدىغان، ھەم رېئاللىقنى ئاددىيلاشتۇرۇپ، بىزنىڭ مەقسىتىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا ياردەم بېرىدىغان خەرىتىگە موھتاج» (يۇقىرىقى كىتاب) .

ساموئېل خىننىڭتوننىڭ يۇقىرىقى بايانلىرى بىزنىڭ لايىھە، كونكرېت ئەمەلىيەت ۋە ئېھتىياج ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى توغرا چۈشىنىۋېلىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ.

بىزنىڭ مەسىلىلىرىمىزگە جاۋاب بېرىپلا، ئىزاھلاپ قويۇپلا بولدى قىلغىلى بولمايدۇ. نۇرغۇنلىرى زۇرۇر ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەردۇر. ھەل قىلىنىش تەقەززاسىدىكى مەسىلىلەر توغرا جاۋاب، ئىزاھقىمۇ ئېرىشەلمەيۋاتسا، بۇ، كرىزىس بولماي نېمە؟ ئەسلىدىلا، ئۆزىمىزنىڭ مەسىلىلىرى يېتىپ ئاشاتتى. لېكىن، ھەممە پەرلەر سۈرئىتىنىڭ تېزلىكى ئارىلىقنى ئۇزارتىۋېتىپ، بىزگە يەنە نۇرغۇن مەسىلە پەيدا قىلدى. زامان يەنە نۇرغۇنلىرىنى پەيدا قىلدى. شۇلارنىڭ ھەممىسى داۋا تەلەپ قىلىپ تۇرۇپتۇ. خەلقىمىز بۇلارنى ھەل قىلىشتا يەنە زىيالىيلارغا ئىشەنچ قىلدى. ئۇلارچۇ؟! نۇرغۇنلىرى كرىزىسنى تېخى ھېس قىلمىدى. رېئاللىقىمىز نۇرغۇن زىيالىيلىرىمىزنى نەپرەتلەندۈرەلىسىمۇ، بىراق بۇ نەپرەت ئۇلارنى ھەرىكەتلەندۈرەلمىدى. بۇ خىل نەپرەت مۇھەببەتتىن تۇغۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا مول ئېنېرگىيە بار. بۇ ئىشلىتىلمىگەن ئېنېرگىيىگە قاراپ نەپرەتنى يالغانمىكىن، دەپ قالىمەن. نۇرغۇنلىرىمىزدا كرىزىس تۇيغۇسى بولسىمۇ، كرىزىسنى ھەل قىلىش ئىقتىدارى يوق. نۇرغۇنلىرىمىز گۆش يېگەن بىلەن ئوۋ ئوۋلىيالمايمىز، قوي بوغۇزلىيالمايمىز ئەمەسمۇ؟ بۇ خۇددى ھەممە ئادەمنىڭ قورسىقى ئاچسىمۇ تاماق ئېتەلمىگىنىدەك بىر ئىش.

غەربنىڭ نۇرغۇن مۇتەپەككۇر، پەيلاسوپ، جەمئىيەتشۇناس ۋە سىياسىيئونلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆرۈپ ھەيران قالىمەن. ئۇلارنىڭ ئۆز دۆلىتى ۋە قەۋمىنىڭ ھەممە ئىشى ھەل بولۇپ كەتكەندەك ئويلاپ قالىمەن، چۈنكى ئۇلار پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئورتاق دۇنياۋىي مەسىلىلەرنى مۇلاھىزە قىلىشىدۇ. ئىنسانىيەتنىڭ كەلگۈسى تەقدىرى، يەرشارى ئېكولوگىيىسى، ئىقتىسادىي تەرەققىيات، دۇنيا تىنچلىقى دېگەندەك خەلقئارا تېمىلار ئۇلارنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان، تەتقىق قىلىدىغان تېمىلىرى. بۇلارغا قاراپ ئاندىن ئۆزىمىزنىڭ زىيالىيلىرىغا قارىساق، كىمنىڭ ئىچى سېرىلمىسۇن؟ ئۆزىمىزنىڭ ئانا تېمىلىرىنىمۇ مۇھىم كونتېرتىپكە كىرگۈزمىگەن بۇ زىيالىيلىرىمىزنىڭ ئۆزى مىنگەن ئاتنى ئۆز يولىغا ئەمەس، ئات ئۇنى ئۆز يولىغا باشلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرىمەن.

رادىي فىشنىڭ «جالالىددىن رۇمىي» دېگەن كىتابىدىكى مۇنۇ سۆز پەقەت ئېسىمدىن چىقمايدۇ: «تېنىڭ بىر ئات، سەن شۇ ئاتقا مىنگۈچى. ئى ئاتقا مىنگۈچى، ئاتنىڭ ئوقۇرىدا ھەم ياتمىغىن، ئات ئوزۇقى سېنىڭ ئوزۇقۇڭ بولالماس. ئات سېنى ئەمەس، سەن ئاتنى ئۆز يولۇڭغا سال» .

شۇنداق قىلىپ، ناتونۇش دۇنياغا كىرىپ كەلدۇق، ناتونۇش دۇنيادىكى ناتونۇش يوللار بىزنى ناتونۇش ئاقىۋەتكە باشلىماسمۇ؟ ئاقىۋەتنىڭ قانداق بولۇشى نۇرغۇن ۋىجدانسىز كىشىلىرىمىز ئۈچۈن بەرىبىر. يولباشلىغۇچىسىز، خەرىتىسىز يۈرۈشچۇ؟ خىرەلىك ئىچىدە تېڭىرقاپ ياشاش بىزنىڭ ئەنئەنىمىزمۇ؟

ئومۇمىي خەلقتە ھەتتا خەلق توپىنىڭ سەركىسى بولمىش زىيالىيلىرىمىزدا يېتىپ كېلىۋاتقان تەھدىت ۋە خىرىس ھەققىدە ھېچقانداق ئويلىنىشنىڭ بولماسلىقى، بۇنى ھېس قىلغان كىشىلەردە تولىمۇ تەخىرسىزلىك، تىت-تىتلىق پەيدا قىلدى. ھەرقانداق مەسىلىنىڭ ھەل قىلىش چارىسى بولىدۇ. مەسىلە، چارىنىڭ بايقالماي قېلىشى، بايقالسىمۇ، ئىشلىتىشتە، زامان-ماكاندا ئۆز ئورنىنى تاپالماسلىقىدۇر. كرىزىستە قالغان خەلق چوقۇم ئاگاھلاندۇرۇشلارغا قۇلاق سېلىشى كېرەك. لېكىن «بۇقەۋمگە نېمە

بولىدىكىن؟ ھېچبىر سۆزنى چۈشەنمەيدۇ» («قۇرئان كەرىم» دىن).

بىزنىڭ زىيالىيلار قاتلىمىمىزنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئوقۇتقۇچىلار تەشكىل قىلىدۇ. بىز ئوقۇتقۇچىلار قاتلىمىنى تەكشۈرۈپ، زىيالىيلارغا باھا بەرسەك، مېنىڭچە، خاتالاشمايمىز. ئورفاتنىڭ «يېڭى ئىدىيە» (بۇ نەسىر ژۇرنىلىمىزنىڭ 1993-يىل 4-سانىغا بېسىلغانىدى. — مۇھەررىردىن) دېگەن نەسرىنى كۆرۈپ، ئۇنى شىنجاڭدا يازغانمىكىن، دەپ قالدىم. توغرا، بۇ زېمىندا يېڭى ئىدىيە تۇغۇلمىدى، يېڭى ئىدىيە تۇغۇلمىغاندىكىن، يېڭى پائالىيەت، يېڭى نەتىجە مەيدانغا كەلمىدى. مەن يېڭى ئىدىيە تۇغۇلماسلىقىنى ئوقۇتقۇچىلاردىن كۆرىمەن. مەنچە، ئوقۇتقۇچىلار مىللەت سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدۇر. بىراق، بىزنىڭ ھازىرقى مائارىپىمىز خۇددى ئابدۇقادىر جالالىدىدىن ئېيتقاندەك: «قولىدىن ئىش كەلمەيدىغانلارنى ئالمان-تالمان ئىشقا ئالىدىغان، بەرداشلىقتا باي، سېخىي ماكانغا» ئايلىنىپ قالدى («مائارىپىمىزدا بىلىم كرىزىسى»، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى 2000-يىل 1-سان). بىزنىڭ بۈگۈنىمىز تارىختا يارىتىلغان، شۇنىڭغا ئوخشاش كەلگۈسىمىزمۇ بۈگۈندە يارىتىلىدۇ، مۇقەررەركى، تەڭرى تەقدىرىمىزنى پائالىيىتىمىزگە لايىق ئورۇنلاشتۇرغان.

ئوقۇتقۇچىلىرىمىز يېڭى روھ، يېڭىچە قاراش، يېڭى ئىدىيىگە ئىگە ئەۋلادلارنى تەربىيىلىمىدى. سەۋەبى، ئۇلارنىڭ ئۆزىدە يېڭى قان، يېڭى روھ يوق. ئۇلار ئۆزىنىڭ پائالىيەتتىكى لاياقەتسىزلىكى، ئەۋلادلار تەقدىرى بىلەن ئوينىشىۋاتقانلىقىنى شارائىتقا، بەزى قىيىنچىلىققا ئارتىپلا چۈشەندۈرىدۇ.

مائارىپىمىزنىڭ شۇ قەدەر زەئىپلىكى ئادەمنى شۈركەندۈرىدۇ. ماھىيەتتە بۇ بۈيۈك مەسئۇلىيەت بولۇپ، بۇ، مىننەتسىز مېھنەتنى تەلەپ قىلاتتى. بىزدىكى روھىي زەئىپلىك قىيىنچىلىقتا شۇنداق لاتىلارچە مۇئامىلە قىلىشقا سەۋەب بولۇۋاتىدۇ. مەسئۇلىيەت ئاداسىزلىقىغا ھېچكىم ۋىجداندىن جاۋابكارلىق ھېس قىلمايدۇ. سامۇئېل خىنىنگتوننىڭ «ھايات مەسئۇلىيىتى» دېگەن ئەسىرىدىكى مۇنۇ ۋەقەلىك كىشىنى چوڭقۇر ئويلاندۇرىدۇ: «1852-يىلى ئافرىقا دېڭىز قىرغىقىدىكى ‹بوكھارد› ناملىق پاراخوت چۆكۈپ كېتىدۇ. دەل شۇ ۋاقىتتا كىنەز ۋىلتون ئەنگلىيە خان جەمەتى ئىلمىي جەمئىيىتىدىكى بىر زىياپەتتە ئىدى. بۇ خەۋەر ئەنگلىيىگە يەتكەندە مېكاۋېل: (ئامېرىكىلىق مىنىستىرلاۋرىبىتمۇ شۇنداق قارايدۇ) مەن كىنەزنىڭ قۇربان بولغانلار ئۈچۈن يازغان مەرسىيىسىدە ‹باتۇرلۇق› دېگەن سۆزنى تىلغا ئالمىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئىنتىزامچانلىقى، ئىتائەتمەنلىكىنىلا تىلغا ئالغانلىقىنى بايقىدىم. ئۇ بۇنى كۆپ تەكرارلىدى. ئۇنىڭ قارىشىدا ‹باتۇرلۇق› ئەقەللىي، تېگىشلىك ئىشقا ئايلىنىپ قاپتۇ، دەپ ئويلىدىم».

قىسقىسى، زىيالىيلىرىمىز ئۆزىنىڭ قىلىۋاتقانلىرى، قىلماقچى بولغانلىرى، مەسئۇلىيىتى ھەققىدە تەپسىلىي ئويلىنىپ بېقىشى زۆرۈر. خې جيادۇڭ مۇنداق دەيدۇ: «جۇڭگو زىيالىيلىرى خەلقنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ، خەققە بوشاشماستىن ‹دېموكراتىيە›، ‹ئاقارتىش›، ‹يېتەكلەش› ئېلىپ بېرىشى، ئىپادىلەش ھوقۇقى ۋە ئىقتىدارى يوق خەلقنىڭ باياناتچىسى بولۇشتىن ئىبارەت مۇقەددەس بۇرچنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك» («جۇڭگونىڭ يولى»، «جەنۇب گېزىتى» نەشرىياتى، 185-بەت).

مىللەت بىر ئىجتىمائىي گەۋدىدۇر. مىللەت گەۋدىسىدىكى ھەر بىر ئەزانىڭ ئۆز ھاياتىغا تۇتقان پوزىتسىيىسى ۋە ھاياتىنى قانداق ئۆتكۈزۈشى، ماھىيەتتە مىللەت ئومۇمىي ھاياتىنىڭ قىممىتى، رېئال ئەھۋالىنى بەلگىلەيدۇ. سۇنىڭ سۈزۈكلۈكى ھەربىر تامچە سۇنىڭ سۈزۈكلۈكىگە باغلىقتۇر. ئىجتىمائىي ساپا يەككە ساپانى مەنبە قىلىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش، مېنى ھەسرەتلەندۈرگەن، مىللىتىمىزنىڭ خەرىتىسىز يول مېڭىشى، سىز ۋە مېنىڭ ئۆز ھاياتىمىزنى ئويلاشمايلا ئىسراپ قىلىپ تۈگىتىدىغانلىقىمىزدىن كەلگەن. نۇرغۇنلىرىمىزغا تۇغۇلۇپ قالغىنىمىز ئۈچۈنلا ياشاش ۋەزىپىگە ئايلانغان. ھاياتنىڭ بىرلا قېتىملىقى، ھاياتنى ئاجايىپ ھېكمەتكە ئىگە قىلغان. شۇنچە قىممەتلىك ھاياتقا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلماي، مەقسەت-پىلانسىزلا ياشاپ تۈگىتىۋېتىش ئادەمنى چەكسىز نادامەتتە قويماسمۇ؟ ھاياتنىڭ قىممىتى ھەققىدە ئويلانماسلىق، شۈبھىسىزكى، بىھۇدە ياشاشنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ. ھايۋانمۇ ياشىيالايدۇ، ياشاشنى بىلىدۇ. ئادەملەرنىڭ پەرقى قانداق ياشاشنى بىلگەنلىكىدە. ئادەمنىڭ قىممىتى ياشىغانلىقىدا ئەمەس، قانداق ياشىغانلىقىدا. قانداق ياشاشنى بىلىش ئىنسانىيەتنىڭ مەڭگۈ ۋاقىتتى ئۆتمەيدىغان ئانا تېمىسىدۇر. بۇ، ھەرقانداق كىشىگە مەجبۇرىيەتتۇر. گەرچە مەلۇم مەسئۇلىيەتلەر زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئالمىشىپ تۇرسىمۇ، ماكاننىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆزگەرسىمۇ، ئادەملەر سالاھىيىتىنىڭ پەرقلىنىشى بىلەن پەرقلەنسىمۇ، تېما قىممىتىنى يوقاتمايدۇ ھەم ھەممىگە ئورتاق قانداق ياشاشنى بىلمەسلىك — ئىنسانىيەت بەختسىزلىكىنىڭ تۈپ مەنبەسىدۇر.

شەخس ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئۆزىدىن باشقىنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. گەرچە تاشقى سەۋەب ۋە باشقىلار مەلۇم دەرىجىدە ياردەم بېرەلىسىمۇ، ئۈزۈل-كېسىل بولمايدۇ. ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغىنى يەنىلا شۇ شەخسنىڭ ئۆزى. شەخسنىڭ ئۆز-ئۆزىنى ياخشىلىيالماسلىقى، مىللەت قىيامىتىنىڭ باشلىنىشىدۇر.


دېمەك، ھەربىرىمىزدە ئۆز ھاياتىمىزنىڭ خەرىتىسى، يول بەلگىسى بولۇشى زۆرۈر. بۇ خەرىتىنى سىزگە باشقىلار بېرەلمەيدۇ، بەرسىمۇ سىزنىڭ مەنپەئەتىڭىز ئۈچۈن بەرمەيدۇ. خەرىتە سىزنىڭ نىشانىڭىزغا ئاساسەن سىزىلىدۇ. نىشان ئېتىقادىڭىزدىن تۇغۇلىدۇ. باشقىلار سىزنىڭ نىشانىڭىزنى چۈشەنمىگەچكە، خەرىتىنىمۇ ئۆزىنىڭ نىشانىغا ئاساسەن سىزىدۇ. ئۆزىڭىزنىڭ خەرىتىسى بولمىسا كۆزى تېڭىلغان كالىدەك خامان يۇمشىتىسىز. ئاقىل ئادەم ئۆز ئېتىنىڭ تىزگىنىنى ئۆزى تۇتالايدۇ. ئۆزى مىنگەن ئاتنىڭ تىزگىنىنى تۇتالماسلىق ئۇنى يېتىلىگۈچىنىڭ نىشانىغا باشلاپ قويىدۇ.

ئىنساننى كەپسىز ئاتقا مىندۈرگەن زات، شۇ ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتۇش قابىلىيىتىنى ھەم ئورۇنلاشتۇرغان.

2000-يىل 28-مارت

---

ئاپتور: شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى ئىنگلىز تىلى 99-يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى (M1)



# ماشىنىنىڭ ئادەملىشىشى ۋە ئادەمنىڭ ماشىنىلىشىشى

## ـ مائارىپ يۈنىلىشىنى بەلگۈلەشتە ئويلىنىشقا تېگىشلىك بىر قانچە مەسىلە

قاسىم سىدىق

مۇھەررىردىن:

بۇ ماقالە 1997ـيىلى جۇڭگو مائارىپ سەنئىتى تەتقىقات جەمئىيىتى ۋە «مائارىپ سەنئىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تەرىپىدىن ئۆتكۈزۈلگەن «مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى دىققەت مەركىزى مەسىلىلىرى ۋە ئىدىيىۋى تەربىيە سەنئىتى مۇھاكىمە يىغىنى» دا 1ـدەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.

* * *

مۆھتىرەم ئۇستازلار، خانىملار، ئەپەندىلەر!

مەن بۈگۈن دۆلىتىمىزنىڭ يىراق غەربىي چېگرىسىدىن پايتەختكە كېلىپ سىزلەر بىلەن بىرلىكتە بۇ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشقانلىقىمدىن شەرەپ ھېس قىلىمەن. ۋاقىت ۋە سەھىپە چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن ئۆز ماقالەمدە يورۇتماقچى بولغان تۈپ ئىدىيە ئۈستىدە تەپسىلىي ۋە چوڭقۇر توختىلالمىدىم. ئۇستازلارنىڭ تەنقىدىي پىكىرلىرىنى سەممىيلىك بىلەن قوبۇل قىلىمەن.

### 1.«تەبىئىي ئادەم» ۋە «ئىجتىمائىي ئادەم»

بىزنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئەجدادىمىز ھەققىدە ئانتروپولوگلار (ئىنسانشۇناسلار) ئىچىدە «بىر ئاتا تەلىماتى» ۋە «كۆپ ئاتا تەلىماتى» دىن ئىبارەت تالاش ـتارتىش مەۋجۇد. ھازىر ئىلىم ئەھلى تولاراق «بىر ئاتا تەلىماتى» غا مايىل. ھالبۇكى، بۇ خىل كۆز قاراش ئىسلام ۋە خرىستىئان تەلىماتىنىڭ «ئادەمئاتا» ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرى بىلەن مۇئەييەن مەنىدە ئورتاقلىققا ئىگە.

ئانتروپولوگلارنىڭ قانداق بەھس-مۇنازىرە قىلىشىدىن قەتئىينەزەر، بىر نۇقتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، ئەڭ ئىپتىدائىي

بۈگۈنكى دۇنيا

ئادەم‌ياكى ئەڭ ئىپتىدائىي ئادەملەر جەزمەن هازىرقىدەك ئىجتىمائىيلاشقان ئادەم بولماي، بەلكى روشەن ئىندىۋىدۇئال-لىق (خاسلىق) قا ئىگە تەبىئىي ئادەملەردۇر.

### «تەبىئىي ئادەم»

«تەبىئىي ئادەم»نىڭ هاياتلىق تارىخىدىكى بىرلىككە كەلگەن ئارخىپى ئانتروپولوگلارتەرىپىدىن تېخى تۇرغۇزۇلغىنى يوق. شۇنداقلا، مېنىڭ بىلىشىمچە، بۇ ھەقتە سىستېمىلىق ئىلمىي مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلمىغان بولسا كېرەك. ھالبۇكى، بۇ نۇقتىدا سىستېمىلىق توختىلىش قولىمىزدىكى تېمىنىڭ ۋەزىپىسى ئەمەس، پەقەت بىر نۇقتا روشەنكى، زامان ۋە ماكان نۇقتىسىدىن قارىغاندا ، «تەبىئىي ئادەم» ياكى «تەبىئىي ئادەم» لەرنىڭ ياشاپ ئۆتكەنلىكى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدۇ.

چىن مەنىدىكى ئەڭ دەسلەپكى «تەبىئىي ئادەم» زادى قانداق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە؟ ئۇنى هازىرقى زامان ئىلىم-پەن نەتىجىلىرى ئاساسىدا شۇنداق تەسۋىرلەشكە بولىدۇ:

1. ئەڭ دەسلەپكى تەبىئىي ئادەم ئىجتىمائىي فورما ۋە ئىجتىمائىي ئاڭغا ئىگە ئەمەس.
2. ئىجتىمائىي ئالاقە ۋە بىلىش قورالى بولغان جانلىق تىلغا ئىگە ئەمەس.
3. لوگىكا چەكلىمىسىگە ئىگە ئەمەس.
4. فىزىئولوگىك مەقسەتكە ئىگە.
5. يۇكسەك ئىندىۋىدۇئاللىققا ئىگە.
6. يۇكسەك ئىجادچانلىق روھىغا ئىگە.
7. يۇكسەك تەسەۋۋۇر ئىقتىدارىغا ئىگە.
8. يۇكسەك پىداكارلىق روھىغا ئىگە.
9. ھەرقانداق شەكىلدىكى مائارىپ تەربىيىسىگە ئىگە ئەمەس.

يۇقىرىقى جاپاكەش ئادەمنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرگە سەۋەب بولغان توپ ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ يۇكسەك ئىجادچانلىق روھىغا ئىگە ئىكەنلىكىدە. دەرۋەقە، تەبىئىي فىزىئولوگىك ئېھتىياج (هاياتلىق ئېھتىياجى) بۇ ئادەمدىن ئىجادىي پىكىر قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ساددا ئىپتىدائىي تەسەۋۋۇر، ئىجادكارلىق ۋە يۇكسەك پىداكارلىق روھى ھېچقانداق لوگىكىلىق چەكلىمىگە ئىگە بولمىغان بۇ ئادەمدە ئەركىن جارى بولىدىغان توپ خۇسۇسىيەتلەردۇر. بۇ ھەقتە دارۋىننىڭ «تۈرلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى» ۋە «ئىنسانلارنىڭ كېلىپ چىقىشى» ناملىق كلاسسىك ئەسەرلىرى بىزگە زۆرۈر مەلۇماتلارنى بېرىدۇ.

### «ئىجتىمائىي ئادەم»

«ئىجتىمائىي ئادەم» تۆۋەندىكىدەك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە:

1. ئىندىۋىدۇئاللىققا ئىگە ئەمەس.
2. ئىجادچانلىققا ئىگە ئەمەس.
3. لوگىكا چەكلىمىسىگە ئىگە.
4. ئىجتىمائىي ئاڭ ۋە فورمىغا ئىگە.
5. ئىجتىمائىي ئالاقە ۋە بىلىش قورالى بولغان جانلىق تىل ياكى ئىشارەت تىلىغا ئىگە.
6. ھەرقانداق شەكىلدىكى مائارىپ تەربىيىسىگە ئىگە.

ئىجتىمائىي ئادەم ئىجتىمائىي مائارىپنىڭ مەھسۇلى. بۇ يەردە ئۇزۇل-كېسىل مۇئەييەنلەشتۇرۇشكە بولىدۇكى، ھېچقانداق شەكىلدىكى مائارىپ تەربىيىسىنى كۆرمىگەن ئادەم ئىجتىمائىي ئادەم بولالمايدۇ.

مەيلى قايسى دەۋردە بولمىسۇن ئىجتىمائىي ئادەمگە ئايلانغان ھەرقانداق شەخس ئىككى قاتلاملىق ئادەمدىن ئىبارەت، ئۇنىڭ بىرى «تەبىئىي ئادەم» قاتلىمى، يەنەبىرى، «ئىجتىمائىي ئادەم» قاتلىمى.

يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنى ئىپتىدائىي تەبىئىي ئادەمنىڭ هازىرقى زاماندىكى مودېلى ، دەپ قاراشقا بولىدۇ. بىز بۇ بوۋاقنى روبىنزون كروزۇ① بىر زامانلاردا ياشىغان ئارالغا يالغۇز تاشلاپ قويۇپ، ھېچقانداق تەربىيە بەرمەي چوڭ قىلالىساق ئەڭ ئىپتىدائىي تەبىئىي ئادەمنىڭ جانلىق تىپىغا ئېرىشىمىز. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، تەربىيە قوبۇل قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بارلىق ئادەملەر ئىككى قاتلاملىق ئادەملەردۇر.

## 2.«ئىپتىدائىي مائارىپ»

تارىخىي نۇقتىدىن قارىغاندا، مائارىپنى «ئىپتىدائىي مائارىپ» ۋە «زامانىۋى مائارىپ» دىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ. زامانىۋى مائارىپ ھەققىدە ئىنژاھات خاراكتېرلىك ئەسەرلەر شۇنچە كۆپ يېزىلدىكى ، بۇ يەردە قايتا توختىلىشنىڭ هاجىتى يوق. ئاپتور پەقەت تېما ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ «ئىپتىدائىي مائارىپ» ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتۈشنى زۆرۈر، دەپ قارايدۇ.

«ئىپتىدائىي مائارىپ» تارىخىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇش هازىرچە مۇمكىن ئەمەس. «مائارىپ» نىڭ نىگىزلىك ئېنىقلىمىسى ( «ئۆگىنىش» ) نى كۆزدە تۇتقاندا بۇ خىل تارىخنى ئىنسانىيەت تارىخىدىن قەدىمىي تارىخ، دەپ ئۇزۇل-كېسىل مۇئەييەنلەشتۇرۇشكە بولىدۇ. مەيلى قايسى خىل جانلىققا نىسبەتەن ئېيتىلمىسۇن قاچان ۋە قايەردە «ئۆگىنىش» ۋە «ئۆگىنىش ئەمەلىيىتى» شەكىللەنگەنىكەن، شۇ يەردە شۇ جانلىقلار تۇرىدۇ ۋە شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ ئىپتىدائىي مائارىپ تارىخىغا ئۇل بېسىلدى، دەپ قاراشقا بولىدۇ. بۇ نۇقتىدا ۋاقىت ۋە سەھىپە چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن ئارتۇق توختىلالمايمىز. لېكىن «ئۆگىتىش» ۋە «ئۆگىنىش» ئەمەلىيىتىنىڭ تارىختىكى ۋاقىت تەرتىپى قانداق ئىدى، دېگەن سوئالغا جاۋاب بېرىش بۇ ماقالىنىڭ ۋەزىپىلىرىنىڭ بىرسى.

هازىرقى زامان ئىلىم-پەن تەجرىبىلىرى بىزگە شۇنداق ھوقۇق بېرىدۇكى، ئەڭ ئىپتىدائىي مائارىپ خىل ئىستىخىيىلىك مائارىپ بولۇپلا قالماي ئالدى بىلەن «ئۆگىتىش» جەريانى ئەمەس «ئۆگىنىش» جەريانىدۇر!

پۈتكۈل جانلىقلار تارىخىدىن قارىغاندا ،

ئۆگىنىش ئەمەلىيىتى ئۆگىتىش ئەمەلىيىتىدىن ئىلگىرى تۇرىدۇ. بىر جانلىق ئۆزى بىلەن تۇرداش ياكى تۇرداش بولمىغان يەنە بىر جانلىقنىڭ ھەرىكەتلىرىنى ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز دورىغىنىدا، ئۇ دەل ئۆزلىكىدىن ئۆگىنىش ئەمەلىيىتىنى باشتىن كەچۈرگەن بولىدۇ، مانا بۇ تەبىئىي، ئىستىخىيىلىك بىر جەرياندىن ئىبارەت. قەدىمكى يۇنانلىقلارنىڭ «تەقلىدچىلىق تەلىماتى»نى بىر يولى ئىنكار قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. مەن بۇ تەلىماتنى يەنىلا ھاياتىي قۇدرەتكە ئىگە، دەپ قارايمەن، «مىغىزىنى قوبۇل قىلىپ، شاكىلىنى چىقىرىپ تاشلاش» كېرەك.

«ئۆگىنىش» ئەمەلىيىتى ئىجتىمائىي ئاڭنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى، بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ھەرقانداق شەكىلدىكى «ئۆگىتىش» مۇئەييەن «پروگراما»نى چىقىش قىلىدۇ.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئەڭ ئىپتىدائىي ئادەملەر ناھايىتى ئىجتىھاتلىق ئادەملەر، جاپاكەش ئادەملەر ۋە ئۆزلىكىدىن ئۆگەنگۈچىلەر ئىدى، ئۇلارنىڭ دەرسخانىسى ئۇلارنىڭ ئۆزىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان پايانسىز ۋە رەڭگارەڭ تەبىئەت دۇنياسى ئىدى.

## 3. «ئىجادىي نەرسە» ۋە «تەقلىدىي نەرسە» تۇنجى ئىجادكار

ئەڭ دەسلەپكى ئەجدادىمىز قاچان، قايەردە بىرەر ھەرىكەت ياكى بىرەر نەرسىنى كەشپ قىلغانىكەن، دەل شۇ كىشى (ياكى مەخلۇق) ئىنسانىيەت تارىخىدىكى تۇنجى ئىجادكار ھېسابلىنىدۇ.

### «ئىجادىي نەرسە»

«ئىجادىي نەرسە»- يۈكسەك ئىندىۋىدۇئاللىققا ۋە تەڭداشسىزلىققا ئىگە نەرسىدىن ئىبارەت.

«ئىجادىي نەرسە» پۈتكۈل مەدەنىيەت تارىخىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى. مەدەنىيەت تارىخى قەدىمكى زامان مۇتەپەككۇرلىرى، ئالىملىرى، سىياسىيئونلىرىدىن تارتىپ ھازىرقى زامان مۇتەپەككۇرلىرى، ئالىملىرى ۋە سىياسىيئونلىرى ياراتقان تارىخ.

مەدەنىيەت تارىخى يەنە ئۆز نۆۋىتىدە پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئەقىل-پاراسىتى ۋە ئومۇمىي پائالىيىتىنىڭ ئىپادىلىنىش تارىخىدىن ئىبارەت.

### «تەقلىدىي نەرسە»

«تەقلىدىي نەرسە»- ئىجادىي نەرسىنىڭ كۆچۈرۈلمىسى، شۇنداقلا ئومۇملاشتۇرۇلغان، كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىدىن ئىبارەت. ھەرقانداق شەكىلدىكى «تەقلىدىي نەرسە» ئىككى ئاساسىي شەرت ئۈستىدە قارار تاپىدۇ، ئۇنىڭ بىرى، «ئىجادىي نەرسە»، يەنە بىرى، «مائارىپ».

### بىرلىككە كەلگەن جەمئىيەت

بىرلىككە كەلگەن ھەرقانداق جەمئىيەت «تەقلىدىي نەرسە»لەرنىڭ يىغىندىسى. ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئادەتلىرى، ئاڭ-ئىدىيە ساھەسىدىكى ئورتاقلىقلار، ھاياتلىق ھەرىكىتى ۋە ھاكازالاردىكى ئورتاقلىقلارنىڭ ھەممىسى «ئىجادىي نەرسە»نىڭ كۆچۈرۈلمىسىدىن ئىبارەت.

كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، «ئىجادىي نەرسە» جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ يادروسى ۋە ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچى، بۇ يادرونى مەركەز قىلغان سىستېما بولسا، «ئىجادىي نەرسە»نىڭ ئومۇملاشتۇرۇلغان تەقلىدىي گەۋدىسىدىن ئىبارەت. «ئىجادىي نەرسە» بولمىسا «تەقلىدىي نەرسە» بولمايدۇ، «تەقلىدىي نەرسە» بولمىسا، بىرلىككە كەلگەن جەمئىيەتتىن ئېغىز ئېچىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.

خرىستوس مۇئەييەن مەنىدە «ئىجتىمائىي ئادەم» ۋە «ئىجادىي نەرسە» سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىپ، بىر پۈتۈن خرىستىئان دۇنياسىنى ياراتتى. مۇئەييەن مەنىدە ئېيتىشقا بولىدۇكى، خرىستىئان دۇنياسى ئىيسانى ئەندىزە قىلغان «تەقلىدىي نەرسە»دىن ئىبارەت. ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئىسلام دۇنياسىمۇ مۇھەممەد پەيغەمبەرنى مەركەز قىلغان تەقلىد دۇنياسىدۇر.

### سىممېترىك دۇنيا

«ئىجادىي نەرسە» بىلەن «تەقلىدىي نەرسە» ئوتتۇرىسىدا بىرمۇ بىر ماسلىق تۈزۈلگەن بولسا، ئومۇمىي سىستېما سىممېترىك سىستېما بولۇپ ھېسابلىنىدۇ ۋە مۇشۇ ئەندىزە بىلەن قۇرۇلغان دۇنيا سىممېترىك دۇنيادىن ئىبارەت. سىممېترىك دۇنيانىڭ خۇسۇسىيىتى:

1. بۇ خىل دۇنيا تەكرار جەريانلارنىڭ يىغىندىسىدىن ئىبارەت.

2. بۇ خىل دۇنيا كونسېرۋاتىپ دۇنيادىن ئىبارەت.

3. بۇ خىل دۇنيا ئۆلۈك دۇنيادىن ئىبارەت (بىز «ئىجادىي نەرسە»نى ھاياتلىق ھەرىكىتى ۋە ھاياتلىق روھىنىڭ يادروسى، دەپ قارىغىنىمىزدا ئەھۋال دەل شۇنداق بولىدۇ. سەۋەبى، سىممېترىك دۇنيا ئۆزى سادىق بولغان ئەندىزىدىن باشقا ھەرقانداق «ئىجادىي نەرسە»نى قوبۇل قىلالمايدۇ، ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، بۇ خىل دۇنيا ھەقىقىي مەنىدە ئۆلۈك دۇنياغا ئايلىنىدۇ).

4. بۇ خىل دۇنيا تۇرغۇن، بىرلىككە كەلگەن دۇنيادىن ئىبارەت.

### غەيرىي سىممېترىك دۇنيا

«ئىجادىي نەرسە» بىلەن «تەقلىدىي نەرسە» بىرمۇ بىر ماسلىق تۈزمىسە، بۇ خىل دۇنيا غەيرىي سىممېترىك دۇنيا بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. غەيرىي سىممېترىك ھالەت ئومۇمەن ئىككى نۇقتىدا ئىپادىلىنىدۇ:

1. ئەندىزە سۇبيېكتى بولغان «ئىجادىي نەرسە»دىكى ئۆزگىرىش ۋە ئىچكى زىددىيەتلەر.

2. ئەندىزە ئوبيېكتى بولغان «تەقلىدىي نەرسە»دىكى ئۆزگىرىش ۋە ئىچكى زىددىيەتلەر.

دېمەك، ھەر ئىككى نۇقتىدا ياكى بىر نۇقتىدا ئەسلىگە سادىق بولماسلىق ھالىتى مەۋجۇت ئىكەن، ئۇ ھالدا بۇ خىل دۇنيا سىممېترىك دۇنيا بولالمايدۇ.

غەيرىي سىممېترىك دۇنيانىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى:

1. ئۆزگىرىشچان بولىدۇ. 2. ئىچكى

زىددىيەتلەرگە تولغان بولىدۇ. 3. بىرلىككە كەلمىگەن بولىدۇ. 4. هاياتىي قۇدرەتكە تولغان بولىدۇ. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تا هازىرغىچە مەيلى ئىلىم-پەن ۋە باشقا نۇقتىلاردىن ئېيتايلى، غەيرىي سىممېترىك هالەتنى ساقلاپ كەلدى ۋە ساقلاپ كەلمەكتە.

### «ئىجادىي نەرسە» نىڭ ئىنقىلابىيلىقى

1. تارىخىي نۇقتىدىن ۋە ئومۇمىيلىقتىن قارىغاندا، «ئىجادىي نەرسە» - ئىنقىلابىي نەرسە بولىدۇ. «قۇياش مەركەز تەلىماتى»، «نىسبىيلىك نەزەرىيىسى» قاتارلىقلار بۇنىڭ روشەن دەلىلى. گالىلېي، نيۇتون، ئارخىمىد قاتارلىقلارنىڭ تەلىماتى ئەينى دەۋردە ئەنە شۇنداق ئىنقىلابىي هادىسە سۈپىتىدە مەيدانغا كېلىپ، ئىلىم-پەن تارىخىدا ئالەمشۇمۇل بۇرۇلۇش ياسىمىغانمىدى؟

2. «ئىجادىي نەرسە» ئۆز نۆۋىتىدە ئۆزى تۇغۇلغان جەمئىيەتكە نىسبەتەن «قارشى ئېلىنمايدىغان نەرسە» بولۇپ قالىدۇ. برونونىڭ كۆيدۈرۈلۈشى، گالىلېينىڭ جازالىنىشى، ئېينىشتېيننىڭ مەسخىرىگە ئۇچرىشى رېئال پاكىت ئەمەسمۇ؟!

3. «ئىجادىي نەرسە» ئۆز نۆۋىتىدە مۇقەررەر نەرسە بولۇپ هېسابلىنىدۇ. ئىنسانىيەت تارىخىدىكى نوپۇزلۇق تەلىماتلار ئۆز زامانىسىدا قانچە كەمسىتىلىشىدىن قەتئىينەزەر هامان غەلىبىگە ئېرىشمىدىمۇ؟!

4. «ئىجادىي نەرسە» تارىخىي ۋەزىپىسىنى تاماملاپ بولغاندىن كېيىن «كونسېرۋاتىپ نەرسە» گە ئايلىنىپ قالىدۇ. نيۇتون مەلۇم مەنىدە ئېينىشتېيننىڭ دۇنياغا كېلىشىگە «ئاداۋەت» تۇتمىدىمۇ؟!

### «تەقلىدىي نەرسە» نىڭ كونسېرۋاتىپلىقى

1. «تەقلىدىي نەرسە» ئومۇملاشقان نەرسە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆز مەنبەسىدىن باشقا غەيرىي تەقلىدىي نەرسىلەرنى چەتكە قاقىدۇ. پىتولمىي كوپېرنىكنىڭ تۇغۇلۇشىنى 18 ئەسىر كەينىگە سۈرۈۋەتمىدىمۇ؟!

2. «تەقلىدىي نەرسە» نوپۇز تىكلەپ «مۇقەددەس نەرسە» گە ئايلانسا، ئۆز مەنبەسىدىن باشقا هەرقانداق ئىنقىلابىي خاراكتېرگە ئىگە «ئىجادىي نەرسە» نى چەكلەيدۇ. «مۇقەددەس نەرسە» چېقىلغىلى بولمايدىغان نەرسە بولغانلىقى ئۈچۈن ئەڭ كونسېرۋاتىپ بولىدۇ. ئىنسانىيەتنىڭ ئىجادىي تەپەككۇرى، تەسەۋۋۇر ئىقتىدارى، گۇمانلىنىش ئىقتىدارى ۋە هوقۇقى ئىنسانىيەت ئۆزى كەشىپ قىلغان «مۇقەددەس نەرسە» نىڭ زەربىسىگە تا هازىرغىچە ئۇچراپ كەلمىدىمۇ②؟!

## ماشىنىنىڭ ئادەملىشىشى ۋە ئادەمنىڭ ماشىنىلىشىشى

ماشىنا دېگەن نېمە؟

1. «ماشىنا» - ئابستراكت (ۋە ياكى كونكرېت)، ماددىي شەكىلگە ئىگە بولمىغان ئىنسان تېخنىكىلىق تەپەككۇرنىڭ ماددىيلىشىشى ۋە ئوبيېكتىپ ئوبرازغا ئايلىنىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. دېمەك، ماشىنا-ئادەمنىڭ كۆچۈرۈلمىسى، فۇنكسىيە نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ماشىنا ئادەمنىڭ تەقلىدىدۇر. ئادەمنىڭ فىزىئولوگىك مېخانىزملىرىنىڭ فۇنكسىيىسى بىلەن ماشىنىنىڭ فۇنكسىيىسى ئۆز ئارا ماسلىق تۈزگەنلىكى ئۈچۈن فۇنكسىيە نۇقتىسىدا ئادەم بىلەن ماشىنا بىر خىل سىممېترىك هالەتكە ئىگە.

2. «ماشىنا» - تۈپ ئالاهىدىلىك نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئالدىن تەييارلانغان پروگراممىنى مېخانىك هالدا تەكرارلىغۇچى نەرسىدىن ئىبارەت.

3. شۇنداق دەپ هۆكۈم قىلىشقا بولىدۇكى، ئالدىن تەييارلانغان مۇئەييەن «پروگرامما» نى ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز، مېخانىك ياكى ئورگانىك تەكرارلىغۇچى هەرقانداق نەرسە فۇنكسىيە نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا «ماشىنا» بولۇپ هېسابلىنىدۇ.

### «ماشىنا» نىڭ ئادەملىشىشى

هەرقانداق شەكىلدىكى «ماشىنا» فۇنكسىيە نۇقتىسىدىن (!!!) ئادەمنىڭ تەقلىدى، شۇنداق ئىكەن، بارلىق ماشىنىلار سىستېمىسىنى ئادەمنىڭ ئۈچىنچى قاتلىمى، دەپ قاراش كېرەك (تەبىئىي ئادەم قاتلىمى، مېخانىك ئادەم قاتلىمى). بۇ قاتلام ئەلۋەتتە بىئولوگىيىلىك ۋە پسىخولوگىيىلىك قاتلام ئەمەس، ئۈزۈل-كېسىل مېخانىك قاتلام. ئالدىنقى ئىككى قاتلام ئوتتۇرىسىدا هەم بىئولوگىيىلىك هەم لوگىكىلىق باغلىنىش بولسا، كېيىنكى قاتلام بىلەن ئالدىنقى ئىككى قاتلام ئوتتۇرىسىدا پەقەت لوگىكىلىق باغلىنىش مەۋجۇد. بۇ نۇقتىدا كونكرېت توختىلىش مەخسۇس بىر تېما تەلەپ قىلىدۇ.

ئادەمنىڭ ئۈچىنچى قاتلىمى تەدرىجىي هالدا يوقلۇقتىن بارلىققا، ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە ۋە تاكامۇللۇققا قاراپ تەرەققىي قىلىپ بارغۇچى قاتلامدىن ئىبارەت.

ئىلىم ئەهلىگە مەلۇمكى، ئېلېكترونلۇق مېڭىنىڭ كەشىپ قىلىنىشى «ماشىنا» نىڭ «ئادەم» لىشىشىدىكى بۇرۇلۇش نۇقتىلىرىنىڭ بىرى.

كونكرېت ئادەم فۇنكسىيىسى بىلەن كونكرېت بىر «ماشىنا» نىڭ فۇنكسىيىسى ئوتتۇرىسىدا قانچىلىك ئوڭ تاناسىپلىق (سىممېترىكلىك) مۇناسىۋەت شەكىللەنسە، بۇ «ماشىنا» شۇنچە «ئادەم» لەشكەن بولىدۇ، نۆۋەتتىكى تېخنىكا ئىنقىلابى دەل مۇشۇ ۋەزىپىنى تۈپ مەقسەت قىلغان، دەپ قاراشقا بولىدۇ.

مۇبادا ئادەم مېڭىسىنىڭ ئەڭ ئالىي فۇنكسىيىسى بولغان ئىجادىي تەپەككۇر فۇنكسىيىسىنى «ماشىنا» غا كۆچۈرۈش مۇمكىن بولسا، بۇ هالدا «ماشىنا» «ئادەم» نىڭ بارلىق هوقۇق مەجبۇرىيەتلىرىنى ئۆز زىممىسىگە ئالالايدىغان نەرسىگە ئايلىنىدۇ.

هەممىمىزگە مەلۇمكى، بىر نۇقتىدا «ماشىنا» «ئادەم» دىن ئارتىپ كەتتى، ئۇ بولسىمۇ سۈرئەت!

### ئادەمنىڭ ماشىنىلىشىشى

بارلىق تەقلىدىي نەرسىلەر سۈنئىي نەرسىلەردىن

ئىبارەت، ئۇزۇل-كېسىل لوگىكىلىق ئىدىيە دەل شۇنداق قارايدۇ. ئىجادچانلىققا ئىگە بولمىغان ئادەم شەك-شۈبھىسىز تەقلىدىي نەرسە ۋە سۇنئىي نەرسىدىن ئىبارەت.

ئادەم ئادەمنىڭ تەقلىدى ـ مانا بۇ ئىجتىمائىي ئىنساننىڭ فورمىسى. بۇ يەردە بىز ئانا تومىك، ئانتروپومېترىيىلىك خاسلىقلارنى مۇھاكىمە قىلىپ ئولتۇرمايمىز، بۇ خىل خاسلىقلار تەبىئىي ئادەم قاتلىمىدىكى خاسلىقلار بولۇپ، ئىجتىمائىي ئادەمنىڭ فۇنكسىيىسىنى تەتقىق قىلىشتا ھېچقانچە ئەھمىيەتكە ئىگە ئەمەس. بىر ئادەمنىڭ ئىدىيە سىستېمىسى ئالدىنقى بىر ئادەمنىڭ ئىدىيە سىستېمىسى (پروگراممىسى) بىلەن بىرمۇ بىر ماسلىق تۈزسە، مانا بۇ تولۇق ماس تەقلىد بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئالدىنقى ئادەم گويا بىر پروگرامما سۈپىتىدە كېيىنكى ئادەم (ماشىنا) گە كىرگۈزۈلىدۇ، ئەگەر بۇ «ماشىنا» پروگراممىغا مۇتلەق بويسۇنسا، ئۇ ئەلۋەتتە مۇكەممەل «ماشىنا» بولىدۇ. ئەگەر بۇ «ماشىنا» پروگراممىنى ئۆزگەرتىۋەتسە ياكى بويسۇنمىسا «بۇزۇلغان» ماشىنا ھېسابلىنىپ، «رېمونت» قىلىنىش تەقدىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. پېتولىمېينىڭ يەرمەركەز تەلىماتى بىر پروگرامما سۈپىتىدە تاكى كوپېرنىككىچە تەقلىدچى ئىلىم ئەھلىدىن ئىبارەت «ماشىنا» لار سىستېمىسىغا كىرگۈزۈلۈپ، ئۆزىنىڭ قاششاق ۋە كونسېرۋاتىپ ئىمپېرىيىسىنى ياراتمىدىمۇ؟! گاللىي قاتارلىقلار بۇ «پروگرامما» غا تۈزىتىش كىرگۈزمەكچى بولۇۋېدى، ئۇلار «رېمونت» قىلىندى، ھەتتا بىرونو «چۈۋۈپ» تاشلاندى③.

يۇقىرىقىلاردىن شۇنداق يەكۈن چىقىرىش مۇمكىنكى، ئادەمنىڭ ئىجتىمائىيلىشىش دەرىجىسى بىلەن ماشىنىلىشىش دەرىجىسى ئوڭ تاناسىپ بولىدۇ.

## خاتىمە ئورنىدا: يەنە مائارىپ ھەققىدە

مائارىپ ئومۇمەن بىرلىككە كەلگەن ئىدىيىلەرنى ئۆزىنىڭ ئومۇملاشتۇرۇش نىشانى قىلغاچقا، ئۇ ئومۇمىي جەھەتتىن بىر كونسېرۋاتىپ سىستېما، باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپ تېخىمۇ شۇنداق. بۇ خىل كونسېرۋاتىپلىق ئەلۋەتتە زۆرۈر ئەھمىيەتكە ئىگە ۋە مائارىپ بۇخىل خۇسۇسىيىتىنى مۇئەييەن چەك ئىچىدە تەرك ئەتمەسلىكى كېرەك.

لېكىن بۇ دېگەنلىك مائارىپ (مەكتەپ) ئۆزبوسۇغىسىغا قەدەم قويغان ھەرقانداق «ئادەم» نى «ماشىنا» غا ئايلاندۇرۇۋەتسۇن، دېگەنلىك ئەمەس!

مائارىپنىڭ تۈپ مەقسىتى ۋە ئەڭ ئالىي نىشانى ـ تەبىئىي ئادەمنىڭ ئىجادىيەت ئىقتىدارى، تەسەۋۋۇرى، گۇمانلىنىش ئىقتىدارى ۋە پىداكارلىق روھى قاتارلىقلارنى ساقلاپ قېلىش ۋە ئىلھاملاندۇرۇش بولۇشى كېرەك.

ئەگەر يۇقىرىقى ئىقتىدار ۋە روھلار تۈپ نىشان قىلىنمىسا، ئەكسىچە چەكلىنىدىكەن، ئۇ ھالدا ئىلىم-پەن تارىخىي كىرىزىسقا يولۇقىدۇ. بىر دۆلەت، بىر مىللەتكە نىسبەتەن بۇ تولىمۇ ئېغىر پاجىئە!

ئېلېكترونلۇق ئوقۇتۇش گەرچە بىزگە نۇرغۇن قولايلىقلارنى ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، بىز مەسىلىگە دىئالېكتىكا نۇقتىسىدىن نەزەر تاشلىشىمىز لازىم. ئېلېكترونلۇق ئوقۇتۇشنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى ۋە ئوقۇتۇش مېتودى توغرا تاللانمىسا ، تۆتىنچى خىل ئادەملەر قاتلىمى مەيدانغا كېلەمدۇ ـ يوق؟ بۇ ھەقتە چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئەگەر «ماشىنا» ئىجتىمائىي ئادەمدىن ئىگىلىگەن مېخانىك ئىقتىدارنى يەنە بىر ئەۋلاد «ئادەم» لەرگە ئۆگەتسە، تەبىئىي ھالدا تەبىئىي ئادەم ئىقتىدارى تەرك قىلىنىدۇ-دە، نوقۇل بىئولوگىيىلىك سۈپەتكە ئىگە بولسىمۇ، پەقەت مېخانىك فۇنكسىيىگە ئىگە «ئادەم» (ماشىنا) لەر قاتلىمى مەيدانغا كېلىدۇ، بۇبەلكىم مۇبالىغىدۇ، لېكىن بۇ نۇقتىنى نەزەرگە ئېلىش بەكمۇ زۆرۈر.

ئاپتورنىڭ بۇ ماقالىدا ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغان تۈپ شوئارى شۇكى، مائارىپنىڭ يۆنىلىشى ھەققىدە قايتا-قايتا ئويلىنىش لازىم. مائارىپنىڭ تۈپ نىشانىنى تەبىئىي ئادەمنىڭ بارلىق ئىجادىي ئىقتىدارلىرىنى يېتىلدۈرۈش، جارى قىلدۇرۇش ۋە ئىلھاملاندۇرۇشقا قارىتىش كېرەك. بۇ، دۆلىتىمىز ۋە مىللىتىمىزنىڭ ئىستىقبالى بىلەن مۇناسىۋەتلىك زور مەسىلە.

ئاخىرىدا يەنە ئۇستازلارنىڭ پىكىر بېرىپ سەۋەنلىك، خاتالىقلىرىم بولسا كۆرسىتىپ بېرىشىنى سورايمەن، ھەممەيلەننىڭ ئىلىم-مەرىپەت يولىدا چوڭقۇر دوستلۇق ئورنىتىش ئىستىكىدە ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن.

يىغىن ئەھلىگە رەھمەت!

### ئىزاھلار

①دانىيىل دېفونىڭ «دېڭىز سەرگەردانى روبىنزون كروزۇ» ناملىق رومانىدىكى باش قەھرىمان.

②ئارىستاكوس (مىلادىدىن ئىلگىرىكى310-230-يىللاردىكى يۇنان ئاسترونومى) گەرچە ئالاھەزەل كوپېرنىكتىن 18ئەسىر ئىلگىرى «قۇياش مەركەز تەلىماتى» نى ياراتقان بولسىمۇ، ئەينى زامان مەدرىسە مائارىپى ۋە باشقا چەكلىمىلەر تۈپەيلىدىن بۇ كەشپىياتنىڭ «پاتېنت ھوقۇقى» غا ئېرىشەلمىدى. مەلۇم مەنىدە كوپېرنىكنى ئارىستاكوسنىڭ قايتا تۇغۇلۇشى، دەپ قاراش ئارىستاكوس روھىغا بېرىلگەن ئەڭ زور تەسەللىي بولۇشى مۇمكىن.

③برونو «قۇياش مەركەز تەلىماتى» غا سادىق بولغانلىقى ئۈچۈن ئوتتا كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈلگەنىدى.

1997-يىل مارتتا يۈرتۇم بۇلاق دادامتۇدا يېزىلدى.

---

ئاپتور: غۇلجا دادامتۇ ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى (M1)



# ئىككى تىللىقلىشىش ۋە ئانا تىلىمىز

نۇسرەت تۇردى

- كۆپ تىللىق بولۇش شەرەپلىك، ئەمما ئانا تىلىنى بىلمەسلىك جىنايەت.

- چىنگىز ئايتماتوف

## تىل ۋە تەرەققىيات

ناھايىتى ئېنىقكى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مىللىي مەدەنىيەت سىستېمىسىنىڭ ھەرخىل تەركىب - قاتلاملىرى بىرلا ۋاقىتتا قاتتىق سىقىلىش ھېس قىلماقتا. جۈملىدىن بىزنىڭ ئانا تىلىمىز ئۇيغۇر تىلىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس، ئەلۋەتتە.

ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات داۋامىدا ئاستا-ئاستا ئاساسىي مەدەنىيەت بولۇش ئورنىدىن چۈشۈپ قېلىشىغا ئەگىشىپ، ئۇيغۇر تىلىمۇ تۇرمۇشىمىزدىكى ئۆزىنىڭ «مۇقەددەس» ئورنىدىن ئايرىلىپ قېلىشقا يۈزلەندى. ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىن جانلىنالماسلىقى، تەرەققىيات سەۋىيىسىنىڭ ئىزچىل تۆۋەن بولۇپ تۇرۇشى، ئۇيغۇر تىلىنى ئالاقە ۋە ئىجاد قىلىش قورالى قىلغان ئۇيغۇرلارنى ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەش مىقدارى ۋە سۈپىتى جەھەتتە ئۈزلۈكسىز تۆۋەنلەشكە قاراپ يۈزلەندۈردى. ھەممىدىن مۇھىمى، ھازىرقى زامان يۇقىرى تېخنىكىلىق ئۇچۇر ۋاسىتىلىرى بىلەن ئۇنۇملۇك بىرىكىش، ھەمكارلىشىش مۇناسىۋىتى شەكىللەندۈرەلمىگەنلىكتىن، ئۇنىڭ بىزنىڭ ئۆگىنىش ۋە ئىجاد قىلىش تۇرمۇشىمىزدىكى ئورنى مىسلىسىز تۈردە خىرىسقا دۇچ كەلدى.

مانا مۇشۇنداق تارىخىي شارائىتتا، بىز قوش تىللىقلىشىشتىن ئىبارەت بۇ ئىجتىمائىي ھادىسىگە قانداق مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك؟ دېگەنگە ئوخشاش سوئاللارنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى تەبىئىي. شۇڭا بۇ مۇلاھىزەمدە مۇشۇ مەسىلىلەرنى چۆرىدىگەن ئاساستا ئۆزۈمنىڭ بەزى يۈزەكى قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتمەكچىمەن.

مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىز قوش تىللىقلىشىشتىن ئىبارەت بۇ ھادىسىنى رېئاللىق

سۈپىتىدە قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرمىز. چۈنكى هازىرقى زامان مىللەتلىرىنىڭ تەرەققىيات تەجرىبىسى ۋە هازىرقى زامان تەرەققىيات يۆنىلىشىدىن قارىغاندا، قوش تىللىقلىنىش هادىسىسى هەرقانداق مىللەت ياكى رايون خەلقىنىڭ تەرەققىيات مەسىلىسى بىلەن زىچ باغلانغان بولۇپ، ئۆزلۈكسىز كېڭىيىۋاتقان خەلقئارالىق بازار، مىللەتلەر ۋە دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى بىر-بىرىنى شەرت قىلىش، بىر-بىرىگە تايىنىش مۇناسىۋىتىنى ئۆزىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى قىلغان هازىرقى زامان تۇرمۇشىنىڭ ئەڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمىدۇر.

قوش تىللىقلىشىشنىڭ بىز يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ئالاھىدە ئورنى،چىن مەنىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، ئۇنىڭ پۈتكۈل مىللەتنىڭ ئېچىۋېتىش روھى بىلەن بولغان ئالاھىدە مۇناسىۋىتى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن. بۇ جايدىكى ئېچىۋېتىش روھى دېگىنىمىز - بىر مىللەتنىڭ ئۆز تەرەققىياتى داۋامىدا ئۆزگە مەدەنىيەت ئۇچۇرلىرىغا تۇتقان ئاكتىپ پوزىتسىيىسى، پايدىلىنىش ئىقتىدارى، شەرتلىك يوسۇندىكى قوبۇل قىلىش، ئۆزلەشتۈرۈش جەريانىدا ئىپادىلىگەن مەدەنىيەت پسىخىكىسى ھەمدە ئۇچۇر سېزىمچانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. شۈبھىسىزكى، مىللىي مەدەنىيەتنىڭ زامانىۋىلىشىشى ۋە گۈللىنىشىدە بۇ خىل روھ كەم بولسا بولمايدۇ. چۈنكى ھەرقانداق بىر مىللەت ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيىتى ھامان ئۆزگە مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ غىدىقلىشى، رىقابىتى ئاستىدا ئاندىن تېز سۈرئەت، يۇقىرى ئۈنۈم بىلەن تەرەققىي قىلالايدۇ. مەدەنىيەت ئۇچۇرلىرىنى مەنبە جەھەتتىن كۆپخىللاشتۇرۇش، موللاشتۇرۇش مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ.

بىلىش تەس ئەمەسكى، بۇخىل ئېچىۋېتىش روھىنىڭ ئالدىنقى شەرتلىرىنىڭ بىرى ئۇچۇر سېزىمچانلىقىدىن ئىبارەت. ھالبۇكى، ئۇچۇر سېزىمچانلىقى مەزمۇن جەھەتتىن زامانىۋى ئۇچۇر ۋاستىلىرىدىن سىرت بىر مىللەتنىڭ قوش تىللىقلىشىش سەۋىيىسىنى ھەم ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەنى بىر مىللەت ئۆزىنىڭ قوش تىللىقلاشقان ئەزالىرى ئارقىلىق زامانىۋى ئۇچۇر ۋاستىلىرىغا تايىنىپ باشقا مىللەت، رايونلارنىڭ ئۇچۇرلىرىدىن خەۋەر تېپىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايدۇ.

تېخىمۇ كونكرېت نۇقتىدىن قارىغاندا، بىر مىللەتنىڭ بەلگىلىك كۆلەمدە قوش تىللىقلىشىشى، شۇ مىللەتنى تېخىمۇ كەڭ ھاياتلىق بوشلۇقى بىلەن تەمىنلەپ، ئىش تېپىش، ئىجاد قىلىش ۋە ياشاش پائالىيىتىنىڭ تار بىر جۇغراپىيىلىك رايون بىلەنلا چەكلىنىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. بولۇپمۇ خەلقئارالىق ئەمگەك كۈچلىرى بازىرىنىڭ جانلىنىپ، ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ئەركىن، كۆچمە ھالەتكە ئۆتۈشى بۇ خىل ئېھتىماللىقنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، قوش تىللىقلىشىش مەدەنىيەت تەرەققىياتىدىن ئىبارەت بۇ ماكرو ھەم بىر قەدەر ئابستراكت مەسىلىگە چېتىلىشتىن سىرت، ئەڭ كونكرېت بولغان مەسىلە - بىزنىڭ ياشاش ۋە مۇھىتقا ماسلىشىش ئىقتىدارىمىز بىلەنمۇ ئالاھىدە نازۇك مۇناسىۋەت ئورناتقاندەك قىلىدۇ.

يۇقىرىقى بايانلاردىن هازىرقى زامان ئۇيغۇرلىرىنىڭ قوش تىللىقلىشىشتىن ئىبارەت بۇ مەسىلىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ بولالمايدىغانلىقى ناھايىتى ئېنىق.

ھالبۇكى، قوش تىللىقلىشىش خاراكتېر جەھەتتىن ئالدى بىلەن تىل ۋە مەدەنىيەت مەسىلىسىدۇر. مۇبادا ئۇنى ئومۇملاشتۇرۇشتا ئۇنىڭ ئانا تىل بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى توغرا ھەل قىلالمىساق، ئۇنىڭغا قارىتا توغرا ، سوغۇققان ھەم ئىلمىي قاراش، پوزىتسىيىدە بولمىساق مىللەتنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا ھەر تەرەپتىن سەلبىي تەسىر كۆرسىتىشى ئېنىق. مېنىڭچە، قوش تىللىقلىشىش ئانا تىلنىڭ مەۋجۇدلۇقى ، داۋاملىق تەرەققىي قىلىشىنى چەتكە قاقمىغان، ئانا تىلغا قارىتا تولۇقلىما بولغان ئاساستا يولغا قويۇلۇشى، ھەرگىزمۇ ئانا تىلنىڭ ئاسسىمىلياتسىيە بولۇشىدىكى ئۆتكۈنچى دەۋر، دەپ قارالماسلىقى ياكى ئۇنى مەقسەت قىلىپ قالماسلىقى كېرەك. مېنىڭچە، بۇ يەكۈن ئانا تىلغا بولغان ھېسسىيات مەسىلىسىلا ئەمەس، بەلكى تۈپ ماھىيىتىدىن قارىغاندا، ئانا تىلنىڭ مەۋجۇد بولۇشى، ئورنى، مىللەتنىڭ مەدەنىيەت خاسلىقى، تەپەككۇر ئالاھىدىلىكى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان رېئال ھەم ھالقىلىق مەسىلىدۇر.

ئۇزۇندىن بۇيان، بىز تىلنى ئاددىي ھالدا ئالاقە قورالى، دەپ تونۇپ كەلدۇق. ھەتتا بۈگۈنگە قەدەر ئۇيغۇر تىلشۇناسلىقى ئىزچىل تۈردە بۇ خىل ئەنئەنىۋى قاراشتىن قۇتۇلۇپ كېتەلمىدى. دەل مانا مۇشۇنداق تار بولغان تىل قارىشى تۈپەيلىدىن ئۇيغۇر تىلشۇناسلىقى ئۆز نەزىرى، تەتقىقات دائىرىسىنى تېخىمۇ كەڭ بولغان زېمىن - مەدەنىيەتكە ئاغدۇرالمىدى. سىستېمىلاشقان، مۇكەممەل تىل نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويالمىدى. مۇبادا بۇ خىل تىل قارىشى مۇتلەقلىشىپ، قوش تىللىقلىشىشتا داۋاملىق يېتەكچى ئورۇندا تۇرسا، ئېھتىمال بىزنى تۇيۇق يولغا باشلاپ قويۇشى مۇمكىن.

ئەگەر تىل «ئالاقىلىشىش» قورالى بولۇش بىلەنلا چەكلەنسە، بىر مىللەت ئۈچۈن قايسى تىلنى قوللىنىش ياكى ئۆز تىلىنىڭ يوقىلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەش، ھەتتا بىزنىڭ بۇ جايدا بۇ مەسىلىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈشىمىز تامامەن ئارتۇقچىدۇر. ھالبۇكى، تىل ھەرقانداق مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىدە ئالاھىدە ئورۇنغا شۇنداقلا مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ھەر قايسى قاتلاملىرىغا ۋاستىلىق ياكى ۋاستىسىز تەسىر كۆرسىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە. بۇنى چۈشىنىش ئۈچۈن تىل بىلەن مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەككەپ ھەم زىچ مۇناسىۋەتنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا مەجبۇرمىز. شۇڭا بىز ئالدى بىلەن تىل بىلەن تەپەككۇرنىڭ مۇناسىۋىتى ھەمدە ئۇلارنىڭ مىللىي مەدەنىيەتنىڭ خاسلىقىغا بولغان تەسىرى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

ھەر بىر مىللەتنىڭ تەپەككۇر ئۇسۇلى شۇ مىللەتنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا يادرولۇق ئورۇندا تۇرىدۇ ھەم شۇ مىللەتنىڭ ئالاھىدە خاراكتېرى، مەدەنىيەت پسىخىكىسى، ئىجتىمائىي پسىخىكىسى ۋە قىلمىش شەكلى بولۇپ تۇرۇشىدىكى ئاساسلارنىڭ بىرى بولغان ئامىل - مەدەنىيەت خاسلىقى، تەپەككۇر جەھەتتىكى ئۇسۇل خاسلىقى بىلەن ۋۇجۇدقا كېلىدۇ.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، تەپەككۇر ئۇسۇلى ھەتتاكى تەپەككۇرنىڭ ئۆزى قىپيالىڭاچ ھالدا مەۋجۇد بولۇپ تۇرمايدۇ، بەلكى تىل ئارقىلىق، تىلنىڭ ھەرقايسى تەركىبلىرىنىڭ قۇرۇلما شەكلى ئارقىلىق مەۋجۇد بولۇپ تۇرىدۇ. تىلنى ۋاستە قىلغان ئاساستا ئىنساننىڭ بىلىش، تونۇش ۋە ئىجاد قىلىش پائالىيىتىگە قاتنىشىدۇ. شۇڭا، كۆپ ھاللاردا بىر ئادەم دۇنيانى چۈشىنىش، بىلىشتە ئۆزىنىڭ تىل بىلىمىگە تايىنىدۇ ياكى بولمىسا تىل سەۋىيىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. بىر ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ بىرىنچى تىلىنى ياكى ئانا تىلىنى ئىگىلەش جەريانى ماھىيەتتە تەپەككۇر ئىقتىدارىنىڭ يېتىلىش، دۇنيانى بىلىش جەريانى بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. دەل مۇشۇ سەۋەب تۈپەيلىدىن تىلشۇناسلىق ئىلمىدە «تىل - ئارا دۇنيا» تەلىماتىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. مەزكۇر تەلىماتنىڭ نەزەرىيىسىگە ئاساسلانغاندا، تىل ئوبيېكتىپ دۇنيا (ماددىي دۇنيا) بىلەن سۇبيېكتىپ دۇنيا (روھىي دۇنيا) ئوتتۇرىسىدىكى كۆۋرۈك ياكى «ئارا دۇنيا» دىن ئىبارەت. ئىنسانلارنىڭ دۇنيانى بىلىشى مۇشۇ ھالقا ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئەلۋەتتە، مەن بۇ جايدا مەزكۇر تەلىماتنى مۇتلەق توغرا دېمەكچى ئەمەسمەن. بىراق يەنىلا ئۇنىڭ بەلگىلىك ئىلمىي زاكونى بار، دېگەن تونۇشتىمەن.

ئۇنداقتا، تىل قۇرۇلمىسىنىڭ ئوخشىماسلىقى تۈپەيلىدىن مەدەنىيەتنىڭ ۋە شۇ مەدەنىيەتنىڭ ئاساسلىرىدىن بىرى بولغان تەپەككۇرنىڭ ئوخشىماسلىقى مۇمكىنمۇ؟ ئەلۋەتتە، بۇ مەسىلىگە چوقۇم ئېھتىيات بىلەن مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك. شۇ نەرسە ئېنىقكى، تىل قۇرۇلمىسىدىكى ئوخشىماسلىق پۈتكۈل مەدەنىيەتكە چوقۇم بەلگىلىك تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭغا خەنزۇ تىلى بىلەن تەپەككۇر قىلغۇچىلار بىلەن ئۇيغۇر تىلى بىلەن تەپەككۇر قىلغۇچىلارنىڭ رەڭ سېزىمىدىكى پەرقلەر بەلگىلىك دەلىل بولالايدۇ.

ئەلۋەتتە، تىلنىڭ مەدەنىيەتكە بولغان تەسىرىنى مۇتلەقلەشتۈرۈۋېتىشكە بولمايدۇ. بىراق بۇنىڭلىق بىلەن مىللىي تىل بىلەن مىللىي مەدەنىيەت خاسلىقى ئوتتۇرىسىدىكى زىچ مۇناسىۋەتنىمۇ ھەم ئىنكار قىلالمايمىز.

يۇقىرىقىلاردىن سىرت، تىل يەنە پۈتكۈل مەدەنىيەتكە قارىتا «مۇستەھكەم قورغان» بولۇش رولىنى ئوينايدۇ. يەنى مەدەنىيەتنى نىسپىي مۇقىملىق، بىكىنمىلىك چەمبىرىكى ئىچىگە ئېلىپ، تىل توسالغۇسى ئارقىلىق ئۆزى ۋەكىللىك قىلىدىغان مىللىي مەدەنىيەتكە ئۆزگە مەدەنىيەت تەسىرىنىڭ توسالغۇسىز سىڭىپ كىرىشىنىڭ، ماھىيەتلىك ئۆزگەرتىۋېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۆزگە مەدەنىيەتكە قارىتا تىل كۈچلۈك چەتكە قېقىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇپ، مەدەنىيەتنى تاللاپ قوبۇل قىلىش ئۈچۈن شارائىت ھازىرلايدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن، تىل مەدەنىيەتنى ئۆزىنىڭ ھەرقايسى قاتلام، تەركىبلىرىدە ئەكس ئەتتۈرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغانلىقتىن، بىز تىل ئۆگىنىش جەريانىنى بىر خىل مەدەنىيەت ئۆگىنىش جەريانىدىن ئىبارەت، دەپ قارايمىز. شۇڭا بىر مىللەتنىڭ ئالدىنقى ئەۋلاد كىشىلىرى بىلەن كېيىنكى ئەۋلاد كىشىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت جەھەتتىن ۋارىسلىق قىلىش-قىلىنىش مۇناسىۋىتى ھامان ئانا تىلنى ئۆگىنىش جەريانىغا تايانماي قالمايدۇ. ئالدىنقى ئەۋلادنىڭ قىممەت قارىشى، تەپەككۇر ئۇسۇلى، ياشاش ئادىتى ۋە تەجرىبىسى ئىستىخىيىسىز، ھېسسىي لېكىن ئەڭ ئۈنۈملۈك تۈردە ئانا تىل ئۆگىنىش جەريانىدا كېيىنكى ئەۋلادقا يەتكۈزۈلۈپ، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى زامانىۋىلىشىش جەريانىدىكى ئۈزۈلۈپ قېلىش خەۋپىدىن ساقلايدۇ.

دېمەك، ئاناتىل مىللىي مەدەنىيىتىمىزدە تەڭداشسىز مۇھىم ئورۇنغا ئىگىدۇر. ئۇنىڭ يوقىلىشى ياكى ئورنىنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق

ئاجىزلىشىشى زىيان ئېلىپ كەلسە كېلىدۇكى، مەدەنىيىتىمىزگە ئىجابىي تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، ستالىننىڭ: «مىليونلىغان خەلق ئاممىسى مەدەنىي، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى تەرەققىيات ئىشلىرىدا پەقەت ئانا تىلىدا، مىللىي تىلىدىلا ئوبدان تەرەققىي قىلالايدۇ»① دېگەن مەزكۇر يەكۈنى توغرا بولسا كېرەك.

ھالبۇكى، تونۇشنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى ياكى ئىلمىيلىكنىڭ كەمچىل بولۇشىغا ئوخشاش سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، بىز قوش تىللىقلىشىش مەسىلىسى بىلەن ئانا تىل مەسىلىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى قانداق قىلىش مەسىلىسىدە گاڭگىراپ قالدۇق. شۇنداق تۇرۇپ، ھەتتا بىزنىڭ قوش تىل تەتقىقاتى ۋە تىلشۇناسلىق تەتقىقاتىدا، مەزكۇر تېما ئايرىم بىر تەتقىقات تېمىسى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقمىدى، ئىلمىي نەزەرىيە ئاساسىدا شەرھىيلەنمىدى. شۇڭا بىزدە دائىم ئۇنداق ياكى مۇنداق ئېغىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغان بىر مەسىلە شۇكى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان قوش تىللىقلىشىش بىلەن مىللىي تەرەققىياتنىڭ مۇناسىۋىتىنى مۇتلەقلەشتۈرۈپ قارايدىغان قاراش باش كۆتۈرۈپ چىقىشقا باشلىدى. بۇ خىل قاراشقا ئاساسلانغاندا، بىزنىڭ قوش تىللىقلىشىشىمىز مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىدىكى ھەل قىلغۇچ ئامىل، دەپ قارىلىۋاتىدۇ. مۇنداق قاراشنىڭ بولۇشى ۋە قوش تىللىقلىشىشتا يېتەكچى ئورۇنغا ئۆتۈشى قوش تىللىقلىشىش مەسىلىسىدە قىزىپ كېتىش، ئالدىراڭغۇلۇق ھالىتىنى شەكىللەندۈرۈپ، قوش تىللىقلىشىشنىڭ ئومۇملىشىشى ۋە ئانا تىلنىڭ ئورنى ئۈچۈنمۇ پايدىسىز ئامىللارنى ئېلىپ كېلىشى چوقۇم. چۈنكى مىللىي تەرەققىيات مەسىلىسى، بىر مىللەتنىڭ قوش تىللىقلىشىش سەۋىيىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراشتىن باشقا يەنە كۆپخىل ئامىللارنىڭ كۆپ تەرەپتىن، بىرلا ۋاقىتتىكى تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. ئۇنى قانداقتۇ بىر ياكى بىرنەچچە مەسىلە بىلەنلا باغلاپ قويۇشقا بولمايدۇ.

ھەممىدىن مۇھىمى، مىللىي مائارىپنى مىللىي تىلدا ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت بۇ توغرا مەيداندىن قەتئىي ۋازكېچىشكە بولمايدۇ. بىز پەقەت خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشىنى سۈپەت جەھەتتىن ياخشىلىغان ئاساستا، مىللىي تىل بىلەن مائارىپ تەربىيىسى ئېلىپ بارساق، ئاندىن مىللىي مائارىپنىڭ كۆزلىگەن مەقسىتىگە يېتەلىشىمىز مۇمكىن. «ماركسىزم شۇنداق دەپ قارايدۇكى، ھەرقانداق بىر مىللەت مائارىپىنى تەرەققىي قىلدۇرىمەن دەيدىكەن، بىر قەدەر تېز سۈرئەتتە ئۆز سىياسىي، ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، زور نەتىجىگە ئېرىشىمەن دەيدىكەن، ئۆزىنىڭ تىل-يېزىقىنى ئاساسلىق مائارىپ ۋاسىتىسى قىلىشى، مىللىي تىل-يېزىق ئىشلىرىنى قانات يايدۇرۇشى كېرەك.»② چۈنكى بىر ئادەم ياكى بىر مىللەتنىڭ ئەڭ نورمال تەپەككۇرى ئۆزىنىڭ ئانا تىلى ئارقىلىق بولىدۇ. نورمال تەپەككۇر ئادىتىنى تاشلاش، ماھىيەتتە ئەقلىي جەھەتتىن چېكىنىش بىلەن باراۋەردۇر.

## ئاخىرقى سۆز

بىز ئۆزىمىزدىكى تىل مەسىلىسىگە ھەرگىز سەل قارىيالمايمىز. شۇنداقلا قوش تىللىقلىشىش بىلەن ئانا تىلىمىزنى قارىمۇ قارشى ئىككى مەسىلە، دەپمۇ قارىمايمىز. گەپ بىزنىڭ ئۇنى قانداق ھەل قىلىشىمىزدا ياكى بولمىسا ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى بىر-بىرىنى تولۇقلاش مۇناسىۋىتىدىن قانداق پايدىلىنىشىمىزدا. چىن مەنىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇر تىلى ئۆزىنىڭ ئورنىنى ساقلاپ قالىمەن دەيدىكەن، چوقۇم ئۆزى ۋەكىللىك قىلىدىغان ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ھەر تەرەپتىن گۈللىنىشىگە موھتاج. ھالبۇكى، بۈگۈنگە قەدەر ئۇ كومپيۇتېرغا ئوخشاش يۇقىرى تېخنىكىلىق ئۇچۇر ۋاسىتىلىرى بىلەن دېگەندەك ياخشى ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتالمىدى. شۇنداقلا سۈرئەت جەھەتتىن تېز، ئۈنۈم ۋە سۈپىتى يۇقىرى بولغان تەرجىمانلار قوشۇنى يېتىشىپ چىقمىدى. چىققان بولسىمۇ، خىلمۇ خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تەرجىمە ئوبيېكتى ۋە مەزمۇنى كۆپخىللىشالمىغانلىقتىن، ئۇچۇر ئىگىلەش مەنبەيىمىزنى كۆپخىللاشمىغان، سۈرئەت جەھەتتىن ئاستا قىلىپ قويدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر تىلىغا سەلبىي تەسىر كۆرسەتتى. بىراق بىز بۇنىڭلىق بىلەن ئۈمىدسىزلەنمەيمىز، شۇنداقلا تىل قورۇمچىلىقى قىلىپ قوش تىللىقلىشىشنى رەتمۇ قىلالمايمىز. پەقەت بىز تەرەققىيات مەسىلىمىزنى توغرا ھەل قىلالىساقلا، مەدەنىيىتىمىزنى گۈللەندۈرەلىسەكلا، شۈبھىسىزكى، ئۇيغۇر تىلى ئۆزىنىڭ رېئال قىممىتىنى مەڭگۈ ساقلاپ قالالايدۇ.

1999-يىل 8-ئاپرېل، بېيجىڭ

ئاپتور: مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى تۈركىي تىللار مەدەنىيەت فاكۇلتېتىنىڭ ماگىستىر ئاسپىرانتى(M2)

① ستالىن: «مىللىي مەسىلە ۋە لېنىنىزم»، «ستالىن ئەسەرلىرى» I توم، خەنزۇچە نەشرى، 305-بەت.
② جاڭ گۇڭجىن: «مىللىي تىل-يېزىق، مىللىي مۇناسىۋەت»، يۈننەن مىللەتلەر نەشرىياتى، خەنزۇچە، 179-بەت.



# ھالاكەت بوسۇغىسىدا

(ئىلمىي فانتازىيىلىك ھېكايە)

باتۇر داۋۇت قۇرنغار

مىلادى 2150-يىلى.

يەر شارىدا ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان بىرخىل كېسەللىك تارقىلىشقا باشلىدى. كىشىلەرگە ئاجايىپ ۋەھىمە سېلىپ تېز يامراۋاتقان بۇ كېسەللىكنىڭ ئىنتايىن قورقۇنچلۇق ۋە غەلىتە يېرى شۇكى، يۇقۇملانغان ئادەمنىڭ بەدىنىدە ھېچقانداق ئاغرىق سېزىمى پەيدا قىلمايتتى ھەم جېنىغىمۇ زامىن بولمايتتى، پەقەت ئادەمنىڭ تەپەككۇر قىلىش پائالىيىتىنى توسقۇنلۇققا ئۇچرىتاتتى، تورمۇزلايتتى. تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارى يوقالغان ئادەملەر نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمەيدىغان ۋە مەقسەتسىزلا ھەرىكەت قىلىدىغان بىر توپ «سارالڭ»لارغا ئايلىنىپ قالاتتى. كېسەلنى داۋالاشلا ئەمەس، ئالدىنى ئېلىشقىمۇ مېدىتسىنا ساھەسىدە يارىتىلغان ئەڭ ئۈنۈملۈك دورىلارمۇ كار قىلمىدى. بۇ كېسەللىك ئىنسانلارنىڭ ئەقىل-پاراستى بىلەن بەيگىگە چۈشۈپ ئۇنى ئارقىدا قالدۇرغاندى ۋە ئەمدى قانداق قىلىسەنكىن، دەپ مەسخىرە قىلىپ كۈلۈۋاتاتتى. يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان پەن-تېخنىكا بىلەن قوراللىنىپ كائىناتتىكى بىردىنبىر گىگانت مەخلۇققا ئايلانغان ئىنسانلار ئاجايىپ قۇدرەتلىك ۋە نامەلۇم بىر قول تەرىپىدىن ئەخمەق قىلىنىۋاتاتتى. بۇ قول گويا مۈشۈك بولسا، ئىنسانلار مۈشۈكنىڭ ئالقىنىدىكى ئۇنىڭغا ئويۇن بولۇپ بېرىۋاتقان ھەم ئۆزى جان قايغۇسىدا تىپىرلاۋاتقان بىچارە چاشقانغا ئوخشاپ قالغانىدى. قىسقىسى، ئىنسانلار خۇددى ئەترابىدا قۇلۇم-قوشنىلىرىمۇ بولمىغان پىنھان بىر جايدا يالغۇز ياشىغۇچى ئادەم ئىلگىرىكى كۈنلىرىدىكىدەك خاتىرجەم ھالدا سەيلى قىلغىلى چىقىپ كېتىپ قايتىپ كەلگەندە، ئۆزىنىڭ تۇرمۇش كەچۈرۈش ۋاستىلىرى بار بولغان ئۆيىگە ئوت كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، بىردەملىك بىخەستىلىكى ئۈچۈن ئۆزىگە كايىغان ھالدا روزىغارلىرىنى رەھىمسىزلىك بىلەن يالماپ يۇتۇۋاتقان ئوتنى تىللىغىنىچە ئۆكۈنۈش، ئېچىنىش، چارىسىزلىق بىلەن قاراپ تۇرغاندەك نېمە قىلارىنى بىلمەي گاڭگىراپ قالغانىدى. دۇنيا ئەنسىزچىلىك بىلەن تولغانىدى.

ئىنسانلار ئۆزىنىڭ تەڭداشسىز ئەقىل-پاراستى بىلەن كامال تېپىپ، «قىيىنچىلىق» دېگەن ئاتالغۇنى ئۇنتۇپ كەتكىنىگە ئۇزاق زامانلار بولغانىدى. ئۇلار نېمە قىلىشنى خالىسا شۇنى قىلاتتى، نېمىنىڭ بولۇشىنى ئارزۇ قىلسا شۇ بولاتتى، نېمىنىڭ كۆزدىن

يوقىلىشىنى خالىسا شۇ يوقىلاتتى. ئۇلار بۇ چەكسىز دۇنيانىڭ ئىگىسى، ئالىي ھۆكۈمرانى ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىرادىسى ھەممىگە ۋەكىللىك قىلاتتى. شۇڭا ئۇلار ناھايىتى ئەركىن ۋە مەغرۇر ئىدى. ئەپسۇسكى، ئۇلار ئويلىمىغان بىر يېڭى «رەقىب» پەيدا بولدى. بۇ «رەقىب» ئۇلارنىڭ مەغرۇرلۇقى، كۆرەڭلىكىگە رەھىمسىز بىر كاچات سالدى.

بۇ نېمىنىڭ بېشارىتى بولغىيدى. ياكى قەدىمكى دىنىي كىتابلاردا ئېيتىلغان قىيامەت كۈنى يېتىپ كەلدىمىكىن. خۇدا ئىنسانلارنىڭ چېكىدىن ئاشقان جىنايەتلىرىدىن ھېساب ئېلىش ئۈچۈن، ئۇلار تەسەۋۋۇر قىلمىغان بىرخىل ئۇسۇل بىلەن جازالاۋاتامدىكىن. چۈنكى مەغرۇرلۇق-كۆرەڭلىك ئاسانلا كۆزنى قارىغۇ، ئەقىلنى گاللۋاڭ قىلىپ قويىدۇ. بۇ چاغدا ئۆزىنىڭ قانداق قىلغاندا ئاقىللارچە ئىش قىلىدىغان بولىدىغانلىقىنى بىلمەيدىغان بوپقالىدۇ. يامان ئىشلارنى قىلغانلىقىنى، ھەتتا جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكىنىمۇ سەزمەيدىغان، سەزسىمۇ شۇنداق بولۇشنى ئەقىلگە مۇۋاپىق دەپ قاراش ئادەتكە ئايلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەنە شۇنداق قارىغۇلۇق، گاللۋاڭلىق ئىچىدە قانچىلىك يامان ئىشلارنى قىلغانلىقىنى، قانداق جىنايەتلەرنى ئۆتكۈزگەنلىكىنى بىلمەي قالىدۇ.

ئامالسىزلىق گۇناھىنى تونۇغانلىق، سادىر قىلغان سەۋەنلىكى، ئۆتكۈزگەن جىنايىتىنى ئىقرار قىلغانلىق بولمىغاندەك، ئۆزىنىڭ قىلمىش-ئەتمىشلىرىنى تونۇش، ئىقرار قىلىشمۇ ئوخشاشلا ھەركەت قىلماسلىق، تەدبىر قوللانماسلىقتىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئۇشتۇمتۇت ئالدىدا پەيدا بولغان بۇ «رەقىب» نىڭ شىددەتلىك زەربىسى ئىنسانلارنىڭ قىزىپ كەتكەن كاللىسىنى سەگىتەلەرمۇ؟ قېلىپىدىن چىقىپ كېتىۋاتقان ئەقلىنى توغرا يولغا باشلىيالارمۇ؟... ئىنسانلار كۆز ئالدىدىكى بۇ كۈچلۈك «رەقىب» نى يېڭىشكە بەل باغلىشى، «رەقىب» نگە دەرھال ئىنكاس قايتۇرۇشى كېرەك. شەكسىزكى، بۇ «رەقىب» ئۇلارنىڭ خىيالىدىن بىرى ئېتىلىپ قېلىشقا باشلىغان ئەقىل بۇلىقىنىڭ كۆزىنى ئاچىدۇ. ئۇ پەيدا قىلغان قورقۇنچ، جىددىيلىك، ساراسىمە تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا ئىنسانلارغا پايدىلىق. ئىنسانلار بۇ يامان ئىشنى چوقۇم ياخشى ئىشقا ئايلاندۇرىدۇ. ئىنسانىيەت تېخىمۇ غالىبلىققا قەدەم قويىدۇ. چۈنكى، «رەقىب» سىز شەيئىي مەغرۇرلىنىپ تېز چۈشكۈنلىشىدۇ، ئاسانلا ھاياتىي كۈچىدىن مەھرۇم قالىدۇ. كۈچلۈك «رەقىب» نىڭ بولۇشى ھەردائىم ھوشيار-سەگەك بولۇشقا، ئەقىل بىلەن ئىش قىلىشقا تۈرتكە بولىدۇ-دە، تېز چۈشكۈنلىشىپ ئاسان يوقىلىشتىن ساقلاپ قالىدۇ. دۇنيا مۇشۇنداق ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنىڭ كۈرىشى ئىچىدە توختىماستىن ئىلگىرىلەيدۇ، ئالغا باسىدۇ، يېڭىلىق يارىتىلىدۇ، تۆھپىلەر ھارلىققا كېلىدۇ...

پۈتكۈل دۇنياغا تەھدىت سېلىۋاتقان ۋە بارغانسېرى تېز سۈرئەتتە تارقىلىۋاتقان كېسەللىككە تاقابىل تۇرۇش تەدبىرىنى تېپىپ چىقىش ئۈچۈن خەلقئارالىق سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ يىغىنى ئېچىلدى. يىغىنغا قاتناشقۇچىلار بۇ مەسىلە توغرىسىدا بۇرۇنلا ئويلىنىش ۋە ئىزدىنىشنى باشلىغان بولسا كېرەك، رىياسەتچى يىغىن ئېچىلىشىنىڭ مەقسىتىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ بولغىچە تۈرلۈك مۇھاكىمىلەر باشلىنىپ كەتتى:

- بىز بىلىدىغان ۋە كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاشتا ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان ھەرقانداق دورىنىڭ ئۈنۈمى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، بىز دەرھال تىببىي مۇتەخەسسىلەرنى گۇرۇپپىلارغا ئايرىپ تەشكىللەپ، كېسەللىك كەڭ تارقالغان رايونلارغا ئەۋەتىپ، كېسەللىكنى تەتقىق قىلىشىمىز ۋە شۇ ئاساستا يېڭى دورىلارنى ياساپ چىقىشىمىز كېرەك.

- ئالدىنى ئېلىش-مۇداپىئەلىنىشنىڭ مۇۋاپىق ئۇسۇلى تېخى تېپىلغىنى يوق، تەتقىق قىلغىلى كېسەللىك رايونىغا بېرىش ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگەن بىلەن باراۋەر، - دېدى بىر پېشقەدەم مۇتەخەسسىس، - مېنىڭچە، بىز دەرھاللا قىلالايدىغان بىر ئامال، كېسەللىك رايونلىرى بىلەن تېخى يۇقۇملانمىغان رايونلارنى ئايرىۋېتىش كېرەك.

- كېسەللىك ئىنسانلار ياشاۋاتقان جايلارنىڭ يېرىمىغا يېقىن رايونلارغا تارقىلىپ بولدى. بۇنداق كەڭ دائىرىدە ئايرىۋېتىش توسىقى ياساش مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر كېسەللىك رايونلىرى ئايرىۋېتىلدى، دېگەن ھالەتتىمۇ ئۇنىڭ كېسەللىك يوق يەرلەرگە تارقالماسلىقىغا ھېچكىم كاپالەتلىك قىلالمايدۇ، - دەپ قارشى تۇردى يەنە بىر ئالىم.

- بىز ھازىر ئىنسانلارنىڭ ھايات-ماماتىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىنى مۇھاكىمە قىلىۋاتىمىز. شۇڭا مەنمۇ كۆز قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ باقاي، - دەپ سۆز باشلىدى بىر مۇتەخەسسىس، - مېنىڭچە، كېسەللىك كەڭ تارقالغان رايونلارغا كۆيدۈرگۈچ بومبىلارنى قويۇپ بېرىپ كۆيدۈرۈۋەتسەك. مەن دېگەن بۇ پىكىرمۇ ئەلۋەتتە ئامالسىزلىقتىن بولىۋاتقان گەپ...

- بۇنداق قىلىش چېكىدىن ئاشقان ھەم كەچۈرۈپ بولمايدىغان جىنايەت. بىز كېسەللىك بىلەن ئادەمگە ئوخشىماي قالغان قېرىنداشلىرىمىزنى ھالاك قىلىش بەدىلىگە ئۆزىمىزنى قۇتقۇزۇشقا ئۇرۇنساق بولمايدۇ.

- بىزنىڭ مەقسىتىمىز پەقەت ئۆزىمىزنىلا ساقلاپ قېلىش ئەمەس، بەلكى كۈتۈلمىگەن بالا-قازاغا

ئۆچراپ، ئەلىتە كېسەللىككە گىرىپتار بولغان قېرىنداشلىرىمىزنى، ماھىيەتتە پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى قۇتقۇزۇۋېلىش.

— بۇ، ئىنسانپەرۋەرلىككە خىلاپلىق بولۇپلا قالماستىن ئەقەللىيسى بىز تىببىي خادىملارنىڭ كەسپىي ئەخلاقىغا، بۇرچىمىزغا ئۇيغۇن ئەمەس.

كۆپچىلىك بىر پەس ئۇنى-بۇنى دېيىشتى. بايىقى غەزەپلىك چۇقانلارمۇ ئاستا بېسىلىپ، ھەممىسىنىڭ كاللىسى يوغان بىر پارچە چويۇن ئېسىلغاندەك ساڭگىلاپ كەتتى. بۇ ھالەت ئامالسىزلىقتىن ئۆزى قارشى تۇرغان پىكىرگە يول قويۇشقا مەجبۇر بولۇۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. كۆپچىلىكتە ئىپادىلەنگەن بۇ خىل كەيپىياتنى سەزگەن بايىقى مۇتەخەسسىس سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— مەن كۆپچىلىكنىڭ ھېسسىياتىنى چۈشىنىمەن، چۈنكى مەنمۇ سىلەردەك ئادەم. مېنىڭ ھېسسىياتىممۇ سىلەر بىلەن ئوخشاش، بىراق مەن ھېلى ئىزاھلاپ ئۆتكىنىمدەك ئامالسىزلىقتىن شۇنداق دېيىشكە مەجبۇر بولدۇم. بۇمۇ ئىنسانىيەت نەسلىنىڭ مۇشۇنداقلا قۇرۇپ كېتمەسلىكى ئۈچۈن بىزگە قالغان ۋە بىز قىلالايدىغان ئاخىرقى چارە. تىببىي ئىلىم ھازىرقىدەك تەرەققىي قىلمىغان دەۋرلەردە ئەجدادلىرىمىز ئۇرۇش ۋە باشقا ھەرخىل سەۋەبلەر بىلەن ئېغىر يارىلانغان كىشىلەرنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن پۈتۈنلەي كاردىن چىققان پۇت-قولىنى كېسىۋېتىشكە مەجبۇر بولغانغۇ. بۇ شۇنىڭغا ئوخشايدىغان بىر ئىش، خالاس.

كۆپچىلىك بىرنەچچە مىنۇت ئۆزئارا كۇسۇرلاشتى-دە، جىم بوپقالدى. ئەقىل كۆرسىتىدىغان، مۇنازىرە قىلىدىغانلارمۇ قايتا چىقمىدى. بۇ ئۇلارنىڭ مۇشۇنداق قارار چىقىرىشقا كۆڭلىدە تايىن تېپىپ بولغانلىقىنى، لېكىن ئالدىن پىكىر قاتناشتۇرۇپ، مەسئۇلىيەت يۈكىنىڭ مەلۇم دەرىجىدە كۆپرەك ئارتىلىپ قېلىشىدىن ساقلىنىش يۈزىسىدىن قوشۇلۇشقا دەرھال ئىپادە بىلدۈرۈشكە جۈرئەت قىلالمايۋاتقانلىقىنى بىلدۈرەتتى.

— رەھمىسىز ئەبلەخلەر، نومۇس قىلساڭلارچۇ.

گۈلدۈرماممىدەك كۈچلۈك ۋە غەزەپلىك بىر ئاۋاز ئۇلارنى قاتتىق چۆچۈتىۋەتتى. كۆپچىلىك قارىسا، قاراقاش، كۆزلىرى چوغدەك يېنىپ تۇرغان بىر كىشى ئۆزلىرىگە ھومىيىپ قاراپ تۇرۇپتۇ.

— مەن سىلەرنىڭ شۇ تاپتا كۆڭلۈڭلەردە نېمىلەرنىڭ كېزىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپتىمەن. سىلەر ئۆز قېرىنداشلىرىڭلارنى قىرغىن قىلىپ، ئۆزۈڭلارنى خەۋپتىن ساقلىماقچى بولۇۋاتىسىلەر. مۇشۇ خىيالىڭلاردىن نومۇس قىلمامسىلەر، ئادەم بولغىنىڭلارغا لەنەت.

«بۇ كىم بولغىيدى؟» ھەممەيلەننىڭ كاللىسىغا دەرھال مۇشۇ سوئال كەلدى. يىغىن رىياسەتچىسىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان بىرسى ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى.

— ئەپەندىم،— دېدى يىغىن رىياسەتچىسى ئورنىدىن تۇرۇپ، — بۇ يەر خەلقئارا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ يىغىن مەركىزى. بىز پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ بەختەرلىكى، جۈملىدىن سەھىيە ئىشلىرى بويىچە يىغىن ئېچىۋاتىمىز. سىز بىلەن، دېمەكچى بولغىنىم، سىزنىڭ كەسپىڭىز بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق. ئەڭ ياخشىسى سىز بۇ يەردىن چىقىپ كېتىپ، ئىنسانلار ئىشلەتمىگىلى ئۇزاق بولغان ئاشۇ ئۆلگەن تىللار ھەققىدىكى تەتقىقاتىڭىزنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىڭ.

يىغىن رىياسەتچىسىنىڭ مەسخىرىلىك سۆزلىرى كۆپچىلىكنىڭ كاللىسىدىكى سوئالىغا جاۋاب بېرىپ بولغانىدى. بۇ ھېلىقى «ساراڭ» دەپ نام ئالغان تىلشۇناس ئالىم تۇركىيزات ئەمەسمۇ. ئۇ، دۇنيادىكى ئىشنىڭ تولىلىقىدا خۇددى قىلىدىغان ئىش تاپالماي قالغاندەك ئىشلىتىشتىن قالغان كونا، قەدىمىي تىللارنى تەتقىق قىلاتتى. كىشىلەر، ئىنسانلار تەرەققىي قىلىپ ئورتاق بىرلا تىلنى ئىشلىتىۋاتقان، ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق تىل توسالغۇسى قالمىغان چاغدا ئۆلگەن تىللارنى تەتقىق قىلىشنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى، دەپ قاراپ ئۇنى كۆزگە ئىلمايتتى، ئارىغا ئالمايتتى. بۇ «ساراڭ» ئاشۇ ئەھمىيەتسىز بىھۇدە ئىشلىرىنى قىلماي بۇ يەرگە نېمىدە كەلگەندۇ؟

— ئىنسان بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئىنسانلارنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر مۇھاكىمە قىلىنىۋاتقان سورۇنغا كىرىشكە ھوقۇقلۇقمەن،-دېدى تۇركىيزات،-مەن سىلەرنى قانچىلىك بىر ئۇنۇملۇك تەدبىرنى تېپىپ چىقالايدىكىن دېسەم، ھېچنېمىنى ھەل قىلالمىدىڭلار، ئەكسىچە، ئىنسانىيەت تارىخىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر قەبىھلىق قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىش پىلانىغا قوشۇلۇشقا تەييارلاندىڭلار.

ئۇ بىر پەس تۇرۇۋېلىپ ھەممەيلەنگە بىر قاراپ چىقتى. كۆپچىلىك يۈزى قىزارغان ھالدا ئۇنىڭ سۆزلىرىگە دىققەت قىلىپ ئولتۇراتتى.

— مەن سىلەرگە شۇنى ئېيتىپ قويايكى، مەن سىلەر ئەھمىيەتسىز، زۆرۈرىيىتى يوق، دەپ قارىغان تەتقىقاتىم بىلەن بۇ قېتىم ئىنسانلار ئارىسىدا تارقالغان قورقۇنچلۇق كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش ئۇسۇلىنى تېپىپ چىققانلىقىمنى جاكارلىماقچىمەن.

«نېمە، بۇ كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش ئۇسۇلى؟! بۇ مۇمكىنمۇ، ھېچكىم ئامال قىلالمىغان، تاقابىل تۇرالمىغان كېسەللىكنى كىشىلەر كۆزگە ئىلمايدىغان بىر〈 ساراڭ 〉كونترول

قىلالىسا ھە».

— ئەپەندى، سىز يېڭىلىشتىڭىز، — دەپ سۆز قاتتى بىرسى ئورنىدىن تۇرۇپ، — بىز بۇ كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش ھەققىدە كۆپلىگەن تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بېرىپ، ھېچقانداق ئۈمىد بولمىغان چاغدىلا ئاندىن بۇ يەرگە يىغىلىپ، قانداق قىلىش توغرىسىدا مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىۋاتىمىز. بىلىشىمىزچە، سىزنىڭ تەتقىقاتىڭىزنىڭ بۇ كېسەللىك بىلەن، جۈملىدىن بىزنىڭ بۈگۈنكى مۇھاكىمىمىز بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوق. شۇڭا بىزنى كولدۇرلاتماسلىقىڭىزنى، مۇمكىن بولغاندا، قۇرۇق خىيالغا بېرىلمەي ئەمەلىيرەك بولغان بىرەر ئىشنى تاللاپ، تەتقىق قىلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز.

تۈركىيزات بۇ ئاچچىق گەپلەرگە پەرۋا قىلمىدى، ئۇ تەمكىنلىك بىلەن شۇنداق دېدى:

— مەن سىلەرنىڭ ماڭا ئىشەنمەيدىغانلىقىڭلارنى، ئۆمۈر بويى كۈچ سەرپ قىلىپ، يۈرەك قېنىمنى قىتۇرغان ئەمگىكىمگە ئېتىبارسىز قارايدىغانلىقىڭلارنى بىلىمەن. بىراق مەن ھازىر بۇ تېمىدا تالىشىپ مۇنازىرىلىشىپ سىلەرنى قايىل قىلىمەن، دەپ ئولتۇرمايمەن. بۇنىڭغا ۋاقىت يار بەرمەيدۇ. ئېغىزنى كۆپرتىپ ئولتۇرغاندىن ئەمەلىي ھەرىكەت بىلەن مەشغۇل بولغان ياخشى. شۇڭا مەن گەپنى ئۇچۇق دېسەم، مەن ھەقىقەتەن گۈنۈملۈك دورا ياساپ چىقتىم. بۇ چاقچاق ئەمەس، مەن بۇ دورىنى ئۆزۈم سىناق قىلماقچى. مەن سىلەرنىڭ ماڭا ئىشىنىشىڭلارنى ھەمدە بۇ دورىنىڭ سىناقتىن ئۆتۈشى ئۈچۈن يېرىم ئايلىق مۆھلەت بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. مەن كېسەللىك ئەڭ تېز ۋە كەڭ تارقىلىۋاتقان جايلارغا بېرىپ، يۇقۇملانغان كىشىلەر بىلەن بىرگە بولىمەن. ئەگەر مەن ياسىغان دورىنىڭ ئۈنۈمى بولمىسا، مەن قايتىپ كېلەلمەيمەن. ئۇچاغدا كېيىنكى قەدەمنى قانداق بېسىش ھەققىدە ئاقىلانىراق بىرەر چارە تېپىپ قارار چىقىرىشىڭلارنى سورايمەن. ئەگەر مەن ياسىغان دورىنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈلۈپ، نورمال ھالدا بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە قايتىپ كېلەلىسەم، ئۇ ھالدا مەن ياسىغان دورىنى ئىشلىتىشىڭلارنى تەلەپ قىلىمەن.

يىغىن ئەھلىنىڭ مۇزاكىرىسى تېزلا ئاياغلاشتى. ھەممەيلەن بۇ تەلەپكە قوشۇلدى. ئۈستەڭنىڭ جىددىي ئېقىنىدا ئېقىپ كېتىۋاتقان ئادەمگە قىرغاقتىكى قومۇشنىڭ ئاجىز يىلتىزىمۇ نىجاتلىق ئۈمىدى بولالىدۇ.

تۈركىيزات سەپەرگە — ھاياتى بىلەن ئويىنىشىدىغان خەتەرلىك سەپەرگە ئاتلاندى. ئۇ غەلىبە قىلسا، ئىنسانىيەتكە بەخت يارىتىلاتتى، ئۇ مەغلۇپ بولسا، ئىنسانىيەتنى يەنە قانداق مۇشكۈلاتلارنىڭ كۈتۈۋالىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى.

ئۇ بەلگىلەنگەن رايونغا بېرىپ كېسەللەر «ساراڭلار» بىلەن بىرگە ياشاشقا باشلىدى. ئىنسانلار نورمال كىشىلەر تەرىپىدىن «ساراڭ» دەپ ھاقارەتلەنگەن بۇ شەخس ئىنسانلارنىڭ كېيىنكى تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان غايەت زور يۈكنى يۈدۈپ، ئەمدى ھەقىقىي «ساراڭ» لار ئىچىدە ياشىماقتا ئىدى. رەھىمسىز كېسەل تېخى يۇقۇشقا ئۈلگۈرمىگەن ئادەملەر ئۇنىڭ بارلىق پائالىيىتىنى كومپيۇتېرلىق تېلېۋىزورلارنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ، دىققەت بىلەن كۆزىتىۋاتاتتى. يەرشارىنىڭ ئەتراپىنى قاپلىغان سۈنئىي ھەمراھلار ئارقىلىق ئۇچۇر يەتكۈزۈش تورىنىڭ ۋەزىپىسى پەقەت تۈركىيزاتنىڭ ئەھۋالىنى تارقىتىش بولۇپ قالغانىدى. خەلقئارا سەھىيە تەشكىلاتىدىكى مۇتەخەسسىسلەر ئۇنىڭغا يىراقتىن كۆرسەتمە بېرىپ تۇراتتى. بىمار بىلەن بىللە ئۇخلاشنى تەلەپ قىلسا، بىرگە ئۇخلايتتى، بىمار بىلەن بىر قاچىدا بىرگە تاماق يېيىشنى تەلەپ قىلسا، بىرگە تاماق يەيتتى؛ بىمار بىلەن بىر ۋاننىدا يۇيۇنۇشنى تەلەپ قىلسا، بىرگە يۇيۇناتتى... شۇنداق قىلىپ بىر ھەپتە تېزلىكتە ئۆتۈپ كەتتى. ئادەملەرنىڭ روھىدىكى بېسىم، قورقۇنچ كۈنسېرى يەڭگىللەپ، ئازلاپ باردى-دە، يەنە بىر ھەپتىدىن كېيىن پۈتۈنلەي تۈگىدى. تۈركىزات، ياق، پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئاخىرى غەلىبە قىلدى. بۇ كۈن يېڭى دۇنياۋى بايرام قىلىپ بېكىتىلدى.

كىشىلەر تۈركىيزات ياساپ چىققان دورىنى بەس-بەس بىلەن سېتىۋېلىشقا كىرىشتى. بىراق تۈركىيزات بۇ دورىنىڭ قېپىنى ھازىرچە ئاچماي تۇرۇشنى، دورا ئىستېمال قىلىش ئۇسۇلىنى دۇنيا بويىچە بىرلا ۋاقىتتا ئېيتىپ بېرىدىغانلىقىنى ئەسكەرتتى. ھەممەيلەن بۇ ئاجايىپ خاسىيەتلىك دورىدىن بىر قاپتىن سېتىۋالدى، ئۇلارنىڭ دىققىتى تۈركىيزاتنىڭ ئاغزىغا قاراشلىق بولۇپ قالدى.

كۈتكەن كۈن يېتىپ كەلدى.

تۈركىيزاتنىڭ تەبەسسۇم پارلاپ تۇرغان چېھرى كومپيۇتېرلىق تېلېۋىزوردا پەيدا بولغاندا، كىشىلەرنىڭ قەلبىدە چەكسىز ھاياجان، خۇشاللىق، ئاپىرىن ئوقۇش ھېس-تۇيغۇلىرى پەيدا بولدى. ئۇنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە كۆپچىلىك بىرلا ۋاقىتتا «دورا» قېپىنىڭ ئاغزىنى ئاچتى-دە، ھەيران قالدى.

بۇ نەدىمۇ دورا بولسۇن، ئۇ پەقەت ئادەتتىكى لازىرلىق پلاستىنكىغۇ.

كىشىلەرنىڭ ئادەتلەنگەن تۇيغۇسى بويىچە دۇنيادا بۇنداق شەكىلدىكى دورا مەۋجۇد بولمايتتى. ئۇلارنىڭ ئېڭىدا، چۈشەنچىسىدە لازىرلىق پلاستىنكىنى «دورا» دەپ سېتىۋالغانلار «ئەخمەق» لەر، ساتقۇچى بولسا «ئالدامچى» ھېسابلىناتتى. شۇڭا تۈركىيزات پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ نىجاتكارى سۈپىتىدە تەرىپلىنىپ، چوقۇنۇش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەن بولسىمۇ، لازىرلىق پلاستىنكىنى «خىسلەتلىك

دورا» سۈپىتىدە ساتقانلىقى ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا قارىتا قانداق ئىنكاس قايتۇرىدىغانلىقىنى پەرەز قىلماق تەس ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئادەملەرنىڭ تەبىئىتى شۇنداقكى، چۆلدە قېلىپ تەشنالىق ئازابىدا قىينىلىۋاتقان، ئۆلۈم ۋەھىمىسىدە ۋۇجۇدى ياپراقتەك تىترەۋاتقان ۋە ئالۋۇنلاردا زاھىر بولغان سۇنىڭ سىماسى ئاخىرقى ئۈمىدى بولۇپ قالغان مىنۇتلاردا ھالاكەت چاڭگىلىدىن قۇتۇلدۇرۇۋالغۇچىغا قارىتا قوزغالغان چەكسىز ھۆرمەت ۋە تىل بىلەن تەسۋىرلەپ بولغۇسىز مىننەتدارلىق تۇيغۇسىنىڭ ئورنىنى ئۇنىڭ ئىرادىسى، ئوي-خىياللىرى، ئىش-پائالىيەتلىرى ئۆزىنىڭكى بىلەن ئەكسىچە بولغان، قارشىلىشىپ قالغان چاغدا نەپرەت تۇيغۇسى ئىگىلەيدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، كىشىلەرنىڭ تۇيغۇسىدا داڭق چىقارغان شەخسلەر گويا تۇغما مۇكەممەل ئادەملەردەك، ئۇلار تاسادىپىي ھالدا بىرەر نۇقسان، سەۋەنلىكلەرنى سادىر قىلسىمۇ، كۆڭلىدە قوبۇل قىلغۇسى، كەچۈرگىسى كەلمەي قالىدۇ. ئەگەر شۇنداق ئەھۋاللارنىڭ بولغانلىقى جامائەتچىلىككە ئاشكارىلانغان، سېزىلگەن ۋاقىتتا مىسلى كۆرۈلمىگەن پەۋقۇلئاددە ئىش يۈز بەرگەندەك ھەيران قالىدۇ. ئادەتتىكى ئادەملەردىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق ئاچچىق بىلەن غەيۋەت-شىكايەت پاتقىقىغا كۆمۈۋېتىدۇ.

– بۇ «ساراڭ» بىزنى ئەخمەق قىپتۇ،-دېدى بىرسى چالۋاقاپ.

– بۇنى خەلقئارا سوتقا بېرىپ، باشقا سەييارىغا يالغۇز تۇرۇشقا سۈرگۈن قىلىش كېرەك.

– مانا بۇ مىسلى كۆرۈلمىگەن خەلقئارالىق چوڭ ئالدامچىلىق.

– ئالدىرىماڭلار. بۇ ئىشنىڭ بىر سەۋەبى بولۇشى مۇمكىن. ئۇ، كېسەللىكلەر تارقالغان يەردە كېسەللەر-«ساراڭ»لار بىلەن بىرگە ياشاپمۇ ھېچنېمە بولمىغانغۇ.

– راست، ئۇنىڭ بىرەر چارىسى باردۇ. سەبىر قىلىپ سۆزىنى ئاڭلاپ باقايلى.

غۇلغۇلىلار ئاستا-ئاستا پەسكويغا چۈشتى. نەچچە مىليارد جۈپ كۆز بىراقلا تۈركىيزاتقا تىكىلدى. ئۇ، كىشىلەرنىڭ قانداق ئىنكاس قايتۇرىدىغانلىقىنى ئاللىقاچان ھېس قىلغانلىقى ئۈچۈن، كۆپچىلىكنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغىنىچە تەمكىن ھالىتىنى ئۆزگەرتمەي تۇراتتى.

– مەن سىلەرگە بىر ھېكايە سۆزلەپ بېرەي، شۇ چاغدا سىلەر بۇ «دورا»نىڭ تەڭداشسىز خاسىيىتىنى تەبىئىي ھالدا چۈشىنىپ يېتەلەيسىلەر،- تۈركىيزات جىمىپ قالدى. ئۇنىڭ خىيال يىپى خۇددى لازېر نۇرى ئالدىدىكى توسالغۇلاردىن تېشىپ ئۆتۈپ، چەكسىز يىراقلارغا سوزۇلغاندەك، ئىنسانىيەتنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىي مۇساپىسىغا سوزۇلدى،

– ئىنسانىيەتنىڭ ئالاقىلىشىش قورالى بولغان تىل بارلىققا كېلىپ، سۆزلىشىشنى باشلىغانلىقىغا 100 مىڭ يىلدىن ئاشتى. تەخمىنەن بۇنىڭدىن 50 مىڭ يىللار ئىلگىرى تىل ئافرىقىدىن شەرقىي جەنۇبىي ئاسىياغا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ئۈزلۈكسىز ھالدا دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىغا تارقالدى. 20-ئەسىردە دۇنيادا 6700 خىل تىل بار ئىدى. 21-ئەسىرگە كىرىش ھارپىسىدا 20-50 پىرسەنتكىچە بولغان تىل يوقالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ھەر ئىككى ھەپتىدە بىر تىل يوقىلىش سۈرئىتى بىلەن باشقا تىللارمۇ يوقالدى. تىلنىڭ كۆپلەپ يوقىلىشىدا نۇرغۇن سەۋەبلەر بولۇپ، ئەڭ مۇھىمى دۇنيانىڭ بارغانسېرى قوشۇلۇپ كېتىپ، مەدەنىيەتنىڭ ئاسسىمىلاتسىيىلىنىشى؛ يەنە بەزى جايلاردا ھۆكۈمران دائىرىلەرنىڭ ئازسانلىق مىللەتلەرنى ئۆز تىلىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇرلىشىدىن بولدى. ئاھالىلەرنىڭ كۆچۈشى ۋە باشقا مىللەتلەر بىلەن تويلىشىش ئەھۋالىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئۆسمۈرلەر ۋە ياشلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ يەرلىك تىلىنى ئۆگىنىش ھاجەتسىز، دەپ قارىدى ۋە ئۆزلىرىنىڭ شۇ خىل تىلنى قوغداش ۋە گۈللەندۈرۈشتىكى ئاچقۇچتىن ئىبارەت رولىنى ئۇنتۇپ قالدى. مول ۋە كۆپ خىل تىلنىڭ يوقىلىشى بىلەن دۇنيامۇ ئەسلىدىكى رەڭگارەڭ گۈزەللىكى، قىزىقارلىقلىقىدىن مەھرۇم بولدى. ئىنسانلارمۇ تىل ئۆزىگە سىغدۇرغان غايەت زور بىلىمدىن ئايرىلدى. بىر خىل تىلنىڭ ئازىيىشى بىلەن دۇنيادىكى كۆزىتىشنىڭ بىر خىل ئوخشاشمىغان ئۇسۇلى يوقالدى. تىل ئىقتىدارىنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم ئۇچۇر مەنبەسى ئازايدى. تىل بىلەن تەپەككۇر بىر-بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ. دۇنيادا بىر تىل يوقالدى، دېگەنلىك ئىنسانلار بىر خىل تەپەككۇردىن مەھرۇم قالدى، دېگەنلىك. يەنە كېلىپ، ھەرقانداق كىشىنىڭ ئۆز ئانا تىلىدىن ۋاز كېچىشى مۇتلەق ھاجەتسىز، چۈنكى ھەرقانداق بىر كىشى ئىككىنچى بىر خىل تىلنى ئۆگىنىۋالالايدۇ.

ئەسلىدە مۇنداق ئىكەن-دە.

كىشىلەر تۈركىيزات تەييارلاپ لازېرلىق پلاستىنكا قىلىپ ئىشلىگەن ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ، خىلمۇ خىل تىللارنى ئۆگىنىشكە كىرىشتى.


كىشىلەرنىڭ تەپەككۇر ئىقتىدارى كۆپخىللاشتى.

ئىنسانىيەت دەرىجىدىن تاشقىرى تېز سۈرئەت بىلەن تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى. دۇنيا ئاجايىپ رەڭدارلىققا، گۈزەللىككە، قىزىقارلىقلىققا تولدى.

2000-يىل 5-مارت، ئاۋات

---

ئاپتور: ئاۋات ناھىيە 1-ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى (M1)



# ئىلمىي فانتازىيە ۋە ئۇيغۇرلار

نۇرشات مەمتىلى

جاھان ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىپ ئاخىرى ئىلمىي فانتازىيىلىك ھېكايىلەردىكى ھالەتكە ئۆتتى. دېمەك، بىز ھازىر دەل ئىلمىي فانتازىيىلىك ھېكايىلەردە تەسۋىرلەنگەن دۇنيادا ياشىماقتىمىز.

بىز ياشاۋاتقان بۇ دۇنيا ئاتا-بوۋىلىرىمىز ياشىغان دۇنياغا ئوخشىمايدۇ. ئىنسانىيە ئىلىم-پەندىن ئىبارەت بۇ تۇلپارغا مىنىپ، قالتىس تېز سۈرئەت بىلەن كەلگۈسىگە قاراپ چېپىپ كېتىۋاتقان بۈگۈنكى كۈنلەردە، ئىنسانلار بۇ ئاتقا مىنىۋالغىنى بىلەن، ئاتتىن چۈشمىكى تەس، ئاتتىن چۈشكىدەكلا بولسا، دەۋر تەرىپىدىن شاللىۋېتىلىدۇ ھەمدە ئۇزۇل-كېسىل ھالاك بولىدۇ.

ئەتراپىمىزدىكى دۇنياغا سەپسېلىپ قاراپ باقايلى: بىز ئۆز ئۆيىمىزدە ئولتۇرۇپ دۇنيانىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىدا يۈز بېرىۋاتقان خىلمۇ خىل ئىشلاردىن خەۋەر تېپىپ تۇرالايمىز، ھەتتا ئۆيىمىزنىڭ نەملىكى ۋە تېمپېراتۇرىسىنى كونترول قىلالايمىز. مىليونلىغان كومپيۇتېرلارنى تۇتاشتۇرۇپ تۈزۈلگەن ئېلېكترونلۇق ئۆتۈشمە تورىدا ھەرقانداق بىر مەسىلىنىڭ جاۋابىنى تېپىش مۇمكىن. ئۆيىمىزدە ئولتۇرۇپلا كومپيۇتېر كۇنۇپكىسىنى بېسىش ئارقىلىق ئامېرىكا، ئەنگلىيە، گېرمانىيە ۋە باشقا ئەللەردىكى دوستلىرىمىز بىلەن ھال-مۇڭ بولىشالايمىز. جاھاننىڭ ئۇ چېتىدىكى ئامېرىكىغا كالىندار ۋارىقى ئۆرۈلمەستىنلا يېتىپ بارغىلى بولىدۇ. بەزىلەر ئالەمچىقاچان ئايغا چىقتى، يەنە بەزىلەر يەر شارىنى چۆرىدەپ ئايلىنىدىغان بوشلۇق تەجرىبىخانىسىدا تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانماقتا، يەنە بەزىلەر ئالەمچىقاچان مارسقا چىقىشنىڭ تەرەددۇتىغا چۈشۈپ بولدى. يەنە تېخى ئىنسانلارنىڭ ساداسىنى خاتىرىلىگەن ئۇچۇش ئەسۋابى ئىنسانىيەتنىڭ گۈزەل ئارمانلىرىنى ئۆزىگە يۈكلەپ، تاشقى پلانېت ئادەملىرىگە سالام يوللاش ئۈچۈن قۇياش سىستېمىسىدىن چىقىپ كەتتى. ئىنسانلار پاندورا قۇتىسىدىن ئاتوم ئېنېرگىيىسىدىن ئىبارەت بىر ئالۋاستىنى قويۇپ بەرگەندىن بۇيان، بىرقانچە سىياسىيون كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا باشقا بىر

بىلىم-كۆچ

دۆلەتنى يوق قىلىۋېتەلەيدىغان ھەتتا پۈتكۈل جاھاننى ھالاكەتكە يۈزلەندۈرەلەيدىغان قۇدرەتكە ئىگە بولدى. بۈگۈن رېئاللىققا ئايلاندۇرۇلغان، بوۋاقلارنى پروبىركىدا يېتىلدۈرۈش، كلون تېخنىكىسى، ئادەم مېڭىسىنى تورلاشتۇرۇش، گېننى قايتا گۇرۇپپىلاپ نەسىل سۈپىتىنى ياخشىلاش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بۇرۇن ئىلمىي فانتازىيىلىك ھېكايىلەردە تەسۋىرلەنگەن مەنزىرىلەردۇر.

خۇددى ئامېرىكا ئىلمىي فانتازىيىچىلىكىنىڭ پېشۋاسى ئىساك ئاسىموف ۋە باشقا نۇرغۇن ئىلمىي فانتازىيە يازغۇچىلىرى ئېيتقاندەك، بىز بۈگۈن ياشاۋاتقان بۇ دۇنيا دەل ئىلمىي فانتازىيە يازغۇچىلىرى 20-ئەسىرنىڭ 30-، 40-يىللىرى تەسۋىرلىگەن دۇنيادىن ئىبارەت. 1950-يىللىرى ئالەم قاتنىشى ئىلمىي فانتازىيىلىك ھېكايىلەرنىڭ باش تېمىسى بولغان بولسا، بۈگۈنكى كۈنلەردە ئۇ ئاللىقاچان رېئاللىققا ئايلاندى.

ئىلمىي فانتازىيە مۇنداق بىر ئېتىقاد ئۈستىگە قۇرۇلغان: بۇ دۇنيا ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىۋاتقان دۇنيا، ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇش شەكلىدىمۇ كۈنسېرى ئۆزگىرىش بولماقتا، ئىنسانلار يا بۇنداق ئۆزگىرىشلەرگە ماسلىشىشى ياكى بۇخىل ئۆزگىرىش ئىنسانلارغا ماسلىشىشى كېرەك، بونداق بولمايدىكەن ئىنسانىيەت چوقۇم ھالاك بولىدۇ.

مۇنەۋۋەر ئىلمىي فانتازىيىلىك ھېكايىلەر خېلى يۇقىرى ئىلمىيلىككە ئىگە. مۇنەۋۋەر ئىلمىي فانتازىيە يازغۇچىلىرى دائىملا رېئال ئىلىم-پەن سەۋىيىسىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، پەن-تېخنىكىنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشى ھەمدە ئۇنىڭ ئىنسانلار جەمئىيىتىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى ۋە رولىنى تەسەۋۋۇر قىلىدۇ. ژيۇل ۋېرنىنىڭ ئەستايىدىل ئىلمىي تەسەۋۋۇرلىرى يېقىنقى زامان پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ يۆنىلىشىدىن بېشارەت بەردى. ھازىرقى زامان ئىلمىي فانتازىيىچىلىكىدە مۇنداق مىساللار ئاز ئەمەس. ئامېرىكا يازغۇچىسى سىمىتنىڭ 1940-يىلى ئېلان قىلغان ئىلمىي فانتازىيىلىك ھېكايىسى «كۆلرەڭلىك سۈرەتچى» دە ئىككى پلانېت سىستېمىسى سوقۇلغاندا رادىئاكتىپ نۇر مەنبەسى ھاسىل بولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلغان. بۇ تەسەۋۋۇر 15 يىلدىن كېيىن ئاسترونومىيە ئالىملىرى تەرىپىدىن ئىسپاتلاندى. ئەنگلىيىنىڭ 19-ئەسىردىكى ئىلمىي فانتازىيە پېشۋاسى ۋېرىس «ئەركىنلىككە ئېرىشكەن دۇنيا» ناملىق ئەسىرىدە يادرو ئېنېرگىيىسىنى تەسۋىرلىگەن. خوكسىلېي 1930-يىلى ئۆز ئەسەرلىرىدە كلون تېخنىكىسىنى تىلغا ئالغان. ئىساك ئاسىموف بىلەن تەڭ قاتاردا تىلغا ئېلىنىدىغان ئالىم ئاسىر كراكنىڭ «قۇياش يەلكەنلىك كېمىسى» ئېلان قىلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئامېرىكا ئاۋىئاتسىيە-ئالەم قاتنىشى ئىدارىسى بۇ ھېكايىدە تەسۋىرلەنگەن قۇياش شامىلى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، بۇ تەتقىقات ناھايىتى تېزلا ئالەم قاتنىشى ۋە بوشلۇق تەجرىبە پونكىتلىرىدا كەڭ كۆلەمدە قوللىنىلدى. كراڭ يەنە شۇ دەۋرلەردە ماس قەدەملىك سۈنئىي ھەمراھ قويۇپ بېرىش ئارقىلىق يەر شارى خاراكتېرلىك ئالاقىلىشىش تورى قۇرۇش تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، بۈگۈنكى كۈنلەردە چەت-ياقا يېزا-قىشلاقلاردىمۇ كىشىلەر تېلېۋىزور ئالدىدا ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ ئۇلۇغ تەسەۋۋۇرىنىڭ مېۋىسىدىن بەھىر ئالالايدىغان بولدى: ئاتموسفېرا قەۋىتى سىرتىدىكى سۈنئىي ھەمراھ يەر شارىنىڭ بۇلۇڭ-پۇشقاقلىرىدا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارنى كۆز ئالدىمىزدا نامايان قىلىپ تۇرماقتا.

دۇنيادا تۇنجى ھەقىقىي مەنىدىكى ئىلمىي فانتازىيىلىك ھېكايە - «فرانكىستان» 1819-يىلى ئەنگلىيىلىك مەشھۇر شائىر شىللىينىڭ ئايالى مارىي شىللىينىڭ قەلىمى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلگەن. مارىي شىللىيدىن كېيىن ئىلمىي فانتازىيىدىن ئىبارەت بۇ يېڭى ئەدەبىيات شەكلى بىخ ئۇرۇپ راۋاجلىنىشقا باشلىدى. 19-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا فرانسىيە ۋە ئەنگلىيىدە ژيۇل ۋېرنى ۋە خ. گ. ۋېرىستىن ئىبارەت ئىككى ئۇلۇغ ئىلمىي فانتازىيە ئۇستازى بارلىققا كەلدى. ئۇلارنىڭ دادىل تەسەۋۋۇرلىرى ۋە ئۆلمەس ئەسەرلىرى تا ھازىرغىچە كىشىلەر قەلبىنى لەرزىگە سېلىپ كەلمەكتە. يەنە شۇ دەۋرلەردە «شېرلوك ھولمىس» بىلەن داڭ چىقارغان كونان دويلمۇ پىشقان ئىلمىي فانتازىيە يازغۇچىسى ئىدى.

ئىلمىي فانتازىيە پەيدا بولغان 180يىلدىن بۇيان كۈنسايىن مۇنبەتلىشىۋاتقان ئىلىم-پەن تۇپرىقىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ، زەڭگەرئاسمان ۋە قۇياش نۇرلىرىغا بوي سوزغىنىچە، ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ يېڭى ئەقىل-پاراسەت مېۋىلىرىنى ئۆزىگە ئوزۇق قىلماقتا. بۈگۈنكى دەۋرىمىزدە ئىلمىي فانتازىيە ئىنسانىيەت مەنىۋىيىتى ساھەسىدىكى كۆككە تىرەلگەن ھەيۋەتلىك بىر شەمشاد بولۇپ قالدى.

ئىلمىي فانتازىيىلىك ھېكايىلەر ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەرنىڭ ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىپ، ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇرىنى بېيىتىدۇ، ئۇلاردا ئىلىم-پەنگە بولغان قىزىقىش ۋە ئىزدىنىش پەيدا قىلىدۇ. ئىلمىي فانتازىيىلىك ھېكايىلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش ھەمدە ئۇلارنىڭ ئىلىم-پەنگە بولغان قىزىقىشىنى قوزغاشتىكى رولى ھەققىدە توختالغاندا ئىساك ئاسىموف مۇنداق دەيدۇ: «شۇنداق جەزم قىلالايمىزكى، ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدا ئىلمىي فانتازىيىلىك ھېكايىلەرنى ئوقۇسا، چوڭ بولغاندا ئىلىم-پەن بىلەن شۇغۇللىنىش ئېھتىماللىقى بىر قەدەر يۇقىرى بولىدۇ. مەن بۇنىڭغا تىپىك مىسال بولالايمەن. كىشىلەرنى ئىلىم-پەن ئۆگىنىشكە يېتەكلەش ئۈچۈن ئۇلارغا كىچىك چېغىدىن تارتىپلا ئىلمىي فانتازىيىلىك ئەسەرلەرنى ئوقۇتۇش لازىم.

مەسىلەن، توققۇز-ئون ياش، ئەڭ كىچىككەندىمۇ 12 يېشىدىن باشلاش»، «ئىلمىي فانتازىيىلىك ھېكايىلەر ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەرنىڭ ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىشتىكى بىر خىل ئىنتايىن ئېسىل ساغلاملىق يېمەكلىكى ھېسابلىنىدۇ».

ئىلمىي فانتازىيىلىك ھېكايىلەر ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەرنىڭ ئىلىم-پەن توغرىلىق ئىزدىنىشىگە ئىلھام بېرىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئۇنىڭ قورامىغا يەتكەن ھەربىر ئەستايىدىل ئوقۇرمەن ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا، رولى تېخىمۇ چوڭ. ئىلمىي فانتازىيە ئەدەبىياتىنىڭ بىر تۈرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئىنسانىيەتنىڭ ھەرخىل يېڭى ئىختىرا، يېڭى نەزەرىيە، يېڭى تېخنىكا توغرىلىق ئىزدىنىشىگە ئەھمىيەت بېرىپ، كەلگۈسىدە يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى بولغان خىلمۇ خىل ئىشلارنى پەرەز قىلىدۇ ھەمدە كەلگۈسىدە پەيدا بولۇش ئېھتىماللىقى بولغان ھەرخىل مەنزىرىلەرنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق كىشىلەرنى ئۇلارنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ.

ئىلمىي فانتازىيىلىك ھېكايىلەرنىڭ ئوبيېكتى دەسلەپتە ئىلمىي ئىختىرا، تاشقى پلانېت ساياھىتى ۋە كەلگۈسىنى تەسۋىرلەش بولغان بولسا، ئارىلىقتا ئادەتتىكى ئىشلارنى، مەنتىقىگە ئۇيغۇن بولغان ئادەملەرنى يېزىش بولدى. خىروسىما ۋەقەسىدىن كېيىن، كىشىلەردە ئىلىم-پەن ھەممىنى بويسۇندۇرىدۇ، دېگەن ئىشەنچ ئاجىزلاپ، پەن-تېخنىكىنىڭ سەلبىي رولى ھەمدە شىددەتلىك ئۆزگىرىش، ئاپەتلەرنى تەسۋىرلەشكە ئۆتتى. ھازىرقى دەۋردە ئىلمىي فانتازىيە يازغۇچىلىرى مەۋجۇد مەسىلىلەرنى، مەسىلەن، مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى، نوپۇسنىڭ شىددەتلىك كۆپىيىشى، ئىرقىي كەمسىتىش قاتارلىقلارنى تەكىتلەش ئارقىلىق دىققەت-ئېتىبارىنى پەن-تېخنىكىنىڭ «قاتتىق دىتالى» (قاتتىق ئىلمىي فانتازىيە) دىن ئىنسانلارنىڭ مۇشكۈل، تېخىمۇ سەزگۈر، نازۇك بولغان «يۇمشاق دىتالى» (يۇمشاق ئىلمىي فانتازىيە) گە يۆتكىمەكتە.

چەت ئەللەردە ئىلمىي فانتازىيە قىزغىنلىقى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن. يالغۇز ئامېرىكىدىلا ھەر يىلى نەشر قىلىنىدىغان ئىلمىي فانتازىيىلىك ئەسەرلەر 1500 خىلدىن كۆپرەك بولۇپ، پۈتكۈل ھېكايە-ئەسەرلەرنىڭ 20-25 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. «نيۇ-يورك ۋاقىت گېزىتى» ھەر ھەپتىدە ئېلان قىلىدىغان ئون بازارلىق كىتابنىڭ ئاز دېگەندىمۇ بىر-ئىككىسى ئىلمىي فانتازىيىلىك كىتابلاردۇر. بەزىلىرى ھەتتا تىزىملىكنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ ياكى نەچچە ھەپتىگىچە تىزىملىكتىن چۈشۈپ قالمايدۇ. دۇنيا ئىلمىي فانتازىيە جەمئىيىتىنىڭ ھەر يىلى نۆۋەت بىلەن دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرۇدىغان يىللىق يىغىنلىرىغا قاتنىشىدىغانلارنىڭ سانى 1000 ~ 2000 ئەتراپىدا بولۇپ، 1984-يىلى ئامېرىكىنىڭ ئاناھېيىم شەھىرىدە ئېچىلغان يىللىق يىغىنغا قاتناشقۇچىلارنىڭ سانى 100 مىڭ كىشىدىن ئېشىپ كەتكەن! تارىختا ھېچقانداق ئەدەبىيات پائالىيىتى بۇ خىل داغدۇغا، بۇ خىل كۆلەمگە ئىگە بولۇپ باققان ئەمەس. 1997-يىلى 27-ئىيۇلدىن 31-ئىيۇلغىچە بېيجىڭدا ئېچىلغان خەلقئارا ئىلمىي فانتازىيە يىغىنىغا ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ نوپۇزلۇق ئالىملىرى، ئامېرىكا ۋە رۇسىيىنىڭ ئالەم ئۇچقۇچىلىرى، ئىلمىي فانتازىيە يازغۇچىلىرى ئىشتىراك قىلغان بولۇپ، جۇڭگو مىقياسىدا ئىنتايىن زور داغدۇغا پەيدا قىلدى. مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى قاتارلىق ئاخبارات ۋاستىلىرى خېلى مەزگىللەرگىچە بۇ يىغىن توغرىلىق خەۋەرلەرنى، ئىلمىي فانتازىيە ساۋاتلىرى ۋە ئوبزورلارنى بېرىپ تۇردى. دۇنيا كىنوچىلىق تارىخىدا ئەڭ يۇقىرى بېلەت سېتىلىش رىكورتى ياراتقان ئون كىنونىڭ بەشى ئامېرىكىنىڭ ئىلمىي فانتازىيىلىك كىنولىرىدۇر. ئون كىنو ئىچىدە بىرىنچى ئورۇندا تۇرۇدىغىنى «يورا باغچىسى» بولۇپ، 500 مىليون دوللارلىق قىممەت ياراتقان. ئامېرىكىدا 300 نەچچە ئونىۋېرسىتېتتا ئىلمىي فانتازىيە دەرسلىكى تەسىس قىلىنغان. ئىلمىي فانتازىيە ژۇرنىلىدىن 39ى نەشرقىلىنغاندىن باشقا يەنە مەخسۇس ئىلمىي فانتازىيىلىك كىتابلارنى ساتىدىغان 300دىن ئارتۇق كىتابخانا بار.

ئالاقىدار مۇتەخەسسىسلەرنىڭ قارىشىچە، جۇڭگونىڭ ئىلمىي فانتازىيىچىلىكى (بۇ يەردە خەنزۇ ئەدەبىياتىدىكى ئىلمىي فانتازىيە كۆزدە تۇتۇلىدۇ) ئامېرىكىدىن ئاز دېگەندىمۇ 60 يىل، ياپونىيىدىن 30 يىل ئارقىدا تۇرۇدىكەن. بۇ خىل پەرقلەرنى تونۇپ يەتكەن خەنزۇلاردا ئىلمىي فانتازىيىچىلىك مىسلىسىز كۆلەمدە جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىپ، دۇنياۋى سەۋىيىدىكى ئىلمىي فانتازىيە ژۇرناللىرى نەشر قىلىنماقتا ھەمدە يۇقىرى سەۋىيىدىكى زور تۈركۈم ئىلمىي فانتازىيە يازغۇچىلىرى قوشۇنى بارلىققا كەلمەكتە.

ئىلمىي فانتازىيە جاھان ئۆزگىرىشى توغرىسىدىكى ئەدەبىيات، شۇ سەۋەبتىن ئىلمىي فانتازىيە ناھايىتى زور دەرىجىدە ھازىرقى زامان تىل سىستېمىسى ۋە لېكسىكا سىستېمىسىنى ئۆزگەرتمەكتە. نۆۋەتتە، خەلقئارادا ئاساسىي ئېقىمدىكى ئەدەبىيات ئىلمىي فانتازىيە ئەدەبىياتىغا يېقىنلاشماقتا. ئىلمىي فانتازىيە ئەدەبىياتىمۇ ئاساسىي ئېقىمدىكى ئەدەبىياتقا يېقىنلاشماقتا.

ئىلمىي فانتازىيە كىشىلەرنىڭ نەزىرىنى كەلگۈسىگە يېتەكلەيدىغان، ئالغا ئىنتىلدۈرىدىغان، ئىلىم-پەن بىلەن ئەدەبىيات بىرلەشتۈرۈلگەن، زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىشقا تېگىشلىك ئەدەبىيات شەكلى ھېسابلىنىدۇ. مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو قۇرۇلۇش

ئاكادېمىيىسىنىڭ باشلىقى، تونۇلغان ئالىم سۇن جيەنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا: «ئىلمىي فانتازىيە بىر مىللەتنىڭ روھىنى تەربىيلەيدىغان بۆشۈكتۇر»، «ھەر دۆلەتنىڭ ئىلمىي فانتازىيىچىلىكتىكى سەۋىيىسى بەلگىلىك دەرىجىدە شۇ دۆلەتنىڭ پەن-تېخنىكا سەۋىيىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ».

كىشىنى ئېچىندۇرىدىغىنى شۇكى، دۇنيا مىقياسىدا جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان ئەدەبىياتنىڭ مۇشۇنداق بىر مۇھىم شەكلى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بىر بوشلۇق، ئېچىلمىغان زېمىن ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بۈگۈنكىدەك تەرەققىيات پۇرسىتى ۋە شارائىتىغا ئېرىشىۋاتقان، جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان مەزگىلدە ئىلمىي فانتازىيىچىلىكتىن ئىبارەت ئەڭ مۇھىم ئەدەبىيات شەكلىگە يازغۇچى، تەرجىمانلىرىمىزنىڭ ئېتىبارسىز قارىشى، نەشر ئەپكارلىرىنىڭ نەزىرىدىن يىراق تۇرۇشى كىشىنى بەكمۇ ئەپسۇسلاندۇرىدۇ.

ئېسىمدە قېلىشىچە، 1980-يىللاردا ژيول ۋېرنىنىڭ «دېڭىز ئاستىدىكى 80 مىڭ چاقىرىملىق سەپەر»، «سىرلىق ئارال»، «كاپىتان گرانتنىڭ پەرزەنتلىرى» قاتارلىق كىتابلىرى ۋە «يالماۋۇز ئۇچىۋۇرجەك ۋە OFU»، «گۆر ئاغزىدىن قايتىش» ۋە يەنە باللارغا ئائىت بىرمۇنچە ئىلمىي فانتازىيىلىك توپلاملار بار ئىدى. بۇ ئىلمىي فانتازىيىلىك كىتابلار ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەرلا ئەمەس، چوڭلارمۇ قىزىقىپ ئوقۇيدىغان كىتابلار ئىدى. ناھايىتى ئەپسۇسكى، ھازىر كىتابخانىلىرىمىزدىن بۇنداق كىتابلارنى ئۇچرىتىش قىيىن.

بىز ئۇيغۇرلار 21-ئەسىرنىڭ بوسۇغىسىدىن ئۆتۈش ئالدىدا تۇرىمىز. 21-ئەسىرگە قەدەم قويغاندا بىز يېڭى 100 يىل، يېڭى 1000 يىل توغرىلىق ئويلىنىۋاتقانلار ئاز سانلىق. دۇنيا ئېلېكترون دەۋرى، ئاتوم دەۋرى، ئۇچۇر دەۋرىدىن ھالقىپ، بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىگە قەدەم قويۇۋاتقان بۇ خاسىيەتلىك ئەسىردە، بىزدە ئەڭ كەمچىل بولىۋاتقىنى، ئەڭ ئېھتىياجلىق بولىۋاتقىنى تەبىئىي پەن روھى. ھالبۇكى، بۇخىل روھنى تەربىيلەيدىغان بۆشۈك دەل ئىلمىي فانتازىيىدۇر.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئىلمىي فانتازىيە ساھەسىدە ئاز-تولا ئىزدىنىۋاتقان يازغۇچىمىز سۇلتان ھاشىم خۇددى «يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس، چېڭى چىقسىمۇ دېڭى چىقماس» دېگەندەك ھازىرغا قەدەر ئەدەبىياتچىلىرىمىز ۋە ئوبزورچىلىرىمىزنىڭ نەزىرىدىن نېرى تۇرۇپ كەلمەكتە. لېكىن سەممىيلىك بىلەن شۇنى ئېتىماي بولمايدۇكى، سۇلتان ھاشىمنىڭ ئەسەرلىرىدە ئىلمىيلىك، فانتازىيە چوڭقۇرلۇقى بىرقەدەر كەمچىل. شۇنداقتىمۇ يازغۇچىمىزنىڭ دادىل ئىزدىنىشلىرى ۋە نەتىجىلىرىنى تەرىپلەشكە ئەرزىيدۇ.

سۇلتان ھاشىمنىڭ ئەكسىچە خېلى كۆپ سانلىق يازغۇچىلىرىمىزنىڭ نەزىرىدە ئىلمىي فانتازىيە پەقەت باللار ئەدەبىياتىنىڭ بىر تۈرى، خالاس. شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ ئىلمىي فانتازىيىدىن ئىبارەت بۇ ئېسىل ئەدەبىيات شەكلى ياشلار ۋە ئۆسمۈرلىرىمىزگە قانچىلىك نېسىپ بولدى؟ شۇ سەۋەبلىك «ياغاچ ئات»، «ئۇچار گىلەم»، «ئۇر توقماق»، «جاھاننەما ئەينىكى» قاتارلىق فانتازىيىلىرىمىزنىڭ دەۋر تەرەققىياتىدا كونىرىشى، ئۇنتۇلۇشىغا ئەگىشىپ، ئۆسمۈرلىرىمىز «خېمەن»، «سۇن ۋۇكۇڭ»غا ئوخشاش ئوبرازلاردىن ئۆز مەنىۋىيىتىگە ئوزۇق ئىزدەپ چوڭ بولماقتا. كىتابخۇمار ئوقۇرمەنلىرىمىز بولسا، ئاتالمىش «ئىزلەنمە ھېكايىلەر» ۋە قېرىلارچە ئېھتىياتچانلىق، پەند-نەسىھەتكە تولغان ئەسەرلەردىن ئۆز تەشنالىقىنى بېسىپ يۈرمەكتە.

بىر قىسىم خېلى يۇقىرى مەلۇماتلىق ياش يازغۇچىلىرىمىزنىڭ جىنسىنى ئايرىغىلى بولمايدىغان، كىسەلمەن ھېكايىلەرنى يېزىپ ئوقۇرمەنلەرنى قايمۇقتۇرۇپ، ئۆزىنىمۇ تۇيۇق يولغا باشلاپ يۈرگىنىدىن كۆرە ئىلمىي فانتازىيىدىن ئىبارەت ئۈمىدۋارلىققا تولغان، كىشىنى ئالغا ئىنتىلدۈرىدىغان بۇ يېڭى ساھەگە نەزەر تاشلىشى 21-ئەسىرگە قەدەم قويغان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ، شۇنداقلا كەلگۈسىنى يېتىشتۈرگۈچى، گاڭگىراش، ئويلىنىش ۋە ئىزدىنىش ئىچىدە كۈتۈۋېلىۋاتقان ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ تەلىپى.

21-ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى قېرىلارچە ئېھتىياتچانلىق، نازۇكلۇق، ئىزچىللىق شەكلىنى ئالغان ئەدەبىيات بولماسلىقى، بەلكى بۇ ئەدەبىياتتا گۆدەكلەرچە ساپ قىزغىنلىق، ياشلارچە ئالغا ئىنتىلىش، تەۋەككۈلچىلىك ھەمدە گۈزەل غايە-تەسەۋۋۇرلارنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن ئىلمىي فانتازىيىنىڭمۇ بىر كىشىلىك ئورنى بولۇشى كېرەك، ئەلۋەتتە.

## پايدىلانغان مەنبەلەر


① «ئىلمىي فانتازىيە دۇنياسى» (خەنزۇچە) ژۇرنىلىنىڭ 1996-، 1997-، 1998-يىللىق سانلىرى.

② «يەرشارى ئانا»، جياڭسۇ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1992-يىلى نەشرى


---


ئاپتور: شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى تىل فاكۇلتېتى خەنزۇ تىلى تولۇق كۇرسىنىڭ ئوقۇغۇچىسى(M2)



# هون خاقانى ئاتىللا بىلەن غىزادا بىرگە بولۇش

## پرىسكۇس

كىشىلەر تەرىپىدىن «تەڭرىنىڭ قامچىسى» دەپ ئاتالغان ئاتىللا هون ئىمپېرىيىسىنىڭ 445-453-يىللاردىكى ئىمپېراتورى، 445-يىلى تەختكە ئولتۇرغان. تەختتىكى مەزگىلىدە هونلارنىڭ چوڭ قوشۇنىنى باشلاپ تاكى ياۋروپانىڭ رېيىن دەرياسى بويلىرىغىچە بۆسۈپ كىرىپ، شەرقىي، غەربىي رىم ئىمپېرىيىلىرىنى مۇتەرىز قىلغان. پرىسكۇس شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ ئەلچىسى سۈپىتىدە مىلادى 450-يىلى هون ئىمپېرىيىسىنىڭ ئاستانىسىگە بېرىپ ئاتىللا بىلەن كۆرۈشكەندى.

پرىسكۇس بىر دىپلوماتقا خاس سەزگۈرلۈكى بىلەن ئەينى ۋاقىتتا دۇنيادىكى ئىككى چوڭ ئىمپېرىيە ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان بۇ دىپلوماتىيە ئالاقىسىنى خاتىرىلەپ قالدۇرغان. ئۇنىڭ ئاددىي سۆز-ئىبارىلىرىنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنغان نازۇك كەيپىياتىدىن مۇشۇ ئۇچرىشىش بولۇپ ئۆزۈن ئۆتمەي، شەرقىي رىمنىڭ هونلارنىڭ قىلىچى ئاستىدا تىز پۈككەنلىكىنىڭ ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەسلىكىنى چۈشىنىش قىيىن ئەمەس.

— مۇھەررىردىن

ئاتىللا بىز ئىككى ئەلچىلەر ئۈمىكىدىكىلەر① نى چۈشتىن كېيىن ئۆزى بىلەن غىزادا بىرگە بولۇشقا تەكلىپ قىلدى. بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا بىز شەرقىي ۋە غەربىي رىمنىڭ بارلىق ئەلچىلىرى چوڭ زالنىڭ ئىشىكىدە ئاتىللانىڭ ئالدىدا تەق بولۇپ تۇرغانىدۇق. هون دۆلىتىنىڭ يوسۇنى بويىچە خىزمەتكار هەر بىرىمىزگە بىر جامدىن مەي كەلتۈردى. ئورۇن ئېلىشتىن ئىلگىرى بۇ مەينى يەرگە سېپىشىمىز كېرەك ئىدى. ئۇلارنىڭچە، بۇ، ئىلاهقا نەزىر قىلغانلىق بولارمىش. ئارقىدىن، بىزمۇ بىر قەدەھتىن مەي ئىچكەندىن كېيىن ئۆز ئورنىمىزغا بېرىپ ئولتۇردۇق. بارلىق ئورۇندۇقلار چوڭ زالنىڭ ئىككى تەرىپىگە ، تامغا يېقىن ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. زالنىڭ يۇقىرىسىدا ، دەل ئوتتۇرىسىدىكى يۆلەنچۈكلۈك ئۇزۇن ئورۇندۇقتا ئاتىللا ئۆزى ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ كەينىدە بىر يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇق، ئەڭ تۆرىدە ئاتىللانىڭ خاس كارىۋىتى بار ئىدى. كارىۋاتقا تولىمۇ سىپتا، پوزۇر توقۇلغان زىغىررەڭ رەخت يېپىلغان بولۇپ، خۇددى يۇنان هەم رىملىقلار تويدا ئىشلىتىدىغان زەر گىلەمگە ئوخشايتتى. شۇنى ھېس قىلدىمكى، سالاهىيىتى ئالىيراق بولغان مېهمانلار زالنىڭ ئوڭ تەرىپىگە، بىر دەرىجە تۆۋەن تۇرىدىغانلىرى بولسا سول تەرەپكە ئورۇنلاشتۇرۇلۇپتۇ. پىلىچىس② ئىككىمىز سول تەرەپتىكىلەرنىڭ قاتارىدا ئىدۇق. ئاتىللانىڭ ئىككى ئوغلىمۇ ئۇنىڭ يېنىدا ئىدى. چوڭ ئوغلى

تارىخىي خاتىرىلەر

ئاتىللانىڭ ئاشۇ يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقىنىڭ ئىرغىكىدە ئولتۇرغان بولۇپ، ئاتىسىدىن ئەيمەنگەندەك كۆزلىرىنى يەردىن ئۈزمەيتتى.

ھەممەيلەن جايلىشىپ بولغاندىن كېيىن، ئاتىللانىڭ خاس كۈتكۈچىسى پەتنۇستا مەي كۆتۈرگىنىچە كىرىپ كەلدى. ئۇ بىر قەدەھ مەينى ھۆرمەت بىلەن ئاتىللاغا تۇتتى ۋە دەرھال دىۋاننىڭ كەينىگە ئۆتۈپ تۇردى. ئاتىللا مەينى ئېلىپ سالاھىيىتى ئەڭ يۇقىرى مېھمانغا سالام بەردى. بۇ پەۋقۇلئاددە شەرەپكە ئېرىشكەن مېھمان ئالدىراپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ چوقۇم ئاتىللانىڭ مەينى ئاستا-ئاستا ئىچىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشى، مەينى ئىچىپ بولۇپ قەدەھنى ھېلىقى مالايغا قايتۇرۇپ بەرگەندىن كېيىن ئاندىن ئولتۇرۇشى كېرەك ئىدى. بۇ ۋاقىتتا باشقا مېھمانلارمۇ قەدەھ كۆتۈرۈپ ھېلىقى مېھمانغا ئېھتىرام بىلدۈرۈشتى ۋە مەينى بىر يۇتۇمدىن ئىچىپ قويۇشتى. ئاتىللانىڭ خاس كۈتكۈچىسى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، يەنە بىر مالاي كىرىپ، ئورۇن تەرتىپى بويىچە ھەر بىر مېھمانغا مەي تولدۇردى. ئارقىدىن ئاتىللا ئوخشاش يوسۇندا ھەربىر ئادەمگە سالام بېرىپ چىقتى.

ھەممەيلەنگە مەي تۇتۇپ بولغاندىن كېيىن، ھېلىقى مالايمۇ چىقىپ كەتتى. باشقا خىزمەتكارلار كىرىپ ئاتىللانىڭ ئالدىغا بىر شىرە، ئاندىن ھەر ئۈچ-تۆت مېھمان ئالدىغىمۇ بىردىن شىرە قويۇلدى. بۇنداق بولغاندا ھەر بىر مېھمان ئۆز ئورنىدىن ئايرىلمايلا ئۆزى خالىغان ھەرخىل قورۇمىلارغا ئېغىز تېگەلەيتتى. قورۇمىلار ئىنتايىن مول، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەممىسى ئالتۇن ياكى كۈمۈش لېگەنلەرگە ئۇسۇلغانىدى. ئولتۇرغان ئۆمەك ئەزالىرىمۇ، باشقا يات مىللەت كىشىلىرىمۇ ھەممىسى مەززە قىلىپ يېيىشتى. پەقەت ئاتىللا ئىشلەتكەن قەدەھتىن تارتىپ تاماق قاچىلىرىغىچە ھەممىسى ياغاچتىن ياسالغان بولۇپ، ئاڭلاشلارغا قارىغاندا ، بۇ ئۇنىڭ «ئۆز-ئۆزىنى تەنبىھلەش» لىرىنىڭ بىرى ئىكەن. ئۇنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىمۇ شۇ قەدەر ئاددىي، دائىم پاكىزە تۇتۇشتىن باشقا ئالاھىدە تەلەپلىرىمۇ يوق ئىكەن. ئۇنىڭ يېنىغا ئېسىلغان خەنجەر، پۇتىدىكى ئۆتۈك ھەمدە ئېتىدىكى ئېگەر-جابدۇقلاردىمۇ نەقىشلەنگەن گۆھەر-ياقۇت ياكى ئالتۇنغا تەۋە نەرسە كۆرمىدۇق.

تۇنجى قېتىمدا كەلتۈرۈلگەن قورۇمىلار يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن، ھەممىمىز ئورنىمىزدىن تۇرۇشتۇق. كۈتكۈچى ھەر بىر ئادەمگە قايتىدىن مەي كەلتۈردى. ھەممىمىز قەدەھ كۆتۈرۈپ ئاتىللاغا سالامەتلىك ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر تىلىدۇق. بىز ئولتۇرغاندىن كېيىن ، قورۇما ئۇسۇلغان لېگەنلەر يەنە شىرەگە تولدۇرۇۋېتىلدى. بۇنداق تەرتىپ تەكرار-تەكرار داۋام قىلىنىۋاتاتتى.

گۇگۇم مەزگىلىگە كەلگەندە، زالنىڭ ئىچى مەشئەللەر بىلەن يورۇتۇلدى. ئىككى سازەندە ئاتىللانىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭ جەڭدىكى باتۇرلۇقى ۋە ئېرىشكەن شانلىق نەتىجىلىرىگە بېغىشلانغان مەدھىيە نامىلەرنى ياڭرىتىۋەتتى. مېھمانلار ئەستايىدىل ئاڭلاۋاتاتتى. بەزىلەرنىڭ چىرايىدا خۇشاللىق ئەكس ئەتسە ، يەنە بەزىلىرى ئۇرۇش توغرىسىدىكى گەپلەرنى ئاڭلاپ بەكلا ھاياجانلىنىپ كېتىشكەنىدى. بىراق بەزىلەرنىڭ كەيپىياتى تۆۋەن بولۇپ، «ئۇرۇش» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ قېلىشتىن بەكلا قورقۇشاتتى. ئەلۋەتتە، بۇ كىشىلەر ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ ئەزالىرى ئىدى. سازەندىلەر چىقىپ كەتكەندىن كېيىن بىر سەيشيالىق③ كىرىپ كەلدى. ئۇ غەلىتىلا بىر ئەبلەخ بولۇپ، نۇرغۇن غەيرىي، ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان ھېكايىلەرنى سۆزلەيتتى، گەپلىرىنىڭ بىرسىنىمۇ راست دېگىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ ھېكايىسى كىشىلەرنى قاقاقلاپ كۈلدۈرۈۋېتەتتى. ئارقىدىنلا مورسكولۇق④ زاقۇن كىردى. ئۇنىڭ ياسىنىشى، ئاۋازى ۋە گەپلىرى سەۋدايىلارچە ئىدى، ئىتالىيان، ھون ۋە گوت⑤ تىللىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ كۆرسەتكەن ئويۇنى ھەممەيلەننى ئۆزىگە رام قىلىۋالدى. زالدا كۈلكە ئاۋازلىرى ئۈزۈلمەيتتى، پەقەت ئاتىللالا ئۆزىنىڭ سۈرلۈك ھالىتىنى بۇزماي ئولتۇرۇۋاتاتتى. ئۇ مەڭگۈ ئەتراپىدىكى مۇھىت بىلەن بەلگۈلۈك ئارىلىق ساقلاپ تۇرسا كېرەك، پەقەت كىچىك ئوغلى ئايناس زالغا يۈگرەپ كىرىپ يېنىغا كەلگەندىلا، ئۇنىڭ چىرايىدا ئازراق كۈلكە پەيدا بولدى. ئۇ ئايناسنى ئالدىغا كەلتۈرۈپ مېھرىبانلىق بىلەن تىكىلدى ۋە بىرنەچچە ئېغىز پاراڭلاشتى. مېنى بەكلا ھەيران قالدۇرغىنى شۇ بولدىكى، ئۇ قالغان ئىككى ئوغلىغا دىققەت قىلىپمۇ قويمايتتى، ھەتتا زىيابەت باشلىنىپ ھازىرغىچە ئۇلارغا بىرەر قېتىممۇ قاراپ قويمىغانىدى. يېنىمدا ئولتۇرغان كىشى مېنى بۇ ئىشقا قالايمىقان باھا بېرىپ يۈرمەسلىككە ئاگاھلاندۇردى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، بىر كاھىن ئاتىللا پادىشاھلىقىنىڭ ھامان ئاغدۇرۇلىدىغانلىقىنى، ئەمما ئۇنىڭ بۇ ئوغلى ئىمپېرىيىنى قايتا قۇرۇپ چىقىدىغانلىقىنى ئېيتقانىمىش. زىيابەت ئوتتۇرا كېچىگە كەلگەندە ئاران ئاخىرلاشقان بولدى. بىز ھەقىقەتەن ھېرىپ ھالىمىزدىن كەتكەن، ھېچكىمنىڭمۇ داۋاملىق يەپ-ئىچىشكە تاقىتى قالمىغانىدى.

### ئىزاھلار

① شەرقىي ۋە غەربىي رىمنىڭ ئەلچىلەر ئۆمىكىنى كۆرسىتىدۇ.
② غەربىي رىمنىڭ ھونلارغا ئەۋەتىلگەن ئەلچىسى.
③ غەربىي ئاسىيادىكى قەدىمىي بىر قەبىلىنى كۆرسىتىدۇ.
④ ئىسپانىيىدىكى قەدىمىي بىر تائىپە.
⑤ گېرمان تىللىرى سىستېمىسىغا تەۋە قەدىمىي قەبىلىلەر.

---

«تارىخىي شاھىدلار»، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى 1992-يىل فېۋرال 1-نەشرى 1-باسمىسىدىكى شۇ ناملىق خاتىرىدىن

**ئەكبەر توختى** تەرجىمىسى

(«تارىخىي شاھىدلار»، مىلادى 430-يىلىدىن مىلادى 1990-يىلى ئاۋغۇستقىچە دۇنيادا يۈز بەرگەن بەزى چوڭ ۋەقەلەر شاھىدلىرىنىڭ ھۆججەتلىك خاتىرىسىگە ئاساسەن ئەنگلىيىلىك جون كىللىي تۈزۈپ چىققان)

(M2)

**مەدەنىيەت تارىخىمىزدىن**



# ئۇماي ئانا ۋە ئۇيغۇر چاچ مەدەنىيىتى

ئەھەت ئابدۇراخمان

## 1

ھەقىقىي رىئال ئادەمنى يۈكسەك بەدىئىي پېرسوناژ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ، بۈيۈك قەھرىمانلىق ئېپوسىنى ياراتقان دۇنياۋى شۆھرەتلىك مونۇمېنتال ئەسەر «ئوغۇزنامە» دە مۇنداق بىر تەسۋىر ئۇچرايدۇ:

«. . . بىر كۈنى ئوغۇز خاقان ئوۋغا چىقتى. ئالدىدىكى كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر تۈپ دەرەخنى كۆردى. بۇ دەرەخنىڭ كاۋىكىدا بىر قىز تەنھا ئولتۇراتتى. ئۇ ئىنتايىن ساھىبجامال ئىدى. ئۇنىڭ كۆزى ئاسماندىنمۇ كۆكرەك، چېچى سۇ ئېقىمىدەك، چىشى ئۈنچىدەك ئىدى. ئۇ شۇنداق ساھىبجامال قىز ئىدىكى، يەر-جاھاندىكى كىشىلەر ئۇنى كۆرسە: (ئاھ، ئاھ، جاننى ئالىدىكەن) دەرلەر ئىدى. سۈت قىمىزغا ئايلاندى. ئوغۇز خاقان ئۇنى كۆرگىنىدە ھوشىدىن كەتتى. . . »①.

بۇ ئارىيەدە بىز تەتقىق قىلماقچى بولغان مۇھىم مەنتىقىلىق مەزمۇن بار. ئۇ بولسىمۇ، ئىپتىدائىي ئۇيغۇر قەبىلىلىرىدە شەكىللەنگەن ئانىمىزملىق (ئانىمىزم – تەبىئەتتىكى ھەممە نەرسىدە روھ بار دەپ قارايدىغان ئىپتىدائىي دىنىي قاراش. – مۇھەررىردىن) دۇنيا قاراشنىڭ بەدىئىي بالاغىتى بۇ تارىخىي ئابىدە غەزىنىسىدە ئىختىرا قىيامى يېتىپ كەلگىچە نەچچە مىڭ يىللاپ لەڭگەر تاشلاپ، ئۇيغۇر تارىخى ۋە ئەدەبىياتىدىكى دۇردانىلەرنى يەنىمۇ ئېچكىرىلەپ مۇھاكىمە تەلقىنىغا سېلىشتا بىزنىڭ قولىمىزغا پوتېنسىئال ھېكمەت خەزىنە ئاچقۇچىنى تۇتقۇزغانلىقىدىن ئىبارەتتۇر.

ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ دەسلەپكى

جەمئىيەت ئاۋاملىرى بولغان ئىپتىدائىي ئەجدادلىرىمىز باشقا مىللەتلەرنىڭ ئەجداتلىرىغا ئوخشاش ئۆزى ياشاپ تۇرۇۋاتقان تەبىئەت دۇنياسىدىن تەدرىجىي ھالقىپ، ئاشۇ دۇنيادىن ئۈستۈن بولغان يەنە بىر دۇنيا- روھىيەت دۇنياسىنى تەسەۋۋۇر قىلىشنى، كۆرگىلى بولىۋاتقان رېئال دۇنيانىڭ سىرىنى كۆرگىلى بولمايدىغان يەنە بىر دۇنيادا، دەپ قاراپ ماددىي دۇنيانى بۆلۈپ تەسەۋۋۇر قىلىشنى بىلگەنىدى. ئۇنىڭ بىرى ھادىسىلەر دۇنياسى بولغان بولسا، يەنە بىرى تەڭرىلەر دۇنياسىدىن ئىبارەت ئىدى.

مانا بۇ ئەجدادلىرىمىز ئېڭىدا تۇنجى شەكىللەنگەن تەڭرى چۈشەنچىسى بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن ئەجدادلىرىمىز تەسەۋۋۇرى ئىلاھىي تۈس ئېلىشقا باشلىغانىدى. ھەممە نەرسىنىڭ كەينىدە شۇ ھادىسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگۈچى سىرلىق قۇدرەت ئىگىسى مەۋجۇد، دەپ قارايدىغان، تەبىئەت بىلەن تەڭرىنى بىر گەۋدە سۈپىتىدە ئىزاھلايدىغان بۇ خىل پەلسەپىلىك بىلىش شەكلى تارىختىن بۇيان ئەجدادلىرىمىز روھىي دۇنياسىغا چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ ئۆزلىشىپ، ھازىرقى دەۋرگە كەلگەندە بۇ خىل ئىدراك شەكلى مىللەت پسىخىكىسىنىڭ مەڭگۈلۈك تەركىبىي قىسمى، مەخپىي رېتسېپىغا ئايلىنىپ كەتتى.

ئەجدادلىرىمىز مۇقەددەس بىلگەن تەڭرىلەرنىڭ ئەڭ دەسلەپكىسى ئانا تەڭرى - ئۇمايدىن ئىبارەت ئىدى.

قەدىمكى ئۇرخۇن يېزىقىدا ساقلانغان بىر رىۋايەتتە «ئۇماي» دېگەن ئىسىم «DH» قىلىپ يېزىلغان بولۇپ، 1-ھەرپ «ئو»، 2-ھەرپ «م»، 3-ھەرپ «ي» دەپ ئوقۇلغان.

«ئۇرخۇن - ئاناساي مەڭگۈتېشى» دا يەر بىلەن سۇ بىرلىشىپ ئانا تەڭرى ئۇماي خاتۇن سىيماسىدا گەۋدىلەندۈرۈلگەن. بىز «ئوغۇزنامە» دىن مىسال ئالغان يۇقىرىقى تەسۋىردىمۇ دەل مۇشۇ تەسەۋۋۇر ئوغۇزخاقان پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان تەبىئىي شارائىتتىكى ھادىسىلەرگە سىڭدۈرۈۋېتىلگەن. مەسىلەن، ئوغۇزخاقان ئوۋغا چىققاندا ئۇنىڭ تۇلپارىنىڭ تۇيىقى ئاستىدا تۇرغىنى كۆل بويىدىكى مۇقەددەس «يەر»، كۆز ئالدىدىكىسى «كۆل»، يەنى ئىماندەك پاكىز سۇ. مانا بۇ ئىككى خىل تەبىئەت ھادىسىسىنى بىرلەشتۈرۈپ تەھلىل قىلغاندا، مۇقەددەس ئۇماي ئانا ئوبرازىنىڭ تەسەۋۋۇر قىلىنىۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت پسىخىك تەبىئەت (ئىككى تەبىئەت) نى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. چۈنكى كېيىنكى «تۆتزات» پەلسەپىسى، شامان دىنى ئېتىقادچىلىقى، بۇددا دىنى مەبۇتچىلىقى قاتارلىق ئىلاھىيەتچىلىك قاراشلىرىغا مۇھىم ئۇل-ئاساس سالغان دەسلەپكى ئانىمىزملىق بىلىش - دۇنيادىكى ئىككى ئاساسلىق ئامىل تۇپراق (يەر) بىلەن سۇ (سۇ)، دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەنىدى. شۇڭا ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق دەۋرىدىكى ئەجدادلىرىمىز تۇپراق بىلەن سۇنىڭ بىرىكمىسىدىن لاي قورچاقلارنى ياساپ، ئۇنى مۇكەممەل قىلغان. بۇ مۇئەككەللەر ئىنسانغا بەخت-سائادەت كەلتۈرگۈچى ھامىي سۈپىتىدە سۇيىئىستېمال قىلىنغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ خىل بىلىش يىللار-قەرنەلەرنىڭ مىڭلىغان ھالقىلاردەك ئۇلىشىپ ئۆتۈشى بىلەن، لاي قورچاقلارنىڭ كۆكسى ھەم جىنسىي ئەزاسى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، ئەستايىدىل ياسىلىدىغان بولغان. مانا بۇلاردىن بىز تۇپراق (يەر) بىلەن سۇنىڭ بىرلەشتۈرۈلۈپ، مۇقەددەس ئىلاھە - ئادىمىزاتنىڭ ئانىسى، ھاياتلىقنىڭ مەنبەسى ئۇماي ئانا ئوبرازى قەيت قىلىنىۋاتقانلىقىنى بىلىۋالالايمىز.

ئۇنداقتا، ئوغۇز خاقانغا ئۇچراشتۇرۇلغان سۇ گۈزىلى -« دەرەخ كاۋىكىدىكى قىز» نىمىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشى مۇمكىن؟ ئۇ ئۇماي ئانىنىڭ شاپائىتى يەنى يەر-سۇ تەڭرىنىڭ ئوغۇزخاقانغا كەلتۈرۈۋاتقان بەخت-سائادىتىدىن ئىبارەت. «كۆلتېگىن مەڭگۈتېشى» دا: ئۇمايدەك ئانام خاتۇن شاراپىتى بىلەن كۆلتېگىن ئەر بولۇپ يېتىشتى، دەپ يېزىلغانغا ئوخشاش ئوغۇزخاقانغىمۇ ئۇماي ئانىنىڭ بەخت ئاتا قىلىۋاتقانلىقى، تەلەي - پېشانىسىنى قۇتلۇق، پاك نەرسىلەرگە يېتەكلەۋاتقان، يار-يۆلەكتە بولىۋاتقانلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

بۇ ئارقىلىق ئەسەر قەھرىمانى مەردانە يىگىت نۇسرەتلىرىنىڭ، سەلتەنىتىنىڭ بارلىققا كېلىشىدە ئانا تەڭرى ئۇمايىنىڭ غايىۋى مەدەتكار- سەۋەبچىلىكىدىن بىشارەت بېرىلىپ، مۇقەددەس ئانا ئىلاھەنىڭ شىرپەنجە قەھرىمان ئىنسانغا بولغان مەدەتكارلىقى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن.

ئالەمنى تەبىئەت ۋە جىن مۇئەككەللىرىدىن ئىبارەت ئىككى قاتلام بويىچە ئىزاھلايدىغان شامان دىنى ئېتىقادچىلىقىمۇ ئانىمىزمنىڭ ياخشى-يامان روھلار توغرىسىدىكى قاراشلىرى ئاساسىدىن شەكىللەنگەن بولۇپ، يۇقىرىقى ئارىيەدە تەسۋىرلەنگەن «دەرەخ» - ئانا تەڭرى ئۇماي خاتۇنغا چوقۇنۇش ئېتىقادچىلىقىنىڭ شامان دىنى دەۋرىدىكى دەل-دەرەخكە چوقۇنۇش ئىپادىسى ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. چۈنكى شۇ بىر تۈپ دەرەخنىڭ ئۆزى ئىككى مەنىگە ئىگە. بىرى ھادىسە، يەنى دەرەخنىڭ ئۆزى؛ يەنە بىرى ئىلاھە، ئۇ بولسىمۇ ئۇماي ئانا. دېمەك، ئۇيغۇرلار دەل-دەرەخكە چوقۇنغاندا ئۇنى مۇقەددەس ئانا ئۇمايىنىڭ تىمسالى قىلغان.

ئۇنداقتا، «بۇ دەرەخنىڭ كاۋىكى» چۇ؟ ئۇ ئۇماي ئانا جىنسىي ئەزاسىنىڭ تەقلىدى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئولتۇرغان «ساھىبجامال بىر قىز» - ئۇماي ئانىنىڭ ھايالىق ئەزاسىدىكى (ياكى قورساقتىكى) قىزى (ئەۋلادى)، گۈزەللىك، پاكلىقنىڭ سىمۋولى بولغان لاتاپەتلىك بىر ئىلاھە قىزدىن ئىبارەت. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ قىزنىڭ «چېچى سۇ ئېقىمىدەك» دېگەن ئوخشىتىشتىن ئۇزۇن، ئەۋرىشىم، پارقىراق، ئۆرۈمە چاچنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىمىز. «چۈنكى دەرەخ سۇدا ئۆسىدۇ. سۇ پاكلىقنىڭ سىمۋولى، شۇنداقلا

ھاياتلىقنىڭ بۇلىقى. سۇ بويىدىكى دەرەخنىڭ تاللىرى خۇددى تال-تال چاچلاردەك ساڭگىلاپ تۇرىدۇ»②.

مانا بۇ تارىخىي ئەسەر ھەم ئىلغار رېئالىزم بىلەن رومانتىزملىق ئۇتوپىيە زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن قەھرىمانلىق ئېپوسىدىن بىز تەتقىق قىلماقچى بولغان مۇھىم بىر مەنتىقە - ئۇيغۇر خوتۇن-قىزلىرى ئۇزۇن چاچ مەدەنىيىتىنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ئىلاھە ئانا ئۇماي ھەم دەل-دەرەخ تەقلىدى بىلەن ئۇنىڭغا چوقۇنغان ۋارىسلىرى ئارقىلىق مەيدانغا كەلگەنلىكىنى مۇتالىئە بىلەن بايقىۋېلىشىمىزدا مۇھىم تارىخىي پاكىت بولۇپ قولىمىزدا تۇرۇپتۇ.

## 2

تەبىئەتتىكى ھەرخىل ھادىسىلەرگە قاراپ سىرلىق چۈشىنىپ، ئۇنىڭدىن قانداقتۇر بىرخىل ئىلاھىي كۈچلى تەسەۋۋۇر قىلىش كېيىنكى باشقا ئېتىقادلارغا ئوخشاش ئانىمىزملىق ئېتىقادنى شەكىللەندۈرگەن. شۇڭا قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى تەبىئەت ھادىسىسى بولغان يەر بىلەن سۇنى ئانا تەڭرى ئۇماي ئىلاھە ئوبرازىدا ئىستىمال قىلدى. «تەبىئەتنى ئىلاھىي تۇس بىلەن تەسەۋۋۇر قىلىش ئۇيغۇر قەبىلىلىرى تەپەككۇرىنىڭ بىر قەدەر ئىزچىل شەكلى»③. دېمەك «ئوغۇزنامە» دىكى ئوغۇز خاقان ئۇۋغا چىققان يەر بىلەن سۇ-ئۇماي ئانىنىڭ ئىلكىدىكى ئىلاھىي تۇس ئالغان تەبىئەت ھادىسىسى دېگەندىن باشقا نەرسە ئەمەس.

دەل-دەرەخنىڭ كۆپىيىش ئىقتىدارى، كۆپلەپ مېۋە بېرىشى يەر-سۇ ئىلاھىنىڭ كارامەتلىرىدىن بولغان دەپ قارالغاچقا، ئۇنىڭ بۇ ئىقتىدارى ئادەملەرنىڭ كۆپىيىش، پەرزەنت كۆرۈش ئارزۇسىنىڭ كۈچلۈك تەلىپى بىلەن ئېتىقاد ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ، ئىلاھە ئانىنىڭ نەسىل قالدۇرۇش ئىقتىدارى شامان دىنى چۈشەنچىسى بويىچە دەل-دەرەخكە تەتبىق قىلىنغان ھەم «ئادەم دەرەختىن تۇغۇلغان» ئېڭىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇنىڭ بىلەن ئانىمىزملىق دەۋرىدىكى ئۇماي ئىلاھە ئانا سىيماسى بۇ دەۋردە دەل-دەرەخ تەسۋىرى ئارقىلىق ئىپادە تاپقان. «ئىدىقۇت خانلىقى تۆھپە مەڭگۈ تېشى» دىكى بۆكۈ خاقان بەش ئاكا-ئۇكىنىڭ دەرەختىن تۇغۇلغانلىقى توغرىسىدىكى رىۋايەت بۇ خىل ئىلاھىي چۈشەنچىنىڭ بىر ھاسىلاتى بولسا، «ئوغۇزنامە» دىمۇ ئوغۇزخاقانغا بەيئەت قىلغان ئۇرۇس بەگنىڭ ئوغلى: «ئېھ، سەن مېنىڭ خاقانىمسەن... بىزنىڭ ئۇرۇقىمىز سېنىڭ دەرىخىڭنىڭ ئۇرۇقىدىن. تەڭرى ساڭا پۈتكۈل زېمىننى ئاتا قىلماقتا...»④ دېگەن مەدھىيە سۆزى ئارقىلىق ئوغۇز خاقانىنى ئىلاھلاشتۇرغان.

بۇ خىل ئاڭ نەچچە مىڭ يىللىق تارىختىن بۇيان ئۇيغۇرلار مەيلى قايسى خىل دىنغا ئېتىقاد قىلىشىدىن قەتئىينەزەر، ئەجدادلىرىمىزنىڭ مەنىۋى دۇنياسىدا ئەجدادتىن ئەجدادقا تەسىر كۆرسىتىپ، ساقپ ساقلىنىپ روھىي ھۆكۈمران بولۇپ كەلدى ھەم كېلىۋاتماقتا.

ئىپتىدائىي ئۇيغۇر قەبىلىلىرىدە دەرەخنىڭ كاۋىكى ئۇماي ئانىنىڭ جىنسىي ئەزاسىغا ئوخشىتىلىپ تەسەۋۋۇر قىلىنغان بولۇپ، ئۇ، ھاياتلىقنىڭ مەنبەسى، كۆپىيىش، گۈللىنىشىنىڭ ئاساسى، دەپ قارالغان. نەتىجىدە، ئاياللار قەدىرلەنگەن، ئۇلۇغلانغان. ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق جامائەسى (ماتىرىئارخات) دەۋرى شەكىللەنگەن. بۇ خىل ئۇلۇغلاش تەرەققىي قىلىپ شۇ دەرىجىگە يەتكەنكى، ئاياللارنىڭ جىنسىي ئەزا سىستېمىسى بارا-بارا ھايالىق، پەرھىزلىك، تىلغا ئېلىنىشقا بولمايدىغان سىرلىق نەرسىگە ئايلىنىپ، ئۇنىڭ ئالامەتلىك تەقلىدىي نەرسىلىرىگە تىۋىنىدىغان ئادەت بارلىققا كەلگەن. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار تەبىئەت دۇنياسىدىكى بارلىق دۈگىلەك، تەكتى كاۋاك ھەم يۇمىلاق نەرسىلەر (ئاي، ئۆڭكۈر، بۇلاق، گۈل غۇنچىلىرى، شاپتۇل، ئالما، بېلىق...) نى ئاياللار جىنسىي ئەزاسىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلىپ، تىۋىنىدىغان بولغان.

ئىپتىدائىي ئىنسانلار باغلاپ تەسەۋۋۇر قىلىش ئارقىلىق تىۋىنىدىغان بۇ نەرسىلەر ھازىرمۇ ئۇيغۇر تۇرمۇشىدا قەدىرلىنىدىغان، ئۇلۇغلىنىدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇد. مەسىلەن، بۇلاق (سۇ) غا، ئايغا قاراپ ئولتۇرۇپ چوڭ-كىچىك تەرەت قىلىش قاتتىق مەنئىي قىلىنىدۇ؛ قىز پەرزەنتلەرگە ئىسىم قويۇشتا «ئاي» ئاتالغۇسىنى قوشۇپ ئايگۈل، ئايتۇرسۇن، تۇرغۇنئاي...غا ئوخشاش ئىسىم قويۇش ئادەتلىرى ۋە باشقىلار.

## 3

قىسقىسى، ئۇيغۇرلار ئىلاھە ئانا ئۇماي خاتۇنغا ھەم ئۇنىڭ جىنسىي ئەزاسىغا تىۋىنىش ئانىمىزملىق ئېتىقادچىلىقىنى دەل-دەرەخكە باغلاپ ئىپادىلەپ، ئۇماي ئانىنى - دەرەخ، جىنسىي ئەزاسىنى - دەرەخنىڭ كاۋىكى، چېچىنى - دەرەخنىڭ شاخ-يوپۇرماقلىرى، دەپ تەقلىد قىلىپ ئۇنىڭغا چوقۇنغان. بۇ خىل ئېتىقاد ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق جامائەسى دەۋرىدە شۇنداق سەلتەنەت سۈرگەنىدىكى، ئەينى دەۋرلەردە ھەتتا ئەرلەرمۇ ئۇزۇن چاچ قويغان. چەرچەن ناھىيىسىنىڭ زاغۇنلۇق يېزىسىدىن قېزىۋېلىنغان ئىككىنچى نومۇرلۇق قەبرىدىكى ساقاللىق ئەر جەسەتنىڭ ئىككى تال قىلىپ ئۆرۈلگەن 0.3 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى يېرىم ئاقارغان قوڭغۇر چېچى ⑤ (ژۇرنىلىمىزنىڭ 1998-يىل 5-، 6- (قوشما) سان مۇقاۋىسىنىڭ 4-بېتىگە قاراڭ - مۇھەررىردىن) بۇ قارىشىمىزنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ...

پرامىدالىق ئىپتىدائىي ئېتىقادچىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز مەنبەسىنى ئىزدەشتىكى مول تەسەۋۋۇرلىرىنى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇرلار

تۇرمۇشىدا مىللەت پسىخىكىسىغا ئايلانغان كۆپلىگەن پائالىيەتلەرنىڭ ئاشۇ قەدىمكى تېۋىنىش، توتېم ۋە دىنىي ئېتىقادلاردىن تەرەققىي قىلىپ ئۆزلەشكەن ئۇزۇن تارىخىنى، ئېستېتىك چۈشەنچىسىنىڭ نەپىس، رەڭگارەڭلىكىنى، بۇلار ئارقىلىق تىپىك ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ـ غۇنچە بەدىنىدە ئىنسان تەلپۈنىدىغان كارامەتلەر مۇجەسسەملەنگەن ئاياللارنى ئۇلۇغلاش، بولۇپمۇ گۈزەل چاچ مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسىنى تۇرغۇزغان، گۈزەللىككە. نەپىسلىككە ئىنتىلگەن ساغلام روھىي دۇنياسىنى، بەلگىلىك دەرىجىدىكى يۈكسەك خاسلىققا ئىگە مەدەنىيەت ئېڭىنى مۇنازىرىسىز كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ تەقەززاسى بىلەن ماتېرىئارخاتلىق جامائە (ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق جامائە) پاتېرىئارخات (ئاتىلىق ئۇرۇقداشلىق جامائە) لىق جەمئىيەتنى تەۋەللۇت قىلغاندىن كېيىن، ئەرلەرنىڭ ئۇزۇن چاچ قويۇشىغا خاتىمە بېرىلگەن بولسىمۇ، بۇ خىل ئەنئەنە ھالىسى توختىمىغان ياكى ئوغۇل پەرزەنتنى ئەتىۋارلايدىغان ئاتا-ئانىلاردا پەرزەنتكە نىياز چاچ (سېكىلەك) قويۇپ قويىدىغان ئىلتىجالىق ئادەت شەكلى بولۇپ ئۆزلەشتى. بۇ ئادەت ئارقىلىق ئۇيغۇرلار ئۆز روھىي دۇنياسىدا ئۇماي ئانىغا ـ دەل-دەرەخكە سېغىنىپ، شۇ ئىلاھە كۈچىنىڭ ئۆز پەرزەنتىنى يامان روھلاردىن ساقلاپ، ئامراق سەبىيسىنىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلىشىنى ئۈمىد قىلىشىدۇ. يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلارنى مەخسۇس ياسالغان ياغاچ بۆشۈكتە ياتقۇزۇشىمۇ مۇشۇ مەنىنىڭ جۈملىسىدىندۇر. چۈنكى بۆشۈك ـ ئانا باغرى، پەرزەنت ـ ئۇنىڭ باغرىنى يېرىپ چىققان ئالەمشۇمۇل مېۋە. ئانا بىر قولىدا بۆشۈك (ئۆز باغرى) نى تەۋرەتسە، يەنە بىر قولىدا ئالەمنى تەۋرىتىدۇ. دېمەك، ئانا-دۇنيانى، ئىنسانىيەتنى، مەدەنىيەتنى ياراتقۇچى ئىلاھە. كىشىلىك دۇنياسىدا ئۇنىڭ ئېڭى ئەڭ بالدۇر ئويغانغان يېتەكلىگۈچى خاراكتېرگە ئىگە تۇغۇندا ئاڭ، ئىنسانىيەتنىڭ پارلاق مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلىشنىڭ باشلامچىسى، باش بېكىتى.

پاتېرىئارخات (ئاتىلىق ئۇرۇقداشلىق جامائە) لىق جەمئىيەتتىن ئېتىبارەن ئاياللارنىڭ دەرىجىسى ئەرلەردىن كېيىن تۇرۇدىغان 2-ئورۇنغا تۆۋەنلىتىلگەن بولسىمۇ، تارىختا ئەجدادلىرىمىز ئايالارنىڭ جەمئىيەتتىكى ، ئائىلىدىكى، پەرزەنت تەربىيىسىدىكى مۇھىم باشلامچى مەدەتكارلىق رولىنى تۆۋەن باھالىغىنى يوق. چۈنكى جەمئىيەت تەرەققىياتى، ئادەملەرنىڭ جىسمانىي، ئەقلىي جەھەتلەردىن يېتىلىپ بېرىشى ئايالارسىز بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. كىشىلەرنىڭ ئېستېتىك ئىدىيال قاراشلىرى، غايە-ئىستەكلىرى، گۈزەل ئارزۇ-ئارمانلىرى، نەپىسلىك چۈشەنچىلىرى ئايالارنىڭ تەسىرىسىز ، ئۇلارنىڭ ئىسسىق مېھىر-مۇھەببىتىسىز، ئىشقىسىز ۋۇجۇدقا چىققانمۇ ئەمەس. جۈملىدىن قەدىمكى ئەپسانە-رىۋايەتلەرگە يۆگمۈيتىلگەن تارىخىي رېئال ئېلېمېنتلارنى زاكىدىن يېشىپ، ئەستايىدىل ئايرىپ، قايتىدىن بىخلاندۇرۇپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسىملىرىدىن بىرىسى ـ ئۇيغۇر چاچ مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلىشىمىز ئالدى بىلەن شۇ ئەقىللىق ئايال ئەجدادلىرىمىزنىڭ تارىختىكى رېئال مەدەنىيەت تۆھپىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، ئەلۋەتتە.

## 4

مىلادىدىن ئىلگىرى ياشىغان ھونلاردا ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچ قويۇش ئادىتى بولغان. ھونشۇناس لىن گەن ئەپەندى «ھون تارىخى» دېگەن كىتابىدا چاچ ھەققىدە توختىلىپ: «چېچىنى ساڭگىلىتىۋېلىش دېگەنلىك ـ چېچىنى قويۇۋېتىش (ئۇزۇن ئۆستۈرۈش) دېگەنلىك»⑥ دەپ يازغان. تۈركلەردىمۇ ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچ قويۇش ئادىتىنىڭ بولغانلىقى توغرىسىدىمۇ خاتىرىلەر بارلىقى مەلۇم. ئۆرۈمچىنىڭ نەنسەن كان رايونىدىكى ئالغۇي جىلغىسىدىن قېزىۋېلىنغان قەدىمكى قەبرىلەردىن تېپىلغان «بەزى جەسەتلەرنىڭ چېچى ئۇزۇن ئۆرۈلگەن، بەزىلىرىنىڭ چېچىغا تور شەكىللىك قاپ (چاچلىق) تارتىپ قويۇلغان»⑦. ئېنىقكى، ھازىرقى بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان چاچ مەدەنىيىتى بۇنىڭدىن تۆت-بەش مىڭ يىللار ئىلگىرى ئىزچىل داۋاملىشىپ. كېلىۋاتقان خاس، ئېسىل ئېتنىك ئەنئەنە. بۇ ئەنئەنە يالغۇز ئۇيغۇر ئاياللىرى ئارىسىدا تارىخىي سىناقلارنىڭ بوران-چاپقۇنلىرىغا بەرداشلىق بېرىپ ئومۇملىشىپ، تاكامۇللىشىپ ھازىرقى زامانغىچە يېتىپ كېلىپلا قالماستىن، ئىچكى ئۆلكىلەر ۋە چەت ئەللەردىمۇ كۈچلۈك ھەۋەس پەيدا قىلىپ، ئۇيغۇر سەنئەتكارلىرىنىڭ چاچ فورمىلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىدا دوراش، تەقلىد قىلىپ ئۆگىنىش دولقۇنىنى قوزغىۋەتكەن. «كونا تاڭنامە . مۇزىكا تەزكىرىسى» ، «تاڭ دەۋرىدىكى چاڭئەن ۋە غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى» قاتارلىقلاردا ئۇيغۇر سەنئەتكارلىرىنىڭ چاچ تۈگۈنچەكلەش فورمىلىرى : يۇمىلاق تۈگۈنچەك، ئېگىز تۇرمە چاچ، ئارچا-قارىغاي شەكىللىك تۇرمە چاچ، يان ماڭلاي، چېكە ماڭلاي، كىجەك (بۇدرە) چاچ ۋە ئەشمە (سالغان) چاچ قاتارلىقلارنىڭ بولغانلىقى توغرىسىدا مەلۇمات بېرىلگەن⑧. جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر ۋە سۇي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خەلقلىرى ئۇيغۇر سەنئىتىنى ئۆگىنىش بىلەن تەڭ ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم-كېچەكى، زىبۇ-زىننىتى ۋە ئۆرپ-ئادىتى قاتارلىقلارنى ئالاھىدە قىزىقىش بىلەن ئۆگەنگەن. بۇ ھەقتە تاڭ شائىرى يۈەن جېن «فاچۇي» دېگەن شېئىرىدا مۇنداق يازغان:

«بولدى ئۇيغۇرچە ياسانماق قىز-ئايالار مەشغۇلى،
زور ماھارەت بولدى چالماق سازنى ئۇيغۇرلار سىمان.
..............................
ئاتقا ئۇيغۇرچە مىنىش، زىبۇ-زىننەت ،تىل ئۆگىنىش،
بولدى بەس-بەسلىك ھەۋەس بۇ ئەللىك يىلدىن بۇيان.»

تاڭ سۇلالىسى ئوردا شائىرەسى خۋارۋي (بەرگى خېنىم) «قەسىر نەزمىسى» ناملىق شېئىرىدا ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىشكە ئوتتەك قىزغىن زوق-ھەۋەس قىلىۋاتقان ئوردا كىشىلىرىنىڭ 12-ئايدىكى چىللە ئايىمىغا مودا قوغلىشىپ بەس-بەس بىلەن ئۇيغۇرچە ياسىنىپ چىققان ھالىتىنى:

«شاھىمىز چىققاندا چىللە نەزرە-ئايەم قىلغىلى،
بىللە چىقماقچى خېنىملار بەلگىلەندى ئەۋۋەلى.
مىنگىنى ئۇيغۇر ئېتى، ئۇيغۇر لىباسى كىيگىنى،
جىلۋە قىلدى بۇ لىباستا تال چىۋىقتەك بەللىرى.»[9]

دەپ تەسۋىرلىگەن. دېمەك، قەدىمىي ئۇيغۇرلارنىڭ گۈزەل چاچ، كىيىم-كېچەك، زىبۇ-زىننەت، ئۆرپ-ئادەت مەدەنىيىتى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ، ئۇزاق تارىختىن بۇيان ئوتتۇرا ئىقلىم مەدەنىيىتىگە تەسىر كۆرسىتىپ كەڭ تارقىلىش بىلەن بىرگە «يىپەك يولى» ئارقىلىق ياپونىيە، كورىيە قاتارلىق دۆلەتلەر ھەتتا ياۋروپا ئەللىرىگىمۇ ئۆز جۇلاسىنى چېچىپ، جاھان مەدەنىيەت خەزىنىسىنى بېيىتقان.

## 5

ئۇزاق زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇيغۇر گۈزەل چاچ مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈرۈپ كېلىۋاتقان بۈيۈك مەنىۋى ئېتىقاد ئۆزىنىڭ مۇقەددەس مەنىلىرىنى ئۆزلۈكسىز بېيىتىپ، تەرەققىي قىلدۇرۇپ، تېخىمۇ كەڭ ھەم چوڭقۇر پەلسەپىۋى، ئېستېتىك مەنىگە تەققاس قىلىنىپ، ئۇيغۇر-خوتۇن قىزلىرىنىڭ گۈزەللىك كۆز قارىشىنى مۇكەممەل سىستېمىلاشقان نەزەرىيە دەرىجىسىگە كۆتۈردى. مەسىلەن، 1. ئوماق ئۆسمۈرغۇنچىلار، بالاغەتكە يەتكەن (رەسىدە بولغان) شوخ قىزلار چاچلىرىنى تال-تال قىلىپ ئۇششاق ئۆرۈپ «سېكىلەك چاچ»، «40 كوكۇللۇق»، «40 چاچلىق» قىزلار دەپ ئاتىلىدىغان بولدى (يەرلىك شىۋىدە ياتلىق قىلىنمىغان قىزلار («40 چاچلىق بالا» دەپ ئاتىلىدىغان ئادەتمۇ بار). 2. توي قىلغان ئەمما پەرزەنت كۆرمىگەن (توي قىلغىنىغا ئالتە ئاي توشمىغان) چوكانلارمۇ چاچلىرىنى ئۇششاق ئۆرۈپ يۈرۈشى شەرت قىلىنغاچقا، ئۇلار «چوكان چاچ» دەپ ئاتىلىدىغان بولدى. قىز-چوكانلارنىڭ مۇنداق ئۆرۈيدىغان چاچلىرى 15، 17، 21، 41 قىلىپ ئۆرۈلسىمۇ (قىز-چوكانلارنىڭ چېچى تاق ئۆرۈلىدۇ، جۈپ ئۆرۈلمەيدۇ)، ئومۇملاشتۇرۇلۇپ «40 چاچ» دەپ ئاتاش بىر قەدەر گەۋدىلىك بولغان. 3. توي قىلىپ ئالتە ئاي توشقاندا يەنە بىر مەرىكە قىلىپ («چاچ قوشاق تويى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، قىزنىڭ ئاتا-ئانىسى بۇغداي، قوناق، پاختا قاتارلىقلارنى قىزنىڭ بېشىدىن ئۆرۈپ، سازچىلارنىڭ ئالدىغا قويۇپ، ساز-مۇقام چېلىنغاندا قىزنى ئۇسسۇلغا تەكلىپ قىلىدىغان، قىز سورۇنغا چۈشكەندە قىزنىڭ چۈمپەردىسى ئېلىۋېتىلىپ (بۇ ۋاقىتتا سورۇن ئەھلى: «ۋاي!» دەپ ۋارقىراپ سالىدۇ) «يۈز ئاچقۇ» قىلىدىغان، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ چوكان يۈزىنى ئېچىپ مەھەللە-كويغا ئارىلىشىپ، چېچىنى ئىككى ئۆرۈم قىلىپ ئۆرۈپ يۈرىدىغان ئادەت بولغان. بۇ ئادەت شىنجاڭنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىدا ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ساقلانغان. بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ مەكىت-دولان تەرەپلىرىدە بۇ خىل ئادەت ئوخشىمىغان شەكىلدە داۋاملىشىپ كەلمەكتە. 4. «يۈز ئاچقۇ» - شوخ قىز، تاتلىق چوكانلىق ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، خوتۇنلۇق-ئانىلىق ھاياتىنى باشلاشنىڭ بىشارىتى بېرىلىدىغان مەرىكە شەكلى. شۇنىڭدىن كېيىن مەيلى چوكان، جۇۋان، ئوتتۇرا ياشلىق، چوڭ ياشلىق ئاياللار، مومايلارمۇ چېچىنى ئىككى ئۆرۈم قىلىپ ئۆرۈيدىغان ئادەت ئومۇملاشقان (تۇل خوتۇنلار چېچىنى بەش، يەتتە، توققۇز تال قىلىپ تاق ئۆرۈيدۇ، بۇ جۈپى يوق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئەمما چاچنى بىر تال ئۆرۈش پاھىشە، ئەخلاقسىز ئاياللارنىڭ ئەر تەلەپ قىلىشى، دەپ قارىلىپ، ئۇيغۇر جامائىتى تەرىپىدىن ئىنتايىن يامان كۆرۈلىدۇ). شۇڭلاشقا، بۈيۈك تىل قامۇسى «تۈركىي تىللات دىۋانى»دا بۇ چاچلار «ئۆرگۈچ-ئۆرۈمە چاچ، خوتۇنلارنىڭ ئۆرۈمە چېچى»[10] دەپ خاتىرىلەنگەن. 5. چېچى قالمىغان، نەۋرە كۆرگەن ئاياللار، مومايلار يالغان چاچ سېلىپ، ئۇنىڭغا چاچتەڭگىلەرنى جۈپلەپ يۈرىدىغان ئادەتمۇ بولغان (بۇ خىل ئادەت ھازىرمۇ داۋاملاشتۇرۇلىۋاتىدۇ). «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا بۇ خىل يالغان چاچلار «ئۆرنىك-چۈپۈر چاچ، خوتۇنلارنىڭ ئۆچكە چۈپۈرىدىن قىلىنغان ياسىما چېچى»[11] دەپ يېزىلغان.

ئومۇملاشتۇرۇپ قارىساق، ئۇيغۇر خوتۇن-قىزلىرىنىڭ يۇقىرىدىكى چاچ ئۆرۈش ئادەتلىرى مەنتىقىلىق ھالدا ئىككى دەۋرگە ئايرىلغانلىقىنى بايقايمىز. بىرى، «40 چاچلىق» يەنى چاچنى ئىككى ئۆرۈم قىلىپ ئۆرۈشتىن بۇرۇنقى كۆپ ئەمما تاق، تال-تال ئۆرۈيدىغان (بۇنداق چاچلار بەزىدە شۇ قىز ياكى چوكان نەچچە ياش بولسا، شۇنچە ئۆرۈم قىلىپ ئۆرۈيدىغانغىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇلغان) دەۋر. بۇ دەۋر ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى يېڭى بىخ، تەنناز، ياش كۆچەتلەرگە تەقلىد قىلىپ غۇنچە-ئۆسمۈر، شوخ-غەمسىز، قۇرامىغا يەتمىگەن، ھەر تەرەپتىن پىشىپ يېتىلمىگەن نوتاجان، تالدەك ئەۋرىشىم، يېتىلىۋاتقان «كۆچەت قىز»لىقىنى ئىپادىلىگەنلىكىدە كۆرۈلگەن بولسا؛ يەنە بىرى، چاچنىڭ خۇددى بىھىشنىڭ جۈپ يولىدەك ئىككى ئۆرۈم قىلىپ ئۆرۈلگەن دەۋرى - قۇرامىغا يەتكەنلىك، تۇرمۇشنىڭ، ھاياتنىڭ ئاچچىق-چۈچۈكىنى بەلگىلىك دەرىجىدە تېتىغان ئەرلىك خوتۇن، بالىلىق ئانا بولغىنى، چوڭ-باراقسان دەرەخلەرگە تەقلىد قىلىنىپ «دەرەخ ئانا» بولغانلىقىنى ئىپادىلىگەنلىكىدە كۆرۈلگەن.

شۇڭلاشقا، مەھمۇد قەشقەرىيمۇ ئۆرۈمە چاچ بىلەن چۈپۈر چاچ توغرىسىدا تارىخىي خاتىرە قالدۇرغاندا قىز-چوكانلارنىڭ نامىنى تىلغا ئالماي، مەخسۇس «خوتۇنلار» دەپ ئەسكەرتكەن.

«40چاچ» ئاتالغۇسىدىكى «40» سان ـ ئۇيغۇرلار قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە مۇقەددەس، خاسىيەتلىك بىلىپ ياخشى كۆرۈپ كېلىۋاتقان 3، 7، 9، 30، 40، 41. . . قاتارلىق ئەقىدىلىك مەنىۋى تۈس ئالغان سانلارنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى تاق سانلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي تەسەۋۋۇرىدا ماتېماتىكىلىق مەنىدىن مەنىۋى مەنىگە تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، يەتتە سەييارە چۈشەنچىسىدىن «يەتتە يۇلتۇز ئىلاھى»نى ئاپىرىدە قىلغان. بۇ سەييارىلەرنىڭ ھەر بىرى ئايرىم-ئايرىم ناملار بىلەن ئاتىلىپ، يەتتە ئىلاھ سۈپىتىدە ئۇلۇغلانغان. بۇنىڭغا پانىي ئالەم بىلەن باقىي ئالەم چۈشەنچىسىنى قوشۇپ «پۈتكۈل ئالەم توققۇز ھاياتلىق مەنبەسىدىن قۇرۇلغان» دېگەن قەدىمكى شامانىزملىق تۈپ ئالەم قارىشىنى مەيدانغا كەلتۈرگەن. «40» سانىمۇ قەدىمكى ئۇيغۇرلار تەسەۋۋۇرىدا «ئەڭ كۆپ»، «چەكسىز» مەنىلىرىگە ئىگە قىلىنىپ «ئەڭ چوڭ ساننىڭ چېكى» دەپ قارالغان. ئىپتىدائىي چۈشەنچىدە تۆت تەرەپ قارىشى ئالەمنىڭ چەكسىزلىكىنى ئىپادىلەيدىغان بىر خىل سىرلىق ئاڭ بولۇپ، ئەڭ چوڭ سان «10» بىلەن تەرەپلەرنى كۆرسىتىدىغان «4» نىڭ كۆپەيتىلمىسى «پۈتكۈل ئالەم»، «كائىنات» مەنىسىدىكى «40» سانىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان⑫.

شۇڭا، ئەجدادلىرىمىز تەرىپىدىن بۈيۈك مەنا بېرىلگەن بۇنداق خاسىيەتلىك سانلار چۈشەنچىسى «ئوغۇزنامە»دىمۇ مەقسەتلىك ئۆزلەشتۈرۈلگەن بولۇپ، «توققۇز كۈندىن كېيىن ئوغۇزخاقانغا ئايغىرنى ھازىر قىلدى»، «40كۈندىن كېيىن چوڭ بولدى»، «40شىرە، 40بەندۇڭ ياساتتى»، «40غۇلاچلىق ئۇزۇن بىر ياغاچنى قاداتتى»، «ئۇنىڭ (چوڭ خوتۇن) كۆزى يورىدى، ئۈچ ئوغۇل تۇغدى» دېگەنگە ئوخشاش بايانلار ئارقىلىق مۇقەددەس سان ئېتىقادچىلىقى نامايان قىلىنغان. شۇڭلاشقا، بۇ خىل خاسىيەتلىك سانلار چۈشەنچىسى ئۇيغۇر ئېغىز ئەدەبىياتى، ئۇيغۇر تۇرمۇشى، ئۆرپ-ئادىتى ۋە مەدەنىيىتىدە كەڭ تۈردە ئىستېمال قىلىنىپ، ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ساقلاپ كەلمەكتە. . .

مانا بۇلار قەدىمىي يىلتىزلار ـ تەبىئەت بىلەن روھىيەتنىڭ يۇغۇرۇلمىسى. بۇ يۇغۇرۇلما ئەجدادلىرىمىز تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان ھەم بۇ ئىجادىيەت تۇرمۇشقا قايتۇرۇپ كېلىنىپ، كىشىلەرنىڭ مەنىۋى دۇنياسى، جىنسىي ئالاھىدىلىكى، ياش قۇرامى، ھايات مۇساپىسى قاتارلىقلاردىكى خاس ئالاھىدىلىكلەر بويىچە پەلسەپىلىك ئۆزلەشتۈرۈلگەن. نەتىجىدە، قەدىمىي يىلتىزدىن خاس ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنىيەت بىخ سۈرۈپ يېتىلگەن. بۇ مەدەنىيەت ئىزنالىرى ئەجدادلىرىمىزنىڭ بالىلىق دەۋرىدىكى ساپدىل، ئوچۇق كۆڭۈللۈكلۈكىنى، تەسەۋۋۇرغا باي ئىجادكار روھىي دۇنياسىنى بۈگۈنكى مەدەنىيەت دەۋرىنىڭ نازاكىتىگىچە بىمالال ئۇلىدى. ئايالار ئانىلار دۇنياسىنىڭ ئەقىل-پاراسىتى، گۈزەللىككە ئىنتىلىش مەنىۋى ئالىمى، گۈزەللىك يارىتىشتىكى ئېگىلمەس-سۇنماس غەيرەت-جاسارىتى بىلەن پەخىرلىك خاس خاراكتېر يارىتىپ، ھازىرقى زامان ئاياللىرىنىڭ مەنىۋى بايلىقى، فىگۇرا گۈزەللىكىگە ئۇيغۇر تۇسى ۋە نازاكىتىنى بېغىشلاپ، كەلگۈسى پارلاق مىللىي مەدەنىيىتىمىزگە ئۆچمەس تۆھپە قوشتى.

## 6

بەدىئىي ئەدەبىيات نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا «ئوغۇزنامە» قەھرىمانلىق ئېپوسىنىڭ دۇنياۋىي ئۈلگىسى؛ تارىخىي نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئۇ ئۇيغۇرلار بېسىپ ئۆتكەن قەدىمكى ئۇزاق تارىخىي پاكىتلارنى بەدىئىي ۋاستىلەر بىلەن ساقلاپ قالغان مۇھىم دەلىل ـ ھۆججەت خاراكتېرلىك ئەسەر. شۇڭا ئۇنىڭدىن نۇرغۇن تارىخىي مەسىلىلەرگە (ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى، پىسخىك تەبىئەت چۈشەنچىلىرى، توتېم ـ ئېتىقاد، شامان دىنى چۈشەنچىلىرى، ئۆتكۈنچى دەۋر كۈرەشلىرى، بەدىئىي تالانتى، جەمئىيەت-مىللەت تەرەققىياتىدىكى تۆھپىلىرى، تۇرمۇش شەكلى، ئۆرپ-ئادىتى، مەدەنىيىتى، تەپەككۇر يۈكسەكلىكى. . .) قاتارلىقلارغا مۇكەممەل جاۋاب تاپقىلى بولىدىغان ئۇيغۇر خەلقى ئۇزۇن تارىخىنىڭ پولاتتەك پاكىتى، مىللەتنىڭ مەدەنىيەت شەجەرىسى.

«ئوغۇزنامە» جاھان مەدەنىيەت غەزىنىسىنىڭ ئېسىل دۇردانىسى، يۇنانىستاننىڭ «ئىلىئادا»سىغا ئوخشاش ئىنسانىيەتنىڭ گۆدەكلىك دەۋرى ـ ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىن سىنىپىي جەمئىيەتكە ئۆتۈۋاتقان بىر ئۆتكۈنچى دەۋر تارىخىنى گۈزەل فانتازىيە، يۈكسەك بەدىئىي ماھارەت بىلەن ئىپادىلەپ بەرگەن ئالەمشۇمۇل ئەسەردۇر. گېرمان ئالىمى دېتىس، ھوللاندىيە ئالىمى خوستىن تارتىپ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىمى شىرباككىچە نەچچە ئونلىغان دۇنياۋىي ئالىملار ئۇيغۇرلارنىڭ قەھرىمان ئەجدادى توغرىسىدىكى ئۇ ئېپوس ئۈستىدە مەخسۇس تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، نوپۇزلۇق ئىلمىي ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈردى ھەم مەزكۇر ئەسەر تەتقىقاتى ئۈچۈن داغدام يول ئېچىپ، شانلىق ئۈلگىلەرنى تىكلەپ بەردى. دۇنيا، جۇڭگو ۋە ئۇيغۇر ئالىملىرىنىڭ «ئوغۇزنامە» تەتقىقاتى ئۈچۈن قوشقان تۆھپىسى تارىخ بېتىدىن ئەبەدىي ئۆچمەيدۇ.

شۇنداقتىمۇ، «ئوغۇزنامە» تەتقىق قىلىنىپ بولغان ئەسەر ئەمەس، بەلكى تەتقىق قىلىنىۋاتقان ئەسەر. پۈتكۈل ئۆمرىنى ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتى ئۈچۈن بېغىشلىغان ئا. ۋ گابائىن خانىم: «ھازىر رەسمىي بىلەن ساقلانغان ‹ئوغۇزخان› داستانى ئەدەبىيات تەتقىقاتى ئۈچۈن بىر بەخت»⑬ دەپ كۆرسەتكىنىدەك، «ئوغۇزنامە»دە ئېچىشىمىزنى تەقەززا قىلىۋاتقان يەنە نۇرغۇن ئىختىرا بۇلاقلىرى بار. بىز مۇھاكىمە قىلىپ ئۆتكەن يۇقىرىدىكى

مەزمۇن بۇلاردىن بىر قەترە، خالاس.

ئۇيغۇر دۇنياسى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ مۇسۇلمان بولغان مىڭ يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان يەر بىلەن سۇ ئىسلامىيەت چۈشەنچىسى بويىچە ئىلاھىي نەرسە بولۇشتىن ئاللا ياراتقان جىمى ئىقلىمنىڭ تەركىبىي قىسمى، تەبىئەت جىسىملىرى، دەپ قاراشقا ئۆزگەردى. ئوماي ئانا ئوبرازىمۇ ئىلاھەلىك ئورنىدىن قالدى. لېكىن «مەنبە» نىڭ ئورنىنى «ئېقىن» نىڭ پۈتۈنلەي ئىگىلەپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭلاشقا، «مەنبە» دىن كەلگەن قەدىمىي ئىزنالار نۇرغۇن ئوخشاش بولمىغان دەۋر، ھاكىمىيەت، سىياسىي-ئىجتىمائىي بوھران، ماددىي-مەنىۋى خورلۇقلارنى باشتىن كەچۈرگەن قەھرىمان مىللەت روھىدىن ھېلىھەم ئۆچۈرۈپ تاشلانغىنى يوق. چۈنكى قەدىمدىن ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان مەدەنىيەت - ئۆلمەس مەدەنىيەتتۇر. ئۇ، يوقلۇقتىن ھىلىنىشقا، تار مەھەللىۋى ئادەتتىن مۇكەممەل مىللىي ئادەت بولۇپ يېتىلىپ، مىللەتنىڭ قېنىغا سىڭىپ كەتكەنگە قەدەر تاشقى تەسىر ۋە توسالغۇلارنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپ، ئېسىل جەۋھەرلىك ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلدى. تەرەققىيات تېپىغا مەنسۇپ بولۇپ، بەدىئىيەت دەۋرىدىن مەدەنىيەت دەۋرىگىچە خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى بايلىقى، ئىپتىخارى بولۇپ كەلدى. دېمەك بىر مىللەت ئۆزىنى مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ئارقىلىقلا چۈشىنەلەيدۇ ھەم شۇ ئاساستا ئۆزىنىڭ يېڭى مەنىۋى قىياپىتىنى يارىتىپ، ئۇنى خەلقىنىڭ مۇقىم بايلىقىغا ئايلاندۇرىدۇ.

خۇلاسە كالام، ئىجادكار ئەجدادلىرىمىزنىڭ مەنىۋى سۈپەتتە كۆزنەك بولۇپ ئىبرادىن ئىبراغا، ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان چاچ مەدەنىيىتى - ئۇيغۇر خوتۇن-قىزلىرىنىڭ چىن چىراي گۈزەللىكى، سۈلتى ۋە غورۇرى. ئۇ ئوماي ئانىدىن تەۋەررۈك قالغان مىراس، مۇقام قىزى ئامانىسا خانىم داۋاملاشتۇرغان ئەنئەنە؛ كۈرەش قىزى نوزۇگۇمنىڭ ئېگىلمەس بېشى بىلەن تەڭ چېپىلىپ، ئانا تۇپراقنى يۈزى يورۇق ھالدا قۇچاقلىغان ۋىجدانىنىڭ ۋاپاسى...

نەسلىگە ھەمراھ ئىجادىي ئەنئەنىلەر ھەقلىق ۋارىسلىشالايدىغان تارىخىي ئىزلارنى پەخىرلىنىپ داۋاملاشتۇرغۇچى ئەۋلادلار ئارقىلىق قوغدىلىشى، كۆركەملىنىشى، مېۋە بېرىشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا گۈزەللىك - ئۇيغۇر خوتۇن-قىزلىرىنىڭ گۈزەللىكى مەڭگۈ يوقالمايدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ بىر مىللەت تارىخى، مەدەنىيىتى، ئۆرپ-ئادەتلىرىنىڭ گۇۋاھچىسى، ئېسىل مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم شاھىدى، مىللەتنى ئاپىرىدە قىلىپ قاتارغا قاتقان بۈيۈك ئانىلىرىمىزنىڭ يارقىن ئوبرازىنى مەڭگۈلۈك تىكلىگەن بۈيۈك ئابىدە. بۈگۈنكى جەمئىيەتتە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىپ كەلگۈسى ئىزداشلارغا قالدۇرۇپ كېتىشكە ئەرزىيدىغان قىممەتلىك تارىخىي مىراس، مىللەتنىڭ روھىي-مەنىۋى بايلىقى! شۇڭا تەرەققىيات تېپىغا مەنسۇپ بۇ بايلىق نۆۋەتتىكى زامانىۋى ئالغ ۋە مەدەنىيەت رىقابىتى بىلەن ئۇچراشقاندىمۇ يېڭى سورىتىنىڭ ئوندۇرمىسى، ئىجادچانلىق - گۈزەللىكنىڭ نامايەندىسى بولۇشى كېرەككى، ھەرگىز يەنە بىرخىل غەيرىي ئىدىيىنىڭ تاشقى پوستى بولماسلىقى كېرەك.

ئېيتايلۇق، نۆۋەتتىكى ئۆسمۈر قىزلاردىن تارتىپ موماي خوتۇنلارغىچە ئۆزۈن سۇمبۇل چاچلىرىنى كېسىشلەر، تېخى بەزىلىرىنىڭ چاچلىرىنى كەسكەن بىلەن تىرناقلىرىنى ئالاھىدە ئۆستۈرۈپ كوتىرناق بولۇپ يۈرۈشلەر، يۈز-كۆزىنى ئالۋاستىدەك بوياپ يۈرۈشلەر، تېخى بۇمۇ ئاز كەلگەندەك بەزى ئۇيغۇر يىگىت-قىزلىرىدا ئەل كۆزىچە يامراۋاتقان ھاياسىزلىقلار - «تەرەققىيات» نىقابى ئاستىدا مىللىي ئەنئەنىدىن ياتلىشىش، روھىي مەجرۇھلۇق، كۆرگەننى دورايدىغان ئەقىدە -ئېتىقادسىزلىقىدىن باشقا نەرسە ئەمەس! بۇ خىل چېكىنىش ماھىيەتتە ئۆزىنىڭ بىر مىللەتكە ۋەكىل ئەزا ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمىغانلىق بولۇپ نەتىجىلىنىدۇ. زامانىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بىزمۇ ئەجدادقا ئايلىنىمىز. كەلگۈسى ئەۋلادلارنىڭ بىزنى جىددىي سوراققا تارتىدىغان دەۋرلىرى كېلىدۇ. بىزدە: «ئۆزۈڭگە تەكشۈرۈش نەزىرىڭ بىلەن، ئۆزگىگە بىلىم ئېلىش نەزىرى بىلەن قارا» دېگەن ھېكمەت بار. شۇنىڭ ئۈچۈن ۋارىسلىق قىلىشقا تېگىشلىك تارىخىي ئۇدۇمنى - بۈيۈك مەنىۋى ئەڭگۈشتەرنى قەدىرلىشىمىز، ئەقىدىسىزلىك ئىللەتلىرىگە قارشى كۈچلۈك جامائەت پىكرى شەكىللەندۈرۈشىمىز زۆرۈر.

2000-يىل مارت، قورغاس

- رەسسام : ئابلىمىت ئابلىز

## ستاتا مەنبەلىرى

① «ئوغۇزنامە» 44-، 45-بەتلەر.

② ئەخمەت سۇلايمان: «ئۇيغۇرلاردىكى ئۆرۈمە چاچ قويۇش ئادىتىنىڭ مەنبەسى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1995-يىل 3-سان، 111-بەت.

③ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر قەبىلىلىرىدىكى ئەڭ قەدىمكى تەبىئەت - ئىلاھىيەت قاراشلىرى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1990-يىل 1-سان، 62-بەت.

④ «ئوغۇزنامە» 51-بەت.

⑤، ⑥، ⑦ ئەخمەت سۇلايماننىڭ يۇقىرىدىكى ماقالىسى 107-، 109-بەتلەر.


⑧، ⑨ ئابلىز مۇھەممەت سايرامىي: «تارىختىكى ئۇيغۇر سىرلىق سەنئىتى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1994-يىل 4-، 5-(قوشما) سان، 81-، 83-بەتلەر.

⑩، ⑪ «تۈركىي تىللار دىۋانى» I-توم 129-، 182-بەتلەر.

⑫ ئابدۇكېرىم راخمان، رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا، شېرىپ خۇشتار: «ئۇيغۇر ئۆرپ-ئادەتلىرى»، شىنجاڭ ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 167-، 168-بەتلەر.

⑬ «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تىزىسلىرى» 1982-يىل ئۆكتەبىر نەشرى 39-بەت.

ئاپتور: قورغاس ناھىيە 2-ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تىل-ئەدەبىيات ئوقۇتۇشى بويىچە ئالىي لېكتورى (M1)



# ئەدەب - ئەخلاق ۋە ياشلار

**ئىمىن تۇرسۇن**

ئەدەب-ئەخلاق - ئادىمىيلىكنىڭ مۇھىم بىر شەرتى. ئەدەب بىلەن ئەخلاق مەنداش ۋە قولداش سۆزلەردۇر. ئەدەبنى بىلگەن ئەخلاقلىق بولىدۇ، گۈزەل ئەخلاق ئىگىسى ئەدەبلىك بولىدۇ. ئادەتتە، كىشىلەر ئەدەبنى بىلمەيدىغان ئەخلاقسىزنى «ئادەم قېلىپىدىن چىققان» دەپ ئەيىبلەيدۇ. ئىنسان تىل-تەپەككۇر ۋە ئەدەب -ئەخلاق بىلەن ھايۋاندىن پەرقلىنىدۇ. ئەدەب-ئەخلاقمۇ قانۇنغا ئوخشاشلا جەمئىيەتنىڭ مەھسۇلى، شۇنداقلا، ئەخلاق ئادەمنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى گۈزەللىكىنىڭ سىمۋولى. بىر مىللەتنىڭ ئۇزاق تارىخى جەريانىدا پەيدا بولغان ئەدەب - ئەخلاقى شۇ مىللەت مەۋجۇدلىقىنىڭ ئىپادىسى. مىللىي ئەدەب - ئەخلاقنى ئۇنتۇغان ئادەم ئۆزىنى ۋە ئاخىرى مىللىتىنى ئۇنتۇيدۇ. ئۆزىنى ئۇنتۇغان ئادەم

ئەخلاق باغچىسىدىن گۈلدەستە

تارىخنى ۋە ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئۇنتۇغان بولىدۇ. تارىخ ئۇنتۇلىدىكەن، ئۇ تارىخ ئۆزگىنىڭ ئىلكىگە چۈشۈپ قالىدۇ. ئۇنداقتا، سىزنىڭ تارىخىڭىز ئۆزگىنىڭ چۈشەنچىسى بويىچە خاتىرىلىنىدۇ ۋە خاھىشى بويىچە داۋام قىلىدۇ.

ئۆتكەن دانالار، ئەدىبلەر ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان داۋام قىلىپ كەلگەن ھاياتىي تەجرىبىلىرىنى خۇلاسىلەپ، ئەدەب - ئەخلاق توغرىسىدا نۇرغۇن رىسالىلەرنى يازغان. جۈملىدىن ھەزرىتى نىزامىددىن ئەلىشىر نەۋائىي «مەھبۇبۇل قۇلۇب» («كۆڭۈلنىڭ سۆيگۈنى») دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق تەلىم بەرگەن:

«ئەدەب ۋە تەۋازۇ دوستلۇغ كۆزگۈسىگە جىلا بېرۇر، ئىككى جانىبدىن يارۇغلۇغ يەتكۈرۇر. تەۋازۇ ۋە ئەدەب ئەھلىغە تەزىمۇ ھۆرمەت يېتەر، ئۇل دانەنى ئەككەن جەۋاھىر - بۇ مەھسۇلنى جەمئ ئېتەر؛ كىچىكلەر مېھرىن ئۇلۇغلار كۆڭلىگە سالۇر ۋە ئۇل مۇھەببەت كۆڭۈلدە مۇئەببەد قالۇر.» نەۋائىينىڭ تەبىرىچە، ئەدەب - ئەخلاق كىشىلەرنى بىر-بىرىگە

مېهرىبان ۋە دوست - ياران قىلىدۇ. ئەدەب - ئەخلاق ئورۇقىنى چاچقان كىشى ناھايىتى قىممەتلىك ھوسۇل يىغىدۇ. ئەدەب - ئەخلاقلىق ئادەم ھەرقانداق كىشىگە يېقىملىق كۆرۈنىدۇ-دە، ئىززەت - ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىدۇ. دېمەك، ئەدەب-ئەخلاق - ئادىمىيلىكنىڭ ئاساسى .

ئەدەب - ئەخلاقمۇ كىشىلىك جەمئىيەتتە شەكىللەنگەن يېزىقسىز قانۇن. جەمئىيەتتە ئادەملەر رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ئىككى خىل قانۇن بولىدۇ: بىرى، دۆلەت قانۇنى، يەنە بىرى، قەلب قانۇنى. دۆلەت قانۇنىغا ئاڭلىق رىئايە قىلالايدىغان ئادەم، ئالدى بىلەن قەلبقانۇنىنىڭ چەك - چېگرىسىدا (ئىلكىدە) بولمىقى لازىم. چۈنكى دۆلەت ياكى جەمىيەتنىڭ قانۇنى كىشىلەرنىڭ زاھىرىي ھەركەتلىرىنىلا چەكلىيەلەيدۇ. شۇڭا بۇ ئىچكى ئامىل. بۇ ئامىل سىياسى - نەزەرىيىدە «ئىدىيە» (مەپكۇرە) دەپ ئاتىلىدۇ. قەلب قانۇنىنىڭ چەك - چېگرىسىدىن چىقىپ كەتكەن ئادەم دۆلەت ۋە جەمئىيەتنىڭ قانۇنىغاجەزمەن خىلاپلىق قىلىدۇ. كىشىلەرقىسمەن،ماددىي مەنپەئەتنى ۋە بىر دەملىك ھوزۇرنى كۆزلەپ، پاسسىپ ۋە بىدئەت خىياللارغا بېرىلىپ، ناشايان ئىشلارنى قىلىدۇ-دە، ئادىمىيلىك ھالىتىدىن چىقىپ، ئەخلاقسىزلىق ھالىتىگەچۈشۈپ قالىدۇ. ئاخىر دۆلەت، جەمئىيەت قانۇنىغا زىت ھەركەتلەرنى قىلىدۇ. بۇ، دۆلەت قانۇنىدا جىنايەت ھېسابلىنىدۇ، قەلب قانۇنىدا ئادىمىيلىككە خىيانەت ھېسابلىنىدۇ. كونكرېت ئېيتقاندا، قەلب قانۇنىنىڭ چەك -چېگرىسىدىن چىققان ئادەم، تەبئىيكى، ئارسىزلىق، بۇزۇقچىلىق، مەككارلىق، ئالدامچىلىق، جاھىللىق، ھەسەتخورلۇق، ئاچكۆزلۈك، قانخورلۇق، قاتىللىق، ئوغرىلىق، مۇناپىقلىق ، مەنمەنچىلىك، شەھۋەتپەرەسلىك دېگەندەك يامان -ئوسال خۇلقلارنى قىلىدۇ. دېمەك، كىشىنىڭ ھەركىتى توز-دۇرۇس بولۇشى ئۈچۈن كۆڭلى توز-دۇرۇس بولۇشى شەرت. قاچانكى، كىشىنىڭ دىلى ئەگرى بولىدىكەن، ھەرىكىتىمۇ ئەگرى بولىدۇ، يەنى يولدىن چىقىدۇ. بۇ يەردىكى «يول» قانۇن، ئەدەب -ئەخلاق دېگەنلىكتۇر. كىشىلەر «يولدىن چىقمايمەن، خاندىن قورقمايمەن» دېگەن ماقالنى كۆپ ئىشلىتىدۇ. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، قەلب قانۇنىنىڭ چەكلىمىسىدىن چەتنىگەن ئادەم قانۇننىڭ، ئىجتىمائىي ئەخلاقنىڭ قارشى تەرىپىگە ئۆتۈپ كېتىدۇ. بۇنىڭ ئاقىۋىتىدە ئەدەب - ئەخلاق توختالغۇسىز تەنەززۇلغا يۈزلىنىدۇ-دە، جەمئىيەت، ئائىلە ۋە ئۆز (شەخس)، مىللەت ھالاكەت خەۋپىگە دۇچ كېلىدۇ. شۇڭا، يامانلىق - رەزىللىك پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى، ئۇنى كىشىلەرنىڭ قەلبىدە (ئىدىيىسىدە) لا يىلتىزىدىن قومۇرۇش زۆرۈر. بۇنىڭدىن قارىغاندا، قەلب قانۇنى دۆلەت قانۇنىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ.

ئادەمدە قەلب قانۇنى ئەۋۋەل ئائىلىدە يىلتىزلىنىدۇ، جەمئىيەتتە بىخلىنىدۇ. مۇبادا، ئائىلىۋىي مۇھىت ۋە ئىجتىمائىي شارائىت ئۆزئارا ماسلىشىپ بەرسە، قەلب قانۇنى راۋۇرۇس كۆكلەيدۇ. دېمەك، ئائىلە تەربىيىسى قەلب قانۇنىنىڭ تۇغۇلۇشىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ؛ ئىجتىمائىي تەسىر ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. ئائىلە ۋە جەمئىيەت تەربىيىسى ئەدەبلىك-ئەخلاقلىق بولۇشنىڭ تۇپرىقىدۇر. چىن پەرزەنتلىك تۇيغۇسى بولغان بىرەر كىم نورمال-شەخسىي‌ھەددى ھەرىكىتىدە ھەرقاچان ئائىلىنى كۆزدە تۇتىدۇ، ئائىلىگە تايىنىدۇ. ئائىلە قانداشلىق مۇناسىۋىتىنى ئاساس قىلىدۇ. ھەرقانداق مۇناسىۋەت قانداشلىق مۇناسىۋىتىدەك مۇستەھكەم - تەبئىي بولالمايدۇ. ئائىلە مۇستەھكەم ۋە تەبئىي يوسۇندا بىرلەشكەن ئاساسقا ئىگە بولسا، ئۇ روناق تاپىدۇ.

لېكىن ئائىلىۋىي مۇناسىۋەت ئۇنىڭ ئىقتىسادىي - مەدەنىي شارائىتىگىمۇ باغلىق بولىدۇ، بولۇپمۇ يېزا شارائىتىدا، ئىقتىسادىي تەرەققىياتتىكى تەڭپۇڭسىزلىق تۈپەيلىدىن، بىرمۇنچە ئائىلىلەر تەڭقىسلىقتا ياشاۋاتقانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىلىرىمۇ سانائەتلىك شەھەر ئاھالىسىنىڭكىدىن خېلىلا تۆۋەن. ھەرھالدا، يېزا ئائىلىلىرىگە يەنىلا قەدىمدىن ئۇدۇم بولۇپ كەلگەن ئەدەب-ئەخلاق ئۆز تەسىر كۈچىنى كۆرسىتىپ كەلمەكتە. مەسىلەن، يېزا باللىرى، ياشلىرى شەھەر باللىرى، ياشلىرىغا قارىغاندا تارتىنچاقراق، ھېيىققاقراق، تېڭىرقىغاقراق بولىدۇ. بۇ - ئائىلىۋىي ئەدەب-ئەخلاقنىڭ ۋە يېزا توپ - كۆجۈمىنىڭ سىجىللىقىدىن بولغان.

ھازىر بۇ سىجىللىق بارا-بارا بېغىش - بېغىشىدىن ئۈزۈلۈشكە يۈزلەنمەكتە. يېزىلاردىكى فېئوداللىق ناتۇرال ۋە كۇستار ئىگىلىك ئۇسۇلىغا كۈندىن - كۈنگە تەرەققىي قىلىۋاتقان‌زامانىۋى كارگەرلىك، بازار رىقابەت ئىگىلىكى قاتتىق تەسىر كۆرسەتمەكتە. شەھەرلىشىشنىڭ تەسىر دائىرىسى كېڭەيمەكتە. كىشىلەرنىڭ، بولۇپمۇ ياشلارنىڭ شەھەرلەرگە (كىچىك شەھەردىكىلەر چوڭ شەھەرلەرگە)، تىرىكچىلىك تۈپەيلىدىن يىراقلارغا يۈزلىنىش خاھىشى كۈچەيمەكتە. بۇ ھالدا، ئەنئەنىۋى قىممەت قارىشى كىشىلەرنىڭ پۇت-قوللىرىنى چىرمىۋالىدىغان تۇشەككە ئايلانماقتا. شۇڭا، ئائىلىنىڭ ئەنئەنىۋى - ئىجتىمائىي فونكسىيىسىمۇ ئۆزگەرمەكتە. ياشلارغا، بولۇپمۇ ئۆسمۈرلەرگە مەكتەپ ۋە دوست - يارانلار چەمبىرىكىدىن بولىدىغان تەسىر ئاتا-ئانا ۋە ئائىلە چەمبىرىكىنىڭ تەسىرىدىن زورايماقتا.

ئىقتىسادىي تەرەققىياتتىكى تەكشىسىزلىك شەھەرلەر بىلەن شەھەرلەر، شەھەرلەر بىلەن يېزىلار ئارىسىدىكى پەرقلەرنى كۆپەيتمەكتە. بولۇپمۇ بىزدە

يېزا ئىگىلىك جەمئىيىتى سانائەت جەمئىيىتىگە
ئۆزگىرەلمىگەن شارائىتتا، يېزا ئاھالىسىنىڭ
جامائەت (توپ - كۆجۈم) مەنپەئەتى كارگەرلىك
ئاساسىي ئورۇنغا ئۆتۈۋاتقان شەھەرلەردىكىدەك
ئىمتىيازغا ئىگە بولۇش دەرىجىسىدىن خېلىلا يىراق.
يەنە بىر تەرەپتىن، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە بازار
ئىگىلىكىگە يۈزلىنىش جەريانىدا، كىشىلەرنىڭ
قىممەت قارىشىغا يېڭى ئامىللار كىرىشكە باشلىدى.
لېكىن كۆپ جەھەتتىن يەنىلا ئاسىياچە قىممەت
قارىشى تۈپتىن ئۆزگىرەلمىدى. ئاسىياچە قىممەت
قارىشىنىڭ سىياسىيلىقى مەنىۋىلىكىدىن كۆپرەك.
خەلقئارا ۋە ئىچكى ھادىسىلەر ئاسىياچە قىممەت
قارىشىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىشكە تۈرتكە بولۇپ،
رايونلارئارا تەرەققىيات قەدەملىرىنى تەكشىلەشتۈ-
رۈش ئېھتىياجى تۇغۇلدى. ئەمما شىنجاڭ
جەمئىيىتىدە مۇنداق تەكشىلەشتۈرۈش ئېھتىياجى
سىياسىي مۇقىملىقتا بويسۇنۇپ، تەرەققىيات
قەدەملىرى تەكشى بولالمىغانلىقى ئۈستىگە، ئاستا
بولدى. بۇ ھالەت تەبىئىي يوسۇندا كىشىلەرنىڭ ئاڭ
- پىكىرىگە تەسىر قىلدى. مەنىۋىيەت
مۇرەككەپلەشتى. مۇنداق شارائىتتا يېڭىدىن
يېتىلىۋاتقان ئەۋلاد ئۆزلىرىنىڭ توغرا كىشىلىك
تۇرمۇش پەلسەپىسىنى ۋە نورمال ئىدىيە ئاساسىنى
يارىتالمىدى. تىرىكچىلىك ۋە پۇل تېپىش ئۈچۈن
بىرقىسىم كىشىلەر ھەرخىل كويغا كىردى. بەزى
كىشىلەر ھوشيارلىقى ۋە ئەپچىللىكىنى ئىشقا
سېلىپ، ئىقتىساد شوتىسىدا يۇقىرىغا يامىشىپ، پۇل
- ماللىق بولدى. ئالدىن تەرەققىي تاپقان رايونلاردا،
دۇنياۋىي ۋە مەملىكەت بويىچە ئۈچۈر تورى ۋاستىسى
بىلەن ئۇچراشقان كىشىلەر تېز بېيىدى. بۇنىڭ
داۋامىدا، كىرىم - تاپاۋەت تەقسىماتىدىكى ھاڭ
چوڭقۇرلىشىپ، ئىككى قۇتۇپقا ئايرىلىش جەريانى
تېزلەشتى.

بۇ ئەھۋاللار كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىغا
قاتتىق تەسىر كۆرسىتىپ، بەزى كىشىلەر پۇل تېپىش
ئۈچۈن ئويلىغان ۋاستىلىرىدىن ئەپچىل پايدىلىنىش
يولىغا كىردى؛ بەزى كىشىلەر ھەتتا ئىقبال، ئائىلە ۋە
«يۈز» (ئار-نومۇس) دېگەندەك ئەنئەنىۋى ئىبرەتنامە-
لەرنى بىر چەتكە قايرىپ قويدى. بەزى كىشىلەر
«تەقدىر شۇنداق ئىكەن» دەپ ئۈمىدسىزلىك
كۆلچىكىگە غەرق بولۇپ چۈشكۈنلەشتى ياكى
ئەدەب-ئەخلاقنى قايرىپ قويۇپ، ناشايان ئىشلار بىلەن
شۇغۇللاندى. خىزمەتچىلەر تەبىقىسىدىن بىرقىسىم
كىشىلەرنىڭ ھەددى ھەرىكىتى ۋە خوي-پەيلىنى
تەھلىل قىلىدىغان بولساق، مۇنداقلار ئۈچ تائىپىگە
بۆلۈنگىنى مەلۇم: بىر تائىپىسى خەلق تەرىپىدىن
بېرىلگەن مەنسەپنى سۇيىئىستېمال قىلىپ،
يەپ-ئىچىش ۋە راھەت-پاراغەتتە ياشاشنىڭ ۋاستىسى
قىلىۋالغانلار؛ ئىككىنچى بىرتائىپىسى بىلىم
-ئىقتىدارى تۆۋەن بولغىنى ئۈچۈن، يۇقىرىغا
يامىشىشتا خۇشامەت ۋە ھەسەتخورلۇقنى كەسىپ
قىلىۋالغانلار؛ ئۈچىنچى‌بىر تائىپىسى، «ئۆزۈڭنى
بىل، ئۆزگىنى قوي»، «ئۆزۈم ئارامىمدا كۈن
كۆرسەم بولدى»، «پەرۋايىم پەلەك» دەيدىغان
بىپەرۋالار. بۇ ئۈچ خىل تائىپىگە كىرىدىغان كىشىلەر
ئالدى بىلەن ئۆزىنى ئۇنتۇپ قالغانلاردۇر.

ھەرقانداق شەخس ئائىلىنىڭ، جەمئىيەتنىڭ،
شۇنداقلا بىر مىللەتنىڭ ئەزاسى. ئۆزىنى ئۇنتۇغان
ئادەم ئائىلىنى، جەمئىيەتنى، مىللەتنى ئۇنتۇيدۇ.
ئەگەر جەمئىيەت ۋە مىللەت‌ئۈچۈن ئۆزىنى ئۇنتۇسا،
بۇ، ئالىيجانابلىق بولىدۇ. ئاڭ - پىكىر، ھىس -
تۇيغۇ، روھ - پسىخولوگىيە، ئادەت، ياشاش
تەدبىرلىرى، بۇنىڭدىنمۇ مۇھىمى تىل، ئەدەب -
ئەخلاق، مەدەنىيەت جەھەتلىرىدىن بىر مىللەتكە
تەئەللۇق بولغان شەخس، مۇبادا، ئۆزلۈكىنى
ئۇنتۇيدىكەن، ئۇ ئاخىرقى ھېسابتا ھەممىدىن مەھرۇم
بولىدۇ. خۇددى بوران-چاپقۇنداپىلدىرلاپ يۇرگەن بىر
تال پەرگە ئوخشاپ قېلىپ، بىر ئوتقا - بىر سولغا
ۋە بىر يۇقىرىغا-بىرپەسكەلەيلەپ يۇرۇپ، ئاخىر
پاتقاقتا ياكى كۆلگە چۈشۈپ تۇگىشىدۇ. دېمەك،
ئۆزلۈكىنى ئۇنتۇغان ئادەم ئۆزگىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى
تاپالمايدۇ-دە، ھەقىقىي ئىنسانىي ياشاشتىن مەھرۇم
بولىدۇ.

ئۆزىنى ئۇنتۇماسلىقنىڭ مۇھىم چارىلىرى بىلىم
- ھۈنەرلىك بولۇش ۋە ئەدەب-ئەخلاقنى بىلىشتىن
ئىبارەت. بۇماقالىمىزدە ئەدەب-ئەخلاق توغرىسىدا
توختىلىمىز.

بىز تەكىتلەيدىغان ئەدەب-ئەخلاق كەڭ مەنىدىكى
ئەدەب - ئەخلاقتۇر. راستچىللىق، ۋىجدانلىق،
ھىممەتلىك، مەدەنىيلىك، ئىجتىھاتلىق، دوستلۇق،
ئىتتىپاقلىق — ئەدەب - ئەخلاقنىڭ ماھىيەتلىك
ئىپادىلىرىدۇر.

## راستچىللىق

قەلبى پاك ۋە دۇرۇس ئادەم راستچىل بولىدۇ.
بەدنىيەت ۋە كۆڭلى ناپاك ئادەم يالغانچى بولىدۇ.
ھىيلە - مىكىر، ئالدامچىلىق -يالغانچىلىق بىلەن
كۈن ئۆتكۈزۈشكە ئادەتلەنگەن ئادەم ئاخىرقى ھېسابتا
ئۆزىنى ئالدايدۇ؛ ئەگەرمۇنداق ئادەم ھۆكۈمران
بولسا، تېز پۇرسەتتە گۇمران بولىدۇ ۋە خەلقى ئالەم
ئالدىدا لەنەتگەردى بولىدۇ. ھىيلە-مىكىر،
ئالدامچىلىق - يالغانچىلىق پەقەت ۋاقىتلىق‌ئۇستۇن-
لۇك‌ياكى غەلىبە قازىنىشنىڭ يالغۇز ئاياغلىق
كۆۋرۈكىدۇر. دەرۋەقە، ھىيلە-مىكىر، ئالدامچىلىق
ھۆكۈم سۈرگەن مۇھىتتا، راستچىل ئادەملەر زىيان
تارتىدۇ، لېكىن ئاقىۋەتتە خەلق ئىچىدە ھىمايىگە ۋە
ھۆرمەتكە ئىگە بولىدۇ.

راستچىللىقنىڭ ھەقىقىي ئىپادىسى ئۆز ئەھلى

ۋە دوست-يارانلىرى ئارىسىدا يالغان سۆزلىمەسلىك. دەرۋەقە، دۈشمەننى نابۇت قىلىش ئۈچۈن، ۋاقىتلىق چارە سۈپىتىدە دۈشمەنگە يالغان ئېيتىش، ئەمەلىيەتتە، ئۆز ئەھلىنى دۈشمەننىڭ قەستىدىن ساقلاپ قېلىش رولىنى ئوينايدۇ. راستچىللىقنىڭ يەنە بىر ئىپادىسى خىيانەتكار ۋە ۋاپاسىز بولماسلىق: دوستىغا ۋە دوستىنىڭ يارانلىرى ھەم ئەھلى ئاياللىرىغا خىيانەت كۆزى بىلەن قارىماسلىق؛ قۇربىيەتمەيدىغان ئىشقا ۋەدە قىلماسلىق، ۋەدە قىلىدىكەن ۋەدىگە ۋاپا قىلىش. خىيانەتكار ئادەم، ئاخىرقى ھېسابتا، نەپسانىيەتكە بېرىلىپ، ئۆزىگە ياخشىلىق قىلغان دوستلىرىغا ۋە ئۆزىنى باققان خەلقىغە خىيانەت قىلىدۇ. خىيانەت ھەرقانچە يوشۇرۇن بولسىمۇ، ئۇ ئاشكارىلىنىدۇ، خىيانەتكار ھەم ۋاپاسىز ئادەم خەلقى ئالەم ئالدىدا شەرمەندە ۋە خاكسار بولىدۇ.

قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە ئەمەلىيەت شۇنى كۆرسەتتىكى، يالغانچىلىقتىن ھەرخىل ئىللەت، پىتنە-پاسات تېرىلىدىكەن؛ جۈملىدىن يالغانچىلىق بىلەن خۇشامەتچىلىك بىر - بىرىنى تەقەززا قىلىدىكەن. خۇشامەتچىنىڭ چوڭ ھۈنىرى - ماختاش، تۆگمىنى تۆگىدەك قىلىپ كۆرسىتىش، ھەددىدىن ئارتۇق مۇبالىغە قىلىش. مۇنداق ھۈنەرنى ئىشقا سالغۇچى تىل ياغلىمىچىلىق ، مۇبالىغىچىلىك قىلىشقا ماھىر كېلىدۇ. بۇرۇنقى چاغدا بىر ئامبال قول ئاستىدىكى بىر ئەمەلدارنىڭ پەرمانبەردارلىقىنى سىنىماقچى بوپتۇ. بىر كۈنى ھېلىقى ئەمەلدار ئەتىگەنلىك سالامغا كىرىپتۇ. ئاپتاپ چاقناپ تۇرغان ھاۋا ئوچۇق كۈنى ئىكەن . ئامبال ھېلىقى ئەمەلدارغا قاراپ: «بۈگۈن ھاۋا تۇتۇتقۇ!؟» دەپتۇ. ھېلىقى ئەمەلدار: «شۇنداق، ئامبال بېگىم، چوقۇم يامغۇر ياغىدۇ» دەپ، ئامبالنىڭ سۆزىنى توغرىغا چىقىرىپ يالغان ئېيتىپتۇ. ئامبال بۇ ئادەم مەن نېمە دېسەم، دېگىنىمدىن ئاشۇرۇپ ئورۇندايدىكەن دەپ، ئۇنىڭ خۇشامەتچىلىكىدىن رازى بوپتۇ. بۈگۈنكى كۈندىمۇ، «ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش» كە خىلاپ ھالدا، يالغان-ياۋىداق مەلۇمات بىلەن رەھبەرلىكنى ھەم خەلقنى ئالدايدىغان خۇشامەتچىلەرمۇ بار. بۇلار كۆرۈنۈشتە، خەلققە خىزمەت قىلغان بولىدۇ، ئەمەلىيەتتە، ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. مۇنداق يالغانچىلار، خۇشامەتچىلەرنىڭ كاساپىتىدىن بەزى ئورۇن ۋە بەزى يەرلەردە ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا نۇقسان يەتمەكتە. مۇنداق يۇرت بۇزارلاردىن ئەل بىزاردۇر.

## ۋىجدانلىق

ئەدەب-ئەخلاق كىشىلەردىن ۋىجدانلىق بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ۋىجدانلىق كىشى راستچىل-سەمىمىي بولىدۇ.

«ۋىجدان» نىڭ لۇغەت مەنىسى شۇكى، ئۇ - بىۋاسىتە ھەققانىيەت تۇيغۇسى. ھەققانىيەت تۇيغۇسى ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا - مەنىۋىيىتىدە بولىدۇ. ۋىجداننىڭ تەبىرى مۇنداق: ئۆزىنى ۋە ئۆز خەلقىنى، يۇرتىنى ھەم بارلىق نەرسىلەرنى بىۋاسىتە ھېس - تۇيغۇسى بىلەن چۈشىنىدىغان، سۆيىدىغان، قەلبى پاك بولۇشتۇر. مۇنداق خاسىيەت ھەرقانداق نەرسىگە تېگىشكۈسىز بىباھا گۆھەردۇر. كىشىدە ۋىجدان بولسا، ئار-نومۇس، ئىپپەت بولىدۇ. خەلقىمىز «ۋىجدان ئازابىدىن ئېغىر ئازاب يوق» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزنى ئىشلىتىدۇ. خەلق ئۈچۈن كۆيۈنىدىغان، يۇرتنى سۆيىدىغان، راستچىل - سەمىمىي ئادەم جاندىن كەچسە كېچىدۇكى ۋىجداندىن كەچمەيدۇ.

نەپ تۇپ مەقسەت قىلىنغان ۋە پۇل-مال ئادىمىيلىكتىن ئۈستۈن بولغان مۇھىت مەنىۋى جەھەتتىن بۇلغانغان مۇھىتتۇر. مۇنداق مۇھىتقا بېشى بىلەن شۇڭغۇپ كەتكەن نەپسانىيەتچى ئادەمدە ۋىجدان بولمايدۇ. ھازىر تەرەققىي قىلىۋاتقان بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا، بەزى كىشىلەر پۇل تېپىش ئۈچۈن رىقابەتلەشسە، بەزىلەر ياشاش ئۈچۈن كۈرىشىدۇ. ياشاش ئىككى خىل بولىدۇ: بىرى، ھەقىقىي ئىنسانىي ياشاش، يەنى ئەدەب - ئەخلاق نورمىلىرىغا رىئايە قىلغان ھالدا، ئۆزى بىلەن بىللە ئۆزگىنىمۇ ھالال نېمەتلەردىن تەڭ بەھرىمەن قىلىپ، ھالال ئەمگىكى بىلەن كۆڭۈللۈك ياشاش؛ يەنە بىرى، ناھايىتى ئاز پۇرسەتلىك راھەتنى دەپ، ئار - نومۇسنى قايرىپ قويۇپ، «پۇل بولسا جاڭگالدا شورپا» دەپ ئۆزىنى پۇلغا سېتىپ ياشاش، بۇ - ھايۋانىي ياشاشتۇر. دەرۋەقە، ئۆز غېمىنى يېيىش نورمال ئىشتۇر، جاھاندا ئۆز غېمىنى يېمەيدىغان كىم بار! ئۆزگىگە زىيان سېلىش ھېسابىغا ئۆز غېمىنى يېيىش ئادىمىيلىك مىزانىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ئۆزگىگە زىيان سېلىش قارا نىيەتنىڭ بىر ئىپادىسى. قارا نىيەت ۋىجدانسىزلىق بىلەن قوشكېزەكتۇر. بىر كىم مېھنەت-مۇشەققەتكە دۇچار ۋە بۇنىڭدىن ھالى ناچار بولۇپ قالسا، بۇ كۈلپەت ۋىجدانسىز ئادەمگە ھېچقانداق تەسىر قىلمايدۇ، «ئۆزۈم كۈلپەتكە ئۇچرىمىسام بولدى» دەپ، ئۆزىنىڭلا غېمىدە بولىدۇ.

ھازىر، بىر قىسىم ياشلار «ئۆلۈمدىن باشقىسى تاماشا» ، «ئالتە كۈنلۈك ئالەمدە ئويناۋالغىنىمىز قالىدۇ» دەپ، ئەيش - ئىشرەتكە، ھاراق - شارابقا، زىناخورلۇققا بېرىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ياشلىقىنى نابۇت قىلماقتا. بۇ ھالەتنى كونكرېت تەھلىل قىلماق لازىم: بىرىنچىدىن، بەزى ياشلار « قاسساپ ياغ قايغۇسىدا، ئۆچكە جان قايغۇسىدا» بولۇۋاتقان بۇ جاھاندا، ھەر قانداق قىلىپ جان باققان ئەۋزەل دەپ، ئەخلاقسىزلىق پاتقىقىغا ئۆزىنى تاشلايدۇ-دە،

ھەرخىل ناشايان ئىشلارنى قىلىدۇ. بۇنداقلار، بىز نىمە ئۈچۈن ئىنسان بولۇپ تۇرۇلگەن ۋە نىمە ئۈچۈن ياشاش كېرەك دېگەن تۈپ مەسىلىنى چۈشەنمەيدۇ. پاكى چۈشىنىشنى خالىمايدۇ. بۇ - چۈشكۈنلۈكنىڭ مەنبەسى. ئىككىنچىدىن، ھەر جەھەتتە رىقابەت كەسكىنلىشىۋاتقان جەمئىيەتتە، ئىنسانلارنىڭ ياشاش ۋاستىلىرى بارغانسېرى خىلمۇ خىل بولۇۋېرىدۇ؛ ئوقۇش ۋە ئىشلەش ئىمكانىيەتلىرىنىڭ پەلەمپەيلىرى كۆپىيىدۇ. ئادەملەر ۋە ئۇلارنى باشقۇرغۇچىلار ۋاستىلاردىن پايدىلىنىش ۋە پەلەمپەيلەردىن ئاتلاش ئۈچۈن تۈرلۈك ئۇسۇللارنى قوللىنىدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، بىر-بىرىنى چەتكە قېقىش، مىللەتداشلىق ۋە يۇرتداشلىق مۇناسىۋىتىنى ئۈستۈن قويۇش دېگەندەك ئىللەتلەر يامراپ، بىر قىسىم ياشلار قېقىندى-سوقۇندى بولۇپ قالىدۇ. قەيەردە راستچىللىق-ئادالەت بولمىسا، شۇ يەردە ۋىجدانسىزلىق كۆپىيىدۇ.

## ھىممەتلىك

جەمئىيەتشۇناسلار ھىممەت بىلەن ۋىجدان بىر-بىرىنى تەقەززا قىلىدۇ، پەقەت ئالىي ھىممەتلىك ئادەملەردىلا ۋىجدان بولىدۇ دەيدىكەن. راست، ۋىجدانسىز كىشى ھىممەتسىز كىشىدۇر. ھىممەت - ياخشى نىيەت بىلەن بىرەر ئىشقا كىرىشمەك ۋە كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلماق. ئەلىشىر نەۋائىي: «ھىممەتسىز كىشى ئەر سانىدا ئەمەس، روھسىز بەدەننى كىشى تىرىك دېمەس» دەپتىكەن. يەنى ھىممىتى يوق كىشى ئەر سانالمايدۇ، ئادەم قاتارىدا ھېسابلانمايدۇ، بۇ خۇددى روھسىز تەنگە ئوخشايدۇ. نەۋائىي يەنە مۇنداقمۇ دېگەن: «ئادەمى بەدەندۇر، ھىممەت ئاڭا روھ، ھىممەت ئەھلىدىن ئالەمدە يۈزمىڭ فۇتۇھ (فۇتۇھ -خۇشاللىق، كۆڭۈل يايراش؛ قولغا كىرگۈزۈش) » . ھىممەتنىڭ شەرتى - «كەرەم ۋە فۇتۇۋۋەت. » بۇنى نەۋائىي مۇنداق چۈشەندۈرگەن: «كەرەم (ياخشىلىق) بىرجاپاكەشنىڭ شىددەتى يۈكىن (ئېغىر يۈكىنى) كۆتۈرمەكتۇر ۋە ئانى ئول سۇئۇبەتتىن (قىيىنچىلىقتىن) ئۆتكەزمەكتۇر. » فۇتۇۋۋەت - يىگىتلىك، مەردلىك، سېخىيلىق. دېمەك، ھىممەت - قىيىنچىلىقتا قالغانلارغا بولۇشماق ۋە قىلغان ياخشىلىقىغا مىننەت قىلماسلىق ھەم مەرد - سېخىي بولماق. شۇنىڭ ئۈچۈن خەلقىمىز «مىننەتلىك ئېشىڭدىن قارنىمنىڭ ئېچى ياخشى» دېگەن ماقالنى ئىشلەتكەن. مەرد -سېخىي كىشىلەر ئادىمىيگەرچىلىك ۋە دوستانە مۇئامىلىنى ئۆزىنىڭ ئادىمىيلىك بۇرچى ھېسابلايدۇ. بۇ ھەقتە مۇھەممەد پەيغەمبەر ئەپەندىمىز ياردەم شۇنداق خالىسانە بولسۇنكى، بىر قولۇڭدا بەرگەننى ئىككىنچى قولۇڭ كۆرمىسۇن، دېگەنىكەن.

ھىممەتلىك، شۇنىڭدەك ۋىجدانلىق كىشى ئىپپەتلىك بولىدۇ. ئىپپەت - پاكلىق (روھىي پاكلىق)، نومۇسچانلىق، يامان ئىشلاردىن ساقلانماقلىق. ئىپپەت - ئىنسانغا خاس گۈزەل ئەخلاق. بەزى ياشلار قانداقتۇ «ئەركىن ياشايمىز» دەپ، ئار-نومۇسنى قايرىپ قويۇپ، جامائەت سورۇنلىرىدا ھېچكىمدىن ھېيىقماي، ھەرخىل بەدقىلىقلارنى قىلىدۇ. بۇنداق سەت قىلىقلار ئەركىنلىكنىڭ ئىپادىسى ئەمەس، بەلكى قالاقلىق، جاھالەت، ھايۋانىيلىقنىڭ ئالامىتى. ئىپپەت ھەقىقىي گۈزەللىكتۇر. ئۇچىلىرىغا چىرايلىق - ئېسىل كىيىنلەرنى ئارتىۋالغانلىق ۋە چاچلىرىنى بۇدۇرلەپ، يۈز - كۆزلىرىنى بويىۋالغانلىق گۈزەللىكنىڭ بىرىنچى شەرتى ئەمەس. ئىچكى گۈزەللىك - ئار - نومۇس، ئىنساب ئەڭ زۆرۈر شەرتتۇر. قەدىمدىن تارتىپ ئۇيغۇر قىز - يىگىتلىرى شەرم - ھايا ۋە ئار - نومۇسنى ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ گۈزەل ئەخلاقى دەپ بىلگەن ھەمدە ھەقىقىي ئەركىن ياشاشقا ۋە ئۆز ئىشى ھەم خەلق ئىشى ئۈچۈن ھىممەتلىك بولۇشقا تىرىشقان. تارىختا ئۆتكەن نۇرئەلانۇرخان، ئۇممەگۈلسۈم، نوزۇگۇم ۋە باشقىلار ئار-نومۇس بىلەن ياشاپ، ھىممەتلىك ھەم ئىپپەتلىك بولۇپ، ۋىجدان ئازابىدىن ئۆلۈمنى راۋا كۆرگەن قەھرىمانلاردۇر.

ئەمما، ھازىر بىلىم سەۋىيىسى يۇقىرىلىقىغا باقماي، جاھاندارچىلىق پەلسەپىسىنى ئوبدان بىلگەن بەزى «ئوقۇمۇشلۇق» ياشلىرىمىز كۆپ ۋاقتىنى رېستوران - مەيخانىلاردا ئەيش - ئىشرەت ئۈچۈن سەرپ قىلماقتا. بۇنى راھەتتە پەيزى سۈرگەنلىك دېيىشمەكتە. ئەكسىچە، بۇ، زاۋاللىققا يۈزلەنگەنلىك ئىكەنلىكىنى، ئۆزلىرىنىڭ ھەربىر ھەددى ھەرىكىتى ئۆز خەلقىنىڭ تەقدىرى بىلەن باغلىق ئىكەنلىكىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرمىگەن مۇنداق ياشلاردىن خەلق بىزار بولىدۇ ۋە ئاخىرىدا ئۆزىمۇ ئۆزىدىن بىزار بولىدۇ-دە، ھالاكەت يولىغا كىرىدۇ.

يېقىندا بىر دوستۇم بەزى ئوقۇغۇچى قىزلارنىڭ ئاتا-ئانىلىرى مىڭبىر جاپادا تېجەپ - يىغىپ ئەۋەتكەن تۇرمۇش خىراجىتى يېتىشمىگەنلىكى ئۈچۈن، بەزىمخانىلاردا بايۋەچچىلەرگە ئولپەت بولۇپ بېرىپ، ئازراق ھەققە ئىگە بولۇۋاتقانلىقىدىن ھەسرەتلەندى. ئوقۇغۇچىلىق ۋاقتىدا ھەرخىل قىيىنچىلىق بولىدۇ. لېكىن شۇ نەرسە مەلۇمكى، ھازىر بەزى ياشلارنىڭ بېشىغا چۈشكەن قىيىنچىلىق ئۆتكەنكى ئىلىم تەلەپكارلىرىنىڭ تارتقان جاپاسىغا قارىغاندا ھېچ گەپ ئەمەس. ئۆتمۈشتە پىل - پىل قارا چىراغ يورۇقىدا، چىراق تاپالمىسا ئايدىڭدا كىتاب ئوقۇپ، زاغرا يەپ، يوبدان ئىچىپ ئىلىم مۇتالىئە قىلغان تالىبلاردىن نى-نى ئالىم - ئۆلىمالارىيېتىشىپ چىققانلىقى ھەممىگە ئايان. ئارنى مارغا (يىلانغا - ھارام مەئىشەتكە) تۇتۇپ بېرىش - ئىپپەتنى

بولغاشتۇر، مىللەتكە داغ كەلتۈرۈشتۇر.

ھەممەتلىك بولىمەن دەپ، ئالدىراڭغۇ - يەڭگىلتەك بولماسلىق لازىم. يېڭىلتەكلىك يامان ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. يۇنان ھەكىملىرىدىن دېموكرىت مۇنداق دەپتىكەن: «ياشلار ئۆگىنىپ قالىدىغان ئەڭ يامان نەرسە-يېڭىلتەكلىك. يېڭىلتەكلىك شۇنداق بىر ئۇرۇق چاچىدۇكى، ئۇنىڭدىن بۇزۇقلۇق بىخلىرى ئۈنۈپچىقىدۇ.»

ھەممەتسىز كىشى بىپەرۋا بولىدۇ. چۈنكى ھەممەت بىپەرۋالىق بىلەن چىقىشالمايدۇ. بەزى ياشلار ئەتراپىدىكى ئىشلارغا ۋە كىشىلەرگە بىپەرۋا قارايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنى رېئاللىقتىن تاشقىرى ھېسابلاپ، «پەرۋايىم پەلەك» دېگەن بىپەرۋالىقنى ياشاشنىڭ دەستىكى قىلىۋالغان. ئادەمنىڭ ئەڭ مۇھىم خۇسۇسىيىتى جەمئىيەتلىك ياشاشتۇر. پەقەت ئۆزىنى جەمئىيەتتىن قاچۇرۇپ، تەركىيدۇنيا بولۇپ ياشايدىغان زاھىدلارلا ھەممىدىن بىپەرۋادۇر. لېكىن، بۇلارمۇ تىرىكلىك ئۈچۈن قورسىقىدىن بىپەرۋا بولالمايدۇ. دېمەك، ھەرقانداق ئادەم ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتتىن ھېچقاچان بىپەرۋا بولالمايدۇ.

ئوقۇرمەن، ئۆز خەلقىڭگە ياخشىلىق قىلالمىساڭ مەيلى، پەقەت ھەممەتسىز سانىلىسەن. لېكىن ئۆز خەلقىڭگە يامانلىق قىلما، يامانلىق قىلساڭ مۇناپىق ئاتىلىسەن، مەڭگۈ لەنەتكە ئۇچرايسەن.

## مەدەنىيلىك

مەدەنىيلىكنىڭ مۇھىم مەزمۇنى ئەدەبلىكتۇر. مەدەنىيلىك گۈزەللىك، مۇلايىملىق، سۆلكەتلىك دېگەندەك شەرتلەر بىلەن گەۋدىلىنىدۇ.

تەربىيىلىك - ئىلىم - بىلىم ۋە ھۈنەر - سەنئەت ئىگىسى بولۇش دېمەكلىكتۇر؛ گۈزەللىك - كىيىم - كېچەك، سۆز - ھەرىكەت، خۇي - خۇلق چىرايلىقلىقى دېمەكلىكتۇر؛ مۇلايىملىق - كىشىلەرگە ئارا مۇئامىلە، ۋەدىگەۋاپا، سىلىقلىق، ئۇيغۇنلۇق دېمەكلىكتۇر؛ سۆلكەتلىك - توغرا يول تۇتۇش، يولسىزلىق قىلماسلىق دېمەكلىكتۇر. ئومۇمىي جەھەتتىن ئىنسانىيەتتە مەدەنىيلىكنىڭ چېكى بولمايدۇ. لېكىن مىللىي مەدەنىيلىكنىڭ نىسبىي ھالدا چەك - چېگرىسى بولىدۇ.

ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش مابەينىدە، خىلمۇخىل مەدەنىيلىكلەر كىرىشكە باشلىدى. مىللىي - ئەنئەنىۋى بەزمە - مەشرەپ مەدەنىيىتى ئورنىنى شەھەرلەردە رېستۇران - مەيخانە مەدەنىيىتى ئىگىلىدى. دەرۋەقە، «ئەلگەكىرسەڭ ئېلىڭچە، سوغاكىرسەڭ بېلىڭچە» دېگەن ماقال بار. ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي تەرەققىيات جەريانىدا، چەتتىن ھەرخىل يېڭىلىقلارنى قوبۇل قىلىمىز. ئەمما، «يېڭىلىق» دېيىلگەن بۇ «سوغا» خەلق ماقالىدا «بېلىڭچە كىر»، شۇڭغۇپ غەرق بولۇپ كەتمە دەپ ئەسكەرتىلگەن.

بىز مەدەنىيلىكنى تەرغىب قىلىمىز ھەم تەكىتلەيمىز. چۈنكى مەدەنىيلىك پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ گۈزەل خىسلىتى. ئۇ، ئىنسانىيەت ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدۇ. مىللىي مەدەنىيلىك مىللىي بارلىق بىلەن مەۋجۇد بولۇپ تۇرىدۇ. مۇبادا، ھاراقكەشلىك، قىمارۋازلىق، زەھەر بەڭگىلىكى، پاھىشىۋازلىق ۋە ھەرخىل ۋاستىلەر ئارقىلىق كىشىلەرنى شەكلى ئۆزگەرگەن قۇل قىلىش بىلەن ئىپادىلەنسە، ئۇ مەدەنىيلىك ئەمەس، ئىنسانىيەتسىزلىك بولىدۇ. مۇنداق مەدەنىيلىككە بىزنىڭ مىللىي ئەنئەنىۋى ئەدەب - ئەخلاقىمىز قەتئىي قارشى تۇرىدۇ. مەدەنىيلىكنىڭ ئاچقۇچى - تەربىيە (ئائىلەتەربىيىسى، مەكتەب تەربىيىسى، جامائەت تەربىيىسى) دۇر.

قانچىلىغان ئەسىر قالاقلىق، نادانلىق، جاھالەت ۋە مۇستەبىتلىك زۇلۇملىرىنى ھەددىدىن زىيادە تارتىپ، ئاسارەت ئىچىدە ياشىغان خەلقىنىڭ ئاساسىي كۆپچىلىك ئاھالىسى - دېھقانلارنىڭ خېلىلا قىسمى ئەسىر ھالقىيدىغان پۇرسەتتە، يەنىلا يوقسۇللۇق ۋە مەرىپەتسىزلىك چەمبىرىكىدە قىمىرلاۋاتقانىكەن، ئۇلارنىڭ ئۈمىد - ئىستىقبالى بولغان ياشلارنىڭ مەدەنىيلىكنى ئۆگىنىشى ۋە مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى زامانىۋىيلىقنىڭ ئىلغار - ئاكتىپ ئۇنسۇرلىرى بىلەن ئۇزۇقلاندۇرۇشى ۋە شۇ يول بىلەن ئۆز مەۋجۇدلىقىنى داۋام قىلدۇرۇشى ئاكتۇئال ۋە جانجان مەنپەئەت مەسىلىسى بولۇپ قالدى.

## ئىجتىھاتلىق

ئىجتىھات قىلماق - تىرىشماق، بار كۈچى بىلەن ھەرىكەت قىلماق، يېڭىلىق ئىزدەپ تاپماق دېمەكلىكتۇر. بارلىق مەۋجۇدات پەيدا بولغاندىن تارتىپ، تىرىكلىك ۋە ياكى بىر مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن تىرىشىپ كەلمەكتە.

بۈگۈنكى نازۇك ۋە يۇمشاق پەنلەر تەرەققىي قىلغانسېرى، ئىنسانىيەتنىڭ پائالىيەت دائىرىسى - ماكان ۋە زامان تارلىشىپ، كىشىلەر ياشاشنىڭ تۈرلۈك ۋاستىلىرىنى ئىزدەپ، جىسمانىي كۈچكە قارىغاندا ئەقلىي كۈچنى كۆپرەك ئىشلەتمەكتە. بۇ ھالدا، ئىجتىھات قىلمىسا ھەتتا ياشاشتىنمۇ مەھرۇم بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا، ئىجتىھات كىشىنىڭ ئىرادىلىك بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. شەيخ سەئدىي: «ئىرادىلىك كىشى ئۆز ئەمگىكى بىلەن ئۆز تۇرمۇشىنى تەمىن قىلىدۇ، ئىرادىسىز كىشى ئۆزگىنىڭ توكۇرۇكىگە تايىنىدۇ»

دەپتىكەن.

ئىجتىماتلىق بولۇشنىڭ يەنە بىر شەرتى — روھلۇق بولماق. روھلۇق بولغاندا ئۆزگىلەردىن ئىرىشقاق بولىدۇ. ئىرىشقاق بولالىغاندا، باشقىلاردىن كۆپرەك مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش پۇرسىتىگە ئىگە بولىدۇ. روھلۇق بولۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ئۈمىدۋار بولماق، ئۆز رايىغا توغرا كەلمىگەن ئىشقا دۇچ كەلگەندە، زۇرۇرىيەتكە قاراپ مۇرەسسە يولىنى تۇتۇش، ئەمما روھسىزلانماسلىق. كىشىلىك تۇرمۇشتا ھەممە ئىش كىشىنىڭ ئۆز رايىغا مۇۋاپىق كېلىۋەرمەيدۇ. ھازىرقى ھايات خۇددى مارافون يۈگۈرۈشىگە ئوخشايدۇ، ئىرادىسى بوشاشمىسا ئاخىرقى نىشانغا يېتەلەيدۇ. ئىجتىماتلىق كىشى بىر ئىشقا كىرىشسە ئۇنى ۋۇجۇدقا چىقىرالايدۇ، دېگەن سۆزنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ. ئىجتىماتلىق كىشى پۇرسەتنى قولدىن كەتكۈزمەيدۇ. ئىجتىماتلىق كىشى چىداملىق، غەيرەتلىك بولىدۇ. ئىجتىماتسىز كىشى يەۋاتقان ئېشىنىمۇ ئۆزگىگە تارتقۇزۇپ قويىدۇ. ئالىم ۋە ئەدىبلىرىمىزنىڭ تەنبىھلىرىنى ئەسلەيلى. مەھمۇد كاشغەرىي : «ياشلىقتا ئىرىشمىسا قېرىغاندا قايغۇرىدۇ» دېگەن؛ يۈسۈپخاس ھاجىپ: «كىمنىڭ ئىرىشچانلىقى بولمىسا ئۇ ئۇلۇكتۇر» دېگەن. شۇڭا، ياشلار باشلىغان ئىشىنى يېرىم يولدا تاشلىۋەتمەسلىكى ھەم كەينىگە سۆرىمەسلىكى، ئۆزىنى ھەمىشە قامچىلاپ تۇرۇشى كېرەك.

رىقابەت كەسكىن بولۇۋاتقان پەن - تېخنىكا زامانىدا، ئاھالە زىچلىقىدىن تارىيىۋاتقان ماكاندا، پەقەت ئىرادىلىك بولۇپ، تىنماي ئىجتىھات قىلغاندىلا، ياشلار كەلگۈسىدىكى مەۋجۇدلۇق زېمىنىگە ۋە راۋاجلىنىش بوشلۇقىغا كېپىللىك قىلالايدۇ. ھازىرقى چاغدا ئىجتىھات ھاياتلىقنىڭ ھەل قىلغۇچ شەرتى بولۇپ قالدى.

## دوستلۇق

دۇنيادا دوست - ياران تۇتمايدىغان ئادەم يوق. ئەمما دوستنىڭ دوستى بولغىنىدەك، دوستنىڭ دۇشمىنىمۇ بولىدۇ، شۇنداقلا دۇشمەننىڭمۇ دۇشمىنى بولىدۇ. بەزىلەر مەنپەئەت - نەپ تۈپەيلىدىن دوستنىڭ دۇشمىنى بىلەن دوست، دۇشمىنىنىڭ دوستى بىلەن دۇشمەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. بەزىلەر «بىز قىيامەتلىك دوست» دېيىشىدۇ. بۇ مەڭگۈلۈك يەنى ئۇدۇنيا - بۇدۇنيا ئاجرالماس دوست دېگىنى. دەرۋەقە، مۇنداق دوستلۇق بىر - بىرىگە ھەقىقىي ئىشەنچ بىلدۈرۈپ، ئۆزىگە راۋا كۆرمىگەننى دوستىغىمۇ راۋا كۆرمەيدىغان، دوستىنىڭ دەردىگە داۋا، رەنجىگە شىپا بولىدىغان ھەمدەرد، ھەمراھەت دوستلۇقتۇر. مۇنداق دوستلۇق كەمدىنكەم ئۇچرايدۇ.

ھەقىقىي دوستلۇق ئۈچۈن كىشىلەردە ئۆزئارا ئىشەنچ-ئىناۋەت، ھەرقانداق چاغدا بىر-بىرىگە ساداقەت، مۇئامىلىدە راستچىللىق، مۇناسىۋەتتە ھىممەت - مۇرۇۋۋەت (ياردەم-مەدەت) ، ئۆزئارا مېھرىبانلىق بولمىقى لازىم. ئىشەنچ ۋە ئىناۋەتنىڭ شەرتى يالغان سۆز ۋە يالغان ئىش قىلماسلىق. ئۆز نەپسىنىڭ كەينىگەكىرگەن ۋە كىشىدىن نەپ ئېلىشنىلا ئويلايدىغان كىشى يالغانچىلىق يولىنى تۇتىدۇ. چىن دوستلار بىر-بىرىنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتمايدۇ.

دوستلۇقنىڭ يەنە بىر شەرتى كۆيۈمچانلىقتۇر. ھەقىقىي دوست كۆيۈملۈك بولغىنى ئۈچۈن، ئۆز دوستىغا كۆيۈپ - پىشىپ توغرا مەسلىھەت بېرىدۇ ۋە بەزى ناتوغرا سۆز - ھەرىكەتتىن توسىدۇ. شۇڭا ماقالدا: «دوست ئاغرىتىپ ئېيتۇر، دۈشمەن كۈلدۈرۈپ» دېيىلگەن. دوستنىڭ ئاغرىتىپ ئېيتقان سۆزى ھېچقاچان كۆڭۈلنى يارا قىلىدىغان زەھەرلىك، ئاچچىق سۆز ئەمەس.

بەزىلەر دوستلۇق بىلەن ئۇلپەتنى تەڭ ئورۇنغا قويىدۇ. ئەمما، دوستلۇق باشقا، ئۇلپەت باشقا. ئۇلپەت دېگەندە، كۆپىنچە يېمەك-ئىچمەك جەھەتتىكى ھەمراھ كۆزدە تۇتۇلىدۇ. «ئۇلپىتىڭ قاغا بولسا، يېيىشىڭ نىجاسەت» دېگەن خەلق ماقالىمۇ شۇنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلپەت ۋاقىتلىق بولىدۇ. «پالانىنىڭ ئۇلپەتچىلىكى بار» دېگەنلىك پەقەت شۇ كىشىنىڭ دەستۇرخان ئۈستىدىكى خۇسۇسىيىتىنى كۆرسىتىدۇ.

ياخشى خىسلەتلىك كىشى بىلەن دوست بولۇشقا ئىرىشماق لازىم. «ئەخمەقنىڭ دوستى تولا» دېگەن ماقال «ئۇلپىتى تولا» دېگەنلىكنى بىلدۈرىدۇ. مۇنداق «تولا دوست» قول-ئىلكىدە بار چاغدا، خۇددى ھەسەلگە ئولاشقان چىۋىنىدەك ئەتراپىڭنى چۆرگىلەيدۇ. قول ئىلكىدە قالمىغاندا، ھەتتا سېنى تونۇماي قويىدۇ.

كىشىنىڭ دۇشمىنىدىن دوستى تولا بولغىنى ياخشى. ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىرىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپ مۇنداق دەپتىكەن:

ئاداش، قولداش، ئەرداش تۇتۇندى قالىن،
ئاداش، قولداش، ئۇل ئەركە ئارقا بىلىن.

كىمدە بولسا قولداش - ئاداش تىلىم،
ئانىڭ ئارقاسى بەك قايا ئول يالىم.

بۇ مىسرالارنىڭ مەنىسى شۇكى، ئاداش - قولداش، دوست - يارانىنى كۆپ تۇتۇش كېرەك. ئاداش - قولداشلىرى كۆپ بولغان كىشىنىڭ ئارقا يۆلەنچۈكى چىڭ بولىدۇ. كىمنىڭ ئاداش -

قولداشلىرى تولا بولسا، ئۇنىڭ ئارقا يۆلەنچۈكى-خۇد-
دى قىيادەك مۇستەھكەم بولىدۇ.

## ئىتتىپاقلىق

ئىتتىپاقلىق ھۆكۈمەت ئىشىدا سىياسىي شوئار، جەمئىيەت پائالىيىتىدە گۈزەل ئەخلاق سانىلىدۇ. كىشىلەر ئارا ھەقىقىي ئىتتىپاقلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ بىر قانچە شەرتلىرى بولىدۇ: تەڭ-باراۋەرلىك، بۇ - ھەقىقىي ئىتتىپاقلىقنىڭ ھەل قىلغۇچ شەرتى. ھەركىم ھەرخىل مۇناسىۋەتلەردە، سۆز-ھەرىكەتتە، مەنپەئەتدارلىقتا بىر-بىرىدىن ئىمتىيازلىق بولماي، ئۆزىنى ئۆزگىدىن ئۈستۈن چاغلىماي، «راھەت ماڭا خاس، كۈلپەت ساڭا بەس» دېمەي، ئۆزى بىلەن ئۆزگىنى تەڭ كۆرسە، ھەقىقىي ئىتتىپاقلىق ھاسىل بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ئەكسىچە بولسا، «يۈزىدە كۈلكە، ئىچىدە ئوغا» قاينايدىغان ھالەت، يەنى كۆرۈنۈشتە ئىتتىپاقلىق، ماھىيەتتە نىپاقلىق شەكىللىنىدۇ. ئۆزىنى ئۆزگىدىن ئۈستۈن چاغلىماسلىقنىڭ بىر ئىپادىسى - كەمتەرلىك.

رىقابەت كەسكىنلىشىۋاتقان زاماندا، ھەقىقىي ئىتتىپاقلىقنىڭ بولۇشى ناھايىتى تەس. باي بىلەن گاداي، تادان بىلەن نادان، مەككار بىلەن مۆلايىم، ھاكاۋۇر بىلەن كەمتەر، خۇشامەتچى بىلەن ئالىيجاناب، سېخىي بىلەن بېخىل، سۇخەنچى بىلەن راستچىل ھەرگىز تەڭ بولالمايدۇ، شۇڭا ئىتتىپاق بولالمايدۇ. بۇلار بىر-بىرىنىڭ زىتىدا بولىدۇ، بۇلارنىڭ ئالدىنقىلىرى مەلۇم غەرەزدىلا كېيىنكىلىرى بىلەن مادارا قىلىشى، يەنە ئىكەككە چوماق دوقال كېلىپ قالغاندىلا، بىلەي بىلەن پىچاقنىڭ مۇناسىۋىتىدەك مادارا قىلىشى مۇمكىن. مادارا ئىتتىپاقلىق ئەمەس، بەلكى كېلىشىش، چىقىشىش، يۈزەكى ياخشى مۇئامىلىنى بىلدۈرىدۇ.

كىمكى ئىتتىپاقلىقنى ئەلا بىلىدىكەن، ئۇ ئۆزىنى قەدىرلىگەندەك ئۆزگىنى قەدىرلىشى لازىم. ئۆز قەدرىنى بىلگەن كىشى ئۆزگىنى قەدىرلەيدۇ؛ شۇنىڭدەك ئۆزگىنى قەدىرلەشنى بىلگەن كىشى ئۆز قەدرىگە يېتىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن سەبىرلىك بولماق لازىم. سەبىرلىك بولۇشنىڭ ئۆزى كىشىلەرگە ھۆرمەت بىلدۈرۈشتۇر. سەبىرلىك بولۇش - ئۆزگىنىڭ ھال - مۇڭىنى كۆپ ئاڭلاش ھەم ئوبدان ئاڭلاش، ئۆز ئارا كۆرۈلگەن ئۇششاق پاكىتلارنى تەھقىقلەپ ماھىيەتنى ئېنىقلاش، ئۆزگىنىڭ كۆڭلى ئاغرىغانلىقىنى چۈشىنىپ كۆڭلىگە مەلھەم بولۇش دېمەكتۇر. «چاۋاك ئىككى قولدىن چىقىدۇ» دېگەن ماقال ئىتتىپاقلىق ئىككى ئوتتۇرىدا تەڭلىك بولغاندا ۋۇجۇدقا چىقىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەدەب - ئەخلاق توغرىسىدىكى سۆزىمىزنى ھەزرىتى نىزامىددىن ئەلىشىر نەۋائىينىڭ مۇنۇ ھېكمەتلىك گەپلىرى بىلەن خۇلاسىلەيمىز:

«خۇلق جانىبىدىن بىھۆرمەتلىك ئىشىكىن باغلار ۋە كىشىنى ئەزل ۋە ئىستىخافدىن ساقلار؛ تەبىئەتىغە ئىنسانىيەت تەرىقىدە ئەندام بېرۇر ۋە مىزاجىغە ئادىمىيلىك مەنزىلىدە ئارام يەتكۇرۇر.» بۇنىڭ مەنىسى شۇكى، ئەدەب سەۋەبىدىن ھۆرمەتسىزلىكنىڭ ئىشىكى يېپىلىدۇ ۋە ئەدەب كىشىنى كەمسىتىلىش ۋە مەسخىرىلىنىشتىن ساقلايدۇ؛ ئەدەب ئادەمنىڭ تەبىئىيتىگە ئىنسانىي ئەندام-پەزىلەت بېغىشلايدۇ ۋە كىشىلەرنىڭ مىجەزىگە ئادىمىيلىك مەنزىلىدە ئارام بېرىدۇ.

نەۋائىي يەنە مۇنداق دەيتىكەن:

«مۇھەببەتتە زىبۇپىرايە ئەدەبدىن يېتەر ۋە مۇۋەددەتتە رەۋنەقۇ بەھا ئەدەب تەركىدىن كېتەر.» بۇنىڭ مەنىسى شۇكى، مۇھەببەتكە زىبۇ - زىننەت ۋە بېزەك ئەدەبتىن كېلىدۇ ۋە ئەدەبنى تەرك قىلسا، روناقى ۋە ھۆسنى يوقىلىدۇ.

21-ئەسىر كىردى، بۇ، تەرەققىيات، ئىلىم-پەن، ئەسىرى؛ رىقابەت، كۈرەش، كۈچ سىنىشىش، ئەقىلدە بەسلىشىش ئەسىرى، خىرىس ئەسىرى. بۇ ئەسىردە ئىنسانىي مەۋقەدە راۋرۇس ياشاش ئىنتايىن ئەقىل-ئىدراك، ئىجتىھات، ھەمدەملىكنى تەلەپ قىلىدۇ. مىللەتنىڭ ئىقبالى ۋە بوغۇنى بولغان ياشلار زامان-ئەسىر سىلەرگە قالدى. ئەدەب-ئەخلاقنى تەنەززۇلدىن ساقلاڭلار.

1999-يىل ئۆكتەبر

نىجاد سابىت فوتوسى

---

ئىمىن تۇرسۇن: پېشقەدەم ئالىم، تىلشۇناس، مەدەنىيەت تارىخى تەتقىقاتچىسى. (M2)

كومپيۇتېرمەشغۇلاتىدا :ماشىنىست ۋە بەتچى رىسالەت مۇھەممەت

بۇسانىڭ تېخرېداكتورى ۋە مەسئۇل كوررېكتورى :قۇربان مامۇت



# ئۇنىۋېرسال مۇلاھىزىلەر

**مەدەنىيەت تارىخىدىن ئىبرەتلىك ۋەقەلەر**

## سۆيگىن ۋە برېژنېف

**توختى باقى ئارتىشى**

سۆيگىن ـ جۇڭگو تارىخىدا تاڭ سۇلالىسىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرىدە بىر مەزگىل ئالتۇن تەختتە ئولتۇرغان پادىشاھ. برېژنېف بولسا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ باش سېكرېتارى. ياشىغان دەۋرلىرىنىڭ ئىلگىرى-كېيىنلىكى 12 ئەسىر پەرق قىلىدىغان بۇ ئىككى تارىخىي شەخسنى بۈگۈنكى كۈندە بىر يەردە قويۇپ تىلغا ئېلىشنىڭ ماھىيىتى نېمە؟ ماقالىنىڭ ماۋزۇسىغا كۆزى چۈشكەن ھەرقانداق ئوقۇرمەن بۇنىڭدىن نېمە مەنا چىقىدىغانلىقىغا قىزىقماي قالمىسا كېرەك.

**ئىبرەت ۋە ئۆزىنى تونۇش**

گەپنى ئەۋۋەل سۆيگىندىن باشلاي: 1950-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرى بولسا كېرەك، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتىدا ئىشلەپ يۈرگەن كۈنلىرىمنىڭ بىرىدە جۇڭگو تارىخىغا ئائىت بىر ئەسەرنىڭ تەرجىمىسىنى تەھرىرلەش مۇناسىۋىتى بىلەن «شى سىمىڭ، نىڭجۇلۇق تۈرك-ئۇيغۇر» دېگەن تارىخىي ئىسىملارنى شەرھلەشكە توغرا كەلدى. بولۇپمۇ «شى سىمىڭ» دېگەن ئىسىم فامىلىنى تېگى-تەكتىدىن ئايدىڭلاشتۇرۇپ كۆرۈش ئۈچۈن ئۇدا بىرنەچچە كۈن قىرائەتخانا، كۇتۇپخانىلارنى ئارىلاپ، مۇناسىۋەتلىك تارىخشۇناس تەتقىقاتچىلاردىن ياردەم ئېلىپ، بۇ يولدا چەككەن جاپايىم ۋە شۇ جاپانىڭ ئەجرى بىلەن ھاسىل قىلغان ئازغىنە-ئۆزغىنە تارىخىي ساۋات ھازىرمۇ خۇددى تۈنۈگۈنكىدەكلا خاتىرەمدە تۇرۇپتۇ. بۇ خاتىرە مۇنداق:

سۆيگىن، تۈرك-ئۇيغۇر نەسەبىدىن، تاڭ دەۋرىدىكى نىڭجۇ (ھازىرقى گەنسۇ) تەۋەسىدە ياشىغان. ئۇرۇش-جەڭلەردە خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن تاڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھىسى شۇەنزۇڭ ئۇنىڭغا «شى سىمىڭ» ( 史思明 ) دەپ ھۆرمەتلىك نام ئىنئام قىلغان. خەنزۇ خەلقىنىڭ ئېتنوگرافىيىلىك ئادىتى ۋە مەدەنىيەت ئەنئەنىسى بويىچە ئادەم ئىسمىنىڭ باش ھەرپى شۇ ئادەمنىڭ نەسىل-نەسەبىنى ھەتتا مىللىتىنى بىلدۈرىدىغان «فامىلە»نى ئىپادىلىسە، قالغان ھەرپلىرى ئارزۇ-ئۈمىد، مىجەز-خاراكتېر، بەلگە-ئىشارەت ۋە باشقىلارنى ئىپادىلەيدۇ. تاڭ پادىشاھىسى تەرىپىدىن سۆيگىنگە ئىنئام قىلىنغان شەۋكەتلىك ئىسمىنىڭ باش ھەرپى 史 سۆيگىنىنىڭ ئەجدادى تۈرك-ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنىڭ بەلگىسى ئىكەنلىكىدە شەك بولمىسا كېرەك. خەنزۇ تىلىنىڭ «سىخەي» ناملىق «سۆز دېڭىزى»دە قەيت قىلىنىشىچە، قەدىمكى زاماندا « 史 国 يەنى شى دۆلىتىدىن جۇڭگوغا كېلىپ تۇرۇپ قالغان ئادەملەرنىڭ بەزىسى ئۆزىگە 史 ھەرپىنى فامىلە قىلىۋالغان» دېگەن خاتىرىلەر بار. «شى دۆلىتى ھازىرقى ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىگە قاراشلىق سەمەرقەنت ۋىلايىتىنىڭ جەنۇبىدا مەۋجۇد بولۇپ ئۆتكەن قەدىمكى دۆلەتتۇر» (خەنزۇچە «سىخەي» ناملىق ئىزاھلىق قامۇسنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئاتالغۇ ئىزاھاتلىرىغا قاراڭ). يەنە « 石国 – شى دۆلىتى – غەربىي دىيار دۆلىتى. جۇڭگو بىلەن باردى-كەلدى مۇناسىۋىتى بار ئىدى... ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تاشكەنت شۇ دۆلەتنىڭ بۇرۇنقى ئىزىدۇر» (خەنزۇچە «سىيۇەن – سۆز-ئاتالغۇلارنىڭ تارىخىي مەنبەسى»گە قاراڭ). خەنزۇ يېزىقىدا 史 ھەرپى بىلەن 石 ھەرپى شەكلى جەھەتتىن ئوخشاش بولمىسىمۇ، ئوقۇلۇشى جەھەتتىن بىر ئاھاڭدا بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ ھەرپلەردە كۆزدە تۇتۇلغان يەرنىڭ ئوخشاشلا بىر ئىكەنلىكىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، خەنزۇچە تارىخىي كىتابلاردا، تارىختا دائىر خاتىرىلەردە «شى سىمىڭ» دەپ ئاتالغان، خاتىرىلەنگەن تارىخىي شەخسنىڭ ئەسلى غەربىي يۇرتلۇق بولۇپ، نىڭجۇ تەۋەسىگە يەرلىشىپ قالغان 思明 – پىكرى ئۆتكۈر، مېڭىسى چېچەن، زېھنى ئوچۇق، سۆيگىن ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلالىشىمىز تولۇق ئاساسقا ئىگە بولسا كېرەك. سۆيگىن ئېھتىمال ئەسلى نەسەبى، يارىتىلىشى جەھەتتىن ئەنە شۇنداق خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئادەم بولغانلىقى، پادىشاھ ھوزۇرىدا ئالىي ئىنئاملارغا مۇناسىپ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن بولسا كېرەك، فەنياڭ (ھازىرقى بېيجىڭ شەھىرى ۋە سەھرالىرىنى مەركەز قىلغان شىمالىي رايون) ھېراۋۇلى بولۇپ تەيىنلىنىپ، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى 13 ۋىلايەتنىڭ ھەربىي، مۇلكىي ۋە مالىيە ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلغان؛ تاڭ خاندانلىقى ئۇنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنى يوقىتىش كويىغا چۈشكەندە ئىسيان كۆتۈرۈپ، ۋېجۇ (ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ دامىڭ دېگەن يېرى) دە ئۆزىنى «ئۇلۇغ يەن دىيارىنىڭ شاھى» دەپ ئېلان قىلغان، كېيىن يەنە فەنياڭغا قايتىپ بېرىپ، ئۆزىنى «ئۇلۇغ يەن دىيارىنىڭ پادىشاھىسى» دەپ ئېلان قىلغان. يەن دىيارى ھازىرقى بېيجىڭ شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى يەنجىڭ دېگەن يەرنى مەركەز قىلغان شىمالىي رايونلارغا قارىتىلغان. چىڭگىزخان دەۋرىدە قۇبلايخانمۇ يەنجىڭنى مەركەز قىلغان. سۆيگىن ئۆزىنى پادىشاھ دەپ ئېلان قىلغاندىن كېيىن يەنە لەشكەر تارتىپ خۇاڭخې دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى مەركىزىي شەھەر لوياڭنى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ۋىلايەت، ناھىيىلەرنى ئىشغال قىلغان. ئاخىرى مىلادى 761-يىلى خان-پادىشاھلىق تالىشىش مۇجادىلىسى بىلەن ئۆزىنىڭ چوڭ ئوغلىنىڭ قولىدا ئۆلگەن.

بۇلار سۆيگىننىڭ قىسقىچە نامى-ئەمالى. بۇ قىسقىچە تەزكىرە ئومۇمەن ئالغاندا، تەرجىمە-تەھرىر-لىك خىزمىتىدە خاس ئىسىملارنى ئېنىق بىلىش ئارزۇسىنىڭ ۋە تەرجىمە خىزمىتىدە ئالدى بىلەن تولۇق ۋە توغرا چۈشىنىپ ئاندىن ئىپادىلەشنى ئالدىنقى شەرت قىلغان تەرجىمە قائىدىسىنىڭ تۈرتكىسى بىلەنلا خاتىرەمگە ئورناپ كەتكەنىكەن. مىلادى 750-يىللارنىڭ ئالدى-كەينىدە ياشىغان سۆيگىننىڭ بۈنىڭدىن 40 نەچچە يىل ئىلگىرى خاتىرەمگە ئورناپ كەتكەن بۇ قىسقىغىنە تەرجىمھالى يېقىندا – بۇ يىل 1-فېۋرالدا چىققان خەنزۇچە «زاۋېنباۋ» – (فېلىيەتون گېزىتى)نى كۆرۈش بىلەن يەنە كۆز ئالدىمدا نامايان بولدى. لى پىڭ ئىمزاسىدىكى «سۆيگىننىڭ بېيىت توقۇشى ۋە بىرېژنېفنىڭ كىتاب يېزىشى» سەرلەۋھىلىك بۇ فېلىيەتون ئەسلىدە خېبېي خەلق نەشرىياتىدىن چىقىرىلىدىغان «ھەمسەپەرلەر» ناملىق خەنزۇچە ژۇرنالنىڭ 1999-يىل دېكابىر سانىدىن كۆچۈرۈپ بېسىلغان.

ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىشقا ئاز-تولا ياردىمى بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس، دېگەن ئىشەنچ بىلەن بۇ ماقالىنى قىسقىچە تەرجىمە قىلدىم.

– گەپنى ئەۋۋەل سۆيگىندىن باشلايمەن، – دەپ يازىدۇ ئاپتور. – سۆيگىن ئەسلىدە تۈرك-ئۇيغۇر ئەۋلادى. ئۇ، ئىلىپىنىڭ سۇنۇقىنى بىلمەيدىغان ساۋاتسىز-قارا تۇرۇق ئىكەن. ئۆزىنى «ئۇلۇغ شاھ» دەپ ئېلان قىلىپ، پادىشاھ بولۇش ئارزۇ-ئارمانىغا يەتكەن چاغدا ئىلھامى قوزغىلىپ، بېيىت توقۇشقا ھەۋەس باغلاپتۇ. قاچانكى بىر بېيىت توقۇسا، توقۇغان «يېڭى بېيىتلىرىم»دىن خەلقى ئالەم ۋاقىپ بولماي قالمىسۇن، دەپ تەرەپ-تەرەپكە ئادەم ئەۋەتىپ، دوقمۇش-دوقمۇشقا چاپلاتقۇزىدىكەن.

كۇنلەرنىڭ بىرىدە جىجۇ (ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسى)نىڭ «شەپقەتلىك بېگى»، ئۆزىنىڭ چوڭ

ئوغلى شى چاۋيى بىلەن ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى لەشكەر بېشى جۇ جىغا بىر سوۋېت گىلاسى ئەجىرگەزىم (مۇكاپات) قىلىپ ئەۋەتىپ بەرمەكچى بولۇپ، مەخسۇس بېيىت پۈتۈشكە ئاتاپ تەييارلانغان چىرايلىق قەغەزنى مىرزىسىغا تۇتقۇزۇپ، توقۇغان مۇنداق بېيىتىنى يازغۇزۇپتۇ:

ئىبەردىم لىق بىر سېۋەت گىلاس،
يېرىمى قىزارغان، يېرىمى سېرىق توق؛
يېرىمى شەپقەتلىك بەگكە تەئەللۇق،
يېرىمىنى ئاتىدىم جۇجىغا.

مىرزا سۆيگىنىنىڭ ئاغزى بىلەن توقۇپ بەرگەن بۇ بېيىتلەرنى پۈتۈپ بولغاندىن كېيىن، تەكلىپ بېرىپ: «‹يېرىمى شەپقەتلىك بەگكە تەئەللۇق، يېرىمىنى ئاتىدىم جۇجىغا›، دېگەن ئىككى مىسرانى ‹يېرىمىنى ئاتىدىم جۇجىغا، يېرىمى شەپقەتلىك بەگكە تەئەللۇق›، دەپ ئۆزگەرتسەك قاپىيە جايىغا چۈشىدىكەن» دەپتۇ. سۆيگىن بۇ تەكلىپكە: «قاپىيە-پاپىيە دېگەن نېمە ئۇ؟ ئوغلۇمنى جۇجىنىڭ ئاستىغا چۈشۈرۈپ قويسام قانداق بولغىنى!» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. شۇنداق قىلىپ «ئۇلۇغ يەن دىيارى پادىشاھسى» نىڭ يېڭى بېيىتى ئەينەن كۆچۈرۈلۈپ، پۈتكۈل بەگلىك ۋە دۆلەتنىڭ ھەممە يېرىگە، ھۆكۈمەت يامۇللىرىدىن تارتىپ ئۆتەڭلەرگىچە كەڭ تارقىتىلىپتۇ.

قاپىيىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغان قارا تۇرۇك ئادەمنىڭ بېيىت-شېئىر توقۇشقا خۇشتار بولۇشى، يەنە كېلىپ توقۇغان بېيىتلىرىنى ھەممە يەرگە يېيىشى خۇددى قاغىنىڭ تورنى دوراپ، قۇيرۇقىنى يايغىنىغا ئوخشايدۇ.

ئەمدى گەپنى برېژنېفقا يۆتكەيلى. برېژنېفنىڭ تېگى-پېيىنى بىلىدىغان ئادەملەرنىڭ ئاشكارىلىشىچە، برېژنېف «ھېچقانچە ئوقۇمىغان، مەلۇماتى ناھايىتى تۆۋەن ھەتتا ھېچقانچە بىلىمى يوق» ئادەم ئىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە كىتاب ئوقۇمايدىغان، قولىغا قەلەم ئالمايدىغان ئادەم ئىكەن. ھۆكۈمەت سورۇنلىرىدا كۆز بوياپ يۈرگەن شۇنداق بىر ئادەم «بىرىنچى سېكرېتار» بولغاندىن كېيىنكى بىر نەچچە يىل ئىچىدە كەينى-كەينىدىن «كىچىك زېمىن»، «بوز يەر ئېچىش»، «قايتا گۈللىنىش» دېگەن سەرلەۋھىلەردە ئۈچ توم پوۋېست، رومان يازغان. ژۇرناللاردا داۋاملىق بېسىلغان، ئايرىم كىتاب نۇسخىسىدا نەشر قىلدۇرغان بۇ كىتابلار پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلار ئۈچۈن زۆرۈر ئوقۇشلۇق قىلىپ بېكىتىلگەن. بۇ كىتابلار كارامەت چىرايلىق سۆزلەر بىلەن تەرىپلىنىپ باھالانغاندىن تاشقىرى، سوۋېت ئەدەبىياتى بويىچە ھەممىدىن ئالىي مۇكاپات «لېنىن مۇكاپاتى» بېرىلگەن. شۇنداق قىلىپ برېژنېف بىر ئېغىناپلا پۈتكۈل سوۋېت ئىتتىپاقى بويىچە ھەممىنىڭ ئالدىدا تۇرۇدىغان «رومانىست» (رومان يازغۇچى) بولۇپ قالغان.

سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن برېژنېفنىڭ «رومانىست»لىقىنىڭمۇ مىزى چۈۋۈلدى. مەشھۇر ئالىم ئالباتوپنىڭ بايان قىلىشىچە، برېژنېفنىڭ كارى چاغلىق ئىكەن: ئەۋۋەل برېژنېف ئۆزىنىڭ بېشىدىن كەچۈرگەنلىرىنى تاغدىن-باغدىن سۆزلەپ بېرىدىكەن، ستېنوگرافىست (سۆزنى مەخسۇس بەلگىلەر بويىچە تېز يېزىۋالغۇچى) خانىم يېزىۋالغان خاتىرىنى بىرنەچچە «قەلەمكەش» كە تاپشۇرۇپ بېرىدىكەن، ئۇلار ئەپلەپ-سەپلەپ، برېژنېفنىڭ لاپ ئۇرۇپ سۆزلەپ بەرگەنلىرىدىن كارامەت ھېكايە توقۇيدىكەن. شۇ ئۈچ «ئەدەبىي ئىجادىيەت» نىڭ ئەدناسى بىر ۋارىقىنىڭمۇ برېژنېفنىڭ ئۆز قولى، ئۆز قەلىمى بىلەن يېزىلمىغانلىقىنى ھەتتا ئەڭ دۆت، ئەڭ كالۋا ئادەممۇ ئۆز كۆڭلىدە بىلىدىكەن. شۇنىسى كىشىنى ھەيران قىلىدۇكى، يوچۇقلارغا يەملەنگەن شۇ قەغەزلەرنى تېشىپ تاشلاشنى، يەنى شۇ سىرلارنى ئاشكارىلاشنى ھېچكىم خالىمىغان ياكى ئاشكارىلاشقا پېتىنالمىغانىكەن.

جاھاندا غەلىتە-غەلىتە ئىشلار بولۇپ تۇرىدىكەن، لېكىن برېژنېفقا ئوخشاش بىرەر ھەرپىنىمۇ ئۆز قولى، ئۆز قەلىمى بىلەن يازمىغان «قەدىرلىك رومانىست» كۆرۈلۈپ باقماپتىكەن. لېكىن ئۇنىڭ بىمەنىلىكى سۆيگىنىنىڭ بېيىت توقۇشىغا ئوخشىشىپ كېتىدىكەن.

شۇنداقمۇ غەلىتە ھادىسىلەر بولىدىكەن، بەزى ئادەملەر مەرتىۋىسىنىڭ ئۆسۈشى، ھوقۇقىنىڭ چوڭىيىشى بىلەن ئەقىل-زاكاۋىتىمۇ راكىتا بىلەن پەلەككە چىقىدىكەن، شۇنىڭ بىلەن ئاجايىپ دانا، ھەممىگە قادىر ھەتتا ھەممە ئىش قولىدىن كېلىدىغان تەڭداشسىز تالانت ئىگىسىگە ئايلىنىپ قالىدىكەن. بۇ قانداق گەپ؟ بۇ سوئالغا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «بىرىنچى سېكرېتارى» خرۇشچېفتىن جاۋاب تاپتىم. خرۇشچېف بىر كۈنى ئابستراكتچى رەسساملارنىڭ ئابستراكت رەسىملەر كۆرگەزمىسىنى كۆرۈشكە بېرىپتۇ، رەسىملەرنى كۆرۈۋېتىپ بىردىنلا ئاغزىنى بۇزۇپتۇ: «قانداق رەسىم بۇ؟ ئېشەكنى قويۇپ بەرسەڭ ئۇنىڭ قۇيرۇقىمۇ ئۇنىڭدىن ئوبدان سىزىشى مۇمكىن!». ئۇ، كۆرگەزمىگە مەسئۇل بولۇپ تۇرغان ئىنستىنى ئالدىغا چاقىرتىپ كېلىپ، بىر مۇنچە سېسىق گەپ قىپتۇ. لېكىن ئىنستىمۇ بوش كەلمەپتۇ. ئۇ: «سىز تەسۋىرىي سەنئەت تەنقىدچىسى ئەمەس، گۈزەللىك ئىلمىنىمۇ ئوقۇماپتىكەنسىز، شۇڭا تەسۋىرىي سەنئەتنىڭ ھېچنېمىسىنى بىلمەيدىكەنسىز!» دەپ گەپ ياندۇرۇپتۇ. خرۇشچېفنىڭ بۇ گەپلەرنى پەسەنتىگە ئالماسلىقى تۇرغان گەپ. ئۇ، ئەكسىچە مۇنداق بىر راست گەپنى قىپتۇ:

«مەن كان ئىشچىسى بولغان چاغلىرىمدا بىلمەيتتىم؛ پارتىيىنىڭ تۆۋەن دەرىجىلىك ئەمەلدارى بولۇپ تۇرغان چاغلىرىمدا بىلمەيتتىم؛ يۇقىرى ئۆرلەپ كېتىۋاتقان شوتىنىڭ ۋاخىنلىرىدا تۇرغان چاغلىرىمدىمۇ بىلمەيتتىم. لېكىن مەن بۈگۈنكى

كۈندە پرېمىر مىنىستىر (باش مىنىستىر) مەن، پارتىيىنىڭ داھىيسىمەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئەمدى ئەلۋەتتە بىلىمەن، شۇنداق ئەمەسمۇ؟»

مانا بۇ راست گەپ! خرۇشىففا بارىكاللا! بۇ ئۆزىنىڭ ئەسلىدە نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلمەيدىغانلىقىنى دادىل ئېتىراپ قىلىش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى داھىي بولۇش بىلەنلا ھەممىنى بىلىدىغان بولۇپ قالدىم، دەپ لاپ ئۇرۇشلىرىمۇ پېتىنغان. لېكىن ئەمەلىيەت ئۇنداق ئەمەس. ئادەمنىڭ قابىلىيىتى ئەمەلىيەت داۋامىدا كامالەت تاپىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلماسلىق تەلۋىلىكتۇر. لېكىن ھەممىگە قادىر «ئىنجاتچى» بولمايدىغانلىقىنىمۇ ئېتىراپ قىلىش كېرەك. شەخسنى ئېلىپ ئېيتساق، شەخسنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتى، ئەقىل-پاراستى، قابىلىيىتى ھامان چەكلىك بولىدۇ. ئىنسان يارالغاندىن بۇيان، دۇنيادىكى ئىلىم-بىلىملەرنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ بولغان ئادەم چىققان ئەمەس، ھاياتلىقتىكى ھۈنەر-كەسىپلەرنىڭ ھەممىسىنى كامالىتىگە يەتكۈزگەن ئادەم بولغان ئەمەس. دانا سىياسىيونلارنىڭ دۆلەتنى باشقۇرۇش، ئەلنى ئامان قىلىشقىلا ماھىر بولۇپ، باشقا ئىشلارغا ئانچە ئۇرۇنماسلىقى ئادەتتىكى بىر ئەھۋال. سۆيگىن، خرۇشىف، برېژنېف ئۇنداق بولمىغان، ئۇلار تەختكە چىقىش بىلەنلا خورىكى ئۆسۈپ، جاھاندىكى ھەرقانداق ئىشتا بىلەرمەن بولۇۋالغان. ئۇلار ئۆز خىيالىدا پارتىيە، ھۆكۈمەت، ھەربىي، مۇلكىي، مەدەنىيەت، تارىخ، پەلسەپە، ئىلىم-پەن ھەتتا رەسساملىق، خەتتاتلىق، مۇزىكا، يازغۇچىلىق، شائىرلىق دېگەندەك ساھەلەرنىڭ ھەممىسىگە يارارمىش، ھەممىسىگە «يولىيورۇق» بېرەلەرمىش. دېمەك، ئۇلار «ھاكىملار دانا بولىدۇ، مەھكۇملار نادان بولىدۇ» دەيدىغان ئىدىيىۋى پاتقاققا پېتىپ قالغان. ئۇلارنىڭ مېڭىسى مەنسىپى، ھوقۇقى قانچە چوڭ بولسا، ئۇنىڭ ئەقلىمۇ شۇنچە ئۈستۈن، قابىلىيىتى شۇنچە زور بولىدۇ، دەيدىغان ساختا ھەقىقەت بىلەن چىرمىلىپ قالغان. بۇنداق ھەۋەسنى پىل بولىمەن، دەپ تۇمشۇقىغا يىك قىستۇرۇۋالغان مۈشۈكنىڭ ئوبرازى بىلەن شەرھلىسەك مۇبالىغە بولماس.

سۆيگىننىڭ بېيىت توقۇغىنىغا، برېژنېفنىڭ كىتاب يازغانلىقىغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئەھۋاللار ھازىرقى كۈندە بارمۇ-يوق؟ جاھاندىكى ھەممە شەيئىلەرنى خرۇشىففا ئوخشاش «ئەلۋەتتە بىلىمەن» دەيدىغان مەنتىقىلەر ھازىرمۇ بارمۇ-يوق؟ ئوبدان ئويلاپ كۆرۈشىمىزگە ئەرزىيدۇ.

# چەكلىك قىسقا پاراگىدىن چىققان چەكسىز ئەھمىيەتلىك گەپ

## — گېزىت ئوقۇش تەسىراتىمدىن تەرجىمە خاتىرە

توختى باقى ئارتىشى

لىن مۇ ئەپەندىنىڭ خەنزۇچە «زاۋبىناۋ» (فېلىيەتون گېزىتى) نىڭ 2000-يىل 3-مارت سانىغا بېسىلغان «خۇاڭدى مازىرى، چىن سىخۇاڭ مازىرى، سەددىچىن سېپىلى» سەرلەۋھىلىك فېلىيەتونىنى ئوقۇپ چوڭقۇر تەسىرلەندىم. ئېلىمىزنىڭ مەدەنىيەت تارىخىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ مەنىۋى ئوزۇقىغا بولغان زوقىنى قاندۇرۇشىغا ياردىمى بولار، دېگەن ئۈمىد بىلەن قىسقىچە تەرجىمە قىلىپ سۇندۇم. ئەسەرنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنداق:

2000-يىلىنىڭ باھار پەسلى يېتىپ كېلىشى بىلەن مازار-قەبرىستانلارغا تاۋاپ قىلىدىغان كۈنىمۇ يېقىنلاپ كەلدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن خۇاڭدى مازىرىنى تاۋاپ قىلىش توغرىسىدا بۇرادەرلىرىم بىلەن پاراڭلىشىپ قالدۇق، شۇنىڭ بىلەن بىللە چىن سىخۇاڭ مازىرى، ئەسكەر ۋە ئات دەپىنىلىرى، سەددىچىن سېپىلى توغرىسىدىمۇ پاراڭلاشتۇق.

جۇڭگو كونا مەدەنىيەتلىك دۆلەت، ئاسار-ئەتىقىلىرى ناھايىتى كۆپ. خۇاڭدى مازىرى، چىن سىخۇاڭ مازىرى ۋە ئۇنىڭدىكى ئەسكەر، ئاتلىق ئەسكەرلەر ھەيكىلى، سەددىچىن سېپىلى دۆلەت ئىچىدىمۇ، چەت ئەللەردىمۇ ناھايىتى ئەتىۋارلىق سانىلىدىغان ئۈچ مەشھۇر ئاسار-ئەتىقە بولسا كېرەك.

ئاسار-ئەتىقىنىڭ ئىككى تۈرلۈك قىممىتى بار: بىرى، تارىخىي جەھەتتىكى قىممىتى ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى قىممىتى؛ يەنە بىرى، سەيلە-ساياھەت ۋە كۆرۈپ تاماشا قىلىش جەھەتتىكى قىممىتى.

سەيلە قىلىش ۋە كۆرۈش جەھەتتىن ئېيتساق، دۆلەت دەرىجىسىدە ۋە ئۆلكە دەرىجىسىدە مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان ھەرقانداق ئاسار-ئەتىقە ئورۇنلىرى سەيلە-ساياھەت قىلىش ۋە كۆرۈپ تاماشا قىلىش قىممىتىگە ئىگە، ئۇنداق يەرلەرنى تولۇق گۈللەندۈرۈش ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىش كېرەك.

تارىخ ۋە مەدەنىي قىممىتى جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئاسار-ئەتىقىلەرنى قەدىرلىگەندە ۋە تەشۋىق قىلغاندا راستچىل بولۇش كېرەك، ئىجابىي قىممىتى بىلەن سەلبىي قىممىتىنى ، كارغا ياراش دائىرىسىنى ئېنىق ئايرىش لازىم، تارىخىي قىممىتىنى مۇبالىغە قىلىش يارىمايدۇ، تارىخىي ھەق-ناھەقلىقنى مۇبالىغە قىلىش

تېخىمۇ يارىمايدۇ.

خۇاڭدى، مەيلى ئۇ بىر شەخس بولسۇن ياكى بىر مىللەت بولسۇن، تارىخىي رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، كىيىم-كېچەك تىكىپ كىيىشنى، پىلە بېقىپ يىپەك چىقىرىشنى، ئۆي-جاي، كېمە-قېيىق ۋە هارۋىنى ئاپىرىدە قىلىپ ئۆز دەۋرلىرىدىكى يەندى-خۇاڭدى ئەۋلادىغا، كېيىنكى خەنزۇ خەلقىگە كۆپ ياخشىلىقلارنى قىلغانىكەن. هەرقانداق خەنزۇ ئەۋلادى ئۇنىڭ ئىززەت-هۆرمىتىنى قىلىشى ۋە ئۇنىڭغا نەزىرە-نوزرەت بىلەن تاۋاب قىلىشى پەرز.

لېكىن خۇاڭدى پەقەت جۇڭگودىكى 56 مىللەت ئىچىدە نوپۇسى هەممىدىن كۆپ بولغان خەنزۇ مىللىتىنىڭلا ئاتىسى، ئۇ، پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئاتىسى ئەمەس. جۇڭگونىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى مياۋ، يى قاتارلىق ئازسانلىق مىللەتلەر چيۇ قەبىلىسىنىڭ ئەۋلادى بولسا كېرەك. (خەنزۇ تىلىنىڭ قامۇسى «سىخەي» دە شەرھىيلىنىشىچە، چيۇ ئەسلى شەرقتىكى بىر قەبىلىنىڭ باشلىقى بولۇپ، ئاكا-ئۇكا 81 قېرىندىشى بار ئىكەن، ئۇلار مېتالدىن قورال-ياراق ياساپ، سېھرىگەرلىك ئۇسۇللىرىنى ئىشلىتىپ، خۇاڭدى بىلەن جولۇدا يەنى هازىرقى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا سوقۇشۇپ مەغلۇپ بولغانىكەن.) ئۇ، خۇاڭدى قەبىلىسى بىلەن يەندى قەبىلىسىنىڭ بىرلەشمە لەشكەرلىرى تەرىپىدىن غەربىي جەنۇبتىكى تاغ ئىچىگە قوغلانغانىكەن. دېمەك يەندىمۇ، خۇاڭدىمۇ غەربىي جەنۇبتىكى مياۋ، يى قاتارلىق ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ئاتىسى ئەمەس، ئۇلاردا يەندىگىمۇ، خۇاڭدىغىمۇ مىللىي مۇهەببەت يوق. گۇاڭدۇڭ، گۇاڭشى ۋە يۈننەندىكى بەييۈ قەبىلىسى (تارىختا چىن، خەن دەۋرلىرىدىن بۇرۇن چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئاياق ۋادىلىرىدا ياشىغان، كېيىنكى زامانلاردا قىسمەن خەنزۇلارغا قوشۇلۇپ كەتكەن، قىسمەن هازىرقى جۇاڭ، لى، دەي مىللەتلىرى بىلەن نەسىلداشلىق مۇناسىۋىتى بولغان خەلق)، شىمالدىكى موڭغۇل مىللىتى، تىبەت، تۇڭگان، مانجۇ، ئۇيغۇر، قازاق قاتارلىق مىللەتلەر ئۇ زامانلاردا تېخى شەكىللەنمىگەن؛ شۇنىڭ ئۈچۈن يەندىمۇ، خۇاڭدىمۇ ئۇلارنىڭ ئاتىسى ئەمەس، ئۇلاردا يەندىگىمۇ، خۇاڭدىغىمۇ مىللىي مۇهەببەت بولمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن بىز خۇاڭدىنى پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئورتاق ئاتىسى، دەپ قارىيالمايمىز، «يەندى، خۇاڭدى ئەۋلادى» دېگەن سۆزنى جۇڭخۇا پەرزەنتلىرىنىڭ ئورتاق نامى قىلىۋېلىش يارىمايدۇ، يەندى، خۇاڭدى مەدەنىيىتىنىمۇ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئورتاق مەدەنىيىتى دەپ قاراش يارىمايدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن، مەنمەنچىلىك تەرغىب قىلىنغان بولىدۇدە، ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ كۆڭلى ئازار يەيدۇ.

ئەمدى چىن سىخۇاڭ مازىرىغا ۋە ئۇ يەردىكى لەشكەر، ئات دەپىنىسىگە كېلەيلى.

چىن سىخۇاڭنى خۇاڭدىغا زادىلا ئوخشاتقىلى بولمايدۇ. چىن سىخۇاڭ جۇڭگودا قەدىمقى ئەڭ زالىم پادىشاھ بولۇپ، 20 مىليون ئادەمنى قۇل قىلىپ ئىشلەتكەن، مىليونلىغان ئادەمنى قىرىپ تاشلىغان، نۇرغۇن قەدىمىي مەدەنىيەت نامايەندىلىرىنى نابۇت قىلغان؛ چوڭ بىر پۈتۈنلۈككە رىئايە قىلىش، بىر ئوقنا چېتىش، هوقۇقنى يۇكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرۈش، پادىشا ئىستىبداتچىلىقىنى يولغا قويۇش تۈزۈملىرىنىڭ ئىككى مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت دەۋر سۈرۈشىگە ئاساسچى بولۇپ، جۇڭگونىڭ ئىلگىرى بېسىشىغا توسقۇن بولغان. ئۇ، جۇڭگونىڭ يەنە بىر قېتىم (بىرىنچى قېتىم ئەمەس) بىرلىككە كېلىشىدە يارامىلىق خىزمەت كۆرسەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى چوڭ-چوڭ جىنايەتلىرىنى ياپالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز چىن سىخۇاڭ مازىرى، لەشكەر ۋە ئات دەپىنىلىرى دېگەندەك ساياھەت-تاماشا بايلىقلىرىمىزدىن تولۇق پايدىلىنىشتا چىن سىخۇاڭنىڭ زالىملىقىغىمۇ تىل تەگكۈزىشىمىز، ئۇنى تولىمۇ ئاشۇرۇپ پەردازلىماسلىقىمىز، جۇڭگو ۋە چەت ئەل ساياھەتچىلىرىنى بولۇپمۇ ياشلارۋە ئۆسمۈرلەرنى چىن سىخۇاڭنىڭ ھەددىدىن ئاشقان زالىملىقىغا ۋە چېكىدىن ئاشقان نەپسانىيەتچىلىكىگە زوقلىنىدىغان قىلىپ قويماسلىقىمىز لازىم.

سەددىچىن سېپىلى تارىخىي مەدەنىيەتلىك قىممىتى جەھەتتىن ئىككى يۈزلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە. قەدىمكى ئادەملەر سەددىچىن سېپىلىنىڭ باشلىنىدىغان ئاغزى بولغان شەنخەيگۇەن تۇمشۇقىدا بىر تەرەپتىن ھەملە قىلىپ تۇرغان يەتتەباش يەلمۈڭگۈزدەك ھەيۋەت ئۆتكەل قۇرغان بولسا، شۇنىڭ بىلەن تەڭ پەلەكتىن ئاشقان ئاھ-زارى بىلەن سەددىچىننى ئۆرۈپ تاشلىغان مېڭ جياڭنۇخانىمغا مازار سالغان (خەنزۇ تىلىنىڭ قامۇسى «سىخەي» دىكى شەرھكە قارىغاندا، مېڭ جياڭنۇ خانىم چىن سىخۇاڭ دەۋرىدە ياشىغان ئايال. ئۇ، ئېرى سېپىل سوقۇش ئالۋىڭىغا تۇتۇلۇپ كەتكەندىن كېيىن، قىشلىق يېپىنچا ئاپىرىپ بېرىش ئۈچۈن ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ، ئېرىنى ئىزدەپ كېتىۋېتىپ، يول ئۈستىدە پىغان بىلەن ئاھ ئۇرۇپ زار يىغلىغان. سېپىل ئاھ - زارغا بەۋا كېلەلمەي ئۆرۈلۈپ چۈشكەن، شۇنىڭ بىلەن ئېرىنىڭ جەسىتى سېپىلنىڭ تېگىدىن ئاشكارىلىنىپ چىققان. مېڭ جياڭنۇخانىم ئېرىنىڭ ئىشقىدا، پادىشاھنىڭ زۇلمى دەستىدە ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپ ئۆلگەن). بۇ ئەھۋال جۇڭگو خەلقىنىڭ سەددىچىن سېپىلىگە مۇھەببىتىمۇ، لەنەت-نەپرىتىمۇ بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ. يەنى سېپىلنىڭ ھەشەمەتلىك، ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈشىگە، ئۇنىڭ دۇنيا بويىچە تەڭدىشى يوق قۇرۇلۇش ئىكەنلىكىگە، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ شۇ سېپىل بىلەن نامايان بولغان ۋەتەننى قوغداش، تاشقى تاجاۋۇزغا قارشى تۇرۇش روھىغا ۋە جاسارىتىگە

مۇھەببەت باغلاش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ چىن دەۋرىدە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن نەچچە يۈزمىڭ ھەتتا مىليونلىغان جۇڭخۇا پەرزەنتلىرىنىڭ بېشىغا چىقىپ، بالىسىدىن، ئېرىدىن، ئاتىسىدىن ئايرىلىپ قېلىش دەردىنى تارتقان بىچارە بوۋاي، موماي، تۇل خوتۇن ۋە يېتىم ئوغۇللارنىڭ كۆپىيىشىگە زامىن بولغانلىقىغا نەپرىتىمۇ بار. ھالبۇكى، جۇڭگو خەلقىنىڭ شۇنداق نۇرغۇن بەدىلىگە سېلىنغان سەددىچىن سېپىلى ھونلارنىڭ چىن خەلقىگە، خەنزۇ خەلقىگە كەينى-كەينىدىن قىلغان ھۇجۇملىرىنى توسيالمىغان؛ شەرقى جىن سۇلالىسىدىن كېيىن «بەش يات خەلقنىڭ خەنزۇلار دىيارىغا سالغان پاراكەندىچىلىكى»نىمۇ توسيالمىغان؛ لياۋ، جىن خەلقىنىڭ، چىڭگىزخان ئەۋلادىنىڭ جۇڭگوغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشىنى توسيالمىغان؛ ياپون فاشىستلىرى-مىلىتارىستلىرىنىڭ جۇڭگوغا باستۇرۇپ كىرىپ 30نەچچە مىليون خەلقنى قىرىپ تاشلىشىنىمۇ توسيالمىغان. شەنخەيگۇەن ئۆتكىلىدىكى مىڭ جياڭنۇ خانىم مازىرىدا كاڭشى پادىشاھ يازغان لەۋھەدە «سەددىچىن سېپىلى ئاھ-زاردىن بىنا بولغان» دېگەن ئىبارە بار. «ئاھ-زاردىن بىنا بولغان» دېگەن سۆز تولىمۇ چوڭقۇر، تولىمۇ جايىدا ئېيتىلغان! ھازىرقى ۋاقىتتا سەددىچىن سېپىلىنىڭ ئەجايىپ قىممىتىنىلا كۆككە كۆتۈرۈۋاتقان ۋە خۇاڭدىغا ، چىن سىخۇاڭغا، سەددىچىن سېپىلىگە توغرىلىغان بىرتەرەپلىمە باھالىرىنى تارىخقا، تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ دەرسلىكلىرىگە كىرگۈزۈۋاتقان ئىلىم-بىلىم ئەھلىلىرىنىڭ تارىخشۇناسلىق جەھەتتىكى بىلىملىرى بۇندىن 300قانچە يىل ئىلگىرىكى كاڭشى پادىشاھقىمۇ يەتمەيۋاتسا، بۇنىڭغا قانداقمۇ ھەسرەتلەنمەي تۇرغۇلۇق؟!

---

توختى باقى ئارتىشى: ئاتاقلىق تەرجىمىشۇناس، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى لۇشۈن تەتقىقاتى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى

# ئەقىل - پاراسەتنىڭ خورىشى

جاڭ شنياڭ

ئىلگىرى مەن شاڭخەيدىكى مەلۇم ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ يۇقىرىنىڭ تەكشۈرۈشىنى كۈتۈۋېلىش يۈزىسىدىن ئوقۇغۇچىلاردىن شۇ رايوندىكى ھۆكۈمەت، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئالاقىدار رەھبەرلىرىنىڭ ئىسىملىكىنى ئوقۇغۇچىلارغا بىرمۇ بىر يادلاتماسلىقى ھەققىدە قىسقا ماقالە يېزىپ، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ قارشى تۇرۇشىغا ئۇچرىغانىدىم. ئەمدىلىكتە ئويلاپ باقسام، بۇ ئىشتا ئوقۇغۇچىلارنىڭ مائارىپ ھوقۇقىغا بىھۆرمەتلىك قىلىش مەسىلىسى ساقلىنىپلا قالماستىن يەنە تېخى كىشىلەرنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى قالايمىقان ئىشلىتىش ۋە خورىتىش قىلمىشىمۇ مەۋجۇد ئىكەن.

يېقىندا گېزىتتىن شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر ماقالىنى ئوقۇپ ئىشنىڭ تېخىمۇ چاتاقلىقىنى ھېس قىلدىم. گۇيياڭ شەھىرى مەملىكەت بويىچە پاكىز شەھەرلەرنى تەكشۈرۈش ئۆمىكى (يەنىلا شۇ تەكشۈرۈش)نىڭ كېلىشىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن پۈتكۈل شەھەردىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن «ساغلاملىق تەربىيىسى ئۇنىۋېرسال بىلىملىرى»گە دائىر 113 سوئال-جاۋابنىڭ ھەممىسىنى يادلاش ئارقىلىق تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ تەكشۈرۈشىگە تەييارلىق كۆرۈشنى تەلەپ قىلغان. نەتىجىدە 5-يىللىقنىڭ بىر ئوقۇغۇچىسى 113سوئال-جاۋابنىڭ ھەممىسىنى يادلاپ بولالمىغانلىقىدىن سىنىپ مەسئۇلىنىڭ تەن جازاسىغا ئۇچرىغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئوقۇغۇچى تەكشۈرۈش ئۆمىكى كېلىدىغان كۈنى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان.

ئوقۇغۇچىلار ھەقىقەتەنمۇ دەرد تارتماقتا. ئۇلار ئايىغى چىقمايدىغان تۈرلۈك ئىمتىھانلارغا تاقابىل تۇرۇشتىن سىرت يەنە چۈشىنىپ بولمايدىغان ھەرخىل تەكشۈرۈشلەرگىمۇ تاقابىل تۇرمىسا بولمايدۇ. بۇ يەردە مەن يەنىلا سەل چاغلىغىلى بولمايدىغان مۇنداق بىر مەسىلىنى ئويلاپ قالدىم: ئوقۇغۇچىلار زادى نېمە قىلىدۇ؟ رايونلۇق ھۆكۈمەت، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئەمەلدارلىرىنىڭ مۇبارەك نامۇ-شەرىپى بىلەن ئۇلارنىڭ زادى قانچىلىك مۇناسىۋىتى بار؟ ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا «ساغلاملىق تەربىيىسى ئۇنىۋېرسال بىلىملىرى»گە ئائىت 113 سوئال-جاۋابنىڭ ھەممىسىنى يادلاتقۇزۇشنىڭ زادى قانچىلىك زۆرۈرىيىتى بار؟ يادلىسا نېمە بوپتۇ، يادلىمىسا نېمە بوپتۇ؟

بۇنىڭدىن مەن شۇنداق يەكۈن چىقىرالايمەنكى؛ بۇ، كىشىلەرنىڭ ئەقىل-پاراسىتىگە ھاقارەت قىلغانلىق! ئۇلارنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنى خورانقانلىق!

قىزىقارلىقى، يۇقىرىقى خەۋەر بېسىلغان گېزىتنىڭ يەنە بىر يۈزىگە مۇنداق بىر ماقالە بېرىلگەن: ئېلىمىز تارىخىدا نۇرغۇن ئېسىل كەشپىياتلار يارىتىلغان بولسىمۇ لېكىن 19-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا كەلگەندە بىز كەشپىيات يارىتىشتا باشقىلارنىڭ كۆپ ئارقىسىدا قالدۇق. بۇنىڭدىكى

سەۋەب نېمە؟ ئالىملارنىڭ قارىشىچە بۇنىڭ سەۋەبى كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى قارىشىنىڭ نابۇت قىلىنغانلىقىدا، كۆپ تەرەپلىمە تەپەككۇرنىڭ كەم بولغانلىقىدا ئىكەن. دۇرۇس، يېقىنقى ھەم ھازىرقى زامان جۇڭگوسىدا كىشىلەرنىڭ تەپەككۇرى، ئەقىل-پاراستى ھەر سائەت، ھەر مىنۇتتا ھاكىمىيەت بېشىدىكىلەرنىڭ قايىنىمىغا غەرق بولۇپ كەتتى، ئۇلارنىڭ مۇداخىلە قىلىشىغا ۋە بوغۇپ قويۇشىغا ئۇچراپ كەلدى. شەكىلۋازلىقنىڭ ئېھتىياجى، تۆرە-ئەمەلدارلار ئىرادىسىنىڭ قىستىشى بىلەن كىشىلەرنىڭ ئەقىل - پاراستى ئەركىن جارى قىلدۇرۇلۇش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قىلىپ كېرەكتىن چىقىرىلدى ۋە خورىتىپ تاشلاندى. سىياسىي ھوقۇق چېكىگە يەتكەندە، شەكىلۋازلىق ئۇچىغا چىققان چاغلاردا بالىلارمۇ ئۇنىڭدىن چەتتە قالمايدۇ.

ئەقىل - پاراسەت ئەركىنلىكى بولغاندىلا ئاندىن ئىجادىيەت ئەركىنلىكى بولىدۇ. گەرچە بىزدە ئازراقمۇ ئىجادىيلىق يوق دەپ ئېيتالمىساقمۇ لېكىن ئۇ ئەمەلىيەتتە بەكلا ئاز. يەنە كېلىپ ئۇنىڭ بىرمۇنچىلىرى ئادەمنىڭ غىدىقىنى كەلتۈرىدىغان ئىجادىيەتلەردۇر، خالاس.

بىز دائىم كۆرۈپ تۇرىمىز، بىر قىسىم كىشىلەر زامانىۋى يۇقىرى تېخنىكىنى قوللىنىپ ئەمەلىي بولمىغان نەرسىلەرنى ياساپ چىقىدۇ. مەسىلەن: زامانىۋى ئېلېكترونلۇق سۈرەت تېخنىكىسى بىلەن قانداقتۇر تەشۋىقات ماشىنىسى دېگەندەك نەرسىلەرنى ياساپ ئۆزلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى كۆز-كۆز قىلىدۇ؛ ئالىي مەلۇماتلىق ئىقتىساس ئىگىلىرىدىن پايدىلىنىپ كومپيۇتېر تېخنىكىسى ئارقىلىق تەبرىكلەش ۋە مۇراسىم پائالىيەتلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، پائالىيەت كۆلىمىنىڭ زور، يېڭى، ئۆزگىچە، توغرا بولۇشىنى پىلانلايدۇ ۋە ھېسابلايدۇ؛ ئالەم تېخنىكىسىغا ئىشلىتىلىدىغان مەلۇم ماددىدىن پايدىلىنىپ سۇدا ئاقمايدىغان، ئوتتا كۆيمەيدىغان ناھايىتى كۆركەم، غايەت زور شارلارنى ياسىشىدۇ. . . بۇ جەھەتتە سىز ئۇلارنىڭ شۇنچە ئەقىللىق، شۇنچە پاراسەتلىك، ئىجادىي كۈچكە شۇنچە باي ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىشقا ھېچقانداق سەۋەب تاپالماي قالىسىز.

لۇشۇن ئەپەندى ئەينى يىللاردا، ئەجنەبىيلەرنىڭ بىز كەشىپ قىلغان پورۇققا تايىنىپ مىلتىق-زەمبىرەكلەرنى ياسىغانلىقىنى، بىز ئىجاد قىلغان كومپاسقا تايىنىپ دېڭىز سەپىرى قىلىۋاتقانلىقىنى؛ بىز بولساق ئەۋلىيا-ئەنبىيالارغا سېغىنىپ تەقدىرچىلىك قىلىۋاتقانلىقىمىزنى يېزىپ جۇڭگولۇقلارنى مەسخىرە قىلغانىدى. ئەمدىلىكتە ئاتا-بوۋىلىرىمىز كەشىپ قىلغان نەرسىلەر ئىشلىتىلىشتىن قېلىپ ئەھمىيەتسىز نەرسە بولۇپ قالغاچقا ئەجنەبىيلەرنىڭ كەشپىياتلىرىنى ئېلىپ كېلىپ ئىشلىتىدىغان، بۇ جەھەتتە «تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن»، «دۇنيا بويىچە بىرىنچى»لىكنى تالىشىدىغان بولۇپ كەتتۇق.

بىز دائىم بىرەر مۇۋاپىق ئۈمىد باشلانغۇچ مەكتىپى، بىرەر قۇدۇق قاپقىقى، مۇھىتنى ئاسراش تېپىدىكى بىرەر جۈپ چوكا لايىھىلەشنى ھامان تەس كۆرىمىز. ئەمما ئەۋلىيا-ئەنبىيالارنىڭ بۇتلىرىنى ياساش، تەقدىرچىلىك قىلىشتەك خۇراپىي نەرسىلەرگە قارىتا بىزدە ھامان يول تېپىلىدۇ. يەنە كېلىپ بىزدە بۇ جەھەتتە دۇنيادا كەم ئۇچرايدىغان سەۋىيە بار.

بۇ ماقالىنى يېزىشتىن ئىلگىرى مەن بىر ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنىڭ ئاپىسىنىڭ نەچچە كىلوگرام ئېغىرلىقتىكى يېمەكلىك ۋە ئىچىملىك سېلىنغان سومكىنى كۆتۈرۈپ مەكتەپكە كېتىۋاتقانلىقىنى ئۇچراتقانىدىم. ئۇنىڭدىن نېمىشقا مۇشۇنداق قىلغانلىقىنى سورىسام ئۇ بالىسىنىڭ مەكتەپتە قايسىدۇر بىر تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتنىشىش ئۈچۈن مەكتەپ كوماندىسىدا مەشق قىلىۋاتقانلىقىنى[1]، ئۇنىڭغا نەچچە ئاي بولۇپ كەتكەنلىكىنى، ھەرھەپتىدە مۇشۇنداق نەرسىلەرنى سېتىۋېلىپ بالىسىنىڭ ئوزۇقلۇق تولۇقلىشىغا ئاپىرىپ بېرىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى.

بۇمۇ سېپىي ئۆزىدىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھوقۇقىغا تاجاۋۇز قىلغانلىق، ئۇلارنىڭ ئەقىل-پاراستىنى خورىتىۋاتقانلىق. يەنە كېلىپ ئۇ كىشىنى تولىمۇ ئەندىشىگە سالىدۇ. مۇشۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولسا چوڭلىرىمىز ئۆزىمۇ بىلىپ - بىلمىگەن ھالدا ئۇلارغا ئاستا-ئاستا قانداقراق بىرخىل ئاڭنى سىڭدۈرۈپ قويار كىنتاڭ.

ئېينىشتېين 30 يىل ھارماي-تالماي ئىزدىنىش ئارقىلىق نىسبىيلىك نەزەرىيىسىنى ياراتتى. فرامىن 30 يىلغا يېقىن ۋاقىت سەرپ قىلىپ پېنىسىللىننى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقتى. مانا بۇ، ئادەمنىڭ ئەقىل-پاراستى ۋە زېھنىي كۈچىنىڭ تولىمۇ چەكلىك ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. مۇبادا بىر ئادەمنىڭ ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش ئۇنىڭ ئەقىل-پاراستىگە ھۆرمەت قىلىش ھېسابلانسا، ئۇنداقتا بىر دۆلەتنىڭ تەرەققىياتىغا ھۆرمەت قىلىش پۈتكۈل كىشىلەرنىڭ ئەقىل-پاراستىگە ھۆرمەت قىلىش ھېسابلىنىدۇ.


مەن، بىز قاچانكى كىشىلەرنىڭ ھاياتى ۋە ئەقىل-پاراستىنىڭ ئەشۇنداق ئەرزىمەس ئىشلارغا سەرپ بولۇپ كېتىشىدىن ساقلىنالىساق، قاچانكى تەپەككۇرىمىز قالايمىقان ئىشلىتىلىش ۋە خوراشتىن ئازاد بولۇپ ئەركىن پەرۋاز قىلالىسا ئاندىن ئىجاد قىلالايمىز ۋە تەرەققىي قىلالايمىز، دەپ قارايمەن.

---

«جەنۇب كۆزنىكى» ژۇرنىلىنىڭ 2000-يىل 1-سانىدىن

**ئۆمەرجان ھەسەن** تەرجىمىسى (M1)

# سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدا مۇلاھىزىلەر



## ئىقتىسادشۇناسلىق نۇقتىسىدىن چىرىكلىشىش ئۈستىدە ئانالىز

فەن گاڭ

چىرىكلىشىشكە قارشى تۇرۇش، پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىش تەكرار-تەكرار ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئۈنۈمى چوڭ بولمايۋاتقاندەك قىلىدۇ. شۇڭلاشقا مېنىڭچە، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك قارشى تەدبىر تېپىش ئۈچۈن چىرىكلىشىشنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبلىرى، چىرىكلىشىش ۋە چىرىكلىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەسىلىلىرى ئۈستىدە ئىقتىسادشۇناسلىق نۇقتىسىدىنمۇ كۆپرەك ئانالىز يۈرگۈزۈشنىڭ ۋاقتى يەتتى.

چىرىكلىشىشنىڭ سەۋەبلىرى توپ نىگىزىدىن ئېيتقاندا، بىۋاستە ئالاقىدار كىشىنىڭ ئەخلاق پەزىلىتىنىڭ ياخشى-يامانلىقى، سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى ئادەملەرنىڭ ھەرىكەت ئۇسۇلىنى بەلگىلەپ تۇرۇدىغان بىر قاتار تۈزۈلمىلەر بىلەنمۇ باغلىنىشلىق.

چىرىكلىشىش دېگىنىمىز — «ئومۇم بەرگەن ھوقۇقتىن پايدىلىنىپ، ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتىش» تىن ئىبارەت.

«ئومۇم بەرگەن ھوقۇقتىن پايدىلىنىپ ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتىدىغان» مۇنداق قىلمىق، ئەلۋەتتە ئالدى بىلەن ئادەم ئىشلىتىش تۈزۈلمىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

ئاندىن قالسا، «ئومۇم بەرگەن ھوقۇقتىن پايدىلىنىپ، ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتىش» نىڭ يامراپ كېتەلىشى، روشەنكى، قانۇن-تۈزۈملەرنىڭ مۇكەممەل بولماسلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

لېكىن بىز رېئاللىق بولساق شۇنى بايقىيالايمىزكى، ئادەم تاللاش، نازارەت قىلىش ۋە قانۇننى يۈرگۈزۈش قاتارلىق چىرىكلىشىشكە قارشى

### ئويلىنىش ۋە ئىزدىنىش

ھەرىكەتلەرنى بىكارغا ئېلىپ بارغىلى بولمايدۇ، بەلكى دەسمايە سېلىشقا توغرا كېلىدۇ. «نازارەت قىلىش بىلەن قانۇننى يۈرگۈزۈش» نى ئالايلى، ئەنە شۇلارغا كېتىدىغان تەننەرق ئەڭ ئاز دېگەندىمۇ، قانۇن تۇرغۇزۇش جەريانىغا كېتىدىغان خىراجەت، قانۇن تۇرغۇزغۇچى ۋە قانۇننى يۈرگۈزگۈچى ئورگانلارنى قامداشقا كېتىدىغان خىراجەت، نازارەت قىلىشقا كېتىدىغان خىراجەت، دېلولارنى تەكشۈرۈشكە كېتىدىغان خىراجەت، ئامما ۋە شەخسلەرنىڭ پاش قىلىشىغا كېتىدىغان ۋاقىت ۋە خىراجەت قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەلۋەتتە، چىرىكلىشىشكە قارشى تۇرۇشتىمۇ پايدا ئالغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ بىۋاسىتە پايدىسى — «ھارام پۇل، ھارام مال» قايتۇرۇۋېلىنىدۇ. ۋاسىتىلىق پايدىسى — ئۇ ئالدى بىلەن «خەلقنىڭ غەزىپى» نى بېسىش، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاشقا پايدىلىق، بۇنىڭ بىلەن ئىقتىسادنىڭ تېخىمۇ تېزلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ.

چىرىكلىشىش قىلمىشلىرىغا قارشى تۇرۇشنىڭ يەنە بىر ۋاسىتىلىق پايدىسى — «بىرنى جازالاپ، مىڭگە ئىبرەت قىلىش» ئۈنۈمىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب، چىرىكلەشكەن ئادەملەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندىمۇ، تەننەرق بىلەن پايدا مەسىلىسى مەۋجۇد. چىرىكلەشكەنلەرنىڭ ئالىدىغان پايدىسى ئەلۋەتتە خىيانەت قىلىش، پارا ئېلىش، «تاپان ھەققى» ئېلىش قاتارلىق قىلمىشلار ئارقىلىق ئېرىشكەن ھەرخىل نەپلەردىن ئىبارەت. «چىرىكلىشىشنىڭ تەننەرق» نى بولسا، تۆۋەندىكى ئىككى جەھەتتىكى ئامىللار بەلگىلەيدۇ:

1. تۇتۇلۇپ قالغاندىن كېيىن بېرىلىدىغان جازا. چىرىكلەشكۈچى تۇتۇلۇپ قالغاندىن كېيىن بېرىلىدىغان جازا قانچە ئېغىر بولسا، چىرىكلىشىشنىڭ تەننەرقى شۇنچە زور بولىدۇ.

2. چىرىكلىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، چىرىكلىشىشكە قارشى تۇرۇش تۈزۈمىنىڭ قاتتىقلىق دەرىجىسى. تۈزۈم قانچىكى قاتتىق بولسا، شۇ ۋەجىدىن ئېلىپ بېرىلىدىغان تەشۋىقات، نازارەت، تەكشۈرۈش، ئىز قوغلاش قاتارلىق ھەرىكەتلەر قانچىكى كۆپ، قانچىكى ئەستايىدىل، قانچىكى ئۈنۈملۈك بولسا، چىرىكلەشكەنلەرنىڭ «تۇتۇلۇپ قېلىش ئېھتىماللىقى» شۇنچە زور بولىدۇ. چىرىكلىشىش مەزگىلىدىكى كۆزلىگەن تەننەرق زىيىنى شۇنچە زور بولىدۇ.

چىرىكلەشكەنلەرنى تۇتۇۋالغاندىن كېيىن قاتتىق جازالاش كېرەك. لېكىن، ئەگەر تۇتۇلمىسا ياكى بەكمۇ جىقلىقىدىن «تۇتۇپ تۈگەتكىلى بولمىسا» ۋەياكى ھەممىلا ئادەم كۆرۈۋېرىپ ئادەتلىنىپ قالسا، ھېچكىم تۇتمىسا، نازارەت قىلمىسا، تەكشۈرمىسە ياكى ئەمەلدارغا چاپان ياپسا، بىرى پاش قىلسىمۇ ، تۇتۇدىغان ئادەم چىقمىسا، ھەتتا ئەكسىچە پاش قىلغۇچى جازالانسا، چىرىكلەشكەنلەرنىڭ «تۇتۇلۇپ قېلىش» ئېھتىماللىقى ئەمەلىيەتتە نۆلگە تەڭ بولىدۇ ياكى نۆلگە يېقىن بولىدۇ. چىرىكلىشىشنىڭ تەننەرقى ئەمەلىيەتتە نۆلگە باراۋەر بولىدۇ ياكى نۆلگە يېقىنلىشىدۇ.

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى، چىرىكلىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەسىلىسىدە، چىرىكلىشىش قىلمىشلىرىنىڭ تۇتۇلۇپ قېلىش ئېھتىماللىقى ئىنتايىن مۇھىم بىر ئامىل.

لېكىن مەسىلە شۇ يەردىكى، «تۇتۇلۇپ قېلىش ئېھتىماللىقى» نەزەرىيە جەھەتتىن بىر ئېھتىماللىقتىنلا ئىبارەت. بۇ پەقەت بىزنىڭ قانچىلىكىنى نازارەت قىلالىغانلىقىمىز، قانچىلىكىنى تۇتالىغانلىقىمىزغا باغلىق بولۇپلا قالماي، يەنە مۇئەييەن شارائىتتا «نازارەت قىلىشقا تېگىشلىك» ئادەمنىڭ قانچىلىكلىكىگىمۇ باغلىق — نەزەرىيىۋى ئېھتىماللىق «نازارەت قىلىنىۋاتقان ئادەم سانى» دىن «جىنايەت ئۆتكۈزۈش شارائىتى» بولغانلىقى ئۈچۈن، «نازارەت قىلىنىشقا تېگىشلىك ئادەم سانى» نى چىقىرىۋېتىش ئارقىلىق ئېرىشىلگەن بىر نىسبەت. شۇڭلاشقا، چىرىكلىشىشنىڭ تەننەرقى بىلەن چىرىكلىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭ ئۈنۈمى مەسىلىسىنى تەتقىق قىلىپلا قالماي، يەنە مۇئەييەن شارائىتتا چىرىكلىشىش ئېھتىماللىقى، شەرت-شارائىتى بار ئادەملەرنىڭ سانىنىمۇ تەتقىق قىلىش لازىم.

بىزنىڭ مۇشۇ ئىقتىسادىمىز دۇچ كەلگەن بىر مەسىلە شۇكى، بىزدە «چىرىكلىشىشكە شەرت-شارائىتى بار» ئادەملەر بەك كۆپ. بىزنىڭ ئىقتىسادىي جەمئىيىتىمىزدە ناھايىتى نۇرغۇن ئىقتىسادىي بايلىق «ئاممىۋى ئۇسۇل» دا ئىشلەپچىقىرىلىدۇ، تەمىنلىنىدۇ، تەقسىملىنىدۇ. «جامائەت مۈلكى» نىڭ جەمئىيەتتىكى ئومۇمىي مۈلۈك ئىچىدە ئىگىلەيدىغان نىسبىتى بەك زور. «ئومۇمنىڭ پۇلىدىن چىقىم قىلىنىدىغان» ئىشلار، «ھۆكۈمەت بەلگىلەيدىغان» ئىشلار، «پىلان بويىچە تەقسىم قىلىنىدىغان» ئىشلار بەك كۆپ. يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئېيتساق، ھۆكۈمەت باشقۇرىدىغان ئىشلار بەك كۆپ. ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ سانى بەك كۆپ. ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، بىزنىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلىرىمىزمۇ «جامائەت مۈلكى» نى ئىشلىتىدىغان ئورگان، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ دىرېكتورلىرىمۇ بىرخىل «ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى»، يەنە كېلىپ بەزى مەسىلىلەردە پۇل ۋە مالغا «تېخىمۇ يېقىن» تۇرىدىغان ئەمەلدارلار؛ ھەممە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ خىزمەتچىلىرى، مەيلى مال ساتقۇچى بولسۇن ياكى شوپۇر بولسۇن، ياكى تېلېفون ئورناتقۇچى بولسۇن، ھەممىسىلا دۆلەت مۈلكىنى ئىشلىتىدىغان خادىملار. ئۇلارنىڭمۇ ئومۇم بەرگەن ھوقۇقتىن پايدىلىنىپ، بەزىبىر چىرىكلىشىش ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشى ئېھتىمال. مانا مۇشۇنداق ئەھۋالدا، ئومۇم بەرگەن مەلۇم ھوقۇقنى تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان شۇنچە نۇرغۇن ئادەمنى نازارەت قىلىش ۋە قانۇننى يۈرگۈزۈشتە ئۇچرايدىغان قىيىنچىلىقلار روشەنكى ناھايىتى زور بولىدۇ، چىرىكلىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، چىرىكلىشىشنى تۈگىتىش، چىرىكلىشىشنى «يوقىتىش» قا كېتىدىغان تەننەرقمۇ روشەنكى ناھايىتى يۇقىرى بولىدۇ.

ئۇنۇملۇك نازارەت قىلىش ئارقىلىق ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ پاكلىقىنى كاپالەتلەندۈرۈش ناھايىتى تەسكە توختايدۇ، ھەتتا نازارەت قىلىپ ئۈلگۈرگىلى، تۇتۇپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان، سەللا ئېھتىيات قىلىنمىسا «قانۇن ئاۋامغا مەسئۇل بولالمايدىغان» دەرىجىگە بېرىپ قالىدىغان ئەھۋال يۈز بېرىشى مۇمكىن. بىر مىسال ئالايلى، بىر ئىقتىسادىي جەمئىيەتتە ئەگەر دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ماگىزىنىنىڭ مال سانقۇچىسىمۇ ئومۇم بەرگەن مەلۇم ھوقۇقتا تايىنىپ «ئارقا ئىشىك» نى ئېچىپ قويالىسا، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىنىڭ ئامبارچىسىمۇ ئومۇم بەرگەن مەلۇم ھوقۇقتا تايىنىپ پارا يېيەلىسە، ئۇ ھالدا سىزنىڭ «قانۇن-تۈزۈمنى ساغلاملاشتۇرۇش» قا قانچىلىك ئادەم كۈچى ۋە ماددىي كۈچ سەرپ قىلىشىڭىزغا توغرا كېلەر؟ ئۇن ئۆلۈش ئىشنى ھۆكۈمەت بەلگىلەيدىغان، ئۇن ئۆلۈش ماددىي بۇيۇمنى ھۆكۈمەت تەقسىملەپ بېرىدىغان، ئۇن ئۆلۈش مەبلەغنى ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ئىگىلەپ تۇرىدىغان بىر ئىقتىسادىي جەمئىيەتتە، «يۇقىرى مائاش ئارقىلىق پاكلىقنى كاپالەتلەندۈرۈش» كە كېتىدىغان خىراجەت ۋە «پاكلىق مەھكىمىلىرى» نىڭ كۆلىمى ئاز دېگەندىمۇ ئۇن ھەسسە ئاشۇرۇلسا، ئاندىن تەڭ قىممەتتىكى «پاكلىق دەرىجىسى» نى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. ئەگەر بىز چىرىكلىشىشكە قارشى تۇرۇش يولىدىكى تىرىشچانلىقلىرىمىزنىڭ ھەممىسىدە ساپ پايدىغا، ساپ نەپكە ئېرىشتۇق، دەپ تەسەۋۋۇر قىلساقمۇ، بىر جەمئىيەتنىڭ شۇنچە نۇرغۇن بايلىقنى چىرىكلىشىشكە قارشى تۇرۇشتەك مۇشۇنداق بىرلا ئىشقا سەرپ قىلىۋېتىشىنىڭ ئۆزىنىلا تېجەشلىك بىلەن قىلىنغان ئىش دېگىلى بولمايدۇ.

مانا مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، بىزنىڭ مۇشۇنداق بىر ئىقتىسادىي جەمئىيىتىمىزدە چىرىكلىشىش ھادىسىلىرىنىڭ كۆپ بولۇشىدىكى تۈپكى مەسىلە ـ شەخسىيەتچى ئادەملەرنىڭ كۆپ بولغانلىقىدا ئەمەس، (ئۇنداقلار ئەسلىدىمۇ شۇنچىلىكلا ئىدى)، «قانۇن-تۈزۈمنىڭ مۇكەممەل بولماسلىقى» دىمۇ ئەمەس (ئەلۋەتتە، قانۇن-تۈزۈم مۇكەممەل بولۇپ كەتتى دېمەكچى ئەمەسمەن، بەلكى نازارەت قىلىنىدىغان ئوبيېكتلارنىڭ سانىغا نىسبەتلەشتۈرۈپ ئېيتقاندا، مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ ئىنتايىن تەسلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ دەۋاتىمەن)، بەلكى «ئومۇم بەرگەن ھوقۇق» مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇۋاتقان سورۇنلارنىڭ بەك كۆپلىكىدە. شۇڭلاشقا، بىزنىڭ ئىقتىسادىي جەمئىيىتىمىزدىكى «ئومۇم بەرگەن ھوقۇقتىن پايدىلىنىپ ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتىشتەك چىرىكلىشىش ھادىسىلىرىنى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈرمەكچى بولىدىكەنمىز، تېخىمۇ مۇھىمى تۈزۈلمىنى ئىسلاھ قىلىپ، «ئومۇم بەرگەن ھوقۇقنىڭ سانىنى ئازايتىشىمىز»، ھۆكۈمەتنىڭ كۆلىمىنى تارايتىشىمىز، ئومۇمنىڭ پۇلىنى خەجلەش، ئومۇمنىڭ بايلىقى ھېسابىغا «ئويناش» پۇرسىتىنى ئازايتىشىمىز، تېخىمۇ نۇرغۇن ئىشلارنى شەخسلەر بىلەن بازارنىڭ قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىشىمىز لازىم. بىزنىڭ ئەھۋالىمىزدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، چىرىكلىشىشنى پاكپاكىز تۈگىتىشنىڭ تۈپ چارىسى «قاتتىق زەربە بېرىش» مۇ ئەمەس، تەشۋىقىي تەربىيىمۇ ئەمەس (مەن بۇلارنىڭ پۈتۈنلەي رولى يوق، دېمەكچى ئەمەسمەن)، بەلكى تۈزۈلمىنى ئىسلاھ قىلىش.

كۆپ ساندىكى كىشىلەردە «خۇسۇسىيلىق» ھېلىمۇ ساقلىنىپ تۇرۇۋاتقان ھازىرقى شارائىتتا، «ئومۇم بەرگەن ھوقۇقتىن پايدىلىنىپ، ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتىدىغان» ھادىسىلەرنى تۈگىتىشنىڭ تۈپ چارىسى، ئاشۇ «خۇسۇسىي مەنپەئەت» نى كۆزلەشتىن زورىغا توسۇشمۇ ئەمەس، بەلكى ئاشۇ «ئومۇم بەرگەن ھوقۇق» نى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئازايتىش، شۇ ئارقىلىق «ئومۇم بەرگەن ھوقۇقتىن پايدىلىنىپ، ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتىدىغان» خىلمۇخىل قىلمىشلارنى ئازايتىش، ھەتتا تۈگىتىش نىشانىغا يېتىش.

---

«نەنجىڭ گېزىتى» «ھەپتە ئاخىرى» مەخسۇس بېتىنىڭ 2000-يىل 18-فېۋرال سانىدىن **ئەكبەر قۇربان** تەرجىمىسى

# مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن چىرىكلىككە نەزەر

**دۇخوي**

## بىرقۇتۇپلۇق مەدەنىيەت ئەنئەنىسى

جۇڭگونىڭ يەرشەكلى ۋە تارىخى مۇتلەق مەركەزلەشكەن ھوقۇق مەدەنىيىتى ئورنىتىشنى مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر شەرتى قىلىشنى بەلگىلىگەن. بۇنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى ئىپادىسى ھوقۇقتا بولغان بىر قۇتۇپلۇق رەھبەرلىكنى يۈرگۈزۈشتىن ئىبارەت. پۈتكۈل جەمئىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ قارىغاندا، ئۇنىڭ ئىپادىسى سىياسىينى مەركەز قىلىش، سىياسىينى ھەممىنىڭ ئۈستىگە دەسسىتىشتە ئىپادىلىنىدۇ.

پادىشاھلارچە ھوقۇق مەدەنىيىتى سىياسىينى مەركەز قىلىۋېلىشنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئىپادىلىنىش شەكلىدۇر. پادىشاھلارچە ھوقۇق تۈسى قويۇق بولغان مەدەنىيەتتە قانۇن-تۈزۈمنى تىلغا ئېلىش بەسى مۇشكۇل. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ھەرقايسى جايلاردىكى مەمۇرىي ئەمەلدارلارنى يېزىق شەكلىگە كەلتۈرۈلگەن تەپسىلىي قانۇن-قائىدىلەر تىزگىنلەپ تۇرمىغاچقا، پادىشاھ ئەلچىلىرى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇپ تۇرمىغاچقا يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار باشقۇرۇشنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ كەلدى. بۇ ھال تەبىئىيكى ئۇلارغا ئۆزى بىلگەننى قىلىدىغان يەرلىك خاقان بولۇۋېلىشقا پۇرسەت يارىتىپ بەردى. نەتىجىدە

ئۇلارغا ئۆز دائىرىسىدە ھېچكىممۇ تەڭ كېلەلمىدى.

يېقىنقى يىللار مابەينىدە يۈز بېرىۋاتقان كىشىنى چۆچۈتىدىغان ھوقۇقنى قالايمىقان ئىشلىتىش دېلولىرى بۇنىڭ مىسالىدۇر. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى باش قەھرىمانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزىنى دۆلەت قانۇنى ۋە پارتىيە ئىنتىزامىنىڭ ئۈستىگە قويۇۋالغان «يەرلىك خاقان»لاردۇر.

بىر قۇتۇپلۇق مەدەنىيەتنىڭ سىياسىي تۈزۈلمىدىكى ئىپادىسى، ھوقۇقنىڭ ھەددىدىن زىيادە مەركەزلىشىپ كېتىشىدە بولۇپ، مەمۇرىي ھوقۇق ھەممىدىن ئۈستۈن بولۇپ كەتسە ئۇ تەبىئىي ھالدا چىرىكلىشىشكە ئېلىپ بارىدۇ. ھازىرقى سىياسىي ئۇقۇم بويىچە قارىغاندا ھوقۇق سېپى ئۆزىدىن بىرخىل ئېلىنىشلا بولۇپ قالدى. ۋەھالەنكى ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىمىزدە ھوقۇق بىرخىل بېرىش ئىدى.

ھوقۇقدارلار ھازىر ئۆزىنى قانۇننىڭ ئۈستىگە دەسسىتەلەيدۇ. ھازىرقى زامان تۇرمۇشىمىزدا بىز مۇنداق بىر مۇنچە ھادىسىلەرنى ھەدىسىلا كۆزگە چېلىقتۇرالايمىز: قاتناش تەرتىپىنى قوغدايدىغان قاتناش ساقچىلىرى قاتناش تەرتىپى نىزاملىرىغا ئۆزى بىلگەنچە خىلاپلىق قىلىۋېرىدۇ. مەسىلەن قىزىل چىراغ يانسىمۇ يولنى كېسىپ ئۆتۈۋېرىدۇ، خىزمەتتىن سىرتقى ۋاقىتلاردىمۇ تىرىۋوگاسىنى ۋارقىرىتىۋېرىدۇ؛ سېستىرانىڭ چۆپقەتلىرى ئۆچرەتتە تۇرمايمۇ ئوكۇل سالدۇرالايدۇ. چۈنكى سېستىرالار ئۆچرەتنى باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە ۋەھاكازالار.

قانۇن-تۈزۈم ئېڭىنىڭ سۇس بولۇشى ئاۋامنىڭ ھوقۇقنى نازارەت قىلىشىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋەتتى. بىزدىكى قانۇنىي چۈشەنچىلەر كۆپ ھاللاردا قانۇن ماددىلىرى ۋە ئەدلىيە تۈزۈلمىسى بىلەنلا چەكلىنىپ قالغان. ئەمەلىيەتتە قانۇن بىزنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزغا سىڭىپ كىرىشى، ئىشلارنى بىرياقلىق قىلىشتىكى ئاڭ ۋە ئۇسۇلغا ئايلىنىشى لازىم ئىدى.

## ھوقۇقنى ئۈنۈملۈك نازارەت قىلىشنىڭ كەملىكى

جۇڭگودا قەدىمدىن بۇيان نازارەت قىلىش مېخانىزمى بولمىغان ئەمەس. مەسىلەن، يۈەن سۇلالىسىنىڭ تەپتىش مەھكىمىسى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ مەخپىي تەكشۈرۈش تۈزۈمى دېگەندەك. بىراق بۇ خىلدىكى نازارەتنىڭ چەكلەش كۈچى مەمۇرىي ھوقۇق تۈزۈلمىسىدىن ھالقىپ كېتەلمىگەن. يەنە كېلىپ نازارەتچىلەرنى باشقۇرغۇچىلار يەنىلا ئەمەلدارلار بولغان. مۇستەقىل بولمىغان نازارەت تۈزۈلمىسىنىڭ قۇدرەتلىك مەمۇرىي سىستېمىلارنى ئۈنۈملۈك ھالدا باشقۇرۇپ تىزگىنلىشى تولىمۇ تەس.

بىچارە ھالەتتىكى نازارەت مېخانىزمىنىڭ ئورنىنى دەسلەپ قورقۇپ ئالاقزادە بولۇپ كېتىدىغان، ئاخىرىدا يۈرىكىنى قاپتەك قىلىپ ئەسەبىيلىشىدىغان مەنپەئەتپەرەسلەر تارتىۋالدىدە ھەقىقىي ئۈنۈملۈك چەكلەش كۈچى ئاخىرى بېرىپ ئۇلارنىڭ ئىنسابىغا باغلىق نەرسە بولۇپ قالدى. ئەمما جەمئىيەتتىكى ماددىي مەنپەئەتلەرنىڭ غىدىقلىشىغا قوشۇلۇپ جەمئىيىتىمىزدىكى تەقسىمات تۈزۈلمىسىنىڭ بەزىدە تولىمۇ نامۇۋاپىق بولۇشى تۈپەيلىدىن بۇ خىل ئىنساب، چېغىدىكى نەپسانىيەتچىلىكتىن خىيانەتچىلىككە تەرەققىي قىلىدىدە، ئېپىنى تاپقاندا ئاللىقاچان كېچىككەن بولدى.

ئەدلىيە تۈزۈلمىمىزدە بۈگۈنگە قەدەر مۇئەييەن مۇستەقىللىق كەم، مەمۇرىيەتكە بولغان نازارەت كۈچى سالمىقى يەنىلا كۈچلۈك بولماي كەلدى. ئەدلىيە سىستېمىسى گەرچە نەزەرىيە جەھەتتىن ئېيتقاندا كەسىپلەشكەن تىك سىزىق بويىچە باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىدە بولسىمۇ ئەمما ھازىرقى ئەمەلىيەتتىن قارىغاندا، يەنىلا يەرلىك مەمۇرىي ئەمەلدارلارنىڭ مەسئۇللىقىدا بولۇپ كەلدى. بۇ ھال ھەردەرىجىلىك مەمۇرىي ئەمەلدارلارنى نازارەت قىلىش سالمىقىنىڭ تۆۋەنلەپ بېرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردىدە پۈتكۈل ئەدلىيە سىستېمىسىنى بىچارە ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويدى.


يېقىندا تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغان دېلولاردىن گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونىنىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى لى چېڭلۇڭنىڭ 16مىليون يۈەندىن ئارتۇق پۇلغا خىيانەت قىلىشى، خېنەن ئۆلكىسى دۇڭخاڭ شەھەرلىك پارتكومىنىڭ سابىق شۇجىسى جى خۇگۇينىڭ 14 مىليون يۈەندىن ئارتۇق پۇلغا خىيانەت قىلىشى ۋە شېنياڭ شەھىرىنىڭ ئىقتىسادىي رايون قۇرۇلۇشىغا مەسئۇل مۇئاۋىن باشلىقى ماشاڭدۇڭنىڭ ئاۋمېندا قىمارئويناپ بىر قېتىمدىلا 40مىليون يۈەننى ئۇتتۇرۇۋەتكەنلىكى... قاتارلىقلار بۇنىڭ مىسالىدۇر. ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك يەرلىكتىكى ئاساسلىق ئەمەلدارلار بولۇپ، جىنايەت سادىر قىلىشتا ھېچنېمىدىن ھېيىقمىغان. چۈنكى ئادەتتىكى ئەھۋالدا ئۇلارغا ئەدلىيە تۈزۈلمىسىنىڭ كۈچى يەتمىگەن. ئويلاپ باقايلى، ئۇلارنىڭ تەسىر دائىرىسى شۇنچە زور تۇرسا شۇنداق قىلىشقا نېمىدەپ جۈرئەت قىلالمايدىكەن؟

## ئىسلاھات ئارقىلىق جەمئىيەت ئاتموسفېراسىنى كۆپخىللاشتۇرايلى

ئىقتىسادىي ئىسلاھاتىمىز تازا چوڭقۇرلاپ ئەڭ ھالقىلىق پەيتكە يەتكەن بولسىمۇ ئەمما ئۇنىڭغا ماس كېلىدىغان يۈرۈشلەشكەن سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى كۆپ ئارقىدا قالدى. چىرىكلىكنىڭ ئەڭ ئاساسلىق سەۋەبى، ھوقۇقنىڭ دەرىجىدىن تاشقىرى مەركەزلىشىپ كېتىشىدەك نەچچە مىڭ يىللىق ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىپ كەلگەنلىكىمىزدە. ۋەھالەنكى ئىجتىمائىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندىمۇ بىز بۇ مەسىلىنى يەنىلا ياخشى ھەل قىلالمىدۇق. مۇۋاپىق سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىپ، بىر تەرەپتىن جەمئىيەت ئاتموسفېراسىنى كۆپخىللاشتۇرۇپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىزدا سىياسىينى «سۇسلاشتۇرۇپ»، ھاكىمىيەت ھەمدە ھوقۇقتىن پايدا قوغلىشىشتەك قىممەت قارىشىنى قەدەممۇ قەدەم كۆپ قۇتۇپلۇق تەرەققىيات قىممەت قارىشىغا بۇرىشىمىز، يەنە بىر تەرەپتىن ئىجتىمائىي بايلىق تەقسىماتىنى كۆپخىللاشتۇرۇشىمىز لازىم. پەقەت ھوقۇقنى تارقاقلاشتۇرغاندىلا ئاندىن ھوقۇقنىڭ «نەپ ئىزدەش» ئېھتىماللىقىنى، چىرىكلىك پۇرسىتىنى ئازايتقىلى بولىدۇ.

---

«جەنۇب كۆزنىكى» ژۇرنىلىنىڭ 2000-يىل 1-سانىدىن
ئۆمەرجان ھەسەن تەرجىمىسى (M1)



# ھايات ھەقىقەتلىرى

▲ ھەر قانداق ئىدىيە ئۆزىنى ھەقىقەتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئىگىسى، دەپ بىلىدۇ.

▲ تەڭرى ئېيتىدۇلاركى، ئاخىر زامان مېنىڭ تۆپەيلىمدىن ئەمەس، تەبىئىي ئاپەتلەر تۆپەيلىدىنمۇ ئەمەس، بەلكى ئادەم بالىلىرىنىڭ دۈشمەنلىشىشىدىن پەيدا بولىدۇ.

- چىنگىز ئايتماتوف: «قىيامەت» رومانىدىن

▲ ھازىر ھەقىقەت دېيىلىۋاتقان نەرسىلەر مەزگىلى يەتكەندە خاتالىق بولۇپ چىقىدۇ.

▲ جازالاش دەھشەتلىك تۈس ئېلىشقا باشلىغان جەمئىيەتتە ئادەملەر قانۇنغا شۇنچە بويسۇنماس بولىدۇ.

▲ ئادەت - يوسۇن بارلىق ھوقۇقلار ئىچىدە، خالىغانچە ئىشلىتىشكە بولمايدىغان بىردىنبىر ھوقۇق.

▲ ئاتا - ئالەمنى بىنا قىلغۇچىنىڭ ئوبرازى.

- مونتېسكيۇ: «پارس مەكتۇپلىرى» دىن

▲ بالىڭىزنى كۆككە كۆتۈرۈپ «پادىشاھ» قىلىۋالسىڭىز، تەبىئىيكى، بالىڭىزنىڭ چاكىرىغا ئايلىنىپ قالىسىز. «پادىشاھ» تىن ۋاپا قىلىشنى تىلىيەلەمسىز؟

▲ بالىسىنى چۈشەنمەيدىغان ئاتا-ئانا گويا ياستۇققا ئوخشايدۇ. خۇددى بالىنىڭ كاللىسىغا ئەڭ يېقىن تۇرۇپ، ئۇنىڭ قانداق چۈش كۆرۈۋاتقانلىقىنى بىلمىگەندەك.

▲ بالىغا قونچاق ئېلىپ بەرسىڭىز، ئۇيناپ زېرىكسە تاشلىۋېتىدۇ. ياخشى ھېكايە ئېيتىپ بەرسىڭىز، بىر ئۆمۈر ئېسىدە ساقلايدۇ.

▲ ئانا قايتىپ كەلگەندە، ھەمىشە بالىلارغا يەيدىغان نەرسە ئالغاچ كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بالىلار بۇ دۇنيانى كەمپىتتىن ياسالغان، دەپ قارايدۇ.

▲ بالىغا بولغان مۇۋاپىق بېسىم بالىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىدىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ. ئەمما ھەددىدىن ئارتۇق ئېغىر بېسىم بالىنى ۋەيران قىلىشتىكى دەھشەتلىك كۈچتۇر.

- «جەك ئەل ساپا ماتارپىدىن ئۆرنەكلەر» دىن

▲ يېگانىلىقنى ياقتۇرىدىغان ئادەم بىر بولسا ھايۋان، بىر بولسا ئەۋلىيادۇر.

▲ چۈشىنىش قانچىكى چوڭقۇر بولسا ھەسەتخورلۇق شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ.

- فرانس بېكون: «كىشىلىك ھايات ھەققىدە» دىن

▲ تىلىڭنى چىڭ تۇت، بېشىڭ ساقلىنىدۇ، سۆزۈڭنى قىسقا قىل، ئۆمرۈڭ ئۇزىرىدۇ.

- يۈسۈپ خاس ھاجىپ

▲ دوستلارنىڭ ياخشى گېپىنى قىلىش ئۆز جېنىنى مېھمان قىلغانلىقتۇر.

▲ نادانىنىڭ سۆھبىتىدىن زىندانىنىڭ ئازابى ياخشىراق

- مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاخارابانى

▲ ئادەمنى چۈشىنىش، شۇنداقلا ئۆزۈڭنى يېڭىباشتىن چۈشىنىشتۇر.

## دانالار خەزىنىسى

▲ ياش ئەۋلادلارنى تەربىيىلەشتە سادىر بولىدىغان ئەڭ ئېغىر نۇقسان: بۇگۈنكى بالىنىڭ ئەتىكى چولڭ ئادەم ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قىلىشتۇر.

- ۋ.ئا. سۇخومىلىنىسكىي: «ئوغلۇمغا يېزىلغان خەتلەر» دىن

▲ كۆڭلى ياخشى ئادەمنىڭ گېپى تۈز بولىدۇ.

- جالالىددىن بەھرام: «لىيىغان بۇلاق» تىن

▲ ناھەقچىلىككە ئۇچرىغان ئادەمنىڭ ئازابى ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ ئازابىدىن ئېغىر بولىدۇ. ئۆلتۈرۈلگەن ئادەم بىرلا قېتىم ئازاب تارتىدۇ، توگەيدۇ. ناھەقچىلىككە ئۇچرىغان ئادەم بولسا ھەركۈن، ھەر ئاخشىمى، ھەر دەقىقە ئازابتىن قىلدەك تولغىنىپ ياشايدۇ.

▲ ھوقۇق دۇنيادىكى تەڭداشسىز ئايالغا ئوخشايدىغان نەرسە. ئۇ، ئادەمنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىدۇ، گۈزەللىكى بىلەن كىشىلەرنى ئۆزىگە تارتالايدۇ. كۈچلۈكلەرگە باش ئېگىدۇ، ئاجىزلارنى دەسسەپ چەيلەيدۇ. ھوقۇقدارلار ئۇنىڭغا خۇددى يىگىتلەر مەشۇقەلىرىگە قانمىغاندەك قانمايدۇ. ئەگەرسىز ھوقۇقدارلارنىڭ تەختتىن چۈشكەندىن كېيىنكى ھېسسىياتىنى چۈشەنمەكچى بولسىڭىز، كۆڭلىڭىزدىكى بىر نازىنىن سىزنى تاشلىۋېتىپ باشقا بىرسىنى تېپىۋالغان چاغدىكى ھېسسىياتىڭىزنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ.

- «تۈنجى مۇھەببەت» تىن

▲ ۋىجدانلىق ئادەملەر خاتالىقىنى تونۇپ يەتسە، قاتتىق ئازابلىنىدۇ. مانا مۇشۇنىڭ ئۆزى ئۇنىڭغا بېرىلگەن جازا - تۈرمىنىڭ سىرتىدىكى جازا.

- دوستويېۋسكىي: «جىنايەت ۋە جازا» دىن

▲ ئايىغى چىقمايدىغان سۇنىڭ بويىدىن ماكان تۇتماڭلار.

- ئارىستوتېل

▲ يوغان گەپلەرنىڭ تېگىگە كۆپ ھاللاردا قورقۇنچ يوشۇرۇنغان بولىدۇ.

▲ ئۆزۈن ئايرىلىپ كېتىپ كۆرۈشۈش خۇددى يېڭىباشتىن توي قىلغانغا ئوخشايدۇ.

- ماۋدۇن: «چىرىتىش» رومانىدىن

▲ ۋايىسما، كۈلۈپ يۈر، پۇرسەت ھامان كېلۇر، بىلىپ قوي.

- مارگارىت مىچېل: «ئەنسىز يىللاردىكى نازىنىن» دىن

▲ سەن ئۆتمۈشكە تاپانچىدىن ئوق ئاتساڭ، كېلەچەك سېنى زەمبىرەك بىلەن ئاتىدۇ.

- رەسۇل ھەمزەتوف

▲ ياخشى ئەرنىڭ ئۆيىدە يامان خوتۇن بولسا، ئۇ ئەرنىڭ دوزىقى بۇدۇنيادا دېمەكتۇر.

▲ ھەكىملەر ئۆز نامىنىڭ زىكىر قىلىنىشىنى ئىككىنچى ئۆمرى ھېسابلارمىش.

- «بابۇرنامە» دىن

▲ ئىشەنچىڭ يوقالغان چاغدا قىيامەتنى كۆتسەڭ بولىدۇ.

▲ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۈزى ئېچىلمىغان قىزدىنمۇ ھايالىق ئىدى.

- «سەھھۇلبۇخارىي جەۋھەرلىرى» دىن

▲ ئايال كىشى ئۆزىدىن تۆۋەن بىلىنگەن ئەركىشىنى سۆيمەيدۇ.

- ج. سان

▲ ئاياللارنىڭ كۆزىيېشى ئەرلەرنى بويسۇندۇرۇ-دىغان قورال.

- «جاللات شىبڭ شىسەي» دىن

▲ قىزنىڭ پاكلىقى سەرەڭگە ياغىچىغا ئوخشايدۇ، بىر قېتىملا يانىدۇ.

- ئېھسان ئابدۇقۇددۇس: «تېگىرقاپ قالغان قىز» رومانىدىن

▲ دۇنيادا ئادەمنىڭ بىرنەرسىدىن يۈزى كېتىدۇ، بىرنەرسىدىن جېنى. بىرى - قورساق، بىرى سىر.

- ئەخەت تۇردى: «ئۇنتۇلغان كىشىلەر» رومانىدىن

▲ نېمىگە ئېرىششنى بىلىشنىڭ يېرىمى، ئۇنىڭغا ئېرىشىشتىن بۇرۇن نېمىنى تاشلىۋېتىشنى بىلىشتە.

- خوۋارد

▲ دۇنيادىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم غەم - قايغۇنى ئۇلۇغ ئادەملەرگە ئايلىنىشنى ئارزۇ قىلغان كىشىلەر پەيدا قىلغان.

- ئېلليئوت

▲ ئادەم ئېگىز چوققىغا چىقالايدۇ، ئەمما ئۇ يەردە ئۇزاق تۇرالمايدۇ.

- بېرنارد شاۋ

▲ يانپاشقا چىققاننى ئاتمىسا ئۆلگىچە نادامەت چېكىدۇ.

- زاھىدئاخۇن پازىلباي: «ئىسكەندەر نامە» دىن

* * *

▲ نام چىقارغان ئەرلەرنىڭ نۇرى ئايالىنى يورۇتسا، نام چىقارغان ئاياللارنىڭ نۇرى ئېرىنى تۇنجۇقتۇرىدۇ.

▲ ئەڭ كۆڭۈلدىكىدەك ھەمكارلىشالايدىغىنى - ئەرلەر بىلەن ئاياللار، ئۇندىن قالسا ئەرلەر بىلەن ئەرلەر. ئاياللار بىلەن ئاياللار تۇغۇلۇشىدىنلا دۈشمەنلىشىپ يۈرىدۇ.

▲ ئەرلەر ئاياللارنىڭ سوۋغىتىنىڭ سىمۋوللۇق مەنىسىگە قارايدۇ، ئاياللار بولسا قىممىتىگە قارايدۇ.

▲ ئاياللار ئەرلەرنى بويسۇندۇرۇش ئارقىلىق دۇنيانى بويسۇندۇرىدۇ. ئەرلەر دۇنيانى بويسۇندۇ-رۇش ئارقىلىق ئاياللارنى بويسۇندۇرىدۇ.

▲ گۇمان - مۇھەببەت گۈلىگە چۈشكەن قۇرت.

▲ ئارىمىزدىكى كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئۇنىسىز قارشىلىق كۆرسىتىش بىلەن كوتۇلداپ يۈرۈپ بويسۇنۇشنىڭ ئوتتۇرىسىدا تېگىرقاپ يۈرىشىدۇ.


▲ بىلىمدە كامالەتكە يەتسەڭ، خان بىلەن تەخت تالىشالايسەن.

▲ ئالىيجاناب كىشىلەر بارلىق چاكىنىلىقلارنى قىلىپ بولۇپ، ئاندىن بۇ نەرسىلەرگە قارشى تۇرۇدىغان كىشىلەردۇر.

ئەگەر ۋالاقتەگكۈرلۈك بىلىملىكتىن دېرەك بېرىدىغان بولسا، پاقىمۇ دوكتۇرلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن بولاتتى.

---

توپلىغۇچىلار: مۇختار ئابدۇرېشىت، رەھىم راخمان، قۇربان ئابدۇلېتىپ، تۇرسۇن ئابدۇللا بەگيار، بەختىيار ھاجى، ئەختەرنىسا ھۈسەن، ئىسمائىل كېرىم چىلانى، ئابدۇسەمەت روزىباقى، ھاۋاگۇل قۇربان، ساۋۇتجان ئىسلام، مەخسۇت راخمان، مۇھەممەتجان توختى، پەرھات نۇرەخمەت، سەمەر سادىق، نۇرگۇل ھېيت، ئېلىمەردان ئابدۇللا، گۈلجامال، ئېلتىكىن، ئوسمانجان مۇھەممەت، زۇلپىقار ئابدۇللا، قاھار ئوسمان (M1)



# مەدەنىيەت - سەنئەت گېزىتى

(2000-يىل 3-سان، ئومۇمىي 27-سان)

## مەدەنىيەت - سەنئەت ئۇچۇرلىرى(2000-يىل مارتتىن ئىيۇنغىچە)

### مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قايتا يارالغىلى بولمايدىغان بايلىق

### ئاپتونوم رايونىمىز بىر تۈركۈم مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى رېمونت قىلىپ ئاسرايدۇ

**ئۆز خەۋىرىمىز:** غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەملىك ئېچىش داۋامىدا، ئاساسىي قۇرۇلۇشنىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش خىزمىتىنى قانداق قىلىپ ياخشى ئىشلەش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى دۇچ كەلگەن يېڭى مەسىلە بوپقالدى. بۇ يىل 13-مارتتا ئېچىلغان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە مەدەنىيەت ئىدارىلىرى باشلىقلىرى يىغىنىدا ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يۇفېڭ ئېنىق قىلىپ مۇنداق دېدى: بىز غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەملىك ئېچىش نامى بىلەن شىنجاڭ چېگرىسى ئىچىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرىدە ئېچىپ پايدىلىنىشنى چەكلەيمىز. مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قايتا يارالغىلى بولمايدىغان بايلىق، بىز ئۇنى ئەۋلادلىرىمىزغا ئۆز پېتى تاپشۇرۇپ بېرىشىمىز لازىم. شىنجاڭ مەملىكەت بويىچە مەككىز مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى رايونىنىڭ بىرسى بولۇپ، مول مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بايلىقىغا ئىگە. بۇنىڭ ئىچىدە بىر قەدەر قىممەتلىكلىرىدىن 4000ى، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ئورنىدىن 239ى بار. بۇ يىل بىز كىرورەن قەدىمىي شەھىرى خارابىسى، نىيا خارابىسى قاتارلىق دۆلەت سىرتىغا ئېچىۋېتىلگەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قوغداش ئورنىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىگەندىن سىرت، بۇ يىل ئىچىدە بۇ ئىككى خارابىلىققا دائىر مەخسۇس قانۇن -قائىدە تۈزۈشنى قولغا كەلتۈرۈپ، قوغداشنى كۈچەيتىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ب د ت مائارىپ، پەن-مەدەنىيەت تەشكىلاتى تور تۇرغۇزۇپ مەبلەغ سېلىشقا تەييارلىنىۋاتقان كۇچا ناھىيىسىدىكى قۇمتۇر مىڭئۆيىنى رېمونت قىلىپ قوغداش خىزمىتىنى پائال ياخشى ئىشلەپ، دۆلەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى تور تۇرغۇزغان رېمونت قىلىش پىلانى بويىچە قىزىل مىڭئۆيى، بەشبالىقتىكى غەربىي چوڭ بۇتخانا، سۇ بېشى بۇتخانىسى خارابىسى ۋە ئىلى جىياڭجۈن مەھكىمىسىنى رېمونت قىلىپ قوغداش قورۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بارىمىز. ئاپتونوم رايوننىڭ تور تۇرغۇزۇپ قوكاگدىكى ۋەيران مەسچىتنى، پىچان ناھىيىسىدىكى لۈكچۈن ۋاڭشىپاڭى، موگغۇلكۈرەدىكى لاما بۇتخانىسى، گۇمىدىكى تۇردى ھاجىنىڭ قورۇقىنى رېمونت قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈمىز ھەمدە ئىدىقۇت قەدىمىي شەھىرىنىڭ ئومۇمىي گەۋدە قورۇلۇشى، يارغول قەدىمىي شەھىرىدىكى مۇنارنى مۇستەھكەملەش قورۇلۇشى، بېزەكلىك مىڭئۆيىنىڭ ئېكسكۇرسىيە يولىنى مۇستەھكەملەش قورۇلۇشى ۋە سۇلايمان ۋاڭ مۇنارى مەسچىتىنى رېمونت قىلىشنى تاماملايمىز.

### كىرورەن تارىخىي مەدەنىيەت ساياھىتى پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلىدۇ

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى خەۋىرى:** مۇخبىرنىڭ يېقىندا شىنجاڭ كورلا شەھىرىدىن ئىگىلىشىچە، دۇنياغا مەشھۇر كىرورەن قەدىمىي خانلىقىنى مەركەز قىلغان بىر يۈرۈش تارىخىي مەدەنىيەت ساياھىتى پائالىيىتى بۇ يىل ۋە كېلەر يىلى ئىچىدە قانات يايدۇرۇلىدىكەن.

بۇ قېتىمقى پائالىيەتنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىنىڭ بىرى سۈپىتىدە مارتنىڭ ئاخىرلىرى بىر تۈركۈم داڭلىق مۇتەخەسسىسلەر كىرورەنگە بېرىپ نەق مەيداندا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدۇ. مۇتەخەسسىسلەر مۇنداق دېدى: كىرورەندىكى نۇرغۇن سىرلار ئېچىشقا موھتاج. مەسىلەن، كىرورەننىڭ سىرلىق ھالدا غايىب بولۇشى، كىرورەن ئاھالىسىنىڭ ئىرقى، كىرورەن دەۋرىنىڭ تارىخى قاتارلىقلار. بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش پائالىيىتىدە بىر قىسىم يىپ ئۇچلىرى تېپىلىپ تەتقىق قىلىشقا پايدىسى بولۇشى مۇمكىن.

باشقا پائالىيەتلەر يەنە مۇنۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: 140دىن ئارتۇق كىرورەن مەدەنىيەت يادىكارلىقى قۇمۇل، دۇنخۇاڭ، لەنجۇ، شىئەن قاتارلىق جايلاردا سەييارە كۆرگەزمە قىلىنىدۇ؛ كىرورەن ئارخېئولوگىيىسى، مەدەنىيىتىنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان مەخسۇس تور بېتى ھازىر لايىھىلىنىپ ئىشلىنىلىش ئالدىدا تۇرماقتا، بۇ يىل ئىنتېرنېت تورىغا كىرگۈزۈلىدۇ. بۇ، كىرورەننىڭ داڭقىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ، شۇنداقلا كىرورەننى تەتقىق قىلىدىغان ھەر قايسى دۆلەتلەردىكى ئالىملار بىلەن ئۆزئارا ئالماشتۇرۇشقا ، تەتقىقاتنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە پايدىلىق. كىرورەن مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان ئالاھىدە خاتىرە پوچتا ماركىسى ۋە ئاتكرىتكىسى تەييارلىنىپ تارقىتىلىش ئالدىدا تۇرماقتا.

كىرورەن خارابىسى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي ياقىسىغا جايلاشقان، كورلا شەھىرىدىن 300كىلومېتىر يىراقلىقتا بولۇپ، 2000يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە.

## شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئازسانلىق مىللەتلەر ئۆرپ ـ ئادەتلىرى (فولكلور) مۇزېيى قۇرۇلدى

### قەييۇم باھاۋۇدۇن قاتارلىقلار مۇزېينىڭ قۇرۇلۇش مۇراسىمىغا قاتناشتى

19.مارتتا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئۇيغۇر قاتارلىق 13مىللەتنىڭ ئەنئەنىۋى ئۆرمۇش مەدەنىيىتىنىڭ ئائىت قىممەتلىك تارىخىي مىراسلىرىنى ساقلاش ۋە داۋاملىق بېغىش، توپلاش، رەتلەش ۋە تەتقىق قىلىشنى مەقسەت قىلغان شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئازسانلىق مىللەتلەر ئۆرپ-ئادەتلىرى (فولكلور) مۇزېيى رەسمىي قۇرۇلدى. ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى قەييۇم باھاۋۇدۇن قاتارلىقلار مۇزېينىڭ قۇرۇلۇش مۇراسىمىغا قاتناشتى ھەم مۇزېينىڭ قۇرۇلغانلىقىنى تەبرىكلەپ لېنتا كەستى.

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى «211قۇرۇلۇشى»نىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان ئازسانلىق مىللەتلەر ئۆرپ-ئادەتلىرى مۇزېيىغا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىدىكى ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ 1997.يىلىدىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىزدىكى چەت يېزا.قىشلاقلار ۋە ئۇزاقتىكى رايونلارغا بېرىپ توپلىغان، ئۇيغۇر قاتارلىق 13مىللەتنىڭ مىللىي ئەنئەنىۋى ئۆرمۇش بۇيۇملىرى قويۇلغان.

مۇراسىم ئاخىرىدا قەييۇم باھاۋۇدۇن قاتارلىق رەھبەرلەر ئازسانلىق مىللەتلەر ئۆرپ-ئادەتلىرى مۇزېيىنى ئېكسكورسىيە قىلدى.

**ـ ئەركىن ئابدۇجېلىل**

## ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاتاقلىق پېشقەدەم ئۇيغۇر سەنئەتكارلار ئەنگلىيە زىيارىتىدىن دوكلات ئويۇنى قويدى

### ئابلەت ئابدۇرېشىت، قەييۇم باھاۋۇدۇن، مەتىمىن زاكىرلار دوكلات ئويۇنىنى كۆردى

27.ماي چۈشتىن كېيىن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاتاقلىق پېشقەدەم ئۇيغۇر سەنئەتكارلار ئۈرۈمچىدە ئەنگلىيە زىيارىتىدىن دوكلات ئويۇنى قويدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى رەھبەرلىرىدىن ئابلەت ئابدۇرېشىت، قەييۇم باھاۋۇدۇن، مەتىمىن زاكىرلار دوكلات ئويۇنىنى كۆردى.

ئاتاقلىق پېشقەدەم سەنئەتكارلىرىمىزدىن ھۆسەنجان جامىي، مۇساجان روزى، غېنىماسىدىن باراك، پاشا ئىشان قاتارلىق سەككىز كىشىدىن تەشكىللەنگەن سەنئەت ئۆمىكىدىكى سەنئەتكارلار ئەنگلىيە «ئاسىيا مۇزىكا نۇرى»نىڭ تەكلىپى بىلەن 9.مايدىن 23.مايغىچە ئەنگلىيىنىڭ لوندون قاتارلىق ئالتە شەھىرىدە «چارىگاھ مۇقامى»، «پەنجىگاھ مۇقامى»، «ناۋا مۇقامى»دىن پارچىلار ۋە«نەسىبەدە»، «مۇدەنخان»قاتارلىق ناخشا.مۇزىكىلارنى ئورۇنداپ، ئەنگلىيە تاماشىبىنلىرىنىڭ ناھايىتى ياخشى باھاسىغا ئېرىشىپ، 26.مايدا ئۈرۈمچىگە ساق.سالامەت قايتىپ كەلدى.

ئابلەت ئابدۇرېشىت، قەييۇم باھاۋۇدۇن، مەتىمىن زاكىرلار دوكلات ئويۇنىنى كۆرگەندىن كېيىن ئايرىم.ئايرىم سۆز قىلدى.

ئابلەت ئابدۇرېشىت مۇنداق دېدى: مەن ئالدى بىلەن سىلەرنىڭ ساق.سالامەت قايتىپ كەلگەنلىكىڭلارنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن. سىلەر بۇ قېتىم ناھايىتى ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزغا زور شان.شەرەپ كەلتۈردۈڭلار.

ئۇ يەنە مۇنداق دېدى: بىزنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئەت بايلىقىمىز ناھايىتى مول. غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسى يولغا قويۇلۇۋاتقان ياخشى ۋەزىيەتتە بىز مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئىشلىرىنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز ۋە بۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك.

ئۇ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى ۋە رادىئو ـ كىنو ـ تېلېۋىزىيە نازارىتىنىڭ رەھبەرلىرىدىن ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىغا يەنىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ، پېشقەدەم سەنئەتكارلارنى ئاسراپ ۋە قەدىرلەپ، ئۇلارنىڭ ئىجادىيەتلىرىنى ئۇن.سىنغا ئېلىش، ساقلاش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى تەلەپ قىلدى.

**ـ ئالىيە قادىر**

### تۆمۈر داۋامەت مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ خىزمەتلىرىنى تەكشۈرگەندە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى:

## غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش پۇرسىتىنى چىڭ تۇتۇپ، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تۆمۈر داۋامەت 6.ئىيۇن چۈشتىن كېيىن ئۈرۈمچىدە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ خىزمەتلىرىنى تەكشۈرگەندە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش پۇرسىتىنى چىڭ تۇتۇپ، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك.

تۆمۈر داۋامەت ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى مەسئۇللىرىنىڭ مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ يېقىنقى ئىككى يىللىق خىزمىتىدىن بەرگەن دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، مەمنۇن بولۇپ مۇنداق دېدى: ئىككى يىلدىن بۇيان مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىدە ناھايىتى ياخشى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلۈپتۇ. نادىر سەنئەت نومۇرلىرى چەت ئەللەردە ۋە مەملىكەت ئىچىدە كۆرسىتىلىپتۇ. مانا بۇ مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى مۇھىم ئىش قاتارىدا تۇتۇپ ئىشلىگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئۇ يەنە مۇنداق دېدى: بىزنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئەت بايلىقىمىز ناھايىتى مول. غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسى يولغا قويۇلۇۋاتقان ياخشى ۋەزىيەتتە، بىز مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئىشلىرىنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز كېرەك. ئۆتكەن يىلى چوڭ تىپتىكى مىللىيچە ناخشا.ئۇسسۇل «بىزنىڭ شىنجاڭ ياخشى جاي»بېيجىڭدا كۆرسىتىلگەندە ناھايىتى زور تەسىر قوزغىدى، بۇ سەنئەت نومۇرى ئارقىلىق كۆپلىگەن تاماشىبىنىنىڭ شىنجاڭغا بولغان تونۇشى، چۈشەنچىسى بىر قەدەر چوڭقۇرلاشتى. بۇنىڭدىن كېيىن مۇشۇنداق ياخشى سەنئەت نومۇرلىرى مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا، چەت ئەللەردە تېخىمۇ كۆپ كۆرسىتىلسە، بۇ، ئاپتونوم رايونىمىز ئۈچۈنمۇ ،مەملىكىتىمىز ئۈچۈنمۇ زور شەرەپ. تۆمۈر داۋامەت ئاخىرىدا ھەر مىللەت ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلىرىنىڭ تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ، تېخىمۇ كۆپ نادىر ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىنى ئىجاد قىلىشىنى ئۈمىد قىلدى ۋە 12 مۇقامنى CDۋە VCD پلاستىنكىسى قىلىپ ئىشلەش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ، كېلەر يىلى ماينىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇن بۇ ۋەزىپىنى تاماملاپ بولۇشنى تەلەپ قىلدى.

ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەتىمىن زاكىر تۆمۈر داۋامەتكە ھەمراھ بولدى.

**ـ ئالىيە قادىر**

## 12مۇقام VCD پلاستىنكىسى21 ـ ئەسىرگە قىلىنغان سوۋغا بولۇپ قالسۇن

### تۆمۈر داۋامەت قاتارلىق رەھبەرلەر شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلىدا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تۆمۈر داۋامەت شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەتىمىن زاكىر قاتارلىق رەھبەرلەر 7.ئىيۇن شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلىغا كېلىپ ئۇلار ئورۇندىغان «ئوششاق مۇقامى»نى ئاڭلىدى.



# مىڭئۆيلەرنىڭ نالىسى ب د ت غا يەتتى

ئۆمەرجان ھەسەن

بۇندىن بەش يىل مۇقەددەم خۇنەندىن شىنجاڭغا كېلىپ كۇچا قۇمتۇر مىڭئۆيىنى زىيارەت قىلىپ، قۇمتۇر مىڭئۆيىنىڭ ھالاكەت گىردابىغا يۈزلىنىۋاتقانلىقىدىن قاتتىق قايغۇرغان جاۋخېيجۇ ئەپەندى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ نوپۇزلۇق نەشر ئەپكارى بولغان «يىپەك يولى» دا «مىڭئۆيلەر نالە قىلماقتا» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ جەمئىيەتتە كۈچلۈك تەسىر پەيدا قىلغانىدى. (بۇ ماقالىنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1999-يىللىق 5-، 6- (قوشما) سانىنىڭ «سادا» سەھىپىسىدە بېرىلگەن. - ئاپتور) ئارىدىن بەش يىل ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندە ياپونىيە ھۆكۈمىتىنىڭ 2مىليون500مىڭ ئامېرىكا دوللىرى (20مىليون 570مىڭ يۈەن خەلق پۇلىغا باراۋەر) ھەقسىز ياردەم قىلىشنى جاكارلىشى بىلەن ب د ت مائارىپ، پەن-مەدەنىيەت تەشكىلاتى ئەمەلدارلىرى قۇمتۇر مىڭئۆيگە كېلىپ بۇ مىڭئۆينى قوغداش، رېمونت قىلىش تۈرىنىڭ يولغا قويۇلۇشىنى تەكشۈرۈپ دەلىللىدى.

قۇمتۇرمىڭئۆيى قەدىمىي غەربىي دىياردىكى مەشھۇر بۇددا مەدەنىيىتى مەركەزلىرىنىڭ بىرى بولغان كۇسەندە بولۇپ، تام رەسىملىرىنىڭ نەپىسلىكى، قۇرۇلما ھەم پېرسوناژلارنى يارىتىشتىكى ئۆزگىچىلىكى بىلەن دۇنخۇاڭ قاتارلىق باشقا تاشكېمىرلەردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. تاڭ دەۋرىدىكى مەشھۇر راھىب شۈەنزاڭ غەربكە قىلغان نوم ئېلىش سەپىرىدە كۇسەنگە كېلىپ قۇمتۇرمىڭئۆيىي ھەققىدە مەخسۇس خاتىرە قالدۇرغان. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تۇرلۇك تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي ئاپەتلەر تۈپەيلى قۇمتۇر مىڭئۆيى تەدرىجىي بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ يوقىلىش گىردابىغا يۈزلەنگەنىدى. ياپونىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئالاقىدار تەرەپلىرى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ سەرخىل جەۋھەرلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بۇ مۇقەددەس مىراسلارنىڭ يوقىلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ قۇمتۇرمىڭئۆيىنى قوغداش، رېمونت قىلىش ئىشلىرىغا 2مىليون 500مىڭ ئامېرىكا دوللىرى ياردەم قىلىشنى قارار قىلدى ھەم بۇ ھەقتە ب د ت مائارىپ، پەن-مەدەنىيەت تەشكىلاتىغا دوكلات سۇندى.


بۇ يىل 8-ئاپرېلدىن 10-ئاپرېلغىچە ب د ت مائارىپ، پەن-مەدەنىيەت تەشكىلاتىنىڭ ئەمەلدارلىرىدىن موكارا، فۇداۋلىگزى، ياپونىيە تاشقى ئىشلار ۋازارىتىنىڭ ئەمەلدارى بىي جۇڭگۇەنزى قاتارلىق 12كىشى دۆلەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى ياڭ جۇجى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى شېڭ چۇنتاۋلارنىڭ ھەمراھلىقىدا كۇچا قۇمتۇرمىڭئۆيىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى كۇچا قۇمتۇر مىڭئۆيىنى ئىلمىي يوسۇندا قوغداش ۋە رېمونت قىلىش قۇرۇلۇشى تۈرىنى يولغا قويۇشنىڭ ئالدىنقى باسقۇچلۇق قۇرۇلۇش سۈرئىتىنى تەكشۈرۈپ دەلىللەشتىن ئىبارەت بولۇپ، تەكشۈرۈش جەريانىدا كۇچا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تاشقى ئىشلار مۇھاجىرلار ساياھەت ئىشخانىسى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت ئىدارىسى ھەمدە كۇسەن تاشكېمىر تەتقىقات ئورنىنىڭ يېقىندىن قوللىشىغا ئېرىشتى.

تەكشۈرۈشتىن كېيىن ب د ت مائارىپ، پەن-مەدەنىيەت تەشكىلاتى قۇمتۇر مىڭئۆيىنى قوغداش، رېمونت قىلىش تۈرىگە 1-تۈركۈمدە 1مىليون 250مىڭ ئامېرىكا دوللىرى ھەقسىز ياردەم قىلىشقا پرىنسىپ جەھەتتىن قوشۇلدى ھەم بۇ يىل سىنتەبىردە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ قۇرۇلۇش باشلاشنى قارار قىلدى.

---

ئاپتور: ئاقسۇ ۋىلايەتلىك رادىئو-تېلېۋىزىيە ئىدارىسىنىڭ خادىمى(M2)

## سادا ۋە ئىجرا



# نەۋئاباد تاجىكلىرى

داۋۇت مەتنىياز

نەۋئاباد تاجىك مىللىي يېزىسى گۇما ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا، ناھىيە بازىرىدىن 80كىلومېتىر يىراقلىقتا، دېڭىز يۈزىدىن 4000مېتىر ئېگىزلىككە جايلاشقان، ھاۋا كېلىماتى شالاڭ، تۆت ئەتراپى قاتمۇ قات ئېگىز تاغلار بىلەن قورشالغان يۇرت. نەۋئابادنىڭ شىمالىي تەرىپى كىلياڭ يېزىسى بىلەن، غەربىي تەرىپى قاغىلىق بىلەن، جەنۇبىي تەرىپى پاكىستان بىلەن، شەرقىي تەرىپى كەڭقىر قىرغىز مىللىي يېزىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. يەر مەيدانى 6000كۋادرات كىلومېتىر ئەتراپىدا.

نەۋئاباد تاجىكلىرىنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى ئافغانىستان ۋاخاندىن بولۇپ، 1660-يىللىرى يۈز بەرگەن ئىچكى ئۇرۇش-يېغىلىقتا خانىۋەيران بولۇپ، ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدىن قېچىپ، سەرسان-سەرگەردان بولغاندا ئۇلاردىن توققۇز ئۆيلۈك كىشى بۇ يېزىنىڭ ھازىرقى ئاقشۇكەنتىگە، يەتتە ئۆيلۈك كىشى كەڭەز كەنتىگە كېلىپ ۋەتەن تۇتقان. ئۇلار ئۈچ يېرىم ئەسىردىن بۇيان ئۇيغۇرلار بىلەن بىللە ياشاپ، زامانىمىزدىكى 16ئۆيلۈكتىن بۈگۈنكى كۈندە 884ئائىلىگە كۆپىيىپ، نەۋئاباد تاجىك مىللىي يېزىسىنىڭ قۇرغۇچىلىرىغا ئايلاندى.

## مۆجىزە

نەۋئاباد دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئاساس قىلىنىدىغان مىللىي يېزا بولۇپ، بۇ يەرنىڭ ھاۋا كېلىماتى خۇددى ئۆگەي ئانىنىڭ تەلەتىدەك سوغۇق ۋە ئۆزگىرىشچان، ھۆل-يېغىن خۇددى يېتىم قىزنىڭ كۆز يېشىدەك تولا. ئاۋغۇستنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ھاۋا سوۋۇشقا باشلىسا، ماي ئېيىنىڭ قارىسىنى ئالماي پاختىلىق چاپاننى سالغىلى بولمايدۇ. شۇڭا، ئارپا، بۇغدايدىن باشقا زىرائەت تېرىغىلى بولمايدۇ. يازدا توساتتىن ياغىدىغان تىنىمسىز يامغۇردىن يايلاقلارنىڭ ئوڭغۇل-دوڭغۇل يوللىرى تېيىلغاقلىشىپ، چارۋا ماللارنىڭ تىك قىيالاردىن چوڭقۇر ھاڭلارغا غۇلاپ كېتىشى دائىم بولۇپ تۇرىدۇ. يۇقىرىقىدەك سەۋەبلەرگە كۆرە بۇ يۇرتتىكىلەرنىڭ تۇرمۇشى غورىگىلراق، ئانچە باياشاد ئەمەس. ئەمما بۇ يەرد باشقا يۇرتلىرىمىزدىن تېپىش قىيىن بولغان، خەلقىمىز ئۆرنەك قىلىشقا ئەرزىيدىغان تولىمۇ خاسىيەتلىك بىر مۆجىزە بار، ئۇ بولسىمۇ، نەۋئاباد تاجىكلىرىنىڭ مائارىپ ئارقىلىق ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش روھىدىن ئىبارەت.

1954-يىلى نەۋئابادنىڭ كەڭەز كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق قۇربانجان موللام دېگەن ئوقۇمۇشلۇق زات ئۆز زېمىنىدىن بەش مويەر، شەخسىي تېرىكىدىن 100توپ كەستۈرۈپ، تۆت سىنىپلىق بىر باشلانغۇچ مەكتەپ سالدۇرۇپ بەرگەن ھەمدە مەكتەپنىڭ بارلىق خىراجىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان. 1976-يىلىغا كەلگەندە يېزا مەركىزىدە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلغان.

نەۋئاباد تاجىك مىللىي يېزىسىدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش قوللانمىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى ئۇيغۇر مەكتەپلىرىنىڭ دەرسلىكى بىلەن بىر تۇتاش. نەۋئاباد تاجىكلىرى ئۆز ئارا ئالاقىدە ئانا تىلى (تاجىك تىلى) نى، ھۆكۈمەتچىلىك، سىرتقى ئالاقە ۋە ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئىشلىرىدا ئۇيغۇر تىل-يېزىقىنى قوللىنىدۇ. ياش ئەۋلادلارنىڭ ئۆز ئانا تىلىدىن خەۋەرسىز قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن

**ئۆرنەك**

مەكتەپلەردە ھەپتىسىگە بىر سائەتتىن تاجىك تىلى دەرسى ئۆتۈلىدۇ. بۇ يەردە باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇيدۇ. تولۇقسىزنى پۈتتۈرۈپ ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىگە ئۆتەلمىگەنلىرى بىردەك گۇما ناھىيە بازىرىغا كىرىپ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

نەۋئاباد تاجىك مىللىي يېزىسىنىڭ مائارىپى تۆۋەندىكىدەك كۆشەندىلەردىن خالىي: 1. يۇقىرىدىن تەكشۈرۈش ئۈمىكى كەلسە، بالىلارنى دەرسخانىدىن ھەيدەپ چىقىپ، يولنىڭ ئىككى ياقىسىدا قاتار تۇرغۇزۇپ چاۋاك چالدۇرىدىغان ئەھۋال مەۋجۇد ئەمەس. 2. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىلمىي نەتىجىسىنى يۇقىرىغا كۆپتۈرۈپ يالغاندىن دوكلات قىلمايدۇ. ئوقۇتقۇچىلار مەكتەپ رەھبەرلىكىگە ، مەكتەپ مەسئۇللىرى مائارىپ ئىدارىسىغا يوللايدىغان خۇلاسە چوقۇم ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمەلىي ئېرىشكەن نەتىجىسى بىلەن كۆپايىلىنىدۇ. يالغاندىن كۆپتۈرۈپ دوكلات تىلىش بەدىلىگە مۇكاپات ئېلىپ، غادىيىپ يۈرىدىغان رەھبەر يوق. 3. نەۋئاباد تاجىكلىرى ئارىسىدا پەرزەنتلىرىنى مەكتەپكە بەرمەي مال بېقىش، كەتمەن چېپىشقا سالىدىغان نادان ئاتا-ئانىلار يوق. بۇ يەردىكى بالىلار تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە 40 كىلومېتىردىن 82 كىلومېتىرغىچە مۇساپىنى بېسىپ كېلىپ، يېزىدىكى ياتاقلىق مەكتەپتە قونۇپ ئوقۇيدۇ. يېزا مەركىزىگە يىراق بولغان كىشىلەر پەرزەنتلىرىنىڭ دەرسكە تولۇق قاتنىشىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن بالىلىرىنى ئېشەك، ئات ۋە قوتازلارغا مىندۈرۈپ، چىلبۆرىلەرنىڭ ۋەھىمىلىك ھۇۋلاشلىرى ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان قاتمۇ -قات تاغ-داۋانلار ئارىسىدا ئىككى كۈن يول يۈرۈپ مەكتەپكە ئەكىلىپ قويسا، مەۋسۇم ئاخىرلاشقاندا يەنە شۇ يوسۇندا قايتۇرۇپ كېتىدۇ. تەتىل بولماي تۇرۇپ ئوقۇغۇچى ئائىلىسىگە قايتمايدۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرسكە قاتنىشىش نىسبىتى 99 پىرسەنتتىن، دەرس ئۆزلەشتۈرۈش نىسبىتى 97 پىرسەنتتىن چۈشمەيدۇ. ناۋادا بىرەر ئوقۇغۇچىنىڭ ئىلمىي نەتىجىسى چۈشۈپ كەتسە، شۇ ئوقۇغۇچىنىڭ ئاتا-ئانىسى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا كېلىپ: «مەن بالامنى مەكتەپكە تولۇق بەردىم، مۇئەللىملەر نېمە ئۈچۈن ياخشى ئوقۇتمايدىكەن» دەپ ئەرز قىلىدۇ. مۇنداق چاغدا ئۇ ئاتا-ئانىنى قايىل قىلىش ئاسان ئەمەس. بىرەر ئوقۇغۇچى ئالىي مەكتەپكە ئۆتسە، ئاتا-ئانىسى پەخىرلىنىپلا قالماستىن، پۈتكۈل ئەھلى مەھەللە پەخىرلىنىدۇ. بايرام تۈسىنى ئالغان كاتتا مەرىكە ئۆتكۈزۈپ، ئالاھىدە سوۋغا-سالاملار بىلەن مەكتەپكە ئۇزىتىدۇ. مەھەللىنىڭ چوڭلىرى ئۇنىڭدىن كۈتىدىغان ئارزۇ-ئۈمىدلىرىنى ئېيتىپ، ياخشى ئوقۇشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ.

ئۆز نۆۋىتىدە شۇنىمۇ قىستۇرۇپ ئۆتۈش زۆرۈركى، نەۋئاباد تاجىكلىرى ھېلىھەم بۇرۇنقى پەدىدە تۇرمۇش كەچۈرمەكتە: بۇ يەردە تېخى ئېلېكتىر چىرىغى، تېلېۋىزور دېگەنلەر يوق. ئوقۇتقۇچىلار پاكار، كونا ئۆيلەردە جىنچىراغنىڭ خىرە يورۇقىدا دەرس تەييارلايدۇ، تاپشۇرۇق تەكشۈرىدۇ. ئوقۇغۇچىلار ياتاق، سىنىپلاردا شام يېقىپ ئولتۇرۇپ دەرس تەكرارلايدۇ، تاپشۇرۇق ئىشلەيدۇ.

نەۋئاباد تاجىكلىرىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئەڭ مۇقەددەس بىر روھىي قۇدرەت 48 ياشتىن تۆۋەنلەرنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىدە ئىپادىلىنىدۇ. نەۋئابادتا ئالىي ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوم مەلۇماتىدىكىلەر 82 كىشى، تولۇق ئوتتۇرا مەلۇماتىدىكىلەر 187 كىشى، باشلانغۇچ مەكتەپ مەلۇماتىدىكىلەر 91 كىشى، ساۋاتسىزلار بارى -يوق ئىككى كىشى. ئالىي ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوم مەلۇماتىدىكىلەر ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 3. 9 پىرسەنتىنى ئىگىلەپ، ھەر 10 ئادەمگە بىردىن توغرا كېلىدۇ. گۇما ناھىيىسىدىكى ھەممە يېزىدا ئۆزىدىن چىققان ئوقۇتقۇچىلار مەكتەپلەرگە يېتىشمەيدۇ، پەقەت نەۋئاباد تاجىك مىللىي يېزىسىدىلا ئۆزىدىن چىققان ئوقۇتقۇچىلار ئۆز مەكتەپلىرىگە يېتىپ ئاشىدۇ. شۇڭا ، بىر قىسىم تاجىك ئوقۇتقۇچىلار باشقا يېزىلارغا بېرىپ، ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا دەرس بېرىدۇ.

## بۈركۈت پەرۋازى

تاجىكلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ، بۈركۈت توتېمىدىكى مىللەت. ئۇلار بۈركۈتنى ئۆزلىرىگە سىمۋول قىلىپ، بۈركۈتتەك قورقۇمسىز، باتۇر، جاسارەتلىك بولۇشنى ئىستەيدۇ. تاجىك خەلق ئۇسسۇللىرى ئومۇملاشتۇرۇلۇپ بۈركۈت ئۇسسۇلى، دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلارنىڭ سەنئەتچىلىرى ئاللىكىملەرنىڭ ماختىشىغا ئېرىشىشنى تەمە قىلماستىن، بۈركۈتنىڭ ئوبرازىنى گەۋدىلەندۈرۈشنى، شۇ ئارقىلىق تاجىكلارنىڭ پسىخولوگىيىسىنى ئىپادىلەشنى مەقسەت قىلىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ سەھنىلىرىدە شالغۇت، ئەبجەش ناخشا-مۇزىكا، ئۇسسۇللارغا ئورۇن يوق. ئۇلار قىز-چوكانلىرىنىڭ كىندىك تۈۋىنى يالىڭاچلاپ قويۇپ سەھنىلەردە «يەللە-يەللە» گە نايناقلىغىلى سالمايدۇ. ئۇنداق سەۋدايىلارچە چاكىنا ھەرىكەتلەرنىڭ ئۆز-ئۆزىنى چاكىنىلاشتۇرۇش - خۇنۇكلەشتۈرۈشتىن ئۆزگە سەلبىي ئەھمىيىتى يوقلىقىنى بىلىدۇ. ئاق-قارىنى پەرق ئېتىش ئىقتىدارى تېخى يېتىلمىگەن نارەسىدە قىزلىرىنىڭ لەۋلىرىنى شاتۇتىدەك بوياپ، تۆشلىرىنى ئوچۇق قويۇپ، ئۇلارغا «ئەرەب قىزى» غا تولغاشنى ئۆگەتمەيدۇ. ئۇنداق «ئۇسسۇل» نىڭ

سەنئەتلىك دورامچىلىقتا، سەنئەتچىنى ئويۇنچۇققا ئايلاندۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ مىللىي ھېسسىياتىنى زاۋاللىققا يۈزلەندۈرۈشتىن ئۆزگە رولى يوقلۇقىنى ئوبدان بىلىدۇ. نەۋئاباد تاجىكلىرى باشقىلاردىن ئۆگىنىشتە نېمە كۆرسە مايمۇندەك دورىماستىن، خاس ئۆز مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پايدىلىق بولغان دۇردانىلەر (پەن-تېخنىكا جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىق)نى قوبۇل قىلىدۇ. مىللەتنىڭ ماھىيەتلىك بەلگىلىرىنى خىرەلەشتۈرۈدىغان ساختا، ناچار نەرسىلەردىن يىرگىنىدۇ. ئەجدادلاردىن مىراس قالغان مىللىي ئۆرپ-ئادەتلىرى ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن سەل زەئىپلىشىپ قالغۇدەك بولسا، ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن دەرھال تەدبىر قوللىنىدۇ. بۇ پىكرىمىزنى دەلىللەش ئۈچۈن نەۋئاباد تاجىك مىللىي يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 1996-يىلى مارتتا تارقاتقان بىر ئۇقتۇرۇشىنىڭ قىسقارتىلمىسىنى كۆرۈپ ئۆتسەكلا كۇپايە:

«مىللىتىمىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ياش ئەۋلادلاردا ئۆز ئانا تىلىمىزدىن خەۋەرسىز قېلىش، كىيىنىش جەھەتتە باشقىلارنى قارىغۇلارچە دوراپ، مىللىي پاسوندا كىيىنمەسلىكتەك خەۋپلىك ئەھۋاللار مەۋجۇد. مىللەتنىڭ نام-نىشانىسىنى ساقلاپ قېلىشنى نەزەردە تۇتۇپ، يېزىلىق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى تۆۋەندىكىلەرنى ئۇقتۇرىمىز: 1. بارلىق ئائىلىلەر ئۆز پەرزەنتلىرىگە مەسئۇل بولۇپ، تاجىك تىلىنى تولۇق ئۆگىتىشى، 2. ھەر بىر كىشىدە قىشلىق ۋە يازلىق تاجىكچە باش كىيىم، بۇرۇنقى ئەنئەنىۋى پاسوندا تىكىلگەن تاجىكچە چاپان، ئەرلەردە تاجىكچە بەلباغ تولۇق بولۇشى لازىم. ..»


مانا بۇ، نەۋئاباد تاجىك مىللىي يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھەر قايسى كەنت ۋە ئىدارىلەرگە تارقاتقان ئۇقتۇرۇشى. بۇ يېزىدا: «پالانى ئائىلىنىڭ پۆكۈنى كۈنىگىچە بۇغداي خامىنىنى پاك-پاكىز تېپىپ، ھۆكۈمەتكە سېتىپ بېرىدىغان ئاشلىق ۋەزىپىسىنى بىر قاتلاپ ئورۇنداش لازىم»، «پالانى ئائىلىنىڭ پۆكۈنى كۈنىدىن بۇرۇن كېۋەزنى تولۇق تېرىپ ھۆكۈمەتكە سېتىپ بېرىش لازىم. ۋەزىپىسىنى ئاشۇرۇپ ئورۇندىمىغانلاردىن جەرىمانە ئېلىنىدۇ» دېگەندەك ئۇقتۇرۇشلارنىڭ ئەكسىچە، يۇقىرىقىدەك ئۇقتۇرۇشلارمۇ تارقىتىلىدۇ. يېزا رەھبەرلىكى بۇنداق ئۇقتۇرۇش ۋە تىرىشچانلىقلار رەھبەرلىككە شەرەپ كەلتۈرمىسىمۇ، ئۆز خەلقىنىڭ پاكىز-ساپ مىللىيىتىنى ساقلاشتا ئوينايدىغان رولىنىڭ ھەر قانداق كاتتا مۇكاپات، ئابروي، شان-شەرەپتىن زورلۇقىنى ئوبدان بىلىدۇ.

نەۋئاباد تاجىك مىللىي يېزىسىدا ئەتىدىن كەچكىچە كوچا-كويلاردا لاغايلاپ يۈرۈدىغان ناتىپى بىكار تەلەپلەرمۇ، تۆت-بەشى بىر يەرگە يىغىلىۋېلىپ، غەيۋەت-شىكايەت بىلەن كۆڭلىنى خۇش قىلىدىغان سۇخەنچىلەرنىمۇ ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. ئۇنداق يارىماسلار ئەل-جامائەتنىڭ بىردەك لەنەت-نەپرىتىگە ئۇچرايدۇ. شۇڭا، يۇقىرىقىدەك خىسلەت-خاسىيەتكە ئىگە بۇ مىللەتنىڭ مەۋجۇدلۇقى ۋە ئىستىقبالىنىڭ يۈكسەكلىكىدە شەك-شۈبھە يوق.

- مۇزەپپەر ئابدۇقادىر فوتوسى

ئاپتور: خوتەن ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك تېخنىكومىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى(M2)

بۇ سان 2000-يىل 10-مايدا تىزىشقا يوللاندى، 30-ئىيۇلدا باسمىدىن چىقتى. تەھرىرلىگۈچى: قۇربان مامۇت(M1)، رىسالەت مۇھەممەت(M2)، بېكىتكۈچى: قۇربان مامۇت



# دادا، قىزىڭ مۇنداق دەيدۇ...

— بۇ ئەسىرىمنى جاسارەتنىڭ زادى نېمىلىكىنى ماڭا ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن تونۇتۇۋاتقان دادام ئابلىكىم مۇھەممەتكە بېغىشلايمەن

## بېلقىز ئابلىكىم

بۈگۈن ھەۋۋا ئانىنىڭ كىيىمىنى كىيدىم، ئاتىلار ھەققىدە سۆزلەيمەن. چۈنكى مۇشۇنداق مۇقەددەس تېمىدا سۆزلەش ئۈچۈن ھەۋۋا ئانا بولۇپ تۇرۇپ سۆزلىشىم دۇرۇستەك قىلىدۇ. چوڭلار كۈلمىسۇن. ئويلىرىمنىڭ ساددىلىقى، گەپلىرىمنىڭ تاغدىن-باغدىلىقى، پىكىرلىرىمنىڭ چولتىلىقىدىن كۈلمىسۇن. دادامۇ زاغرىدەك يىرىك تىللىرىمدىن بېشىنى چايقاپ قالمىسۇنچۇ؟!...

**خانىم-قىزلار ساداسى**

ئىقتىساد كەسپى بويىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى تۆت يىللىق ئوقۇش مۇساپىسىدە كاللامغا يىغىلىپ قالغان ھەيرانلىق ۋە سىقىلىشتا بوغۇزىمغىچە لىق كەلگەن گەپلىرىمنى ئىچىمگە يۇتۇۋېتەي ئېيتاي. بەلكىم: «يېڭى تۇغۇلغان موزاي يولۋاستىن قورقماپتۇ» دېگەندەك ئۆزۈمنى چاغلىماي شىلتىڭ ئېتىپ باللىق قىلىۋاتقاندىمەن ۋە بەلكى كۆڭلۈڭلەردىكى كاتتاپىلان — لايىھەلەرنىڭ نەق ئۆزىنى ئوتتۇرىغا قويالمايۋاتقاندىمەن، شۇنداقتىمۇ سۆزلەپ باقاي، بىرەر ئېغىز گېپىم كۆڭلۈڭلەرگە ياراپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

قولۇمدا قەلەم، تەرلەپ كېتىۋاتىمەن. چۈنكى مەندەك بىر سويما قىزچاق دادىسىغا پىلدىرلاپ

ئولتۇرۇپ مۇراجىئەت قىلىۋاتسا، ئۇخلىماستىن جۆيلۈپ بېرىۋاتسا، ھەي تاڭەي، كۆپىنى كۆرۈپ سۆڭىكى قاتقان دادىسى تىڭشامدىكىن؟ دادا، گەپلىرىم قۇلىقىڭغا ياقمىسا، مەن كۆرمەستە بۇ يازمامنى پۇرلەپ تاشلىۋەت.

شۇ تاپتا كاللىسى سەگەك، ئىمانى گەركەك، روھى ئويغاق باشچىلىرىمىزغا، ئۇلارنىڭ ھەر بىر قەدىمىگە زور ئۈمىد باغلاش ھېسابىغا سۆز تاشلاۋاتىمەن: مەن ئاتىلار دېدىم، مەن زادى قانداق ئىنسانلارنى «ئاتىلار» دەپ ئاتىغاندىمەن؟ توغرا، مەن ئەڭ گۈزەل ئادىمىيلىكنىڭ چىن مەنىسىنى ماڭا ھېس قىلدۇرۇۋاتقان نامسىز قەھرىمان دادامغا قارىتىپ بېشارەت بېرىمەن. چۈنكى ئۇ بارلىق مۇۋەپپەقىيەت ۋە مەۋجۇدىيىتىمنىڭ سەۋەبچىسى. سالام، دادا! . . .

مەن ئاندىن ئاغزىمغا ئىلىم سالغان، سىلىۋاتقان بارلىق مۇبارەك ئۇستازلىرىمنى، ھاياتلىق سەپىرىمدە مەن كۆرگەن، تېخى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالمىغان، ئەمما چىن ئىنسانغا خاس ئىمان-ئېتىقاد بىلەن ياشاپ كېلىۋاتقان ھەقىقىي ئاتىلارنى ئاتا، دېدىم.

ئاتىلىرىم، مېھنەتلىك ئەزىز ئاتىلىرىم، سىلەرگە سەبىي قىزلىق قەلبىمنىڭ قات-قېتىدىن ئىلتىجا ۋە مۇراجىئەتىم باردەك قىلىدۇ. مەردلىكىڭلارنى، كۆڭلۈڭلارنى بۇ قېتىم سوراپ ئالسام، ئۇنى دەرۋازىدەك ئۇلۇغ ئېچىۋەتسەڭلار!

گەپلىرىمنى كىرپىكلىرىم كۆيمەستە دەپ تۆكمەي دەيمەن. ناۋادا دېمىسەم، دېمىسەك، ئۆزىمىزنىڭ يولىنى تاپالماي، باشقىلارنىڭ كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ئىجادىيەت، يېڭىلىق، ئادەمدەك ياشاش ئۇسۇللىرىنى كۆرۈپ مىڭ ئۆلۈپ، بىر تىرىلىپ، ئارماندا كۆيۈپ كېتىدىغان ئوخشايمىز. يۆلىنىدىغان تېغىمىز، يونۇپ يەيدىغان كېنىمىز سىلەر بولغاندىكىن سىلەرگە تايانماي، ئويلىغانلىرىمىزنى سىلەرگە دېمەي بولمىدى، بار ۋاقىتڭلاردا، ھايات ۋاقتىڭلاردا دەۋالايلى. بىزگە نېمىنى چۈشىنىشنى، نېمىنى قوللاشنى، نېمىنى قەدىرلەشنى ئۆگىتىپ قويۇپ كېتەرسىلەر، ھېچبولمىسا. . .

دادامنىڭ تىرىشچانلىقىنىڭ شاراپىتىنى مەن كۆرۈۋاتىمەن. بولمىسىز، جاھالەتتە قالغان دادىلارنىڭ بەدىلىنى بىچارە قەرز ئىگىسى بولۇپ غېرىپ باللار تۆلەۋاتىدۇ. ئېھتىمال بىزنى بۆرە بېقىپ چوڭ قىلغىنىدا غېرىبلىقنى، باياشادلىق، كىشىلىك قەدىر-قىممەت، شان-شەرەپ. . . دېگەنلەرنى بىلمەي شۇ پېتى كېتىۋەرگەن بولاتتۇق. ئەمما بىز ئادەم، ئادەم باققان باللار، ئىنسان-دە!

ئارمانڭلارغا ئارمان قوشۇپ چوڭ بولىۋاتىمىز، ئاتىلار. ئاھ، قاچانغىچە تۈگىمەيدىغان موھتاجلىق، غېرىبلىقتۇ بۇ، تۇرمۇشنىڭ تۆۋەن دەرىجىسىدىكى ئېھتىياج، ئېپتىدائىي ياشاشتۇ بۇ. ئېسىمىزگە كەلسەك شۇنداق ياشاۋاتقانتىڭلار، بىزمۇ يەنە شۇنداق ياشاۋاتىمىز. ئەمما «ئەتىمىز گۈزەل-پارلاق» دەپ ئاغزىمىزنى تاتلىق ئېتىپ تەلقىنىمىزنى توختاتمايۋاتىمىز، ئۈچىمىزنىڭ پىشقىنى قېنى؟ ئاغزىمىزغا چۈشكىنى قېنى؟ «21-ئەسىر كىردى، يېڭى ئەسىر باللىرىمىزنى قورقۇتالمايدۇ، بىزمۇ قورقمايمىز، زامانىۋىلىقنىڭ كۈچ-قۇدرىتى ۋە خىرىسىغا دەللىك يۈزلىنەلىگۈچىلىكىمىز بار. . .» دېيەلىگۈدەك ئەمەلىي ساپا بارمۇ بىزدە، ئاتىلار؟

بىز ئۆزىمىزنىڭ ھالى-ئەھۋالى ۋە يوشۇرۇن كۈچ-قۇدرىتىنى دەڭسەپ كۆرۈش مەجبۇرىيىتى ۋە پۇرسىتىگە تامامەن ئىگىمىز. ئەمما ئىش يۈزىدە بۇنداق قىلالمىدۇق. ھادىسىلەر تەھلىلى ۋە قىسمەن روھىي ئانالىز بولدى، ئۆزىمىزنى سۆكتۇق، قاقشىدۇق، بىراق ئۆزىمىز ياشاۋاتقان مۇھىت، تۇرمۇش، دۇچ كەلگەن تەرەققىيات خىرىسى توغرىسىدا ئىستراتېگىيىلىك پىلان، تاكتىكا-تەدبىر، ئىشنى «مەن» دىن باشلاش ئاز، ھەتتا يوق دېيەرلىك بولدى. ئۆگەنگەنلەر ئىزچىل باش كۆتۈرمەي ئۆگەندى، ئىزدەندى. ئاڭسىز-قارىغۇلارچە ئىش قىلىش مەغلۇبىيەتنىڭ بېشى، توپ سەۋەبى بولۇپ قالدى. ھەرىكىتىمىز مەقسەتلىك بولدى دېگەندىمۇ (ھازىرقى زاماندا بۇ مەقسەتنىڭ ئۆزى ئەمەس) يېگىنىم قورساقتا، كىيگىنىم ئۇچامدا دېگەندەك قورساق، كىيىم-كېچەك ئۈچۈن مىدىرلاشنىڭ نېرىسىغا ئۆتەلمىدى. تاپقان-تەرگەنلىرىمىزنىڭ قورساق، ئۇستىباشتىن ئېشىنغان ئاز قىسمىلا مائارىپقا سەرپ قىلىندى (تېخى خېلى كۆپلىرىمىز بۇنىڭغىمۇ قادىر ئەمەس). ھالىمىز شۇ بولغانىكەن، بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىدىكى بۈگۈنكى مائارىپ-مەدەنىيەتتە باشقىلاردەك تاللاش ۋە شاللاشنى، نېمىلەرنى راۋاجلاندۇرۇپ نېمىلەردىن ۋاز كېچىشنى تېخى ئۆگىنىۋالالمىدۇق.

ئەي ئاتىلار، بىزگە بىر تۈركۈم ئەمەلىيەتچىل، ۋاقىت-ئۇنۇم قارىشى كۈچلۈك، ھەربىي تۈزۈم تەربىيىسىنى كۆرگەن قاتتىق سۆڭەك جەسۇر ئادەملەر، مۇتەپەككۇرلار، جەمئىيەتشۇناسلار، ئەڭ مۇھىمى يېڭى قىممەت يارىتالايدىغان بىئولوگلار، دوختۇرلار، فىزىكلار، خىمىكلەر، ئۆزىمىزدىن چىققان بىل گەيتس، روكفېللېرلار كېرەك. بۇلارمۇ بىزدىن چىقىدۇ. گەپ بىزگە ئىلھام-مەدەت بېرىشىڭلار، قوللاپ-قۇۋۋەتلىشىڭلاردا؛ ماكان، زامان يار بەرگەن پۇرسەتتە يېتەرلىك شارائىت يارىتىپ بېرىشىڭلاردا.

گۈزەل ئارزۇ-غايىمىز ۋە ئىرادىمىزنى ھەرگىز باللارچە خىيال، دەپ كەمسىتمەڭلار. ئۇنىڭسىزمۇ بۈگۈنكى تەرەققىيات ئالدىدا ھازىرقى قالاق-قاششاق ھالىتىمىز (مەيلى ئۇ قانداق تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي سەۋەبلەرگە باغلىق بولسۇن) بىلەن يەتكىچە كەمسىتىلىپ-خورلىنىۋاتىمىز. بىر كۈنى ئۇنىۋېرسىتېتىمىزدا بىر ئىلمىي يىغىلىش بولدى. XX مۇئەللىم قىزلار توغرىسىدا شۇنداق يېڭىچە، ئادەمنىڭ روھىنى كۆتۈرىدىغان

ئىلمىي قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ھەتتا بىرقانچە قىز تەسىرلەنگىنىدىن رەھمەت-تەشەككۈرىنى بىلدۈرۈپ، ھاياجاندا يىغلاپ سالدى. ئەمما ئادەمنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى، شۇنداق بىر خاسىيەتلىك ئىلمىي سورۇندا ھېلىقى سۆيۈملۈك ئۇستازغا بىر دەستە گۈلمۇ سۇنۇلمىدى، خاتىرە ئۈچۈن سۈرەتكىمۇ چۈشمىدۇق. ئەي ئاتىلار، بىزگە نەتىجە ياراتقانلار، ئەل ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلغانلار، شان-شەرەپ قازانغانلاردىن پەخىرلىنىپ يىغلاشنىلا ئەمەس، ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز بىلەن پەخىرلىنىشنى، ئىپتايىلۇق، «تاپقىنى گۈل كەلتۈرۈر، تاپمىغىنى بىر باش پىياز، تاپقىنى قوي كەلتۈرۈر، تاپمىغىنى چۈجە خوراز» دېگەندەك، ھېچبولمىغاندا بىرەر دەستە گۈل، بىر-ئىككى پارچە خاتىرە سۈرەت ۋە ياكى بىرەر پارچە ئاتكىرىتكا بىلەن بولسىمۇ تەبرىكلەشنى ئۆگىتىڭلار. تىللاشنىلا بىلىپ ماختاشنى بىلمەيدىغان روھىي پۇچەكلەردىن ياكى ئىنكاسسىز بۇت مىجەزلەردىن بوپقالمايلى. ئەجەبا، ئۆزگىلەرنىڭ ئىمزاسى، پوچۇركىسى، تۇتقان قەلىمى، ئىشلەتكەن ئادەتتىكى نەرسىلىرىمۇ نەچچە يۈز ھەتتا مىليون دوللارغا يارايدىغان تارىخىي تەۋەررۈك ئىكەنۇ، بىزنىڭ ئەدىب-ئالىملىرىمىز ئۇلۇغلاش-چوڭ بىلىشكە ئەرزىمەمدىكەن؟ ساختا ئالىيجاناب، ساختا مىللەتپەرۋەر، ساختا ۋەتەنپەرۋەر بالا بولۇپ قالمىساق بولاتتى، ئاتىلار. بىزگە ھەقىقىي مەردلىك، چۈشىنىپ قوللاش، ئالىيجاناب سېخىيلىقنى ئۆگىتىڭلار. ئەگەر ئائىلەڭگە، سەن تەۋە قاتلامغا، ۋەتىنىڭگە، مىللىتىڭگە شان-شەرەپ، ئورۇن، نوپۇز ئېلىپ كېلىدىغان شەخسلا بولىدىكەن، قوللاڭلار، ئەمگىكىنى قەدىرلەڭلار، بېيىتىڭلار، ۋارىسلىق قىلىڭلار، دەڭلار. بىزگە: «مېلىڭ مىڭغا يەتكىچە دوستۇڭ مىڭغا يەتسۇن» دېمەي، مېلىڭنى مىڭغا يەتكۈزىدىغان ئەقىللىق بىر دوستنى تاپ. پۇلدا گۇناھ يوق، ئۇ بوۋاق بالىدەك پاك نەرسە، ئۇنى ياخشى قىلىدىغانمۇ، رەزىل قىلىدىغانمۇ ئۆزۈڭ، دەڭلار. چۈنكى بىز ھەمىشە پۇلنى ئىپلاسلىق-چىركىنلىكنىڭ مەنبەسى دېگەن بىرتەرەپلىمە قاراشتا چىڭ تۇرۇپ كەلگەچكە، ھازىرقىدەك جاھان-ئالەمنىڭ ئىشى پۇلغا يۈزلەنگەن كۈنلەردىمۇ غېرىبنىڭ غېرىبى، ھەتتا سەنەم ياراتمىغۇدەك دەرىجىدىكى غېرىب بوپقالدۇق (دىققەت! «غېرىب» سۆزىنى ئەدەبىياتتا قىينالمايلا ئەركىن قوللانغان بىلەن، باشقا ساھەدە ئانچە قارشى ئېلىنىپ كەتمىسە كېرەك. . . ) شۇڭا كۆپ جەھەتتە ماھىيەتنى كۆرمەي ھادىسىگە ئېسىلىۋېلىپ ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز ئالداپ يۈرۈۋاتىمىز. ئىقتىساد چۈشەنچىمىزنىڭ شۇقەدەر يۈزەلىكى تېخىمۇ ئاشكارىلىنىۋاتىدۇ. ئاتىلار، بىزگە نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلدۈرمىدىڭلار. ھالبۇكى، جەمئىيەتتىن، بىزدىن زارلىنىدىڭلار، باشلىغان يولىمىزغا ماڭمىدى، گېپىمىزگە كىرمىدى، دەپ قاقشىدىڭلار. گەپ ئۇققىدەك بولغاندىن باشلاپ بىزگە تاغنىڭ نېرىسىدا بۇلاق بار، چۆپلۈك بار، باغ بار، قەسىر-ئىمارەتلەر بار، دەپلا كېلىۋاتىسىلەر. ئەمما يېنىمىزدىكى چىملىقتىن ماماكاپ بولسىمۇ ئۈزۈپ قۇلىقىمىزغا قىسىش، گۈلدەستە تىزىپ ئۆزۈڭلەرگە تۇتۇشىمىزنى ئۆگەتمەيۋاتىسىلەر. ئېسىل-كاتتا نەرسىنىڭ ھەممىسى يىراقتا-چەت ئەلدە دېگەن قاراش بارا-بارا ئومۇملىشىپ قالدى. بىزدە «يىراقتىكى موللا داموللا، يېقىندىكى موللا جامموللا» دېگەندەك ئىشلار ساماندەك. سىگنال! بىز ئەۋۋەل ئۆزىمىزگە ئىلاھىي تاكامۇل سۈپەت بىلەن ئەمەس، بەلكى ئارتۇقچىلىق-كەمچىلىكى بار تۇرمۇشتىكى رېئال ئادەم سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلايلى. نېمىشقا ھەممە پەندە «ئەلاچى» لىقنى قولغا كەلتۈرۈش شەرت ئىكەن؟ نېمىشقا مۇستەقىل ئوي-پىكىردىن مەھرۇم، قول سۈپەت، كونتروللىغۇچتا باشقۇرۇلىدىغان گۆشتە ياسىغان ماشىنا ئادەم بولۇش كېرەككەن؟ زادى نېمىشقا ھەممىدە مۇكەممەل، كەم-كۈتىسىز بولغان «ياخشى» نامىنى ئېلىش كېرەككەن. ئۆزىمىز زادىلا قىزىقمىغان دەرس بولسىمۇ ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تىرىشساق، ھېچبولمىغاندا 60نومۇر ئالساق، ئۇ ئاجىزلىقىمىزنى ئۆزىمىز قىزىقىدىغان پەندىكى يۇقىرى نومۇر، ئەلا نەتىجە، ئىجادىي پىكىرلەر بىلەن تولۇقلىساق نېمىشقا بولمايدىكەن؟ چۈنكى بىزگە ھازىر ئۇنىۋېرسال بىلىم ئىگىلىرىگە باققاندا، مەخسۇس كەسىپ ئىگىلىرى ئاش-ناندەك زۆرۈر بولماقتا. دۇنيانىڭ نۆۋەتتىكى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا قاراپ شەكىللەنگەن خەلقئارالىق ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتىمۇ شۇنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئاتىلار، بىزنى تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانسۇن، چۈشەندۈرۈشىدىن ئېلانلىرىغىچە ئۇيغۇرچە، شەكلى-پاسونى كۆڭلۈڭلاردىكىدەك نەرسىلەرنى بالىلىرىمىزمۇ ياسىسۇن دېسەڭلار، بىزگە پۇل تېپىشنى ئۆگىتىڭلار. بىزگە ھۈنەر-تېخنىكا، ماھارەت ئۆگەن، دەڭلار. بۇ يەردە مىسال ئورنىدا كوچىلاردىكى بىكاردىن تىلىگەن تىلەمچىگە قارىغاندا، ساز چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ خەقنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغاش ئارقىلىق تىلىگەن تىلەمچىنىڭ تاپقان پۇلىنىڭ كۆپلىكىنى ئەسكە ئالساقلا كۇپايە. بىزدە قول ھۈنەر سانائىتى باشقا ھەرقانداق مىللەتلەرگە قارىغاندا قالتىس گۈللەنگەن. ئۇنىڭغا ئاز-تولا زامانىۋىلىق، يېڭى تېخنىكا، ھۈنەر-سەنئەت قوشۇلسا چوقۇمكى خەق ھەيرانۇھەس قالغۇدەك نەتىجە چىقىدۇ. بىزنى يەنە ئۆگەن، بولۇپمۇ خەنزۇ تىلى جۈملىدىن چەت ئەل تىللىرىنى ياخشى ئۆگەن، دۇنيادىكى ھەرقانداق مەشھۇر ئەسەر ئۈچ يىلدىن بەش يىلغىچە خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلىنىپ بولىدۇ، شۇلارنى ئۆزۈڭگە قورال قىل، دەڭلار. ئەگەر بالىلار سىلەرنىڭ گېپىڭلارغا كىرمىسە، ماركسنىڭ بۇ

كېيىنكىگۇ كىرەر؟ «ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، ھامان رول ئويناۋاتقان ئەمگەكنىڭ ئىجتىمائىي خاراكتېرىدىن كېلىدۇ. جەمئىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىش تەقسىماتىدىن كېلىدۇ. ئەقلىي ئەمگەكنىڭ، بولۇپمۇ تەبىئىي پەننىڭ تەرەققىياتىدىن كېلىدۇ».

ئاتىلار، ئالدىڭلاردا «ئاتىكاچىلىق» قىلىپ ھۆنەر بىلەن پۇل ھەققىدە سۆزلەپ كەتتىم. زادى پۇل ھەققىدە سۆزلىمىسەم، سۆزلىمىسەك، پۇل ئەسكى، پۇل يامان دەۋېرىپ ئەقلى بارنىڭ پۇلى يوق، پۇلى بارنىڭ ئەقلى يوق بولۇپ، تېخنىكا بىلەن ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى بىرلەشتۈرەلمەي ئاچچىق يۇتۇپ، ئۆتتۈۋېرىدىغان ئوخشايمىز. ئەگەر گېپىم خاتا بولسا، يۇقىرى ئىلمىي قىممەتكە ئىگە كىتابلىرىنى نەشر قىلدۇرالمايۋاتقان ئىلىم ئەھلىلىرىگە، پاتېنتقا ئېرىشىپ ئۇنى ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلاندۇرالمايۋاتقان نامسىز ئىختىراچىلىرىمىزغا، ئۇنىۋېرسىتېتلاردا سەككىز كىشىلىك ياتاقتا قىينىلىپ شام ياندۇرۇپ ئۆگىنىۋاتقان، قايناقسۇغا قاتتىق ناننى چىلاپ يەپ، ئاسپىرانتلىققا تەييارلىق قىلىۋاتقان ئاقىل-زەكىي، جەسۇر ئەمما نامرات ئوقۇغۇچىلىرىمىزغا قاراپ بېقىڭلار. بۇ، پاكىت، سان-ساناقسىز پاكىتلارنىڭ پەقەتلا بىر قىسمى. ئۇلاردا پۇل بولغىنىدا، ئۇلارنىڭ ئاتىلىرىدا پۇل بولغىنىدا ئىشلار بۇنچە تەسكە چۈشمەيتتى. ئادەملەرچە، قىممىتىمىزنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپ، ئۇلۇغ ئىشلارنى، ھېچبولمىسا تەجرىبىلەرنى ئۆتكۈزەلەيتتۇق...

... كاپىتال جۇغلىنىپ ئەمگەك كۈچىنىڭ سانىدىن كۆپ بولغاندا ئاندىن كۆڭۈلدىكىدەك تەرەققىيات بارلىققا كېلىدۇ. يەنى $M\langle\frac{K}{L}$ ($K$ كاپىتال، $L$ ئەمگەك كۈچى، $M$ بىز كۆزلىگەن نىشان). ئەكسىچە، كاپىتالنىڭ ئېشىشى ئەمگەك كۈچىنىڭ ئېشىشىدىن ئاز بولسا، بىزگە ئوخشاش تېخنىكا قەھەتچىلىكى يۈز بېرىدۇ. ئادەم كاللىسى، قول-پۇتى، كۈچ-قۇدرىتى بار تۇرۇپ ئەبگارلىشىدۇ. شۇڭا، بايلىق توپلايلى، تېخنىكىنى ئىلگىرى سۈرەيلى. ئەقىللىقلارنى، تالانت ئىگىلىرىنى قولىدىلا سۇندۇرۇۋەتمەيلى. شارائىت، تۇرالغۇ جەھەتتىن قوغدايلى، كاپالەتلىك قىلايلى. ئەگەر بىز كاپىتالنى جۇغلاپ بەلگىلىك دەرىجىگە ئاپىرالىساق، تەبىئىي ھالدا بىلىم زىچلىقى كېلىپ چىقىدۇ. شۇ چاغدا بىزدىن چىققان بانكىرلارنى، مۇتەخەسسىس-ئالىملارنى، دوكتور-پروفېسسورلارنى ۋە باشقا مىللەتلەر چوقۇنغىدەك ئۇستازلارنى كۆرۈسىلەر. ئادىل ھوشۇردەك «پەلەك شاھ»لىرى چىقىدۇ، ئابدۇشۈكۈر مىجىتتەك «جۇڭگو بوكس شاھ»لىرى، كۆرەش ئىبراھىمدەك فىزىكا-خىمىيە ئالىملىرى، خالمۇرات غوپۇردەك تېبابەت ئالىملىرى، مۇختار چوڭدەك جۇغراپىيە ئالىملىرى ۋە دادامدەك نامسىز دوختۇرلار چىقىدۇ. نۆۋەتتە، بىزگە نۇرغۇن نەرسىلەرنى نۆلدىن باشلاپ تۇرۇپ تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىزنىڭ ۋاقىت ۋە شارائىت جەھەتتىن ئىمكانىيىتى قالمىدى، قالمىدى ئاتىلار!!! باشقىلارنىڭ ئىلغار نەرسىلىرىنىڭ جەۋھىرىنى، جانغا ئەسقاتىدىغىنىنىلا ئۆگىنىمىسەك، ئۆگىنىپ ئىلگىرىلەش، ئىلگىرىلەپ تۇرۇپ ئويلىنىش ئۇسۇلىنى قوللانمىساق بولمايدۇ. يېڭى تېخنىكا، يېڭى بىلىملەرنى قوبۇل قىلىپ ئىشلىتىپ بېقىشقا قابىلىيىتىمىز، زاپاس كۈچىمىز ھەرھالدا بار. بىزگە ئىشىنىڭلار، بىزنى يېڭى دەۋرنىڭ ياش بوغۇنلىرى قاتارىدا كۆرۈڭلار. بىزنىڭ ئويلىغانلىرىمىزنى قىلالايدىغانلىقىمىزغا ئىشىنىڭلار. بىزگە سىلەرنىڭ ئىلھام، غەيرەت، مەدەتىڭلار لازىم. سىلەر: بىز قىلالمىدۇق، سىلەرگە قالدى، سىلەر قىلساڭلار بىز مەدەت بېرىمىز، دەڭلار. بولسا مۇئەللىملىرىمىز ئالىملىرىمىزنىڭ نەتىجىسىنى سۆزلەيدىغان پائالىيەت سورۇنلىرىنى قەرەللىك ئۆتكۈزۈپ تۇرۇڭلار. بىزگە غەربلىكلەرنىڭ مۇنداق ياشىغانلىقىنى دەڭلار: غەربلىكلەر نېمىشقا تەرەققىي قىلدى؟ قانداق قىلىپ تەرەققىياتنىڭ يۈكسەك چوققىسىغا چىقالىدى؟ چۈنكى ئۇلار مەنىۋىيىتىنى ئىسكەنجىگە ئېلىۋالغان كونا رامكىلارنى دادىل چېقىپ تاشلاپ، بىمەنە سەپسەتە، ئەمر-مەرۇپلارنى چۆرۈپ تاشلىدى. ئۆزىدىكى ماددىلىق ئېھتىياجدىن ھالقىپ، مەنىۋىلىكنى قاتلام بويىچە ئىنچىكىلەپ ئىزدىدى. ئەركىنلىكنى مەنىۋى جەھەتتىكى ئارزۇ-ئېھتىياجنىڭ قاندۇرۇلۇشى، ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ خۇش قىلىش، دەپ چۈشەندى. مەنىۋىيەت (روھىيەت) تىكى ئىزدىنىشلەرنىڭ چوڭقۇرلىشىشى ھادىسىۋى پائالىيەتلەردىن ئارا-بارا يوشۇرۇن ھەتتا دەقىقە ئارىلىقىدىكى ئىنچىكە كۆرۈنۈشلەرگىچە، مىكرو ئارىلىقلارغىچە سىڭىپ، كېڭىيىپ باردى. بۇ كېڭىيىش ھەر بىر شاخلىغاندا، تەبىئىي پەندە يېڭى بايقاش، ئىجتىمائىي پەندە يېڭى بىر ئېقىم ۋە كونكرېتلىشىۋاتقان ئىنسان مەسلىكى بارلىققا كەلدى. يېڭى-يېڭى پەلسەپىۋى پىكىرلەر تۇغۇلۇپ تۇردى. «نېمە ئۈچۈن»لەرگە جاۋاب كۆپەيدى. كىتاب كۆپەيدى، ئالىملىرى كۆپەيدى، نوپۇز كۆپەيدى، ئۇلارنىڭ تىلىنى ئۆگىنىدىغانلار كۆپەيدى، چوقۇنىدىغان، ئۇلۇغلايدىغانلار كۆپەيدى، سايلام بېلىتى تاشلايدىغانلار كۆپەيدى... شۇنداق بولدى. سەۋىيە قانچىلىك بولسا شۇنچىلىك دەرىجىدە ھاياتتىن، بار نەرسىلەردىن قانغىچە ھوزۇرلاندى.

ئۇلار قىزلىرىغا رامكا بەلگىلەپ بەرمىدى. كەچ كەلدىڭ، مەن دېگەن كەسىپتە ئوقۇمىدىڭ، توي قىلماي يالغۇز ياشىدىڭ، ئوغۇللار بىلەن دوست بولمايسەن، قىزلارغا خاس قورقۇنچاق، مۆمىن-رايىش (ئەمەلىيەتتە، نېمە دېسە «ماقۇل» دەپ تۇرۇدىغان دۆت قول)... بولىسەن، دېمىدى.

بالىلىرىنىڭ تاللىشىنى ھۆرمەتلىدى، ئۆزى بىلەن تەڭ كۆردى. شۇڭا ئۇلار يۈرەكلىك بىر ئىشلارنى قىلالىدى. شۇڭا ئۇلار خۇشھال، جۇشقۇن. ئۇلارنىڭ تىلى چىقمىغاندا، خەت يېزىشنى بىلمىگەندە ئاپىلىرى، ئاتىلىرى ئۇلارنىڭ ئورنىدا رەسىم سىزىشقا ياردەملىشىپ، رەسىم ئارقىلىق كۈندىلىك خاتىرە يازدى، ماركا توپلاپ بەردى، ئاسار-ئەتىقە يىغىپ بەردى. ئۆزلىرىنىڭ قىزىقىشىنى، قىلالمىغانلىرىنى بالىلىرىغا مىراس قالدۇرۇپ ئۇلارنىڭ قىلىشىغا يېتەكلىدى! رەسىم سىزىشنى بىلسە بالىلىرىنىڭ تەسەۋۋۇر قىلىش، كۆزىتىش، گۈزەللىكنى، ئارزۇسىنى ئىپادىلەش ئىقتىدارى ئاشىدىغانلىقىنى ئۇلار بۇرۇنلا بىلدى (چۈنكى رەسسام بىرنى بەشكە بۆلۈپ گۈزەللىك قاتلىمى ئىزدەيدۇ، باشقىلار بىرنى ئىككىگىلا بۆلىدۇ)...

بىزمۇ شۇلاردىن ئۆگىنەيلى، قوبۇل قىلغىدەك، بىز ئۆگىنەلىگىدەك نەرسىلەرنى قوبۇل قىلايلى. ئارزۇ-ئۈمىدلىرىمىز ۋۇجۇدىمىزدىن پارتلاپ، مەۋجۇدىيەت ئالىمىگە چىقسۇن. ھەممەيلەن ئويلىغان ياخشى تىلەكلەر شۇ يوسۇندا ئەمەلگە ئاشسۇن. ئۈمىد يېتىم قالمىسۇن، ئارزۇ-ئۈمىدلىرىمىزنى ئاتا-ئانىسى ئاجرىشىپ كەتكەن سەۋەبلىك تىرىك يېتىم بولغان بالىلارغا ئوخشاش يېتىم قىلىپ قويماڭلار.

ئاتىلار، غەربلىكلەرنىڭ مۇنداق قىلغانلىقىنى ئويلايلى: «كاپىتالىستلار پەن-تېخنىكىنى بايلىق توپلاشنىڭ ۋاستىسى قىلغان. ئۇلار پەن-تېخنىكا تەربىيىسىنىڭ مۇھىملىقىنى ناھايىتى ئوبدانلا چۈشەنگەن». ئۇلار 18-ئەسىردىلا «سانائەتكە رەھبەرلىك قىلغۇچىلار ئىلىم-پەنگە ئېھتىياجلىق بولۇپلا قالماي، ئىشچىلارمۇ پەيدىنپەي ھالدا بەزىبىر ئىلىم-پەننىڭ ئەقەللىي قائىدە-پرىنسىپلىرىنى ئىگىلىشى لازىملىقىنى كۆرۈپ يەتكەن». ئامېرىكىنىڭ مەشھۇر ئالىمى فرانكلىن 1755-يىلى فىلادېلفىيە شەھىرىدە تەتقىقات ئىنستىتۇتىنى قۇردى. شۇنىڭدەك ئەنگلىيىدىمۇ داڭلىق ئالىم، گراف لىنھورد بار ئىدى. ئۇ، ئەنگلىيە ئىنقىلابى دەۋرىدە شىمالىي ئامېرىكىغا قېچىپ كېتىپ بېيىغانىدى. ئۇ، ئۆز مەملىكىتىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بىر تەرەپتىن ئىسسىقلىق ئىلمىنى تەتقىق قىلىپ ئۇنىڭغا تۆھپە قوشقان، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا 1799-يىلى ئۇ يەنە ئۆز يېنىدىن نۇرغۇن پۇل چىقىرىپ، لوندوندا پادىشاھلىق پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئىلمىي جەمئىيىتى تەسىس قىلغان ھەمدە ئۇ يەردە قەرەللىك ھالدا پەن-تېخنىكا ھەققىدە ھەقسىز لېكسىيە سۆزلەشنى يولغا قويغان. ئۇنىڭ مەقسىتى، پەن-تېخنىكا سەۋىيىسىگە ئىگە ئىشچىلارنى تەربىيىلەش ئىدى. فارادېي ئاشۇ لېكسىيەلەرنى ئاڭلاپ يۈرۈپ ئالىم دېيۋد بىلەن تونۇشقان، كېيىن ئۇ ئوتتۇز يىل تىرىشىش ئارقىلىق دۇنيا بويىچە داڭلىق ئالىملارنىڭ بىرسى بولۇپ قالغان.

ئاتىلار، ئىشقىلىپ بىزدىن ئۈمىد كۈتەيلى، بىز ئۈچۈن ئېسىل مىراس قالدۇرايلى، ياخشى ئىش قىلىپ بېرەيلى دېسەڭلار، تۆۋەندىكى ئۈچ مۇراجىئەت ۋە تەكلىپ بىلەن مۇراجىئىتىمنى ئاخىرلاشتۇرىمەن:

1. ھەركىمنىڭ ئۆز ئالدىغا نىشانى بولىدۇ. شۇنداقتىمۇ شەخسەن ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارغىمۇ مۇراجىئەت قىلىمىز. ھۈنەر ئۆگىنىڭلار، تەبىئىي پەن ئۆگىنىڭلار، يازىدىغان نەرسە ھەمىشە تەييار تۇرۇۋەرمەيدۇ. بىكار ۋاقىتلاردا سىلەر قىلغۇدەك ئىش بولسۇن. شۇ چاغدىلا تۇرمۇشنى ھەقىقىي ئۆگىنەلەيسىلەر. ئەسەر تېخىمۇ مېغىزلىق، پەلسەپىلىك، تەسىرلىك چىقىدۇ. پۇل تېپىڭلار، ھالال پۇل تېپىۋاتقان جايلاردا نۇرغۇن قىزىق، ھاياجانلىق ئوبرازلار ياتىدۇ.

ئىختىساسلىقلارنى بايقاڭلار، ئۇلار بىزنىڭ ئەقلىمىز، بىزنىڭ ئەتىمىز. ئۇلارنىڭ ئىسراپ بولۇشىنىڭ، نابۇت بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىڭلار. سودىگەرلەر، مىليونېر سودىگەرلەر (شىنجاڭدا تەخمىنەن ئەڭ ئاز دېگەندە 30 مىليونېر بار!) ئەھمىيەتلىك ياخشى ئىش قىلىپ بېرەي دېسەڭلار، مىللەتنىڭ ئۈمىد يۇلتۇزلىرى بولغان تالانتلىق ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا ئازادىرەك تۆت كىشىلىك، مۇمكىن بولسا ئىككى كىشىلىك ياتاق ھازىرلاپ بېرىڭلار. ئۇلارنىڭ كۈچىگە، ئەقلىي قۇدرىتىگە سەل قارىماڭلار. ئۇلار سىلەر ئويلىغاندىنمۇ قالتىس، دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتقىدەك نەتىجە-مۆجىزىلەرنى يارىتىدۇ.

2. ئامېرىكىنىڭ «مەنخاتتون قۇرۇلۇشى» نىڭ تېخنىكا مەسئۇلى، فىزىكا ئالىمى ئوۋبېنھېم مۇنداق دەيدۇ: «پەن-تېخنىكا كۈچ-قۇدرىتىنىڭ تولۇق جارى قىلدۇرۇلۇشى ئىلىم-پەننىڭ تەشكىلىي باشقۇرۇشقا ئىگە بولغانلىقىدىن بولدى». ئاتىلار، بىزنىڭ ئاز بولسىمۇ، كىچىك بولسىمۇ يارىتىۋاتقان ھەر خىل كەشپىياتلىرىمىز بار. بىزگە بىر جەمئىيەت قۇرۇپ بەرسەڭلار. كارخانىلار ئۆزىنىڭ مەھسۇلات جەھەتتىكى ئاجىزلىقىنى ئوتتۇرىغا قويسا، بىز تەكلىپىمىزنى، مەلۇم زاۋۇت ماركىسىنى، مەھسۇلات يېڭىلاش چېرتيوژىنى، تېخنىكا ئارتۇقچىلىقى بولغان يېڭى لايىھە، كەشپىياتلارنى... ئەۋەتەيلى. يوشۇرۇن كۈچىمىزگە سەل قارىماڭلار، كىچىك-كىچىك تەتقىقات تېمىسى بېرىپ، بىزنىڭ كاللىمىزنى ئىشقا سېلىڭلار. كۆپنىڭ ئەقلى كۆپ بولىدۇ. تالانتلىق، ئۆتكۈر، ئىختىساسلىق ئوقۇغۇچىلارنى ئۈرۈمچى، قاراماي، شىخەنزىگە ئوخشاش نىسبەتەن تەرەققىي قىلغان شەھەرلەردە ئېيقېلىڭلار، تېخنىكا كۈچى چېچىلىپ كەتمىسۇن، زېھىن خوراپ كەتمىسۇن. تېخنىكا بىلەن سودىنى بىرلەشتۈرەيلى. ياپونىيىنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقىنى بىزمۇ ئۆرنەك قىلايلى.

3. بىز بازار ئىگىلىكى دەۋرىدە ياشاۋاتىمىز.

كىم ئىلغار تېخنىكىنى ئىگىلىسە، بازار شۇنىڭ بولىدۇ. بىزگە ماركسنىڭ «كاپىتال»، ساچىرسوننىڭ «ئىقتىسادشۇناسلىق»، ئادام سىمىت، داۋىدرىكاردونىڭ «دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ھەققىدە» دېگەن كىتابلىرىنى، نېتزى، شوپىنخائوئېر، روزۋېلىت، گوشۇ، چېرچىل... لارنىڭ ئىلغار پەلسەپە ئەسەرلىرىنى ئۇيغۇرچىگە تەرجىمە قىلىپ بېرىڭلار، ئاندىن بىزنىڭ ئادەملىرىمىز، شەخسەن بىز نېمە ئىش قىلىش كېرەكلىكىمىزنى، نېمىشقا مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىمىزنى بىلەلەيمىز.

يەنە بىزگە «مەدەنىيەت سالونى»، تېلېۋىزىيە مەخسۇس فىلىمى ئىشلەش گۇرۇپپىلىرىنى تەشكىللەپ بەرسەڭلار. بىز مەدەنىيىتىمىزنى بەكمۇ قالايمىقان تۇتۇۋاتىمىز. بىز سەنئەتچىلەرگە گۇرۇن بەرگەن تېلېۋىزىيىدىن ئەدىب، ئالىم-مۇتەخەس-سىسلىرىمىزگىمۇ گۇرۇن بېرىپ، ھاياتلىقىدا قەدىرلەيلى، بېشىمىزغا ئېلىپ كۆتۈرەيلى. ئۇلار دېگەن مىللەتنىڭ ئىپتىخارى، پەخرىغۇ، ئاخىر؟ «تازنىڭ ئەقلى چۈشتىن كېيىن» دېگەندەك، ئۇلار ئۆلگەندىن كېيىن مەرسىيە ئوقۇپ ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز مازاق قىلمايلى. ناۋادا مۇشۇ پېتى كېتىۋەرسەك، بىزدىن ناخشا - ساز، ئۇسسۇل، ئىتوت، يۇمۇردىن باشقىنى تەلەپ قىلىشنى بىلمەيدىغان نادانلاردىن ئۆزگە ئادەم چىقمايدىغان كۈنلەر ئۇزاق ئەمەس. ھېلىھەم چىقىۋاتقىنىنى قانچىلىك؟ قېنى قايسىمىز بىرەر ئالىمنىڭ، ھېچبولمىسا تەتقىقاتچىنىڭ ئىلغارئىش -پائالىيىتى تونۇشتۇرۇلغان بىرەر ئەھمىيەتلىك مۇنازىرە سىياقىدىكى كۆرۈنۈشنى تەلەپ قىلدۇق؟ قېنى قايسىمىزدۇنيا بىئولوگىيە ساھەسىنى زىلزىلىگە سالغان 72ياشلىق ئالىم، ئىلى چارۋىچىلىق تېخنىكومىنىڭ ئالىي لېكتورى، يېڭى تۆگە نەسلىنى بايقىغۇچى ساتتار سالىخنى ۋە ئۇنىڭ نەتىجىسىنى بىلىمىز؟ بۇ ئالىمنى دۇنيا خەلقى بىلىپ ھەيران قالدى. ئۇ بايقىغان ئۈچ لوكىلىق تۆگە تېخى يەر شارىدا بايقىلىپ باققىنى ئاز، يەنە كېلىپ جۇڭگودا يوق، دەپ قارالغان! ئۇنىڭ تەسىرلىك ئىش-ئىزلىرى-نى بىر خەنزۇ مۇخبىر «مىللەتلەر» ژۇرنىلىنىڭ 1997-يىل 3-سانىدا تونۇشتۇردى. ھازىرغا قەدەر يەتتە ئايدا قېنى قانچىمىز بۇ ئالىمنى بىلدۇق؟ مۇلاھىزە قىلدۇق؟ تېلېۋىزوردا تونۇشتۇرۇپ، بالىلارنى ئۇنىڭدىن ئۆگىنىشكە چاقىرىق قىلدۇق؟ ئاتىلار، بۇلارنى نېمىشقا ئويلىمايسىلەر؟ بۇنداق ئالىملار كۆپ ئەمەسقۇ ئاخىر؟... ئۇلارنى قەدىرلەيلى، مۇنداق قىلمايلى. بىزنىڭ يۈزىمىزنى، سۆزىمىزنى چولڭ قىلىۋاتقان ئاشۇنداق ئادەملىرىمىزنى بېشىمىزغا ئېلىپ كۆتۈرەيلى، تاپىنىغا سۆيەيلى، قوغدايلى، ئۇنىڭدىكى بار نەرسىلەرنى ئۇلارنىڭ ھايات چېغىدا سۇرەتكە ئالايلى، بىلەيلى. ئالدىرايلى، جېنىم ئاتىلار، ئەمدى ئالدىرىمىساق كېچىكىمىز، ئالدىرايلى. بىز ناننى خارلىساق كور بولىمىز، ئالىمنى خارلىساق نېمە بولىمىز؟... ئالىملار بۇ دۇنيانىڭ چىرىغى ئەمەسمۇ؟

مايمۇن تاش پالتا ياسىيالىغانلىقى ئۈچۈن ئادەم ئاتالدى، ئەگەر شۇ مايمۇن ھازىر بولسا شەخسەن مەن ئۇنى سۆيۈپ قوياتتىم...

1997-يىل 22-دېكابىر

ئاپتور: «شىنجاڭ ئاياللىرى» ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرى. بۇ ماقالىسىنى ئۇ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىگىلىك باشقۇرۇش فاكۇلتېتىدا ئوقۇۋاتقاندا يازغان(M1)

## «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى مۇھەررىرلىرىنىڭ تەھرىرلىك مەسئۇلىيەت نومۇرى




باش مۇھەررىر قۇربان مامۇت(M1) مەسئۇل مۇھەررىر رىسالەت مۇھەممەت(M2)

# ژۇرنىلىمىزنىڭ شان ـ شەرىپى

## ـ ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى ژۇرنىلىمىزنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىللىق سانلىرىغا ياخشى باھا بەردى




شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى تەشكىللىگەن ئازسانلىق مىللەتلەر تىللىرىدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ باھالاش ھەيئىتى بۇ يىل 26-مايدا ئاپتونوم رايونىمىزدا بۇ يىل يانۋاردىن مايغىچە ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل تىللىرىدا نەشر قىلىنغان ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ باھالىدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى تارقاتقان «ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ باھالاش خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشىلاش ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇش»نىڭ روھىغا ئاساسەن، ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ باھالاش دائىرىسى تەڭشىلىپ، دەسلەپكى قەدەمدە گېزىتلەرنىڭ قوشۇمچە سانى، رادىئو-تېلېۋىزىيە ئەدەبىيات-سەنئەت نومۇرلىرى، ئەدەبىيات-سەنئەتكە ئائىت كىتابلار، ئۈن-سىن ئەسەرلىرى قاتارلىقلار بۇ قېتىمقى ئوقۇپ باھالاش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلدى.

ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ 2000-يىل 33-نومۇرلۇق «ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ باھالاش پىكرى»دە مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى:

«بۇ قېتىمقى ئەدەبىيات-سەنئەت ژۇرناللىرىنى ئوقۇپ باھالاشتا «تارىم»، «تەڭرىتاغ»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، «شوغىلا» (قازاقچە)، «چولپان» (موڭغۇلچە) قاتارلىقلار مۇھىم نۇقتا قىلىندى. باھالىغۇچىلار مۇنداق دەپ ھېسابلاشتى: بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان ئەدەبىيات-سەنئەت ژۇرناللىرى توغرا نەشرىياتچىلىق فاڭجېنىدا چىڭ تۇرغاچقا، يانۋاردىن مايغىچە بولغان ئارلىقتا ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى بىرقەدەر ساغلام بولدى، ئوقۇپ باھالاش داۋامىدا سىياسىي ئىدىيىۋى نىشانى خاتا بولغان ئەسەرلەر بايقالمىدى. لېكىن، سەل قارىغىلى بولمايدىغان مۇنداق مەسىلىلەر يەنىلا ساقلانماقتا: بىرىنچى، غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش دولقۇنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىساد، پەن-تېخنىكا، مەدەنىيەت ئىشلىرى تەرەققىياتى ئۈچۈن مىسلىسىز پۇرسەت ئېلىپ كەلدى. لېكىن، بۇ پۇرسەت ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئەدەبىي ئىجادىيەت قوشۇنى ۋە ئەدەبىيات-سەنئەت ژۇرناللىرىنىڭ يېتەرلىك دىققىتىنى تارتالمىغاچقا، ژۇرناللاردا ئادەتتىكى ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئېلان قىلىشقىلا ئەھمىيەت بېرىلىپ، دەۋر روھى چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئەسەرلەرنى ئېلان قىلىشقا سەل قارالغان. ئىككىنچى، ئەدەبىي ئوبزورچىلىق يەنىلا ناھايىتى ئاجىز ھالقا بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. شۇڭا گېزىت-ژۇرناللاردا نەزەرىيە يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈلگەن ئەدەبىي ئوبزورلار يوق دېيەرلىك. بۇ ھال، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللەتلەر ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا پايدىسىز. ئۈچىنچى، ئەدەبىي ئىجادىيەت قوشۇنىنىڭ قىزغىنلىقى كۈچلۈك بولسىمۇ لېكىن بىلىم قۇرۇلمىسى مۇكەممەل بولمىغاچقا، ئەسەرلەر ئىدىيىۋى مەزمۇن جەھەتتە يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلەلمەيۋاتىدۇ. شۇڭا بۇ ئاپتونوم رايونىمىزدا نادىر ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ تولىمۇ كەم بولۇۋاتقانلىقىنىڭ بىر مۇھىم سەۋەبىدۇر.

بۇ قېتىمقى ئوقۇپ باھالاشتا باھالىغۇچىلار مۇنداق دەپ ھېسابلىدى: «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى بىلەن «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى رېئال تېمىدىكى ئەسەرلەر كۆپ ئېلان قىلىنغان، مەزمۇنى مول، مۇھەررىرلەر كۆپ تىرىشچانلىقلار ئارقىلىق جاپالىق ئىزدىنىۋاتقان بىر قەدەر ياخشى ژۇرناللار، دېيىشكە بولىدۇ».

بۇ قېتىمقى باھالاشتا يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ ژۇرنىلىمىزنىڭ بۇ يىللىق 2-، 3 (قوشما) سانىدا ئېلان قىلىنغان «ياخشى چۈش كۆرۈڭ» ناملىق ھېكايىسى بىلەن قازاق ئوبزورچى قاۋىسىلقان قامىجاننىڭ «سۇلتان جانبولاتوف» ناملىق ئوبزورىغا ئالاھىدە يۇقىرى باھا بېرىلدى.

ـ رىسالەت مۇھەممەت



ئىلىدا ئۆتكەن مەشھۇر مۇقامچى روزى تەمبۇر(1957 ـ 1900)
ـ سۈرەتنى ھەببۇللا ئوسمان تەمىنلىگەن


خېروئىن
قەيسەر ھېسامىددىن سىزغان